

ئىمىن تۇرسۇن

# تارىمدىن تامچە

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئىمىن تۇرسۇن
تارىمدىن تامچە
مىللەتلەر نەشرىياتى

ISBN 7—105—01050—9/H·45
民文 (维6) 定价：3·60元

www.uyghurkitap.com
3.11.1992

ئىمىن تۇرسۇن

# تارىخدىن تامچە

ABDUL CELİL TURAN
Yeni Doğan Mah, Sok. 41
No. 7/4 Tel : 558 49 92
Zeytinburnu - İstanbul
3.11.1992

مىللەتلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىر: ياسىن ھاۋازى
مەسئۇل كوررېكتور: ئەخمەتجان ھوشۇر

# ئىمىن تۇرسۇن
# تارىمدىن تامچە

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
1990 - يىل 6 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
1990 - يىل 6 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 3.60 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ئورنىدا .................................... ( 1 )

§ تىل يايلىقىدىن تەرىمىلەر §

ئۇلۇغ ئالىمنىڭ نادىر ئەسىرى .................................. ( 3 )
— «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ نەشىر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن

ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» .............................. ( 10 )
1. ئۇيغۇر ۋە خاقانىيە .................................. ( 11 )
2. خاقانىيە مەملىكىتىدىكى ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھايات ...... ( 20 )
3. مەھمۇت قەشقەرى .................................... ( 36 )
4. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ يېزىلغان ۋاقتى.............. ( 43 )
5. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ مەزمۇنى ...................... ( 48 )
6. خاقانىيە تىلى ........................................ ( 62 )
7. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تەتقىقاتى.......................... ( 80 )

«خاقانىيە تىلى» ۋە خوتەن شىۋىسى ........................ (100)
مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئارتۇچ .................................. (126)
ھون ـ ئۇيغۇرلارنىڭ تىل تۇغقانچىلىقى ........................ (141)
تىل ۋە تەرجىمە ............................................ (157)
1. گرامماتىكىلىق تۈزۈلۈش جەھەتتە .......................... (160)

2. ئىپادىلەش ھەققىدە ........................ (167)
تەرجىمە توغرىسىدا چۈشەنچە ........................ (171)
1. تەرجىمىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى ........................ (172)
2. تەرجىمىنىڭ تەبىرى ۋە تارىخى ........................ (173)
3. تەرجىمە بىلەن تىلنىڭ مۇناسىۋىتى ........................ (177)
4. سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ تەرجىمىدىكى رولى ........................ (180)
5. تەرجىمىنىڭ پرىنسىپلىرى ........................ (192)

## § ئەدەبىيات گۈللۈكىدىن تىزمىلار §

ئەدەبىي مىراس ھەم ۋەسىقىلىرىمىز (لېكسىيە تېزىسى) ........................ (203)
شېئىرىيەتتە بەدىئىيلىك توغرىسىدا ........................ (259)
— شېئىر ھەۋەسكارلىرى بىلەن سۆھبەت
1. شېئىرنىڭ شەكلى ........................ (262)
2. شېئىرنىڭ تۈرلىرى ........................ (310)
بېكەچ ئارسلان تېگىن (داستاندىن پارچىلار) ........................ (361)
1. ئەسلى تېكىست ........................ (363)
2. مەنىسى ........................ (371)
3. چۈشىنىكلەر ........................ (384)
خەلق ئىجادىيىتىنى كەڭرەك تەتقىق قىلايلى ........................ (388)
«تارىم» تېخىمۇ ئۇلغايسۇن ........................ (397)
ئەدەبىي تەرجىمە تارىخىمىزدىن بىر باب ........................ (404)

## § تارىخ ئوچىقىدىن تېپىندىلار §

تارىم مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە ........................ (423)
ئۇيغۇرلارنىڭ تېگى - تەكتى توغرىسىدا (تېزىسلار) ........................ (498)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

1. «ئۇيغۇر» توغرىسىدا رىۋايەت ۋە ئاساتىرىلەر ............ (499)
2. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبلىرى ........................ (513)
توڭا ئالپ ئەر ................................................... (560)
1. مەھمۇت قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە.................. (561)
2. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە...................... (571)
3. ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى «شاھنامە»دە ........................ (576)
4. باشقا تارىخىي مەنبەلەردە ...................................... (585)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز ئورنىدا

ئەسسالام، مۆھتەرەم كىتابخان!

مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن ھازىرىنى بىلىش كېرەك دېگەن ھەقىقەتنى ئانچە-مۇنچە چۈشىنىشكە باشلىدىم ۋە شۇ تەمەننا بىلەن ئىزدىنىپ، بەزى ماقالىلەرنى يېزىپ باققانىدىم. شۇلاردىن تاللاپ، بۇ توپلامغا جەملەپ ھۇزۇرىڭىزغا سۇندۇم.

ئوتتۇرا ئاسىيادا، بولۇپمۇ ھىنگان-قۇتىتاغ بىلەن قاراقۇرۇم-ئالتۇن تاغ ئارىلىقىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان خەلقىمىزنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى، تارىخى، ئۇنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتلىرى دۇنيادا ھەم ئىلىمىزدە كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلارنى جەلپ قىلىپ كەلدى. بۇنىڭ تارىخىي-زامانىۋى جەھەتلەردىن ئالاھىدە ئەھمىيىتى بولسا كېرەك. دۇنيادا ئىلمىي تەتقىقاتچىلىق ئەمەلىيىتى مۇنداق بىر ئەقەللىي شەرتنى ھەممىگە ئايان قىلماقتىكى، تەتقىقاتچى ئۆزى تەتقىق قىلىدىغان خەلقنى ھەر تەرەپلىمە چۈشىنىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تىلىنى بىلىشى كېرەك ئىكەن.

ھەرقانداق مىللەتتە، بالىنىڭ "ئانا" دەپ تىلى چىقىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. شۇڭا، ھەممە خەلقلەر ئۆز مىللىي تىلىنى "ئانا تىل" دەپ ۋە بۇ "ئانا تىلى"نى ئۆزى ياشىغان يۇرت-ماكانىنىڭ مەنىۋى تىمسالى دەپ قارايدىكەن. تىل تارىخىنى ۋاراقلىساق، بىرەر مىللەت-

نىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە كەچۈرۈۋاتقان بارلىق تارىخىي ھادى-
سىلىرى ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدا ئىپادىسىنى تېپىپ، جەملىنىپ بارىدۇ.
ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرى بويىچە تەتقىقات ئېلىپ
بارىدىغان ئالىم بىرەر مىللەتنى چۈشىنىشتە، ئۇنىڭ تارىخىي مەۋجۇت-
لۇقىنىڭ يىلتىزىنى شۇ مىللەتنىڭ ئېتنىك قاتلاملىرى ۋە تىل مەن-
بەلىرى (تېگى-تەكتى)دىن سۈرۈشتۈرىدۇ. ھەقىقىي تەتقىقاتچى
ئانا تىلىنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن ھازىرىنى باغلاشقا، خەلقىنىڭ سۆز ۋە
پىكىر بايلىقىنى يۈكسەلدۈرۈشكە ئىنتىلىدۇ. ھەقىقىي تەتقىقاتچى ئۆز
ئىستېداتىنى خەلقىغە، يۇرتىغا پەرزەنتلەرچە بېغىشلايدۇ، دۇنيا
تارىخىدا، مەملىكەتلەر تارىخىدا، مىللەتلەر تارىخىدا مۇنداق
تەتقىقاتچىلار كۆپلەپ تېپىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، تارىخقا نېگىلىستىك
(ئىنكارچىلىق) كۆز بىلەن قارايدىغان تەتقىقاتچىلار "ئۆزىدە
يوق، ئالەمدە يوق" دېگەن ماقالغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، "مەندە
بولمىغىنى سەندىمۇ بولمايدۇ" دەپ، خەلقىنىڭ ئۆتمۈشىنى يوققا چىقى-
رىدۇ. بىراق، تارىخ ئۇنتۇلۇپ قالمايدىكەن. ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ
ئۇدۇملىرى، بېشىدىن ئۆتكەن ھادىسىلىرى ئۇ ياكى بۇ يول بىلەن
داۋام قىلىشۋېرىدىكەن، ھەتتا بىرقانچە ئەسىر ۋە مىڭلاپ يىللار
ئۆتكەندىن كېيىنمۇ خەلقىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھاياتىدا ھەر خىل
يوسۇندا تەكرارلىنىۋېرىدىكەن.

بىر مىللەتنىڭ تەرجىمھالى ئۆزى مەنسۇپ بولغان دەۋر بىلەنلا
كۆپايىلەنمەيدۇ. ئەگەر مىللەتنىڭ ھاياتىغا بىر دەرەخنى تىمسال
قىلساق، دەرەخنىڭ غول-شاخلىرى مىللەتنىڭ ھازىرىنى، كۆزگە
كۆرۈنمەيدىغان يىلتىزلىرى ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئاشۇ يىل-
تىزلاردىن دەرەخ ئوزۇقلانغىنىدەك، خەلقمۇ ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ

مىراس ـ مەنىۋىيەتلىرىدىن ئوزۇقلىنىدۇ. ھەركىم ئۆزىنىڭ "يەتتە پۇشتى"نى بىلىشى كېرەكقۇ! ھەتتا "يەتتە پۇشتى" دېگەن ئىبارىمۇ "بارغۇ؟! بىز "توققۇز ئۇيغۇر" دەپ بىكار ئاتالمىغان. قەدىمدە توققۇز"دىن ئۇلۇغ ۋە كۆپ سان يوق ئىدى. دەرۋەقە، ساناق ئىلمىدە "ئون"دىن كېيىنكى سانمۇ يەنىلا شۇ توققۇز سان ئىچىدىكى سانلارنىڭ قايتىلىنىشىغۇ! تارىخنى ئەينى قىياپىتى بىلەن يېزىقتا ئەكس ئەتتۈرۈش مۈشكۈل ئىش. ئادەتتە، ئالغا كەتكەنلەر كەينىدە قالغانلارنى تەتقىق قىلغاندا، ھامان ئۆزلىرىنىڭ قېلىپلاشقان كۆزقاراشلىرى بويىچە، خالىغان شەكىلدە ئۇنىڭ ھەيكىلىنى قاتۇرۇپ چىقىرىدىكەن. ھەتتا، بەزى ئىنساپسىز چەت ئەل تارىخچىلىرى "تارىخ قانچە ئۇزاقلاشقانسېرى شۇنچە يالغان ئېيتىشقا بولىدۇ" دېيىشتىنمۇ تەپ تارتمىغان، چىن تارىخ چىن يېزىلىشى كېرەك. چىن يېزىلغان تارىخ كىشىگە چىنلىق تەربىيىسىنى بېرىدۇ. باشقا خەلقلەرنىڭ ئەنە شۇنداق يېزىلغان تارىخىنى ئوقۇساق، ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتىمىز ئاشىدۇ. باشقىلارنىڭ تارىخىنى كەمسىتىدىغان تارىخچى ئالدى بىلەن ئۆزىنى، ئۆز خەلقىنىڭ تارىخىنىمۇ كەمسىتىدۇ.

پۈتۈن مەملىكىتىمىزدە ئىجتىمائىي ئادالەت تىكلىنىۋاتقان ئىسلاھات دەۋرىدە، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىزنى، قەدىر ـ قىممىتىمىزنى بىلىش ــ ھاياتىي بۇرچىمىز؛ ئۇنى ئىنكار قىلىش جامائەتچىلىكنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. ئىسلاھات شاراپىتى بىلەن، كۆپچىلىك تەتقىقاتچىلاردا ئۆزلىرىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى خەلقىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئىچىدە دەپ بىلىش شەكىللىنىپ كۈچەيمەكتە.

ھەممىگە ئايان يەنە بىر مەسىلە بار: خەلق ھاياتىنىڭ قان تومۇرى ياشلاردۇر، ھەرقانداق مىللەت ياشلار ھېسابىغا ياشى-

رىدۇ، ياشلارنىڭ ئۇبـدان پائالىيەتلـرى بىلەن خەلقـنىڭ ھاياتـى يېڭىلىنىپ بارىدۇ، ياشلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىغا، ئانا تىلىنىڭ ئىستىقبالىغا دىققەت ئېتىبارىنى بېرىشى، مىللـي مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشـكە ئىنتىلىـشى ياشلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ئىشىدۇر. چۈنـكى، مىللىي مەدەنىـيەتنىڭ، ئانا تىلـنىڭ بۈگۈنـى ۋە ئىسـتىقـبالى شۇ مەدەنىـيەت ۋە شۇ تىل ئىگـىلىرىـنىڭ ئۆزلـرى ياراتـقان مىڭـلاپ يىللىق خەزىنىلىرىـدىن بەھرىـمەن بولۇشـغا باغـلىق. بەختىمىزگە يارىشا، مەدەنىي مىراسلىرىمىزنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسىملىرى بارا ـ بارا نەشىر قىلىنىپ، ئۆز ئېگىسىگە قايتۇرۇلماقتا. لېكىن ياشلىرىمىز ـ نىڭ تولـسى مىـللىي ـ ئەدەبىي مىراسلىرىـمىزنىڭ سـۆز ـ ئىبارە جەھەتتىكى جەلپكارلىقى، ئاھاڭدارلىقى، پەلسەپىۋى پىكىر بايلىقىدىن ئەتراپـلىق بەھرىـمەن بولالـمايـدۇ، بۇ بىزنىڭ يېتىشەلمەيۋاتقان تەرىپىمىز. ياشلىرىمىز ئۆز خەلقىغە، مىللىي مەدەنىيىتىگە، ئانا تىلىغا مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن قارايدىغان بولسا، بىز بىلەن بىلـلە ياكى قوشنا ياشاۋاتقان باشقا خەلقلەرمۇ ئۇلارغا، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە، تىلىغا ھۆرمەت بىلەن قارايدۇ.

ئىسلاھات بىزنى تەربىيىلىمەكتە، دۇنياغا ھوشيارلىق بىلەن نەزەر سېلىشقا ئۈنـدىمەكـتە، ئۆزىـمىزنى ھەم ئۆزگىـنى بىلىشـكە دەۋەت قىلماقتا. ئۆتمۈشتە، ئاسيانىڭ كىندىكىنى ئېچىپ، شانلىق مەدەنىـيەت ياراتقان ئىجادكار خەلقـنى زۇلمەتلىـك ئىجتىمائىـي تۈزۈم ۋە ئىستىبداتلىق سىياسەت پۇت ـ قولىدىن بوغۇشلاپ، خۇراپات ـ جاھا ـ لەت روھىنى بۇلغاپ، نەچچە ئەسىر كەينىـگە ئىرغىتىۋەتكەنـدى. تارىختا، ئىقتىسادىي تەڭسىزلىـك ۋە بۇنىڭ كاساپىتـىدىن تۇغۇلغان مەنىۋى چېكىنىش خەلقنىڭ تەقدىرىگە ۋە باشقا ساھەلىرىگە سەلبىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا، خەلقىمىز بىر دەۋر تۇرغۇنلۇق ھالىتىدە قېپقالغان. ھازىر ئىسلاھات بىزدىن قەدەمنى چوڭ-چوڭ بېسىشنى تەلەپ قىلماقتا، ئۆتمۈشنى بىلىپ، ھازىرنى كۆرۈپ، كەلگۈسىگە نەزەر تاشلاش، قەدىمكىلىرىنى ھازىرقى زامان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، كونىلىرى ئاساسىدا يېڭىلىرىنى مەيدانغا چىقىرىش دېگەن يۈنىلىش ئىجرا قىلىنماقتا.

تەتقىقات ساھەسىدە، مەنمۇ باشقا ئۇستازلار ۋە ھەمكەسپلەرنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، بەزىلىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۆرنەك ۋە خەلقىمىزنىڭ ئۆزىدە ساقلانغان ماتېرىياللارنى (يەر ئۈستى ماتېرىياللىرى — تىل، ئېغىز ۋە يازما ئەدەبىيات، پىسخىك ھالەت، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى؛ يەر ئاستى ماتېرىياللىرى — ئاسار ئەتىقىلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى) دەستەك قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرى توغرىسىدا ئۇنىڭ يان-يانلىرىدىن ئىزدىنىشكە تىرىشىپ باقتىم. ئەمما كۆپ جەھەتتىن چەكلەندىم. تىل-ئەدەبىياتىمىز توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنىڭ كۆپلىكى ھەم مۇرەككەپلىكى، مەزمۇندار ھەم رەڭدارلىقى ئالدىدا ئۇنى بىلىشكە ۋە باشقىلارغا بىلدۈرۈشكە ئەقلىي كۈچۈم يەتمىدى. مىڭ يىللاردىن بېرى، ئەدىب-ئالىملىرىمىز ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاجايىپ نەتىجىلەرنى ياراتتى. بىز بولساق، شۇ نەتىجىلەرنى ئۆگىنىپ-بىلىپ، ھەقلىق ئىگىسى بولغان خەلقىمىزگە يەتكۈزۈپ بېرەلمەيۋاتىمىز. بۇ ھەقتە ئارمىنىم بولسىمۇ، دەرمانىم بولمىغىنى ئۈچۈن، كىتابخانىلار ئالدىدا خىجالەتمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەندىنىڭ سەۋەنلىك-خاتالىقتىن خالىي بولمىقى تەس ئىكەن. شۇڭا، كىتابخان ۋە كەسپداش-

لارنىڭ ئەمگىكىمگە ئەپۇ نەزەرى بىلەن قاراشلىرىدىن ئۈمىدۋارمەن.
ماقالىلىرىمگە كۆز يۈگۈرتكەنلىكىڭىز ئۈچۈن رەھمەت!

ئېھتىرام بىلەن

مۇئەللىپ

1989 ـ يىل مارت، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# § تىل يايلىقىدىن تەرمىلەر §

(تىل ۋە تەرجىمىگە دائىر ماقالىلەر)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۇلۇغ ئالىمنىڭ نادىر ئەسىرى

## — «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىپتىخارى — ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرى بۇنىڭدىن 905 يىل ئىلگىرى يازغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تۇنجى قېتىم نەشر قىلىندى. دۇنيا تۈركولوگىيە ساھەسىدىكى بۇ بىباھا گۆھەر ئۆزىنىڭ ھەقلىق ۋارىسلىرى بىلەن ئەمدى يۈز كۆرۈشتى.

ئەمگەكچان ۋە ئىجادچان ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخى داۋامىدا ئىنسانىيەتنىڭ، جۈملىدىن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ پەن - مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۈنتۈلماس ھەدىيەلەرنى قوشۇپ كەلدى. ئەنە شۇ ھەدىيەلەردىن بىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دۇر.

«دىۋان»نىڭ ئاپتورى مەھمۇتنىڭ بوۋىسى مۇھەممەت بارسغانلىق بولۇپ، خانزادىلار ئائىلىسىدىن ئىدى. بارسغان — قاراخانىلارنىڭ يازلىق پايتەختى بالاساغۇننىڭ يېنىدىكى شەھەر بولۇپ، قاراخانىلارنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمالىي رايونىدىكى سودا مەركىزى ئىدى. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بارسغان — ئەفراسىياپ ئوغلىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان شەھەر.

مەھمۇتنىڭ ئاتىسى ھۆسەيىن بارسغانلىق ئىدى. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ
تۇغۇلغان يۇرتى ۋە ياشىغان زامانى توغرىسىدا «دىۋان»دىكى
بەزى يىپ ئۇچلىرى بويىچە مۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مەھمۇتنىڭ
تۇغۇلغان ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى ئۆتكۈزگەن كەنتلىرى "ئازىخ"،
"ئوپال"دۇر. بۇۋىسى مۇھەممەت بىلەن قېرىنداش بولغان ناسىر
ئەھمەت ئىبنى ئەلى ئىلىك خانىنىڭ بۇخارانى ئالغان ۋە ۋاپات
بولغان ۋاقتىغا؛ 11 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا ئوردۇكەنتتە يۈز بەر-
گەن ھاكىمىيەت ماجىرالىرىدىن چەتلىگىندە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ
تەخمىنەن ئوتتۇرا ياش چاغلىرى ئىكەنلىكىگە؛ شۇنىڭدەك ھىجران-
لىق ۋە مۇساپىرلىقتا يۈرۈپ، ئىلىم-مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىپ،
خېلى ياشىنىپ قالغىنىدا ئانا يۇرتىغا قايتىقىنىغا ئاساسلانغاندا،
ئۇلۇغ ئالىم 11 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا تۇغۇلۇپ، ئاخىرلىرىدا ۋاپات
بولغان، دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن.

ئۇلۇغ تىلشۇناس ئۆز زامانىسىدىكى مەشھۇر شەخسلەر ئۇچۇن
رەسمىيەت بولۇپ قالغان ئادەت بويىچە، ئۆزىگە "ئەزىزانە قەشقەر"
نى قەلەم ئىسمى قىلىپ قوللانغان. قەشقەر قاراخانىلارنىڭ سىيا-
سىي، مەمۇرى يۈرىكى بولغاندىن تاشقىرى، شەرق بىلەن غەربنىڭ
ئىقتىسادىي ئالاقە مەركىزى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تۈگۈنى
ئىدى. قەشقەر ئۆزىنىڭ 2500 يىللىق تارىخى داۋامىدا،
نۇرغۇن ئالىم، ئەدىب، رەسسام، سازەندە، شۇنىڭدەك پەن-مەدە-
نىيەت ئەربابلىرىنى ياراتقان. مەھمۇت قەشقەرى ئەنە شۇنداق
زاتلارنىڭ ئارىسىدا تۆردىن ئورۇن تۇتىدۇ.

مەھمۇت قەشقەرى تىلشۇناسلىق ساھەسىدە ئەمەلىي تەكشۈرۈپ،
بىرىنچى قول ماتېرىيال توپلاش ئارقىلىق لۇغەت تۈزگۈچىلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاتىسىدۇر. مەرىپەتپەرۋەر ئالىمدا ئۆز مىللىتىنىڭ ئانا تىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ساقلاش، رەتلەش، ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئېنىقلاش، تىل بايلىقىنى ھەر جەھەتتىن قېزىپ كۆرۈش، گرامماتىكىلىق قورۇلۇشىنى ئىلمىي يول بىلەن ئىزاھلاش، شۇ ئارقىلىق تۈركىي تىلىنىڭ شۇ زاماندا كەڭ قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان ئەرەب تىلى بىلەن "بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقان" باي ۋە ئىلىم ـ مەدەنىيەت تىلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئارزۇسى تۇغۇلىدۇ. بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئېسىل زادىلىق، پاراغەتلىك تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىپ، تۈركىي خەلقلەرنى ئارىلاپ چىقىدۇ. تۈرلۈك مۇشەققەتلەرگە قارىماي، 10 يىللاپ قېتىرقىنىپ ئەمەلىيەتنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، تۈركىي خەلقنىڭ تىل بايلىق-لىرىنى توپلايدۇ. تۈركىي تىل ۋە ئۇنىڭ شېۋىلىرىنىڭ فونېتىكىلىق، گرامماتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېنىقلايدۇ. ئەنە شۇ خۇسۇسىيەتلەر بويىچە تۈركىي تىلىنى ئىككى چوڭ قولغا ئاي-رىيدۇ. بىرىگە «تۈرك تىلى»، يەنە بىرىگە «ئوغۇز تىلى» دەپ نام بېرىدۇ. دىئالېكتولوگىيە جەھەتتىن فونېتىكىلىق، گرامماتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق پرىنسىپ بويىچە، پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەر ئۈچۈن ئومۇمىي ئەدەبىي تىلىنىڭ يېتەكچى دىئالېكتى «خاقانىيە تىلى» ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ. «خاقانىيە تىلى» بولسا 9 ـــ 13 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان قاراخانىلارنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدە (ئىسسىق كۆلدىن كۇچارغىچە بولغان ۋە قەشقەرنى مەركەز قىلغان رايوندا) ياشىغۇچى ئاھالىنىڭ تىلى ئىدى. بۇ ئاھالىنىڭ كۆپچىلىك قىسمى «توققۇز ئۇيغۇر» ئىدى. «خاقانىيە تىلى» ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى ئاتىلىشىدۇر.

مەھمۇت قەشقەرى لۇغەتنى قانداق تۈزۈش توغرىسىدا قانتىق ئىزلىنىدۇ. ھىجرىيە 464 ـ يىلى جامادىيەلئەۋۋەلنىڭ باشلىرىدا (مىلادى 1072 ـ يىلى 5 ـ ئايدا) ئالىمنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئۆزىدىن «بۇرۇن ھېچكىم ئىشلىمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپ بىلەن تۈزۈشكە» كىرىشىدۇ. تۈزۈش جەريانىدا تۆت قېتىم تۈزىتىپ، تەھرىرلەپ، ھىجرىيە 466 ـ يىلى جامادىيەلئاخىرنىڭ 10 ـ كۈنى دۈشەنبە (مىلادى 1074 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى) تۈركىي مۆچەل ھېسابى بويىچە يىلان يىلىدا تاماملايدۇ. ئاپتور ئۇنى ئەرەب ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى باغداتتا، ھىجرىيە 467 ـ يىلى (مىلادى 1075 ـ يىلى) مەلىكۇل مەشرىق ۋە سىن (شەرق ۋە چىننىڭ پادىشاھى) تاۋغاچ بۇغراخان ــ ئەبۇ ئەلى ئىبنى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ يېڭى خەلىپىنى مۇبارەكلەپ ئەۋەتكەن ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن بىللە ئابباسىلارنىڭ 27 ـ خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا ئۆز قولى بىلەن ئارمىغان قىلىدۇ.

بۇ كىتاب ئىككى تىلنىڭ، يەنى تۈركىي تىل بىلەن ئەرەب تىلىنىڭ ئاددىيلا سېلىشتۇرما لۇغىتى ئەمەس، شۇنداقلا ئەرەبلەرنىڭ تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن تۈزۈپ قويۇلغان ئاددىي سۆزلۈكمۇ ئەمەس، بەلكى، ئېنسىكلوپېدىك لۇغەتتۇر، لۇغەت ئۈچ جىلد (ئۈچ توم) ۋە 10 بۆلۈمدىن ئىبارەت. ھەربىر بۆلۈمى ئۆز نۆۋىتىدە بىرقانچە باب ھەم قوشۇمچە چاتاقا بۆلۈنگەن. لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن 7500 دىن ئارتۇق سۆزلەم (سۆز ۋە ئىبارىلەر) مەخسۇس ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن. سۆزلەرنىڭ تەركىپىدىكى ھەرەكىلەر (توغرا ئوقۇش بەلگىلىرى) ۋە ھەرپلەرنىڭمۇ

www.uyghurkitap.com

ئىلگىرى-ئاخىرلىق تەرتىپى نەزەردە تۇتۇلغان، بۇ لۇغەتشۇناسلىقتىكى ناھايىتى ئىنچىكە مەسىلىلەردۇر. لۇغەتكە ئەڭ ئومۇمىي ۋە كۆپ قوللىنىلىدىغان تۈپ ۋە ياسالما سۆزلەر كىرگۈزۈلگەن. خۇددى ئالىم ئۆزى دېگەندەك: «بۇ كىتابنى ھېكمەتلىك سۆزلەر، سەجئىلەر، نەسرىي پارچىلار بىلەن بېزىگەن»؛ تۈركىي سۆز ۋە ئىبارىلەر ئەرەب ئەدەبىي تىلى بىلەن ناھايىتى ئىخچام، چۈشىنىشلىك قىلىپ چۈشەندۈرۈلگەن. ھەتتا ئەرەبلەرنىڭ ئوڭاي ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشى ئۈچۈن، تۈركىي سۆزلەردىكى بەزى فونېتىكىلىق ھادىسىلەر ئەرەب تىلىدىكى شۇنداق ھادىسىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسىتىلگەن.

مەھمۇت قەشقەرى تۈركولوگىيە ساھەسىدە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاتىسىدۇر. ياۋروپا تىلشۇناسلىرى ئارىسىدا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق سانسكرىت تىلى (قەدىمكى ھىند يېزىق تىلى)نى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق 18-ئەسىردە باشلانغان بولسا، مەھمۇت قەشقەرى 11-ئەسىردە تۈركىي تىللارنى ئۆزئارا ۋە ئەرەب تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان.

«دىۋان»غا كىرگۈزۈلگەن سۆزلەر مەزمۇن جەھەتتىن تۆۋەندىكىچە ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەبىلە-ئايماقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشقان ماكانلىرى، تارىخىي-ئېتنىكىلىق مەلۇماتلار، مەشھۇر يەر ناملىرى (قەشقەر رايونىنىڭ، ھەتتا يېزىلىرىنىڭمۇ ناملىرى)، سىياسىي، ھەربىي ئاتالغۇلار، تۈركىي خەلقلەردە كۆپ قوللىنىلىدىغان مىللىي ئىسىملار، ئاسترونومىيە ۋە كالېندارچىلىققا دائىر مەلۇماتلار، تىبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىككە دائىر سۆزلەر، تۈركىي خەلقلەرنىڭ

ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە يېمەك ـ ئىچمەكلىرىگە دائىر مەلۇماتلار، جۇغ-
لىدىن فولكلور ماتېرىياللىرى ۋە باشقىلار. بولۇپمۇ تۈركولوگىيىنى
تۇرغۇن مەزمۇندار قىلغىنى «دىۋان»دىكى فولكلور بايلىقىدۇر.
«دىۋان»غا تۇرلۇك تېمىلاردا 242 كۇپلېت (1 ـ جىلدتا 117، 2 ـ
جىلدتا 48، 3 ـ جىلدتا 77) ئەدەبىي پارچە ۋە 200 دىن ئارتۇق
ھېكمەتلىك سۆز، ماقال ـ تەمسىل تۈركىي فولكلورنىڭ بايلىقىدىن
نەمۇنە قىلىپ كىرگۈزۈلگەن. ئەدەبىي پارچىلار بولسا مەزمۇن
جەھەتتىن تۆت چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: 1 ـ داستانلاردىن پارچىلار؛
2 ـ مەرسىيەلەر؛ 3 ـ قوشاقلار (مۇھەببەت، ئەمگەك ۋە تەبىئەت
توغرىسىدىكى لىرىكىلىق قوشاقلار)؛ 4 ـ ساقىنامە ۋە ئوۋچىلىق
قوشاق ـ نەزمىلىرى. ئەدەبىي پارچىلاردىن بەزىلىرى ئىنتايىن
يىراق ئۆتمۈشنى تەسۋىرلەيدىغان تارىخىي ماتېرىياللاردۇر.
«دىۋان»نىڭ ئىككىنچى بىر قىممىتى شۇنىڭدىكى، مەھمۇت قەشقەرى
ئەڭ زۆرۈر بولغان گىراماتىكىلىق قائىدىلەرنى ئاددىي قىلىپ
چۈشەندۈرگەن، توغرا تەلەپپۇز ۋە ئىبارە يوسۇنلىرىنى كۆرسەت-
كەن.

«دىۋان» ئوتتۇرا شەرقتە تىلشۇناسلىق ساھەسىدە خېلى ئۇزاققىچە
ئۆز نامىنى يوقاتمىغان، لېكىن كەڭ تارقىلالمىغان. پەقەت 20 ـ
ئەسىرنىڭ 10 ـ يىللىرىدىن ئارتىپ، دۇنيادا ئىلىم ـ پەن جامائەت-
چىلىكى «دىۋان»دىن بىرقەدەر كەڭ دائىرىدە خەۋەر تېپىشقا باش-
لىدى، تۈركولوگىيە ساھاسىدە «دىۋانشۇناسلىق» شەكىللەندى.
ئورخۇن ـ يەنسەي ئابىدىلىرىدىن كېيىن «دىۋان»نىڭ ئىزھار
بولۇشى نەتىجىسىدە، تۈركىي تىللارنىڭ مىڭ يىللار بۇرۇنقى
ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا مۇجەمەل بولۇپ كەلگەن مەسىلىلەر ئاي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىگىلاشتى، شۇنىڭ ئۈچۈن، «دىۋان»نى نادىر ئەسەر دەيمىز.

«دىۋان»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىش مەملىكىتىمىزدە «دىۋانشۇناسلىق»نىڭ رەسمىي باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە يەنە نۇرغۇن ئىشلار بىزنىڭ ئىشلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

1981 ـ يىل ئۆكتەبر.

# ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»

جۇڭخۇا مىللەتلىرى كىشىلىك جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا، تۈرلۈك-تۈمەن ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنى يارىتىپ، ئۆزلىرىگە خاس پارلاق مەدەنىيەت خەزىنىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. جۇملىدىن پەن-تېخنىكا، ھۈنەر-سەنئەت ساھەلىرىدە ياراتقان ئاجايىپ كەشپىياتلىرى بىلەن ئىنسانىيەت تارىخىدا جاھان مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە چوڭ ھەسسىلەر قوشتى.

جۇڭخۇا مىللەتلىرىدىن بىرى بولغان ئەمگەكچان ۋە ئىجادچان ئۇيغۇر خەلقىمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ رەڭگارەڭ ۋە ئەلۋەك مەدەنىيەت خەزىنىسىنى يارىتىشتا ھەم ئاسىيا مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشتە ئۆزىگە مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشتى. ماددىي مەدەنىيەت ساھەسىدىكى كارىزچىلىق، كىۋەزچىلىك، مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىكى مىخ مەتبەئەچىلىك، ئاشۇ تۆھپىلەرنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئۆچمەس نەتىجىلىرى بىلەنمۇ جۇڭگو ۋە دۇنيادىكى قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ. مەزكۇر ئۆچمەس نەتىجىلەردىن بىرى — مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تۇر. بۇ ئەسەر تارىختا ئۆتكەن

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر خانلىقلىرىدىن بىرى 9 ـــ 12 ـ ئەسىرلەردىكى «خاقانىيە» (ئادەتتە ئومۇملاشقان نام بىلەن «قاراخانىلار» دېيىلىدۇ)نىڭ گۈللەنگەن ئىقتىسادىي، يۈكسەك مەدەنىي ھاياتىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

## 1. ئۇيغۇر ۋە خاقانىيە

9 ـــ 13 ـ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىيادا سىياسىي خەرىتە مۇنداق ئىدى①:

يىراق شەرقتە: ھازىرقى جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي جەنۇبىي رايونلىرىدا، بيەنجىڭ يەنى كەيفېڭنى مەركەز قىلغان شىمالىي سۇڭ (960 ـــ 1279)؛ شەرقىي شىمال ۋە شىمالدا ساخا - لىندىن ئالتايغىچە، شاڭجىڭنى مەركەز قىلغان قىتانلار (لياۋ) خانلىقى (850 ـــ 1210) بار ئىدى؛ قىتانلارنىڭ شىمالىدا بايقال كۆلى ئەتراپىدا قىرغىزلارنىڭ ئاساسىي قىسمى ياشايتتى؛ ھازىرقى نىڭشيادا ۋە گەنسۇنىڭ شەرقىدە شىڭجىڭفۇ (يەنى يىنچۈەن)نى مەركەز قىلغان غەربىي شيا (تاڭغۇتلار 1032 ـــ 1227)؛ غەربىي جەنۇبتا لھوسا (لخاسا)نى مەركەز قىلغان تۈبۈتلەر؛ غەربىي شىمالدا دۇنخۇاڭدىن كۇچاغىچە بولغان رايوندا قوچۇنى مەركەز قىلغان «ئۇلۇغ قۇتلۇق ئۇيغۇر ئېلى» (850 ـــ 1210)؛ كۇچادىن تاكى جەيھۇن (ئامۇ) دەرياسىغىچە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا قەشقەر ۋە بالاساغۇننى قوش پايتەخت قىلغان «خاقانىيە»②.

«خاقانىيە» دۆلىتىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى توغرىسىدا سۆز ئېچىشتىن ئىلگىرى، «ئۇيغۇر قاغانلىقى» ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمساق، مەسىلە ئايدىڭلاشمايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ 6 ـ ئەسىردىن كېيىنكى پائالىيەتلىرى جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخلىرىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇيغۇرلار تۈرك قاغانلىقى (كۆك تۈركلەر) زامانىدا، قاغانلىقنىڭ ئاساسىي ئۇلۇسلىرىدىن بولۇپ، كەڭ تارقالغانىدى، ھەتتا گاھى قەبىلە-لىرى «ئون ئوقلار» تەركىبىگىمۇ كىرگەنىدى. (مەسىلەن، «بەش تۆلۆس» ئىتتىپاقىدا ياغلاقارنىڭ بىر قىسمى، تۆرەبۆر؛ «بەش تار-دۇش» ئىتتىپاقىدا سىگەر — توغرا، يابىتقار قەبىلىلىرى بار ئىدى.) ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى قەبىلىلىرى تۈرك قاغانلىقىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ھاياتىدا مەلۇم رول ئوينىغانىدى. ھەتتا ۋىزانتىيىلىك-لەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتىغور قەبىلىسى بىلەن ئالاقە قىلاتتى. ئۇي-غۇرلارنىڭ ئۇلۇس ـ ئايماق باشلىقلىرى ئۆزلىرىدىن بولغانىدىن باشقا، تۈرك قاغانلىقىنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيەت تەشكىلاتىدىمۇ ئۇيغۇرلاردىن ۋەزىر ۋە شاھ بولغانلار بار ئىدى.

7 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا (تەخمىنەن 620 ـ يىللىرى) قۇتلۇق ئىلتەبەر تۇمىد باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلار بايىن (تولمىش قاغان) باشچىلىقىدىكى سىر ـ تاردۇشلارنى يېڭىپ، قايتا مەركەزلىشىشكە باشلايدۇ. 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا (656 ـ يىللىرى) چىبى خېلى باشچىلىقىدىكى «ئوڭ قانات» ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىشبارا قاغان باشچىلىقىدىكى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرىدۇ. 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئۇيغۇرلاردىن كۆل بويلاخان قارلۇقلار بىلەن بىرلىشىپ، ئاۋۋال باسمىللارنى بويسۇندۇرىدۇ، كېيىن قارلۇقلارنى بويسۇندۇرىدۇ. خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە ئېنىق يېزىلىشىچە: "كەييۈەن زامانىدا (713 — 740 ـ يىللار) ئۇيغۇرلار كۈچەيدى... [11]

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇتۇقلۇق توقۇز ئۇلۇس ئىدى... باسمىللارنى يېڭىپ ئۆزىگە بىر ئۇلۇس قىلىپ قوشتى، قارلۇقلارنى بېسىپ، بىر ئۇلۇس قىلىپ قوشتى: ھەر بىرىگە بىردىن تۇتۇق قويدى، شۇنىڭ بىلەن 11 ئۇلۇس بولدى."③ شۇنىڭدەك تاش پۈتۈكلەردىمۇ: "ئۈچ قارلۇق يامانلىق سېغىنىپ تېزىپ (قېچىپ) كەتتى، غەربتىكى ئون ئوقىقا كىردى..."؛ «بۇلچۇ دەرياسىدا ئۈچ قارلۇقنى تارمار قىلدىم، قارلۇقلارنىڭ تىرىكلىرىنىڭ ھەممىسى تۈركەشكە كەلدى... شۇندىن تارتىپ، قارلۇق، باسمىللار يوقىتىلدى"④ دەپ ئويۇلغان. بۇ ئەھۋالنى «يېڭى تاڭنامە»نىڭ «قارلۇق تەزكىرىسى»دىكى بايانىمۇ ئەستىقلايدۇ.⑤

744 ـ يىلى، كۆل بويىلا ئۆزىنى رەسمىي قاغان دەپ ئېلان قىلىپ، «قۇتلۇغ بىلگە كۆل قاغان» ئۇنۋانى بىلەن مەشھۇر بولدۇ. ئۇيغۇر قاغانلىقى كۈچەيگەن مەزگىلدە، ئۇنىڭ زېمىن دائىرىسى شەرقتە ھىڭگان تاغلىرى (شەرقىي چېگرىسى مانجۇر، قىتان، شەرقىي شىمالىي چېگرىسى تۇنغۇزلار)، غەربتە ئون ئوقلار ياشايدىغان ئىنچۇ دەريا بويىدىكى ئوترار شەھرىگىچە («تەرخىن پىتىك تىپشى»دا يېزىلىشىچە «فۇرۇم» يەنى ۋىزانتىيە چېگرىسىغىچە)، شىمالى يۇقىرى ئانغارا دەرياسى (بايقالنىڭ شىمالى) ۋە كۆكمەن تاغلىرى يەنى سايان تاغلىرى، جەنۇبى لەنجۇ ــ كۆكنۇر، قاراشىغۇ تاغىقىچە (پىتىك تاشلاردا يېزىلىشىچە قوردان يەنى خوتەنگىچە) سوزۇلغانىدى. بۇنداق كەڭرى زېمىننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولغان قوشۇچەيدام، قوچۇ، يەتتەسۇ، تارىم ــ قەشقەرىيە ۋە شەرقىي پەرغانە رايونلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي ئۇلۇس ـ ئايماقلىرى ياشايتتى. ئۇيغۇر قاغانلىقى تەۋە-

سىدە، شەرقتىن غەربكە (شىمالدىن جەنۇبقا) سانىغانىدا، ئوتتۇز
تاتار، توقۇس، قىتان، ئۇنغۇت؛ كۆرىكەن، توققۇز تاتار، تانغۇت-
نىڭ بىر قىسمى، سالۇر؛ چىگىل، قىرغىز، سىر-تاردۇش، ساتو،
باسمىل، چۇمۇل؛ كەمەك، قارلۇق، تۈركەش، ياغما؛ ئون ئوق
(ئىنچۇ ئۆگۈز يەنى سىر دەريانىڭ شەرقىدە)، چىگىل (پەرغانىنىڭ
شەرقىدە) قەبىلىلىرىمۇ ئارىلاش ياشايتتى. بۇلار ئۇلۇس-ئايماق
سۈپىتىدە مەۋجۇت بولغىنى ھالدا، بىر مەركەزگە — ئۇيغۇر قاغانىغا
بويسۇناتتى. بۇ قەبىلىلەر ئۇيغۇر قاغانى تەيىنلىگەن تۇدۇن،
يابغۇ قاتارلىق ئەمەلدارلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى.⑥ قاغانلار
«ئوق ئۇيغۇر»نىڭ ياغلاقار جەمەتىدىن بولاتتى.⑦ بۇ ياغلاقار
جەمەتى «ئۇيغۇر قاغانلىقى» پارچىلىنىپ، كېيىن قۇرۇلغان خان-
لىقلار («گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى» «قوچۇ ئۇيغۇرلىرى»، «كۆكئارت
ئۇيغۇرلىرى»)دىمۇ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇردى.

«ئۇيغۇر قاغانلىقى» دەۋرىدە، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت كۆپ
تەرەققىي قىلدى. ئاۋات شەھەرلەر تەمىر قىلىندى، مەسىلەن،
«بايانچۇر مەڭگۈ تېشى»دا: «سوغداق ۋە تافغاچلارغا سېلىنگا دەر-
ياسىدا باي بالىقنى سالدۇردۇم» دەپ ئويۇلغان. بۇ شەھەر قاغان-
لىقنىڭ سىياسىي مەركىزى جايلاشقان قوشۇچەيدام رايونىدا ھەشە-
مەتلىك قۇدبالىق (يەنى ئوردۇبالىق، موڭغۇللار زامانىسىدا «قارا-
بالغاسۇن» دەپ ئاتالغان شەھەردۇر)، ئىسسىق كۆل بويىدا «قۇز-
بالىق» (بالاساغۇن) ئاۋات بولغان؛ ئىلگىرىكى مەدەنىي شەھەر-
لەر تېخىمۇ گۈللەندى.

ئەرەب ئەمەۋى خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى ۋە ئاbbاسى خەلىپىلىكى-
نىڭ دەسلەپكى زامانىسىدا، ئۇيغۇر قاغانلىقىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىلگەن تەمىم ئىبنى بەھرەل مۇتەۋۋىئە ۋە ئۇنىڭغا زاماندىش جۇغراپىيونلار ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇ قاغانلارنىڭ باي ۋە چوڭ تىجارەت مەركىزى بولغان پايتەختلىرىنى، ئۇلارنىڭ ھەشەمەتلىك ئوردا ـ قەسىرلىرى ۋە ئالتۇن چېدىرلىرىنى، سەلتەنەتلىرىنىڭ ھەيۋىتى ۋە قانۇن ـ نىزامىنى يېزىپ قالدۇرغان.⑧

تۈرلۈك ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ۋەقەلەر ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ قوشۇچەيدامىدىكى سىياسىي مەركىزى يىمىرىلگەندىن كېيىن، قاغان جەمەتلىرى ئۇلۇس ـ ئايماقلىرىنى باشلاپ، تەرەپ ـ تەرەپكە كۆچتى. بىر قىسمى ئۆز يېرىدە قېپقالدى؛ يەنە بىر قىسمى ئورمۇزتېكىن، بوگۇتېكىن ۋە ناخىت چۇرلار باشچىلىقىدا تيەنشەن تىيەندى شەھرىگە كەلدى. ئورمۇزتېكىن توققۇز ئۇيغۇرنىڭ «ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ كۈلۈگ بىلگە قاغان» دەپ ئاتالدى. بىر قىسمى ئۆگەتېكىن (كېيىن «قاغان») باشچىلىقىدا ئوردوسنىڭ شىمالىي رايونلىرىغا تارقالدى. قاغانلىقنىڭ جەنۇبىي زېمىنىغا كۆچكەن ئۇيغۇر ئۇلۇسىنىڭ باشچىسى ئۆگەتېكىننىڭ قېرىندىشى ئۆنىيە يەفى «مەڭلى قاغان» قوچۇغا كەلدى. بۇنىڭ رەسمىي ئۇنۋانى «ئۇلۇغ تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ كۈلۈگ بىلگە قاغان» بولدى. كېيىن «قاغان» ئورنىغا «ئىدىقۇت» ئۇنۋانى بىلەن ئاتالدى ۋە قاغانلىقنىڭ نامىنى ھەم پايتەختىنىمۇ ئادەتتە «ئىدىقۇت» دەپ ئاتايدىغان بولدى؛ رەسمىي ھۆججەتلەردە بولسا خانلىقنىڭ نامى «ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى» بولدى.⑨

قاغانلىقنىڭ غەربىي زېمىنىگە يوغرۇش (ۋەزىر) سارچىقنىڭ ھىمايىسىدە، پان تېكىن ۋە قېرىنداشلىرى ئىنەل چۇر، ئىپىن تېكىن قاتارلىق بەش كىشى باشچىلىقىدا ئون بەش قەۋم كەلدى. بۇلار ـ

دىن ئىنەل چۇر كېيىن «خاقانىيە» يەنى «قاراخانىلار»نىڭ بوۋىسى سۈپىتىدە زىكرى قىلىنغان «بىلگەچۇر»دۇر. بىلگەچۇر يەتتە سۇ ۋە قەشقەرىيەدە خانلىقنى قايتىدىن تەشكىللەپ، «بىلگە كۆل قادىرخان» دەپ ئاتالدى، جامال قارشىنىڭ مەلۇماتى بويىچە، 11-ئەسىردە ياشىغان كاشغەرلىق تارىخچى ئەبۇل فۇتۇھ ئابدۇلغەفۇر «تارىخى كاشغەر» دېگەن كىتابىدا خانلىقنىڭ دەسلەپكى ئاتىسى بىلگە كۆل قىدىرخان دەپ يازغان. دەسلەپتە «قۇزبالىق» (بالاساغۇن) ياكى سۇيابنى پايتەخت قىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇلچاق قەشقەرنى مەركەز قىلدى. بۇ خان باشقا خانلاردەك «تافغاچ» لەقىمىنى قوللاندى. مەھمۇت قەشقەرى ئۆز ئەسىرىنىڭ I-جىلدىدە «بىلگە» سۆزىنى «ئاقىل، دانا» دەپ ئىزاھلاپ، «ئۇيغۇر خانى كۆل بىلگە خان دەپ ئاتىلاتتى» دەپ ئېنىق يازغان. شۇنىڭدەك، بۇ خانلار «ئۇلۇغ»، «كەڭ» مەنىسىدىكى «قارا» سۆزىنىمۇ لەقەب ئورنىدا قوشۇپ ئىشلەتكەن. بۇ ھەقتە مەھمۇت قەشقەرى «خاقانىيە خانلىرى "قارا" دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ» دەپ يازغان. يەنە مەھمۇت قەشقەرى «تافغاچ»قا بەرگەن تەبىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «تافغاچ — ئۇيغۇر، ئۇتات... ھەرقانداق قەدىمكى ۋە چوڭ نەرسە "تافغاچ ئىدى" دېيىلىدۇ... شاھلارنىڭ تافغاچ خان دېيىلىشىمۇ شۇنىڭدىن، بۇ — يەرلىك، قەدىمكى چوڭ خان، دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ.»[10] شۇنىڭدەك، مەھمۇت قەشقەرى: «قادىر — قەيسەر، كەسكىن» دېگەنلىك بولىدۇ دەپ ئىزاھلاپ؛ «خاقانىيە خانلىرىنى قادىرخان دېيىش شۇنىڭدىن كەلگەن» دەيدۇ.

«تافغاچ قاغان» زېمىن دائىرىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىن بىرمۇنچە يەرنى ئىگىلەپ ئالغان سامانىلارغا قارشى مىلادى 893-يىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇرۇش قىلغان. ⑪ كېيىن، ئۇغۇلچاق بىلگە كۆل قادىرخاننىڭ ئورنىغا نەۋرىسى ساتۇق بۇغرا ئولتۇرغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلغان برېتشنېيدېر (Bretchneider) تارىخىي مەنبەلەرنى كەڭ تەكشۈرۈپ، مۇنداق دەپ يازىدۇ: «قاراخانىلارنىڭ ئەڭ داڭلىق پادىشاھى بۇغراخان ئىدى. ئۇنىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرىسى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چىنغىچە ئىدى. بالاساغۇن ئۇنىڭ دائىم تۇرىدىغان يېرى ئىدى. قەشقەر — تۈركىستاننىڭ پايتەختى، يەنە بىر نامى ئوردۇكەنت. خوتەن، قاراقورۇم، تالاس ۋە فاراب (ئوترار) ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. ئۇ ئامۇ دەريا ۋادىسى (ماۋەرائۇننەھر)گە يۈرۈش قىلىپ، بۇخارانى ئالدى.» دەرۋەقە، ساتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بايتاش مۇسا، ئەبۇلھەسەن ئەلى ئەھمەد، يۈسۈف بۇغراخانلار زامانلىرىدا «خاقانىيە» زېمىنى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ خانلىقنىڭ 1006 ـ يىلىدىكى چېگرىلىرى: شەرقتە ھازىرقى كۇچانىڭ لايسۇ دەرياسىغىچە (شەرقىي شىمالدا قوبۇقسارغىچە، شەرقىي جەنۇبتا چارقىلىقنىڭ ۋاش شەھرىگىچە)، غەربتە خەزەر (كاسپىي) دېڭىزىنىڭ شەرقىغىچە (تەركەن ياكى تارخان ئاتا ئەڭ غەربىي چېتىدىكى شەھەر ئىدى؛ غەربىي شىمالدا قىپچاق ئېلى، غەربىي جەنۇبى ئامۇ دەريا بويىدىكى بايكەنت، تىرمىزغىچە)، شىمالدا تارباغاتاي تاغلىرى ۋە تاللىق كۆل (بالقاش)دىن باشلىنىپ، جەنۇبى كەشمىر پەشاۋۇرغىچە ئىدى (ۋايخىت، جالالئاباد شەھەرلىرى جەنۇبى چېگرىسىدىكى شەھەرلەر ھېسابلىناتتى). يەنى خاقانىيە دۆلىتى شەرقىي شىمالدا قىتانلار، شەرقتە ئۇلۇغ قۇتلۇق ئۇيغۇر ئېلى ئارقىلىق تاڭغۇتلار

بىلەن، شىمالدا قىپچاق-قىرغىزلار، جەنۇبتا تۇبۇت ۋە غەزنەۋىلەر بىلەن، غەربتە سالجۇقىلار بىلەن چېگرىداش ئىدى.[12]

قاراخانىلار مەمۇرىي جەھەتتىن ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن. مەركىزىي قىسمى «خاقانىيە ئۆلكىسى» دەپ ئاتالغانىدى. بۇ قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا، ئىسسىق كۆل بويىدىكى بالاساغۇندىن تارتىپ كۇچاغىچە بولغان شەرقىي رايون ۋە ئىلى ۋادىسىدىن ئىبارەت شەرقىي شىمال رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. يەنە بىر قىسمى غەربىي قىسىم، ئىسسىق كۆلنىڭ غەربىدىن خارەزىم كۆلىگىچە بولۇپ تالاسنى مەركەز قىلغانىدى، بۇ قىسىمدىكى يەرلىك ھاكىمىيەتنى بېقىنقى تارىخ تەتقىقاتچىلىرى «ئىلىك خانلار» دەپ ئاتاشتى. (قەدىمكى تۈركىي تىلدا "ئىل" ئۆلكە، "ئىلىگ" ئۆلكە ئىگىسى-ئۆلكىلىك دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى.) ئۈچىنچى قىسمى شەرقىي جەنۇبىي قىسىم بولۇپ، ياركەنتتىن تارتىپ چۇرچان (چەرچەن) غىچە بولغان خوتەن رايونى ئىدى. خوتەن 11-ئەسىر كىرىشى بىلەنلا قاراخانىلارنىڭ قارمىقىغا رەسمىي ئۆتكەن. چۈنكى مىلادى 1009-يىلى قاراخانىلارنىڭ خوتەندىكى ئىلىك خانى يۈسۈف قادىرخان كەيفېڭغا (شىمالىي سۇڭ پايتەختى) رازبان دېگەن ئۇيغۇرنىڭ باشچىلىقىدا ئەلچىلەر ئۈمىكىنى سوۋغا-سالاملار بىلەن ئەۋەتكەنىدى.[13] بۇلاردىن باشقا، ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي شىمالىدا قۇياس ۋىلايىتى، شاش بىلەن مەرغىنان ئارىلىقىدا ئىغراق ۋىلايىتى، ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدا قوتال، سومان ۋىلايەتلىرى بار ئىدى. بۇ مەمۇرىي بىرلىكلەردىن ماۋەرائۇننەھر بىلەن خوتەن ئۆلكىلىرى «ئىلىك خانلىق» دەپ ئاتالغان، بۇ ئەمەلىيەتتە، ھەربىي فېئوداللىق-سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاراخانىلار دەۋرىدە چوڭ شەھەرلەر — ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى راۋاجلاندى: ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىدە بارسغان ۋە غەربىدە بالاساغۇن. ھازىرقى ئاستىن ئاتۇشنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا قەشقەر، ھازىرقى مارالبېشىنىڭ شەرقىدە بارچۇق، ھازىرقى ئالمۇتىنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئىكى-ئۆگۈز (ئالتىن ئىمىل)؛ بۇلاردىن باشقا، تالاس (ھازىرقى جامبۇل رايونىدا)، ئوترار (قاراچۇق ياكى فاراپ)، ئاقسۇ (چىمكەنت)، شاش (تەركەن، ھازىرقى تاشكەنت)، ئاقشقات (نەمەنگان)، پەرغانە (مەرغىنان)، خوجەنت (لېنىن ئابات)، ئىشتىھان، سەمەرقەنت، بۇخارا، نەخشىپ (قارشى)، كەش، تىرمىز، قەرىپ.

قەشقەر — «ئوردۇ — ئوردا، خان شەھىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەر ئوردۇكەنت دېيىلىدۇ، يەنى خانلار تۇرىدىغان شەھەر دېمەكتۇر»، «ئوردۇكەنت» يەنى «خان تۇرىدىغان شەھەر، بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ئوبدان بولغىنى ئۈچۈن، ئەفراسىياپ شۇ يەردە تۇراتتى؛ ئۇ تۆۋەن چىندۇر.⑭ قەشقەر — ناھايىتى قەدىمكى شەھەر. غەربىي خەن زامانىسىدىلا (مىلادىدىن ئىلگىرى 206-يىلىدىن مىلادى 8-يىلغىچە) «سۇلې دۆلىتى» دەپ نامى بار ئىدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى شەھەرنىڭ سېپىلى بەش چاقىرىم بولۇپ، ناھايىتى ئېگىز ۋە مۇستەھكەم ئىدى. مىلادى 171-يىلى غەربىي ئەل سەردارى جاڭ يەن ئاگنى (يەنجى)، كۇچا قوشۇنلىرى بىلەن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، 40 كۈنگىچە قامال قىلىپمۇ شەھەرنى ئالالمىغان. شۇ زامانلاردىلا پادىشاھى ئالتۇن شىر (ئارسلان) ئوتۇغاتلىق تاج كىيەتتى؛ زېمىنىدىن شال، تېرىق، كەندىر، بۇغداي، مىس، تۆمۈر، قەلەي، رەۋەن چىقاتتى.⑮ قاراخانىلار

دەۋردە بۇ شەھەر تېخىمۇ ئاۋاتلاشتى. پۈتكۈل قاراخانىلارنىڭ سىياسىي مەركىزىلا ئەمەس، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىسادىي ئالاقە تۈگۈنى، شۇنىڭدەك تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالغانىدى. خاقان ۋە خانزادىلار چىن پادىشاھلىرىدەك ۋە ئەرەب خەلىپىلىرىدەك ھەشەمەتلىك سارايدا تۇراتتى. ئوردىسىدا چىن، ھىندىستان ۋە ئەرەب مەملىكەتلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن ئاجايىپ نەرسىلەر بار ئىدى. ھەتتا ئۈسسۈلچى پىللىرىمۇ بولغانىدى. مەسىلەن، خوتەن پادىشاھى قالقال چاقال ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا قارشى چىقىپ، تەخمىنەن مىلادى 971-يىلى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغاندا، قەشقەردىن ئولجا ئالغان ئۈسسۈلچى پىلنى شىمالىي سۇڭغا سوۋغا قىلغانلىقى مەلۇم. ⑯

بالاساغۇن ھەققىدە، 10-ئەسىردىكى جۇغراپىيە ئالىملىرىدىن مەزھەربىننى تاھىر — مەقدىسى «خەلقى كۆپ، چوڭ ۋە باي شەھەر» دەپ مەلۇمات بەرگەن. بۇ شەھەر قاراخانىلارنىڭ يازلىق پايتەختى ئىدى. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تەبىرىچە: «ئوردۇ — بالاساغۇنغا يېقىن بىر شەھەر؛ بالاساغۇن شەھىرىمۇ قوز اوردو (قۇز ئوردۇ)مۇ دېيىلىدۇ.»⑰ شۇنىڭدەك، بالاساغۇن شەھىرىنى تارىخچى جۇۋەينىمۇ «بۆگۈخان ياساتقان»دەيدۇ. ⑱

## 2. خاقانىيە مەملىكىتىدىكى ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھايات

قاراخانىلار فېئودالىلىق دۆلەت ئىدى. قاراخانىلاردا دۆلەت تۈزۈمى ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن نەسەپدارلىقتىن ئىبارەت ئىدى. ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادا ئۆتكەن باشقا كۆچمەنچىلەر خانلىقلىرى مەملىكەتنى ئاساسەن قەبىلە باشلىقلىرىغا مىراس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تەرىقىسىدە تەقسىم قىلىپ بېرىش يولى بىلەن ئىدارە قىلاتتى. لېكىن قاراخانىلار مۇنداق «ئۈلۈش» سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، مەملىكەتنى بىر خىل مەركەزچىلىك ئاساسىدىكى «ئىلىك خانلىق»قا ئايرىپ، «نەسەب» ۋە «ئەزل» قىلىنىدىغان (تەيىنلىنىدىغان ۋە ئېلىپ تاشلىنىدىغان) ۋالىيلار، يەنى بۇيرۇقلار، تۇدۇن ۋە يابغۇلار ئارقىلىق ئىدارە قىلاتتى. بۇ ئۇسۇل قەبىلە باشلىقلىرى ئارقىلىق ئىدارە قىلىنغانغا قارىغاندا بىرقەدەر ئىلگىرىلىگەنلىك ھەم مەنپەئەتلىك ئىدى. «قاراخانىلار دۆلىتىدە، ھەممە كۆچمەنچىلەر ئىمپېرىيەلىرىدە بولغان ئائىلىۋى مۈلۈك ئۇقۇمى (the conception of patrimonial property) خۇسۇسىي قانۇنىدىن ئۆزگىرىپ دۆلەت قانۇنى دائىرىسىگە كىرگەن، دۆلەت خاننىڭ پۈتۈن جەمەتىنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىپ، بىرقانچە "ئۈلۈش"كە، چوڭ ئۈلۈشلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىرقانچە كىچىك ئۈلۈشلەرگە بۆلۈنگەن».⑳ لېكىن بۇ ئۈلۈشلەر، خاقان تەرىپىدىن تەقسىم قىلىنغىنى ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ ھېسابلىناتتى. ئۈلۈش سىستېمىسى بويىچە يەرگە ئىگە بولغۇچىلار يەرنى سېتىش ھەم ۋەقفى قىلىشتىن مەھرۇم ئىدى. يېڭى ئىگىلىگەن يەرلەر خاقاننىڭ مۈلكى سانىلىپ، بۇ يەرلەرنى خان ئۆز ئوغۇللىرىغا ۋە سۇلالىنىڭ باشقا ئەزالىرىغا تەقسىم قىلاتتى. بۇنداق يەرلەر «ئىنجۇ» دېيىلەتتى. بىراق، ئىنجۇ ئىگىسى بولغان ھۆكۈمدارنىڭ ئوغۇل-قىزلىرى، خوتۇنى باج ئىشلىرىغا ئارىلاشماس ئىدى. باج ئىشلىرىنى توغرىدىن توغرا «ئىنجۇ بېگى»گە قاراشلىق مەمۇرلار باشقۇراتتى. يەردىن «قالان»، چارۋا مالدىن «قوپچۇر»، ئۈزۈمچىلىكتىن «سالىغ»، ئائىلىلەردىن (شەھەر ئاھالىسىدىن) «تۈتۈن» باجلىرى ئېلىناتتى. (ئىدىقۇت ئېلىدە، مەڭلى خان زاما-

نىدا ئاھالىدىن ئېلىنىدىغان نوپۇس بېجى «قوپچۇر» دېيىلگەن.)
باجلار «بۈيۈك دەپتەر»گە كىرگۈزۈلۈپ، مەخسۇس «ئاغىچى»
(خەزىنىچى) تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى.

خانلىقنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتىدە، ئىلىك خانلاردا بولسۇن، مەلۇم تۈزۈملەشكەن ئىدارە سىستېمىسى ۋە مەخسۇس مەنسەپدارلىق قۇرۇلمىسى بار ئىدى. دەرىجە-رۇتبىلەر ناھايىتى ئېنىق پەرقلەندۈرۈلەتتى. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ كۆرسەتكەنلىرى بويىچە: خان، خاتۇن، قاتۇن، قونچوي، تېگىن، تارىم، بەگ، بەكەچ — بۇلار خان ئائىلىسىگە خاس رۇتبە ناملىرى ئىدى؛ يۇغرۇش، تاياڭۇ (تايانغۇ)، يافغۇ، تۇكسىن، ئىركىن، ساغان، ئىنانچ، ئۇنغۇن، توغرۇل، بىرۇق (بۇيرۇق)، ئوردۇ باشى، سۇباشى، تەركەن، يالافەر (ئەلچى)، ئىلمغا (تۇر يېزىق بىلەن يازىدىغان خان كاتىپى)، يارغۇ (سودچى) — بۇلار مەركىزىي ۋە يەرلىك ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغان مەنسەپدارلار ئىدى. ئاندىن يەنە «ئاغىچى» (خەزىنەدار)، ئىمغا (سېلىق يىغىدىغان ئەمەلدار)، تۇدۇن (يېزا باشلىقى)، چوبان (يېزا باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى)، تۇربى (ياردەمچى)، قولداش (چوڭلارنىڭ خادىملىرى) دەپ ئاتالغان يېزا-مەھەللە ئەمەلدارلىرى بولاتتى. بۇلاردىن باشقا، ئۆگە (تېگىنىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن)، ئىنال، ئاتىلىغ، سۆكمەن، بۆگۈ (ئالىم، دانىشمەن) قاتارلىق پەخرىي ئۇنۋانلار، ھەمدە «تەرچى»، «كۆڭ»، «قىرناق» دېگەندەك تۆۋەن تەبەقىگە خاس ناملارمۇ بار ئىدى.

قاراخانىلار ئۆزلىرىنى «ئەفراسىياپ» (توڭائالپ ئەر)نىڭ ئەۋلادى ھېسابلايتتى. قاراخانىلارنىڭ ئوردۇسى (قوشۇنى) قەبىلە-ئۇرۇغلار بويىچە بۆلۈكلەردىن تەشكىل تاپماي، بەلكى مۇنتىزىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەشكىللىك ئىدى. ئەرزەك ۋە ئىسىم دەپتىرى بولغىنىدەك، ھەربىي يۈرۈش تەرتىپلىرى، چەرىك-سەپ تارتىش نىزاملىرى، قوشۇنىنىڭ «ئاقىنچى، ئارقا، قاچۇت، بۇسۇغ، يەزەك، يالىمان، يۈرتۇغ، ياتغاق، قورۇغچى، تۇتغاق» دېگەندەك مەخسۇس قىسىملىرى بولاتتى. شۇنىڭدەك «ئۈكەك، تۈزۈغ، تۇرا، قارغۇي، تويى» دېگەندەك چۈشكۈن ۋە جىسەكچىلىك ھەربىي ئىنشائاتلىرى بار ئىدى. «ئىم، تىل، ئىچكىن، يورچى» دېگەندەك خاس ھەربىي رازۋېتچىكلىك تۈزۈمى، جەڭلەردە ئۆز قىسىملىرىنى پەرق ئېتىش ئۈچۈن «باتراق، بەچكەم»لىرىمۇ بولاتتى.

مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»دا «تۇغ» سۆزىنى ئىزاھلاپ كېلىپ: «تقۇز تۇغلىغ خان يەنى توققۇزتۇغلۇغ خان ياكى خاقان، خاننىڭ قول ئاستىدىكى ۋىلايەت ھەرقانچە كۆپىيىپ، مەرتىۋىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلسىمۇ، تۇغلىرى توققۇزدىن ئاشمايدۇ. چۈنكى توققۇز سانى خاسىيەتلىك ھېسابلىنىدۇ. خاننىڭ بۇ تۇغلىرى كاككۇك ئاغزى رەڭلىك يىپەك رەختتىن ياسىلىدۇ، بۇمۇ خاسىيەتلىك ھېسابلىنىدۇ» دەيدۇ.[21] شۇڭا، قاراخانىلارنىڭ دۆلەت بايرىقى "ئال" رەڭلىك يىپەك رەختتىن ئىشلىنىپ، ئوتتۇرىسىغا توققۇز شاخلىق تۇغ چۈشۈرۈلگەن.

ئىدىقۇتلارنىڭ تارىخىنى يېزىپ قالدۇرغان ۋە ياكى تەتقىق قىلغان ئالىملارنىڭ پىكىرلىرىگە ئاساسلانغاندا، قاراخانىلار ياكى ئىدىقۇتلار بولسۇن، ئۇلار دۆلەت خىراجىتىنى مەغلۇپ قىلىنغان ياكى تەۋە بولغان ئۆلكىلەردىن ئېلىنىدىغان باج-خىراج ۋە سوۋغىلار، خەلقتىن ئېلىنىدىغان باج-سېلىقلار بىلەن تەمىنلەيتتى.

پۇل-مالىيە سىستېمىسى شەكىللىنىپ، «يارماق»، «بەنەك» دېيىلىدىغان ئۇششاق مىس پۇللار ۋە «كۈمۈش» (تەڭگە)، «بۇرتا»،

«ئۇرۇغلۇغ»، «سۇن ئالتۇن»، «بالىش» دېيىلىدىغان تىللا پۇللاردىن باشقا چەك ـ ۋېكسېل تۈسىنى ئالغان «قامدۇ» (پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان تامغىلانغان رەخت) ۋۇجۇتقا كەلگەن. پۇل مۇئامىلىسىدە «ئۆتۈنچ» (قەرز، ئۆتنە)، «ئۇرۇنچاق» (ئامانەت) ئىشلىرى خېلى كېڭەيگەن.

ئىدىقۇت ۋە خاقانىيە مەملىكەتلىرىدە ئومۇملاشقان «رەخت پۇل» (ۋېكسېل) نىڭ تەسىرى بىلەن، سالچۇقىلار زامانىدا غەربىي ئاسىيادىمۇ «قىرتاش» دېيىلىدىغان بىر خىل پۇل ۋۇجۇتقا كەلگەن. سودا ـ سانائەت ساھەسىدە «ئورتاق»، «ئۇدماق» «تەكشۈت» شەكىللەنگەن، بۇلار شىركەتلەر تۈسىنى ئالغان.

قاراخانىلار مەملىكىتىدە ئۆلچەم بىرلىكلىرى مەلۇم سىستېمىغا سېلىنغانىدى. سودىدا رەخت ـ خەرىتىلەرنى ئۆلچەش ئۈچۈن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن «چىغ» (گەز)، «قەرى» (چى)، سۇيۇقلۇق ئۆلچەملىرى ئۈچۈن «ساغۇ»، «قىرقىلۇم»، «كەفچى» دېيىلىدىغان كەمچەنلەر ئىشلىتىلەتتى.

يول ـ ئالاقە، چەپەرچىلىك (پوچتا) ئىشلىرىمۇ راۋاجلانغان ۋە مەلۇم تەرتىپكە سېلىنغان. يول مۇساپە ئارىلىقلىرىدا ئۆتەڭ ـ راباتلار ياسىلىپ، ئۇلاردا خەت ـ ئالاقە توشۇشقا ئاسان بولۇش ئۈچۈن «چۇفغا»، «ئۇلاغ» لار قويۇلغانىدى. ئالدىن خەۋەر يەتكۈزىدىغان «يۈگۈرگەن»لەر بولاتتى.

ئىدىقۇت ئېلىدىكىدەك، قاراخانىلار مەملىكىتىدىمۇ يىپەكچىلىك، قەغەزچىلىك سانائىتى كەڭ تەرەققىي قىلغان ۋە مەملىكەتنىڭ سودا مۇئامىلىسىدە خېلى سالماقلىق ئورۇن تاتقان. يىپەك رەختلەرنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپەيگەن ۋە توقۇلۇش ئۇسۇلى، ماتېرىيالى ۋە ئىشلىنىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھۈنەرگە قاراپ، «تورقۇ» دېگەن ئومۇمىي ئاتىلىشىدىن باشقا، «بارچىن»، «مىندەتۇ»، «يۇرۇن»، «چەكىن» دەپ پەرقلەندۈرۈلەتتى. يىپەكچىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن، «ئۈجمە» قوۋزىقىدىن قەغەز ئىشلەشمۇ كەڭ راۋاجلانغان. ئىدىقۇت ۋە خاقانىيە ئۇيغۇرلىرى يىپەكچىلىك ۋە قەغەزچىلىك ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ غەربكە تارقىلىشىغا ۋاستىچىلىك رولىنى ئوينىغان.

بۇنىڭدىن باشقا، فېئودالىزمنىڭ خېلى يۇقىرى باسقۇچىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىش تەقسىماتى بويىچە ھۈنەر-كەسىپ بىرقەدەر مەخسۇسلاشقان، ھەتتا شەھەرلەردە مال سېيىش ئۈچۈن مەخسۇس «ئەگدى» (قۇشخانا، گۇداڭ) لار قۇرۇلغان.

قاراخانىلارنىڭ ئالاھىدە تارىخىي شەكىلدە راۋاجلانغان ئىقتىسادىي ۋە يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىش تەقسىماتىنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىرى گۈللەنگەن قەدىمكى ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتىدۇر. قاراخانىلار تارىختا ئۆزلىرى جايلاشقان جۇغراپىيىلىك شارائىت سەۋەبىدىن، يېڭى مەدەنىيەتتە يېڭى ۋەزىيەت ياراتقانىدى. ئۇيغۇرلار (مەيلى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ياكى كۆكئارت ئۇيغۇرلىرى بولسۇن) «غەربىي ئەل مەدەنىيىتىنىڭ بوزلۇقىدا ھەر خىل مەدەنىيەت ئۇرۇغلىرىنى چاچتى. بۇ ئۇرۇغلار ئۈنۈپ كۆكلەپ، بىرىك-ياراقسان بولۇپ، مول-كۆل مېۋىلىدى.»[22]

قاراخانىلار غەربكە قاراپ تەرەققىي قىلىش نەتىجىسىدە، ئۆز زامانىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقە ۋە شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا چوڭ رول ئوينىدى. جۈملىدىن پۈتكۈل دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ تۈرتكە بولۇش رولىنى ئوينىدى. قاراخانىلارنىڭ مەركىزىي قىسمى شەرق بىلەن غەربنىڭ

قاتناش لىنىيىسىدە باش تۈگۈننى ئىگىلىگەنىدى. بۇ زونا ــ مىلادىدىن 200 يىل بۇرۇنلا ئوتتۇرا شەرق ۋە ياۋروپا بىلەن شەرقىي ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇقلۇق يولىنىڭ بوغۇزى بولۇپ قالغانىدى. قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا لىنىيىسى قوچۇ (تۇرپان)، ئاگىنى (يەنجى)، كۇچا بىلەن قەشقەرگە كېلەتتى ـ دە، كۆكئارتتىن (پامىردىن) ئۆتۈپ، پەرغانە ۋە خۇراسان تەرەپ بىلەن پارىس (ئىران) غا بارغاندا، غەربىي دېڭىزغا چىقىپ كېتەتتى. يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسى بالاساغۇن ۋە بارسغاننى تۈگۈن قىلغانىدى. بۇ يول شەرقتە لياۋ (قىتان) پايتەختى شاڭجىڭغىچە، ھەتتا شىمالىي سۇڭ پايتەختى بيەنجىڭ (كەيفېڭ) غىچە سوزۇلغانىدى. شەرقتە، لياۋ خانلىقى بىلەن بولغان سودىدا، دورا ـ دەرمەك، خۇشبۇيلۇق، بېزەك بۇيۇملىرى ۋە قورال ـ ياراقلاردىن باشقا ئىنچىكە ـ سىپتا يۇڭ توقۇلمىلار، پاختا ۋە يىپەك ـ كەندىر توقۇلمىلار، كۆن ـ بۇلغار، موي ـ تېرە قاتارلىق چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، شۇنىڭدەك ئات تىجارىتىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتقانىدى.[23] ئىقتىسادىي ئالاقىنىڭ قويۇقلىشىشى بىلەن، ئىدىقۇت ۋە خاقانىيە ئۇيغۇرلىرى قىتانلارغا زىرائەتچىلىك ھۈنىرى (ئاساسەن كېۋەزچىلىك)، جۈملىدىن باغۋەنچىلىك (قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىش) ھۈنىرىنى تارقاتتى.

لياۋ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ۋە قاراخانىلارنىڭ غەربتىكى ئىران، ھىندىستان، ئەرەب ۋە شەرقىي روما بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئالاقىسىمۇ ناھايىتى قويۇقلاشتى. غەربنىڭ تاۋار ماللىرىنى يۆتكەشتە ئاساسىي رول ئوينىغان ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ قىتانلار ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قەدىمى يەتمىگەن يەرلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يوق دېيەرلىك ئىدى؛ شۇنداقلا باغدات، دەمەشق ۋە كونستانتىنو-
پوللارمۇ ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئۈچۈن ئەڭ تونۇش شەھەرلەر
ئىدى. [24] مۇنداق قويۇق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر نەتىجىسىدە،
شەرقنىڭ ھۈنەر-سەنئەتلىرىمۇ غەربىي ئاسىياغا تارقالغان.
سالجۇقلار زامانىسىدا ئىراندا كاشان چىنە فابرىكىلىرى قۇرۇلۇپ،
جۇڭگو فارفۇرچىلىقى ئۇسۇلىدا چىنە بۇيۇملار ئىشلەپچىقىرىلغان. بۇ
ھۈنەر-سەنئەتنى غەربىي ئاسىياغا ئېلىپ كەلگۈچىلەر ئىدىقۇت ۋە
خاقانىيە ئۇستىكارلىرى ئىكەنلىكىنى كاشاندا ئىشلەنگەن چىنە
قاچىلاردىكى نەقىشلەر (قوچو تىپىدىكى ئۇيغۇر رەسىملىرى)
ئىسپاتلايدۇ. [25]

قاراخانىلار 10-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسلام دىنىنى رەسمىي
قوبۇل قىلىپ، دۆلەت دىنىغا ئايلاندۇردى. «ئىبنۇل ئەسىر يېزىپ
قالدۇرغان بىر رىۋايەتتە، شۇنىڭدەك جامال قارشىنىڭ ئەسىرىدە
ساقلاپ قېلىنغان ئەڭ قەدىمكى بىر ھېكايىدە ئېيتىلىشىچە، بىرىنچى
قېتىم ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ئادەم ساتۇق بۇغراخان ئابدۇ-
كېرىم. بۇ ئادەم ھىجرى 344-(مىلادى 955—956-) يىللىرىدا
ۋاپات بولغان. [26]

قاراخانىلار ئىسلام دىنىنى رەسمىي دۆلەت دىنى قىلغانغا قەدەر،
ئاھالە بۇددا، مانى، نېستورىيان ۋە قىسمەن زارو ئاستىرىزمىغا
(مەجۇسى دىنىغا) ئېتىقاد قىلاتتى، ئاھالە ئارىسىدا شامان دىنىنىڭ
تەسىرىمۇ بار ئىدى. لېكىن ئىسلام دىنى قەشقەردىلا توختاپ
قالماستىن، ھەتتا ئۇنىڭ تەسىرى كۇچادىن ھالقىپ تۇرپان
ئويمانلىقىغىمۇ بارغانىدى. ئىدىقۇت ھۆكۈمرانلىرى مانى دىنىنىڭ
ئېتىقادچىلىرى، بۇددا دىنىنىڭ ھىمايىچىلىرى ۋە نېستورىيان

مەزھىبىنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئىدى. ئىبادەتخانا، موناستىرلىرى كۆپ ئىدى، بۇلار راھىبلار بىلەن تولغانىدى. ئۇلار ئىسلام دىنىغا نىسبەتەن ئېتىرازلىق پوزىتسىيە تۇتۇپ، شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا ئانچە يول قويمايتتى. قەشقەرىيىدە ئىسلام دىنىنىڭ ھاكىمىيەت دائىرىسىدە قوبۇل قىلىنىشىدا چوڭ رول ئوينىغان ئەبۇنەسىر سامانىنىڭ ئوغلى خوجا ئەبۇلفەتتاھ قوچۇدا ئىسلام دىنى تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللانغانىدى. شۇڭا ئىسلام دىنىمۇ قوچۇ تەۋەسىدە مەلۇم تەسىر پەيدا قىلغانىدى. قوچۇ- بەشبالىق رايونىدا مانى ۋە نىستورىيان، بۇددا دىنلىرىنىڭ پەلسەپۋى ئىدىيىلىرىدىن باشقا، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى فېئوداللىق ئىدىيە سىستېمىسىدىن كەلگەن نەرسىلەرمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، «تەڭرى بىلەن ئىنسان بىر- بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ» ۋە «ئىجابەت» ئىدىيىسى، شۇنىڭدەك «ئاتا- ئانىغا ۋاپادارلىق»، «دوستلۇق» ۋە «جاپاغا ۋاپا» دېگەندەك ئەخلاقىي كۆزقاراشلار ئاھالە ئارىسىدا خېلى يىلتىز تارتقانىدى.

دىنىنىڭ تارقىلىشى ھۆكۈمران سىنىپلار بىلەن ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پۈتكۈل قەدىمكى مەدەنىيەتكە تەسىر قىلمايمۇ قالمىدى. قاراخانىلار دەسلەپتە ئىسلام دىنىنىڭ چوڭ قائىدىلىرىنىلا قوبۇل قىلدى. قاراخانىلار تەۋەسىدە (بولۇپمۇ خاقانىيە ۋە خوتەن ئۆلكىلىرىدە)، ئاشۇ مەزگىللەردە، ئاھالىنىڭ ئۇقۇمۇشلۇق قاتلىمى پەلسەپۋى ئىدىيە جەھەتتىن بىرقەدەر ئوچۇق پىكىرلىك ئىدى؛ بۇلار دۇنياغا، ھاياتقا قاراشتا بىرقەدەر ئىلغار ئىدى.

قاراخانىلار ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، بىرەر ئەسىر ۋاقىت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆتكەندىن كېيىن، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ئىشلەپچىقىلدى. بۇ يېزىق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن بىر قاتاردا قوللىنىلدى. مەسىلەن، قاراخانىلارنىڭ 1067 ـ يىلىدىن باشلاپ چىقىرىلغان يارماق ـ تەڭگە پۇللىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن بىللە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقمۇ ئىشلىتىلگەن.

قاراخانىلار دەۋرىدە بولسا، ئىگىلىك ۋە مەدەنىي ھاياتنىڭ گۈللىنىشى بىلەن، ئىلمىي ئەدەبىيات بۇرۇنقى توقـقۇز ئوغۇز ياكى توققۇز ئۇيغۇر ئەنئەنىسى بويىچە تېخىمۇ راۋاجلاندى.

شەرقتە ــ ئىدىقۇت خانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار قوچۇ ۋە بەشبالىقتا «توخار» ۋە سانسكرىت تىللىرىدىن مەشھۇر بۇددا نوملىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى، خەنزۇچىدىن پەلسەپىۋى ئىدىيە ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش دەستۇرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، ئۆزلىرىگە خاس دىنىي ۋە دۇنياۋى ئەدەبىياتنى راۋاجلاندۇرغان؛ قەشقەر ۋە بالاساغۇندا خاقانىيە ئۇيغۇرلىرى ئەرەب خەلىپىلىرى توپلىغان دۇنيا ئىلىم ـ پەن جەۋھەرلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان؛ دىنىي جەھەتتىكى كەسكىن ئايرىملىق بولۇشىغا قارىماي، شەرقىي ۋە غەربىي ئۇيغۇرلار ئوخشاشلا قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا، ئىسلام دىنى مۇناسىۋىتى بىلەن كۈندىن ـ كۈنگە خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن بىر قاتاردا قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بار ئىدى، قاراخانىلار قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھامىسى سۈپىتىدە، ئەرەب ئىمپېرىيىسىگىمۇ تەسىر كۆرسەتتى.

بۇ دەۋردە ئەرەب ئىمپېرىيىسىدە ئەھۋال مۇنداق ئىدى:

ئەرەب ئىمپېرىيىسى ئىشغال قىلغان كەڭ زېمىندا، ئەرەبلەر دەسلەپتە سىياسىي، ھەربىي جەھەتتىكى مۇھىم مەنسەپلەرنى ئۆز قوللىرىدا تۇتۇپ، ئىلىم ـ ھۈنەر ئىشلىرىغا ئەرەب بولمىغان كىشىلەرنى سالدى. ئاببا سىيلارنىڭ ئىككىنچى خەلىپىسى مەنسۇر ھىجرى 145 ـ (مىلادى 762 ـ) يىلى باغداتنى تەئمىر قىلىپ، ئىمپېرىيىنىڭ پايتەختىنى دەمەشقتىن باغداتقا كۆچۈرۈپ كەلدى. ناھايىتى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە گۈللەنگەن بۇ شەھەر دۇنيانىڭ ئەڭ مەشھۇر جۇغراپىيونلىرىنى، ئاسترونوملىرىنى، مۇنەججىملىرىنى، كىمىياگىرلىرىنى، فىزىكا، ماتېماتىكا، تىبابەت، ئاسارئەتىقەشۇ- ناسلىق ساھەلىرىدىكى ئالىملارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئاببا سىلار خەلىپىلىكى گۈللىنىۋاتقان زامانلاردا، باغداتتا كۇتۇپخانىلار، ئىلمىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلغانىدى. غەربنىڭ، بولۇپمۇ يۇناننىڭ پەلسەپە، ماتېماتىكا، لوگىكا ئەسەرلىرى، تىبابەت ئىلمىگە دائىر مەشھۇر كىتابلار ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلدۇرۇلدى. دەسلەپتە بۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار گرېكلار بىلەن پارسلار بولغانلىقى ئۈچۈن، بارا ـ بارا شۇلارنىڭ تەسىرى كۈچەيگەنىدى. سىياسىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن جەمئىيەت بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىلەرنى، مەسىلەن، تىلشۇناسلىقنى، شېئىرىيەتنى، قانۇنشۇناسلىقنى تەتقىق قىلىش قانات يايدۇرۇلدى. ئىسلام قانۇنىنى شەرھىلەش، جۈملىدىن يۇناننىڭ داڭلىق پەيلاسوپلىرىنىڭ ئىدىيە سىستېمىسىنى شەرھىلەش ئىشى كۆپ ئالىملارنى جەلپ قىلدى. مۇنداق ئىزاھلىغۇچىلارنىڭ تولىسى ئەرەب بولمىغان خەلقلەردىن چىققان ئالىملار ئىدى.

ئۆمەييە ۋە ئاببا سىي خەلىپىلىرى ئىشغال قىلغان كەڭ زېمىندا، بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەر ئەرەبلەردىن ھەرقانچە مەدەنىيەتلىك بولسىمۇ، ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشى، ئەرەب تىلىنى «مۇقەددەس تىل» دەپ ئۆگىنىشى ۋە ئىشلىتىشى مەجبۇرىي ئىدى. ئەرەب يېزىقى ئەرەب ـ ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان قانۇنىي يېزىقى ھېسابلىناتتى؛ دىن، سىياسەت، ئەدەبىيات، تىلشۇناسلىقتا دائىر ئەسەرلەر مۇتلەق ئەرەب تىلىدا يېزىلىشى كېرەك ئىدى. ئىسلامىيەت مەركەزلىرىدە ئەرەب تىلى ئالىي ھاكىمىيەت تىلى بولغاندىن باشقا، ئىلىم ـ پەن تىلىمۇ قىلىنغانىدى. شۇڭا تۈركىي خەلقلەردىن چىققان نۇرغۇن ئالىملار ۋە ئەدىبلەر ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىدا يازدى. 10 ـ ئەسىرنىڭ مەشھۇر پەيلا ـ سوپى، ئىلىمنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە يېتىلگەن ئالىم ــ قاراچۇقلۇق ئەبۇنا سىر فارابى (مىلادى 950 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئۆزىنىڭ 126 پارچە ئىلمىي ئەسىرىنى ئەرەبچە يازغان، خۇددى فارابى بىلەن يۇرت ـ داش بولغان لۇغەتشۇناس ــ ئەدىب ئىسمائىل ئىبنى ھەمادىل جەۋ ـ ھەرىمۇ (مىلادى 1002 ـ يىلى ۋاپات بولغان)«سۇ ھاھ» دېگەن مەشھۇر كىتابىنى ئەرەب تىلىدا يازغان؛ لۇغەتشۇناسلىق ۋە ئەدەبىيات ساھە ـ سىدە يەنە ئىبراھىم سۇلى (مىلادى 857 ـ يىلى ۋاپات بولغان)، شەرە ـ فۇزەمان مەرۋەزى (مىلادى 1046 ـ يىلى ۋاپات بولغان)، ئەبۇ بەكىر قەففال شاشى؛ تارىخ ساھەسىدە مەھمۇد بىننى ئارسلان خارەزمى (11 ـ ئەسىر)، ئۇيغۇر تارىخچىسى («تارىخىي كاشغەر»نىڭ ئاپتورى، مىلادى 1096 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئابدۇلغەفۇر بىننى ئەل ھۈسەيىن ئەل ئەلمائى، ماتېماتىكا ۋە تەبىئەت ئىلىملىرىدە ئەبۇرەيھان مۇھەممەد بىننى ئەھمەد ــ بىرۇنى (973 ــ 1051) ئۆز

ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىدا يازغان.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىدە ۋە خۇراساندا، دەسلەپتە تارىخىي سەۋەبلەر نەتىجىسىدە، پارس تىلى ئەدەبىي تىل ئىدى. 10 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا جۇغراپىيە ئەسەر يازغان ئىستەھىرى بۇخارادا سوغدى تىلى بىلەن بىر قاتاردا «دارى تىلى»مۇ بار ئىدى، دەپ ئەسلەتكەن. ئەنە شۇ «دارى تىلى» سامانىلار دەۋرىنىڭ ئەدەبىي تىلى ئىدى. بۇ جايلاردا ئەرەب ئېلىپبەسى قوبۇل قىلىنىشى بىلەن، بۇ تىل (پارس تىلى) خۇراساندىن ئىراننىڭ باشقا جايلىرىغىمۇ تارقىلىشقا باشلىدى. ھەتتا ئىراندا، تۈركىي قەبىلىلەر تەشكىل قىلغان خانلىقلارمۇ پارس تىلىنى رەسمىي ۋە ئەدەبىي تىل قىلىپ قوللاندى.

ئەرەب ئىسلام ئىمپېرىيىسىدە، پەن ـ مەدەنىيەت راسا گۈللەپ يۇقىرى پەللىگە يەتكەندە، ئىمپېرىيە زەئىپلىشىشكە يۈزلەندى. كېيىنكى خەلىپىلەر شىجائەتلىك مىللەتلەرگە تايىنىپ، ئۆز سەلتەنەتلىرىنى ساقلاپ ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ داغدۇغىسىنى قوغداپ قالماقچى بولدى. خەلىپىلىك دەسلەپتە خۇراسانلىقلاردىن، كېيىنچە مەرۋىلىكلەردىن (تۈركىي خەلقلەردىن) ئۆزىگە قوشۇن تەشكىل قىلدى.㉗ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ئوغۇز ـ تۈركمەنلەر ئىراق ۋە شام تەرەپلىرىگە، كىچىك ئاسىياغا تۈركۈملەپ كۆچۈپ، ئۇلارنىڭ يۈرۈش يوللىرى ئۈستىدىكى ئەزەربەيجان ۋە ئەرزىرۇم تەرەپلىرى ئوغۇز ـ تۈركمەنلەر بىلەن تولدى. ئىمپېرىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئاھالىنىڭ ئېتنىك قاتلىمىمۇ ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىدا ئوغۇز ـ تۈركمەنلەر قۇرغان سالجۇقىلار خانلىقى ئىمپېرىيىنىڭ سىياسىي ھاياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىشكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشلىدى. بارا ـ بارا ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ دىۋان ۋەزىرلىرى ۋە ئەمىر ـ سەركەردىلىرى ئوغۇز تۈركمەنلىرىدىن بولۇپ، خەلىپىلىكنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى شۇلارغا ئۆتتى. ئەرەبلەردىن بولغان خەلىپە بولسا دىنىي جەھەتتىكى داھىلىق ئورنىنىلا ساقلاپ قالدى.

ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ ئاساسىي ھوقۇقىنى قولىدا تۇتقان مەلىكشاھنىڭ دەۋرى (ھىجرى 465 ـــ 480 ـ يەنى مىلادى 1072 ـــ 1087 ـ يىللار) سالچۇقلارنىڭ ئەڭ شانلىق دەۋرى ھېسابلىناتتى. مەسىلەن، خەلىپە قائىم بىئەمرۇللا ھىجرى 467 ـ (مىلادى 1074 ـ) يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نەۋرىسى مۇقتەدى بىللانى مەلىكشاھ خەلىپىلىككە ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلدى؛ ھەتتا خەلىپە مۇقتەدى بىللا ئۆزىگە ئەرەب خاتۇندىن تۇغۇلغان ئوغلى مۇستەھزەرنى ۋەلىئەھد قىلماقچى بولغىنىدا، مەلىكشاھ رەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ قىزىدىن بولغان نەۋرىسى جەئپەرنى ۋەلىئەھد تەيىنلەشكە مەجبۇر قىلغان.

خەلىپىلىكىنىڭ غەربتىكى ئىقتىسادىي ئالاقىسى سالچۇقلار ئارقىلىق، شەرقتىكى سودا مۇناسىۋىتى قاراخانىلار ۋاستىسى بىلەن بولاتتى. بولۇپمۇ خەلىپىلىكنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ماۋەرائۇننەھر خەلقلىرى (ئاساسەن تۈركىي خەلقلەر) مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەيتتى. شۇنداق قىلىپ، خەلىپىلىكنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىمۇ ئاساسەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ قولىدا ئىدى. بۇ ھال، مۇتەناسىپ رەۋىشتە، سىياسىي ۋە مەدەنىي تۈرمۇشقىمۇ تەسىر قىلماي قالمىدى. ئەرەب ئىمپېرىيىسىدە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. مەھمۇت قەشقەرى نەقىل كەلتۈرگەن «ئۇلۇغ تەڭرى ئېيتىدۇ: مېنىڭ بىر تائىپە ئەسكىرىم

بار، ئۇلارنى تۈرك دەپ ئاتاپ، كۆنچىقىشقا ئورۇنلاشتۇردۇم، بىرەر خەلقتىن غەزەبلەنسەم، تۈركلەرنى شۇنىڭغا قارشى بۇيرۇيمەن» دېگەن ھەدىسنىڭ خەلق ئارىسىدا تارقىلىشىمۇ ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى.

سالجۇقلاردىن ئالپ ئارسلان ھەم ئۇنىڭ ئوغلى مەلىكشاھنىڭمۇ باش ۋەزىرى بولغان نىزامۇلمۇلك ئالىملارنى ۋە ئەدىبلەرنى قەدىرلەيدىغان مەرىپەتپەرۋەر زات بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن ئالىملار، ئەدىبلەر ۋە ئۇستىكارلار توپلانغان. سالجۇقلارنىڭ سەلتەنەتىدە، چوڭ نوپۇزغا ئىگە بولغان تەركەن خاتۇن (قاراخانىلار جەمەتىدىن) مۇناسىۋىتى بىلەن، قەشقەر، بالاساغۇندىن باغداتقا نۇرغۇن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بارغان ۋە خاقانىيە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىمۇ كېڭەيگەنىدى. نىزامۇلمۇلك باغدات ۋە ئەسپىھانلاردا مەدرەسە ـ كۇتۇبخانىلارنى تەشكىل قىلدى. بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، باغداتتا نىزامۇلمۇلك «مەدرەسە نىزامىيە»نى تەشكىل قىلغاندا، قەشقەردە بارچۇق تاۋغاچ خان زامانىسىدىلا «مەدرەسە ساجىيە» تەسىس قىلىنغانىدى. «مەدرەسە نىزامىيە» غەربتە ــ ئەرەب ئىسلام مەركىزى بولغان باغداتتا، ئالىي ئوقۇش يۇرتى بولغىنىدەك، «مەدرەسە ساجىيە» شەرقتە ــ قاراخانىلارنىڭ پايتەختى بولغان قەشقەردە تۈركىي خەلقلەرنىڭ يۇقىرى بىلىم مەركىزى بولدى. بۇنىڭدا نۇرغۇن ئالىملار، ئەدىبلەر تەربىيىلىنىپ چىققان. مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»دا ئۆزىنىڭ ئۇستازى سۈپىتىدە ھۆرمەت بىلەن «الشيخ الامام الزاهد» دەپ ئاتىغان ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپتەك ئالىملار مۇدەررىسلىك قىلغان. شۇنىڭدەك ئابدۇلغەفۇردەك مەشھۇر تارىخچىلارمۇ شۇ مەدرىسىدىن يېتىشىپ چىققانلىقى

www.uyghurkitap.com

مەلۇم. 11 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ يۈكسەك نەمۇنىسى بولغان «قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىمۇ شۇ مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، شەرقىتىن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھامىيسى سۈپىتىدە كۆچىيىپ بىرىۋاتقان قاراخانىلار ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى ئۇيۇتقا بولغان تۈركىي تىل ۋە تۈركىي مەدەنىيەتنى تەشەببۇس قىلىۋاتاتتى. قاراخانىلار جارى قىلدۇرغان ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئومۇمىي تىل ـ ئەدەبىياتىغا ۋە مەدەنىيىتىگە ئۈلگە بولۇش رولىنى ئوينىدى. «شەرق تۈركچىسى»نىڭ ئەدەبىي تىل بولۇشىغا ئىجتىمائىي ـ تارىخىي ئاساسلار بار ئىدى. 11 ـ ئەسىر شارائىتىدا گەرچە سالجۇقىلار خەلىپىلىكتە زور تەسىرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن قاراخا ـ نىلارنىڭ تۈزۈمى سامانىلار ۋە سالجۇقىلارنىڭكىدىن ئىلغارراق ئىدى. مەشھۇر شەرقشۇناس بارتولد مۇنداق دەيدۇ: «...قاراخانىلار، دەرۋەقە، سالجۇقىلاردىن ئىلغار ئىدى. چۈنكى تۈركىستاندا، ھېچبولمىغاندا، ئۇلار ئۇيغۇرلار ئارقىلىق چىن مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە ياشىغانىدى.»[28] نەتىجىدە، «خاقانىيە تىلى»نى يېتەكچى دىئالېكت قىلغان تۈركىي ئەدەبىي تىل شەرقىي شىمالىي ئاسىيادىن تاكى كىچىك ئاسىياغىچە كەڭ قوللىنىلىدىغان تىل بولۇپ قالدى، سىياسىي ئېھتىياج، ئىقتىسادىي شارائىت ۋە دىنىي مۇھىت ئەرەب ھۆكۈمران دائىرىلىرىنى، سىياسىي ـ مەدەنىيەت ئەربابلىرىنى، ھەتتا ئاھالىنىڭ بەزى قاتلاملىرىنىمۇ تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشكە ھاجەتمەن قىلدى. «ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن، ئۇلارغا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق يول يوق»؛

«تۈركىي تىل ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتاتتى.»[29]

ئەنە شۇنداق شارائىتتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» مەيدانغا كەلگەن. «دىۋان» ئەنە شۇنداق تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى؛ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇتنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىپتىخارىنىڭ مېۋىسى.

## 3. مەھمۇت قەشقەرى

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە پەقەت «دىۋان»دا ئۇچرايدىغان بىشارەتلەردىن بىرئاز مەلۇماتقا ئىگىمىز.

ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە «بارسغان» شەھىرى ھەققىدە تەبىر بەرگىنىدە مۇنداق قىلغان: «بارسغان — ئەفراسىياپ ئوغلىنىڭ ئىسمى، بارسغان شەھىرىنى شۇ سالدۇرغان. مەھمۇتنىڭ ئاتىسى ئەنە شۇ شەھەردىن. بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: ئۇيغۇر خاقانىنىڭ بارسغان ئىسىملىك بىر يىلقا باشقۇرغۇچىسى بار ئىكەن، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ شۇ يەردە يىلقا باقىدىكەن، كېيىن بارسغان دېگەن نام شۇنىڭ ئىسمىغا قويۇلۇپ قالغانىكەن.»[30]

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «بارسغان» ھەققىدىكى تەبىرىدىن ئىككى مەنا ئايدىڭلىشىدۇ: بىرى، بارسغان — مەھمۇتنىڭ ئاتا يۇرتى؛ يەنە بىرى، بارسغان — ئەفراسىياپنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى، بارسغاننى شۇ بىنا قىلدۇرغانىكەن، شۇنىڭدەك ئېيتىلىشىچە، ئۇيغۇر خاقانىنىڭ يىلقىسىنى باشقۇرغۇچى بۇ خۇش ھاۋالىق جايدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، بۇ جايغا شۇنىڭ نامى قويۇلغانىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شەرقشۇناس بارتولد مۇنداق دەيدۇ: «شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىسىنىڭ مەركىزى سۈپىتىدە بۇ شەھەرنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى بار ئىدى. تۈركلەرنىڭ شەجەرىسى ھەققىدىكى رىۋايەتتە، تۈركنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدە بىرىنىڭ ئىسمى بارسغان ئىدى».㉛

تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، بارسغان — قاراخانىلارنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى، بۇ شەھەر ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بويىغا يېقىن جايلاشقان بولۇپ، خاقانلىقنىڭ ئېلى - يەتتەسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئىقتىسادىي مەركىزى ئىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، «توققۇز تىلي (توقۇز ئۇيغۇر)لار كاسپىغىچە يېيىلىپ يۈرگەن چاغلاردا، شۇلار ياشىغان ماكان ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ، مىلادى 808 — 821 - يىللىرىدىلا ئىسسىق كۆل بويلىرى ۋە ئىلى - يەتتەسۇ ۋادىسى ئۇيغۇر قاغانلىقىدىن "ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە خان"نىڭ تەۋەسىدىكى مەمۇرىي رايون ئىدى. شۇڭا، مەھمۇت قەشقەرى خەلق ئارىسىدا «ئۇيغۇر خانىنىڭ يىلقىسىنى باشقۇرغۇچى تۇرغان ۋە شۇنىڭ نامى قويۇلغان» دەپ تارقالغان رىۋايەتنى ئالاھىدە قەيت قىلىپ قويغان. بۇ شەھەردىن مەشھۇر شەخسلەر يېتىشكەن، قوشۇن سەركەردىلىرى مەيدانغا كەلگەن، غەزنەۋىلەر خانلىقىنى قۇرغان مەھمۇت تېكىنىنىڭ ئاتىسى سۇبۇك تېكىنمۇ بارسغان شەھىرىدىن ئىدى.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا ئاپتورلىرى ئۆز ئىسىملىرى ۋە ئاتا - بوۋا ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا ئۆز يۇرتلىرىنىڭ ناملىرىنى تەخەللۇس ئورنىدا قوللىنىش ئومۇمىي ئادەت ئىدى، مەھمۇتمۇ «كاشغەر»نى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلغانلىقىدىن ئۇنىڭ

يۇرتى قەشقەر ئەتراپىدىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمىسا كېرەك. ئەمدى، قەشقەرنىڭ قايسى يېزىسىدا تۇغۇلغانلىقى ھەققىدە تۆۋەندىكى پاكىتلارغا نەزەر سالايلى.

مەھمۇت قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»كە نۇرغۇن جايلارنىڭ (شەھەر-يېزا، تاغ-داۋان، يايلاق-چۆل، دەريا-كۆل) ناملىرىنى كىرگۈزگەن، بۇنداق يەر ناملىرىدىن قەشقەر ئەتراپىدىكى يەر ناملىرىنى كۆپرەك ۋە تەپسىلىيرەك ئىزاھلىغان. ھەممىدىن ئەھمىيەتلىكى شۇكى، قەشقەر شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردىن «ئالۇش، ئازىغ، ئوپال، قىزىل ئوز، ئارتۇچ، ئالغۇق، ئازغىش، قىفچاق، توقۇرقا، مانكەند، قاسى» دېگەن يېزىلارنىڭ ناملىرىنى ئىزاھلىغاندا، پەقەت ئۈچ يەرنىڭ نامىغا "لىنا" يەنى "بىزنىڭ" دېگەن ئىگىلىك ئالماشنى قوشقان. مەسىلەن، «ابل» (Opal) سۆزىگە "اسم قريه لنا" ("بىزنىڭ يېزىنىڭ نامى" ياكى "يېزىمىزنىڭ نامى")، «اذغ (ažïq)» سۆزىگىمۇ «اسم قريه لنا» (يېزىمىزنىڭ نامى)[32] ۋە «قسى (kasï) سۆزىگە «اسم موضع لنا» (بىزدىكى بىر يەرنىڭ نامى)[33] دەپ تەبىر بەرگەن. باشقىلىرىغا بولسا "لنا" دېگەن ئىنىقلىغۇچى سۆزنى قوشمىغان، مەسىلەن، «الش» (Alax) «الغق» (Aloquk) لارغا «اسم قريه لكاشغر» (كاشقەردىكى يېزا نامى)[34] دەپ تەبىر بەرگەن. «ئوپال» قەشقەر شەھىرىدىن 45 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبتىكى رايون؛ «ئازىغ» — ئوپال رايونىنىڭ غەربىدىكى يېزا، «قاسى»مۇ ئوپال رايونىدىكى كىچىك كەنت. دېمەك، مەزكۇر يېزا-كەنتلەرگە "بىزنىڭ" دەپ ئالاھىدە ئىزاھ بەرگىنىگە قاراپ، مەھمۇت قەشقەرى ئوپالدا تۇغۇلغان دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قاچان تۇغۇلغانلىقى ۋە قاچانلىقى ئۆمۈر كۆرگەنلىكى ھەققىدىمۇ ئېنىق مەلۇمات يوق. مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»نىڭ كىرىشمىسىدە، ئۆز ئەسىرىنى ھىجرى 467 — 468 - (مىلادى 1076 — 1077 - ) يىللىرى قايتا تولۇقلاپ، خەلىپە مۇقتەدى بىللاغا ئارمىغان قىلغانلىقىنى يازغان. شۇنىڭدەك ، «دىۋان»نىڭ III جىلدىدە «بۇ كىتاب ئۆمرۈمنى ئاخىرىغا يەتكۈزدى» دېگەن. بۇ بىشارەتلەرگە قارىغاندا، مەھمۇت قەشقەرى ھىجرى 5 - (مىلادى 11 - ) ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدە تۇغۇلۇپ، يەنە شۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدە ۋاپات بولغان، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

ئەمدى، ئائىلە - نەسەبى توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلايلى.

مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»دا «ئۇيغۇر» دېگەن نامغا بەرگەن ئۇزۇن تەبىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «مۇشۇ كىتابنى يازغان مەھمۇت ئېيتىدۇكى، بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز بولغان ئەمىرلەرنىڭ "خمىر" دېيىلىشى ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن. چۈنكى، ئوغۇزلار "امىر" دېيەلمەي، "ا"نى "خ"غا ئالماشتۇرۇپ "خمىر" دەيدۇ. شۇڭا، تۈرك ئەللىرىنى سامانى ئوغۇللىرىدىن ئالغان بوۋىمىزنى "بخركين" دەپ ئاتايدۇ.» بۇ ئىبارىلەردىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بوۋىلىرى ئەمىرلەر يەنى خانزادىلەردۇر؛ «تۈرك ئەللىرىنى سامانى ئوغۇللىرىدىن ئالغان» كىشى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بوۋىسىدۇر.

شەرقشۇناس بارتولد مەھمۇت قەشقەرىنى ئائىلىۋى نەسەب جەھەتتىن، ئۇنىڭ «دىۋان»دا نىزامىدىن ئىسراپىل توغان تېكىن ئىبنى مۇھەممەد چاقىر تۇنگا خان ئۆز ئاتىسىنىڭ ئاغزىدىن نەقىل كەلتۈرىدۇ، دېگەن جۈملىسىنى تەھلىل قىلىپ، «توغان تېكىن»گە

باغلايدۇ؛ شۇنىڭدەك، بارتولد يەنە مەھمۇت ئۆزىنى «قۇمۇق» دېگەن بىر بەگ ئۇرۇغىدىن دەپ ئىشارەت بەرگەن دەيدۇ. لېكىن مەھمۇت «دىۋان»دا: «قۇمۇق — بەگلەردىن بىر كىشىنىڭ ئىسمى. بىر چاغدا مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن» دەپ قەيت قىلغان.

ئۇيغۇر قاغانلىقى زەئىپلىنىپ پارچىلىنىشقا يۈزلەنگەندە، سامانىلاردىن نۇھ شەرقىقە قاراپ كېڭىيىپ، 840-يىلى بىلگە نوچۇر (قاسارتېكىن) دىن ئىسپىجابنى تارتىۋالغانىدى. قاراخانىلار دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل «تافغاچ خان» ئىلگىرىكى زېمىنىنى سامانى ئوغۇللىرىدىن ياندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن جەڭ قىلغان، لېكىن سامانىلاردىن ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد تالاسنى ئۇزاق مۇھاسىرە قىلغاندىن كېيىن 893-يىلى 3-ئايدا ئىشغال قىلىۋالغان. جامال قارشى ئۆز ئەسىرىدە سامانىلار بىلەن قايتا جەڭ قىلغان خاننى «ئوغۇلچاق قىدىرخان» ۋە قاراخانىلارنىڭ باشقا ئۇلۇغ خانلىرىدەك «تافغاچ» لەقىمىنى قوللانغان دەپ يازىدۇ. ئەمما «تافغاچ خان» پايتەختىنى قەشقەرگە كۆچۈرۈپ، سامانىلار ھاكىمىيىتى بېسىۋالغان يەرلەرنى ياندۇرۇۋېلىش يولىدا يۈرۈش قىلىشنى توختاتمايدۇ. ئۇنىڭ نەۋرىسى ساتۇق بۇغراخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، سامانىلار سەلتەنەتىنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن تەبەرىستاندا ئىسيان كۆتۈرگەن قوماندان لەيلابىننىنى نوئمانىنى مەرۋە ئەتراپىدا مەغلۇپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قاراخانىلارنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە بولغان بېسىمى كۈچىيىدۇ. سۇلتان ساتۇق بۇغراخان (ئابدۇلكېرىم) مىلادى 956-يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ غەربكە يۈرۈش ئىشلىرىنى ئوغۇللىرى داۋام قىلدۇرىدۇ. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي، خوتەن ھۆكۈمدارلىرىدىن قالقالنىڭ قوماندانلىرى بوكتارۇشت، توكتارۇشتلار

قەشقەرىيە تەرەپكە يۈرۈش باشلاپ، ھەسەن بۇغراخان ۋاقتىدا (مىلادى 976 ـ يىلى) قەشقەرنى بېسىۋالىدۇ. بۇ مەزگىلدە قاراخاندـ لارنىڭ غەربكە يۈرۈشلىرى توختايدۇ. خوتەن ھۆكۈمدارلىرى بىلەن بولغان جەڭ ـ جېدەللەر ئاياغلىشىشقا يۈزلەنگەندە، ئەلى ئارسلان خانـ نىڭ ئوغۇللىرى ئەھمەد توغان خان ۋە ئوبۇل ھەسەن ناسىر ئارسلان خانلار غەربكە يۈرۈشنى باشلايدۇ. ئاخىر ناسىر بىننى ئەلى مىلادى 999 ـ يىلى بۇخارانى سامانىلاردىن ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سامانىلار ئىنقىرازغا يۈزلىنىدۇ. «تۈرك ئەللىرىنى سامانى ئوغۇللىرىدىن ئالغان» كىشى ناسىر بىننى ئەلى ــ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بوۋىسى ئىكەنلىكى مەزكۇر پاكىتلاردىن ئايان بولسا كېرەك. ئوبۇلھەسەن ناسىرنىڭ ئاتىسى ئەلى ئارسلان خان (مىلادى 998 ـ يىلى ئۆلگەن) مۇسا بايتاش بۇغراخان (مىلادى 960 ـ يىلى ئۆلگەن)نىڭ ئوغلىدۇر، بايتاش بولسا ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى. بەزى تەتقىقاتچىلار مەھمۇت قەشقەرىنى ئائىلىۋى نەسەب جەھەتتىن يۈسۈف قىدىرخانغا باغلايدۇ. يەنى مەھمۇتنىڭ چوڭ دادىسى مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ باش خاقان بولۇشتىن ئىلگىرىكى شاھزادىلىك ئىسمى ياغان تېكىن بولۇپ، (تارىخچى بەيھەقى ۋە ئىبنۇل ئەسىرنىڭ يازغانلىرى بويىچە ئۇ بالدۇر تالاس، ئىسپىجابقىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان) يۈسۈف قىدىرخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى (سۇلايمان بۇغرا تېكىن ــ چوڭ ئوغلى) ئىدى دەيدۇ.(35) خوپ، شۇنداق دېگەن تەقدىردىمۇ يۈسۈف قىدىرخانمۇ ساتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسىدۇر. «نەسەبنامەئى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان غازى»دە(36) يېزىلىشىچە، يۈسۈف قىدىرـ خان ۋە ھەدىيە تۈركەن خاتۇن سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى ھەسەن بۇغراخاننىڭ پەرزەنتلىرىدۇر؛ يۈسۈف قىدىرخان



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەككە تاۋاپىغا كەتكەندە ئورنىغا قىلىچ بۇغراخان (يۇسۇف قىدىر-خاننىڭ ئىنىسى) ئولتۇرۇپ تۇرغان. دېمەك، يۇسۇف قىدىرخان، ئەلى ئارسلان خان ئىككىلىسى سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىلىرىدۇر. مۇسا بايتاش خاننىڭ نەۋرىسى ئوبۇلھەسەن ناسىر ھىجرى 402-(مىلادى 1019-) يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، ئاۋۋال ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن مەنسۇر ئۇلۇغ خان بولىدۇ. ئوبۇلھەسەن ناسىرنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، بىرى مۇھەممەد ياغان تېكىن (ئەبۇلفەتھ مۇھەممەدخان ئەل غازى)، يەنە بىرى بۆرە تېكىن ئىدى. مەنسۇرخان ۋاقتىدا مۇھەممەد بارسغان-تالاس ئۆلكىسىدە ئەمىر ئىدى. مۇھەممەدخاننىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلى ھۈسەيىن، ئىككىنچى ئوغلى ئىبراھىم (بۇ ئوغلى ئىككىنچى كۆجىسى يەنى سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىنىڭ ھەمشىرىسى زەينەبدىن تۇغۇلغان) ئىدى. مۇھەممەد بىننى ناسىر 1036-يىلى ئۆز كەنتىنى مەركەز قىلىپ ئورنىنى مۇستەھكەملەيدۇ ۋە ئاخىر مۇھەممەدخان ئۆزىنىڭ ئاتا جەمەتلىرىدىن بىرى — سۇلايمان ئارسلان خان بىلەن بولغان مۇجادىلىدىن كېيىن، 1055-يىلى ئۇلۇغ خاقان بولىدۇ. 15 ئايدىن كېيىن (ھىجرى 448-يەنى مىلادى 1057-يىلى) خاقانلىقنى چوڭ ئوغلى ھۈسەيىن چاغرى تېگىنگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. لېكىن مۇھەممەد-خاننىڭ ئىككىنچى كۆجىسى زەينەب ئۆز ئوغلى ئىبراھىمنى تەختكە چىقارماق بولۇپ، ئوردا پىتنىسى ئۇيۇشتۇرىدۇ ۋە ئېرى مۇھەممەدخانغا قەست قىلىدۇ ھەمدە ئېرىغا داخىل ئائىلە ئەزالىرىنى قىرغىن قىلىدۇ. بۇ توغرىدا مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»دا: «سىغۇن سامۇر — بۇغراخانغا زەھەر بېرىلگەن يەرنىڭ نامى»㊲ دېگەن تەبىردە ئىشارەت بەرگەن. (ئىبنۇل ئەسىر مەزكۇر بۇغراخاننى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھىجرى 439 ـ يەنى مىلادى 1047 ـ يىلى ئۆلگەن دەپ يازىدۇ؛ بەيھەقى بولسا مەزكۇر بۇغراخاننى ھىجرى 449 ـ يەنى مىلادى 1057 ـ يىلى ئۆلگەن دەپ قەيت قىلىدۇ). ئىبراھىم خانمۇ ئۇزاق ئۆتمەي، ھىجرى 450 ـ (مىلادى 1059 ـ) يىلى بارسخان ھۆكۈمدارى ئىنال تېگىن بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلىدۇ.

ئوردىدىكى مۇشۇنداق ئۆزئارا قىرغىنچىلىقتا ئۆز ئاتىسى ۋە قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلغان مەھمۇت تۇغۇلغان يۇرتىنى تاشلاپ، مۇساپىرلىق يولىغا كىرىشكە مەجبۇر بولغان. لېكىن بۇ مۇساپىرلىق ئۇنىڭ تۈركىي قەۋملەر ياشايدىغان ھەممە يەرلەرنى دېگۈدەك 15 يىلچە كېزىپ، تىلشۇناسلىق جەھەتتە چوڭ ئىلمىي تەكشۈرۈشكە بائىس بولغان.

دېمەك، مەھمۇت قەشقەرى ئەزىزانە قەشقەرنىڭ ئوپال رايونىدىكى ئازىغ يېزىسىدا تۇغۇلغان؛ ئۇ قاغان ئەۋلادىدىن بولۇپ سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ كۆكۈ نەۋرىسىدۇر، ساتۇق بۇغراخان بىلگە كۆل قىدىرخاننىڭ نەۋرىسىدۇر؛ ئۇرۇغ ـ نەسەب جەھەتتىن ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە ئەسىرلەر ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ياغلاقار قەبىلىسىدىندۇر. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ: "مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىسىگە مەنسۇپ" دېگەن سۆزىمۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇ.

## 4. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ يېزىلغان ۋاقتى

دۇنيا تارىخىدا يۈز بەرگەن چوڭ ھەربىي يۈرۈشلەر ئۈچۈن نىشان بولغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەڭرى زېمىنىدىكى شجائەتلىك تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلى ھەققىدە، ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى

تارىختا بىرىنچى بولۇپ ئىلمىي تەكشۈرۈش-تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇلۇغ تىلشۇناس ئۆزىنىڭ دۇنياۋى ئەھمىيەتلىك بۇ ئۇلۇغ ئىلمىي خىزمىتىنى ئاۋۋال ئەمەلىي تەكشۈرۈشتىن باشلىغان. ئۇلۇغ ئالىمنىڭ، تۈركىي تىللار ئۈستىدە تەكشۈرۈش-تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا، تۈركىي خەلقلەرنىڭ «شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن ئاياق كېزىپ چىقتىم» دېگىنىگە قارىغاندا، ئەڭ يىراق جايلارغىچە ئېرىنمەي بارغانلىقى مەلۇم. بۇنى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى تېخىمۇ تولۇق ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، «يالما» سۆزىگە تەبىر بەرگەندە: «مەن بۇ سۆزنى ئەڭ يىراق چېگرىدا ياشىغۇچى قاراتۈركلەردىنمۇ ئاڭلىغانىدىم، ئۇلارنىڭ يۇرتىدا قار-يامغۇر كۆپ ياغقاچقا، ئۇلار باشقىلارغا قارىغاندىمۇ يامغۇر يېپىنچىلىرىغا موھتاج» دەپ يازغان. ئۇلۇغ ئالىم ئومۇمىي تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق بولغان ئەدەبىي تىلنى ھەممە جەھەتتىن تەكشۈرگەندىن تاشقىرى، ئوغۇز، قىپچاق، ئارغۇ ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ شىۋە لېكسىكىلىرىنى ئاددىيلا تىل ماتېرىياللىرى سۈپىتىدە خاتىرىلىۋېلىپ، تىزىپ قويۇش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ۋە مورفولوگىيىلىك ھالەتلىرىنى ئىلمىي تەھلىل قىلىش يولى بىلەن تەكشۈرگەن؛ شۇڭا ئۇنىڭ: «تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تىلى دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورناشتى»[39] دېگىنى شۇنى بىلدۈرىدۇكى، مەھمۇت قەشقەرى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق توپلىغان تىل پاكىتلىرى ئۈستىدە ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ ئىلمىي ئۇسۇلى بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئاپتور ئۆز ئانا تىلىنىڭ ئەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يېتۈك مۇتەخەسسىسى بولغاندىن تاشقىرى، ئەرەب-پارس تىللىرى-نىمۇ خۇددى ئۆز ئانا تىلىنى بىلگەندەك ئوبدان ئۆزلەشتۈرگەن؛ ئەسەرنى تەلەپ قىلىشقا كىرىشىشتىن ئىلگىرى، تۈركىي تىلدا ۋە ئەرەب-پارس تىللىرىدا يېزىلغان تىلشۇناسلىققا دائىر ھەر خىل كىتابلارنى كۆپ ئوقۇغان. جۈملىدىن ئەرەبلەر تارىخىنى، بولۇپمۇ ئىسلام تارىخىنى، ئىسلام پەلسەپىسىنى، «قۇرئان» ۋە ھەدىسلەرنى ناھايىتى ئىنچىكە تەھلىل قىلىش يولى بىلەن ئۆگەنگەن.

مەھمۇت قەشقەرى توپلىغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا كىتابنى قايسى ئۇسۇل بىلەن يېزىش ئۈستىدە كۆپ ئىزلەنگەن. نەتىجىدە ئۆز زامانىسىدىكى ئەڭ يېڭى ئۇسۇل، يەنى زامانىسىغىچە تېخى قوللىنىلمىغان ئۇسۇل بىلەن يېزىشقا كىرىشكەن. بۇ توغرىدا ئالىم مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىشنى يېنىكلىتىش ۋە كىتابنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئەسەرنى مەندىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپتە تۈزۈپ چىقتىم». ئاپتور يەنە شۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ كىتابنى ھېكمەتلىك سۆزلەر، سەجئىلەر، ماقال-تەمسىللەر، بېيىت-قوشاقلار، رەجەزلەر ۋە نەسرىي پارچىلار بىلەن يېزىپ، مەخسۇس ئېلىپبە تەرتىپىدە تۈزۈپ چىقتىم. ئۆگەنگۈچى ۋە قىزىققۇچىلارنىڭ كېرەكلىك سۆزلەرنى ئاسان تېپىشى ئۈچۈن، بىرنەچچە يىل مۇشەققەت چېكىپ، سۆزلەرنى جاي-جايىغا قويدۇم؛ تۇتۇقلۇقلارنى ئاچتىم، چىگىشلەرنى يەشتىم». شۇنىڭدەك ئاپتور كىتابقا كىرگۈزگەن ئىبارىنى كونكرېت، جانلىق مىساللار ئارقىلىق ئەرەبلەرنىڭ ئەدەبىي تىلىدىكى ئىنچىكە-نازۇك ئىبارىلەر بىلەن ناھايىتى چۈشىنەرلىك قىلىپ ئىزاھلاپ بەرگەن. ئاپتور ئۆزى يازغان مۇقەددىمىسىدە

شۇنداق دەيدۇ: "ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس-تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ... ئۇلۇغ تەڭرىگە سېغىنىپ، بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دەپ ئات قويدۇم"[40]

«دىۋان»نى يېزىشقا قايسى يىلى كىرىشكەنلىكى ھەققىدە كېسىپ ئېيتىش تەس، ئاپتور «دىۋان»نىڭ I جىلدىدا تۈرك مۆچەل يىللىرى ھەققىدە ئىزاھلىغىنىدا: "بۇ كىتابنى يازغان يىلىمىز تۆت يۈز ئاتمىش ئالتىنچى يىلىنىڭ مۇھەررەم ئېيىدا يىلان يىلى كىرگەنىدى..." دەپ يازغان. بۇ سۆزگە قارىغاندا، مەھمۇت قەشقەرى بۇ كىتابنى ھىجرى 466-يىلىدىن بۇرۇنراق يېزىشقا باشلىغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى «دىۋان»نى ئاپتورنىڭ ئۆز قولىيازمىسىدىن كۆچۈردۈم دېگەن كاتىپ مۇھەممەت ئىبنى ئەبى بەكرى كۆچۈرگەن نۇسخىسىنىڭ ئاخىرىغا مۇنداق دەپ يېزىپ قويغان: "مەھمۇت قەشقەرى ئۆز قولى بىلەن يازغان نۇسخىنىڭ ئاخىرقى جۈملىسىنى بۇ يەردە ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ ئۆتىمەن: كىتابنى 464-يىلى جامادىيەلئەۋۋەلنىڭ باشلىرىدا (مىلادى 1072-يىلى يانۋار) يېزىشقا كىرىشكەنىدىم، تۆت قېتىم قايتا يېزىپ، تۈزىتىپ ۋە تەھرىرلەپ، 466-يىلى جامادىيەلئاخىرىنىڭ 10-كۈنى دۈشەنبە (مىلادى 1074-يىلى 10-فېۋرال) تۈگەتتىم."

«دىۋان»نى تەتقىق قىلغۇچىلاردىن پروفېسسور ھارتمان (Hartman) بىلەن بروككېلمان (Brockelmann) لارمۇ كىتابنىڭ ئاخىرىدا قەيت قىلىنغان ۋاقىتنى ئاساس قىلغان. تۈركىيىدە ئەسلى قولىيازما نۇسخا ئۈستىدە تەتقىقات يۈرگۈزگەن پروفېسسور زەكى ۋەلىدى توغان «دىۋان»نىڭ تەلىپ قىلىنغان ۋاقتى ھىجرى 470-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(مىلادى 1077 ـ )يىلى دېگەن خۇلاسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. «دىۋان» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان پروفېسسور فۇئات ـ كۆپرۈلۈ ھەم ئەخمەت جەفەر ئوغلىمۇ زەكى ۋەلىدىنىڭ بۇ پىكرىنى توغرا تاپقان. [41]

مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»نىڭ كىرىشمىسىدە مۇنداق قەيت قىلىدۇ: «بۇ كىتابنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇقەددەس ئورنىدا ئولتۇرغان ھاشىم ئۇرۇغىدىن ۋە ئاببا سىلار سۇلالىسىدىن يولباشچى بولغان... مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ۋە تەڭرى تەيىنلىگەن خەلىپە مۇھەممەد ئوغلى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللا ھەزرەتلىرىگە ئارمىغان قىلدىم». بۇ سۆزلەرگە قارىغاندا ئاپتور كىتابنى مۇقتەدى بىللانىڭ بوۋىسى ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ئابدۇللا بىننى قادىر قائىم بىئەمرۇللا خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا يېزىشقا كىرىشكەن؛ قائىم بىئەمرۇللا ھىجرى 467 ـ (مىلادى 1075 ـ ) يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نەۋرىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىللا خەلىپە بولغان، بۇنىڭ خەلىپىلىك ۋاقتى ھىجرى 467 — 487 ـ (مىلادى 1075 — 1093 ـ ) يىللارغىچە 19 يىل بەش ئاي داۋام قىلغان.

دېمەك، مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»نىڭ بىرىنچى نۇسخىسىنى ھىجرى 464 — 466 ـ (مىلادى 1072 — 1074 ـ )يىللىرىدا يېزىپ بولۇپ، ھىجرى 467 — 468 ـ (مىلادى 1076 — 1077 ـ )يىللىرىدا قايتا تولۇقلاپ چىققان. ئاندىن ئاببا سىي خەلىپىلىرىنىڭ 27 ـ سى بولغان ۋە جالالىدىن سالجۇقىنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن تەختكە ئولتۇرغان ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىللاغا تەقدىم قىلغان. بۇ زاماندا، خاقانىيىدە ھەسەن بۇغراخان (مىلادى 1060 ـ يىلى)تەختكە چىققان ۋە

«قۇتادغۇ بىلىك» (مىلادى 1069 ـ يىلى) يېزىلغانىدى. بىر رىۋايەتتە، ئەبۇ ئەلى ھەسەن ناسىرۇل ھەق ۋەددىن مەلىكۇل مەشرىق (ھەق ۋە دىنىنىڭ نۇسرەت تاپقۇزغۇچىسى، شەرقنىڭ پادىشاھى) تاپغاچ قارا بۇغراخان ئىبنى سۇلايمان ئارسلان خاننىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى يېڭى خەلىپىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن باغداتقا بارغاندا، مەھمۇت قەشقەرى مەزكۇر ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولغان تاغىسى بىلەن بىللە خەلىپە ھوزۇرىغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىنى خەلىپىگە تۇتقانىكەن.

## 5. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ مەزمۇنى

مەھمۇت قەشقەرى تۈركىي تىلنىڭ ئۇزاق تارىخلىق باي تىل ئىكەنلىكىنى، بۇ تىل ئىگىلىرىنىڭ ماددىي مەدەنىيەتتە زامانىسىدا يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىش بىلەن بىللە مەنىۋى قۇرۇلۇش جەھەتتىمۇ ئېسىل پەزىلەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىپتىخارى بىلەن «دىۋان»نى تۈزۈپ چىققان. شۇڭا، «دىۋان»ئەرەبلەرگە پەقەت تۈركىي تىلنى ئۆگىنىش ئۈچۈنلا تۈزۈلگەن ئاددىي لۇغەت كىتابى ئەمەس، بەلكى ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى ۋە قاراخانىلار ھامى بولغان پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىنى، جۈملىدىن ئىلىم ـ پەن، سەنئەت ساھەلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ھاكىمىيەت ـ سىياسەت تەدبىرلىرىنى، پەلسەپە ـ ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرىنى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى باي تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق تونۇشتۇرىدىغان مۇكەممەل قامۇستۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»دا، خەلق تىلى، قەدىمكى تىل ۋە باشقا تىل ئامىللىرىنى بىر مەنبە سۈپىتىدە يۇغۇرۇپ بەرگەن. يەنى بۇ كىتاب سۆزلەرنىڭ سىلىشتۇرمىسىدىن ئىبارەت بولغان ئاددىي لۇغەت كىتابى ئەمەس.

«دىۋان»غا كىرگۈزۈلگەن تەخمىنەن 7500 دىن ئارتۇق سۆزلەم (سۆز ۋە ئىبارە) مەزمۇن جەھەتتىن ناھايىتى كەڭدۇر. بۇ سۆزلەر «سەككىز بۆلۈمگە يىغىنچاقلانغان»ۋە «ھەر بىر بۆلۈم ئىسىملار ۋە پېئىللار شەكلىدە ئىككىگە ئايرىلغان»، «بۆلۈم ۋە بابلاردا ئەرەبچە ئاتالغۇلارنى ئىشلەتكەن.» سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇشىدا، ئەرەب ترانسكرىپسىيىسىگە تولۇق رىئايە قىلىپ، ساكىن، ھەرەكە، مەد ۋە تەشدىدلەرنى جانلىق ئىشلەتكەن، ئەرەب ئېلىپبەسىدە بولمىغان ۋە تۈركىي تىلغا خاس بولغان تاۋۇشلارنى ئالاھىدە ھەرپ ۋە بەلگىلەر ياساپ ئىپادىلىگەن. بۇ جەھەتتىن ئاپتور پۈتۈنلەي ئەرەب ئىملا قائىدىسىگە بېقىنىپ كېتەلمىگەن، بەلكى تۈركىي سۆزلەرگە مەخسۇس ئىملا سىستېمىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. ئەمما شۇ نەرسە ئېنىقكى، مەھمۇت قەشقەرى كىشىلەرگە (ئەرەبلەر ۋە ئەرەب تىلىنى بىلگۈچىلەرگە ـــ ماقالە ئاپتورى) تونۇش بولغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆز ئانا تىلىنى ئەرەب گرامماتىكا قائىدىلىرى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە ۋە ھەتتا تۈركىيە تىلشۇناسى ئەخمەد جەفەر ئوغلى ئېيتقانىدەك: «ئەرەب گرامماتىكا قائىدىلىرىنىڭ ئىچىگە سىغدۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. بۇ جەھەتتىن ئەرەب گرامماتىكىسىدىن ۋاقىپ بولماستىن، ‹دىۋان›دىن پايدىلانماق مۈشكۈلدۇر.»[42] سۆزلەرنىڭ ئىستېمال مەنىلىرىنى تولۇق بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىخچام جۈملىلەرنى تۈزگەن؛ بىر سۆزلەمگە تەئەللۇق

ھېكمەتلىك سۆز، قاپىيىلىك نەسر (سەجئە)؛ تەمسىل، قوشاق ـ بېيىت، شېئىر (رەجەز)گە ئوخشاش ئىپادە ۋاستىلىرىدىن كەڭ پايدىلانغان.

ئەمدى، «دىۋان»نىڭ مەزمۇنىنى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت دەپ پەرەز قىلىمىز:

1. تۈركىي قەبىلىلەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان ۋە بۇ قەبىلىلەر-نىڭ تارىخىغا دائىر رىۋايەت تەرىقىسىدە مەلۇمات بەرگەن. شۇ زامانلاردا، تارىخقا ئىسلام پەلسەپىسى بىلەن قاراش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغىنىغا قارىماي، تۈركىي خەلقلەرگە دائىر بىرمۇنچە قەدىمكى رىۋايەتلەرنى يېزىپ قالدۇرغان، بۇ رىۋايەتلەر ئەرەب-ئەجەم سەيياھلىرىنىڭ يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلىرىگە ۋە خەنزۇچە يىلنامىلەردە قەيت قىلىنغان بەزى ۋەقەلەرگە توغرا كېلىدۇ. بەلكى بۇلارنىڭ مۇجمەل بولغان جايلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى رىۋايەت مىلادىدىن تۆت ئەسىر ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىلەن تۇتۇشقانلىقىدىن، شۇنىڭدەك «ئۆگە» توغرىسىدىكى رىۋايەتنىمۇ تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئىسكەندەر بىلەن ئۇرۇشقانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇ بايانلار تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. مەھمۇت قەشقەرى ئەرەبچە ئەسەر يازغان ئاپتورلار ئىچىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتىنى پەقەت كىتابلاردىنلا ئالماي، خەلق ئارىسىدىكى جانلىق پاكىتلار، رىۋايەتلەر ئاساسىدا يارىتىپ بەرگەن ئاپتور، مەھمۇت قەشقەرى ئۆز كىتابىدا ئۇرۇغ ـ ئايماق، بوي، سوي، قەبىلە، ئۇلۇس نامىلىرىنىڭ قويۇلۇش مەنبەلىرىنى بېرىش بىلەن بىللە، ئەر ـ خوتۇن، باتۇر، بەگ، قۇل ـ چۆرە، خان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باللىرىغا بىرىلگەن ئاتلار ۋە خاقان ئاتلىرىغا ئوخشاش ئانتروپونىمـ
لارنىمۇ بەرگەن. شۇڭا، «دىۋان»نى تىل-يېزىق قوراللا ئەمەس،
تارىخ كىتابى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

2. تۈركىي قەبىلىلەر ياشىغان جايلار، بولۇپمۇ قاراخانىلارنىڭ
شۇ زاماندىكى تېررىتورىيىسى، شۇنىڭدەك تۈركىي قەبىلىلەر بىلەن
قوشنا ئەللەرگە دائىر جۇغراپىيە ناملارنىڭ مەشھۇرلىرىنى بەرگەن.
بۇلاردىن بەزىلىرىنى ئەسەرنىڭ ئىچىدە بېرىش بىلەن بىللە،
«دىۋان»غا ئىلاۋە قىلىنغان خەرىتىسىدىمۇ كۆرسەتكەن. بۇ ناملارنى
پەقەت ئادەتتىكى نام سۈپىتىدىلا ئەمەس، ھەتتا بەزىلىرىنى بىرەر
مۇھىم ۋەقەگە بېغىشلاپ تونۇشتۇرغان. بۇ ھەقتە شەرقشۇناس
بارتولد مۇنداق دەيدۇ: «ئومۇمەن مەھمۇتنىڭ تۈرلۈك شەھەرلەرگە
دائىر بەرگەن قىسقا مەلۇماتىدىن ھازىر بىزنىڭ ئىلكىمىزدە بولمىغان
بىرمۇنچە تارىخىي ئەسەرلەر بۇ زاتنىڭ قولىدا بارلىقى ئۇقۇلىدۇ؛
بۇ ئەسەرلەر بولغان بولسا، بىز ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك
بولاتتى. مەسىلەن، "المقنع"(مۇقەننا) دېگەن ئادەم ئەتراپىغا
ئۇيۇشقانلار تۇرىدىغان "ئىنجۇ كەنت" شەھىرىنى بايان قىلىدۇ.
بەلكى بۇ شەھەر ئەشۇ قەۋمنىڭ تەۋەسىگە ئەرەب ئەسكەرلىرى
باستۇرۇپ كىرىشى بىلەن خاراب بولغان. مۇقەننانىڭ قەۋمى ۋە
بۇنىڭ تۈركلەر بىلەن ئىتتىپاقلىقىدىن ھەم ئەرەب خەلىپىلىكى
ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشقانلىقىدىن بايان قىلىدىغان ماتېرىياللاردا
مۇنداق بىر جۇغراپىيە نام زىكىر قىلىنمايدۇ.»[43] دەرۋەقە، مىلادى
776 — 784-يىللىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا، قارشى دەريا ۋادىسىدا
ئەرەب ئىشغالىيەتچىلىكىگە قارشى مۇقەننا رەھبەرلىكىدە خەلق
ھەرىكىتى بولغانىدى.

مەھمۇت قەشقەرى شۇ زامانلاردا ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ شەھەرلىرىنى بىر-بىرلەپ ئاتاپ ئۆتىدۇ. بولۇپمۇ «خاقانىيە ئۆلكىسى» ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى چوڭ شەھەرلەرنىلا ئەمەس، ھەتتا مۇھىم يېزىلارنى ۋە قاتناش تۈگۈنلىرىنى، تاغ-سۇلارنى تولۇق يازغان. مەھمۇت قەشقەرى ئىسلام ئەللىرىگە دائىر مەلۇماتلارنى (ئەپسانىۋى قىسىملارنى) ئەرەب-ئىسلام ماتېرىياللىرىدىن پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن؛ لېكىن تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان، بولۇپمۇ قاراخانىلار جۇغراپىيىسىگە دائىر بېرىلگەن مەلۇماتنى، شۈبھىسىز، ئۆزى تەكشۈرۈپ توپلىغان. «مەھمۇت قەشقەرىنىڭ جۇغراپىيە ساھەسىدە بەرگەن مەلۇماتى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ، بۇ مەلۇماتنىڭ بىر قىسمى ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشلاردا ئىنىقلانماقتا.⑭

مەھمۇت قەشقەرى تۈركىي خەلقلەرنىڭ توپونومىك ناملىرى ۋە ئېتنولوگىك، ئانتروپونىمىك تۈرق-ھالەتلىرىگە دائىر سۆزلەرنى مۇمكىنقەدەر ئىپادىلەپ بېرىشكە تىرىشقان. تىلنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان توپونومىستىكانى ئالاھىدە دىققەت نەزەرىدە تۇتقىنىغا قاراپ، مەھمۇت قەشقەرىنى تۈركىي توپونومىستىكا تەتقىقاتچىلىقىنىڭ ئاتىسى دېيىشكە مۇناسىپتۇر. بۇ ساھەدە، مەھمۇت قەشقەرى بىرىنچى بولۇپ تۈركىي خەلقلەر ياشىغان رايونلارنىڭ خەرىتىسىنى خاقانىيىنى مەركەز قىلغان ھالدا سىزىپ بەرگەن. بۇ جەھەتتىن تۈركىيە تىلشۇناسلىرىدىن ئەخمەد جەفەر ئوغلىنىڭ مۇنۇ پىكرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدۇ: «XI ئەسىر تۈركىي تىللار فىلولوگى مەھمۇت قەشقەرى سىزغان دۇنيا خەرىتىسىگە ئۆز خاقانى تۇرغان شەھەرنى دۇنيانىڭ ئوقى دەپ قىياس قىلغان ۋە يەر

شارىنى شۇنىڭغا قاراپ تەيىن تاپقۇزغان.»[15] دەرۋەقە، ئاپتور «دائىرە» دەپ ئاتىغان بۇ خەرىتە ئاسىيانىڭ شۇ كەمگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ تولۇق ۋە قەدىمكى خەرىتىسىدۇر. بۇنىڭدا تاغلار، دېڭىز-كۆل ۋە دەريالار ئاددىي ۋە گېئومېترىك شەكىلدە ئىپادىلەنگەن؛ ئوردۇكەنت (كاشغەر) ۋە قۇزئوردا (بالاساغۇن) شەھەرلەرىدىن باشقا مۇھىم شەھەرلەر ھەم قەبىلە-ئۇلۇسلارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى كۆرسىتىلگەن.

3. «دىۋان»دا نۇرغۇنلىغان سۆزلەرنىڭ ئىستېمال مەنىسىنى جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئەدەبىي پارچىلارنى بەرگەن. بۇ پارچىلار بىز ئۈچۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى باي ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ نەمۇنىلىرى سانىلىدۇ. تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئوغۇز ۋە ئەفراسىياپقا ئوخشاش قەھرىمانلار توغرىسىدىكى ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن مەرسىيە ۋە مەدھىيىلەردىن مەھمۇت قەشقەرى بىزگە ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، ئىنتايىن قىممەتلىك پارچىلارنى يەتكۈزۈپ بەردى. «دىۋان»دا بېرىلگەن ھېكمەتلىك سۆزلەر، يەنى ماقال-تەمسىللەر 290 دىن ئاشىدۇ.[46] بۇنداق ھېكمەتلىك سۆزلەر دۇنياغا ۋە مەئىشەتكە قانداق قاراشنى بىلدۈرىدىغان، يىراق ئۆتمۈشتىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق نورمىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان پەلسەپىۋى مەزمۇنلۇق ئىپادىلەردۇر.

«دىۋان»غا تۈرلۈك تېمىدا جەمئىي 242 كۇپلېت ئەدەبىي پارچە كىرگۈزۈلگەن (1 جىلدىدا 117، II جىلدىدا 48، III جىلدىدا 77 كۇپلېت). بۇ ئەدەبىي پارچىلار مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن تۆت چوڭ تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ: بىر بۆلۈكى مەرسىيە، يەنى ئالىپ ئەرتوڭا ۋە باشقا قەھرىمانلار توغرىسىدىكى مەرسىيەلەردىن



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پارچىلار؛ ئىككىنچى بۆلۈكى، داستانلار، يەنى تاڭغۇتلار بىلەن بولغان جەڭ، قەبىلىلەر ئارا توقۇنۇشلار، دىنىي مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن مۇسۇلمان بولغان «تۈركلەر»نىڭ ئۇيغۇر «تات»لارغا قارشى قىلغان يۈرۈشلىرى، تۈركەشلەر ۋە ياباقۇلار بىلەن بولغان ئۇرۇش، جۈملىدىن توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىكى چوڭ قەبىلىلەرنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان جەڭ-جېدەللىرى ھەققىدىكى داستانلاردىن پارچىلار؛ ئۈچىنچى بۆلۈكى، مۇھەببەت ۋە ئەمگەك قوشاقلىرى، تەبىئەت تەسۋىرلىرى، تۇغۇلغان ئەل-يۇرتنىڭ مەنزىرىلىرى؛ تۆتىنچى بۆلۈكى، پەندىنامە، ساقىنامە ۋە ئوۋچىلىق توغرىسىدىكى قوشاقلار (مۇنداق قوشاقلارنىڭ بەزىلىرى ناھايىتى يىراق ئۆتمۈشنى، ھەتتا ئانىلىق جەمئىيەت مەنزىرىسىنى ئەسلىتىدۇ).[47]

XI ئەسىردە ئەرەب تىلىنىڭ بالاغەتى ۋە پارىس تىلىنىڭ نۇكتەپەردازلىقى ئالدىدا، تۈركىي تىلنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قۇدرىتىنى نامايان قىلغان (مۇقەددىمىسىدە ئېيتىلغانىدەك: «بۇغراخان تىلىدا تۈركىي سۆز بىلەن» قەشقەردە يېزىلغان) «قۇتادغۇبىلىك»، شۇنىڭدەك قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەدەبىي يادىكارلىقلار بىلەن بىللە «دىۋان»دىكى ئەدەبىي پارچىلار ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەدەبىي مەھسۇلاتلىرىدىن قالغان مىراستۇر؛ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى شېئىرىيەتنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى مىسلىسىز نەمۇنىلىرىدۇر.

4. يېزا ئىگىلىكىگە دائىر سۆزلەر (زىرائەتلەر، ھەر جايدا ئۆسىدىغان گىياھ-دەرەخلەر)، چارۋا مال ۋە مال دوختۇرلۇققا دائىر سۆزلەر، ھەر خىل ھايۋانات، ئۇچار قاناتلار ۋە ھاشارەتلەردىن كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىنىڭ ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تونۇشتۇرۇلغان.

5. «دىۋان»غا كىرگۈزۈلگەن ھۈنەر ـ سەنئەتكە دائىر سۆزلەردىن 10 ـــ 11 ـ ئەسىرلەردە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ئىنتايىن تەرەققىي ئەتكەنلىكىنى، قول سانائەتتە ئىش تەقسىماتىنىڭ ئىنتايىن ئىنچىكە بولغانلىقىنى، ھۈنەرۋەنلىك سەنئىتىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بۇنداق سۆزلەر ئىچىدە قورال ـ ياراغ، مەدەنچىلىك (كانچىلىق) ئاتالغۇلىرى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر.

ئۇيغۇر ۋە بەزى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ خېلى بۇرۇنلا شەھەر ـ قورغان سېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى توغرىسىدىمۇ بەزى مەلۇماتلارنى بەرگەن.

6. «دىۋان»دا كالېندارچىلىق ۋە ئاسترونومىيىگە دائىر مەلۇ ـ ماتلار بېرىلگەن؛ يىللارنى مۆچەل بىلەن ھېسابلاش ئۇسۇلىنىڭ ناھايىتى قەدىمدە پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتنى بىزگە يېزىپ قالدۇرغان ۋە مۆچەل يىلىنىڭ ئىشلىتىلىش يولىنى كۆرسەت ـ كەن. بۇ چاغقىچە، تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى بەزى ئاپتورلار مۆچەل يىل ھېسابىنى تۈركىي خەلقلەر باشقىلاردىن ئۆگەنگەن، دېگەن بىر تەرەپلىمە پىكىرنى ئالغا سۈرۈپ كېلىشكەندى. بۇ پىكىرلەر «دىۋان» تېخى كىشىلەرگە مەلۇم بولمىغان ۋاقىت ـ تىكى قاراشلارنىڭ ئىپادىسى ئىدى. شۇنىڭدەك، مەھمۇت قەشقەرى كۆچمەنچى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئاي ۋە ھەپتە ـ كۈنلەرگە نام قويۇشنى چەتتىن (سوغدىلاردىن) ئۆگەنگەنلىكىنىمۇ ئەسلىتىپ ئۆتكەن.

11 ـ ئەسىرگىچە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە خېلى مەدەنىيەتلىك

ھېسابلانغان ئۇيغۇرلار ئاسترونومىيە ھەققىدە خېلى تەتقىقات ئېلىپ بارغان؛ پەلەك بۇرجلىرى ۋە سەييارىلەرنى تەتقىق قىلغانلىقى- نىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە ناھايىتى نۇرغۇن يۇلتۇزلارغا ئىسىم قويغانىدى.

ئاللىقاچان ئولتۇراقلىشىپ بولغان شەرقىي ئۇيغۇرلار، شۇنىڭدەك «خاقانىيە» خەلقى، ئورخۇن ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئابىدىلەر ۋە تۈركىي خەلقلەردىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر ئالىم ئەبۇ رەيھان بىرۇنى (مىلادى 972 — 1049 - يىللار)دىن بۇيان مەلۇم بولغان تۈركىي كالېندارنى قوللىنىپ كەلگەنىدى. بولۇپمۇ 12 ھايۋانلىق كالېندار يەنى «مۆچەل يىلى»نى غەربىي تۈركىي قەبىلىلەر توققۇز ئۇيغۇرلار- دىن ئۆگەنگەنلىكىنى مەھمۇت قەشقەرى تۈرك خاقانى ئوۋغا چىقىپ پۈتۈن ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا ھەيدەتكەن، دېگەن مەزمۇندىكى رىۋايەت بىلەن ئىشارەت قىلىپ بەرگەن.

7. ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىي ھاياتىغا، ماددىي تۇرمۇشىغا دائىر خېلى ئەھمىيەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن. مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»دا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ياخشى كۆرىدىغان ئايرىم غىزالارنى ئېتىش يوللىرى، مەي ئېچىتىش ئۇسۇللىرى، مۇزىكا ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ناملىرى، نەققاش- لىق - ئويمىكارلىق ئاتالغۇلىرى، كىيىم - كېچەكلەر، زىننەت بۇيۇملىرى، كىشىلەرنىڭ ئولتۇرۇش - قوپۇشلىرىغا دائىر ئەدەبلەرنى سۆزلەم تەرىقىسىدىلا بېرىپ قالماي، بەلكى چۈشەندۈرۈپ يازغان. ھەتتا مەدەنىي ھاياتنىڭ يۇقىرى سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدى- غان بەزى ئاددىي پاكىتلارنىمۇ بەرگەن. مەسىلەن، ئاياللارنىڭ بېغىرداق تاقايدىغانلىقى، كىيىم - كېچەكلەرگە دەزمال سالىدىغانلىقى-

نىمۇ ئالاھىدە تونۇشتۇرغان.

بۇلاردىن باشقا، تۈركىي قەبىلىلەر ئارىسىدا كەڭ قوللىنىلىدىغان ئەرلەر ئىسىملىرىنىمۇ تونۇشتۇرغان. چۈنكى ئاپتور ياشاۋاتقان مەزگىلدە، ئىسلام دىنى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەرەبچە ئىسىم قويۇش ئادەتكە ئايلىنىۋاتقاندى. شۇڭا مەنىلىك تۈركىي ئىسىملارنىمۇ ئەرەبلەرگە تونۇشتۇرغان.

تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگىچە بولغان دىنىي ئېتىقادلىرىغا دائىر مەلۇماتلارنى بىلدۈرىدىغان سۆز ۋە ئىزاھلار بېرىلگەن.

8. «دىۋان»دا تىبابەتچىلىككە دائىر مەلۇماتلارمۇ بار: ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆسۈملۈك ۋە مىنېرال دورىلىرىنى كەڭ ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇلار كىرگۈزۈلگەن. شۇنىڭدەك ئادەتتىكى ۋە كەڭ تارقىلىدىغان كېسەللەر توغرىسىدىمۇ چۈشەنچىلەر بېرىلگەن، مەسىلەن، «سىغۇن ئوت» (خەنزۇچە رېنشېن، پارسچە سەترەنگ)دىن پايدىلىنىشمۇ خېلى بۇرۇنلا تەتقىق قىلىنغانلىقى مەلۇم.

9. «دىۋان»دا ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىغا دائىر قەدىمكى ۋە ئۆز زامانىسىدىكى ئاتالغۇلار، شۇنىڭدەك ھاكىمىيەت دەرىجىلىرى، ھۆكۈمرانلارنىڭ تەبىقىلىرى ۋە ئۇنۋانلىرى خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. جۈملىدىن ھەربىي تۈزۈم، جەڭ ۋە تاكتىكا توغرىسىدىكى سۆزلەرمۇ بار. ھەربىي قوشۇنغا دائىر («سۈبىستىك» — قوشۇننىڭ ئايلىق دەپتىرى دېگەندەك) ئاتالغۇلار شۇنى بىلدۈرىدۇكى، بۇ زاماندا، قەدىمكى چارۋىچىلىق - كۆچمەنچىلىك دەۋرىدىكىدەك ھەربىي يۈرۈش زۆرۈرىيىتى بىلەن پۈتۈن قەبىلە ئەسكەر بولماستىن، بەلكى مۇنتىزىم قوشۇن بارلىققا كەلگەن؛ ھەربىي تاكتىكىنى تەتقىق

قىلغۇچى ۋە ھەربىي مەشىق ئۆگەتكۈچى مەخسۇس ئەمەلدارلار بولغان.

10. يۇقىرىدىكى ساھەلەرگە ئائىت تىل بايلىقلىرى گەۋدىلىك ۋە نۇقتىلىق كۆرسىتىلگەندىن باشقا، «دىۋان»نىڭ يەنە بىر ئەڭ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئەسىرىدە، (كىتابنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئاخىرىغىچە زۆرۈر بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە) «خاقانىيە تىلى»نىڭ فونېتىكىلىق ـ گراماتىكىلىق قانۇنىيەتلىرى ۋە لېكسىكولوگىيىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر تىللىرىنىڭ فونېتىكا ـ گراماتىكا قائىدىلىرىنى ناھايىتى ئىخچام ـ ئۇقۇشلۇق چۈشەندۈرگەن. ئۇرخۇن ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئابىدىلەر ۋە ئۇيغۇرچە تۇرپان تېكىستلىرى 19 ـ ئەسىر ئاخىرىدىن باشلاپ تېپىلىپ، ياۋروپادا تۈركىي تىللار بويىچە تەتقىقات كەڭ قانات يايغاندىن بۇيان مۇجمەل بولۇپ كەلگەن نۇرغۇن مەسىلىلەر «دىۋان»نىڭ تېپىلىشى بىلەن ئايدىڭلاشتى. شۇ چاغقىچە كۆز قاراشلىرى مۇجمەل بولغان مەشھۇر تۈركولوگلارمۇ چۈشەنچىلىرىنى «دىۋان» بىلەن روشەنلەشتۈرۈۋالدى. مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»دا ئەڭ ئومۇمىي بولغان فونېتىكىلىق، گراماتىكىلىق قائىدىلەرنى بەرگەندىن باشقا يەنە «تۈركىي تىللار نەھۋىسىنىڭ جەۋھەرلىرى» دېگەن مەخسۇس كىتاب يازغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتكەن. ئەپسۇسكى، بۇ كىتاب تېخىچە يورۇققا چىقمىدى.

سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ياۋروپادا 19 ـ ئەسىردە باشلانغان بولسا، شەرقتە خېلى بۇرۇنلا ۋۇجۇتقا كەلگەنىدى. مەملىكىتىمىزدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىلا، ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىسمى خەنزۇچىدىن پەلسەپۋى، دىنىي، سىياسىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش ئېھتىياجى بىلەن، سېلىشتۇرما لۇغەتلەر تۈزۈشكە باشلىغانىدى. يېقىندا، تۇرپاندا تېپىلغان خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت پارچىلىرى (تەخمىنەن 7-ئەسىرگە تەئەللۇق) 8-ئەسىردىكى «كۆل تېكىن»، «تۇن يوقۇق» ئابىدىلىرىنىڭ تۈركچە بىلەن خەنزۇچە ئىككى تىلدا پۈتۈلگەنلىكى شۇنى ئىسپاتلايدۇ. 11-ئەسىردە بولسا ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرى بۇ پەننى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرگەنىدى. چۈنكى مەھمۇت قەشقەرى بۇ ئۆلمەس ئەسىرىدە، تۈركىي تىللار بىلەن ئەرەب تىلىنى سېلىشتۇرغاندىن باشقا تۈركىي تىللارنىمۇ ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان. بۇ ئىلمىي پائالىيەت كېيىنمۇ داۋام قىلدى. 15-ئەسىردە مىڭ خاندانلىقى زامانىدا ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر تىللىرى بىلەن خەنزۇ تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ قىسقىچە سېلىشتۇرما لۇغىتى ئىشلەندى. 18-ئەسىردە، چىن سۇلالىسىدىن چيەنلۇڭ خانىنىڭ تەھرىرلىكىدە «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» تۈزۈلدى.

ھالبۇكى، غەربتە بولسا (پەقەت ئەرەبلەرنىڭ گىراماتىكا مەسىلىلىرى ۋە يۇنانلارنىڭ ستىلىستىكا-لوگىكا جەھەتتىكى ئىلمىي پائالىيەتلىرىنى مۇستەسنا قىلغاندا)، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ تارىخىغا ئائىتچە ئۇزۇن بولمىدى. تۈركولوگىيە ساھەسىدىكى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق بولسا تېخىمۇ يېقىنقى زاماندا باشلانغان خىزمەتتۇر.

قىسقىسى، مەھمۇت قەشقەرى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر، بولۇپمۇ قاراخانىلار جەمئىيىتىنىڭ رېئال تارىخىي قىياپىتىنى لۇغەتشۇناسلىق بىلەن تەسۋىرلەپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، «دىۋان»نى

ئېنسىكلوپېدىيە دېسىمۇ مۇبالىغە بولمايدۇ.

دۇنيادىكى ماددىلار تۈرلۈك-تۈمەن ۋە ماددىي بايلىقمۇ ناھايىتى نۇرغۇن بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ۋە خىلمۇخىل بولغىنى — روھىي بايلىقتۇر. «دىۋان» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» ئەنە شۇنداق مەڭگۈ دات باسمايدىغان، بارغانچە قىممىتى ئاشىدىغان ئېسىل گۆھەردۇر. بۇ ئىككى نادىر ئەسەر يالغۇز قاراخانىلار خەلقىدىن بىزگە قالغان مەدەنىي مىراس بولۇپ قالماستىن، بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ يىراق ئۆتمۈشىنى تىل ماتېرىياللىرى بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن مەنىۋى بايلىقتۇر. بىزگە مەلۇم، ئىشلەپچىقىرىش كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، كىشىلەرنىڭ تۇرغان شارائىتى تەرىپىدىن، ئىلگىرى ھاسىل قىلغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرىپىدىن، ئۇلار ئۆزلىرى ئىجاد قىلماي بەلكى ئىلگىرىكى ئەجدادلىرى ئىجاد قىلىپ ئۆزلىرىگىچە يېتىپ كەلگەن تۇرمۇش شەكلى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. دېمەك، بۇ ھال، ماددىي ئىشلەپچىقىرىشقا قارىغاندا، مەدەنىيەت-سەنئەت جەھەتتە تېخىمۇ ئوچۇق گەۋدىلىنىدۇ. 11-ئەسىرگىچە بولغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى، روھىي قىياپىتىنى، دۇنياغا قاراشلىرىنى، ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى «قۇتادغۇبىلىك» تىلىنىڭ ئەدەبىيات ۋاستىسى بىلەن بىزگە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بولسا، «دىۋان» جانلىق تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. «دىۋان» ۋە «قۇتادغۇبىلىك»نى تەتقىق قىلغۇچى بەزى ئالىملار بۇ ئىككى ئەسەرنى تىل جەھەتتە بىر-بىرىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە بولغان ئىككى خىل ئەسەر، دەپ قاراپ كەلدى. بارتولد (Barthold) نىڭ دېيىشىچە: «ھارتمان (M·Hartman) بالاساغۇنلۇق يۈسۈپنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ئەسىرى بولغان «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «دىۋان» ئارىسىدا ئاساسىي بىر پەرق بار، دەپ قارايدۇ، بىرىنچىسىنى سارايى ئەدەبىياتى دائىرىسىگە، ئىككىنچىسىنى خەلق ئەدەبىياتى ئۆرنەكلىرىگە نىسبەت قىلىدۇ، هارتمان بۇ قارىشىدا ئانچە هەقلىق بولمىسا كېرەك».

«قۇتادغۇبىلىك» ـــ 11 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى؛ «دىۋان» بولسا ئەدەبىي ۋە جانلىق تىلنىڭ مۇجەسسەمى. ئۇلۇغ شائىر يۈسۈپمۇ ئۆزىنىڭ ئەسىردە خەلق تىلىدىكى هېكمەتلىك سۆزلەردىن، جانلىق ئىپادە ۋاستىلىرىدىن، خەلقنىڭ مۇبالىغە ۋە ئوخشىتىشلىرىدىن ناهايىتى كەڭ پايدىلانغان. شۇڭا، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ تىلىمۇ خۇددى «دىۋان»دا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تىلنىڭ ئۆزىدۇر، شۇ زاماندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ سىياسىي هاياتىنى بەدىئىي ۋاستە بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن داهىيانە ئەسەردۇر.

تۈركىيىلىك ئا. جەفەر ئوغلى شۇنداق دەيدۇ: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ پۈتكەن ۋاقتى «قۇتادغۇبىلىك»تىن تەخمىنەن سەككىز يىل كېيىندۇر. هالبۇكى، مەھمۇتنىڭ تۈرك تىلىغا ئائىت مۇنداق چوڭ ئەسەر («قۇتادغۇبىلىك»)دىن خەۋەر تاپماسلىقى كىشىنى هەيران قالدۇرىدۇ. مەھمۇت ئۆز ئەسىرىدە، بۇ تىل يادىكارلىقى توغرىسىدا هېچنەرسە دېمەيدۇ. ئەگەر ئۇنى ئوقۇغان بولسا، چوقۇم بۇ ئەسەردىنمۇ مىساللار ئالغان بولاتتى.»

هالبۇكى، مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىگە مەلۇم بولغان (ئۆزى تونۇغان ـ بىلگەن) تۈرك يۇرتلىرىدىن چىققان ئالىملارنى «دىۋان» دا ئەسلەپ ئۆتكەن. مەسىلەن، «تېركن (Tərkən) ـــ «شاش»نىڭ ئىسمى دەپ كېلىپ، «ئەبۇ بەكرى قەففال ـــ شاشى مۇشۇ شەھەردە

تۇغۇلۇپ ئۆسكەن» دەيدۇ؛ شۇنىڭدەك «دىۋان»دا، «چوچۇ» دېگەن بىر شائىرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، «بىر تۈرك شائىرىنىڭ ئىسمىدۇر» دەيدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە ھېچنەرسە دېمەيدۇ.

## 6. خاقانىيە تىلى

مەھمۇت قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى تۈزۈشتە: پۈتۈن تۈركىي تىللارغا ئورتاق بولغان بىر ئەدەبىي تىل نورمىسى ئاساس قىلىنىشى شەرت ئىكەنلىكىنى ۋە ئەرەبلەرگە تۈركىي تىلنى تونۇش-تۇرۇشتا، ئەلبەتتە ئەنە شۇنداق ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى تىلنى تونۇتۇش شەرت ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشەنگەن! شۇڭا، ئۇلۇغ تىلشۇناس لۇغەت ئۈچۈن تىل ماتېرىياللىرى توپلاشقا كىرىشكەندىن تارتىپ، تاكى ئۇنى رەتلەپ، كىتاب شەكلىگە كەلتۈرگىچە، ھەر بىر سۆز ۋە ھەربىر تاۋۇش مەسىلىسىدە ئەدەبىي تىل نورمىسىغا قاتتىق رىئايە قىلغان.

11 ـ ئەسىردە، بارلىق تۈركىي تىللارغا ئورتاق بولغان نورمال تىل يەنى يېزىق ئەدەبىي تىلى بار ئىدى. بۇ ئەدەبىي تىل «خاقا-نىيە تىلى» دەپ ئاتالغان ۋە 10 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئەنئەنىسىنى ساقلىغان ھالدا، يېڭى ئىجتىمائىي شارا-ئىتتا شەكىللەنگەن ئەدەبىي تىل ئىدى.

تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر زېمىن جەھەتتىن بىر-قەدەر تۇراقلاشقان دەۋردىن يەنى 5 ـ ئەسىردىن تارتىپ، ئۇلار-نىڭ تىللىرى شەرقىي تۈركچە ۋە غەربىي تۈركچە دەپ ئىككى چوڭ قاناتقا بۆلۈنگەنىدى. ئىسسىق كۆلنى مەركەز قىلغان «تېلېلەر»نىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلۇغ قانىتى غەربىي تۈركچىدە، سول قانىتى شەرقىي تۈركچىدە سۆزلەشكۈچى قەبىلىلەر توپلىرى ئىدى. غەربىي قاناتتىكى قەبىلىلەر-نىڭ ئاساسىنى ئوغۇز تۈركمەنلىرى، قىپچاقلار تەشكىل قىلاتتى؛ شەرقىي قاناتتىكى قەبىلىلەر توپىنىڭ ئاساسىنى «توققۇز ئوغۇزلار» يەنى «توققۇز ئۇيغۇرلار» تەشكىل قىلاتتى، بۇلارنىڭ تىلى «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى» ئىدى.

10 - ئەسىردىن كېيىن مەھمۇت قەشقەرى دەۋرىدە، بۇ ئىككى گۇرۇپپا تىلدىن غەربىي تۈركچە «ئوغۇز تىلى» دەپ، شەرقىي تۈركچە «تۈرك تىلى» دەپ ئاتالدى. بۇ «تۈرك تىلى» قەدىمكى تۈرك (كۆك تۈرك) تىلى ۋە «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى» نىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولۇپ، قاراخانىلارنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدىكى چوڭ شېۋىنى ئاساس قىلغان ئورتاق ئەدەبىي تىل ئىدى. شۇڭا، مەھمۇت قەشقەرى قاراخانىلارنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدە ياشىغۇچى خەلقلەر-نىڭ تىلىنى ئومۇمىي ئەدەبىي تىلنىڭ ئاساسى سۈپىتىدە، ئۇنىڭغا «خاقانىيە تىلى» دەپ نام بەرگەن.

مەھمۇت قەشقەرى 9 — 10 - ئەسىرلەردىكى ئەرەب سەيياھلىرى «توققۇز ئوغۇز» تىلى دەپ ئاتىغان تىلنى يەنى يېقىنقى زامان تۈركولوگلىرى «ئۇيغۇر-قارلۇق تىلى گۇرۇپپىسى» دەپ ئاتىغان تىلنى پەقەت ئۆزىنىڭ ئانا تىلى شۇ «تىل گۇرۇپپىسى»غا مەنسۇپ بولغىنى ئۈچۈنلا «خاقانىيە» تىلى دېگەن نام بىلەن يېزىق ئەدەبىي تىلى دەپ كۆرسەتكىنى يوق، بەلكى ھەقىقىي تىل پاكىتلىرى بويىچە ئىلمىي تەتقىق قىلىپ، ناھايىتى پرىنسىپال سۈرەتتە توغرا خۇلاسە چىقارغان. مەھمۇت قەشقەرى دەيدۇ:

1. «ئەڭ ئوچۇق ۋە توغرا تىل پەقەت شۇ بىرلا تىلنى بىلىپ،

پارسلار بىلەن ئارىلاشمايدىغان ۋە چەت ئەللەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ تىلىدۇر. ئىككى تىل بىلىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن ئارىلىشىپ قالغان كىشىلەرنىڭ تىلى بۇزۇق بولىدۇ. سوغداق، كەنچەك، ئارغۇ قەبىلىلىرى ئەنە شۇنداق ئىككى تىل بىلىدىغانلارغا كىرىدۇ». «ئىسپىجاب شەھىرىدىن تاكى بالاساغۇنغىچە بولغان پۈتۈن ئارغۇ شەھەرلىرى خەلقلىرىنىڭ تىللىرىدا نۇقسان بار»؛ «بالاساغۇنلۇقلار سۇغدچە ۋە تۈركچە سۆزلىشىدۇ. تىراز، بەيزا شەھەرلىرىنىڭ خەلقلىرىمۇ شۇنداق».

2. «تىللارنىڭ يېنىكى ئوغۇز تىلى، توغرىسى توخسى ۋە ياغما تىللىرى، شۇنىڭدەك ئىلى، ئېرتىش، يامار، ئەتىل ۋادىلىرىدىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تىللىرىدۇر». «بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ پاساھەتلىك تىل خاقانىيەنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدىكى خەلقنىڭ تىلى ھېسابلىنىدۇ»، قەشقەر «... شەھەر ئىچى خەلقى خاقانىيە تۈركچىسى بىلەن سۆزلىشىدۇ».[48]

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بۇ ھۆكمى بويىچە، شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن: «دىۋان»دا باشقا تۈركىي قەبىلىلەرگە نىسبەتەن ئېيتىلغان «تۈرك» — «خاقانىيە تۈركلىرى» (ئەرەبلەرنىڭ «ھەقىقىي تۈرك» دېگەنلىرى «خاقانىيە تۈركلىرى» دۇر — ئىدرىسى) [49] يەنى «توققۇز ئۇيغۇرلار»دۇر؛ باشقا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىللىرىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان «تۈركىي تىل» — ئومۇمىي نورمال ئەدەبىي تىل بولغان «خاقانىيە تىلى»نىڭ قىسقارتىلغان ئاتالغۇسىدۇر. بۇ تىل كېيىن «چاغاتاي تىلى» ۋە كېيىنچە «كاشغەر تۈركچىسى» دەپ ئاتالغان تىلدۇر.

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆزبېك ئەدىبلىرىدىن 20-ئەسىرنىڭ 20-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى

يىللىرىدا «دىۋان» توغرۇلۇق ئەڭ بۇرۇن پىكىر يۈرگۈزگەن پروفېسسور فىترەتمۇ شۇنداق دەيدۇ: «مەھمۇت قەشقەرىغە بىنائەن، ھىجرى بەشىنچى ئەسىردە تۈرك تىلى ئانچە ـ مۇنچە قەبىلىۋى ئايرىملارغا قارىماي، ئاساسەن ئىككى مۇھىم قولغا ئايرىلغان: بىرىنچىسى ئوغۇز تۈركچىسى، ئىككىنچىسى يالغۇز تۈركچە ياكى خاقانىيە تۈركچىسىمۇ دېيىلىدۇ. مەھمۇت قەشقەرى دىۋاندا مانا شۇ خاقانىيە تۈركچىسىنى ئاساس قىلىپ ئالغان ـ دە، جايى كەلگەنچ، ئوغۇزچە سۆزلەرنى كۆرسىتىپ، ئىزاھ قىلىپ بارغان. ئۇنىڭ بۇ تەسنىپى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئاساس قىلىپ ئېلىنىشى زۆرۈر».

«خاقانىيە تىلى» ھەققەتەن قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ئاساسىي ئەدەبىي تىلى ئىدى. بۇنداق بولۇشىغا بىرقانچە ئاساسلار بار ئىدى: بىرىنچىدىن، قاراخانىلارنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسى پۈتكۈل شەرق ۋە غەرب ئىقتىسادىي ئالاقىلىرىنىڭ ئالمىشىش نۇقتىسى بولغىنىدەك، پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭمۇ قوشۇلۇش تۈگۈنى ئىدى.

ئىككىنچىدىن، «خاقانىيە تىلى»دا، ناھايىتى باي ئەدەبىي مىراسلىق كلاسسىك ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېتەكچى رولى بولغاندىن باشقا، غەربىي تۈركىي تىلىنىڭ ئوبدان ئامىللىرىمۇ بار ئىدى. شۇڭا، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ئالاقە قورالىلىق رولىنى ئوينىغان.

تۈركىي تىللارغا ئومۇمىي بولغان فونېتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك ۋە لېكسىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر يېتەكچى شېۋىدە مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن. بۇ خۇسۇسىيەتلەر ئارقىلىق ئەدەبىي تىلنىڭ سۆزلىرى بىلەن شېۋىلەردىكى سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇز ۋە مەنە جەھەتتىكى

پەرقلەرنى ھەم گراماتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشتىكى ئايرىملىرىنى ئېنىق ئاجرىتىۋالغىلى بولاتتى؛ تارىخىي تەرەققىيات نەتىجىسىدە، تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىللىرىدىكى سۆزلەردە، بارا-بارا ئۆزىگە خاس فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەر ۋە سېمانتىكىلىق پەرقلەر كېلىپ چىققان؛ بۇ نۇقتىلارنى پەقەت «خاقانىيە تىلى»دىكى سۆزلەرگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئېنىقلاش مۇمكىن.

ئۈچىنچىدىن، ئومۇمىي تۈركىي خەلقلەر ئۈچۈن ئورتاق يېزىق بار ئىدى؛ بۇ يېزىق تۈركولوگىيە ساھەسىدە «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتىلىدۇ. مەھمۇت قەشقەرىمۇ بۇنى كىتابىنىڭ بېشىدىلا ئېنىق كۆرسەتكەن: «قەدىمدىن بېرى، قەشقەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان ھەممە تۈرك يۇرتلىرىدا، بارچە خاقانلار ۋە سۇلتانلارنىڭ يارلىقلىرى ھەم خەت-ئالاقىلىرى ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىلىپ كەلگەن.»[50] ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۈزۈپ چىقىلغان ۋە ئۇزاق يىللار داۋامىدا ئىشلىتىلىپ، قېلىپلاشقان بۇ يېزىق ئومۇمىي تۈركىي تىللار ئۈچۈن خېلى مۇكەممەل يېزىق ئىدى. بۇ يېزىقتا ناھايىتى نۇرغۇن دىنىي ۋە دۇنياۋى ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ۋۇجۇتقا كەلگەن. قارا-خانىلار دەۋرىدىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى دۆلەت يېزىقى ئىدى.

دېمەك، «قاراخانىلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى... ئۇيغۇر، تۈركەش، ياغما، قارلۇق قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن»[51] ئەدەبىي تىل. مەھمۇت قەشقەرى «خاقانىيە تۈركچىسى» دەپ ئاتىغان ئەدەبىي تىل بىلەن «ساپ تۈركچە» بولغان ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. مەھمۇت قەشقەرى زامانىسىدا شەرقىي ئۇيغۇرلار تېخى ئىسلام

دىنىغا كىرمىگەنىدى. «تات» سۆزىنى ئىزاھلىغاندا، «پۈتۈن تۈرك-لەرنىڭ نەزەرىدە، پارسچە سۆزلىشىدىغان كىشى... تات ـ توخسى. ياغمىلارنىڭ نەزەرىدە مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار. مەن بۇنى ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدا ئاڭلىدىم، تات تافغاچ دەيدىكەن، بۇ ئۇيغۇر ۋە چىنلىق دېگەن بولىدۇ» دەپ، بىر قىسىم تۈركىي قەبىلىلەر مۇسۇلمان بولمىغان شەرقىي ئۇيغۇرلارنى «تات» دەيدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك شېۋىسىگە ئائىت سۆزلەرگە خۇددى «چىگىلچە»، «ئوغۇزچە» دېگەندەك، «ئۇيغۇرچە» دېگەن ئىزاھاتنى بەرگەن. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنى-يىتى ۋە تىلى ھەققىدە سۆزلىگەندە، ئۇلارنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن مەدھىيىلىگەن. بۇنى «ئۇيغۇر» ۋە «ئۆگە» سۆزلىرىگە بەرگەن ئىزاھلىرىدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

شۇنىڭدەك، «جمق qomuk» سۆزىگە ئىزاھ بېرىپ: «ئۇيغۇرلار ۋە مۇسۇلمان بولمىغان ھەممە خەلق مۇسۇلمانلارنى جمق ارى (Qomukəri) دەيدۇ» دەپ يازغان.

11 ـ ئەسىردىكى يېڭى تارىخىي شارائىتتا «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ فونېتىكا، گراممatika ۋە لېكسىكا جەھەتلەردىكى ئۆزگىچىلىكلىرىنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىش مۇمكىن.

فونېتىكىلىق ئۆزگىچىلىكلىرى:

سوزۇق تاۋۇشلار سىستېمىسىدا، بۇ ئەدەبىي تىلنىڭ ئالاھىدە ئۆزگىچىلىكلىرىدىن بىرى بىر قىسىم تۈركىي تىللاردىكى "ئې — e" تاۋۇشىنىڭ ئورنىغا "ئە — ə" تاۋۇشىنىڭ قوللىنىلىشىدۇر. «خاقا-نىيە تىلى» بىلەن باشقا تۈركىي تىل شېۋىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئالاھىدىلىكنى مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»دا تەلتۆكۈس ئەكس

ئەتتۇرۇپ، ھەر بىر باب ۋە بۆلۈملەرنىڭ مۇۋاپىق جايلىرىدا بۇ تاۋۇشنىڭ توغرا تەلەپپۇز قىلىنىشىنى ئۆگىتىپ ماڭغان.[52] تۈركولوگلار كلاسسىك ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق تۈزۈلۈشىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە، خاراكتېرلىك بەلگىلەردىن بىرى دەپ "ə" تاۋۇشىنى ئالاھىدە كۆرسەتكەن. بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن شېۋىلەر ياكى قەبىلىلەر تىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بىلىشنىڭ مۇھىم تىمسالىدۇر. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا قېلىن "a" تاۋۇشىنىڭ پاتاللىشىش ھادىسىلىرى (كۆپ ھاللاردا) سۆز ئۇرغۇلىرى، سوزۇق تاۋۇشلار سىنگارمونىزمىسى ۋە شۇنىڭدەك فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى "e" تاۋۇشى يېقىنقى زامانلىلا "a" ياكى "ə" تاۋۇشىنىڭ پاتاللىشىشىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ھازىر "e"لاشتۇرۇپ ئېيتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسىدىن كۆرۈش مۇمكىن. ھەتتا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر ۋە خوتەن دىئالېكتلىرىنىڭ بىرقانچە رايونلىرىدىكى ئاھالە "ə" تاۋۇشىنى پاتاللاشتۇرماي، خۇددى «دىۋان»دا ترانسكرىپسىيىلەنگەن تەلەپپۇز بىلەن ئېيتىدۇ. مەسىلەن:

| «دىۋان»دا | | ئىلچى ياكى يېڭىساردا: |
|---|---|---|
| كلن | Kəlin | كەلىن |
| كرك | Kərək | كەرەك |
| ترك | tərək | تەرەك |
| كبز | Kəpəz | كەپەز |
| كرلكان | Kərilgən | كەرىلگەن — |
| | | كەرىلدى |

www.uyghurkitap.com

كبلى Kəpəli — كەپىلە

سىشوك Səxük — شەشۈك ـ يەشۈك

10 ـــ 11 ـ ئەسىرلەردە بولسا، تۈركىي تىلىنىڭ غەربىي چوڭ دىئالېكتى (ئوغۇز ـ قىپچاق، سوۋار شېۋىلىرى)دە، ئومۇمەن ئەدەبىي تىلدا "ə" بىلەن ئېيتىلىدىغان سۆزلەر "e" بىلەن تەلەپپۇز قىلىناتتى. دەرۋەقە، مەھمۇت قەشقەرى دەۋرىدە، ئەدەبىي تىلدا سۆزنىڭ يېپىق بوغۇمىدا كەلگەن "ə" تاۋۇشىنىڭ "ẹ" ۋارىيانتىمۇ بولغان. سۆزنىڭ بىرىنچى ئوچۇق بوغۇمىدىكى "a" ياكى "ə" تاۋۇشلىرى ئۇرغۇنىڭ ئاياقتىكى بوغۇملارغا يۆتكەلگەنلىكىدىن ئاجىزلىشىپ، "e" ياكى "i"غا ئالمىشىش ھادىسىلىرى 11 ـ ئەسىردىمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىغان. مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»دا ئايرىم سۆزلەردىكى "a" ياكى "ə" تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىش ئەھۋالىنىمۇ كۆرسەتكەن. مەسىلەن: اقدى ـ əvdi (ئالدىرىدى)، ايقك ـ əvək (ئالدىراڭغۇ)[53]؛ "سوۋ كمينى اكردى ـ suv kəmini əgirdi (سۇ كېمىنى چۆگۈلەتتى)؛ كما ـ نى ـ كمينى kəmə-ni-kəmini،[54] برون قندى ـــ burunkanadi (بۇرۇن قانىدى) دېگەن جۈملىدىكى «قندى»نى «قانادى» شەكلىدىمۇ يازغان.[55] بۇنداق ئوچۇق بوغۇمدا "a" "ə" نىڭ ئاجىزلىشىشى ئۇيغۇر تىلىغا خاس ھادىسە بولۇپ، بۇ ھادىسە كېيىنكى چاغلاردا كۈچىيىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئالاھىدە بىر قانۇنىيەت بولۇپ شەكىللەندى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى، يەنى ئېگىز سوزۇقتىن تەركىب تاپقان سۆزگە ئېگىز سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمىچە قوشۇلغاندا، تۈپ سۆزنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ

چۇشۇپ قىلىش ھادىسىسى «خاقانىيە تىلى»دىمۇ بار. مەسە-
لەن، يغىر ( yuoqur ) — يغىرم (yuoqrum) — بىر يغىرم اون
(bir yuoqrum un)؛ يكىر (yügür) — يكىرم (yügrüm) ياكى
يكرك (yügrük)[56].

مەھمۇت قەشقەرى ئۆزۆك تاۋۇشلار سىستېمىسى بويىچە ئەدەبىي
تىل بىلەن شېۋىلەرنى پەرق ئېتىشتە، تۆپ سۆزلەرنى ئاساس قىلىپ،
سۆزلەردىكى تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىپ كېلىش ھادىسىلىرىنى نەزەردە
تۇتقان. ئەدەبىي تىلدا، سۆزنىڭ بېشىدا كەلگەن ”y“ تاۋۇشىنى
ئوغۇز، قىپچاق شېۋىلىرىدە ئېگىز سوزۇق ”i“نىڭ ئالدىدا كەلگەندە
ئومۇمەن چۈشۈرۈپ قوياتتى ياكى ”j-ج“غا ئالماشتۇراتتى.
«خاقانىيە تىلى»دا، ئېگىز سوزۇقلار ئالدىدا كېلىدىغان ”y“
تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇتلەق كۆپ شېۋىلىرىدە
ئەينەن ساقلانغان. پەقەت قەشقەر شۋىسىدە ”y“غا يېقىن تاۋۇش
”z-ژ“ بىلەن ئالماشقان. ئەدەبىي تىلدا سۆزنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن
”y“نى بولسا، ئارغۇلار ”n“غا ئالماشتۇرۇپ سۆزلەيدۇ. ئەدەبىي
تىلدا سۆزنىڭ بېشىدا كەلگەن ”m“نى ئوغۇز، قىپچاق ۋە سۇۋارلار
”b“غا ئالماشتۇرىدۇ. ئەدەبىي تىلدا بەزى سۆزلەرنىڭ بېشىدا
كەلگەن ”t“نى ئوغۇز ۋە ئۇلارغا قوشنا قەبىلىلەر ”d“غا ئالماش-
تۇرۇپ سۆزلەيدۇ. ئەدەبىي تىلدا بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدا كەل-
گەن ”oq“ تاۋۇشى شىمالىي ۋە غەربىي شېۋىلەردە ”w“ بىلەن
ئالمىشىدۇ. ئەدەبىي تىلدا سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە كەلگەن ”ẑ-ذ“
تاۋۇشى توغرىسىدا مەھمۇت قەشقەرى خۇلاسىلاپ شۇنداق دەيدۇ:
ẑ-ذ تاۋۇشى ياغما، توخسى، ئوغۇز ۋە بەزى ئارغۇ تىللىرىدا
شۇنىڭدەك چىنغىچە سوزۇلغان يەرلەردە ياشىغۇچى ھەممە قەبىلىلەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرىسى

نىڭ تىللىرىدا ”y“ قىلىپ سۆزلىنىدۇ؛ رۇمغىچە بولغان قىپچاق ۋە ئۇلارغا يېقىن جايلاشقان قەبىلىلەردە بۇ تاۋۇش ”z“غا ئالمىشىدۇ. ھالبۇكى، شەرق ئۇيغۇرلىرى بولسا، خۇددى «خاقانىيە تىلى» دىكىگە ئوخشاش ”z“ ھالىتىدە سۆزلەيتتى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، بۇ تاۋۇش تۈرلۈك فونېتىكىلىق سەۋەبلەردىن، كۆپىنچە ”y“ ۋە بەزىدە ”z“، q (j) ”g، d (t)“ ھەم ”n“لار بىلەن ئالمىشىپ كەتكەن. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| اذق | ażaķ | y ي-(ayaķ) ئاياق |
| اذنادى | ażnadi | y ي-(aynidi) ئايىندى |
| اذكو | əżgǖ | z ز-(əzgü) ئەزگۈ |
| تذغون | tażoɋun | z ز-(tazoɋun) تازغۇن |
| اذت | ażut | q چ-(-oq) ئوچ |
| (اذتلاماق | ażutlamaķ | (oqumlimaķ ئوچۇملىماق |
| اذرق | ażriķ | j ج-(ejriķ) ئېجرىق |
| اذز | əżiz | g گ-(egiz) ئېگىز |
| اذى | iżi | g گ-(ige) ئىگە |
| قذوغ | ķużuoɋ | d د-(ķuduoɋ) قۇدۇغ |
| بذج | bəżiq | d د-(bedix) بېدىش |
| كذكل | kǖzgil | t ت-(kütkil) كۈتكىل |

بۇ ئۇزاق زامانلىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئايرىم سۆزلىرىدە يۈز بەرگەن فونېتىكىلىق ھادىسە ئۇيغۇر تىلىدا شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىي تىللارنىڭ مۇنداق ئالمىشىش خۇسۇسىيىتى تولۇق ئىپادىلەنگەن.

«خاقانىيە تىلى»نىڭ يېتەكچى شېۋىسىدە كىچىك تىل جاراڭلىق

ئۆزۈك تاۋۇشى "غ" ياكى "گ"لار سۆزنىڭ بېشىدا كەلمەي، كۆپىنچە كېيىنكى بوغۇم بېشىدا ۋە سۆز ئاخىرىدا سوزۇق تاۋۇش ئالدىدا ئىشلىتىلەتتى. بۇ پۈتۈن ئۇيغۇر - قارلۇق گۇرۇپپىسى (جۈملىدىن شەرقىي ئۇيغۇرلار) شېۋىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرىدىغان ئېنىق بەلگىلەردىن بىرى.

«خاقانىيە تىلى»دا "p" "t" "k" "ḳ" تاۋۇشلىرى سوزۇق تاۋۇشلار ئارىلىقىدا كەلگەندە جاراڭلىقلاشماي ئۆز ھالىتىدە ساقلىناتتى. ھازىرقى زامان تۈركىي تىللارنىڭ ئىچىدە پەقەت ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر، خوتەن شېۋىلىرىدىلا بۇ خۇسۇسىيەت ساقلىنىپ كەلمەكتە. سۆز ياكى بوغۇم ئاخىرىدىكى "ɣ" "g" تاۋۇشلىرىنىڭ قوللىنىلىشىدا «دىۋان»دىكى تىل پاكىتلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ زاماندىمۇ ھازىرقىدەك ئارىلاش ئەھۋال بارلىقى مەلۇم. بۇ ھالەت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر - خوتەن شېۋىلىرىدە (بولۇپمۇ خوتەن شېۋىسىدە) ساقلانغان.

گراماتىكىلىق ئۆزگىچىلىكلىرى:

10 — 11 - ئەسىرلەردىكى «خاقانىيە تىلى»نىڭ مەھمۇت قەشقەرى يىغىنچاقلاپ بەرگەن مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى مۇنداق دەپ چۈشىنىش مۇمكىن.

ئەدەبىي تىلدا ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى lar/lər، ئوغۇز - قىپچاق تىللىرىدا dar/tar ياكى nar، كېلىش قوشۇمچىلىرىدىن چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى ئەدەبىي تىلدا din/tin، ئوغۇز - قىپچاق تىللىرىدا dan/tan ياكى nan؛ چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى iɣ/ig ۋە uɣ بىلەن ni ئەدەبىي تىلدا بۇرۇن ئارىلاش قوللىنىلىپ، بارا - بارا ni گە ئىخچاملاشقان، لېكىن ئوغۇز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېتى

قىپچاق تىللىرىدا ئارىلاش قوللىنىلاتتى؛ يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى gə/kə،ɑa/ka ۋە ئىككىنچى شەخس ئىگىلىك قوشۇمچىسىدىن كېيىن a (nga) ياكى ə (ngə).

ئىسىملار ۋە ھەرىكەتناملارنىڭ كونكرېت ۋە ئابستراكت بېقىندىلىق (ئىگىلىك) كاتېگورىيىسىدە، ئەدەبىي تىلدىكى ئورتاق قوشۇمچە liɑ/lig بولسا، غەربىي ۋە شىمالىي تۈركىي تىللاردا lï ياكى tï كېلەتتى.

بۇلاردىن باشقا، ۋاستە قوشۇمچىسى birlə دىن بەزى چاغلاردا "r" چۈشۈپ قېلىپ، bilə ھالىتىگە كەلگەن؛ بۇ ئەدەبىي تىلدىكى ئورتاق قوشۇمچە بولۇپ، شىمالىي ۋە غەربىي تۈركىي تىللاردا birgə ياكى minən شەكلىدە قوللىنىلاتتى.

ئىككىلىنىش ۋە گۇماننى بىلدۈرىدىغان اركى (ərki) ياردەمچى سۆزى ئەدەبىي تىلدا سوئال مەزمۇنىنى بىلدۈرىدۇ، لېكىن بۇ يېنەكچى شېۋىگە خاس بولۇپ، باشقا شېۋىلەردە كەم ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، "ال كىلرمو اركى (ol kəlirmu ərki) — "ئۇ كېلەرمىكىن".

مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»دا ئومۇمىي شېۋىلەرگە ئورتاق بولغان تۈپ سۆزلەرنى، ياسالما سۆزلەرنى ئۆز تەرتىپى بويىچە ئىزاھلاپ بەرگەن ۋە ياسالما سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈش قائىدىلىرىنى كېيىن كەلگەندە چۈشەندۈرۈپ ماڭغان. بولۇپمۇ پېئىللارنىڭ دەرىجىلىرىنى ۋە رايلىرىنى ئەدەبىي تىلنىڭ نورمىسى بويىچە ئىنتايىن تەپسىلىي كۆرسەتكەن. تۈركىي تىللاردا، بولۇپمۇ «خاقانىيە تىلى»دا، پېئىل ئەڭ مۇرەككەپ سۆز تۈركۈمىدۇر.

مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»دا، خۇسۇسەن II جىلدىدا كۆرسى-

ئىشچە، ئەدەبىي تىلدا پېئىلنىڭ دەرىجىلىرى تۆت تۈرلۈك بولۇپ، جۈملىلەردە مەنىلەرنى ئىنچىكىلەپ پەرقلەندۈرۈشتە ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. «دىۋان»دا بېرىلگەن پېئىل دەرىجىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۈملىلەردە قانداق مەنىلەرنى ئاڭلىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىن قارىغاندا، سۆزلۈككە شۇنداق باي بولغان ۋە بىر سۆزنىڭ ئاللىقانچە تۈسلىرى بولغان ئەرەب تىلىمۇ «تۈركىي» تىلدىكى يەنى «خاقانىيە تىلى»دىكى پېئىل دەرىجىلىرىنى ئىپادىلاشقا يېتىشمەي قالغان. ھەتتا مەھمۇت قەشقەرى بۇ ئالاھىدىلىكنى ئەرەب تىلىنىڭ گراماتىك ئاتالغۇلىرى بىلەن چۈشەندۈرۈشتە، ئەرەب تىلى گراماتىكىسىدا بولمىغان قائىدە ۋە ناملارنى ياساشقا مەجبۇر بولغان.

گراماتىكىلىق ھادىسىلەردىن يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى ئىشلەش ئىشلىگۈچىنىڭ ھەققىي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان كەلگۈسى زامان سۈپەتداش قوشۇمچىسى "غۇلۇق/گۈلۈك" «خاقانىيە تىلى»دا داۋاملىق ۋە كەڭ قوللىنىلغان. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋان»دىكى تەبىرى بويىچە، «خاقانىيە تىلى»دا بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇنداش ئىشلىگۈچىنىڭ بۇرچى ئىكەنلىكىنى ۋە ئىشلىگۈچىنىڭمۇ شۇ ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇنداشقا قارار قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتداش پېئىلنىڭ بۇيرۇق شەكلى ئاخىرىغا "غىلىق (غۇلۇق)" (قاتتىق ئېيتىلىدىغان سۆزلەرگە)، "كىلىك-گۈلۈك" (يۇمشاق ئېيتىلىدىغان سۆزلەرگە) قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن، «ال بىر غلىق اردى — ئول بارغۇلۇق ئەردى» دېگەن جۈملە «ئۇ بېرىشى كېرەك ئىدى ياكى ئۇ بارماقچى بولدى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.[57] مۇنداق پېئىلنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

بۇيرۇق رايىغا "غۇلۇق / گۇلۇك" ياكى "قۇلۇق / كۇلۇك" قوشۇم-چىلىرى ئۇلىنىش بىلەن ياسىلىپ، مەھمۇت قەشقەرى چۈشەندۈرگەن-دەك مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتداشلار ئىزچىل تۈردە ھازىرغىچە ئۇيغۇر تىلىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ خوتەن شېۋىسىدە ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدۇ.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ دەلىللەر بويىچە خۇلاسىلىغان قانۇنىيىتىگە ئاساسلانغاندا، 10 — 11 ـ ئەسىرلەردىكى «تۈركىي» ئەدەبىي تىلدا، پېئىلنىڭ زامان كاتېگورىيىسى ئىككى زامان يەنى ئۆتكەن زامان ۋە كېلەر زامان بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئۆتكەن زامانىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە "دى ـ di"، كېلەر زامانىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە "دۇ ـ du"؛ «خاقانىيە تىلى»نىڭ داۋامى بولغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن شېۋىسىدىمۇ پېئىلنىڭ زامانى ئىككى، يەنى ئۆتكەن زامان بىلەن كېلەر زاماندىن ئىبارەت.

مەھمۇت قەشقەرى ئەدەبىي تىلنىڭ سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچى-لىرىنى چۈشەندۈرگەندىن باشقا، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرىنىمۇ ئىخچام قىلىپ كۆرسەتكەن، شۇڭلاشقىدەك بۇ مەسىلىدە ئەدەبىي تىل بىلەن شېۋىلەر ياكى بولمىسا، «خاقانىيە تىلى» بىلەن ئوغۇز-قىپچاق تىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى ئېنىقلاپ كۆرسەتكەن. مىسال تەرىقىسىدە ئىككى خىل ئەھۋالنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

ئىسىمدىن ياسالغان پېئىلدىن قايتا يېڭى ئىسىم ياسايدىغان قوشۇمچىنىڭ ئەدەبىي تىلدىكى شەكلى "k/k" بولسا، ئوغۇز-قىپچاق تىللىرىدا "ۋ ـ w"؛ جۈملىدىن ئەدەبىي تىلدىكى ig/ik قوشۇمچىسى-نىڭ ئوغۇز-قىپچاق تىللىرىدىكى شەكلى uw/üw.

سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن ئەدەبىي تىلدا liq/lig ياكى

بولۇپ كېلىدىغان قوشۇمچىلار ئوغۇز ـ قىپچاق تىللىرىدا luq/lüg
ياكى (w) ü بولۇپ كېلىدۇ. مەھمۇت قەشقەرى مۇنداق dïq/dig
پەرقلەردە «خاقانىيە تىلى»نى نورمال تىل قىلىپ كۆرسەتكەن.
ئاشۇرما سۈپەتلەرنىڭ ياسىلىشى توغرىسىدا مەھمۇت قەشقەرى شۇنداق
دەيدۇ: «نەرسىلەرنىڭ رەڭگىنى كۆپتۈرۈپ سۆزلىمەكچى بولغاندا،
سۆزنىڭ باش ھەرپىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا "پ" ھەرپىنى قوشۇش
پۈتۈن تۈركىي تىللاردا ئورتاق قائىدە. ئوغۇزلار "پ" ئورنىغا
"م" ھەرپىنى قوشىدۇ. قېنىق كۆك رەڭلىك نەرسىنى تۈركلەر
"كب كۆك ـــ كۆپكۆك" دېسە، ئوغۇزلار "كم كۆك ـــ كۆمكۆك"[58]
دەيدۇ.

سۈپەتداش قوشۇمچىسى ئەدەبىي تىلدا qusi/güsi بولسا،
ئوغۇز ـ قىپچاق تىللىرىدا asi/isi، ئەدەبىي تىلدا qan، ئوغۇز ـ
قىپچاق تىللىرىدا an ئىدى.

لېكسىكىلىق ئۆزگىچىلىكلىرى:

مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىل» ۋە ئۇنىڭ «شېۋىلىرى»دىكى لېكسىكا بايلىقىنى توپلاش ئۈچۈن، تۇرمۇشنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە چۆكۈپ ئىنچىكىلەپ تەكشۈرگەن. خەلقنىڭ ماددىي ھاياتى ۋە مەنىۋى بايلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ئىلمىي تەتقىق قىلغان. نەتىجىدە مەھمۇت قەشقەرى ئەدەبىي تىلنىڭ ئورتاق سۆزلىرىنى ئۆلچەم قىلغان ھالدا، ئاپتورنىڭ ئۆز سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «ھەر بىر قەبىلىنىڭ تىلىدىن سۆز ياساشقا بولىدىغان تۈپ سۆزلەرنى ئالغان» ۋە سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، «تۈركىي تىللارغا كېيىن كىرگەن سۆزلەرنى يازمىغان». «دىۋان»غا كىرگۈزۈلگەن سۆز بايلىقلىرى جەھەتتە «خاقانىيە تىلى»نىڭ لېكسى-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ھەممە تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىللىرى ئۈچۈن ئورتاق بولۇشىنى نەزەردە تۇتقان. نورمال ئەدەبىي تىلدىن ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان ئوغۇز-قىپچاق ياكى ئارغۇ «شېۋىلىرى»گە خاس سۆزلەرنى ئۆز جايىدا ئىزاھلىغان. ھەتتا ئايرىم مەھەللىۋى سۆزلەرنىمۇ (شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىدىكى رولىنى نەزەردە تۇتۇپ) كىرگۈزۈپ ئەسكەرتىش بەرگەن.

مەسىلەن: «كند (kənd) — ئوغۇزلار ۋە ئۇلارغا يېقىن يەردىكى خەلقلەر تىلىدا يېزا-كەنت دېگەن بولىدۇ. زور كۆپچىلىك تۈركىي خەلقلەر تىلىدا شەھەر دېگەن بولىدۇ.»[59] «اترن — (otran) — ئىش-تان، بۇنى ياغما قەبىلىسىدىن ئاڭلىدىم.»[60] «انكك (iŋək) — ئىنەك، ئوغۇزلار تاشپاقىنىڭ چىشىسىنى ئىنەك دەيدۇ.»[61] «قرت kurt-قۇرت، تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۆپچىلىكى شۇنداق دەيدۇ. ئوغۇزلارلا بۆرىنى قرت دەيدۇ.»[62] «دىۋان»غا كىرگۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا (بولۇپمۇ ئۇنىڭ قەشقەر، خوتەن، قۇمۇل ۋە لوپنۇر شېۋىلىرىدە) تەلەپپۇزىمۇ كۆپ ئۆزگەر-مىگەن ھالدا قوللىنىلماقتا. مەسىلەن:

| «خاقانىيە تىلى»دا: | | ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا: |
|---|---|---|
| ادش | adax | ئاداش |
| ارقار | arkar | ئارقار |
| ارقاغ | arkaɣ | ئارقاغ — ئارقاق |
| ايبنك | aypaŋ | ئايپاڭ |
| اركز | ərgüz | ئەگۈز |
| اول | ul | ئۇل |
| الاغ | ulaɣ | ئۇلاغ — ئۇلاق |

| | | |
|---|---|---|
| انک | əŋ | ئۆڭ |
| بشکال | pəxkəl | پۆشكەل ـ پوشكال |
| بقلان | paķlan | پاقلان ـ پاخلان |
| بقاق | boķaķ | پوقاق |
| بغش | baƣïx | بېغىش |
| تغای | taƣay | تاغا |
| تغاقلىق | tuƣaķliķ | تۇۋاقلىق |
| ترا | tura | تۇرا |
| تنکرا | toŋra | توڭرا |
| تفلغو | tawïlķu | تېۋىلغا |
| جغمر | qaƣmur | چامغۇر |
| جش | qəx | چەش |
| جنك | qünük | چۈلۈك |
| جىنك | qiŋ | چىڭ (لىق) |
| دنكال | daŋgal | داڭگال |
| دوا | dawa | داۋا (يۇلغۇن چېچىكى) |
| سغو | soķu | سوقا |
| سكسك | səksək | سۆكسۆك |
| قرى | kəri | قەرى (ئۆلچەم بىرلىكى) |
| قشغاج | ķuxoƣaq | قۇشقاچ |
| قنكراق | kïŋraķ | قىڭراق |
| كركى | kərki | كەكە |
| كلى | küli | گۈلى (گۈلە) |
| مغوي | miŋoƣuy | مۇلغۇي ـ مۇڭغۇي |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| مما | mama | موما (خامان ئوتتۇرىسىدىكى خادا) |
| يداغ | yadaq | ياياغ |
| يتن | yatan | ياتاڭ (پاختا ئاتقۇچىنىڭ ياتىقى) |

بۇنداق سۆزلەردىن بىرمۇنچىسى (مەسىلەن، ئارقار، ئاداش، ئۇل، تاغاي، سۆكسۆك ۋە باشقىلار) ھەتتا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى (مەڭگۇ تاش تىلى)دىمۇ ئۇچرايدۇ. لېكىن جەھەتىدىن قارىغاندىمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ «خاقانىيە تىلى» ئارقىلىق «ئورخۇن تىلى»غا باغلىنىدىغانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم.

لېكىن شۇنى ئالاھىدە ئەسلىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، قاراخانىلار تەۋەسىدە، بولۇپمۇ «خاقانىيە» ئۆلكىسىدە ئىسلام دىنى دۆلەت دىنىغا ئايلىنىپ يۈز يىلدىن كېيىن يېزىلغان «دىۋان»غا ئەرەبچە-پارسچە سۆزلەر ئاساسەن كىرگۈزۈلمىگەن (ئوغۇزلار تىلىدىكى ئايرىم سۆزلەرنىڭ ياكى «خاقانىيە تىلى»دىكى ئايرىم كىشى ناملىرىنىڭ ئەرەبچە ياكى پارسچىگە ئوخشايدىغانلىقى ھەققىدە ئىزاھ بەرگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا)، لېكىن، ئۇزاق زامانلىق سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقىلار نەتىجىسىدە ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلىشىپ كەتكەن خەنزۇچە سۆزلەر بولسا، «خاقانىيە تىلى»نىڭ سۆزلۈك تەركىبىدىكى ئۆز سۆزلىرىدىن قىلىپ كىرگۈزۈلگەن. مەسىلەن، «قونچۇي» (konquy) — «خاتۇندىن بىر دەرىجە تۆۋەن خانىم» يەنى «خان قىزى»، «ئايال خانزادە». ئەسلى خەنزۇچە «gongzhu» سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. مەدەنىيەت بۇيۇملىرىدىن «سىيا» مەنىسىدە ئىشلىتىلىدىغان «مۆككە» (məkkə) سۆزىمۇ خەنزۇچىدىكى (mo-mok) سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر. ئاندىن، «دىۋان»دا خەنزۇچىدىن كىرگەن ئىقتىسادىي ئاتالغۇلارمۇ

ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «كز» (kəz)، «ئاي»، «شالاشۇ»، «زۇكۇم» دېگەندەك خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان يېپەك توقۇلمىلارنىڭ نام-لىرى بار. بۇلاردىن «كەز»نى ئالساق، خەنزۇچە «kesi»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، بۇنىڭغا مەھمۇت قەشقەرى «چىندە ئىشلەنگەن بىر خىل يىپەك رەخت» دەپ ئىزاھ بەرگەن. «كېسى» — جۇڭگونىڭ ئالاھىدە ھۈنەر تەلەپ قىلىدىغان يىپەك ماللىرىدىن بىرخىلى.

دېمەك، يۇقىرىدىكى پاكىتلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، مەھمۇت قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى 11 ـ ئەسىردە «خاقانىيە تىلى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئاساس قىلغان ھالدا تۈزگەن.

## 7. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تەتقىقاتى

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ دۇنياغا كەڭ تارقىلىشى ۋە دۇن-يادا «دىۋانشۇناسلار»نىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى تېخى يېقىنقى چاغ-لاردىكى ئىش.

«دىۋان» بىر مەزگىل باغداتتىكى ئەرەب خەلىپىسىگە خاس ئوردا كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغاندىن كېيىن، قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ، كۆچۈ-رۈپ تارقىتىلغان. ھازىر تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنى-ۋاتقان بىردىنبىر نۇسخا بولسا، ئەسلى ئىراننىڭ «ساۋە» دېگەن جايىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە كېيىن دەمەشقتە ياشىغان مۇھەممەد ئىبنى ئەبى بەكرى ئىبنى ئەبۇلفەتھى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى-دۇر. بۇ كاتىپنىڭ كىتاب ئاخىرىدا قەيت قىلىشىچە، بۇ قولىيازمىنى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان ئەسلى نۇسخىسىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆچۈرگەنىكەن. كۆچۈرگۈچى: «...بۇ كىتابنى ئەسلى نۇسخىدىن يۆتكىگەن كۈن 664-يىلى شەۋۋالنىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى يەكشەنبە ئىدى» دەپ ئەسكەرتكەن. دېمەك بۇ نۇسخا «دىۋان» يېزىلىپ پۈتۈپ 190 يىلدىن كېيىن، يەنى مىلادى 1266-يىلى 1-ئاۋغۇستتا (بىروككېلماننىڭ ھېسابىچە 2-ئاۋغۇستتا) كۆچۈرۈلگەن.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆپ نۇسخا كۆچۈرۈلگەنلىكى مەلۇم. تۈركىيىلىك م. ئۆلكۈتاشىر «بۈيۈك تۈرك تىلچىسى قەشقەرلىق مەھمۇت» دېگەن كىتابىدا، «دىۋان»نىڭ بىرقانچە خىل نۇسخىلىرى بولغانلىقىدىن مەلۇمات بېرىدۇ.

مىسىر قازىسى، مەشھۇر تارىخشۇناس بەدرىددىن مەھمۇد ئىبنى ئەھمەت ئىبنى مۇسا ئەينى — ئەنتەبى (ھىجرى 762-يىلى يەنى مىلادى 1360-يىلى ۋاپات قىلغان) «ئىكدۇلجۇمان فى تارىخى ئەھلىززەمان» («زامان ئەھلىنىڭ تارىخىدىن ھەقىقىي ئۈنچىلەر») دېگەن كىتابىدا تۈركىي خەلق توغرىسىدا بايان قىلىپ، ئوغۇزلارنىڭ ۋە ئۇيغۇر يېزىقى، ھەتتا تۈركمەن سۆزىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىخچام مەلۇمات بەرگەن ۋە بۇنى «مەھمۇت قەشقەرىنىڭ دىۋانىدا كۆردۇم» دېگەن. ئەينىنىڭ قېرىندىشى شاھابىددىن ئەھمەتمۇ «دىۋان»دىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ «تارىخىل بەدرىفى ئەۋساف ئەھلىل ئەسىر» («زامانداشلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن ھېسسىي تارىخ») دېگەن كىتابىدا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىسىگە ئائىت تولۇق مەلۇمات بەرگەن. يەنە مىسىردا، «باي بارسىيە» خانىقاسىنىڭ شەيخلىرىدىن ئالىم ئىبنى مۇھەممەت قەشقەرى ھىجرى 764- (مىلادى 1363-) يىلى تۈزگەن «تاجۇس سەئادەت ۋە ئىنۋانىس سىيادەت» («سائادەت تاجلىرى ۋە ھاكىمىيەت ئىنۋانلىرى»)

دېگەن ئەسەرىدە «دىۋان»دىن بەزى ئۈزۈندىلەرنى نەقىل كەل-
تۈرگەن. ئەندەلىسلىك ئەبۇ ھەييان ئۆزىنىڭ «كىتابۇل ئەدراك لى
لىسانول ئەتىراك» («تۈركلەرنىڭ تىللىرىنى چۈشەندۈرىدىغان
كىتاب») دېگەن كىتابىدىمۇ يۇقىرىدا ئىسمى زىكرى قىلىنغان ئاپتور-
لارنىڭ «دىۋان»نى كۆرگەنلىكىنى ئەسلەتكەن. بۇلاردىن باشقا
تۈركىيىلىك ئالىملاردىن مۇستەفا ئىبنى ئابدۇللا «كاتىپ چەلەبى»
(ھىجرى 1000—1067 - يەنى مىلادى 1591—1656 - يىللار) ئۆزىنىڭ
مەشھۇر ئەسىرى «كەشفىز زۇنۇن» («گۇمانلارنى ئېچىش»)دا،
«دىۋان»دىن پايدىلىنىپ مۇنداق يازغان: «مۇھەممەد ئوغلى
ھۈسەيىن پەرزەندى مەھمۇتنىڭ دىۋانۇ لۇغاتىت تۈركى بىر جىلد-
دۇر. بېشى ”ئەلھەمدۇلىللاھزۇل - فەزلىل جەزىل“ دۇر. مۇئەل-
لىپ (مەھمۇت قەشقەرى) ئۆز ئەسىرىنى ئەرەبچە ئىزاھلىغان ۋە
تۈرك تىلى 18 ھەرپ بىلەن يېزىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن...ئەسە-
رىنى مۇقتەدى بىئەمرۇللا ئوغلى خەلىپە ئوبۇلقاسىم ئابدۇللاغا
ئارمىغان قىلغان».

دېمەك، «دىۋان» خەلىپە ئوردىسىدا قېپقالماي، كېيىنكى ئەرەب
ۋە تۈرك ئالىملىرىغا مەلۇم بولغان. مەھمۇت قەشقەرى باشلاپ
بەرگەن بۇ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق خىزمىتى ئۈزۈلۈپ قالمىغان.
مەھمۇت قەشقەرىدىن 200 يىل كېيىن ياشىغان ئەرەب
تىلشۇناسلىرىدىن جەمالىددىن ئىبنى مۇھەننا ئۆزىنى مەھمۇت
قەشقەرىنىڭ شاگىرتى ھېسابلاپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن توپلىغان
تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا، تۈركولوگىيىگە دائىر «ھىلىيەتۇل
ئىنسان ۋە ھەلبەتۇل لىسان» («چىرايلىق ئىنسانلار ۋە گۈزەل
تىللار») دېگەن كىتابىنى يازغان. يەنە ئىبنى مۇھەننا ئۆز

www.uyghurkitap.com

ئەسىرىدە مۇھەممەد ئىبنى قەيس دېگەن يەنە بىر تىلشۇناسنىڭ «شەرەفنامە» (ياكى «تىبيانۇ لۇغاتىت تۈركىي ئەلالىسان ئەل ـ قائىلى») ناملىق ئەسىرى بارلىقىنى ۋە ئۆزى بۇ ئەسەردىنمۇ پايدىلانغانلىقىنى ئەسلەتكەن.

ھازىر ئىستانبۇل كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ بىردىنبىر نۇسخىسىنى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن نازىپ بېينىڭ تۇل قالغان خوتۇنى ساقلىغان ۋە ئۇ تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن كىتابپۇرۇش ئارقىلىق ھىجرى 1333 ـ يىلى (مىلادى 1914 ـ يىلى) دىياربەكىرلىك ئەلى ئەمىرگە ساتقان؛ ئاخىر مەتبۇئاتچىلاردىن كىلىسلىك رىفئەت ھىجرى 1333 ـــ 1335 ـ يىللىرى مىخ مەتبەئەدە تىزدۇرۇپ باستۇرغان. شۇنىڭ بىلەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ مەتبەئە نۇسخىسى دۇنياغا تارقالغان.[63]

«دىۋان» تۈركىيىدە بېسىلىپ تارقىتىلغانغا قەدەر، شەرقتە يېقىندىلا مەلۇم بولغىنىدەك، ياۋروپا ئىلىم ساھەسىگىمۇ يېقىنراقتا مەلۇم بولغان. بۇ ھەقتە پروفېسسور فۇئات كۆپرۈلۈ «دىۋان» ھەققىدە يازغان ماقالىسىدە شۇنداق دەيدۇ: "1904 ـ يىلىدا ۋېنگرىيە ئاكادېمىيىسى تىل بىلىمى شۆبىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان تىل بىلىمى مەجمۇئەسىدە، مىلادى 11 ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە يېزىلغان تۈركىي تىلدىكى كىتابلار توغرىسىدا ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىدە، ئەڭ كونا ئەرەبچە ـ تۈركچە تۈزۈلگەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نامىدىكى بىر ئەسەر كۆرسىتىلىدۇ. لېكىن ئەسەرنىڭ بار ـ يوقلۇقى ھەققىدە ئېنىق بايان قىلىنمايدۇ...مېنىڭ بىلىشىمچە، ياۋروپا ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئەڭ بالدۇر يېزىلغان ماقالە شۇ. بۇ

ماقالىنى يازغان ئاپتور بۇنداق ئەسەرنىڭ بارلىقىنى كاتىپ چەلەبىدىنىڭ «كەشفىز زۇنۇن» ئەسىرىدىن بىلگەن بولسا كېرەك.“⑥④

ئەسلى «دىۋان» نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن، ياۋروپا ئىلىم-پەن ئالىمىدە، بولۇپمۇ تۈركولوگىيە ساھەسىدە چوڭ بىر ۋەقە بولدى. ئۇنى تەتقىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش ۋە تەرجىمە قىلىش ئىشى باشلىنىپ كەتتى. ياۋروپادا، بولۇپمۇ گېرمانىيىدە تىلشۇناس ۋە تۈركولوگ ئالىملار «دىۋان»نى تەتقىق قىلىشنى قولغا ئالدى. جۈملىدىن «دىۋان» توغرىسىدا نېمىسچە، ۋېنگىرچە، رۇسچە، فرانسۇزچە ۋە ئېنگلىزچە كىتاب ۋە ماقالىلەر يېزىلدى. شەرقشۇناس مارتىن هارتمان (Martin Hartman) «’دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك‘كە دائىر بىرقانچە مۇلاھىزە» دېگەن ماۋزۇدا ماقالە يېزىپ، «دىۋان»نىڭ I جىلدىنى تونۇشتۇردى. گېرمانىيىدە «دىۋان» بىلەن ئەڭ كۆپ شۇغۇللانغان ئالىم — سام تىللىرى مۇتەخەسسىسى كارل بروككېلمان بولدى. ئۇ 1919-يىلدىن باشلاپ، نۇرغۇن ئىلمىي ماقالە يازدى؛ بولۇپمۇ 1928-يىلى ئۇنىڭ «دىۋان»نى نېمىسچە ئېلىپبە تەرتىپى بىلەن ئىشلەپ چىققان ئىندېكسى ئەھمىيەتلىك بولدى. بروككېلمان بۇ كىتابىدا «دىۋان»دىكى سۆز-ئىبارىلەرنى توغرا ئوقۇشقا تىرىشقان ۋە بەزى ئىزاھلارنى بەرگەن. لېكىن بېسىم ئاتالاي ۋە م. شاكىر ئۈلكۈتاشىرلارنىڭ ئېيتىشىچە، بەزى سۆزلەرنى بروككېلمان خاتا چۈشىنىپ قالغان. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ مەشھۇر تۈركولوگ ياۋروپا ئىلىم ساھەسىگە مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرىنى ناھايىتى ئوبدان تونۇشتۇرغان.

تۈركىيىدە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى ئەڭ ئاۋۋال كىلىسلىك رىفئەت بىلگە، ئاندىن تەۋپىق بى، خوجا ئاتىپلارمۇ تۈركىيە تۈرك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىسىگە تەرجىمە قىلىنغان. بۇ تەرجىمىلەر نەشىر قىلىنمىغان. ئاخىرىدا، بېسىم ئاتالاي ناھايىتى كۆپ ئىزلىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئاساسىدا تۈركىيە تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن ۋە 1939-يىلدىن 1941-يىلغىچە ئۈچ جىلد ھەم بىر ئىندېكسىنى نەشىر قىلدۇرغاندىن باشقا، «دىۋان» قولىيازمىسىنىڭ فاكسىمىلىنى (فوتو-باسما نۇسخىسىنى)مۇ نەشىر قىلدۇرغان. بېسىم ئاتالاي بۇ ئەسەرنى تۈركچىسىگە توغرا ۋە مۇۋاپىق تەرجىمە قىلىشقا ئىجتىھات قىلىش بىلەن بىللە قولىيازمىدىكى بەزى ئېنىقسىزلىقلارنى مۇمكىنقەدەر ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھاشىيىدە تېگىشلىك ئىزاھلارنى بەرگەن. بېسىم ئاتالاي تەرجىمىسى ھەقىقەتەن ئىلمىي تەرجىمىدۇر. جۈملىدىن ئۇ ئىشلەپ چىققان ئىندېكىستە، بىروككېلماننىڭ ئىندېكسىدە كەتكەن خاتالار تۈزىتىلگەن؛ شۇنىڭدەك «دىۋان»دا ئۇچرايدىغان ئەھمىيەتلىك شەخس ۋە يەر نامىلىرىنى ئېلىپبە تەرتىپى بىلەن قوشۇمچە قىلىپ قويغان ھەمدە 1-2-3-جىلد تەرجىمىلىرىدە تۈركىيە تۈركچىسىدە كەتكەن خاتالار ئىندېكىستە تۈزىتىلگەن. بۇ ھەقتە بىروككېلمان ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك تەرجىمىسى» دېگەن ماقالىسىدە، بېسىم ئاتالاينىڭ بۇ تۈزىتىشلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنى مۇۋاپىق تاپقانلىقىنى بىلدۈرگەن؛ شۇنىڭدەك ئۇمۇ «دىۋان»نىڭ مەلۇم بولغان تەرجىمە نۇسخىلىرى ئىچىدە بەزى پەرقلەر بارلىقىنى، بېسىم ئاتالاي تەرجىمىسىنىڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ئەسلەتكەن.

كونا، يېڭى تۈركىي تىللار ۋە ئەرەب تىلى بويىچە يۇقىرى بىلىم ئىگىسى بولغان مۆھتەرەم ئالىم بېسىم ئاتالاينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى مۇمكىنقەدەر يۇقىرى ئىلمىي سەۋىيىدە تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ھالال ئەمگىكىنى ۋە ئۇتۇقلىرىنى تولۇق

مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، «دىۋان»نىڭ تۈركىيە تۈركچىسى تەرجىمىسىدە ساقلانغان بەزى نۇقسانلار ۋە خاھىشلارنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، «خاقانىيە تىلى»نىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىچىلىكلىرىدىن بىرى "ə" تاۋۇشى ئىدى. لېكىن بېسىم ئاتالاي ئەپەندى «دىۋان»دا "ə" بىلەن يېزىلغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ھازىرقى تۈركىيە تۈركلىرىنىڭ جانلىق تىلىغا بويسۇندۇرۇپ "e" لاشتۇرۇۋەتكەن. شۇنىڭدەك ئۆزگە تونۇش بولمىغان بەزى فونېتىكى-لىق ھادىسىلەرنى ئىپادىلەشتە ئىزچىللىقنى ساقلىيالمىغان ۋە بىر-قىسىم سۆزلەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسىدە خاتالارغا يول قويغان. دەر-ۋەقە، بۇ نۇقسانلار بېسىم ئاتالاي تەرجىمىسىنىڭ ئومۇمىي ئىلمىي قىممىتىنى ھېچقاچان تۆۋەنلىتەلمەيدۇ.

تاشكەنتتە، 1960-يىلدىن ئېتىبارەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ سالىھ مۇتەللىپوۋ تەرىپىدىن ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى نەشر قىلىنىشقا باشلىدى، بۇ تەرجىمان ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلىشتا «دىۋان»نىڭ ھىجرى 1333 — 1335-يىللىرى ئىستانبۇلدا بېسىلغان باسما نۇسخىسىنى ئاساس قىلغان ۋە بېسىم ئاتالاينىڭ تۈركچە تەرجىمە نۇسخىسىدىن تولۇق پايدىلانغان. ئۆزبېك تىلىدىكى بۇ تەرجىمە نۇسخىنىڭ I جىلد بېشىغا س. مۇتەللىپوۋ «XI ئەسىرنىڭ بۈيۈك فىلولوگلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ناياپ ئەسەرلىرى» دېگەن ماۋزۇدا ئۇزۇن ماقالە، II جىلد بېشىغا «سۆز بېشى ئورنىدا» دەپ كىرىش سۆز بەرگەندىن باشقا، ئاخىرلىرىغا يەر، قەبىلە، شەخس ناملىرى ھەققىدە بىر مۇنچە ئىزاھلارنى بەرگەن. س. مۇتەللىپوۋ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «...بىراق بۇ قىممەت-لىك يادىكارلىقنىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەن يېگانە قولىيازما نۇسخىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىستانبۇلدا ساقلىنىپ، بىز ئۇنىڭدىن پايدىلىنالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن،
شۇ باسما نۇسخىغا ئاساسلىنىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئەسەرنىڭ باسما
نۇسخىسىدا كۆپ خاتالارغا يول قويۇلغان...بىز ئۆز ئىشىمىزدا بۇ
نۇقسانىدىن مەلۇم دەرىجىدە قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئىستانبۇلدا قوليازما
ئاساسىدا قىلىنغان تەرجىمە تېكىستىگە سىستېماتىك رەۋىشتە سېلىش-
تۇرۇپ ماڭدۇق»⑮. ھەقىقەتەن، س. مۇتەللىپوۋ ئۆز تەرجىمىسىدە
ناھايىتى كۈچ چىقارغان ۋە ھەربىر جايىغا دېگۈدەك نۇرغۇن ئىزاھ-
لارنى قىستۇرغان. «...سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى ۋە ئىملاسى نائېنىق»
بولغانلىقىدىن، «بىردىنبىر ئاسان ۋە توغرا يول شۇ خىل سۆزلەر-
نىڭ تەلەپپۇزىنى دىئالېكتلار ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتلاردىكى مىسال-
لارنى بېرىپ ئىزاھلاشتۇر»⑯ دەپ ھېسابلىغان. جۈملىدىن،
س. مۇتەللىپوۋ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزبېك ۋە ئۇنىڭ ئە-
سىرىنى پەقەت ئۆزبېك تىلىنىڭ نەمۇنىسى دەپ «ئىسپاتلاش»قا، ئۆز
ماقالىسىدە ۋە تەرجىمىسىگە بەرگەن ئىزاھلىرىدا نۇرغۇن ئەقلىي كۈچ
سەرپ قىلغان. شۇنىڭدەك، س. مۇتەللىپوۋ ئۆز ماقالىسىدە،
«دىۋان»نى بىرەر تىلغا نىسبەتەن بېرىش ئۈچۈن، ئۇنى مورفولو-
گىك، دىئالوگتولوگىك، لېكسىك، گراممatik تەرەپتىن قىياسىي
تەكشۈرۈپ، پۇختا خۇلاسىلەر چىقىرىش كېرەك⑰ دەيدۇ. لېكىن
ئەنە شۇ جەھەتلەردىن «قىياسىي» ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي تەك-
شۈرۈپ، «دىۋان»نى ئۇيغۇرچە دەپ ھۆكۈم چىقارغان بىرووكېل-
مانىنى ئەيىبلىگەن. ھەتتا «دىۋان»دا قەشقەرىدىكى «قىزىل» دەر-
ياسىنى تەرىپلەپ قوشاق كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن مەھمۇت قەشقەرى-
نىمۇ خاتا قىلغان دەپ، ھاشىيىدە ئىزاھ بەرگەن.⑱ لېكىن
س.مۇتەللىپوۋ «قەدىمكى تۈركىي ئىبارە»نى ياخشى چۈشەنمىگەنلىكى،

بەزى سۆزلەرنىڭ ئىزاھىنىمۇ ياخشى پەرق ئېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بىرمۇنچە جايلاردا خاتالىققا يول قويغان.

شۇنداقتىمۇ بىز قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا تەرجىمە قىلىشتا، ئالدى بىلەن، بېسىم ئاتالاينىڭ تۈركچە تەرجىمىسىنى ۋە ئاندىن سالىھ مۇتەللىپوۋنىڭ ئۆزبېكچە تەرجىمىسىنى بىزدىن بۇ ساھەدە بىر قەدەم ئىلگىرى ماڭغان پېشقەدەملەرنىڭ ئەمگەكلىرى دەپ قاراپ، ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىمىزدا ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پايدىلاندۇق. شۇڭا ئۇلاردىن مىننەتدارمىز. لېكىن شۇنى ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتىمىزكى، «دىۋان»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىنى ئىشلەشتە، ئەسلى قولىيازمىنىڭ فاكسىمىلىنى ئاساس قىلدۇق. شۇنىڭدەك «دىۋان»غا كىرگۈزۈلگەن نۇرغۇن سۆز-ئىبارىلەر ئاساسەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا (ئايرىملىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ چوك شېۋىلىرىدە) ساقلانغانلىقى ۋە ئۆز پېتىچە قوللىنىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بىزگە كۆپ ئوڭۇشلۇق تۇغدۇرۇپ بەردى. شۇڭا كلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن پاكىتلارنى ئىزدەپ ئولتۇرمىدۇق ۋە ئارتۇقچە ئىزاھ بەرمىدۇق.

11-ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىنسانلار مەدەنىيىتىگە قوشقان قىممەتلىك تۆھپىسى — «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» بىزنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىمىزدىن بىرىدۇر، بۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش بىزنىڭ مۇناسىپ بۇرچىمىزدۇر. لېكىن ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇتنى قەشقەرلىك ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ يېگانە ئەسىرىنى ئۇلۇغ جوڭخۇا مىللىتىنىڭ نادىر مەدەنىي مىراسى دېيىش بىلەن بىللە يەنە شۇنى تەكىتلەيمىزكى، مەھمۇت قەشقەرى «خاقانىيە تىلى» دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئاساس قىلغان ھالدا، پۈتكۈل تۈركىي قەبىلىلەر تىللىرىدىن ماتېرىيال ئېلىپ تۈزۈپ چىققان ۋە كىتابىغا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دەپ نام بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن «دىۋان»نى تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان ھەممە خەلقلەر ئۈچۈن ئورتاق بايلىق، دەپ قارايمىز.

1955 ـ يىلى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىشى قولغا ئېلىنغان ۋە قەشقەردە ئاكا ـ ئۇكا مۇھەممەت پەيزى بىلەن ئەخمەت زىيائىي تەرىپىدىن بىرىنچى تەرجىمە (ئەرەبچىدىن بىۋاستە تەرجىمە) ئورىگىنالى قولدىن چىققاـ نىدى. لېكىن بۇ تەرجىمە نۇسخىسىنى قايتا تەھرىرلەپ، نەشر قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدۇق. چۈنكى بۇنىڭغا خاتا لۇشيەن كاشىلا قىلدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدا بىرىنچى تەرجىمىنىڭ ئورىگىنالى نابۇت بولدى. ئەمدى مانا 25 يىل ئۆتۈپ، جۇڭگو زېمىنىدا باھار قايتا كەلگەندىن كېيىنلا بۇ ئىشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. چەكلەنگەن كىتابلار يورۇقلۇققا چىقىشقا باشلىدى. مەملىكىتىمىزنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسى ۋە سەۋىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ۋە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش دۆلىتىمىز ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى مۇھىم نۇقتىلىق ئىلمىي تەتقىقات پىلانىغا كىرگۈـ زۈلدى. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئىلمىي كۈچلەر جەلپ قىلىندى. ناھايىتى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىنى نەشرگە تەييارلىدۇق.

بىزنىڭ «دىۋان» توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرىمىز ۋە چۈشەنـ

چەلىرىمىز يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت.

نەشىرگە تەييارلىغۇچىلار نامىدىن: ئىمىن تۇرسۇن

1980 ـ يىلى ئىيۇلىدا يېزىلدى،

1988 ـ يىل ئۆكتەبىردە تولۇقلاندى.

ئىزاھلار:

① «جۇڭگو تارىخى ئاتلىسى» 6 ـ دەپتەر، جۇڭخۇا خەرىتەشۇناسلىق جەمئىيىتى نەشرى، 1974 ـ يىلى، بېيجىڭ.

② قاراڭ I: م. قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (I ۋە III جىلدلار) تە، «خاقانىيە» چېگرىسىغا دائىر مۇنداق مەلۇماتلار بار:

«ئۇسمى تارىم ـــ ئىسلام ئېلىدىن(خاقانىيەدىن ـــ ئى.ت) ئۇيغۇر ئېلىگە ئېقىپ بارىدىغان چوڭ دەريا. ئۇ دەريا شۇ يەردە قۇمغا سىڭىپ كېتىدۇ.»

«تارىم ـــ ئۇيغۇر چېگرىسىدىكى كۇچا دېگەن يەرنىڭ يېنىدىكى بىر جاي. بۇ يەر ئۇسمى تارىممۇ دېيىلىدۇ.»

«كۆسەن ـــ كۇچا دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرنىڭ يەنە بىر نامى. بۇ شەھەر ئۇيغۇر چېگرىسىغا جايلاشقان.»

«بۇگۇر ـــ كۇچا شەھىرى بىلەن ئۇيغۇر ئېلى ئارىلىقىدىكى تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان قەلئە. بۇ يەر چېگرا.»

«چۇرچان ـــ چەرچەن ـــ مۇسۇلمانلار (خاقانىيە ـــ ئى.ت) نىڭ چىن يولىدىكى چېگرىلىرىدىن بىرى.»

«كەمى تالاس ـــ كىچىك تالاس، ئۇيغۇر چېگرىسىدىكى بىر ئۆتكەلنىڭ نامى.»

«كىڭۈت ـــ ئۇيغۇر چېگرىسىدىكى بىر شەھەرچىنىڭ نامى.»

«ئوغراق ـــ چېگرىدىكى قارايىغاچ دەپ ئاتىلىدىغان جايدا ئولتۇراقلاشقان بىر تۈرك قەبىلىسى.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«ئارامۇت ـــ ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن جايلاشقان بىر تۈرك قەبىلىسى.»
«ئالايىغاچ ـــ چېگرىدىكى بىر جاينىڭ نامى.»
«ئىلى ۋادىسى بىلەن يەھنىچ ۋادىسى ئارىلىقىدا چېگرىغا جايلاشقان بىر شەھەرگىمۇ ئىككى ئۆگۈز دەپ نام بېرىلگەن.»
«كەنچەك سەڭىر ـــ تىرازغا يېقىن بىر شەھەرنىڭ نامى، بۇ يەر قىپچاق چېگرىسىدۇر.»
«ئاتىل ـــ ئېدىل (ۋولگا) قىپچاق ئېلىدىكى بىر دەريانىڭ نامى.»
«كەشمىر ـــ تۈرك ئەللىرىنىڭ چېتىگە جايلاشقان بىر شەھەر.» يەنە قاراڭ II:

Dr. Hüseyin Dağtekin «Genel Tarih Atlasi», Inkilap kitabevi, Istanbul, (34–35 haritalar).

③ «كونا تاڭنامە» 195 ـ جىلد.

④ موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىبنە ـ ئۇسۇ ۋە تالىياتتى رايونلىرىدىن تېپىلغان مەڭگۈ تاشلاردا («بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» I ۋە II) ۋە تەرخىن غولدا تېپىلغان مەڭگۈ تاش.
قاراڭ: G.J.Ramstedt: «شىمالىي موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان ئۇيغۇر ـ رونىك يېزىقىدىكى ئىككى مەڭگۈ تاش» JSFOU, XXX 3.1913

⑤ «يېڭى تاڭنامە»نىڭ «قارلۇقلار» تەزكىرىسىدە يېزىلىشىچە: «قارلۇق ئۈچ قەبىلە...ئۈچ قارلۇق شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەر ئارىلىقىدا ئىدى، (قاغانلىقىنىڭ) كۈچىيىشى ياكى زەئىپلىشىشىگە بېقىپ، بېقىنىپ ياكى ئىسيان كۆتۈرۈپ تۇراتتى. كېيىن جەنۇبقا قاراپ سۈرۈلدى، ئۈچ يابغۇ ئاتالدى.»

⑥ «ھۇدۇدۇل ئالەم»دە: «قەدىمكى زاماندا، پۈتۈن تۈركىستاندىكى پادىشاھلار توققۇز غۇزلاردىن بولاتتى» دەپ يازغان.

⑦ «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى»دا يېزىلىشىچە: «تەڭرىدە بولمىش ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان... قاڭىم (ئاتام) كۈل بىلگە قاغان...» شۇنىڭدەك «سۇجى مەڭگۈ تېشى»دا يېزىلىشىچە: «ئۇيغۇر زېمىنىدا ياغلاقارخان ئاتا

كەلدى». يەنە «يېڭى تاڭنامە»نىڭ 217 ـ جىلد بىرىنچى قىسمىدا: «ئۇيغۇر قاغانلىرى ياغلاقار جەمەتىدىن ئىدى» دەپ يازغان.

⑧ تەمىم ئىبنى بەھر ەل ـ مۇتەۋۋئە مىلادى 760 ـ يىلدىن ئىلگىرى، يەنى بايانچۇر (ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان—747 — 759 ـ يىللار) زامانىسىدا «ئوردۇ بالىق» (قۇدبالىق)غا زىيارەت قىلغان. ساياھەتنامىسىدە يېزىپ قالدۇرۇشىچە: «ئاھالە زىچ جايلاشقان رايوندا 20 كۈن يول مېڭىپ، توققۇزئوغۇزلار پايتەختىگە بارغان. ئۇلارنىڭ ئاھالىسى ئوتقا تېۋىنغۇچىلار ۋە مانىخىستلار ئىكەن. بۇ شەھەرنىڭ ھەشەمەتلىك خان ئوردىسى ۋە 12 قوۋۇقى بار ئىكەن. ئوردۇبالىق ئاھالىسى نۇرغۇن ۋە زىچ، بازار ـ رەستىلىرى قاتمۇ ـ قات، ئاۋات، سودا ـ تىجارەت بەك گۈللەنگەن شەھەر ئىكەن. ئەتراپىدىكى رايونلاردا يېزىلار بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن، تېرىلغۇ زونىسى كەڭ ئىكەن. بۇ شەھەر چوڭ شەھەر».

شۇنىڭدەك ئەجدادى ئىرانلىق ئوبۇلقاسىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى خۇرداد بىھ (مىلادى 912 ـ يىلى ئۆلگەن) «كىتابۇل مەسالىك ۋەل مەمالىك»، قۇدەما ئىبنى جەئفەر (X ئەسىر) «كىتابۇل خەراج» دېگەن جۇغراپىيە كىتابلىرىدا بېرىلگەن مەلۇماتلارمۇ 840 ـ يىلدىن ئىلگىرىكى زامانغا ئائىت بولۇپ، «توققۇزغۇز» خاقانلىرىنىڭ پايتەختىنى ۋە شەھەرلىرىنى ھەم بۇ شەھەرلەردە ياشىغان ئاھالىنىڭ ھاياتىنى تولۇق بايان قىلىدۇ.

⑨ خۇاڭ ۋېنبى: «تۇرپان ئارخېئولوگىيە خاتىرىلىرى» جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرى (خەنزۇچە) 1954 ـ يىلى، 87 ـ رەسىمدىكى تامغىدا «大福大迴鶻国» دەپ ئويۇلغان.

⑩ مەھمۇت قەشقەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» فاكسىمىل I جىلد، 228 ـ بەت.

⑪ سامانىلار بىلەن دەسلەپ ئۇرۇش قىلغان خان ئەرەب ـ ئەجەم تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە (تارىخ تەبەرى III جىلد، ئىبنۇل ئەسىر «ئەل كامىل» VIII جىلد، مەسئۇدى «مۇرەۋۋەجۇل زەھەبە» VIII ۋە باشقىلاردا) «تافقاس» يەنى «تافغاچ» دەپ يېزىلغان.

⑫ «ئوتتۇرا ئاسيانىڭ قەدىمكى ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى ھەققىدە». (Mediaeval Researches From Easteru Asiatic Sources, E.Bretchneider, p-253)

⑬ «سۇڭنامە» 490 ـ جىلد، «ئۇدۇن تەزكىرىسى».

⑭ مەھمۇت قەشقەرى: «دىۋان» فاكسىمىل I جىلد 74 ـ ۋە 173 ـ بەت-لەر.

⑮ «خەننامە» ۋە «سۇينامە»لەرنىڭ «غەربىي ئەل تەزكىرىلىرى».

⑯ «سۇڭنامە» 490 ـ جىلد «ئۇدۇن تەزكىرىسى».

⑰ مەھمۇت قەشقەرى: «دىۋان» فاكسىمىل I جىلد 74 ـ بەت.

⑱ ئەلا ئۇددىن ئەتامەلىك بىننى بەھا ئۇددىن مۇھەممەد ئەل ـ جۇۋەينى «تارىخ جەھانگۇشاي» 1 ـ پەسىل 7 ـ بابى «ئىدىقۇت ۋە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئەسلى»دە بايان قىلىنىشىچە: «بۆگۈ»خان «تۈركىستان چېگرىسىغا بارغاندا، ئوت ـ سۇلىرى ئىنتايىن كۆپ بولغان گۈزەل تۈزلەڭلىكنى كۆر-گەن. (خان) ئۆزى شۇ يەردە تۇرۇپ قېلىپ، بالاساغۇن شەھىرىنى ياسات-قان. ھازىر بۇ شەھەر قۇزبالىغ دەپ ئاتىلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە تەرەپ ـ تەرەپكە ئەسكەر ئەۋەتكەن. 12 يىل ئىچىدە ھەممە ئەل ـ زېمىننى بويسۇندۇرۇپ، بىرمۇ قارشى چىققۇچى ۋە بەيئەت قىلمىغۇچىنى قالدۇرمى-غان... (ئەسكەرلىرى) ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ خان ـ پادىشاھ، ئەمىر ـ مەنسەپدارلىرىنى شۇ يەرگە (بالاساغۇنغا) ئېلىپ كېلىپ، بۆگۈخانغا تۇت-قان. بۆگۈخان ئۇلارنىڭ ئۆز دەرىجە ـ رۇتبىلىرىگە يارىشا مۇئامىلە قىلغان... ئۇ (خان) ئۇلارنى ئۆز زېمىنلىرىگە ياندۇرۇپ، ئۇلاردىن خىراج ئالغان. ئاندىن ئۇنىڭ يۇرۇشلىرىدىكى توسالغۇلار تازىلانغاچقا، ئۇ (خان) قۇزبالىغدىن، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى تۇرالغۇسىغا يانغان.»

⑲ «جۇڭگو تارىخى ئاتلىسى» 6 ـ دەپتەر. جۇڭخۇا خەرىتەشۇناسلىق جەمئىيىتى نەشرى، 1974 ـ يىل، بېيجىڭ.

⑳ بارتولد: «موڭغۇللار ئىستېلاسىغىچە تۈركىستان».

㉑ مەھمۇت قەشقەرى: «دىۋان» فاكسىمىل III جىلد.

㉒ (ياپونىيە) يۇتەنخىك: «غەربىي دىيار مەدەنىيەت تارىخىغا دائىر ئوچېرك»، 1934 ـ يىلى، شاڭخەي «تىجارەت» (خەنزۇچە) نەشرى.

㉓ «قىتان مەملىكىتىنىڭ ئەھۋالاتى» 21 ـ جىلد.

㉔ Marquart, Wehrot Und Arang, P.146 (زەكى ۋەلىدى توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخى. كىرىش» 51 ـ بەت)

㉕ ئا.پوپپې A. Poppe «A Survey of Persian» Art, V. 651 — 709.

㉖ بارتولد: «يەتتە سۇ تارىخى توغرىسىدا ئوچېرك».

بار تولد يەنە بىر ئەسىرىدە (БарТолыд. Туркестан, чI, 128) ۋە پرىتساك قاراخانىلار توغرىسىدا يازغان ئەسىرىدە ـ Pritsak. karachani disch Stretfrgen, idem Die Karachaniden ئاتاپ ئۆتكەن ئىككى ئاپتور توغرىسىدا:

ئىبنۇل ئەسىر. تولۇق نامى: ئەبۇلھەسەن ئىززىددىن ئەلى ئىبنى ئەبىلكەرىم. ھىجرى 555 ـ (مىلادى 1160 ـ ) يىلى سۇرىيەنىڭ شەرقىدىكى جەزىرەئى ئىبنى ئۆمەردە تۇغۇلغان. كېيىن موسۇلغا كېلىپ ئوقۇغان ۋە خىزمەت قىلغان. باغداد، شام ۋە قۇددۇسلاردا ساياھەت قىلغان. موسۇلغا قايتىپ، تەتقىقات ۋە تەھرىرات بىلەن شۇغۇللانغان. تارىخ ئىلمى ساھەسىدە «ئەل ـ كامىل» («الكامل فى التاريخ») دېگەن 12 جىلدلىق مەشھۇر ئەسەرنى يازغان. بۇ ئەسەردە ئالەم يارالغاندىن تارتىپ، ئۆزى ياشىغان زامانغىچە بولغان ئەھۋال ـ ۋەقەلەرنى رەتلىك بايان قىلغان. ھىجرى 603 ـ (مىلادى 1206 ـ ) يىلى ۋاپات قىلغان.

جامال قارشى — تولۇق ئىسمى: ئەبۇل فەزلى مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خالىد ـ ئەل قارشى، مەشھۇر ئەدىب، لۇغەتشۇناس. مەشھۇر ئالىم جەۋھەرى (ئىسمائىل ئىبنى ھىمادىل فارابى — جەۋھەرى)نىڭ «سۇھاھ» دېگەن مەشھۇر لۇغىتىنى «سۇراھ» («مۇلھىكەتۇل سۇراھ» ياكى «سۇراھ مىنەل سۇھاھ») دېگەن نام بىلەن ئىخچاملاپ، پارسچىغا تەرجىمە قىلغان. جامال قارشى بۇ ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ

كىتابنى مۇمكىن بولسا سېتىۋالاي، بولمىسا يېزىۋالاي دەپ بىرنەچچە زامان ئىزلىدىم. ئاخىر، كاشغەرنىڭ ماجىيە (ساجىيە) دېگەن ئۇلۇغ سائادەتلىك مەدرىسەسىنىڭ كىتاب خەزىنىسىدىن سۇھاھىنىڭ چوڭ تۆت توملۇق نۇسخىسىنى تاپتىم. بۇ كىتاب ھەققەتەن ئىسمىغا لايىق ناھايىتى مۇكەممەل، خاتاسىز كىتاب ئىكەن. لېكىن بەك چوڭ بولغاچقا، كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ئەپسىز ئىكەنلىكىنى ۋە تەلەپكارلارنىڭ جىددىي ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، قىسقارتىپ چىقىشنى توغرا تاپتىم.» ھەمدى «سۇراھ»نىڭ ئاخىرىغا مۇنداق قەيت قىلغان: «كاشغەردە 681 ـ يىلى (مىلادى 1282 ـ يىلى) سەپەرنىڭ ئون ئالتىسى سەھشەنبە، كۈن ئىگىلىگەندە باشلاندى؛ (مىلادى 1300 ـ يىلى) زۇلقەئدىنىڭ يىگىرمە ئۈچى دۈشەنبە ئۇلۇغ ئاش ۋاقتىدا تامام بولدى.» دېمەك بۇ ئالىم 13 ـ ئەسىردە ياشىغان. بۇ كىتابنىڭ بىر نۇسخىسى ھىجرى 1328 ـ (مىلادى 1910 ـ) يىلى تىپكاپوردا «مەجىدى» مەتبەئەسىدە چاپ قىلىنغان.

㉗ ۋ ل. گوردلېۋسكىي «كىچىك ئاسىيادا سالجۇقىلار دۆلىتى» (س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرى، 1946 ـ يىل) دە يېزىشىچە: 8 — 10 ـ ئەسىرلەردىلا كىچىك ئاسىياغا تۈركىي قەبىلىلەر كۆپلەپ كۆچۈپ بارغان. ئەرەب خەلىپىلىرى تۈركىي قەبىلىلەردىن مەخسۇس قوشۇنلار تەشكىل قىلىپ، ۋىزانتىيە بىلەن بولغان ھەربىي چېگرىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان. ئانتىئوخىيە ـ ماراش ۋە مالات كەبى چېگرىلار ھارۇن رەشىد زامانىسىدا مۇستەھكەملەنگەن. خۇراساندىنمۇ نۇرغۇن تۈركىي خەلقلەر تەرسۇس ۋە ئەرزرۇمغا كۆچكەن، كىچىك ئاسىيانىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. بۇلار سالجۇقىلارنىڭ كىچىك ئاسىيانى ئىگىلىشىگە زېمىن ھازىرلىغان.

㉘ ۋ. بارتولد: «موڭغۇللار ئىستېلاسىغىچە تۈركىستان».
(W·Barthold «Turkestan Down to Mongol Invasion» P·305)

㉙ مەھمۇت قەشقەرى: «دىۋان» فاكسىمىل I جىلد، مۇقەددىمە.

㉚ مەھمۇت قەشقەرى: «دىۋان» فاكسىمىل III جىلد، 625 ـ بەت.

يەنە: بارسغان شەھرى ئىبنۇل ئەقىھ، قۇدەما، ئىدرىسى ئەسەرلىرى

ۋە باشقا ئەرەبچە مەنبەلەردە (نۇشەجان ۋە بارسجان شەكلىدە يېزىلىپ) بايان قىلىنغان. ئىران رىۋايەتلىرىدە (بەلئەمى ۋە تەبەرى ئەسەرلىرىدە كەلتۈرۈلگەن) بارسغاننى ئەفراسياپنىڭ قىرىندىشى ۋە كەيكاۋۇسنىڭ ئوغلى سياۋۇشنىڭ قاتىلى دەپ زىكىر قىلىنغان.

㉛ ۋ. بارتولد: «يەتتە سۇ تارىخى توغرىسىدا ئوچېرك».

㉜ م. قەشقەرى: «دىۋان» فاكسىمىل I جىلد 49 ـ ۋە 44 ـ بەتلەر.

㉝ «دىۋان» فاكسىمىل III جىلد 544 ـ بەت.

㉞ «دىۋان» فاكسىمىل I جىلد 43 ـ 63 ـ بەتلەر.

㉟ ۋ. بارتولد: «تۈركىستاندا خىرىستيانلىق توغرىسىدا» 23 ـ بەت.

㊱ «نەسەبنامەئى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان غازى» ئاپتورى خوجا مۇھەممەد شەرىف ياركەندى، تەرجىمان (ياركەنت توقۇز كەنت موكۇلىيا يېزىسىدىن) مۇھەممەد گەدا ئىبنى مۇھەممەد ئىبراھىم ـ خوجا گەدا. (ھىجرى 1182 ـ يەنى مىلادى 1786 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخا) بۇ ئەسەرنىڭ يەنە بىر نۇسخىسى «تەزكىرەئى بۇغراخان» ھىجرى 1245 ـ (مىلادى 1829 ـ) يىلى كۆچۈرۈلگەن. «تەزكىرەئى بۇغراخان»دا مۇنداق يېزىلغان:

«بى بى رەھمەتۇللاھ ئەلەيھانى جەمئى قىزلارى بىرلە نەيەردە شەھىد بولۇپ ئەردىلەر شۇندا دەفن قىلدىلەر. ئەمما سۇرەتى قەبر باغلامادىلەر. ئول ۋەقتدە ھەزرەتى سۇلتان ئىبنى سۇلتان ۋە خاقان ئىبنى خاقان يەئنى ھەزرەتى يۇسۇف قادىرخان ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋان مەككەئى مۇئەززەمە تەۋافىدىن يانىپ كەلدىلەر، شەھىد ئۇستىخانلەرى جۇست جويىدا بولدىلەر ئەرسە، شول زەمان بى‌بىنىڭ روھلەرى ھازىر بولۇپ ئەيدىلەر: ئەي ئەممە، ئۇستىخانىم مۇندادۇر. ئول ئەردىكىم بى بىنىڭ سۆزلەرى بىرلە قەرار بەرگەن يەردە سۇلتان غازى قەبر باغلاپ ئىمارەت قىلدىلەر. تارىخدىن تۆرت (ئۈچ) يۈز توقسان تۆرت ئەردى. بۇ قىسسە كاشغەر... شەھەرىدە ۋاقىئ بولدى.»

㊲ م. قەشقەرى: «دىۋان» فاكسىمىل I جىلد 207 ـ بەت.

㊳ يەنە شۇ كىتاب، III جىلد 459 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

㊴ يەنە شۇ كىتاب 〃 〃، I جىلد 3 ـ بەت.

㊵ يەنە شۇ كىتاب 〃 〃، I جىلد 3 ـ بەت.

㊶ پروف. در. ئەخمەت جەفەر ئوغلى «تۈرك دىلى تارىخى» (ئىستانـ
بۇل، 1969 ـ يىـل)غا ئاساسەن، C.Brockclmann Mahmud al-
kaşgari über die Spra Chen der Türken. KSz. I.l, 1921.

Zeki-Velidi (Togan) Divanü Lugatit-Türkün telif senesi hakkinda, Atsiz Mecmua, ll. 1939. Sayi.

يەنە: F.Köprülü, Divanü Lugatit Türk, «Türk Dili və Edebiyati hakkinda araş tirmalar» Istanbul, 1934.

㊷ ئەخمەت جەفەر ئوغلۇ: «تۈرك دىلى تارىخى» (ئىستانبۇل 1969 ـ يىل) II، 19 ـ ۋە 27 ـ بەتلەر.

㊸ ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى».

㊹ رۇس تىلـشۇناسـلىرىدىن بىلىايېۋ: «تۈركـمەن ۋە تۈركمەنـستان تارىخىغا دائىر مەلۇماتلار» 1 توم، 31 ـ ۋە 32 ـ بەتلەر.

㊺ 42 ـ ئىزاھ بىلەن ئوخشاش.

㊻ «دىۋان»دىـكى ماقال ـ تەمسىـلـلەر كارل بروككېلـمان تەرىپـىدىن نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 1920 ـ يىلى بېرلىندا ئىـكـكى قېتىم نەشر قىلـدۇرۇلـغان. (Carl Brockelmann, Alttürkestanische Volksweis-cheit «Ostasiatische Zeitschrit» 1920, VII. 49—48) نەـجىـب ئاسىم تەرىپىدىن ھىجرى 1338 ـ (مىلادى 1921 ـ) يىلى تۈركىيە تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىنىپ، «ئەدەبىـيات فاكۇلتەسى مەجـمۇئەسى»نىڭ 11 ـ، 2 ـ، 4 ـ، 6 ـ سانلىرىدا «ئەسكى ساۋلار» دېگەن ماۋزۇدا ئېـلان قىلـىنغان ھەم 1922 ـ يىـلى يەنە شۇ نام بىلەن ئايرىم كـىتاب قىلىـپ نەشـر قىلىنـغان.

㊼ «دىۋان»دىـكى خەلق ئەدەبىياتى پارچىلىرىمۇ بىرقانچە تىلدا تەرـ جىمە قىلىنىپ تونۇشـتۇرۇلـغان: كارل بروككېلـمان. Carl Brockelman. Alttürkestanische Volks Poesie, I Asia (Probeband), Berlin,

1923. P. 3–24. Asia Major I, 1. Berlin, 1924. بۇلار كۆپرۈلۈزادە ئەخمەت جەمال تەرىپىدىن تۈركىيە تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىنىپ، «ئەسلى تۈركىستان خەلق ئەدەبىياتى» نامى بىلەن 1923 ـ يىلى، «ئەدەبىيات فاكۇلتەسى مەجمۇئەسى»نىڭ III، 2 ـ ۋە 3 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان. ئۆزبېك ئەدىبلىرىدىن فىترەت ئۆزبېكچىگە تەرجىمە قىلىپ، «ئەڭ ئەسكى تۈرك ئەدەبىياتى نەمۇنەلىرى» نامى بىلەن سەمەرقەنددە 1927 ـ يىلى نەشىر قىلدۇرغان. ئەلىئۆۋە ئا. ئى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈركتەكى خەلق شېئىرلىرى»نامى بىلەن بۇرسا خەلقئەۋى مەجمۇئەسى بولغان «تۈركۈن»نىڭ 1936 ـ يىلى 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ سانلىرىدا ۋە 1937 ـ يىلى 8 ـ، 10 ـ، 11 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلغان. رۇس تەتقىقاتچىلىرىدىن ئى. ۋ. ستېبلىۋا "Развumue Тюpkckux noemuчeckux Форм b xl beke" دېگەن نام بىلەن 1971 ـ يىلى موسكۋادا رۇسچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلغان.

㊽ مەھمۇت قەشقەرى: «دىۋان» ـ فاكسىمىل I جىلد، 25 ـ بەت.

㊾ ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد بىننى مۇھەممەد ئىدرىسى (1099 — 1180) «نزهتەلمشتاق فى اختراق الافاق» دېگەن جۇغراپىيە كىتابىدا شۇنداق يازغان. «Tűrkili Tili» 3 ـ 54

㊿ «دىۋان» فاكسىمىل I جىلد، 8 ـ بەت.

(51) ن. ئا. باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللار»، موسكۋا، 1960 ـ يىلى.

(52) «دىۋان» فاكسىمىل III جىلد، 504 ـ بەت.

(53) «دىۋان» فاكسىمىل I جىلد، 93 — 51 ـ بەتلەر.

(54) «دىۋان» فاكسىمىل I جىلد، 99 ـ بەت.

(55) «دىۋان» فاكسىمىل III جىلد، 665 ـ بەت.

(56) «دىۋان» فاكسىمىل II جىلد، 464 ـ بەت.

(57) «دىۋان» فاكسىمىل II جىلد 295 ـ بەت.

(58) «دىۋان» فاكسىمىل I جىلد، 165 ـ بەت.

(59)(60)(61)(62) «دىۋان» فاكسىمىل I جىلد، 173 ـ، 67 ـ، 68 ـ ۋە 172 ـ

بەتلەر.

⑥③⑥④ «كىتابۇدىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك». ئىستانبۇل، 1333 ـ ھىجرى (مۇسەھەمەى مۇئەللىم رىفئەت).

⑥⑤⑥⑥⑥⑦ س. مۇتەللىپوۋ «سۆز بېشى ئورنىدا» ـــ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» II توم، تاشكەنت، 1961 ـ يىل.

⑥⑧ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» I توم، تاشكەنت، 1969 ـ يىل (ئۆزبېكچە نەشرى، 375 ـ بەت.

# «خاقانىيە تىلى» ۋە خوتەن شېۋىسى

خوتەن — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى يەتتە ناھىيەدىن تەركىب تاپقان بىر ۋىلايەت. بۇ ۋىلايەتنىڭ ئۆزىدە ھازىر بىر مىليون 200 مىڭ ئاھالە ياشايدۇ. بۇ ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكى بىر خىل شېۋىدە سۆزلەيدۇ. دىئالېكتشۇناسلىق پرىنسىپ-لىرى بويىچە، بۇ ئاھالىنىڭ جانلىق تىلىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدە بىر شېۋىسى دەپ ھېسابلاش مۇمكىن.

دۇنيا تىلشۇناسلىرى «قەدىمكى خوتەن تىلى»نى "ئۆلگەن تىل" دەپ ھېسابلايدۇ. راست شۇنداقمۇ؟ ئىسمى بىلەن جىسمى قوشۇلۇپ پۈتۈنلەي "ئۆلگەن" ۋە ئۇ تىلدىن ھېچقانداق ئەسەر-سارقىت قالمىغانمىدۇ؟ قەدىمكى خوتەن ئاھالىسىنىڭ مىللىي خاسلىقى ۋە تىل جەھەتتىكى خاسلىقى مەسىلىسىنى بۇ رايوندا تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەردە ياشىغان ئاھالىنىڭ ئېتنىك قاتلاملىرىنى ئارخېئولوگىيە-لىك، ئېتنوگرافىيىلىك ۋە تىلشۇناسلىق ماتېرىياللىرى بىلەن ئىنچىكە تەكشۈرۈش ۋە بۇ يەردە ئۆزئارا ئۇچراشقان ھەر خىل تىللارنىڭ مەلۇم بولغان لېكسىكىلىرىنى سېلىشتۇرۇش يولى بىلەن، ئاھالىنىڭ ۋە ئۇلار قوللانغان تىلنىڭ كېلىپ چىققان مەنبەسىگە ئاساس تېپىش مۇمكىن. شۇڭا، بۇ دەسلەپكى ئىزدىنىشىم بۇنداق چوڭ مەسىلە ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىش يۈكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدۇ، پەقەت ھازىرقى «خوتەن تىلى» بىلەن 11-ئەسىردىكى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

«خاقانىيە» تىلىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىلا بەزى چۈشەنچىلەرنى مۇھاكىمىڭىزلارغا سۇنىمەن.

«خاقانىيە تىلى» — قاراخانىلارنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسى (ئىسسىق كۆلدىن كۇچاغىچە قەشقەرنى مەركەز قىلغان رايون)نىڭ تىلى، يەنى 11 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى.

تىل ئالىملىرى، ئادەتتە، «قەدىمكى خوتەن تىلى»نى ھىندى تىلى دېيىشىدۇ. مەسىلەن، 3 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەربىي شىمالىي ھىندىستاننىڭ قەدىمكى پراكرىت يەرلىك تىلىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تىل خوتەن تەرەپلىرىدە ئومۇملىشىپ، كۈندىلىك مەمۇرىيەتتە ئىشلىتىلەتتى دېيىشىدۇ. بۇ كۆز قاراشلىرىغا خوتەن رايونىدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدا ھىندىستاننىڭ قارا تىلى (پراكرىت) بىلەن، مىلادى 2 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىرەك يېزىلغان نوم («دارماپادا»)نى ئاساس قىلىشىدۇ. لېكىن مەشھۇر نومشۇناس، سەيياھ شۋەنزاڭ ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە: «بۇ ئەلنىڭ يېزىقى ھىندىلارنىڭكىگە ئاساسلانغان ۋە لېكىن ئانچە ـ مۇنچە ئۆزگەرتىلگەن، ئەمما تىلى بولسا بۇ ئەلدىكى ئاھالىنىڭ مىجەزى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، باشقا ئەللەرنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ؛ ھىندى تىلىمۇ ئەمەس، جۇڭگو تىلىنىڭ ئۆزگەرمىسىمۇ ئەمەس» دەپ يازىدۇ.

ئاۋرېل ستېيننىڭ نىيە خارابىسىدىن تاپقان قارۇشتى يېزىقىدىكى خاتىرىلەرنىڭ تىلى ھەقىقەتەن ھىندى تىلىمۇ ئەمەس، ئىران تىلىمۇ ئەمەس، شۇنىڭدەك تۈركىي تىلمۇ ئەمەس. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىردىن ئېتىبارەن، خوتەن رايونىغا بۇددا دىنى كىرگەندىن كېيىن، ھىندى تىلى (پراكرىت) بارا ـ بارا يەرلىك

ئاھالىنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىشكە باشلاپ، خوتەن ئاھالىسىنىڭ تىلىدىكى سۆزلەردە سانسكرىتچە ئاملىلار پەيدا بولغان. كېيىن يۆچىلەر (كۆچچىلەر) يەنى كۇشان ئىمپېرىيىسى يەنە شەرققە قاراپ كېڭىيىپ (بۇلار ئەسلىدە شەرقتىن كۆچۈپ بارغان) قەشقەر ۋە خوتەن تەرەپلىرىنى بىرقانچە يۈز يىل كونترول قىلغانلىقى ئۈچۈن، يۆچى تىلىنىڭ تەسىرىمۇ ئۆتكەن. «خوتەن تىلى» ئەزەلدىنلا نوقۇل ھىندى-ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىل ئەمەس. ئەگەر ئىران تىللىرى بىلەن تۈركىي تىللارنىڭ قوشۇلمىسىدىن ئىبارەت بىر خىل مۇرەككەپ تىل دېيىلىدىغان بولسا، بۇ گەپ تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى ئىككى خىل تىل سىستېمىسىدىن ئەبجەش-قېتىش بىر تىل ھاسىل بولمايدۇ، بەلكى ئۇلار بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدۇ، يەنى بىرى ئاساس، يەنە بىرى ياردەمچى بولىدۇ. ئادەتتە، تىللار ئارىلاشقاندا، «غالىپ تىل» لېكسىكا ۋە مورفولوگىيە جەھەتتىن ئۈستۈنلۈك قازىنىدۇ؛ «مەغلۇپ تىل» بولسا مەلۇم دەرىجىدە لېكسىكىلىق ۋە گراماتىك ئىزىنى قالدۇرىدۇ. مۇشۇ قائىدە بويىچە بولغاندا، بۇددا مەدەنىيىتى مۇناسىۋىتى بىلەن كىرگەن «نوم تىلى» (پراكرىت) مىلادىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن لېكسىكا جەھەتتىن بىر مەزگىل ئۈستۈنلۈك قىلغان، لېكىن «خوتەن تىلى»نى ھەممە جەھەتتىن بويسۇندۇرالمىغان.

دەرۋەقە، مىلادىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن، دى (تىغار)، چياڭ (سىر)، ھۇن، يۆچى، ئاق ھۇن، تۈرك، تۈبۈت، توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرى ئۆتتۈشكە باشلاپ، «خوتەن تىلى» تۈركچىلىشىشكە يۈزلەنگەن (يۇقىرىدىكى ئىسمى ئاتالغان خەلقلەرنىڭ تىللىرى

www.uyghurkitap.com

ئالتاي ـ تەڭرىتاغ تىللىرى ئىدى). بۇ جەريان ناھايىتى ئۇزاق داۋام قىلغان. ھەتتا 11 ـ ئەسىردىمۇ تۈركچىلىشىش جەريانى تۈگەللىنىپ بولمىغان بولسا كېرەك. سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»نىڭ مۇقەددىمىسىدە: «خوتەنلىكلەرنىڭ بەزىلىرى ئىككى تىلدا سۆزلەيدۇ ۋە تۈركچىنى ياخشى بىلمەيدۇ» دەپ يازىدۇ. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بۇ ئەسلەتمىسى تۈركچىلىشىش جەريانىنىڭ تۈگەللەنمىگەنلىكىنى ئەستىقلايدۇ. «دىۋان» بولسا خوتەن 1006 ـ يىلى قاراخانىلار تەۋەسىگە ئۆتۈپ 70 يىلدىن كېيىن يېزىلغانىدى. بۇ چاغلاردا، قەدىمكى خوتەن تىلىنىڭ فونېتىكا ۋە لېكسىكا جەھەتتىكى تەسىرى ساقلانغانىدى. بۇ سۆزدىن خوتەن قاراخانىلار تەۋەسىگە ئۆتكەندىن كېيىن، تىلى تۈركچىلەشتى دېگەن مەنە چىقمايدۇ، ئەلۋەتتە، چۈنكى خوتەن رايونىنىڭ قوشنا رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى. 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بىلەن بولغان، مۇناسىۋەت كۈچەيدى. 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلامنى قوبۇل قىلغان قەشقەر تەرەپلەردىن سودىگەرلەر ۋە ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان كىشىلەر (كۆپىرەك زىيالىيلار) كۆچۈپ باردى. 11 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن ئېتىبارەن، ئاۋۋال قوشۇن، ھاكىمىيەت مەمۇرلىرى، كېيىنچە يەر ئۆزلەشتۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن ھەر خىل قەبىلىلەر (مەسىلەن، ياغما، قارلۇق، غۇز، چىگىل، قارچۇق، چارۇق، چۇمۇل، مەركىت ۋە باشقىلار) خوتەن رايونىغا كۆچۈپ كىردى. ئاپتورى نامەلۇم «ھۇدۇدۇل ئالەم»نىڭ 9 ـ بابىدا يېزىلىشىچە: "ئۇدۇن ئىككى دەريا ئارىلىقىغا جايلاشقان... ئاھالىسى ئىشلەپچىقىرىدىغان مەھسۇلاتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يىپەك.

ئۇدۇن پادىشاھى ئىنتايىن يۇقىرى ھۆرمەتكە ئىگە، ئۆزىنى تۈرك ھەم تۈبۈت پادىشاھى (ئەزىم ئەل تۈرك ۋەل تۈبەت) دەپ ئاتايدۇ... ئۇدۇن دەريالىرىدىن قاشتاش چىقىدۇ.“ شۇنىڭ بىلەن، خوتەن ئاھالىسىنىڭ ئېتنىك تۈزۈلۈشى، ماددىي ۋە مەنىۋىي تۇرمۇشى، جۈملىدىن تىلىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى تېزلەشتى. «خوتەن تىلى» بارا ـ بارا شۇ ھالەتكە يەتتىكى، 10 ــ 13 ـ ئەسىرلەردە «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ مۇھىم ئامىللىرىنى ساقلاپ قالغان «تىل» بولۇپ شەكىللەندى. بۇ «تىل»نى بىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن شېۋىسى دەپ ئاتايمىز. خوتەن تىلى 12 ـ ئەسىردە «خاقانىيە تىلى»نىڭ، كېيىن 15 ــ 16 ـ ئەسىرلەردە «چاغاتاي تىلى» ۋە يېقىنقى ئەسىرلەردە «قەشقەر تۈركچىسى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بىر شېۋىسى ئىكەنلىكىنى كۆپچىلىك تۈركولوگلار ئېتىراپ قىلىدۇ.

11 ـ ئەسىردىكى «خاقانىيە تىلى»نىڭ فونېتىكا، لېكسىكا، مورفولوگىيە ۋە گراماتىكا جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى خوتەن شېۋىسىدە تېپىلىشى تاسادىپىي ئەھۋال بولمىسا كېرەك. بۇ پىكرىمىزنى 1956 ـ يىلدىكى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش داۋامىدا ۋە 1980 ـ يىلدىكى نۇقتىلىق تەكشۈرۈش داۋامىدا ھاسىل قىلىنغان بىرىنچى قول ماتېرىياللار دەسلەپكى قەدەمدە تەستىقلىدى.

فونېتىكا جەھەتتىن:

«خاقانىيە تىلى»نىڭ فونېما سىستېمىسى ھەممە تۈركىي تىللارنىڭ فونېمىلىرىغا ۋەكىللىك قىلالايتتى. فونېما سىستېمىسى تۈزۈلۈش جەھەتتە ئەڭ مۇستەھكەم بولىدۇ. ئادەتتە فونېما سىستېمىسىدا ئۆزگىرىش (يېڭى فونېمىلار قوشۇلۇش، بەزىلىرى چۈشۈپ قېلىش)

www.uyghurkitap.com

ھادىسىسى ناھايىتى ئۇزاق جەريانىدا يۈز بېرىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق تىل ئىگىسى ئۆزلىرىنىڭ تىل ئادىتىنى چەتتىن قوبۇل قىلغان تىلغا تەبىئىي يوسۇندا ئېلىپ كىرىدۇ. خوتەن شېۋىسىدىمۇ بۇنداق ھادى-سىلەر يوق ئەمەس. لېكىن «خاقانىيە تىلى»دىكى سەككىز سوزۇق تاۋۇش (ئالدى - ئارقا، يۇقىرى - تۆۋەن تەلەپپۇز قىلىنىش جەھەت-تىكى تۇسلىرىنى مۇستەسنا قىلغاندا) خوتەن شېۋىسىدىمۇ ئاساسەن ئوخشاش.

ئالدى سوزۇق تاۋۇشلاردىن "ə" تاۋۇشى قەدىمكى زاماندىلا ئەمەس، 11 - ئەسىردىمۇ ئۇيغۇر تىلىدا مۇستەقىل بىر فونېما ئىدى. بۇ تاۋۇش بەزى تىل تەتقىقاتچىلىرى ئېيتقاندەك ھېچقاچان "a" تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىششى ياكى "e" تاۋۇشىنىڭ تاڭلاي سىنگار-مونىزمى سەۋەبى بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ تىل ئۈستىدە تەلەپپۇز قىلىنىشىدىنمۇ پەيدا بولغان تاۋۇش ئەمەس. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا "ə" تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىششى ئالاھىدە بىر مۇستەقىل فونېتىكىلىق ھادىسە بولماستىن، بەلكى سۆز ئۇرغۇلىرى، سوزۇق تاۋۇشلار سىنگارمونىزمى ۋە شۇنىڭدەك فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. 11 - ئەسىردىكى «خاقانىيە تىلى»دا "ə" تاۋۇشى ئاساسەن ئاجىزلاشمايتتى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىلچى، كېرىيە قاتارلىق ناھىيىلىرىدىكى چەترەك يېزىلاردا ئايرىم سۆزلەردىكى "ə" تاۋۇشى ئاجىزلاشماي تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| «دىۋان»دا: | خوتەن شېۋىسىدە: |
|---|---|
| kəlin | kəlin |
| kərək | kərək |
| kəpəz | kəpəz |

| | |
|---|---|
| kərilgən | kərilgən |
| xəxük~yəxük | səxük |

(ئەسلەتمە، ئىسىم ھالىتىدە بولسا xəxük، پېئىل ھالىتىدە بولسا e لىشىدۇ: yexülüp kətti)

"Zəynəphanning kəlini" (Ilqi, Langru)

"ķəddimiz kətərildı" (Keriyə, ķaluķ)

"Ixikni qəgiwiting, qoli qəkkili unimaytu ixikni" (Keriyə, Sıyək)

"Yürikəmgə ķol sa (l) sam,
Yürikəm ba (r) jigərim yoķ.
Ya (r) din kəŋləm aqrisa,
Kitəxim ba (r) kilərim yoķ.
(Ilqi, Popunar)

خوتەن شېۋىسىدىمۇ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكىگە ئوخشاش، قاتار كەلگەن بىر خىل تۆۋەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن ئادەتتە ئىككىنچىسى ئاجىزلىشىدۇ؛ ياكى بولمىسا كېيىنكى بوغۇمدىكى ئارا سوزۇق (i)نىڭ ئەكس تەسىرى بىلەن بىرىنچى ئوچۇق بوغۇمدىكى تۆۋەن سوزۇق تاۋۇش ئاجىزلىشىدۇ، مەسىلەن:

| خوتەن شېۋىسىدە: | «دىۋان»دا: |
|---|---|
| kiləp (ئۆسۈملۈك) | kələp |
| eqil | aqil |
| eyiq | ažiq |
| elix (ئېلىش ۋېشى) | alix |
| ķeqi(r) | ķatïr |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| qiqək | qəqək |
| beqi(r)tak | baqïrtak |
| ketilix | katïlix |
| (katilix گۇمىدا) | |
| engiz | aŋïz |
| tizək | təzək |
| kilə(r) | kələr |
| ingək | əŋək |

لېكىن خوتەن شېۋىسىدە ”ə“ تاۋۇشى ئاجىزلاشقاندا، ئەدەبىي تىلدىكىدەك ”e“غا مايىل ئەمەس، كۆپىنچە ”i“غا مايىل تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا قاتار كەلگەن تۆۋەن سوزۇقلارنىڭ ”i“لىشىش قانۇنىيىتىدە بىرلىك ساقلانغان.

شەخس ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندىمۇ شۇنداق بولىدۇ، مەسىلەن:

Paqak – am(ang) — Paqikam(ng)

Kulak – am(ang) — Kulikam(ng)

Yürək – am(əng) — Yürikəm(ng)

Kalək – əm(əng) — Kalikəm(ng)

شۇنىڭدەك، ئۈچۈق بوغۇم بولۇپ قاتار كەلگەن بىر خىل ئۈچ سوزۇقتىن ئىككىنچىسى چوقۇم ئاجىزلىشىدۇ ياكى چۈشۈپ قالىدۇ.

bala – lar — balilar – balla (r)

kala – qa — kaliqa

Kadı (r) la (r) – qa — kadi (r)liqa

ھەتتا خوتەن شېۋىسىدە تۆۋەن سوزۇقلۇق بوغۇمدىن كېيىنكى

بوغۇمدىلا يۇقىرى سوزۇقنىڭ ئەكس تەسىرى بىلەن ئالدىنقى بوغۇمدىكى (بىرىنچى بوغۇمدىكى) تۆۋەن سوزۇق ئاجىزلىشىپ "i"غا مايىل "e" تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ba (r) - idi — be (y)di

ba (r) - íp - idim — beribdim (beriwedim)

كۆپ ھاللاردا، "ə" بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق تۈپ پېئىل "p" بىلەن رەۋىشداشقا ئايلانغاندىن كېيىن، زامانىنى بىلدۈرىدىغان شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندىمۇ "ə" ئاجىزلاشمايدۇ.

də - p - tím — dəptim (dəpidim - diwidim)

kə (l) - p - ti — kəpti (kelip - idi - keliwidi - kewidi)

لېكىن "a" بىلەن تۈزۈلگەن بۇنداق سۆزلەردە "a" تاۋۇشى "i"غا ئاجىزلاشماي، "ə" تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

ķa (l) - p - tu (ti) — ķəptu (ķəpti)

ķelip - tu — ķeptu, ķelip idi — ķeliwidi

بۇ ھادىسىلەر كېيىنكى تەرەققىيات جەريانىدا يۈز بەرگەن ھادىسىلەردۇر.

خوتەن شېۋىسىدە كەينى سوزۇق تاۋۇشلاردىن "o" تاۋۇشى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، يۇمشاق تاڭلاي بەك يۇقىرى كۆتۈرۈلمەي، تىلنىڭ ئىككى يېنى سەل پۈكۈلۈپرەك، "u"غا مايىلراق چىقىدۇ. دەرۋەقە، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى "o" تاۋۇشى باشقا تىللاردىكى (بولۇپمۇ ھىندى - ياۋروپا تىللىرىدىكى) "o"نىڭ تەلەپپۇزىدىن پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭدەك "ө" تاۋۇشىمۇ خوتەن شېۋىسىدە، كۆپىنچە "ü"گە مايىل تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

uƣul ķuƣun buƣum

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

tüxük sügət sügəl

tümü(r) ügəy ütək

خوتەن شېۋىسىدە سىنگارمونىزىم ھالىتى ئانچە كۈچلۈك ئەمەس. بۇ جەھەتتىن «خاقانىيە تىلى»نىڭ خۇسۇسىيىتى ئاساسەن ساقلاپ قېلىنغان. خوتەن شېۋىسىدە يېپىق بوغۇملۇق سۆزلەرگە ئۇلىنىدىغان شەخس، ئىگىلىك ۋە رەۋىشداش قوشۇمچىلىرىنىڭ لەۋلەشكەن تۈرى ياكى ئارا سوزۇق تاۋۇشلۇق تۈرى يوق.

خوتەن شېۋىسىدە: am (ang) əm (əng)

(ئەدەبىي تىلدا: im/um–üm (ing/ung–üng)

kol–kolam/kolang

kəz — kəzəm/kəzəng

ütək–ütikəm/ütikəng

oltur–olturaptu

bol — bolaptu،

خوتەن شېۋىسىدە، كىچىك تىل تاۋۇشلىرىدىن "ɑ" ياكى "k" بىر سۆزدە تەڭلا قاتار كەلمەيدۇ. تەبىئىي يوسۇندا، بىرىنچى بوغۇمدا "k" بولسا، ئىككىنچى بوغۇمدا "ɑ" ياكى بولمىسا ئەكسىچە بولىدۇ. بۇ ھادىسە «خاقانىيە تىلى»دىكى ھادىسىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ. ئەگەر بىر سۆزدە "k" قاتار كېلىپ قالسا، بىرىنچى بوغۇمدىكىسى — "h" تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

konaɑ takaɑ kondaɑ

oɑak pohak

بۇنداق سۆزلەرگە سۈپەت قوشۇمچىلىرى (luk/luɑ) ئۇلاشتىمۇ ئاشۇ قانۇنىيەت ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. يەنى "ɑ" بىلەن

ئاياقلاشقان سۆزلەرگە liⱪ/luⱪ ئۇلىنىدۇ؛ "ⱪ" بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە liƣ/luƣ ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

ⱪonaƣ-lïⱪ — ⱪonaƣlïⱪ — ⱪonaƣlïⱪⱪa su baƣliduⱪ.

a (r) tiƣ-lïⱪ — bexiƣa yaƣlïⱪi a (r) tïƣlïⱪ.

yaⱪa-lïƣ-yaⱪaliƣ — tal yaⱪalïƣⱪa qïkti.

issiƣ-lïⱪ — issïƣlïⱪ

uruƣ-luⱪ — uruƣluⱪ — uruƣluⱪni saⱪlaytu.

خوتەن شېۋىسىدە «خاقانىيە تىلى»دىكىدەك ئاخىرى كىچىك تىل تاۋۇشى بىلەن كېلىدىغان ياسالما سۆز ئومۇمەن جاراڭلىق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بولسا، "ƣ" بىلەن، جاراڭسىز تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بولسا، "ⱪ" بىلەن ئاياقلىشىدۇ. مەسىلەن:

| خوتەن شېۋىسىدە: | «دىۋان»دا: |
|---|---|
| uluƣ — uluƣaydi | uluƣ |
| uluƣ — ulandi | ulaƣ |
| iliƣ (ilman) — ilidi | ïlïƣ |
| aƣriƣ — aƣridi | aƣrïƣ |
| ⱪattiⱪ — ⱪatti | ⱪattïƣ |

تۈپ سۆزلەردە بۇ ھال مەۋجۇت ئەمەس.

| خوتەن شېۋىسىدە: | «دىۋان»دا: |
|---|---|
| ulaⱪ — at — ulaⱪ | ulaⱪ |
| ahsaⱪ | ahsaⱪ |

ئۈزۈك تاۋۇشلار سىستېمىسىدا، «خاقانىيە تىلى»دا قوش كالپۇك تاۋۇشى "p"دىن "b" ئايرىلىپ چىققان. لېكىن "b" پۈتۈنلەي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جاراڭلىق تاۋۇش ھالىتىگە كۆچۈپ بولمىغان، «خاقانىيە تىلى» دىكىدەك خوتەن شېۋىسىدىمۇ "p" تاۋۇشى نەپەسلىك، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، "b" تاۋۇشى نەپەسسىز تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. خوتەن شېۋىسىدە ئومۇمەن بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن "p" تاۋۇشى ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن سوزۇق ياكى جاراڭلىق تاۋۇشنىڭ ئەكس تەسىرى بىلەن جاراڭلىققا مايىل تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| kob bə(r)di | (koyup bərdi) |
| unumabdi | (unimiwidi) |
| səbdük | (selip idük) |
| kebdük | (kelip idük) |

«خاقانىيە تىلى»دا تىل ئۈستى تاۋۇشى "q" بىلەن "j" پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كەتمىگەن، ئەگەر قەدىمكى تىلغا تارتىپ سۆزلەشكە توغرا كەلسە "q" ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن «خاقانىيە تىلى»دا "j" تاۋۇشى شەكىللەنمىگەن دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى «خاقانىيە تىلى»نىڭ تەركىبىگە كىرگەن باشقا شېۋىلەردە "ž"دىن ياكى "q"دىن "j" تاۋۇشى ئايرىلىپ چىقىشقا باشلىغان. خوتەن شېۋىسىدە بولسا، كۆپىنچە سۆزلەردە "q" ئەمەس، "j" تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| خوتەن شېۋىسىدە: | «دىۋان»دا: |
|---|---|
| kanjik | kanqik |
| manju | manqu |
| monjak | monqak |
| injig — injigi | inqik |

لېكىن "q" تاۋۇشىمۇ بار، پەقەت تىل ئۈستى تاۋۇشنىڭ ئالدى ياكى كەينىدە جاراڭسىز تىل ئۇچى تاۋۇشى ياكى ئارقا سوزۇق

تاۋۇشى كەلسە "q" تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

qit — qitla، qitwaq ("qit" دىمۇ «دىۋان»)

qikətkü ("qəkürgə" «دىۋان»دا)

qiqək ("qəqək" «دىۋان»دا)

hoqa koqa

gaqa aqa

خوتەن شېۋىسىنىڭ ئۇزۇك تاۋۇشلار سىستېمىسىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇمۇمەن تىلىنىڭ ئۇچى تۇرۇلۇپ ئالدىنقى تاڭلايغا يېقىنلىشىپ سۈركىلىش پەيدا قىلىش بىلەن ھاسىل بولىدىغان "r" تاۋۇشى خوتەن شېۋىسىدە كۆپىنچە تىل ئۇستى تاۋۇشى "y" بىلەن ئالمىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ تاۋۇشلارنىڭ پەيدا بولۇش ئورنى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتىن، تىل ئۇچىنىڭ ھەرىكىتى، تاۋۇش پەردىسىنىڭ ھالىتى ۋە تىل ئۇستىنىڭ تاڭلايغا يېقىنلىشىش دەرىجىسى خېلى يېقىن بولغاچقا "j"، "u" "a" سوزۇق تاۋۇشلىرىدىن ئىلگىرى كەلگەن "r" تاۋۇشى "y"غا ئالمىشىدۇ. دەرۋەقە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ سۆز بېشىدا "r" تاۋۇشى كەلمەسلىك ئەنئەنىسىمۇ بار. ئەمما، بۇ ھال ئېتنىكىلىق-فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش جەريانىغىمۇ باغلىق. چۈنكى مىلادىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئالتە ئەسىرلىك جەرياندا شىمالىي ھىندىستاننىڭ پراكرىت تىلى ۋە بۇددا دىنىي ۋاستىسى بىلەن تەركىبىدە سانسكرىت ئامىللىرى كۆپەيگەن توخار (كۆچچى) تىلى ھەم ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى ھۇن-تۈرك تىللىرىنىڭ تەسىرى بىلەن خوتەن شېۋىسىدە "r" تاۋۇشىنىڭ تەلەپپۇزىدا خاسلىق پەيدا بولغان. بۇ ھادىسە پۈتۈن خوتەن رايونىدا (ئىنچىكە تەھلىل قىلىنىدىغان بولسا)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئومۇمىيۈزلۈك بىر خىل ھادىسە ئەمەس. قاغىلىقتىن لوپقىچە ”r“ بىلەن ”y“نىڭ ئالمىشىپ كېلىش ھادىسىسى كۆچلۈكرەك (قاغىلىق ۋە گۇمىلاردا كۆپىنچە ”y“، قاراقاش، ئىلچى ۋە لوپلاردا ”y“ بىلەن ”r“ ئارىلاش)، چىرىيىدىن چەرچەن ھەتتا چاقىلىقنىڭ غەربىگىچە بولغان جايلاردا ”r“ بىلەن ”y“ ئارىلاش؛ قاغىلىق تاغلىرىدىن چاقىلىق تاغلىرىغىچە بولغان تاغلىق رايونلاردا ”r“ تاۋۇشى ئاساسەن ”y“ بىلەن ئالماشماي، بەلكى تىل ئۇچى قاتتىق يۆگىلىش بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

خوتەن شىۋىسىدە «خاقانىيە تىلى»دىكىگە ئوخشاشلا، سۆز بېشىدىكى ”y“ تاۋۇشى چۈشۈپ قالماي تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| «دىۋان»دا: | خوتەن شىۋىسىدە: |
|---|---|
| yitik | yittig (yittik) |
| yilik | yilik (yilig) |

لېكىن ”y“ بىلەن باشلانغان بوغۇمنىڭ ئاخىرى جاراڭسىز قوش كالپۇك تاۋۇشى ياكى تىل تۈۋى تاۋۇشى بىلەن كەلسە، ”y“ تاۋۇشى ”x“لىشىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| yik – xik | yip – xip |
| ki(r) – kixip (kirip) | yupka – xupka |

خوتەن شىۋىسىدە، فونېتىكا جەھەتتىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، خۇددى «خاقانىيە تىلى»دىكىگە ئوخشاش ”p، k، k“ تاۋۇشلىرى سوزۇق تاۋۇشلار ئارىلىقىدا كەلگەندىمۇ جاراڭسىز ھالىتىدە* ساقلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| bulak – buliki | konak – koniki |

yürək – yüriki　　　　　　　　　　ɵtək – ɵtiki

tələp – təlipi　　　　　　　　　　ḥələp – ḥəlipi

ھەرىكەت نامى، ئىسىم، سۈپەتلەرنىڭ ئاخىرىدا كېلىدىغان تىل تۇۋۇشى "k" ياكى "g" تەلەپپۇز قىلىش مەسىلىسىمۇ «خاقانىيە تىلى»دا تۈپ سۆزلەردە (تولاراق تۈپ ئىسىملاردا)، مەيلى ئۇ يېڭىلىدىن ياسالغان تەقدىردىمۇ، ئىسىم ھالىتىدە مۇقىملىشىپ كەتكەنلا بولسا) "k" تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. لېكىن ھەم ئىسىم، ھەم سۈپەت ھالىتىدە كېلىدىغان سۆزلەردە "g" تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»نىڭ مۇقەددىمىسىدە ئەسكەرتىشىچە، «تىرىلدى» پېئىلىدىن ياسالغان «تىرىك» سۆزىدە، «ئۆلدى» پېئىلىدىن ياسالغان «ئۆلۈك» سۆزىدە "k" يۇمشاق ئوقۇلىدۇ، يەنى "g" تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەت خوتەن شېۋىسىدە ئۆز پېتىچە ساقلانغان. مەسىلەن:

| خوتەن شېۋىسىدە: | «دىۋان»دا: |
|---|---|
| itək | ətək |
| ütək | ɵtük |
| ɵtəg – iq ɵtüx | ɵtüg |
| ɵləg | ɵlüg |

بۇلاردىن باشقا، فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىمۇ بار.

مورفولوگىيىلىك – گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئىسىم كاتېگورىيىسىدە ھازىر خوتەن شېۋىسىدە ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش ئالتە كېلىش بار دەپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن تاغلىق رايونلار (مەسىلەن، پۇشا، قاراڭغۇ تاغ) ئاھالىسىنىڭ تىلىدا ئىگىلىك كېلىش بىلەن چۈشۈم كېلىش بىرلا "ni" قوشۇمچىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئېھتىمال، بۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئۈچىنچى باسقۇچ ـ «چاغاتاي تىلى»دىكى ئايرىم شېۋىلەرنىڭ خوتەن شېۋىسىنىڭ ئايرىم يەرلىك لەھجىلىرىدىكى ئىپادىسى بولسا كېرەك. مەسىلەن:

kəŋnək — meni kəŋnikəm (mening kəynigim)

ayaķ — meni ayiķim (mening ayiƣim)

doppa — Rozihanni doppis (Rozihanning doppisi)

tüŋnüķ — əyni tüŋniki (əyning tüngnigi)

torus — əyni torisi (əyning torisi)

«خاقانىيە تىلى»دا ئىسىملاردىن ئىسىملار ياساشتا، ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا ”lig“ قوشۇمچىسى ئۇلانسا، بەزىدە ئورۇن ئىسمىنى، بەزىدە نەرسە قويۇلغان يەرنى بىلدۈرىدۇ؛ بەزىدە مەستەر بولۇپ كېلىدۇ. ئەگەر بۇ ئۈچ خىل ئەھۋالدىن بىرەرسىمۇ بولماي، نەرسىنىڭ ئىگىسى دېگەن مەنىدە كەلسە، ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا «lig (lüg)» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن، «ئەگەتلىك» بولۇپ كەلسە، «كېلىنگە خىزمەت قىلىشقا بېرىلگەن دېدەك» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئەگەر ”lig“ قوشۇلۇپ ”əgtlig“ بولسا، «دېدەكنىڭ ئىگىسى بولغان كېلىن» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ئەزەرلىك ـــ əżərlik» بولسا، «ئۈستىگە ئىگەر قويۇلىدىغان ياغاچ»نى، ئەگەر «əżərlig» بولسا «ئىگەر ئىگىسى» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ətlikkixi» يەنى ”سېمىز كىشى“، ئەگەر ”ətlig kixi“ دېيىلسە، «گۆشكە ئىگە بولغان كىشى» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ”lik/lig“نىڭ قاتتىق شەكلى ”liķ/liƣ“ دۇر. «aqiƣ liƣ küp ـــ ئىچىدە ئېچىتقۇ بولغان كۆپ»، «oqaķliƣ əy ـــ ئوچاقلىغ ئۆي» يەنى «ئوچىقى بار ئۆي»، «uruƣluķ buƣday ـــ ئۇرۇغلۇق قىلىنىدىغان بۇغداي» دېگەندەك.

بۇ خۇسۇسىيەتلەر خوتەن شېۋىسىدە ئەينەن ساقلانغان دېيەلەيمىز بولىدۇ. مەسىلەن:

ətlig — "bizning sikritar bək ətlig"

"əzalimu ətlig bop kaldi"

بۇ يەردە "ئەتلىپ قالدى" دېگەن سۆز "ھال - ئوقەتى ياخشى بولۇپ قالدى" دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان.

ئەدەبىي تىلدا سۈپەتنىڭ ئوخشىتىش قوشۇمچىسى "dək/tək" شەكلىدە كېلىدۇ، خوتەن شېۋىسىدە "dəy/təy" شەكلىدە كېلىدۇ (سۈپەت ۋە سۈپەتداشلارغا قوشۇلىدۇ).

"kəzingiz tam tüxügidəy".

"məttohtahun say kə (l) gəndəy kibdi".

پېئىل كاتېگورىيىسىدە خوتەن شېۋىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

1. بۇيرۇق پېئىلىنىڭ ئىستەك رايى ئەدەبىي تىلدىكىدەك تۈپ پېئىلنىڭ ئاخىرى يېپىق بوغۇم بولسا، ئۇنىڭغا قاراتقۇچى بولىدىغان "y" تاۋۇشى ئارتتۇرۇلماستىن، بەلكى "li" ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

bar – a – li – barali – barili (bar – a – y – li)

kəl – ə – li – kələli – kilili (kəl – ə – y – li)

ئەگەر ئوچۇق بوغۇم بولسا، بىۋاسىتە "li" ئۇلانماستىن ئەدەبىي تىلدىكىدەك بىر "y" تاۋۇشى ئارتتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن:

oku – y – li – okuyli

kara – y – li – karayli

2. «خاقانىيە تىلى»دىكىگە ئوخشاش، خوتەن شېۋىسىدىمۇ پېئىلنىڭ زامان كاتېگورىيىسى ئىككى زامان، يەنى ئۆتكەن زامان ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كەلگۈسى زامان بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ، دېمەك، هازىرقى زامان كاتېگورىيىسى ئېنىق ئەمەس. مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»نىڭ «ھەمزىلىك پېئىللار بۆلۈمى»دە شۇنداق دەيدۇ: «شۇنى بىلگىنكى، ھەر بىر بۆلۈمدە پېئىللارغا توختالغاندا، ئۆتكەن زامان، كەلگۈسى زامان پېئىللىرىنى ۋە مەستەرلەرنى بېرىمەن. لېكىن ئۆتكەن زامان پېئىللىرىنىلا ئىزاھلايمەن، ئەسلىدە كەلگۈسى زامان پېئىللىرىنى ۋە مەستەرلەرنى بەرمىسىمۇ بولاتتى. ئەمما تەلەپپۇز قىلىمىغۇنچە، ئۇلارنىڭ قانداق ياسىلىشىنى ۋە ھەرىكەتلىنىشىنى بىلگىلى بولىمىغانلىقتىن، ئۇلارنى بېرىشكە توغرا كەلدى». «خاقانىيە تىلى»دا ئۆتكەن زامان پېئىلىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە "di"، كەلگۈسى زامان پېئىلىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە "du". پېئىلنىڭ زامان كاتېگورىيىسىدىمۇ خوتەن شېۋىسىدە «خاقانىيە تىلى»نىڭ خۇسۇسىيىتى ساقلانغان. خوتەن شېۋىسىدە سۆزلەپ تۇرغانغا قەدەر—ئۆتكەن زامان، سۆزلىگەندىن تارتىپ كېيىن ۋۇجۇتقا كېلىدىغىنى كەلگۈسى زامان بولىدۇ. هازىرقى زاماننى بىلدۈرمەكچى بولسا، رەۋىشداشتىن كېيىن، كەلگۈسى زاماننى ئاڭلىتىدىغان ياردەمچى پېئىل قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش جەريانىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەدەبىي تىلدا رەۋىشداشتىن كېيىن "yat" قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

kəl–ip–yat–adu — keliwatidu

شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. خوتەن شېۋىسىدە بولسا، رەۋىشداشتىن كېيىن "tur/tuy" ياردەمچى پېئىلىنى قوشۇش بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

ketip tuy (i) tu/kelip tur (i) tu

tirixip okup turtu (tuytu) .

خوتەن شېۋىسىدە كەلگۈسى زامان سۈپەتداش شەكلى "tķan" قوشۇمچىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ "dioqan" دېگەن جاراڭلىق جۈپلۈك شەكلى يوق. بۇ «خاقانىيە تىلى»نىڭ كەلگۈسى زامان سۈپەتداشنى ئاڭلىتىش شەكلىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ. مەسىلەن:

dəy - tķan — dəytķan

ķil - tķan — ķiltķan

barïtķan yə(r) gə ba (r) saķ,

turïtķan yə(r)də tu(r)saķ.

پېئىلنىڭ شەخسلىك زامان قوشۇمچىلىرىمۇ «خاقانىيە تىلى» دىكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. بىرىنچى شەخسنىڭ بىرلىكى dim/dum (تەكىتلەش ياكى تەئەددى قىلىش شەكلى "dam/dəm")، كۆپلۈكى "duķ/dük" (تەكىتلەش ياكى تەئەددى قىلىش شەكلى "daķ/dək").

"bu yə(r)gə əy seb olturubdim"

"ya(r) misini esip ķoydam".

"ixki ķetim əkixibdük, bidə a(l)oqan ḥisap boldaķ".

"sulaoq, ķïl didi, suni baoqlap ķoyap, buyan kiydük".

شۇنىڭدەك ئۆتكەن زامان سۈپەتداشنىڭ مۇكەممەل پۈتكەن تۈرى "oqiliķ/giliķ" ("uoqluķ/üglük، ioqliķ/iklig") قوشۇمچىلىرى بىلەن بىلدۈرۈلىدۇ.

"əylirimizni yiķiwitioqliķ"

"maxina buzlup, bək hapa ķilioqliķ".

www.uyghurkitap.com

"uni ķarangoqu saydin tutup kiliglik".

بۇيرۇق پىئىلغا "oqili/ķili، gili/kili" قوشۇلۇش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان مەقسەت پىئىلى خوتەن شىۋىسىدىمۇ خۇددى «خاقانىيە تىلى»دىكىگە ئوخشاش ھەم ئۆتكەن زامانىنى، ھەم كەلگۈسى زامانىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

"Mən məslə(ḩə)xkili kə (l)gən"

"Uning pulisilini birip bo(l)oqili üq ay boldi"

"Ooqrilini Puxioqa, Metizoqa təkkili ķopaptu•dəbdi, mən: Tax–tohmaķ əb, aoqzini ətkili bayitmiz, didim".

"Baldiķi zamanda, birənimə az bolap ķa(l)sa, dooqila(r) u(r)oqili turitdi."

"Oynioqil bomaytu."

پىئىل دەرىجىلىرىنىڭ ئىنىقلىقى «خاقانىيە تىلى»نىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ خۇسۇسىيەتمۇ خوتەن شىۋىسىدە ئەينەن دىگۈدەك ساقلانغان. ئەدەبىي تىلدا بولسا ئۇزاق زامانلىق تەرەققىيات نەتىجىسىدە ئۆزلۈك دەرىجە بىلەن مەجبۇرىي دەرىجىنىڭ ئارىلاش كېلىش ئەھۋالى پەيدا بولغان. خوتەن شىۋىسىدە بۇ ئىككى دەرىجە «خاقانىيە تىلى»دىكىدەك ئايرىم قوشۇمچىلىرى بىلەن بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى بىر كىشى ئۆزى قىلسا، "ip"، بىر كىشىگە قىلدۇرسا، "tip"، ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق كىشى بىللە قىلغان بولسا، "xip"، كىمنىڭ قىلغانلىقى نامەلۇم بولسا، "lip" قوشۇلىدۇ. مەسىلەن، «دىۋان»دا "iqdi" (ئۆزى)، "iqtürdi" (بىركىمگە) — «ol maŋa su iqtürdi»،

ئارىسىدا ئىگە ئىككى ھەرىكەتنىڭ-ئىش) بار شەكىللىرى “iqixdi”
بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل ئۆملۈك دەرىجە «maniŋ birlə»
دېگەن سۆز بىلەن كەلسە، «بەسلىشىش» ئۇقۇمىنى، «ماڭا»دېگەن سۆز
بىلەن كەلسە، «ياردەملىشىش» ئۇقۇمىنى بىرىدۇ). ئۆتكەن زامان
پېئىلغا ”l“ ھەرپى قوشۇلسا، بۇ پېئىل مەجھۇل پېئىلغا ئايلىنىدۇ
(«دىۋان»). مەسىلەن: — “iqildi” (مەجھۇل)، “iqdi” — ḥəpdi
əpdi, ḥəplətti — əpütdi, ḥəpləndi — əpüldi, ḥəpləxti
— əpüxdi· خوتەن شېۋىسىدە “yiḳti”، “yiḳip” (ئۆزى·)

“Üq ixiklik əy, ikki ixiklik eqil-samanliḳni Dəlita—
hun yiḳip əkixkətkən”

“yiturdi” (مەجبۇرى)

“Naḥiyidin tüxkən ḳadi(r) üstidə ḳarap turup,
yiḳtu(r) di·”

“yiḳixti” (yiḳixip) (ئۆملۈك)

“Kəqməkqidük ·əzala(r) əyni yiḳixip bə(r) di·”

”yiḳildi“ (مەجھۇل ”يىقىلدى“)

“Tudahunning əyi ḳaqan yiḳilip kəttiki?”

خوتەن شېۋىسىدە «خاقانىيە تىلى»دىكىدەك سۆپەتداشنىڭ ناھايىتى كەڭ ئىشلىتىلىدىغان بىر تۈرى بار. مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»دا مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «خەۋەر قىلىنماقچى بولغان بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى ئىشلەش ئىشلىگۈچىنىڭ بۇرچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆپەتداش بولۇپ، بۇ سۆپەتداش ئىشلىگۈچىنىڭ شۇ ئىش-ھەرىكەتنى قىلىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق سۆپەتداش پېئىلنىڭ بۇيرۇق شەكلى ئاساسىدا ياسىلىدۇ...»تەركىبىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

"k" كەلگەن ياكى قاتتىق ئېيتىلىدىغان سۆزلەردە "oquluk" قوشۇلىدۇ؛ يۇمشاق سۆزلەردە بۇ قوشۇمچىدىكى "oq" ھەرپىنىڭ ئورنىغا "g"، "k" ھەرپىنىڭ ئورنىغا "k" قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، "bar"دېگەن پېئىلدىن ئىشلەش ئىشلىگۈچىنىڭ ھەققى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولساق، "ol baroquluk ərdi" — ئۇنىڭ بېرىشى كېرەك ئىدى ياكى ئۇ بارماقچى بولدى"دېگەن بولىدۇ ۋە باشقىلار.

بۇيرۇق پېئىلغا "oquluk/kuluk" ياكى "gülük/külük" قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىش بىلەن «دىۋان»دا ئېيتىلغاندەك مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆپەتداشلار خوتەن شېۋىسىدە ئىزچىل سۈرەتتە كەڭ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

"Suni qíngkab kob bəməy, yamritip kob bəgülük."

"kilitkan ixni kiloquluk".

"Uni yigülük əmæsti."

"kiqkaoqandin-kin kəgülük" (kəlgülükidi)

"Biring digəndin-kin baoquluk."

بۇلاردىن باشقا يەنە دەرىجە سان، ئالماش، رەۋىشلەردىمۇ خوتەن شېۋىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرى بار، بۇلاردىن بەزىلىرىدە «خاقانىيە تىلى»نىڭ ئەنئەنىسى ساقلانغان.

ئەمدى، لېكسىكا توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىمىز:

ئومۇمەن «خوتەن تىلى» ھەققىدە سۆز بولغاندا، "خوتەن تىلىدا ئىران ـ ھىندى ئامىللىرى كۆپ" دېيىلىدۇ. بۇ بىر خىل پەرەز بولسا كېرەك. دەرۋەقە، خوتەن ۋىلايىتىدىكى بەزى چوڭراق يەر ناملىرىدا "ما ـ ما"، "يا" دېگەندەك بوغۇملار بىلەن ئاياغلاشقان ناملار (پىشانما ـ پىيالما ـ پىشەن، قۇستانا، كىرانا، نىريانا، چالمىچانا،

كىرۇرانا، زامگۇيا، ھامگۇيا ۋ. ب) ناھايىتى قەدىمكى ناملاردۇر. بۇنىڭدىن قارىغاندا، خوتەندە ھىندى-ئىران ئاملىرىمۇ بار. لېكىن خوتەن رايونلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك يەر ناملىرى، بولۇپمۇ يېزا-تاغ رايونلىرىنىڭ ناملىرى خوتەن شېۋىسى بويىچە نوقۇل «تۈركىي تىل» بىلەن ئاتالغان. شۇنداقلا، «خاقانىيە تىلى»نىڭ لېكسىكىسى ئەدەبىي تىلدىكىگە قارىغاندا، خوتەن شېۋىسىدە كۆپرەك ئەينەن ياكى ئاساسەن ساقلانغان. بۇنىڭغا بەزى مىساللارنى كەلتۈرەيلى:

| «دىۋان»دا: | خوتەن شېۋىسىدە: |
|---|---|
| aran | aran(ئېغىل) |
| aƣmaⱪ(aƣdi, iqiⱪti: ol taƣⱪa aƣdi) | aƣmaⱪ (dawanƣa aƣduⱪ, bulut aƣdi) |
| altin (astin) | altin (bosuƣining altiniƣa kəməglik) |
| alaqu (alaquⱪ, kəpə) | alqu |
| ayaⱪ (ⱪaqa) | ayaⱪ(qinayaⱪ, yiƣaq ayaⱪ) |
| aviqƣa (ⱪeri) | obuxⱪa |
| ərŋək (barmaⱪ ⱪol) | ə-nək (bax ənək) |
| ərütti (yaƣ eritti) | ɵrütti(yaƣ ɵrüp ⱪoydi) |
| əvdi | ɵydi(oƣlamdin bək ɵydəm). |
| əgrim(su yiƣilƣan yər, azgal) | əgrüm, (su əgüp, yiƣilip aⱪⱪan yər) |
| isrim-isrim kixi(ⱪapiƣi-türük kixi) | üxrüm (ⱪapiⱪini üxrüp turitⱪan kixi |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| uq (oq) | oj (azoqanoqa ohxaydioqan əsümlük) |
| otaqi(tewip) | otiqi(mal dohturi) |
| otaoq | otaoq(baoq–otaoqla bək bələn) |
| omay(əx, həmra) | omay(kala-koyning omiyi) |
| oluk | olak(mal suoqurtkan oku(r) dəy nə(r)sə) |
| uz:uz ki[illegible] [illegible]ahir kixi) | uz(qiraylik) |
| ulas(üləs)kəz(humar kəz) | üləs kəz (sümə tatiloqan kəzdəy, kizlaning uz kəzi) |
| uq(bir nərsining ahiri) | uq(kəntning a uqi) |
| ukruk(salma) | oku(r)oqa(kotazni qakidioqan qakku) |
| ulduk(takisiz at) | uldak(at uldap kaptu) |
| uoq | uoq(ak əyning tüngnügini tirəp turitkan kowuoqa yioqaq) |
| əqəx(ol məniŋ birlə əqəxti) | əqəx(mən bilən əqəxməng) |
| əzi(ikki taoq arisidiki yol) | əzə |
| üżik(kəyük, ixk–həwəs) | üdük (üdükləp kabtu) |
| ügi(ər buoqdayni ügidi) | ügü(ügi)(konakni sü(r)midə ügidük) |
| uruŋ (ak) | [illegible] un(yuruŋ) |
| tuxaoq | tuxaoq(atni tuxaytkan) |
| tütün | tütün (mora tütün bolap |

| | |
|---|---|
| | kəbdu) |
| tartïoq(tartïoqqi) | ta(r) tioq (hə(r) yilda biy Niyiz hekim bəkkə tatïoq apritkan) |
| tavran(tarlanoqan yip) | ta–lan(talanoqan yip) |
| tum(sooquk) | tum–sooquk |
| qumoquk(kaoqa tipidiki bir kux) | qumoquk (a qumoqukni koriwitinga) |
| sooqut(ketik pixlioqi) | sooqat(ketikni pixip, yeoqini süzüwilip, ka(l)oqan ayranni kaynatsa sooqat buttu). |
| sibüt(əsümlük) | yumoqak süpüt |
| xabuk, xap(tez) | xap |
| kawuk | (مالنىڭكىنى قوۋۇق دەيدۇ، ئادەمنىڭكىنى دوۋسۇن) kowuk |
| kuz(tərskəy) | kuz(taoqning kün qüxməytkan təripi) |
| kooqux | kooqux(tügmənning su tüxitkan nosi) |
| kəkən(kəgən)(seoqix waktida mozay yaki ooqlakni baoqlaydioqan aoqamqa) | kəkən (biy kanqə koy–kozini biy yə(r) gə baoqlaytkan aoqamqi). |
| kəsik(yepinqa, pərdə) | küxük (yoxurnitkan jay, "küxük əməs-ya, axkara-ya") |

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

| | |
|---|---|
| küvük(pahal) | küwük (pahalda saloqan katək) |
| maloqun (yuloqun tipidiki əsümlük) | maloqun(yuloqunoqa ohxap ketittu) |

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن تىل پاكىتلىرىدىن قارىغاندا، 11 — 13 ـ ئەسىرلەردىكى «خاقانىيە تىلى»نىڭ ئورغۇنلىغان ئۆزگىچىلىكلىرى خوتەننىڭ جانلىق تىلىدا ساقلىنىپ كەلگەن. بولۇپمۇ گراماتىكا ۋە لېكسىكا جەھەتتە، ھازىرقى خوتەن شېۋىسى ئارقىلىق «خاقانىيە تىلى»نىڭ جانلىق ئەمەلىيىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

گراماتىكا — تەگىنىڭ تەسىرى ئەڭ ئېنىق ئىپادىلىنىدىغان ساھە. ياۋروپا تىلشۇناسلىرىدىن ئا. ھ. سەيىس: «گراماتىكا شەكلى خەلقنىڭ ئەقلىي تۇرمۇشى ۋە تارىخىنىڭ ئىپادىسى، شۇڭا، ئۇ ئاشۇ تارىخنىڭ ھەممە يەكۈنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دەيدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىش جەريانىنى تەتقىق قىلىشتا خوتەن شېۋىسى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى قولغا ئېلىش تىلشۇناسلىقتا جىددىي ۋەزىپىلەردىن بىرى.

1980 ـ يىل ئۆكتەبىر.

# مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئارتۇچ

تۇران تۇزلەڭلىكىدە ۋە تارىم ئويمانلىقىدا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ياشاپ، تارىختا ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ياراتقان ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئاسىيادا خېلى چوڭ رول ئوينىغان ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن مەشھۇر زاتلار مەيدانىغا كەلگەندى. خەلقىمىزنىڭ ئىپتىخارى بولغان ئاشۇنداق ئۇلۇغ زاتلارنىڭ بىرى — مەھمۇت قەشقەرى.

ئۇلۇغ ئالىم ۋاپات بولۇپ، تەخمىنەن 900 يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىدا نادىر ھېسابلىنىدىغان ئۆلمەس ئەسىرىگە بىز — ھەقلىق ۋارىسلىرى ئەمدى ئىگىدارچىلىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق. بۇ ئىمكانىيەت "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ فاشىستلىق دىكتاتۇرىسى پاچاقلانغاندىن كېيىن يارىتىلدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نىشان - سىياسەتلەر بويىچە، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىلىم - پەن ساھەسىدە يۈكسىلىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان كۆمۈلۈپ قالغان مەدەنىيەت - سەنئەت بايلىقلىرى ۋە ئەنئەنىلىرى يېڭىدىن گۈللىنىشكە يۈزلەندى. جۈملىدىن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئائىلىسىنىڭ تەڭ ھوقۇقلۇق ئەزاسى بولغان ئۇيغۇر خەلقمۇ پەن - مەدەنىيەتتە يۈكسىلىشكە ئۈمتۈلدى. ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى كۈچ -

لىرىمىزنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن، مەھمۇت قەشقەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئالىم ـ مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتچىلىق روھى مەدەت بەرمەكتە.

مەھمۇت قەشقەرى ـــ قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادى راۋاجلانـ- غان ۋە مەدەنىيىتى گۈللەنگەن زاماندا ئۆتكەن ئالىم. قاراخانىلار 9 ـ ئەسىردىن 12 ـ ئەسىرگىچە قەشقەر ۋە بالاساغۇننى قوش پايتەخت قىلغان خانلىق.

ئۇيغۇرلارنىڭ قۇدبالىق (قارا بالغاسۇن)نى سىياسىي مەركەز قىلغان قاغانلىقى مىلادى 840 ـ يىلى تۈرلۈك ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن يىمىرىلىدى. ئىچكى توققۇز قەبىلە ۋە تاشقى توققۇز قەبىلىدىن تەركىب تاپقان ئۇيغۇر ئۇلۇسى تەرەپ- تەرەپكە پارچىلىنىپ كەتتى. شۇلارنىڭ چوڭ بىر بۆلىكى تۇرپان ئويمانلىقىدا ئىدىقۇت خانلىقىنى تەشكىل قىلدى. بۇنىڭ چېگرىسى شەرقتە دۇنخۇاڭدىن غەربتە كۇچاغىچە، شىمالدا قوبۇقساردىن جەنۇبتا چەرچەنگىچە سوزۇلغانىدى. يەنە بىر چوڭ بۆلىكى بالدۇرقى قاغانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىغا كۆچۈپ بېرىپ، قاراخانىلار دۆلىتىنى قۇردى. دەرۋەقە، بۇ خانلىقنىڭ ئاساسى دەسلەپتە ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى توققۇز قەبىلىرىدىن بولغان قارلۇق ۋە ياغمىلار يەنى قاغانلىقنىڭ غەربىي يابغۇلۇقى تەرىپىدىن قۇرۇلغانىدى. پان تېكىن ۋە يۇغرۇش (ۋەزىر)سارچىق باشچىلىقىدا يەتتە سۇ رايونىغا كەلگەن ئىچكى توققۇز ئۇيغۇرلار بۇ خانلىقنى قاي- تىدىن تەشكىللىدى. ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان ئەنئەنىۋى ئۇنۋان ”بىلگە قادىرخان“نى ۋە ”ئۇلۇغ“، ”كەڭ“، ”كۈنپېتىش تەرەپ“ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ”قارا“ سۆزىنى خانلىقنىڭ

قوشۇمچە نامى قىلىپ قوللاندى. بۇنىڭ كەينىدىن نازىر قاغان تەختكە ئولتۇردى.

قاراخانىلار تەۋەسىدە، ئۇ چاغلاردا ئىسلام دىنى رەسمىي دىن ئەمەس ئىدى. ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى بۇددا، مانى دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلاتتى؛ شۇنىڭدەك ئاھالە ئارىسىدا ئىسلام دىنىمۇ يوشۇرۇن تارقىلىۋاتاتتى. قاراخانىلارنىڭ بۇ زاماندىكى ھۆكۈمرانلىرىمۇ خۇددى ئىدىقۇت خانلىرىدەك، بۇددا دىنىنىڭ قەتئىي ھىمايىچىلىرى ئىدى. ئەرەب ئۇممەۋى ۋە ئابباس خەلىپىلىكلىرىنىڭ كۈچلىرى ئۇ زامانلاردا پەرغانىدىن شەرققە ئۆتەلمىگەنىدى. پەرغانىنىڭ شەرقىدىكى تۈركىي خەلقلەرنى قورال كۈچى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا «ياخشى سۆز تاشنى يارار» دېگەن ماقالدا ئېيتىلغاندەك، تەشۋىق-تەرغىب رول ئوينىغان ئىدى. سامانىلار پادىشاھلىقىنىڭ ھاكىمىيەتتىن چەتلەشكەن شاھزادىسى ئەبۇ نەسىر سامانى پىدايى بولۇپ، قەشقەر رايونىدا، ئاۋۋال خان جەمەتى ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى تەرغىب قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قاراخانىلارنىڭ خانزادىلىرىدىن (ۋەلى ئەھد) ئابدۇلكېرىم ساتۇق بۇغراخان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، مىلادى 932-يىلىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى ۋە خاقانىيىدە رەسمىي دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىدى(ساتۇق بۇغراخان مىلادى 955-يىلى ۋاپات بولدۇ). ئەبۇ نەسىر سامانى بىلەن ساتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىلىرى ھازىرقى ئاتۇشنىڭ "مەشھەد" يېزىسىدا.

ساتۇق بۇغراخاندىن كېيىن تەختكە ئولتۇرغان مۇسا بايتاش ۋە سۇلايمان بۇغراخانلار زامانىسىدا ئىسلام دىنى «خاقانىيە» ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمال رايونى بولغان يەتتە سۇ تەرەپكە قاراپ تارقىلدۇ.

960 ــ 961 ـ يىللىرى بالاساغۇنغا ئىسلام دىنى كىردى. سۇلايمان بۇغراخاندىن كېيىن ھارۇن ئىبنى ھەسەن بۇغراخانلار تاكى 992 ـ يىلى ۋاپات قىلغىنىغا قەدەر ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

بۇددا دىنىنىڭ مۇھىم بازىسى ھېسابلانغان خوتەننىڭ ھۆكۈمدارى ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ۋە تۈبۈت لامالىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىسلامغا قارشى جەڭ باشلايدۇ. تەزكىرىلەردە «قىرىق يىل داۋام قىلدى» دېيىلگەن بۇ دىنىي مۇجادىلە 969 ـ يىلدىن باشلاپ 27 يىل داۋام قىلىپ، 996 ـ يىلى قاراخانىلاردىن يۈسۈپ قادىرخان ياركەنت ۋە خوتەننى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى شەرقىي جەنۇبتا جەرچەنگىچە تارقىلدى ۋە كۇچاغىچە يېتىپ باردى. ھەتتا تەسىرى تۇرپان تەرەپلەرگىمۇ ئۆتتى.

يۈسۈپ قادىرخان (1032 ـ يىلى ۋاپات بولغان) خانلىقىنىڭ غەربتە بۇخارادىن تارتىپ، شەرقتە بۇگۈرگىچە، شىمالدا قوبۇقساردىن تارتىپ جەنۇبتا ئاقساي ۋە غەربىي جەنۇبتا ئامۇ دەريا بويلىرىغىچە سوزۇلغان كەڭ تېررىتورىيىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە خانلىقنىڭ بىرلىكىنى قوغداش يولىدا كۆپ كۈچ چىقىردى.

1047 ـ يىلى خانلىق بىرقانچە ئىلىك خانلىققا بۆلۈندى. ئىلىك خانلىق ھەربىي فېئودال سۇيۇرغاللىق تۈزۈم ئىدى. مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ئوغۇللىرى ئوتتۇرىسىدا ھاكىمىيەت تالىشى يۈز بېرىپ، ئوردىدا قىرغىنچىلىق بولدى، ئاخىر 1056 ـ يىلدىن كېيىن، ھەسەن ئىبنى ئارسلانخان (تولۇق نامى ۋە ئۇنۋانى: خاقان تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبنى ئارسلانخان) تەختكە ئولتۇرۇپ، 1103 ـ يىلى ۋاپات بولدى. ھەسەن بۇغراخان مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنى ھىمايە قىلىدىغان،

بىلىم ـ ھۈنەر ئەھلىنى قەدىرلەيدىغان، ئىلىم ـ مەرىپەتنى تەشەببۇس قىلىدىغان زات ئىدى. شۇڭا، ئۇ زاتنى تارىخچىلار تۈركىي خەلقلەر ـ نىڭ «ھارۇن رەشىدى»، «كارولوس ماگنوسى»دەپ تەرىپلەيدۇ. ئۇنىڭ زامانىسىدا قەشقەر قايتىدىن مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلىنىدۇ، بىلىم يۇرتلىرى راۋاج تاپىدۇ، مەسىلەن: مەدرىسە «ساجىيە»دەك يۇقىرى بىلىم ئورنى گۈللىنىدۇ. مەشھۇر ئالىملار، ئەدىبلەر يېتىشىپ چىقىدۇ، داڭلىق ئەسەرلەر يارىتىلىدۇ. مەسىلەن: ھىجرى 462 ـ (مىلادى 1069 ـ )يىلى يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى يېزىپ چىقىپ، سۇلايمان ئارسلانخان ئوغلى خاقان تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەنبەگە سۇنىدۇ، مەھمۇت ئىبنى ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەتمۇ شۇ زامانىدا چوڭ ئىلمىي ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1072 ــ 1074 ـ يىللىرى «دىۋانو لۇغاتت تۈرك» («تۈركىي تىللار دىۋانى»)نى تەسنىپ قىلىدۇ، ئىمام ئابدۇلفەتتاھ ئابدۇلغاپپار ئىبنى ھۈسەيىن ئەل ئەلمائى (1092 ـ يىلى ۋاپات بولغان) «تارىخىي كاشغەر»نى يېزىپ چىقىدۇ ۋە باشقىلار.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئەسەرى بىلەن قاراخانىلارنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى.

ئۇلۇغ ئالىمنىڭ تەرجىمھالى ھەققىدە شۇ كەمگىچە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولالمىدۇق؛ پەقەت ئۇنىڭ نادىر ئەسىرى بولغان «دىۋانۇ لۇغاتت تۈرك»تە ئۇچرىغان بەزى ئىبارىلەر بويىچە، ئالىمنىڭ يۇرتى ۋە ھاياتى ھەققىدە بەزى چۈشەنچىلەرنى ھاسىل قىلدۇق.

مەھمۇتنىڭ چوڭ بوۋىسى مۇھەممەت بارسغانلىقتۇر، دادىسى ھۈسەيىنمۇ بارسغانلىق بولۇپ، تەخمىنەن 11 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەخت ۋارىسى سۈيپىتىدە قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەن. مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»دا «بارسغان» شەھىرى ھەققىدە تەبىر بەرگىنىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بارسغان ـــ ئەفراسىياپ ئوغلىنىڭ ئىسمى، بارسغان شەھىرىنى شۇ سالدۇرغان. مەھمۇتنىڭ ئاتىسى شۇ شەھەردىن»①، دېمەك مەھمۇت قەشقەردە تۇغۇلغان.

قەشقەرنىڭ قايسى يۇرتىدا تۇغۇلغان؟ بۇ ھەقتە پەقەت ئالىمنىڭ ئۆز ئەسىرىدىن بەزى ئاساسلارنى تېپىش مۇمكىن. مەھمۇت قەشقەرى ئۈچ جىلدلىق قامۇس كىتابىغا پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر دىيارىدىكى ئەڭ مەشھۇر يەر ـ سۇ ناملىرىدىن تەخمىنەن 166نى قەيت قىلغان. بۇنىڭ بەشتىن بىر قىسمى پەقەت قەشقەر رايونىدىكى مۇھىم يەر ـ سۇ ناملىرىدۇر، بۇ ناملاردىن بەزىلىرى تېخى مىسال ۋە ئەسلەتمىلەر تەرزىدە كۆپ جايدا تەكرارلانغان. مەسىلەن «كاشغەر» دېگەن نام 17 يەردە قەيت قىلىنغان. دېمەك مەھمۇتنىڭ قەشقەرنى بەش قولدەك بىلىدىغانلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم.

قەشقەر تەۋەسىدىكى ناملار ئارىسىدا، ئالغۇق، ئالۇش، ئارتۇچ، ئازىغ، باغرام قوم، بارچۇق، بارخان، قاشقا بۇغرا، قىفچاق، قىزىل (دەريا)، قىزىل ئۆز (قىزىل ئۆي ئۇلۇغچاتتا)، كۆرۈك كۆل، مەنكەنت (مەكىت)، ئوپال، تازغۇن، سىغۇن سامۇر، سۇۋلاغ، تۈمەن (تۈمەن دەرياسى)، تورىغ ئارت تىز (تورغات)، تىزەك تىز (تىجەن)، يابا قاسۇۋى، ياركەنت ۋە باشقىلار ئۇچرايدۇ.

بۇ ناملارغا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بەرگەن ئىزاھلىرى ئالاھىدە

---

① «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (فاكسىمىل) III جىلد 625 ـ بەت.

ئەھمىيەتكە ئىگە؛ بولۇپمۇ «ئازىغ» بىلەن «ئوپال» يېزىلىرىنى ئىزاھ-لىغاندا، باشقا جايلارنىڭ ناملىرىغا بەرگەن تەبىرىدىن پەرقلەندۈر-گەن. مەسىلەن: »ئازىغ — بىزنىڭ يېزىنىڭ نامى»، «ئوپال — بىزنىڭ يېزىنىڭ نامى»دەپ ئېنىق يازغان، لېكىن باشقا ناملاردا مۇنداق دېمىگەن. «ئالغۇق — قەشقەردە بىر يېزا نامى»، «باغرام قۇم — قەشقەر بىلەن ياركەنت ئارىسىدىكى قۇملۇقنىڭ نامى»، «قىفچاق — قەشقەر يېنىدىكى بىر يەر نامى»؛ «قىزىل ئۆز — قەشقەر رايونىدا بىر قىشلاق»، «مەنكەنت — قەشقەر يېنىدا بىر شەھەر»؛ «تۈمەن — قەشقەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتىدىغان دەريا»؛ «توقۇرقا — قەشقەر يايلاقلىرىدىن بىرىنىڭ نامى».

دېمەك، «ئازىغ» بىلەن «ئوپال»نىڭ تەبىرىدە «بىزنىڭ» دېگەن ئىگىلىك كېلىش بىلەن «بىزنىڭ يېزا»دېگەن ئېنىقلىغۇچى ئىبارىنى ئىشلەتكەن. مەھمۇت قەشقەرىنى ئوپالنىڭ «ئازىغ»كەنتىدە تۇغۇلغان، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

قەشقەر ئاھالىسى ھەر يىلى ئۇدۇم بويىچە تاۋاپ قىلىدىغان ئورۇنلار (ئوردىخان پاشايىم، ھەزرەت سۇلتان، ھەزرەت موللام مازارلىرى)دىن ئوپالدىكى ھەزرىتى موللام مازارىنى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرى دەپ قىياس قىلىش مۇمكىن. مەھمۇت قەشقەرى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى ئوپالدا ئۆتكۈزگەن دەپ تەخمىن قىلساق خاتا بولماس. ئۇ زامانلاردا، ئوپال — قەشقەرنىڭ گۈزەل يايلاقلىرىدىن بولۇپ، مۇھىم سەيلىگاھ ئىدى. تارىخچىلار ۋە ئارخېئولوگلارنىڭ مۇلاھىزىلىرى بويىچە، قارا خانىلارنىڭ ئوردىسى تۈمەننىڭ شەرقىدە، ھازىرقى «بەشكېرەم» بىلەن «مەشھەت» ئارىلىقىدىكى تۆپىلىككە جايلاشقان، «مەشھەت — شاھادەت تاپقانلار ياتقان جاي،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ياكى ھوزۇرلۇق جاي»دېمەكتۇر.

مەھـمۇت قەشـقەرىنىڭ قاچان تۇغۇلغانلىقى ۋە قانچىلىك ئۆمۈر كۆرگەنلىكى ھەققىدىمۇ ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسـمىز، يەنىلا ئۆزىنىڭ كىتابىدىـكى ئىشـارەتـلەرگە تايانـماي بولمايـدۇ. بۇنىڭغا مۇنداق ئىككى ئاساس بار:

بىرىنچى، «دىۋان»نىڭ III جىلدىدا، ياباقۇلارنىڭ پادىشاھى «بۆكەبۇد رەچ» بىلەن بولغان جەڭ ھەقـقىـدە بايان قىلىنغىنىدا، ئارسلان تېگىن غازىنىڭ قىرىق مىڭ ئەسكەر بىلەن ياباقۇلارنىڭ يەتتە يۈز مىڭ ئەسكىرىگە قارشى چىققانلىقىنى، مەھمۇت قەشقەرى شۇ جەڭگە قاتناشقانلاردىن جەڭدە قانداق قىلىپ ئاز كۆچ بىلەنمۇ يېڭىپ چىققانلىقىنى سورىغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان «ئارسلان تېگىن غازى»ئېھتىمال ھىجرى 408 ـ (مىلادى 1017 ـ )يىلى بۇرادىـرى تۇغان خانـىنىڭ ۋاپاتـىدىن كېيىـن تەختكە ئولـتۇرغان «ئەبۇل مۇزەپپەر شەرەفىد دولە» ئۇنۋانىدىـكى ئارسلانـخان بولسا كېرەك. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يەنە ئۆز ئەسىرىدە "تۈرك يۇرتلىرىنى سامانى ئوغۇللىرىدىن قايتۇرۇپ ئالغان بوۋىمىز" دەپ قەيت قىلغىنى بويىچە، بۇ زات ــ مەھمۇتنىڭ ئۆز بوۋىسى مۇھەممەتنىڭ قېرىندىشى، يەنى ئەبۇ نەسىر ئەھمەت ئىبنى ئەلى ئىلىـك خان بولسا كېرەك. بۇ كىشى ھىجرى 383 ـ (مىلادى 992 ـ )يىلى ۋاپات بولغان بۇرادىرى ھارۇن بۇغراخاندىن كېيىن تەختكە ئولـتۇرۇپ، ھـىجرى 403 ـ (مىلادى 1012 ـ )يىلى ۋاپات بولغان.

ئىلىك ناسىر ئىبنى ئەلى 999 ـ يىلى بۇخارانى قولغا كەلتۈرگەن ۋە سامانى ئوغۇللىرىنىڭ سەلتەنەتىگە خاتىمە بەرگەن.

ئىككىنچى، مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»نىڭ بىرىنچى نۇسخىسىنى

ھىجرى 464 ــ 466 ـ (مىلادى 1072 ــ 1074 ـ ) يىللىرى يېزىپ تەھرىرلەپ بولۇپ، ھىجرى 467 ـ (مىلادى 1075 ـ )يىلى قايتا تولۇقلاپ چىققان؛ ھىجرى 467 ـ (مىلادى 1075 ـ )يىلى ۋاپات بولغان خەلىپە قائىم بىئەمرۇللانىڭ ئورنىغا خەلىپە بولغان (يەنى قائىم بىئەمرۇللانىڭ نەۋرىسى) ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىللاغا ئارمىغان قىلغان. شۇنىڭدەك «دىۋان»نىڭ III جىلدىدا «بۇ كىتاب ئۆمرۈمنى ئاخىرىغا يەتكۈزدى» دېگەن جۈملىگە قارىغاندا، مەھمۇت قەشقەرى مىلادى 1075 ـ يىلى «دىۋان»نى پۈتكۈزۈپ، 27 ـ خەلىپىگە سۇنغان ۋاقتىدا، خېلىلا ياشىنىپ قالغان بولسا كېرەك.

يۇقىرىدىكى ئاساسلار بويىچە، مەھمۇت قەشقەرىنى 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنياغا كېلىپ، ئاخىرلىرىدا ۋاپات بولغان، دەپ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ.

مەھمۇت قەشقەرى ئۆز يۇرتى بولغان قەشقەرنى «قىزىل دەريا» دېگەن سۆزلەر مۇناسىۋىتى بىلەن ئالاھىدە بىر كۈپلېت شېئىر كەلتۈرۈپ مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

«قىزىل سارىغ ئارقاشىپ،
يىپكىن ياشىل يۈز كەشىپ،
بىر ـ بىر كەرۇ يورگەشىپ،
يالىڭۇق ئانى تاڭلاشۇر»

مەنىسى:

قىزىل ـ سېرىق (چېچەكلەر)بىر بىرىگە يۆلىنىپ،
يېشىل رەيھانلار (باش)كۆتۈرۈپ،
بىر ـ بىرىگە يۆرگىشىپ (تۇرماقتا)،
ئىنسان ئۇنىڭغا تاڭ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ھەقـقەتەن، قەشـقەردىكى قىزىل سۆيـمىنىڭ بويلىرى گۈل-گۈلىستان، باغ-ۋاراندۇر.

900 يىلدىن كېيىنمۇ ئەمگەكچان ئۇيغۇر دېھقانلىرى «قەشقەرىيە»دىكى قىزىل ۋادىسىنى ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بىلەن خۇددى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئەسىرىدە كەلتۈرگەن قوشاقتا تەسۋىرلەنگىنىدەك گۈللىتىپ كەلمەكتە.

«ئارتۇچ» (ھازىرقى «ئاتۇش»)مۇ ئەنە شۇ «قەشقەرىيە»دە ئۆزىنىڭ مەشھۇر مازىرى ۋە ئەنجۇر بازىرى بىلەن تونۇلغان سايلىق يۇرتتۇر.

"ئاتۇشنىڭ يېرى تاشلىق،
تاشلىقتا بولار ئاشلىق."

... ... ... ... ...

ئاتۇش ئاھاڭغا سىلىنغان بۇ خەلق قوشىقى، راستىنلا، ئاتۇشنىڭ ئومۇمىي يەر شارائىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

«تەنكە تاغ»دىن ئاغۇ(ئەسلى «ئارغۇ-يەنى ئىككى تاغ ئارىسى») ئارقىلىق كېلىدىغان سۇ (كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە «قىران» سۈيى) بوغازدىن چىقىپ، ئۈچ ساي بولۇپ ئاقىدۇ. بۇ ئۈچ ساي «پاچاق ساي» (پاچاق — «پالچىق» ياكى «پارچۇق»)، ئازاق ساي، تىجەن ساي دەپ ئاتىلىدۇ.

«دىۋان»دا قەيت قىلىنغان قەشقەرنىڭ يەر ناملىرى ئارىسىدا «تىزەك تىز — بىر يايلاق نامى»① ئۇچرايدۇ. يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن، تىلدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە «تىزەك»

---

① «دىۋان» (فاكسىمىل) III جىلد، 416-بەت.

بارا-بارا «تىجەن» بولۇپ كەتكەن. «تىز» ئىگىزلىك دېمەكتۇر.

ئەنە شۇنداق سايلىقتا جايلاشقان بۇ يۇرتنى ئاۋات قىلىش ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي ئاتا-بوۋىلىرى ئۇنلاپ ئەسىرلەردىن بۇيان نۇرغۇن تەر تۆككەن؛ ئەمگەكچان، ئىجادچان خەلقىمىزنىڭ تۆككەن ھەر بىر تامچە تېرى بىلەن ھەر دانە تاش تۈۋىدىن يۈز دانىلاپ ئاشلىق ۋە ئون دانىلاپ ئەنجۈر ھاسىل بولغان دېسەك مۇبالىغە قىلغان بولماسمىز.

ئاتۇشنىڭ خاس تارىخى توغرىسىدا، خاھى يازما تارىخ ياكى تەزكىرە-بايانلاردا بولسۇن، تېخىچە ئېنىق مەلۇمات تېپىلمىدى. لېكىن قەشقەرنىڭ 2500 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە شەھەر ئىكەنلىكىنى تارىخىي يازما دەلىللەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار ئىسپاتلىماقتا. قەشقەرنىڭ قاراخانىلار دەۋرىدىكى پايتەخت بولغان تارىخىنىڭ مىڭ يىلدىن ئاشقانلىقى بويىچە ھېسابلىغاندىمۇ، ئاتۇشنىڭ ئاۋات بولۇش تارىخى مىڭ يىلدىن ئاشىدۇ.

«ئاتۇش» دېگەن نام توغرىسىدا خېلى كۆپ سۈرۈشتۈردۈم. ئەل ئارىسىدا ھەر خىل چۈشەنچە-تەبىرلەر بار ئىكەن، بۇلاردىن مەن قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب تاپالمىغانىدىم. مانا ئەمدى، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋان»ىدىن بۇ توغرىدا ئېنىق جاۋاب تاپتىم. مەھمۇت قەشقەرى مانا مۇنداق دەپ يازغان:

"ارتچ — ئارتۇچ دەرىخىدۇر، كاشغەردە، ئارتۇچ ناملىق ئىككى يۇرت بار"①.

«تاغ ئارتۇچلاندى» ② (تاغ ئارتۇچ دەرەخلىرى بىلەن

① «دىۋان» (فاكسىمىل) I-جىلد، 60-بەت.

② «دىۋان» (فاكسىمىل) I-جىلد، 157-بەت.

قاپلاندى).

دېمەك، بۇ يۇرتنىڭ نامى دەرەخنىڭ ئىسمىدىن ئېلىنغانىكەن؛ ئاندىن، مەھمۇت قەشقەرى زامانىسىدىمۇ «ئارتۇچ ناملىق ئىككى يۇرت بار» بولۇپ، ھازىرمۇ ئەينى بويىچە «ئاستىن ئارتۇچ»، «ئۈستۈن ئارتۇچ» دەپ ئاتىلىۋاتقان ئىككى يۇرت بار.

«ئارتۇچ» سۆزىگە مەھمۇت قەشقەرى ئەرەبچە «عر عر» (ئەر-ئەر) دەپ ئىزاھ بەرگەن. «ئەر-ئەر» پارىسچىدا «سىروكوھى (تاغ سەرۋىسى)» دېيىلىدىكەن ۋە «ابهل (ئەبھەل)» دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. بۇ دەرەخ «يۇمۇلاق ئارچا» (ئىلمىي نامى sabinchinensis) ئائىلىسىگە كىرىدىغان قوچۇرلاردىن بىر خىلىدۇر. بۇ دەرەخنىڭ كۆرۈنۈشى چىرايلىق، دەرەخ تاجىسى كونۇس شەكلىدە، يوپۇرماقلىرى بېلىق تەڭگىسىدەك ياكى يىڭنىسىمان بولىدۇ، ئانچە تۇپراق تاللىمايدۇ؛ تىكىلگەن جىرىمى تېز كۆكلەيدۇ، بىرقانچە يۈز يىل ياشايدۇ، ياغىچى مەزمۇت بولىدۇ.

نازىنىنلەرنىڭ قامىتىنى سەرۋىگە ياكى تالغا، چاچلىرىنى سۈمبۇلغا ياكى مەجنۇن تالغا ئوخشىتىش ئوتتۇرا ئەسىر ۋە يېقىنقى زامان شائىرلىرى ئۈچۈن تەسۋىرىي ۋاستە بولۇپ قالغان. قەدىمكى چاغلاردىمۇ شائىرلار ۋە خەلق قوشاقچىلىرى «قەشقەرىيە»دە، مەھبۇبلارنىڭ سىياقىنى ۋە چاچلىرىنى «ئارتۇچ» دەرىخىگە ئوخشىتىش ئەڭ چىرايلىق تەسۋىر ھېسابلانغان.

مەھمۇت قەشقەرى ئۆز ئەسىرىدە، «ئارتۇچ» دەرىخى تىمسال قىلىنغان شېئىر-بېيىتلاردىن بىرقانچە يەردە ئۆرنەك كەلتۈرگەن. مەسىلەن:

«كىم ئايىپ ئىشتۇر قولاق،

ئاي ئەۋى ئارتۇچ پۇتاق.»①

مەنىسى:

كم ئېيتىپ (قانداق) قۇلاق ئىشتىپتۇ،
ئاينىڭ ئۆيى ئارتۇچ پۇتىقى (دەپ).

يەنى: تولۇن ئاينىڭ (سۆيگەن يارىنىڭ) ئۆيى ئارتۇچ دەرىخىنىڭ شاخلىرى ئارىسىدىكەن، دەپ كىم ئېيتىپتۇ ۋە قايسى قۇلاق ئىشتىپتۇ.

«ئاردى سەنى قىز بودى ئانىڭ تال،
يەيلىر ئانىڭ ئارتۇچى بۇرنى تاقى قىۋال.»②

مەنىسى:

هارغۇزدى سېنى قىز، بويى ئۇنىڭ تال،
يېيىلۇر ئۇنىڭ ئارتۇچى بۇرنى تېخى قىۋال.

يەنى:

نازىنىن قىز تالدەك بويى، ئارتۇچتەك يېيىلغان چاچلىرى،
چىرايلىق قىز بۇرنى بىلەن سېنى هارغۇزۇۋەتتىمۇ.

«تامغا سۇۋى تاشرا چىقىپ تاغىغ ئۆتەر،
ئارتۇچلارى تەگرە ئۇنۇپ تىزگىن يەتەر.»③

مەنىسى:

تامغا سۇيى تېشىپ چىقىپ تاغدىن ئۆتەر،
ئارتۇچلىرى تىزگىن كەبى قاتار ئۆسەر.

---

① «دىۋان» (فاكسىمىل) I ـ جىلد 189 ـ بەت.
② «دىۋان» (فاكسىمىل) I ـ جىلد 208 ـ بەت.
③ «دىۋان» (فاكسىمىل) I ـ جىلد 214 ـ بەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەنى: تامغا (دەريا ـ كۆللەرنىڭ قولتۇقى ياكى دەريانىڭ تار ـ مىقى) سۈيى چىقىپ تاغدىن ئۆتىدۇ ۋە ئۇنىڭ يانلىرىدا ئارتۇچ دەرەخلىرى ئۈنۈپ خۇددى تىزگىندەك قاتار يېتىلىدۇ.

ھازىرقى جانلىق تىلدا «ئارتۇچ» دېگەن سۆز «ئاتۇش» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولدى، چۈنكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا (ئېغىز تىلىدا) بوغۇم ئاخىرىدا كېلىدىغان "ر" تاۋۇشى كۆپ ھاللاردا چۈشۈپ قالىدۇ؛ ئومۇمەن ئۇيغۇر تىلىدا (شۇنىڭدەك كۆپچىلىك تۈركىي تىللاردا) "چ" تاۋۇشى بىلەن "ش" تاۋۇشى تەلەپپۇز ئورنى ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن، بوغۇم ئاخىرىدا كەل ـ گەن "چ" تاۋۇشى ئادەتتە "ش" تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. شۇڭا، ئەسلە ـ دىكى «ئارتۇچ» جانلىق تىلدا «ئاتۇش» بولۇپ قالغان.

9 ــ 12 ـ ئەسىرلەردە «خاقانىيە» تىلى دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى تۈركىي تىللاردىن ھەر خىل ئاملالارنى قوبۇل قىلىپ راۋاجلانغان، ئۇ چاغلاردا "ھ" تاۋۇشى بولمىغان بولسا، «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان 14 ــ 15 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا "ھ" تاۋۇشى ئالاھىدە فونېما بولۇپ شەكىللەنگەن.

مەھمۇت قەشقەرى زامانىسىدا، ئوغۇزلار «ئەمىر»نى "خ" تاۋۇ ـ شىنى قوشۇپ «خەمىر» دەپ ئاتايدىغانىدى. كېيىنكى تەرەققىيات داۋامىدا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاتۇش شېۋىسىدە، سۆز بېشىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىغا ئومۇمەن "ھ" قوشۇپ سۆزلەش خۇسۇسىيىتى شەكىللەندى. (مەسىلەن، ئابلا ــ ھابلا، ئوبۇل ــ ھوبۇل، ئېلى ــ ھېلى، ئۈل ــ ھۆل ۋە باشقىلار).

بىز ئۇلۇغ ئالىمىمىز، ئۆز زامانىسىدا جاھاندا ئەڭ زور كۈچ ھېسابلانغان ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ ھاكىمىيەت تىلى ــ ئەرەب تىلى

بىلەن تەڭ بەيگىگە چۈشەلىگەن تۈركىي تىلىنى («خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى) ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرىدە مۇجەسسەملەندۈرۈپ بەرگەن ئىپتىخارىمىز ھەھمۇت قەشقەرى ۋاپا-تىنىڭ 900 يىللىقىنى نىشانلىغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئىلمىي مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە قېتىرقىنىپ ئىزدىنىش روھىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك پەزىلىتىنى ئۆگىنىش — بىزنىڭ بۇرچىمىزدۇر، ئۇنىڭ ئەسىرىدىن بىزگە كېرەكلىك نۇرغۇن گۆھەر تېپىلىدۇ!

1980 - يىل دېكابىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# هۇن - ئۇيغۇرلارنىڭ تىل تۇغقانچىلىقى

ھىنگان تاغلىرىدىن ئۇرال تاغلىرىغىچە سوزۇلغان كەڭ دىيار (جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالى ھەم خۇاڭخېنىڭ شىمالىدىكى ئۆلكىلەر، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرق ئۆلكىلىرى يەنى پۈتۈن سىبىرىيە ھەم قازاقىستان، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىي رايونى، شۇنىڭدەك پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا) "ئۇرال-ئالتاي تىلى"دا سۆزلەشكۈچى قوۋملارنىڭ يۇرتى ئىدى؛ شۇ كەڭ دىيارنىڭ ئاساسىي قىسمى ھۇن ئۇلۇس - ئايماقلىرىنىڭ "ئانا يۇرتى" ھېسابلىناتتى. تارىخ سەھنىسىدە شۇنچە كۆزگە تاشلانغان ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرغان ھۇنلارنىڭ تىلى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمىز ئىنتايىن ئاز. چۈنكى ھۇن "تەگرىقۇت"لىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا سىياسىي دۆلەت تۈزۈمى ۋە ھەربىي تەشكىلاتلىرى، قوشنا ئەللەر بىلەن قويۇق ئىقتىسادىي ئالاقىلىرى، جۇملىدىن مۇقىم ئوردا - قارارگاھلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئوردا ۋەسىقىلىرى (ئۆز تىلىدا) ۋە رەسمىي ھەرپلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق چوڭ ئۇلۇسنىڭ تىل - ئەدەبىياتىغا دائىر يادىكارلىق قالمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھۇن ئىمپېرىيىسى ئۆزىگە ھەرخىل قوۋملەرنى بېقىندۇرغانلىقى ۋە قوشنىلىرى بىلەن ھەربىي توقۇنۇشلارنىڭ كۆپ بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئىمپېرىيىدە مۇستەھكەم بىرلىك بولماي، ھۇنلارنىڭ ئاساسىي قەبىلىلىرى تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن.

نەتىجىدە، ھۇن قەبىلىلىرى باشقا قەبىلىلەرگە ئارىلىشىپ-سىڭىپ كېتىپ، تىللىرىمۇ باشقا قەبىلىلەرنىڭ تىللىرىغا ئۆزلىشىپ كەتكەن؛ ھۇن ئىمپېرىيىسى تەۋەسىگە قوشۇۋېلىنغان ۋە ھۇن قەبىلىلىرىنىڭ كۆچ-كۆچلىرىگە باغلىنىشى بولغان قوۋملەرنىڭ تىللىرىدا كونا ھۇن تىلى قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان. بۇنىڭدىن باشقا، تارىخىي يازما مەنبەلەردە (ئاساسەن خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا) ئۇچرايدىغان "ھۇن تىلى" سۆزلىرىمۇ كۆپىنچە دۆلەت تەشكىلاتى ۋە ھەربىي ئۇنۋان-دەرىجىلەرگە ئائىت سۆزلەردۇر. بۇنداق سۆزلەرنىڭ تولىسى خەنزۇچە ترانسكرىپسىيە بولغاچقا، ئەسلىنى تولۇق ئوقۇپ چىقىشمۇ تەس.

دۇنيادا، تىلشۇناسلار تىلنىڭ تەكتىنى ئېنىقلاشتا، ئىككى جەھەتنى، يەنى تىلنىڭ "ئىچكى تارىخى" بىلەن "تاشقى تارىخى"نى نەزەردە تۇتىدۇ. بىر-بىرىگە زىچ باغلىنىشلىق بولغان بۇ ئىككى جەھەتنىڭ بىرىنچىسى (تىلنىڭ ئىچكى تارىخى)، ئاساسەن، بىر تىل-نىڭ بەلگىلىك باسقۇچتا، ئەسىرلەر بويى قانداق ۋە نەدە قوللىنىل-غانلىقى ھەم قانچىلىك كىشىلەرنىڭ شۇ تىلدا سۆزلەشكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك شۇ تىلدا سۆزلەشكۈچى كىشىلەر ياكى مىللەتنىڭ پسى-خىكىلىق ۋە فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى، تىلنىڭ گراماتىكىلىق تۈزۈلۈشىنى ئوبيېكت قىلىدۇ. ئىككىنچىسى، يەنى تىلنىڭ تاشقى تارىخى، ئاساسەن، تىلنى ئېتنولوگىيىلىك جەھەتتىن تەتقىق قىلىشنى نىشانلايدۇ؛ ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بىرەر تىل ئىگىسى بولغان خەلقنىڭ ھاياتىي مەۋجۇدلىقىنى ۋە ياشاش تەرزلىرىنى تەتقىق قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. تىلنىڭ تاشقى تارىخىغا دائىر تەتقىقات مەلۇم دەرىجىدە تارىخ ۋە ئەدەبىيات

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تارىخـىغا يانـدىشىدۇ. چۈنـكى بىر ەر خەلقـىنىڭ ماكانـلىششىدىن، مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىن ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيەتـلىرىدىن سۆز ئاچىدىغان ھەرقانداق تارىخچى تىلىنىڭ تاشقى تارىخىغا چوقۇم تاقىلىـدۇ. ئاندىن تىلىنىڭ ئىچكى تارىخىغا تەئەلـلۇق گىرامماتىـكا قائىدىلىرىغىمۇ نەزەر سالىدۇ؛ چۈنكى تىلىنىڭ گىرامماتىكىـلىق قائىدـ دىلىرى تاشقى جەھەتتىنمۇ رول ئوينايدۇ. ①

تارىختا ئۆتكەن ھەرقانـداق قوۋملەر توپىـنىڭ تىلـلىرى جۇغـ راپىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتلار سەۋەبىدىن پارچىلانـغان (مەسىلەن، شېۋىـلەرگە، لەھجىـلەرگە، خاس سۆزلەرگە پارچىـلانغان) ياكى بىرلەشكەن (ئۇرۇغ ـ قەبىـلە تىلـلىرى ئۇلۇس ـ مىلـلەت تىلـلىرىغا بىرلەشـكەن). ھەرقانـداق تىلـىنىڭ فونېتىكىـلىق خۇسۇسـىيىتىدە ئېتنىكىلىق تەركىبمۇ ئۆز تەسىرىنى قالدۇرغان.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن كەڭ دىياردا، ھەممە تارىخچىلار ئىسكىتلار (بۇلار ياۋرو ـ ئاسىيادا كەڭ تارقالـغان خەلق، كېيىن ئىرانـلىقـلار ۋە بۇلاردىن ئېلىپ يۇنانلىقـلار "ساك" دەپ ئاتـىغان چوڭ قوۋم)، ھۇنلار، كۆك تۈركلەر، ئاۋارلار، ئۇيغۇرلار ياشىغانـلىقىنى بىردەك ئېتىراپ قىلىشىدۇ. بۇ ناملارنىڭ ئاستىدا يەنە كۆپلىگەن ئۇلۇس ـ ئايماقلار بار ئىدى: ھەربىر قوۋمنىڭ مۇستەقىل نامى، ئېتنونىـمى بار ئىدى؛ بۇلار سىياسىي ۋەزىيەتـكە قاراپ، ئومۇمىي بىرنامـغا بىرلىـشەتتى ياكـى پارچىـلىناتـتى؛ گاھىدا بىر ەر ئۇلۇس بىر ەر بىرلەشمە (فېدىراتسىيە)دىن ۋۇجۇدقا كېلەتتى؛ مۇنداق شارائىتتا، يېڭىدىن بىر ئېتنىك نام ئاستىدا بىرلەشكەن ئۇلۇس ـ ئايماقـلارنىڭ قوشۇلمىسى بارلىقـقا كېلەتـتى. بۇنـداق قوشۇلـمىغا ئاساس بولغان ئۇلۇس ـ ئايماقـنىڭ نامى ئاسـتىدا كۆچمەنـچى دۆلەت قۇرۇلـمىسى

شەكىللىنەتتى. بۇنداق دۆلەت بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولغان ئېتنىك بىرلىكلەرنىڭ تىل جەھەتتىن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى بولاتتى. سىياسىي بىرلىك نەتىجىسىدە، ئايرىم ـ ئايرىم رايونلاردا قوللىنىلغان شېۋىلەر بارا ـ بارا مەلۇم بىر تىل بىرلىكىنى شەكىللەندۈرەتتى. بۇنداق شېۋىلەر بىرلىكىدىن بىرەر ئانا تىلنىڭ يىلتىزى ۋۇجۇدقا كېلەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە "تۈركىي تىل" دەپ ئاتالغان "تىل بىرلىكى" ۋە باشقىلار ئەنە شۇ ئەمەلىيەتنى كۆرسىتىدۇ.

"ئالتاي تىلى" تەتقىقاتچىلىرىنىڭ پىكىرلىرىگە قارىغاندا، بۈگۈنكى كۈندە "تۈرك"، "موڭغۇل"، "تۇنگۇس" تىللىرى دەپ ئۈچ چوڭ قولغا بۆلۈنگەن تىللارنىڭ ئانا مەنبەسى "ئانا ئالتاي تىلى"دۇر.

بىز نامىنى ئاتىغان قەدىمكى خەلقلەرنىڭ تارىخىنى ۋە "تۈرك"، "موڭغۇل"، "تۇنگۇس" تىللىرىنى سېلىشتۇرما ـ تارىخىي جەھەتتىن تەتقىق قىلغانلار «تۈركىي تىللار»نىڭ تەرەققىيات جەريانىنى ئالتە دەۋرگە بۆلىدۇ:

1. ئالتاي دەۋرى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىردىن بۇرۇن)؛

2. هۇن دەۋرى (مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگىچە)؛

3. قەدىمكى تۈرك دەۋرى (مىلادىيە 5 — 10 ـ ئەسىرلەر)؛

4. ئوتتۇرا تۈرك دەۋرى (10 — 15 ـ ئەسىرلەر)؛

5. يېڭى تۈرك دەۋرى (15 — 20 ـ ئەسىرلەر)؛

6. هازىرقى زامان تۈرك دەۋرى.

(قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا تۈرك دەۋرلىرىنى "ئۇيغۇر" دەۋرى دەپمۇ ئاتايدۇ.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى
www.uyghurkitap.com

ئالتاي دەۋرىدە، تۈركىي تىللار بىلەن موڭغۇل تىللىرى ۋە تۇنگۇس تىللىرى بىر-بىرىدىن ئانچە ئايرىلىپ كەتمىگەن، ئۇ تىللار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ (يېقىنقى زامان تىلشۇناسلىرى تەرىپىدىن) «ئالتاي تىلى» دەپ ئاتالغاندى. بۇ دەۋرگە خاس تىللاردىن تارىخىي ۋەسىقىلەر ياكى باشقا تىل ماتېرىياللىرى قالمىغاچقا، ئۇلارنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات ئەھۋالىغا قاراپ، ئۇ چاغدىكى تىللارنى ئىككى گۇرۇپپىغا: تۇنگۇس-مانجۇر گۇرۇپپىسى ۋە تۈرك-موڭغۇل گۇرۇپپىسىغا بۆلۈش مۇمكىن، — دەيدۇ رۇس تىلشۇناسلىرىدىن ئاكادېمىك ب. يا. ۋلادىمىرتسوف ھەم ۋېنگىر تىلشۇناسلىرىدىن دوكتور ل. لىيگىت.②

ئىككىنچى دەۋر — ھۇن دەۋرىنى ئالىملار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىردىن مىلادىيە 4-ئەسىرگىچە دەپ ھېسابلايدۇ؛ بۇ دەۋر ھۇن ئىمپېرىيىسى دېگەن مەشھۇر نام ئاستىدا، ناھايىتى چوڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تەرەققىي قىلغان دەۋر دەيدۇ؛ بۇ ئىمپېرىيە ئىگىلىگەن زېمىن ناھايىتى كەڭرى بولۇپ، نۇرغۇنلىغان تۈرك-موڭغۇل، تۇنگۇس-مانجۇر ۋە باشقا قەبىلىلەرنى ئۆز تەۋەسىدە بىرلەشتۈرگەن، ھەتتا بۇ قەبىلىلەردىن تۈرك-موڭغۇل قەبىلىلىرى مىلادىيىنىڭ بىرىنچى ئەسىرىدە كېچىپ، شەرقىي ياۋروپاغىچە بېرىپ يەتكەن.③

ھۇن دەۋرىدە، چوڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرى راۋاجلىنىش داۋامىدا تىللار مەركەزلىشىپ، تۈركىي تىللار، موڭغۇل تىللىرى ۋە تۇنگۇس-مانجۇر تىللىرى دېگەن گۇرۇپپىلار شەكىللەنگەن ۋە بارا-بارا ئۆز ئالدىغا راۋاجلانغان. كۆپ چاغلارغىچە، موڭغۇل تىللىرى گۇرۇپپىسى تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسى بىلەن تۇنگۇس-

مانجۇر تىللىرى گۇرۇپپىسى ئوتتۇرىسىدا قېلىپ، ئىككى تەرەپلىمە تەسىرگە ئۇچرىغان.

«ئالتاي تىللىرى»نى تەتقىق قىلغۇچىلار ئالدى بىلەن «ئانا تىل»نىڭ تاۋۇش سىستېمىسىنى ئېنىقلاشقا تىرىشقان. بۇ ساھەدە كۆپ شۇغۇللىنىپ، پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئالىم ن. پوپپېدۇر. ھۇن تىلىنى تەكشۇرۇشتە، تىلشۇناسلار كۆپىنچە قەدىمكى دەۋرلەردە بىر گۇرۇپپىغا كىرىدۇ دەپ قارالغان ”تۈرك“ ۋە ”موڭغۇل“ تىللىرىنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇپ، تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە ئايرىملىقلارنى ئېنىقلاپ چىققان. بۇ توغرىدا، ن. پوپپېمۇ موڭغۇل تىللىرىدىن مىساللار كەلتۈرگەن. تۈركىي سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى ”a“ موڭغۇلچە سۆزدە ”u-i“، ياكى ئەكسىچە، باشقا شېۋىلىرى بويىچە موڭغۇلچىدىكى ”a“ تۈركىيچە ”u-i“ بولۇپ كەلگەن. مەسىلەن:④

| موڭغۇلچە | | تۈركىيچە |
|---|---|---|
| sira | (سېرىق) | sarïƣ |
| altan | (ئالتۇن) | altun |
| ḳataƣu | (قاتتىق) | ḳatïƣ |
| dalay | (دېڭىز) | taluy |

ن. پوپپې سۆز بېشىدا كېلىدىغان تاۋۇشلارنى نەزەردە تۇتۇپ، «ئالتاي تىللىرى» ئۈچۈن، تاۋۇشلار سىستېمىسىنىڭ مۇنداق تەڭداشلىق جەدۋىلىنى ئىشلىگەن:

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كونا ئالتايچە | *p | *b | *t | *d | *ḳ | *ġ | *k | *g | *ẓ | *c | *y | *h́ | *n | *ç̣ | *s |
| موڭغۇلچە | o | b | t | d | ḳ | ḳ | k | g | d | c | y | n | | 'ç̣ | s |
| تۈركىيچە | o | *b | *t | | ḳ | | k | | | | *y | | | *ç̣ | *s |

تىلشۇناسلاردىن پ. پېللىئوت، ب. ب. بارتولد، ئا. رىمۇزا، ئېبد. شاۋان، ب. لاۋفېر، ئىي. ھ. پەركېر، ۋ. رادلوف، ف. كرائۇزلار «ئالتاي تىلى»نىڭ ئىككىنچى دەۋرىدىكى تىل — «ھۇن تىلى»نى تۈركىي تىل، يەنى ھۇنلار تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلق ئىدى، دەپ ھېسابلىشىدۇ. دەرۋەقە، ھۇن ئىمپېرىيىسىگە بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇلۇس-ئايماقلار (كېيىنكى تەرەققىيات نەتىجىسى-دىن قارىغاندىمۇ) تولاراق «تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر» ئىدى. مەزكۇر ئالىملارنىڭ پىكرىچە، ھۇنلار كۆپرەك چىن (جۇڭگو)، ئىران، ھىندىستان ۋە يۇنانلار بىلەن ئالاقە قىلغانلىقى ھەم شۇ زامانلاردا مەزكۇر نامى ئاتالغانلار ياۋرو-ئاسىيادىكى چوڭ دۆلەت — خەلقلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇلارنىڭ ۋەسىقى-لىرىدە بەزى «ھۇنچە سۆزلەر» ساقلىنىپ قالغان. «ھۇن تىلى»نىڭ خاراكتېرىستىكىسىنى بېرىدىشتە، تىلشۇناسلار يەنىلا (بىر-بىرىگە يېقىن بولغان) تۈركىي تىل بىلەن موڭغۇل تىلىنىڭ لېكسىكىلىرىدىن مىسال كەلتۈرۈشىدۇ. مەسىلەن، سوۋېت تۈركولوگلىرىدىن ن. ئا. باسكا-كوۋ تەتقىقاتىغا مۇراجىئەت قىلايلى.⑤

1. تۈركىي تىل ۋە موڭغۇل ھەم تۇنگۇس-مانجۇر تىللىرىغا ئورتاق بولغان سۆزلەردىن مىساللار:

| | | |
|---|---|---|
| بۇقا | buoqa/buķa | ئالتايچە |
| بۇقا | buha | موڭغۇلچە |
| بۇغا، هايۇ | buha/buhu | مانجۇرچە |
| قوي | buka | |
| بول (بولماق) | bol — | ئالتايچە |
| يېتىلمەك، قىلماق، بولماق | bol — | موڭغۇلچە |

| | | |
|---|---|---|
| مانجۇرچە | bola — | كۆيدۈرمەك، قىزدۇرماق |
| ئالتايچە | tala | دالا، تالا |
| موڭغۇلچە | tala | دالا، ۋادە |
| مانجۇرچە | tala | دالا، چۆل |

2. تۈركىي ۋە موڭغۇل تىللىرىغا ئورتاق سۆزلەردىن:

| ئالتايچە | موڭغۇلچە | |
|---|---|---|
| ķuduķ | hudag | قۇدۇق |
| bulung | bulung | بۇلۇڭ |
| dïl | ẓïl | يىل |
| ķadïn | ķatun | خوتۇن |
| ķara | hara | قارا |
| tanï | tana | تونۇ (تونۇماق) |

دېمەك، "خۇن تىلى"نىڭ قەدىمكى ئاتالغۇسى بولغان «ئالتاي تىلى»نىڭ كېيىنكى "ئەۋلادلىرى"دىن ئېلىنغان مىساللارغا قارىغاندا، «خۇن تىلى»نى بەزى ئالىملارنىڭ «موڭغۇل تىلى» ۋە كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ «تۈركىي تىل» دېيىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

خەنزۇچە مەنبەلەردە ترانسكرىپسىيە قىلىنغان بەزى خۇنچە سۆزلەرنى تەخمىنىي ئوقۇلۇشى بويىچە، تۈركىي سۆزلەرگە سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى.

| خەنزۇچە | خۇنچە | تۈركىيچە | مەنىسى |
|---|---|---|---|
| mo-tun | ba-tu(r) | batur | باتۇر |
| teŋ-li | täŋri | təngri | تەڭرى |
| tchan-yü | käŋrü | kəngrü | كەڭرى |
| gu-du | ķutluķ | ķutluq | قۇتلۇق |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| (gu – du – lu) | | | |
| tu – ki(gi) | tutik | tətik | دانىش |
| tzi | *zïri | qür(–ə) | چۆرە |
| do – lo | to*brak | toprak | "تۇپراق" (قەبرە) |
| be – kan – zhi | bakïnç | bakïnq | باققۇچى (مەھرەم) |
| o – to | otow | otaq(w) | ئوتاغ (قونالغۇ) |
| hu – han | koghan | koyan | قويان (توشقان) |
| bu – gu | bügü | bügə | قەيسەر |
| tu – man | tümän | tümən | تۈمەن |

يۇنان مەنبەلىرىدە ئەڭ قەدىمكى «تۈركىي» سۆز دەپ قەيت قىلىنغان "ئاشغۇ" (ashigu) «سۈت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىلىدىغان تاماق» مەنىسىدىكى سۆزدۇر. شۇنىڭدەك، تىلشۇناس نېمېت (J·Nemeth) ياۋروپادىكى ھەر خىل يازما مەنبەلەرگە تايىنىپ، ھۇنچە ئانتروپونىملارغا دائىر بىرقانچە سۆزنى تاپقان.⑥ بۇ سۆزلەر، ئاساسەن، ھۇنلارنىڭ شەرقىي ياۋروپاغا كۆچكەن قىسمىنىڭ ھۆكۈمدارى ئاتىللاغا دائىردۇر.

1. Oibars — Aybars ئاتىللانىڭ تاغىلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى (Ay – bars)

2. Mundiukhos — Mundzucus — ئاتىللانىڭ ئاتىسى Muncuk<boncuk

3. Kreka — Arikan ئاتىللانىڭ چوڭ خوتۇنى
4. Ernakh/Hernac — Irnik/Irnek ئاتىللانىڭ ئوغلى
5. Ilek/Ellac — Illek, Ilek/Ilik ئاتىللانىڭ ئوغلى
6. Dengizih ئاتىللانىڭ ئوغلى
7. Atakam — Ata — Kam ھۇن چوڭلىرىدىن بىرى
8. Akatziri — Aghaçeri ئېتنىك نام

بۇ مىساللاردىنمۇ ھۇن تىلىنىڭ ئاساسىنى «تۈركىي تىل» تەشكىل قىلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ھۇن تىلىنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات داۋامىنى يەنىلا شۇ "ھۇن" نامى ئاستىدىكى قوۋملەر قوشۇلمىسىنى تەشكىل قىلغان ئۇلۇس-ئايماقلارنىڭ تىلىدىن ئىزلەشكە توغرا كېلىدۇ. مۇنداق ئۇلۇس-ئايماقلار ئىچىدە، ھۇنلارنىڭ جەنۇبىي-غەربىي (گەنسۇ-بارىكۆل) قانىتىدىكى "ئاۋارلار"نىڭ تىلىمۇ ۋاستىچىلىك رولىنى ئوينايدۇ.

خەنزۇچە يازما مەنبەلەردە، ئۇلار "رۇي-رۇي" ("رۇ-رەن"، "رۇ"-رۇ") دەپ ئاتالغان. «لياڭنامە»نىڭ «چەت ئەللەر» تەزكىرىسىدە بايان قىلىنىشىچە: «رۇي-رۇي ئېلى ھۇنلارنىڭ باشقا ئۇرۇغلىرىدىندۇر. ۋېي، جىن خانلىقلىرى زامانلىرىدا، ھۇنلار يۈزلەپ-مىڭلاپ قىسىملارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن، ھەر بىرىنىڭ ئۆز نامى بار، رۇي-رۇيلەر ئەنە شۇ قىسىملاردىن بىرىدۇر.» «جەنۇبىي چىنامە»دە بايان قىلىنىشىچە: «رۇي-رۇيلەر سېپىلنىڭ سىرتىدىكى ئارىلاش خۇ (غۇز) لاردۇر... رۇي-رۇيلەر ئوت-سۇ قوغلىشىپ يۈرۈپ، ھۇنلارنىڭ قەدىمكى بارگاھىنى ئىگىلىگەن ۋە غەربىي دىيارغا ھەيۋىسىنى كۆرسەتكەن.»

ھۇنلار پارچىلانغاندىن كېيىن، "رۇ-رۇ" (ئاۋار)لار دەسلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«كۆك تۈرك» قاغانلىقىغا بېقىنغانىدى، بۇ چاغلاردا، ئۇلار «كۆك تۈرك»نىڭ تۈمۈركانچىلىرى ھېسابلىناتتى. "ئاۋارلار" خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە "ئارىلاش خۇ" (غۇز) ھېسابلانغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تىلىمۇ ۋەكىللىك خاراكتېرىغا ئىگە. ئەمما، ئۇلارنىڭ تىلىدىنمۇ يادىكارلىق قالمىغان. پەقەت خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا («شىمالىي سۇلالە نامەلىرى» ۋە «ۋېيىنامە»نىڭ «رۇ-رۇ» بابىدا) بەزى "قاغان"لارنىڭ ئۇنۋانلىرى ۋە شەخس ناملىرى (قەبىلە-ئۇرۇغ ناملىرىغا باغلىق ئىسىملار) قاتارلىق ئازغىنە سۆزلەر قەيت قىلىنغان. مەسىلەن: «بۇ-ۋۇ-خې شېڭگەي كېخەن» — بۇۋۇرغۇر جەڭگەك قاغان (زەپەر قىلغۇچى — يېڭىۋەرگۈچى خاقان)؛ «مى-يۈ كې-شې-جۈ كېخەن» — بۈيۈك كۆچەگۈ قاغان (بۈيۈك ھىمايە قىلغۇچى خاقان). بۇلاردىن باشقا، "چيۇ-دۇ-فا" — كۈتۈپار (ۋار) يەنى "كۈتۈبەر" (غۇلاچ يايغۇچ)، "ئەي-كۇ-گەي" — "ئاي كۆركى" (ئايدەك كۆركەم)، "خۇ-ۋۇ-فا-كۇجې" — "قۇۋانغۇچ" (خۇشاللانغۇچ)، تى-لەن" — "تىلىلەم (تىلىدەم)" (مۇقەددەس، ئەۋلىيالىق)، "دۇ-لو" — "تۈگرە" ياكى "توغرا" (چىن، توغرا) دېگەن ئۇنۋان-لەقەملەر ئۇچرايدۇ.

خەنزۇچە يازما مەنبەلەردە قەيت قىلىنغان يۇقىرىقىدەك سۆزلەردىن تاشقىرى، "ئاۋار"لارنىڭ غەربكە سۈرۈلگەن قوۋملىرىدىن ئۇلارنىڭ تىلىغا دائىر بەزى سۆزلەر شەرقىي ياۋروپا ھەم ئېدىل بويىدىكى بەزى ئۇلۇس-ئايماقلارنىڭ تىللىرىدا ساقلىنىپ قالغانلىقى مەلۇم. مەسىلەن، "قاپپان" ياكى "قوپپان" (بىر ئۇنۋان-دەرىجە)، "باگان" ("باغان" — مەنسەب نامى)، "يۇگرۇش" ("يۇغرۇش" — باش ۋەزىر) ۋە باشقىلار. ⑦

دېمەك، "ئاۋار"لارنىڭ تىللىرىدىن قالغان ئەنە شۇنچىلىك سۆزلەرنىڭ يىلتىزى، ئوقۇلۇشى، تۈزۈلۈشى ۋە مەنىسى جەھەتلىرىدىن تەھلىل قىلىنغاندىمۇ، تۈركىي سۆزلەر بىلەن ئوخشاش ياكى مەنبە- داش ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

يۇقىرىدا، قەدىمكى دەۋردە ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچكەن قىسمىدىن قالغان سۆز-ئىبارىلەردىن مىسال كەلتۈرگەن ئىدۇق. ئەمدى، ئۇلارنىڭ ئەۋلادى ھېسابلانغان ھازىرقى "ۋېنگىر" (ئۆزلىرىنىڭ ئاتىشى بويىچە "ھۇنگار")لارنىڭ تىلىدىن بەزى لېكسىكىلىق ماتېرىياللارنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمىز.⑧

| ھۇنگارچە | ئۇيغۇرچە |
|---|---|
| anya — | ئانا — |
| anyam | ئانام |
| el | ئەل |
| elöre | ئىلگىرى |
| orvos (دوختۇر) | ئەرۋەش |
| ovatos | ئاستا (ئاۋايلا) |
| ö (hu) | ئۇ |
| cipö | كېپىش |
| hambar | ئامبار |
| hosszu | ئۇزۇن |
| homok | قۇم |
| kazan | قازان |
| kapocs | قاپقا، قەۋس |
| kek | كۆك (رەڭ) |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| kender | كەندىر |
| keskeny | كىچىككىنە |
| kesön | كەچ (كەچقۇرۇن) |
| kezel | كېزەك (بېكەت، كېزەل) |
| ki | كىم |
| lakat | لاكات |
| sam (szam) | سان (ساناق) |
| sarga | سېرىق (سارىغ) |
| szürke | سۇر (سۇركۆك) |
| szel | يەل |
| tarcsa | تەخسە |
| tart | تارت (تارتىشلىماق) |
| teli | تول (تولۇق) |
| tolmacs | تىلماچ (تەرجىمان) |
| törzc | تۆرۈك |

بۇ سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇش جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلىغا (جۈملىدىن تۈركىي سۆزلەرگە) يېقىن بولغانلىقى ئۈستىگە، ئەڭ مۇھىمى، مەنىلىرىنىڭ ئوخشاش بولغانلىقى تەسادىپىي ئەھۋال بولمىسا كېرەك.

هۇنلارنىڭ تىلىنى بەزى تىلشۇناسلار ئۇلارنىڭ شۇ زاماندىكى شەرقىي قوشنىسى بولغان سيەنپىلەر (سابىرلار) تىلى بىلەن ئوخشاش، سيەنپى تىلى هۇن تىلى ئۈچۈن ئۆرنەك بولىدۇ دەپ قارايدۇ. لېكىن، خەنزۇچە تارىخ مەنبەلىرى بۇ قاراشنى رەت قىلىدۇ. «ۋېينامە»دە يېزىلىشىچە: «هۇن يۇۋېن — موكۆي لياۋ-

دۇگدا سىپىلىنىڭ تاشقىرىسىدا مەيدانغا چىققان، ئۇ ئىلگىرى جەنۇبىي تەڭرىقۇتقا قارام بولۇپ، شەرقىي ئۇلۇس چوڭى ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ تىلى سيەنپىلەرنىڭكىدىن ناھايىتى كۆپ پەرقلىنىدۇ.»⑨ دېمەك، ھۇن تىلى قەدىمكى تۈركىي تىل، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش دېيىشكە ھەقلىقمىز. يازما تارىخ ھەم تىلشۇناسلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى بۇ پىكىرنى ئىسپاتلايدۇ. «سۇڭنامە»دە يېزىلىشىچە: «ئۇيغۇرلار ئەسلى ھۇن-لارنىڭ باشقا ئەۋلادىدۇر.» «يېڭى تاڭنامە»دە يېزىلىشىچە: «ئۇيغۇرلار ئىلگىرىكى ھۇنلاردۇر. ئادەتتە، كۆپىنچە ئېگىز چاقلىق ھارۋىلاردا يۈرىدۇ. يۈەن-ۋېي زامانىدا (396 — 420-يىللار) گاۋگۈي ئۇلۇسى ياكى تېلې دەپ ئاتالغان.» «سۈينامە»دە يېزىلىشىچە: «تېلېلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ھۇنلارنىڭ ئەۋلاد-جەمەتلىرىدۇر.» شۇنىڭدەك، «جۇنامە»دە يېزىلىشىچە: «تۈركلەر ھۇنلارنىڭ باشقا ئۇرۇغىدۇر.»⑩ يەنە ئېنىق قىلىپ، ئۇيغۇر (قەدىمكى ناملىرى دىڭلىڭ، گاۋگۈي)لارنىڭ «تىلى ھۇنلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ، لېكىن ئازراق پەرقى بار» دېيىلگەن.

ياۋروپا تىلشۇناسلىرىدىن كلاپروت (J·klaproth) ۋىزانتىيە (شەرقىي روما) تارىخچىلىرىدىن نىكىتا (Nikita)، لېۋگراماتىك (Lev Grammatik)، جورجى (Georgi)لارنىڭ "Oungri"لار ھۇنلاردۇر دېگەن مەلۇماتىغا ئاساسلىنىپ، ھۇن ئۇلۇس-ئايماقلىرى قوشۇلمىسى ئىچىدە، سانى كۆپ ۋە قۇدرەتلىك بولغان "گاۋگۈي"لارنىڭ قەبىلە ناملىرى بىلەن ئوخشاش بولغان "ئوغۇر، ئونۇغۇر، ئوتىغۇر، قۇتىغۇر، سارۇغۇر" دېگەندەك قەبىلە ناملىرىنى ئېنىقلاپ چىققان.⑪

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

خۇلاسە: تىللاردىكى ئۇيغۇنچىلىق مۇناسىۋەت بىرەر تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ـ تارىخىي مۇناسىۋەتلىرىگە باغلىق بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلى يەنى قەدىمكى «تۈركىي تىل» ھۇن تىلى ئۈچۈن ئۈرنەك بولالايدۇ.

1982 ــ 1989 ـ يىللار.

ئىزاھلار:

① ئەخمەت جەفەر ئوغلۇ: «تۈرك دىلى تارىخى»، ئەندەرۇن كىتابەۋى. ئىستانبۇل 1984.
② ب. يا. ۋلادىمىرتسوف: «موڭغۇل يېزىق تىلى ۋە خالخا شىۋىسىنىڭ سېلىشتۇرما گراماتىكىسى»، لېنىنگراد، 1929 ـ يىلى، 47 ـ بەت، 3 ـ جەدۋەل، «ئالتاي تىللىرى ئائىلىسى ۋە موڭغۇل تىلى». جۈملىدىن، L.Ligeti.A Kinai—a tirasos barbar, nyelvi glosszak, kerdese («Nydvtudomanyi közlemenyek» LI,I, Budapest, 1941)
③ ئى. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى دەۋرلەردە ياشىغان خەلقلىرى توغرىسىدا»؛ ك. ئىنوسترانتسېۋ: «ھۇننۇ ۋە گۇنلار»؛ شۇنىڭدەك، م. دېگۈيگنېس، ئو. يېي. فاررېر، ئو.مەنچېن ـ ھېللېن، ك. شىراتورى، ئەخمەت جەفەر ئوغلۇ («تۈرك تىلى تارىخى») ۋە باشقىلار.
④ N.Poppe «Der altaische sprachtyp» Handbuch der orientalistik. V.Mongolistik. 1964
⑤ ن. ئا. باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا كىرىش»، موسكۋا، 1962، 120 ـ بەت.
⑥ ئەخمەت جەفەر ئوغلۇ: «تۈرك تىلى تارىخى»دا كەلتۈرگەن نەقىل بويىچە:
GY.Nemeth, A hon'foglalo magyarsag kialakulasa, Budapest,

1930. Attila es Hunjai; J.Eckmann, «Hunlarin dili, Türk dili, Belleten, 1949, III san.

⑦ م. كۆپرۈلۈ: «قەدىمكى تۈرك ئۇنۋانلىرىغا ئائىت نوتىلار»، «تۈرك هوقۇق ۋە ئىقتىساد تارىخى مەجمۇئەسى» II، ئىستانبۇل، 1939.

⑧ ئىستۋان شتېپىنىتس: «رۇسچە ـ ماجارچە ھەم ماجارچە ـ رۇسچە تۆمۈريول لۇغىتى»، پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرى، 1952.

⑨ «ۋۇبېنامە» 103 ـ جىلد، «تەزكىرىلەر» 91.

⑩ «سۇڭنامە» «چەت ئەللەر III»، «يېڭى تاڭنامە»، «ئۇيغۇر تەزكىرىسى»، «سۇينامە»، «شىمالىي دىلار تەزكىرىسى»، «جۇنامە»، «غەربىي يۇرتلار تەزكىرىسى».

⑪ ئەخمەت جەفەر ئوغلۇنىڭ «تۈرك تىلى تارىخى»دىكى نەقىل بويىچە، «Sur L'leutite des Tou-kiue et les Hiongnu avec les Turcs».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تىل ۋە تەرجىمە

تىل ــ ئىجتىمائىي ئالاقە قورالى، يەنى ئىنسانلارنىڭ ئالاقە قىلىشىدىغان ئەڭ مۇھىم قورالى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن تىلنىڭ بىرىنچى ۋە تۈپ ۋەزىپىسى كىشىلەرگە ئۆز ئارا ئالاقە قىلىش ۋە پىكىرلىشىش قورالى بولۇپ بېرىشتىن ئىبارەت.

تەرجىمە ــ بۇ ئەرەبچە سۆز، بۇ سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى «كۆچۈرۈپ قويماق، ئۆتكۈزمەك»، «باشقىچە ئىپادىلىمەك»، «پىكىرنى باشقىچە بىلدۈرمەك» دېگەنلىك بولىدۇ؛ بۇ سۆزنىڭ ئىستېمال مەنىسى «ۋاستىچى، كۆۋرۈك» ياكى «تۇرتكە ۋە ئىلھامچى» دېمەكتۇر. تەرجىمە شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاستىچىكى، تەرجىمە ــ ئىدېئولوگىيە ۋە پەن ــ مەدەنىيەت جەھەتلىرىدىكى، جۈملىدىن تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى ئۇزۇقلارنى يازما تەرزدە ۋە ئېغىز يۈزىدە بىر تىلدىن ئىككىنچى تىلغا ئۆتكۈزگۈچى كۆۋرۈك، جانلىق تىلىمىزدا بۇ سۆزنى بالدۇر «تىلماچ» دەپ ئاتايتتى.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، يازغۇچى لۇشۈن: «تەرجىمىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى ئۈلگە قىلىش، ئەمەلىيەتتە، ئىجادىيەتكە تۈرتكە ۋە ئىلھامچى بولىدۇ» دەيدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، لۇشۈن «مەن ئۆزەممۇ ئەزەلدىن تەرجىمىدىن مىننەتدارمەن» دەپ، تەرجىمان بولغىنى ئۈچۈن پەخىرلەنگەن. دېمەك، تەرجىمە ئاشۇنداق پەخىرلىنەرلىك خىزمەت.

تەرجىمە ۋاستىچى — كۆۋرۈك ئىكەن، ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىككى تىلنىڭ ئالاھىدىلىكىگە، شۇنىڭدەك بىرلىك نۇقتىلىرىغا ياكى پەرقلىق بولۇش خۇسۇسىيەتلىرىگە باغلىق ھالدا ئورۇنلايدۇ. بىر-بىرىگە تەرجىمە قىلىنىدىغان ئىككى تىلنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۆزلىرىگە خاس گراماتىكىلىق، بولۇپمۇ مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ؛ ئىككى تىلنىڭ بىر نۇقتىلىرى (ئوخشاشلىقلىرى) ئۇلاردىكى گراماتىكىلىق قائىدىلەرنىڭ ئورتاقلىقى (نەزەرىيە جەھەتتىن) ئىزھار بولىدۇ؛ پەرقلىنىشى تىللارنىڭ قۇرۇلمىسى بويىچە ئايرىلغان تىل سىستېمىلىرىدىكى ئايرىملىق جەھەتتىن مەلۇم بولىدۇ.

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدە، بىز ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن ئىككى ئورتاق تىل بار: بىرى مىللىي تىل، بىرى ئورتاق ئالاقە تىلى. مىللىي تىل — مىللىي ئومۇمىي تىل، مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان تىل؛ ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ ئىستېمال قىلىنىۋاتقان ئانا تىلى؛ ئورتاق ئالاقە تىلى — كۆپ مىللەتلىك مەملىكەتتە ھەرقايسى مىللەتلەر ئومۇمىي ئىشلىتىدىغان تىل، كۆپ مىللەتلىك مەملىكەتتىكى ئاساسىي مىللەتنىڭ تىلى مەملىكەتتىكى ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئالاقە تىلى بولىدۇ. بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدە خەنزۇ تىلى ئەنە شۇنداق تىلدۇر، شۇڭا بۇنىمۇ «ئاساسىي تىل» ياكى «ۋەتەن تىلى» دەيمىز.

بىزنىڭ ئەمەلىيىتىمىزدە، ۋەتەن تىلىدىكى ئۇقۇمنى مىللىي تىلدا ئىپادىلەش — تەرجىمىنىڭ مۇھىم ۋە مۇرەككەپ ۋەزىپىسى. بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن ئوبدان چىقىش ئۈچۈن، تىل ۋە تەرجىمە ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىككى تىلنىڭ ھەممە خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

دۇنيادا تىللار ئۆز نەسەپ ـ شەجەرىلىرى بويىچە، چوڭ تىل سىستېمىلىرىغا بۆلۈنگەندىن باشقا، گراماتىكىلىق تۈزۈلۈش جەھەتتىنمۇ ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ: بىرى، ئامورف تىللار، يەنى «يەككە تىللار» ياكى «شەكىلسىز تىللار»؛ بىرى، ئاگگلوتىناتىف تىللار، يەنى «يېپىشقاق تىللار»؛ يەنە بىرى، فلېكتىيون تىللار، يەنى «پۈكۈلمە تىللار». ئامورف تىللارنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، سۆزلەرنىڭ تەركىبىي بىرلىكى — تۈپ سۆز (تومۇر سۆز)، گراماتىكىلىق مەنىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىلارنى ئاجراتقىلى بولمايدۇ؛ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەر كەمچىل بولىدۇ، سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گراماتىكىلىق مۇناسىۋەت سۆزلەرنىڭ تەرتىپى ۋە «مەۋھۇم سۆزلەر» ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. خەنزۇ تىلى ئاشۇ تىللار قاتارىغا كىرىدۇ، چۈنكى ئۇ دانە ـ دانە سۆزلەردىن تەركىب تاپقان تىل.

ئاگگلوتىناتىف تىللارنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، گراماتىكىلىق مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز قوشۇمچىلىرى سۆز تومۇرىغا ياكى تۈپ سۆزگە قوشۇلۇپ، گراماتىكىلىق شەكىل ۋە ياسالما سۆزلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. يەنى سۆزلىرى بىر ـ بىرىگە ۋە قوشۇمچىلىرى سۆزلەرگە يېپىشىپ كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلى ئەنە شۇنداق تىللار قاتارىغا كىرىدۇ. فلېكتىيون تىللارنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، سۆزلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئۆزگىرىشلىرى ئارقىلىق گراماتىكىلىق شەكىللەر تەركىب تاپىدۇ، سۆز تومۇرىغا قوشۇمچىلار ئىنتايىن چىڭ جىپسىلىشىدۇ؛ سۆزلەر ئالدى، ئارقى ۋە ئوتتۇرىلىرىدىن تۈرلۈك قوشۇمچىلار ئارقىلىق تۈرلىنىۋېرىدۇ. رۇس، گېرمان، ئەرەب تىللىرى شۇنىڭغا كىرىدۇ.

مەسىلەن:

خەنزۇچىدا 语言, 农民, 工人 دېگەندەك سۆزلەر تومۇرلىرىمۇ دانە-دانە بولغان ياسالما سۆزلەردۇر.

ئۇيغۇرچىدا:

قۇر — قۇرۇش — قۇرۇلۇش — قۇرۇلۇشقا — قۇرۇلۇشىمىز...

كۆپ — كۆپەي — كۆپىيىش — كۆپەيتىش — كۆپەيتىلىش — كۆپەيتتۈرۈش — كۆپەيتتۈرلۈش — كۆپەيتتۈرۈلىدىغان...

مانا بۇ جەھەتتىن خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى پەرقلىنىدۇ. ھەرقانداق تىلنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئۆزلىرىگە خاس ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىمۇ بولىدۇ. خەنزۇ تىلىنىڭمۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭمۇ سۆز ياساش (تەركىب تېپىش)، سۆزلەر ئۆزگىرىش ۋە سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈش قائىدىلىرى بار. ھەر بىر تىلنىڭ تەشكىلىي قانۇنى بولىدۇ — ئۇ گراماتىكىدۇر. ھەرقانداق بىر تىلنىڭ گراماتىكىسى مەلۇم مىللىي خۇسۇسىيەتكە ۋە چىڭ تۇراقلىققا ئىگە بولىدۇ. گراماتىكىلىق قانۇن — ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت. ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماي بولمايدۇ.

بۇ ماقالىمىزدا پەقەت ئىككى مەسىلە ھەققىدە بايان قىلىمىز.

## 1. گراماتىكىلىق تۈزۈلۈش جەھەتتە

ھەر بىر تىلدا گراماتىكىلىق كاتېگورىيە ئوخشاش بولمايدۇ. كاتېگورىيە — سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىشلىرى بىلەن جۈملە ياساش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مەنىلىرى. گراماتىكىلىق كاتېگورىيە گراماتىكىلىق شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، تىللاردا گراماتىكىلىق كاتېگورىيەلەرنىڭ ئىپادىلىنىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شەكىللىرى خىلمۇ خىل بولىدۇ: سۆزلەرنىڭ تۈرلۈك ئۆزگىرىشلىرى، ھەر خىل قوشۇمچىلار، جۈملىنىڭ ئۇرغۇسى، ئىنتوناتسىيە، سۆزلەر- نىڭ جۈملىدىكى تەرتىپى، مەۋھۇم سۆزلەر، شۇنىڭدەك سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتلەر ۋەھاكازالار. بۇلار گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىنىڭ بەلگىلىرى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. خەنزۇ تىلىدا سۆزلەر- نىڭ ئۆزگىرىش ئۇسۇلى قوشۇمچىلار ئۇلاش ۋە تۈپ سۆزنى تەكرار- لاشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ؛ كۆپىنچە ئالماشلاردا بىرلىك- كۆپلۈك پەرقى، پېئىللاردا تۈگەللىنىش ياكى داۋام قىلىش ھالەت- لىرى بولىدۇ. بۇ ھاللارنى «سان»، «راي» دېگەن گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىگە ئىخچاملاش مۇمكىن. ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، بۇ ئەھ- ۋاللار ئۇنىڭدىنمۇ مۇرەككەپ. يالغۇز ئالماشلاردىلا ئەمەس، ئىسىم- لاردىمۇ بىرلىك-كۆپلۈك پەرقى بولىدۇ؛ پېئىللاردا «راي»دىن باشقا زامان ۋە دەرىجە، ھالەت تۈرلىرى بولىدۇ، بۇلار تۈرلۈك قوشۇمچىلارنى ئۇلاش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

ھەرقانداق تىلدا سۆزلەرنىڭ بىرىكىش قانۇنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىنتاكسىس بولىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدا "我们学习了汉语" دېگەن جۈملىدىكى سۆزلەرنى، تەركىب تېپىشىدىن قارىغاندا، "汉语" بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن. تۈزۈلگەن بىرىككەن سۆز، ئۆزگىرىش جەھەتتىن قارىغاندا، "我们"دىكى قوشۇمچە "们" شەخس ئالماش "我" دىن كېيىن كېلىپ كۆپلۈكنى بىلدۈرگەن؛ ياردەمچى "了" پېئىل 学 دىن كېيىن كېلىپ ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلانغانلىقىنى بىلدۈرگەن. سۆزلەردىن جۈملە تەركىب تېپىش جەھەتتىن قارىغاندا، ئۈچ سۆز خەنزۇ تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق قائىدىسى بويىچە ئۇيۇشقان. ئەگەر جۈملە ئاخىرىدىكى "汉语" نى بېشىغا ئېلىپ قويسا، گەپ بولمايدۇ،

چۈنكى ئۇنداق قىلىش خەنزۇ تىلىنىڭ ئىگە ئالدىدا، خەۋەر كەينىدە كېلىشتىن ئىبارەت جۈملە تۈزۈلۈشىنىڭ ئادەتتىكى قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، بۇ جۈملە «بىز خەنزۇ تىلىنى ئۆگەندۇق» («خەنزۇ تىلىنى ئۆگەندۇق») دەپ تۈزۈلىدۇ. ئىگە باشتا، خەۋەر ئاياقتا كېلىدۇ. يەنى ئىگە باشتا (خەۋەر ئىگىدىن كېيىن) كېلىش جەھەتتىن خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا ئورتاقلىق بار. بۇ ئومۇمىي گرامماتىكىلىق قائىدىلەر جەھەتتىكى ئورتاقلىق. لېكىن خەۋەر بولۇپ كەلگۈچى پېئىل بۇرۇن، ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچى كېيىن كېلىش — خەنزۇ تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى؛ خەۋەر بولغۇچى پېئىلدىن تولدۇرغۇچى بۇرۇن كېلىش — ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى. دېمەك، خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدا ئورتاقلىقمۇ بار، پەرقمۇ بار.

مەيلى خەنزۇ تىلىدا بولسۇن، مەيلى ئۇيغۇر تىلىدا بولسۇن، جۈملىنىڭ ئاساسىي ئىككى بۆلىكى بولىدۇ: ئىگە بۆلىكى، خەۋەر بۆلىكى. ئىگە بۆلىكىدە ئىگىلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايدىغان سۆز ۋە خەۋەر بۆلىكىدە خەۋەرلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايدىغان خاس سۆزلەر بولىدۇ؛ ئاندىن، خەۋەرگە ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچى بولىدىغان سۆزلەرمۇ بولىدۇ. دېمەك، جۈملىنىڭ «غولى» (ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى)، ئاندىن «شاخلىرى» (ئېنىقلىغۇچى، ھالەت) بولىدۇ. مانا بۇ جەھەتتىن خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورتاقلىق خۇسۇسىيىتى بار، لېكىن «غول» ۋە «شاخلار»نىڭ تەرتىپى جەھەتتىن كەسكىن پەرقلىرىمۇ بار، بۇ خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوخشىمايدىغان ئايرىملىق نۇقتىسى. بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن تۆۋەن-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىكى جۇملىلەرنى تەھلىل قىلىپ چىقايلى:

反映了全世界无产阶级实践斗争的马克思列宁主义的普遍真理，在它同中国无产阶级和广大人民群众的革命斗争的具体实践相结合的时候，就成为中国人民百战百胜的武器。

جۇملىنىڭ ئاساسىي تەركىبى («غولى») — 真理 (ئىگە)، (خە-
ۋەر)، 武器 (ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچى) — “马克思列宁主义的”
“反映了…斗争的” بىلەن لەر 普遍 ئىگىنى (真理 نى) 成为
سۈپەتلەپ كەلگەن ئېنىقلىغۇچى («شاخ»)، 在…时候 بىلەن 就
خەۋەر (成为) نىڭ ھالەتلىرى («شاخ»)، 中国人民 بىلەن 百战百胜
ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچى (武器) نىڭ ئېنىقلىغۇچىلىرى («شاخ»).

مۇشۇنداق «غول»، «شاخ» لىرى بولۇش جەھەتتىن خەنزۇ تىلى
بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا ئورتاقلىق بار. لېكىن بىرىنچى ئېنىقلىغۇچى
تەركىبىنىڭ خەۋىرى (反映了) خەنزۇچىدا جۇملىنىڭ بېشىدا كەل-
گەن، ئەمما ئۇيغۇر تىلىدا ئايىقىدا كېلىدۇ؛ ئىككىنچى ئېنىقلىغۇچى
تەركىبىنىڭ خەۋىرى (成为)مۇ خەنزۇ تىلىدا جۇملىنىڭ ئۈچ تەركى-
بىنىڭ بېشىدا كەلگەن، ئۇيغۇر تىلىدا ئاخىرىدا كېلىدۇ. ئومۇمەن،
«ھەقىقەت... قورالغا ئايلاندى» دېگەن تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئوخ-
شاش، لېكىن ئىككى ئېنىقلىغۇچىنىڭ تەركىبىدىكى خەۋەرنىڭ باشتا
كېلىشى جەھەتتىن پەرقلىق.

鲁迅是在文化战线上，代表全民族的大多数，向着敌人冲锋陷阵的最正确、最勇敢、最坚决、最忠实、最热忱的空前的民族英雄，

بۇ جۇملىدە ئاساسىي بۆلۈك («غول») — لۇشۈن (ئىگە) —
(خەۋەر) — «قەھرىمان» (خەۋەر). «قەھرىمان» نىڭ ئالدىدا كەلگەن
بىرمۇنچە سۆزلەر — ئېنىقلىغۇچى («شاخ»). «لۇشۈن — قەھرىمان»
(鲁迅最英雄) — ئىگە — خەۋەر — بۇ جەھەتتىن خەنزۇ تىلى بىلەن

ئۇيغۇر تىلى ئوخشاش؛ شۇنىڭدەك «قەھرىمان» نىڭ سۈپىتى بولۇپ كەلگەن «ئەڭ...ممللىي» دېگەن قىسىملىرىمۇ ئوخشاش. لېكىن خەنزۇ تىلىدا «冲锋، 代表» دېگەن پېئىللار جۈملىنىڭ ئالدىنقى قىسمىنىڭ ئېنىقلىغۇچىسىدا باشتا كېلىپ، سۆز تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئۆزگىرىش ياسىمايدۇ؛ ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، ئاخىرىدا كېلىپ، سۆز تۈزۈلۈش جەھەتتىن (گەرچە ئىگە خەۋەرلىك مۇناسىۋىتىدە بولسىمۇ) ئۆزگىرىش ياسايدۇ. 冲锋 هال پېئىل، 代表 سۈپەتداش شەكلىدە كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلى مانا شۇ جەھەتتە خەنزۇ تىلىدىن پەرقلىنىدۇ.

一个不是贫弱的而是富强的中国，是和一个不是殖民地半殖民地的而是独立的，不是半封建的而是自由的，民主的，不是分裂的而是统一的中国，相联结的。

جۈملىلەرنىڭ مۇنۇ شەكىلدە تۈزۈلگىنىنى تەھلىل قىلىپ كۆرسەك، ئاساسىي بۆلىكى («غولى») 中国 (ئىگە) — 是 (كېسىم سۆز) — "中国是相联结的"؛ (خەۋەر ياردەمچىسى) 的 (خەۋەر) 相联结 — ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ بىر تەرتىپتە كېلىشى جەھەتتە خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ئاساسەن ئوخشاش كېلىدۇ. لېكىن «شاخ» لىرىنى ئالغاندا، خەنزۇچىدا باغلىغۇچى 和 ئۆزىنىڭ ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچىسىدىن ناھايىتى يىراقتا (يەنى باشتا) تۇرىدۇ، ئاخىرقى پەش (،) نىڭ ئالدىدىن ئاشۇ باغلىغۇچىنىڭ ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچىسى 中国 نى تاپىمىز: (和…中国) 是——中国؛ باغلىغۇچى 和 بىلەن 中国 نىڭ ئارىلىقىدا 不是…而是 دېگەن ئېنىقلىغۇچى مەۋھۇم سۆزلىرى بار. ئەمما ئۇيغۇرچىدا، مۇنداق ھاللاردا بۇ باغلىغۇچى ئۆزىنىڭ ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچىسىغا يېقىن (چاپلىشىپ) كېلىدۇ: «جۇڭگو... جۇڭگو بىلەن» بولۇپ تۈزۈلىدۇ. دېمەك، خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى بۇ جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئەمدى، سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى جەھەتىگە نەزەر سالايلى.

سۆزلەر مەلۇم گراماتىكىلىق قائىدە بويىچە بىرىكىپ، مۇرەككەپرەك مەنىنى بىلدۈرسە سۆز بىرىكمىسى بولىدۇ. سۆز بىرىكمىسى جۈملىدە ئومۇمەن سۆزگە ئوخشاش رول ئوينايدۇ، لېكىن سۆز بىرىكمىسى جۈملىنىڭ بىر بۆلىكى بولۇپ كېلىشمۇ، ئۆز ئالدىغا بىر جۈملە بولۇپ شەكىللىنىشمۇ مۇمكىن. سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئۆز ئارا تۈزۈلۈش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ پەرقلىق بولغانلىقىغا قاراپ، بىرقانچە خىل بولىدۇ. خەنزۇ تىلىدا سۆز بىرىكمىلىرى: ئېنىقلىغۇچى — بېقىندىلىق (偏正)، پېئىل — تولدۇرغۇچىلىق (动宾)، ئىگە — خەۋەرلىك (主谓) ۋە قوشما (联合) مۇناسىۋەت بىلەن تۈزۈلىدۇ. سۆز بىرىكمىسىنى تەركىب تاپقۇزغان سۆزلەرنىڭ ئارىلىرىغا كۆپ ھاللاردا 的、得、了、着 دېگەن ياردەمچىلەر (قوشما مۇناسىۋەتلىك بىرىكمىگە 和 دېگەن باغلىغۇچى) قوشۇلغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇمەن تۈزۈلۈشى ئاددىيراق بولىدۇ. لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى مۇرەككەپرەك بولىدۇ. ئېنىقلىغۇچىلىق، بېقىندىلىق، قوشما (تەڭداشلىق) جەھەتلىرىدىن خەنزۇ تىلىدىكى سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بىرىكمىلىرى ئومۇمەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، لېكىن كونكرېت تۈزۈلۈش جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. ئاددىيسى ئۇيغۇر تىلىدا سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىبىگە كېلىش قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن، 八个新兴科学技术领域简介 دېگەن مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسىدە، 新兴科学技术 مۇستەقىل بىر سۆز بىرىكمىسى، بۇنىڭغا 领域 قوشۇلسا يەنىمۇ مۇرەككەپ بىرىكمە بولىدۇ، 八个 بولسا ئاشۇ

پۈتۈن بىرىكمىنىڭ يەنە بىر قات ئېنىقلىغۇچىسى، ئەگەر بۇ سۆز بىرىكمىسىنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈزۈلۈش قائىدىسىگە رىئايە قىلماي، سۆزلەرنى ئىز - ئىزىغا قويۇپلا تەرجىمە قىلىدىغان بولسا «8 يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان پەن - تېخنىكا ساھەسىنى تونۇشتۇرۇش» بولۇپ قېلىپ، پىكىر مۇجمەللىشىدۇ. «8» سانى «ساھە»نىڭ ئېنىقلىغۇچىسىمۇ ياكى «يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان» «8» نىڭ ئۆزىمۇ؟ ئەسلىدە، تۈزۈلۈشى ۋە مەنىسى جەھەتتىن «8» سانى «ساھە»نى ئېنىقلاپ كەلگەن. شۇڭا، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئېنىقلىغۇچى ئومۇمەن ئېنىقلانغۇچى ياندىشىپ كېلىش قائىدىسى بويىچە، «پەن - تېخنىكىنىڭ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان سەككىز ساھەسى» قىلىپ تۈزۈلسە، خەنزۇچىدا دېيىلگەن ئۇقۇم تولۇق ۋە توغرا ئاڭلانغان بولىدۇ. خەنزۇ تىلىدا سۆز بىرىكمىسىنىڭ تەركىبىدىكى مەركىزىي سۆز (中心词) ئىسىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئېنىقلاش، چەكلەش رولىنى ئوينايدىغان سۈپەت ياكى رەۋىشلەر قوشۇلۇپ كەلگەن بولسا، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ مۇنداق بىرىكمىنىڭ تەركىبىگە باشقا قوشۇمچىلار ئۇلانمايدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| يېڭى ئادەت | 新风尚 |
| ئىلغار شەخس | 先进人物 |
| ئېگىز تاغ | 高山 |

لېكىن، خەنزۇچىدا ئىككى ئىسىمدىن تەركىب تاپقان سۆز بىرىكمىسىگە ھېچقانداق باشقا قوشۇمچە قوشۇلمايدۇ، ئۇيغۇرچىدا بولسا، كۆپ ھاللاردا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ، ئوخشاش «ئېنىقلىغۇچى — بېقىندىلىق» مۇناسىۋەت بىلەن تۈزۈلگەن سۆز بىرىكمىسى ئىككى تىلدا تۈزۈلۈش جەھەتتىن بىر خىل بولىۋەرمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| جۇڭگو خەلقى | 中国人民 |
| قاتناش قائىدىسى | 交通规则 |

ۋاقىتلىق بىرىكمىلەردىكى ئەھۋال شۇنداق، ھەتتا تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىدىمۇ ئاشۇنىداق ئوخشاشلىق ھەم پەرقلىق ئەھۋاللار بولىدۇ.

دېمەك، تەرجىمىدە ئىككى تىلنىڭ گراماتىكىلىق تۈزۈلۈش قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن تىللارنىڭ ئومۇمىي ۋە ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگىنىش ــ تەرجىمانىنىڭ تىل ۋە تەرجىمە ئىشلىرىدا ئەڭ دىققەت قىلىدىغان مەسىلىلىرىدىن بىرى.

## 2. ئىپادىلەش ھەققىدە

تىل جەمئىيەتنىڭ ۋاستە قورالى بولغىنى ئۈچۈن، تىل ئۆز ئىگىسىنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي جەريانلىرى، شۇنىڭغا باغلىق ماددىي ـ مەنىۋى تۇرمۇش چۈشەنچىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش ئالامەتلىرى يەنى ۋاسىتىلىرى بولىدۇ؛ جۈملىدىن ھەر مىللەتنىڭ تارىخىي يوسۇندا شەكىللەنگەن پسىخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىگە ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە مۇۋاپىق سۆز ـ ئىبارىلىرىدىمۇ خاسلىق بولىدۇ. تەرجىمىدە تىللاردىكى بۇ ئۆزگىچىلىكلەر ئېتىبارغا ئېلىنمىسا، بىر تىلنىڭ ئىگىسى چۈشەنگەن ئۇقۇمنى يەنە بىر تىلنىڭ ئىگىسى شۇنداق چۈشەنمەيدۇ، ھەتتا تەتۈر چۈشىنىپ قالىدۇ. ئاندىن يەككە سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى جۈملىدىمۇ شۇ پېتىچە كۆچۈرۈپ تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ.

مەسىلەن:

"多打些象凤皇山这样的歼灭战，而且要越打越漂亮，才能解决问题。"

«فېڭخۇاڭشەندىكىگە ئوخشاش يوقىتىش جېڭىنى كۆپرەك قىلساق، جەڭنى قىلغاندىمۇ بارغانچە قاملاشتۇرۇپ قىلساق، ئاندىن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ.» (بىزنىڭچە، توغرىراق تەرجىمىسى مۇشۇ)

مۇرەككەپ ئىبارىلەرنى تەرجىمە قىلىشتا، خەت ياكى سۆزنىڭ تۈپ مەنىسىگىلا ئېسىلىۋېلىپ، ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىكى ئۆزگىرىشلىرىگە دىققەت قىلمىساق، مەنە مۇجمەللىكى يۈز بېرىپلا قالماستىن، گاھىدا تەتۈر چۈشەنچە پەيدا بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئىككى تىلدا ئۇقۇم جەھەتتىن ئوخشاش بولغان سۆز-ئىبارىلەر دۇچ كەلگەندە، تەرجىمە تىلدا شۇ تىلنىڭ ئۆزىگە خاس تەڭدىشىدىن لايىقىدا پايدىلانغان ياخشى. مەسىلەن:

谋事在人，成事在天。
(يارىلىش ئۆزەڭدىن، يارىتىش تەڭرىدىن)

我没有这么大造化
(مېنىڭ زۇۋۇلام ئۇنچىلا چوڭ ئۇزۇلمەپتىكەن)

若办得一点影儿都没有
(بۇسىنى چىقارماي تۈگىتىۋەتسە)

一步挪不了三寸
(بىر قەدەمنى ئۈچ چامداپ دېگەندەك)

心有余而力不足
(ئارمانىم بار، دەرمانىم يوق)

不是我说句造孽的话
(ئاغزىمنى ئۇشۇتمەكچى ئەمەسمەن)

藏奸　　(ئالىسى ئىچىدە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

扫帚颠倒竖 (ئېتەك ياقا بولماق)
什么破窖里去 (ياتقان يېرى سامانلىق)
墙倒众人推 (ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك)

گاھىدا خەنزۇچىدىكى ئوبرازلىق سۆز-ئىبارىلەر مەنە ۋە شەكىل جەھەتتىن ئۇيغۇرچىدىمۇ ئوخشاش بولۇپ چىقىدۇ. مەسىلەن:

偷来的 锣鼓儿打不得
(ئوغرىلاپ كەلگەن ناغرىنى چالغىلى بولمايدۇ)
块肥羊肉，无奈烫的慌
(قىزىق كاۋاپ ئېغىزنى كۆيدۈرىدۇ)
玫瑰花儿可爱，刺多扎手
(قىزىلگۈلنىڭ تىكىنى بار)
癞狗扶 不上墙
(لالما ئىت ئۇۋغا يارىمايدۇ)

شۇنداقلا، ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى ئىدىئوم-ماقالالارنى شۇ پېتىچە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك خەنزۇچىدىكى بەزى ئوبرازلىق ئىپادىلەرنىمۇ ئۆز پېتىچە ئۇيغۇر تىلىغا كۆچۈرۈپ قويغىلى بولمايدۇ.

خەنزۇ تىلى باي تىل، خەنزۇ تىلىدا دۇنيادا ۋۇجۇدقا كەلگەن نەرسىلەرنىڭلا ئەمەس، ھەتتا ئەلمساقتىن تارتىپ روھىي دۇنيادىكى مەۋھۇم چۈشەنچىلەرنىڭمۇ خاس سۆزلىرى بار. بۇ جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلى ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى، لېكىن ئىككىنچى تەرىپىمۇ بار. ئۇيغۇر تىلىمۇ، ئۆز نۆۋىتىدە بەزى جەھەتلەردىن خەنزۇ تىلىدىن بايراق (مەسىلەن، يېزا ئىگىلىك ساھەسىنى ئالساق)؛ ھەتتا ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنى خەنزۇ تىلىدا تولۇقى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش تەس-

رەك. ئەمما تەرجىمەشۇناسلىقتا ئوبدان تەتقىق قىلىنمىغىنى ئۈچۈن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېزىق شەكلىدىكى ئىپادىسىدە بىرمۇنچە ۋاستىلەر ئورۇن ئالالماي كېلىۋاتىدۇ. بۇ هال ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىلمىي يوسۇندا قېلىپلىشىشىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇچىدا 要, 必须 كەلسىلا «كېرەك» «لازىم» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. هالبۇكى، ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللارنىڭ بۇيرۇق رايىدىكى «سۇن» قوشۇمچىسى بىلەن ئىپادىلەنسە، گويا «تەرجىمە تىلى» كەمتۈك بولۇپ قالغاندەك هېس قىلىنىدۇ.

قىسقىسى، تەرجىمە تىلىدا خەت ـ سۆز قوغلىشىپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، هەم خەت ـ سۆز قوغلاشمايمۇ بولمايدۇ. سۆز ـــ (هەر ئىككى تىلدا) تىل بىرلىكى بولۇش جەهەتتىن مۇتلەق؛ ئىستېمال جەهەتتىن نىسپىي بولىدۇ. مانا بۇ قارىمۇ ـ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى. تەرجىمە خىزمىتىدە دۇنيادىكى باشقا شەيئى ۋە هادىسىلەردىكىگە ئوخشاشلا ئاشۇ قانۇنىيەت هۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

1979 ـ يىلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# تەرجىمە توغرىسىدا چۈشەنچە

تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھەر ساھەدىكى خىزمەتلەر ئۇچقاندەك يۈكسىلىشكە باشلىدى، تىل بىلەن قوشكېزەك بولغان تەرجىمە خىزمىتىمۇ ناھايىتى جىق ئىلگىرىلىدى، تەرجىمە خىزمىتىدىكى ئىلگىرىلەش سان ۋە سۈپەت جەھەتتە بولۇپ؛ سان جەھەتتىكى ئۆسۈش تەرجىمانلار قوشۇنىنىڭ زورىيىشى، تەرجىمە ۋەزىپىسىنىڭ كۆپىيىشىدە ئىپادىلەنسە، سۈپەت جەھەتتىكى ئۆسۈش تەرجىمانلار قوشۇنىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە تەرجىمىنىڭ ئىلمىيلىشىشىدە ئىپادىلەنمەكتە. بىراق، تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات ئەھۋالىدىن ئالغاندا، تەرجىمە خىزمىتىدىكى يۈكسىلىش تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىغا جاۋاب بېرەلىشتىن تېخى ناھايىتى يىراق. بۇ ئەھۋال بىزنىڭ ئالدىمىزغا تەرجىمە سەۋىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش ۋەزىپىسىنى قويماقتا. تەرجىمىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، تەرجىمە نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىشقا ۋە بەرپا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مەملىكىتىمىزدە تەرجىمىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلىرى بار. بىز تەرجىمانلار ئەنە شۇ قىممەتلىك مىراسلىرىمىزنى يەكۈنلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك.

## 1. تەرجىمىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى

بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئەتراپىدا يولۇققان ئىشلار بىلەنلا تونۇشلۇقى بولسا، ئۇنىڭ كۆزىتىش دۇنياسى تار بولىدۇ. مۇبادا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆز ئەتراپىدىن تاشقىرىقى ئەھۋاللار بىلەن كۆپرەك تونۇشلۇقى بولسا، ئۇنىڭ تونۇغان دۇنياسى كەڭ بولىدۇ. بۇنداق كەڭرى دۇنيانى بىلىشنىڭ يولى ئىككى: بىرى، جاھان كېزىش؛ يەنە بىرى، تەرجىمىدىن پايدىلىنىش. ھەممە ئادەم جاھان كېزىپ يۈرەلمەيدۇ، بۇ يولدا ئازلا ئادەم ماڭالايدۇ. بىز كۆپرەك ماڭالايدىغان يول بىرلا، ئۇ بولسىمۇ تەرجىمە يولى. تەرجىمە كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ؛ كىشىلەرنى ئۆز ئەتراپىدىكىلەرنىڭ، ئۆز ۋەتىنىنىڭ ۋە ئۆز يۇرتىنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپلا قالماستىن، پۈتۈن دۇنيانىڭ، پۈتۈن دەۋرنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. قەدىمكى تىلنى ھازىرقى تىلغا ۋە ئۆزگە تىلدىكى تارىخىي ئەسەرلەرنى ئۆز تىلغا تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ئۆز خەلقىنىڭ ئۆتمۈشىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ئاندىن، تەرجىمە كىشىلەرنىڭ ئوبدان ئاپتور ياكى يازغۇچى بولۇپ يېتىشىشىگىمۇ ياردەم بېرىدۇ. تارىختا ئۆتكەن بولسۇن، خاھى ھازىرقى زاماندا بولسۇن، نۇرغۇن ئاپتور ياكى يازغۇچىلار تەرجىمىدىن ياكى ئۆزگە تىلدىن نەپ ئالغان. ئۇلار ئادەتتە، تەرجىمىدە چېلىققان چىرايلىق سۆز، بەدىئىي ئىبارىلەرنى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىشلەتكەن، ھەتتا شۇنى دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇلار تەرجىمە ئارقىلىق ئۆز تىلىنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن. ئاپتورلۇق ۋە يازغۇچىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرغۇسىدىن قارىغاندىمۇ، تەرجىمە ئۇلار ئۇچۇن ئوبدان بىر مەشىق.

تەرجىمە مىللەتلەر ئارا ۋە خەلقئارا دوستلۇق ھەم ئىتتىپاقلىقنى ئالغا سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دوستلۇقى ھەققىدە گەپ بولغاندا، ھەر سائەت، ھەر مىنۇت توختىماي خىزمەت قىلىۋاتقان تەرجىمىنىڭ رولىغا سەل قارىماسلىق كېرەك.

تەرجىمە — سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسى. ئىككى تىلنى بىلمىگەن ئادەم ھېچقاچان تىللارنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرالمايدۇ.

## 2. تەرجىمىنىڭ تەبىرى ۋە تارىخى

تەرجىمە — تەكرار ئىجادىيەت. تەرجىمە ئالدى بىلەن ئۆزگىسىنى ئۆزلەشتۈرىدۇ. يەنى باشقا بىر تىلدىكى ئۇقۇمنى ئۆزىنىڭ تىلى بىلەن ئۇقتۇرىدۇ. ئەسلى تىلدىكى مەزمۇن تەرجىمىنى چەكلەيدۇ؛ تەرجىمان ئاپتورنىڭ تەپەككۇر دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. تەرجىمىنى نوقۇل ئىجادىيەتتىن پەرقلەندۈرۈپ، تەكرار ئىجادىيەت دېيىشتىكى سەۋەب ئەنە شۇ.

تىل جانلىق تىل ۋە يېزىق تىلى دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەندەك، تەرجىمىمۇ چوڭ ئىككى ساھەگە بۆلۈنىدۇ: بىرى، ئېغىز تەرجىمىسى، بۇنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. تىل قاچان پەيدا بولغان بولسا، ئىنسانلار توپلىرىنىڭ پەرقلىق تىللىرى بىلەن تەڭلا تەرجىمىمۇ پەيدا بولغان؛ يەنە بىرى، يېزىق تەرجىمىسى، بۇنىڭ تارىخىمۇ يازما مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 3000 يىلدىن ئاشىدۇ.

مەملىكىتىمىزدە بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرى جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىلا تەرجىمانلىقنى رەسمىي خىزمەت ـ مەنسەپلەر قاتارىدا ھېسابلىغانلىق توغرىسىدا يازما مەلۇماتلار بار. «ئەدەبنامە»نىڭ «پادىشاھلىق تۈزۈم» بابىدا بايان قىلىنىشىچە، «تۆت تۇشنىڭ ئەللىرى بىر ـ بىرىنىڭ تىللىرىنى ئۇقۇشمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئادەت ـ خاھىشلىرىمۇ ئوخشاشمايدۇ. ئۇلار ئۆي ـ پىكىرلىرىنى ئۇقۇشۇش ۋە ئادەت ـ خاھىشلىرىنى چۈشىنىش جەھەتتە، شەرقتىكىلەر ئۈچۈن «جى» (寄)، جەنۇبتىكىلەر ئۈچۈن «شياڭ» (象)، غەربتىكىلەر ئۈچۈن «دى ـ دى» (狄鞮)، شىمالدىكىلەر ئۈچۈن «يى» (译) قوللىنىلغان».

«سۈي يىلنامىسى»نىڭ «نومشۇناسلىق بايانلىرى» بابىدا قەيت قىلىنىشىچە، جۇڭگودا خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا، يەنى مىلادى 150 ـ يىللىرىدا «فەن يى» (翻译) دېگەن ئاتالغۇ مەيدانغا كەلگەن. خەن دەۋرىدىن ئىلگىرىكى زامانلاردا بولسا، پەقەت «译» دېگەن بىرلا خەت بىلەن ئاتالغان. كېيىنچە، بۇ سۆزنىڭ ئالدىغا «ئۆرۈش»، «ئاغدۇرۇش» مەنىسىدىكى «翻» دېگەن سۆپەتداشنى قوشۇپ، «翻译» دەپ ئاتايدىغان بولغان.

ياۋروپادا بولسا، مىلادىدىن 250 يىل ئىلگىرى رىم شائىرى لىۋىئۇس ئاندرونىكوس (Livius Andronicos) مىلادىدىن سەك-كىز ـ توققۇز ئەسىر ئىلگىرىكى يۇنان شائىرى ھومېر (Homer)نىڭ «ئودىسسا» داستانىنى لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

تەرجىمە مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم تەرەققىيات رولىنى ئوينىغان. دۇنيادا «بۇددا سۇترا» يەنى «نوم»لىرىنى بۇرۇن زادى قانچىلىك كىشى ئەسلى تىلى بويىچە ئوقۇيالايدىغان بولغىيتتى؟! ئەسلى «بۇددا

سۇترا»لىرىنى شۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ئاران 10 مىڭدىن بىرىلا ئوقۇيالايدىغان بولۇشى مۇمكىن. «ئىنجىل»نىمۇ ئەسلى تىلى بويىچە كۆپ بولسا يۈزدىن بىر كىشى ئوقۇيدىغان بولغىيتتى! ئۇلاردىن ئۆزگىلەر تامامەن تەرجىمىلىرىنى ئوقۇغان. «بۇددا سۇترا»لىرىنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرى شەرق مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئاتا-بوۋىلىرى سانسكرىت ۋە «توخار» (دىغار) تىللىرىدىن «بۇددا سۇترا»لىرىنى تەرجىمە قىلىش يولى بىلەن ئاۋۋال بۇددا پەلسەپىسىنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئۆگەنگەن. بۇ مەنىۋى ھالەت بارا-بارا ماددىي ھالەتكە ئۆتكەن؛ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ بالدۇرقى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىگە چوڭ تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. ئاخىر بېرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆزىگە خاس بۇددا مەدەنىيىتى ۋۇجۇدقا كەلگەن.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىدا ئۇيغۇر تەرجىمانلىرى ئالاھىدە رول ئوينىغان. بۇددا دىنى خەنزۇلار رايونىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ روجىيا، داۋجىيا ئىدىيىلىرى بىلەن ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن بىرىكىپ، خەنزۇلارنىڭ مىللىي نەزەرىيىسىگە ئايلانغان. يەنى خەنزۇلارغا خاس پۇختا دىنىي روھانىيەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن-دە، فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئۈستىقۇرۇلمىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان. بۇددا دىنى ئىدىيە، مەدەنىيەت، سەنئەت، ئىجتىمائىي تۇرمۇش، سىياسىي-ئىقتىساد ساھەلىرىدە بىرمۇنچە تەسىر پەيدا قىلغان. ھازىر ئىچكى ئۆلكىلەردە ساقلىنىپ قالغان نۇرغۇن بۇتخانىلار ئەنە شۇ مەدەنىيەتنىڭ نامايەندىلىرىدۇر. جۇڭگو تارىخىنى ئۆگىنىشتە، جۇڭگودا

بۇددا دىنىنىڭ تارىخىنى ئۆگەنمەي مۇمكىن ئەمەس. بۇددا دىنىنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشتە، ئۇنى تونۇشتۇرغۇچى، ۋاستىلىك قىلغۇچىلارنىڭ رولىنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ.

غەربتە — ياۋروپادا تېخىمۇ شۇنداق بولغان. يۇنان (گرېك) پەلسەپىسى، ئاساتىرلىرى، تراگېدىيىلىرى ۋە ئېتىكىلىرىنىڭ دۇنياغا كەڭ تارقىلىشىمۇ شۇنداق. بۇنىڭدا ئەرەب تىلى بويىچە تەرجىمانلار چوڭ رول ئوينىغان. مەسىلەن، ئارىستوتېل ئەسەرلىرىنىڭ ئەرەبچە نۇسخىلىرىنىڭ تېپىلىشى غەربتە ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتىدە مۇھىم رول ئوينىغان؛ يۇنان پەلسەپىسى ئەرەبچە تەرجىمە نۇسخىلىرى ئارقىلىق دۇنياغا مەلۇم بولغان. بۇ غەربتە ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىدە مۇھىم ئامىل بولغان، شۇنداقلا ئارىستوتېل ئەسەرلىرىنىڭ تېپىلىشى بىلەن ئۇزۇن زامانلارغىچە كۆمۈلۈپ قالغان قەدىمكى ئىدىيىلەرنى بىلىش ۋە چۈشىنىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغان. چۈنكى ئارىستوتېلنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلىرى ئانچە كۆپ تارقالمىغان. «بۇددا نوملىرى»مۇ شۇنداق. سانسكرىت تىلىدىكى «بۇددا نوملىرى»غا قارىغاندا، شەرق تىللىرىدىكى نوملار ناھايىتى كۆپ.

دۇنيا تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرەيلى، ئەدەبىيات ۋە يېزىقچىلىق گۈللەنگەن دەۋرگە نەزەر سالساق، ھەر قېتىمقى يېڭى گۈللىنىشكە تەرجىمە ئەسەرلىرىنىڭ تۆرتكە بولغانلىقىنى كۆرىمىز. ئەدەبىياتنىڭ ئالتۇن دەۋرى دەپ ئاتالغان ھەرقانداق دەۋرنى تەرجىمە ئەسەرلىرى ئەڭ كۆپ بولغان دەۋر دېيىشكە بولىدۇ. يېقىندا ۋوگول (vogol) يازغان «ياپونىيىدە بىرىنچىلەر» دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشىچە، ياپونىيە دۇنيا بويىچە چەت تىل كىتابلىرى ئەڭ كۆپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەرجىمە قىلىنىدىغان، يەنى تەرجىمىدىمۇ بىرىنچى مەملىكەت ئىكەن. قىممىتى بار بىرەر كىتاب نەدە مەيدانغا كەلگەن بولسا، شۇ كىتابنى تېپىپ شۇ يىلى ئىچىدىلا ياپونچىغا تەرجىمە قىلىدىكەن.

باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنمىغان ئەسەرلەردىن دۇنياغا تارقال-غانلىرى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ، ھەتتا بەزىلىرى كۆمۈلۈپ كەتكەن ۋە بەزىلىرىنىڭ ئىسمىلا ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، ئىبرانى تىلى-دىكى ئەسەرلەردىن باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنمىغانلىرى كۆمۈل-گىنى بويىچە قېلىۋەرگەن.

## 3. تەرجىمە بىلەن تىلنىڭ مۇناسىۋىتى

ماركسىزم تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسى بويىچە، تىل — مىللەتنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى. تەرجىمە ئۆز ئالدىغا بىر ساھە، ئۇنىڭ مۇھىم ئامىلى — تىل. تىل — ئىجتىمائىي ئالاقە قورالى. بۇ ئومۇمىي-لىق. بۇ ئومۇمىيلىق ئېتىبارى بىلەن بىرلىگەن توغرا تەبىر. لېكىن بۇ ئومۇمىيلىقنىڭ ئىچىدە خاسلىقمۇ بار. ئۇ خاسلىق شۇكى، تىل تەپەككۇرنىڭ شەكىللىنىشى، يەنى شەكىلگە كىرىشى، ئۇنىداق بولغانىكەن، تەرجىمىمۇ، ئالدى بىلەن تەپەككۇرگە باغلىنىدۇ. شۇڭا، تەرجىمىنى ئەنە شۇ تۇرغىدىن پەلسەپە بىلەنمۇ مۇناسىۋەت-لىك دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، ماركس-لېنىنلارنىڭ پەلسەپىلىرى ئومۇمىي ئەھۋاللارنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلەرنى ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇ چوڭقۇر مەنىلەرنى ئىككىنچى بىر تىلدا، ماركس-لېنىنلارنىڭ ئويلىغىنىدەك ئاڭلىتىش ئوڭاي ئىش ئەمەس. شۇنداقلا، ئارىستوتېل ۋە ئەپلاتونلارنىڭ

پەلسەپىلىرىمۇ ئەھۋاللارنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلەرنى ئۆزىگە يوشۇرغان. ئۇلارنىڭ ئۇقۇملىرىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئەسلى يېزىلغان تىلىنى تولۇق بىلىدىغان كىشى ئېنىق چۈشىنىپ كېتەلمىگەن پەلسەپە ئۇقۇمىنى ئىككىنچى بىر تىلغا تەرجىمە قىلىش تېخىمۇ تەس. ئەنە شۇنداق چوڭقۇر مەنىلىك نەرسىلەرنى تەرجىمە قىلىشنىڭ ئۆزى تەرجىمان ئۈچۈن پەلسەپە جەھەتتىن قاتتىق سىناق.

20 ـ ئەسىردىكى پەيلاسوپلارنىڭ تولىسى مۇنداق قاراشماقتا: تىلنىڭ مەنىسىدە ئەلۋەتتە چەك بولىدۇ. شۇڭا، مۇھىم بىر خىل ئۇقۇمنى ھەر خىل تىل بىلەن مۇھاكىمە قىلىش تەس. ھەركىمنىڭ ئىدىيىسى شۇ كىشىنىڭ تىلى بىلەن چەكلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىر كىمنىڭ ئىدىيىسى (تەپەككۇرى) ئۆزىنىڭ تىلىدىلا مەۋجۇت بولسىمۇ، باشقا بىر تىلدا ئۇنىڭ شۇ بويىچە مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھەرقانداق تىلنىڭ چېكى، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بولىدۇ. دۇنيادا ئەلتۆكۈس، تاكامۇللاشقان تىل بولمايدۇ. ھەر بىر تىلنىڭ ئۆزىگە خاس تۈسى، مەنە ئاڭلىتىش ۋاسىتىلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ. دەرۋەقە، تىللار ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىقمۇ بولىدۇ، ئۇلاردا ئوخشاش كېلىدىغان نەرسىلەر بويىچە ئۇقۇمنى بىر ـ بىرىگە تونۇشتۇرۇش ھېچقانچە تەس ئىش ئەمەس. تەرجىمە ئۈچۈن ئەڭ چوڭ سىناقلاردىن بىرى ــ تىللار ئوتتۇرىسىدىكى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان نەرسىلەرنى تونۇشتۇرۇش. شۇ جەھەتتىن تەرجىمان تىللار ئوتتۇرىسىدا مەنە پەرقلىرىگە دۇچ كېلىدۇ. بىر تىلدا بولغان بىرەر مەنە ـ ئۇقۇم باشقا بىر تىلدا ئەينەن بولماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا، شېكسپىر ئەسەرلىرىنى ئەلتۆكۈس (ئەينەن) تەرجىمە قىلمىغانلىق

ئۈچۈنلا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ھېچقانچە قىزىقارلىق ئەمەس ئىكەن، دەپ يوققا چىقىرىۋەتكىلى بولمايدۇ. تەرجىمان بىرەر يېڭى ئۇقۇمغا دۇچ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ تىلى چەكلىك بولغىنى ئۈچۈن، يېڭى سۆز-ئىبارىلەرنى ئىشلەپ چىقىرىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەرقانداق تىل بىزنىڭ ئېھتىياجىمىزنى تامامەن قاندۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. تىل — داۋاملىق تاكامۇللىشىپ بارىدىغان قورال. ئەگەر تەرجىمان ئۆز تىلىنى ۋە تەرجىمىگە ئوبيېكت بولغان تىلنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىدىغان بولسا، تىل بىلەن تەرجىماننىڭ ئوتتۇ-تۇرىسىدا زىددىيەت كەسكىنلىشىۋېرىدۇ. ئاشۇنداق زىددىيەتلەر ھەل قىلىشقا بولمايدىغان توسالغۇغا ئايلانغاندا، تەرجىماننىڭ ئېھتىياجىمۇ، قارىماققا بىھۇدە ئىنتىلىش بولۇپ قالىدۇ. لېكىن ئىنسان قەدرىنى ئالدى بىلەن چۈشىنىدىغان تەرجىمان مۇنداق بىھۇدىلىك ئالدىدا تەمتىرەپ قالمايدۇ. ئاشۇنداق «توسالغۇ»نىڭ ئۆزىدە بىرەر يېڭى كەشپىياتلىق قىممەت بولۇشى مۇمكىن. ئاشۇ قىممەتنىڭ ئۆز تىلىڭىزدىكى تەڭدىشىنى تېپىش ئارقىلىق، باشقا ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان نەرسىنى قولغا كەلتۈرىسىز، ئىجاد قىلىسىز، تەرجىمە بىلەن پەلسەپىنىڭ مۇناسىۋىتى ئەنە شۇنداق.

مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، تەرجىمىدە قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدىغان ھەر-قانداق مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشى تەرجىماننىڭ تىل مۇھىتىغىمۇ باغلىق بولىدۇ، شۇنداقلا تەرجىماننىڭ ئانا تىلغا ۋە شۇ ئانا تىلنى تەرجىماننىڭ قانچىلىك بىلىشىگىمۇ باغلىق بولىدۇ. بىرەر خەلقنىڭ ياشىغان زېمىنى قانچە كەڭ بولسا، ئىشلىگەن ئىشى قانچە كۆپ بولسا، شۇ خەلقنىڭ تىلىمۇ شۇنچە باي، تارىخىمۇ شۇ نىسبەتتە كەڭ

بولىدۇ. تارىخى ئۇزاق، دائىرىسى كەڭ ۋە مەزمۇنى مۇرەككەپ ئانا تىل مۇھىتىدا تەرجىماننىڭ پائالىيەتلىرى كەڭ-كۇشادە بولىدۇ، چۈنكى مۇنداق تەرجىماننىڭ قول-ئىلكىدە «مال-مۈلۈك» خېلى كۆپ بولغاچقا، «تۇرمۇش»تا قىينىلىپ قالمايدۇ. ئەمما تەرجىماننىڭ قورالى ئاشۇ ئانا تىل — مىللىي تىل بولغىنى ئۈچۈن، «سەرپىياتتا ھەر قانچە قولى ئوچۇق» بولسىمۇ (سۆز-ئىبارىلەرنى قوللىنىش ۋە ياساشتا قىينالمىسىمۇ)، يەنىلا شۇ تىلنىڭ قانۇنىيىتى دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

## 4. سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ تەرجىمىدىكى رولى

باشقا-باشقا تىللاردا سۆزلەشكۈچى ھەرقانداق مىللەتنىڭ تەبىئەتنى تونۇشى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن تونۇشىنىڭ تىلدىكى ئىپادىسى ئوخشاش بولمايدۇ. ھەر مىللەتنىڭ تەبىئەتتىكى نەرسىلەرگە قويغان ناملىرى ئوخشاش بولماسلىقى بىلەن، شۇ نەرسىنىڭ تۈپ تەبىئىتى باشقىچە بولۇپ قالمايدۇ.

ھەر تىلنىڭ ئۆزگىچىلىكى بولىدۇ. بۇ تىلدا «كەمتۈك» بولغان نەرسە، يەنە بىر تىلدا «تولۇق» بولغان بولىدۇ. ئۇ «كەمتۈكلۈك» شۇ تىلنىڭ ئەيىب-كەمچىلىكى ئەمەس، شۇ تىلنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى. گرامماتىكىسىز تىل بولمايدۇ. تىل سىستېمىلىرى ياكى تىل ئائىلىلىرى بويىچە ئەمەس، ھەتتا تىل گۇرۇپپىلىرى (قېرىنداش تىللار) ئارىسىدىمۇ ئىنچىكىلىگەندە، گرامماتىكىلىق پەرقلەر بولىدۇ.

ئادەتتە بىز دەيدىغان گرامماتىكا ئىككى مەنىنى بىلدۈرىدۇ: بىرى، تىلنىڭ ئۆزىنىڭ گرامماتىكىلىق تۈزۈلۈشى (قۇرۇلمىسى)؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يەنە بىرى، تىلنىڭ ئۆزىدىكى گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈشىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

بىزگە مەلۇم، تىلنىڭ گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈشى بىلەن لېكسىكىسى تىلنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. لېكسىكا بولمىسا تىل بولالمايدۇ؛ لېكسىكا بولۇپ، گىراماتىكا بولمىسىمۇ تىل بولالمايدۇ. چۈنكى تىل بىرمۇنچە سۆزلەرنىڭ ئاددىيلا دۆۋىسى ۋە ئىختىيارىي بىرىكمىسى ئەمەس. سۆزلەر بەلگىلىك تەرتىپتە تەشكىللەنگەندىلا، شۇ سۆزلەرنىڭ قوللانغۇچىلار ئۈچۈن ئالاقە قىلىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش قورالى بولالايدۇ. ھەر تىلنىڭ گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈشى شۇ تىلنىڭ ئۆزىگە خاس بولىدۇ. چۈنكى ھەر مىللەتنىڭ تىلى شەكىللەنگىنىدىن تارتىپلا ئۆزىگە خاس گىراماتىكىسى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئادەتتە سۆزلىگەندە ياكى ماقالە يازغاندا، «گىراماتىكىغا ئۇيغۇن ئەمەس» دېگەن باھانى ئاڭلايمىز. بۇنىڭدا تىلنىڭ ئۆزىدىكى گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈشى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىنى سېلىشتۇرۇشقا ۋە پەرق ئېتىشكە توغرا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈشلىرىگە ئاساسلىنىمىز. ھەر تىلنىڭ گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈشى شۇ تىلنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەتلەر كۆپىنچە ھەر تىلدا سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە جۈملە تۈزۈلۈشى جەھەتلىرىدىكى خىلمۇخىللىق بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، كۆپلۈك بىرىنچى شەخس ئالماش ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىگە بولۇپ كەلگەندە "بىز"، خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، زامان بىلەن پەرقلىنىپ، ئۆتكەن زامان شەكلى "دۇق"، كەلگۈسى زامان شەكلى "مىز" بولۇپ كېلىدۇ. خەنزۇ تىلىدا ھەرقانداق شارائىتتا ئوخشاشلا "我们"

بولۇپ كېلىۋېرىدۇ. جۈملە تۈزۈلۈشىنى ئالساق، ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلى سۆزلەرنىڭ بىر تەرتىپتە كېلىش جەھەتتىن ئوخشاش. لېكىن ئىسگە ـ خەۋەر ۋە خەۋەر ئېنىقلىغۇچىلىرىنىڭ ئورۇنلىرى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

ئىككى تىل بىلەن شۇغۇللانغان ئادەم، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ گراماتىكىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىشكە ھاجەتمەن بولىدۇ. سېلىشتۇرۇشنىڭ دائىرىسى ئىككى قىسمىنى، يەنى مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مورفولوگىيە سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى، ياسىلىشى ۋە تۈركۈملىرىنى تەتقىق قىلىدۇ؛ سىنتاكسىس سۆز بىرىكمىسى، جۈملە تەركىبى ۋە جۈملە تۈرلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. لېكىن بۇ ئىككى ساھەنى بىر ـ بىرىدىن مۇتلەق ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. جۈملە سۆزلەردىن تەركىب تاپىدىغانلىقى ئۈچۈن، سۆز تۈركۈملىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئوبدان بىلىۋالساق، سۆزلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، جۈملە تۈزۈشتە ئۇلار جۈملىنىڭ قانداق بۆلىكى بولۇپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

خەنزۇ تىلى ــ دۇنيادا باي ۋە تەرەققىي قىلغان تىللاردىن بىرى. لېكىن جۇڭگولۇق ئالىملارنىڭ خەنزۇ تىلىنىڭ ئىلمىي گراماتىكىسىنى سىستېمىلىق بىر يەن سۇپىتىدە تەتقىق قىلىشى ئادەتتە، ئېتىراپ قىلىنىشچە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان ما جيەنجۇڭ (1845 ــ 1900)دىن باشلانغان دېيىلىدۇ. ئۇ 1876 ـ يىلى جۇڭگونىڭ فرانسىيىدىكى ئەلچىخانىسىغا تەرجىمان بولۇپ تەيىنلەنگەن؛ كېيىن ھىندىستان، چاۋشيەنلەردە دىپلوماتىيە ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن. ئۇ ئون جىلدلىق «ما ئەپەندى ئەسەرلىرى دىۋانى»نى يازغان. بۇنىڭدا «تۆت نامە، بەش نوم»، تارىخ ۋە تەزكىرىلەردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىساللار ئېلىپ، ناملار، مۇستەقىل خەتلەر، ياردەمچى خەتلەر، جۈملە تۈزۈلۈشى دېگەن تۆت قىسىم بويىچە خەنزۇ تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى شەرھلىگەن، يەنى ئۇنىڭ ئەسىرى خەنزۇ تىلىنىڭ چىن زامانىسىدىن ئىلگىرىسىدىن تاڭ زامانىسىغىچە بولغان قەدىمكى يېزىق تىلىنى لاتىن تىلىنىڭ گىراماتىكا سىستېمىسى بويىچە تەھلىل قىلىپ يېزىلغان تۇنجى گىراماتىكىسىدۇر. «4 ـ ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىن بىرقانچە ئالىم خەنزۇ تىلىنىڭ گىراماتىكىسىغا دائىر مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان. بۇ گىراماتىك ئالىملارنىڭ تولىسى ئېنگلىز تىلىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈشى جەھەتتىن خەنزۇ تىلىنىڭ ئېنگلىز تىلى بىلەن ئوخشاشلىقى كۆپرەك.

ئۇيغۇر تىلىنى ئالساق، 11 ـ ئەسىردىلا ئۇنىڭ گىراماتىكىسى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنغان ۋە ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى رەسمىي يېزىلغان. سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاتىسى ۋە دىئالېكتولوگىيىنىڭ پىر ـ ئۇستازى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىل نەۋىسىنىڭ جەۋھەرلىرى» دېگەن ئەسىرى ھازىرغىچە دۇنيادا نامى مەلۇم بولغان بىرىنچى ئەسەردۇر. بۇ ئەسەر بىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن، لېكىن ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ئاساسىي قائىدىلەردىن بىر قىسمى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەردىن يېتىشكەن تىلشۇناسلار، ئەرەب ـ پارس تىلشۇناسلىرى ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىنى داۋاملىق تەتقىق قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي قىسمىدا («قوچۇ ئىدىقۇتلۇغى»دا) بولسا، ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلى ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتچىلىق X ئەسىردىلا شەكىللىنىپ، خېلى راۋاجلانغان ۋە بەزى ئەسەرلەرمۇ يېزىلغان.

ياۋروپا ئالىملىرى بولسا، ئۇيغۇر تىلىنى XIX ئەسىردىن باشلاپ تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن؛ رۇس، نېمىس، فرانسۇز، ۋېنگىر تىللىرىدا ھازىرغا قەدەر نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلدى.

كىشىلەرنىڭ تىل توغرىسىدىكى ھازىرغىچە بولغان تونۇشى بويىچە، گراماتىكىلار دۇنيادىكى مەلۇم بولغان 5600 خىل تىلنى بىرقانچە تۈرگە بۆلگەن. ئادەتتە قوللىنىلىۋاتقان نەسەپ (شەجەرە) سىستېمىسى بويىچە بۆلگەندە خەنزۇ تىلى خەنزۇ-زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدۇ. ئۇيغۇر تىلى بولسا ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدۇ. گراماتىكىلىق قۇرۇلمىغا كىرىدىغان مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلەر بويىچە تۈركۈملىگەندە، خەنزۇ تىلى گراماتىكىلىق مۇناسىۋەتنى سۆز تەرتىپى ياكى ياردەمچى سۆزلەرگە تايىنىپ ئىپادىلەيدىغان تۈپ سۆز تىلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلى بولسا، سۆزلەرنىڭ ئۆزىدە مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدىغان، سۆزلەرنىڭ گراماتىكىلىق مەنىلىرى ئۆزلىرىدىن باشقا قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان «يېپىشقاق» تىللارغا كىرىدۇ. ھەرقانداق تىلنىڭ فونېتىكىلىق تەركىبلىرى ۋە تۈزۈلۈش يوللىرى مەلۇم بىر سىستېما بويىچە، ئۆز ئالدىغا خاس خۇسۇسىيەتلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. خەنزۇ تىلىنى ئالساق، ئۈزۈك تاۋۇشلار 21؛ سوزۇق تاۋۇشلار: تۈپ سوزۇق تاۋۇشلار 6 بولۇپ، بۇلاردىن تۈرلەنگەن مۇرەككەپ سوزۇق تاۋۇشلار 35؛ مۇشۇنداق تاۋۇشلاردىن تەركىب تاپقان تۈپ بوغۇملار 411 خىل. ئەگەر تونال ئۇرغۇلار بويىچە كۆپەيتىلگەندە 1382 خىل بوغۇم بولىدۇ. بۇنىڭغا يەنە ”er“لىشىش خۇسۇسىيىتى قوشۇلسا، بوغۇملارنىڭ سانى 1600گە بارىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، 24 ئۈزۈك، سەككىز سوزۇق تاۋۇشتىن ھەر

www.uyghurkitap.com

قانداق بوغۇمنى ياسىغلى بولىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىدا ئاھاڭ ۋە شەكىل جەھەتتىن پەرقلىنىدىغان بوغۇملارنىڭ سانى خەنزۇ تىلىدىكىدىن كۆپ، لېكىن خەنزۇ تىلى سوزۇق تاۋۇشلار ۋە سوزۇق تاۋۇشلۇق مۇرەككەپ بوغۇملار جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلىدىن باي.

ئىنسانلارنىڭ تىللىرىدا، گىراماتىكا جەھەتتىن ئومۇمەن ئوخشىشىدىغان جايلارمۇ بار، دۇنيادا ئەڭ بۇرۇنقى لاتىن تىلى گىراماتىكى IV ئەسىردە ياشىغان تىلشۇناس ئەلىيۇس دوناتۇس (Aelius Donatus)نىڭ گىراماتىكا نەزەرىيىسى غەرب ئەللىرىنىڭ تىللىرىدا كۆپرەك رول ئويناپ كەلگەن. ئۇنىڭ سەككىز تۈركۈمگە بۆلۈش ئۇسۇلىنى نۇرغۇن تىلشۇناسلار ھازىرغىچە قوللىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: غەرب تىللىرىدا ئومۇمەن مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ، شۇڭا بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان جايلىرى كۆپرەك. بۇ تىللاردا سىمانتىكا، سىنتاكسىس ۋە مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىش سۆزلەرنى تۈركۈمگە ئايرىشنىڭ ئورتاق ئۆلچىمى قىلىنىپ كەلمەكتە. خەنزۇ تىلىدا بولسا، مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىش يوق؛ شۇڭا، «مەنە»، «ۋەزىپە» ۋە «ھالەت» ئۆلچەم قىلىنىدۇ. بۇ — خەنزۇ تىلىنىڭ ئەڭ چوڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى.

ئۇيغۇر تىلىدا مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان ئۇقۇم خەنزۇ تىلىدا بۇنداق ئىپادىلەنمەيدۇ ياكى يېرىم مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

خەنزۇ تىلىدا شەخس، سان، زامان جەھەتلەردىكى ئىپادىلەر ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك مۇتلەق پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، شەخس، سان، زامان جەھەتلەردىن پەرقلىق سۆزلىنىدۇ.

خەنزۇ تىلىنىڭ ئىككىنچى بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، تاق ۋە

قوش بوغۇملار سۆز ـ ئىبارىنىڭ تۈزۈلۈشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەنى تاق بوغۇملۇق سۆز ئادەتتە كۆپىنچە قوش بوغۇمغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلىنىدۇ. مەسىلەن، فامىلىسى «张» بولسا، ئۇنى «老张» ياكى «小张» دېيىش كېرەك. (ئەگەر قوش بوغۇملۇق فامىلە بولسا، ئۇنداق قىلىنمايدۇ). تاق بوغۇملۇق يەر ـ ماكان ئىسىملىرىغىمۇ تۈردەش ئىسمنى بىلدۈرىدىغان سۆز قوشۇپ سۆزلىنىدۇ. مەسىلەن، «通县, 英国, 法国» (قوش بوغۇملۇق بولسا، ئۇنداق ئەمەس)، سانلاردىمۇ شۇنداق ھالەت بار. مەسىلەن، بىر ئاينىڭ دەسلەپكى ئون كۈنىگە «号» قوشۇپ ئېيتىلىدۇ. 11 دىن باشلاپ قوشسىمۇ، قوشمىسىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، قوش بوغۇملۇق سۆزلەرنى قىسقارتىپ بىر بوغۇملۇق قىلىپ سۆزلەش خەنزۇ تىلىدا ئومۇمىي ئادەت ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

电影——影片，影院
黄豆——豆腐、豆芽、豆浆…

خەنزۇ تىلىدا قوش بوغۇملۇق سۆز ئۆزگە جۈپ بولۇپ كېلىدىغان سۆزنىڭمۇ قوش بوغۇملۇق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| 进行学习 | (进行学 ئەمەس) |
| 共同使用 | (共同用 ئەمەس) |
| 打扫卫生 | (打扫卫 ئەمەس) |
| 严重事故 | (严重事 ئەمەس) |

ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان بىرىككەن سۆزلەردە بولسا، بىرىنچى سۆز قوش بوغۇملۇق، ئىككىنچى سۆز تاق بوغۇملۇق بولۇپ كېلىشىمۇ مۇمكىن.

普通话，普通票，根本法，抵抗力

www.uyghurkitap.com

خەنزۇ تىلىنىڭ ئۆچىنچى بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، خەنزۇ تىلى خەنزۇچە خەت بىلەن ئىپادىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خەتنىڭ سۆز تۈزۈلۈشىگە تەسىرى چوڭ. فونېتىكا جەھەتتىكى تارىخىي ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە، خەنزۇ تىلىدا ئاھاڭداش خەتلەر كۆپەيگەن. بۇنداق ئاھاڭداش خەتلەرنىڭ بىر قىسمى سۆز ياسىغۇچى تەركىب بولۇپ كېلىدۇ. ئۇلارنى پەقەت خەت بىلەنلا پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. شۇڭا خەنزۇ تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تولىسى تاق بوغۇملۇق ياكى قوش بوغۇملۇق بولۇپ كېلىدۇ. سان جەھەتتىن ھازىر تاق بوغۇملۇق سۆزلەرگە قارىغاندا قوش بوغۇملۇق سۆزلەر تولاراق، تاق بوغۇملۇق سۆزلەر ئومۇمەن ئەركىنرەك قوللىنىلىدۇ.

ئەمدى، سۆز تۈركۈملىرىدىن بىرقانچە خىلىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدا ئىسىملارنىڭ ئوخشاشلىق جايلىرى بار. بىرى، ئىسىملار ئىككى تىلدا رەۋىشلەر بىلەن بىردەك كەلمەيدۇ؛ ئىككىنچى، جۈملىدە ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئىككى تىلدا ئىسىملار سۈپەت بىلەن ئېنىقلىنىدۇ. ئوخشىمايدىغان جايلىرى: ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملار شەخس، سان بىلەن تۈرلىنىدۇ. خەنزۇ تىلىدا بولسا، شەخس قوشۇمچىلىرى يوق، شەخسنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بار. سان جەھەتتە، خەنزۇ تىلىدا كىشىلىك (كۆرستىش) ئالماشنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدىغان بىرلا "们" سۆزى بار، بۇنىڭدىن باشقا كۆپلۈك شەكلى ئۈچۈن "等"مۇ قوللىنىلىدۇ. ئومۇمەن خەنزۇ تىلىدا نەرسە-كېرەكلەر ئۈچۈن كۆپلۈك سان ناھايىتى ئاز ئىشلىتىلىدۇ. «كىتاب»، «قەلەم»، «ئات»، «ئىت» دېگەن ئىسىملارغا "们"نى قوشقىلى

بولمايدۇ. پەقەت "那些"، "这些" سۆزلىرى بىلەنلا كۆپلۈك ئىپادىلىنىدۇ. خەنزۇ تىلىدا سۆز تۈركۈملىرى جانلىق ئىشلىتىلىدۇ. بىر ـ بىرىگە ئالمىشىپ كېلىۋېرىدۇ، يەنى بىر سۆزدە بىرقانچە تۈركۈملۈك خۇسۇسىيەت بولىدۇ. بەزىدە سۇپەتلەر پېئىللارنىڭ رولىنى ئۆتەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، سۇپەتلەر پېئىللارنىڭ رولىنى ئۆتىشى ئۈچۈن، ئاۋۋال مەلۇم قوشۇمچىلار بىلەن پېئىلغا ئايلاندۇرۇلىدۇ.

پېئىللارنى ئالساق، خەنزۇ تىلىدا ئاساسەن: ئۆتۈملۈك پېئىل، ئۆتۈمسىز پېئىل، باغلىغۇچى پېئىل، ياردەمچى پېئىل دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئاندىن خەنزۇ تىلىدا، زامان كاتېگورىيىسى يوق، ھالەت كاتېگورىيىسى بار. ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، پېئىل ئەڭ مۇرەككەپ سۆز تۈركۈمى، شۇنداقلا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بايلىقىنى كۆرسىتىدىغان سۆز تۈركۈمى. ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىلنىڭ راي، تۈس، دەرىجە كاتېگورىيىلىرىنى سۆزگە ئەڭ باي بولغان خەنزۇ ۋە ئەرەب تىللىرىدىمۇ قىسقا شەكىل بىلەن تولۇق ئىپادىلەپ كەتكىلى بولمايدۇ.

خەنزۇ تىلىدىمۇ پېئىللاردا دەرىجە پەرقى بولىدۇ، ئاساسەن ئىككى خىل بولۇپ، بىرى ئۆزلۈك دەرىجە، يەنە بىر مەجبۇرىي دەرىجە. خەنزۇ تىلىدا پېئىلنىڭ ئالدىغا "受, 叫, 让, 由, 被" دېگەن ئارىلىق سۆزلىرىنى قوشۇش بىلەن، مەجبۇرىي دەرىجە بىلدۈرۈلىدۇ. لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا تۆت دەرىجە بار، ئۇلارنىڭ پەرقى ناھايىتى ئېنىق.

جۈملە تۈزۈلۈشى جەھەتتە ئىككى تىلنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا جۈملىنىڭ تەركىبلىرى ئاساسەن ئوخشايدۇ، جۈملە ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ.

ئاساسىي بۆلەكلىرى: ئىگە، خەۋەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەر ئىككى تىلدا ئىسىم، ئالماش، سان سۆز بىرىكمىلىرى ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئوخشاش. شۇنىڭدەك ئىسىم ۋەزىپە-سىنى ئۆتەيدىغان پېئىللىق بىرىكمىلەرنىڭ ئىگە بولۇپ كېلىشى جەھەتتىنمۇ ئوخشاش. لېكىن خەنزۇ تىلىدا، نوقۇل پېئىل ياكى پېئىل-بېقىندىلىق بىرىكمىلەر، سۈپەتلەر ئىگە بولۇپ كېلەلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، مۇنداق سۆزلەر ئىسىم ھالىتىگە كىرگەندىلا ئاندىن ئىگە بولۇپ كېلەلەيدۇ. خەنزۇ تىلىدا تەبىئەت ھادىسىلىرى، ئارىلىق-مۇساپە، پەسىل، زامان ۋە مۇھىت-شارائىتنى بىلدۈرۈشتە كۆپىنچە ئىگىسىز جۈملە شەكلى قوللىنىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بولسا ئۇنداق ئەمەس، خەنزۇ تىلىدا يالغۇز ئىگىسىلا بار ياكى يالغۇز خەۋەرىلا بار جۈملىلەر ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ گرامماتىكىلىق ئادىتى بويىچە خەنزۇ تىلىدىكى ئىگىسىز جۈملىلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا ئادەتتە ئىگىلىك جۈملە قىلىپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

شەكىل جەھەتتىن قارىغاندا، خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملە خەۋەرلىرىنى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرى، ئاددىي خەۋەر؛ يەنە بىرى، مۇرەككەپ خەۋەر. ئاددىي خەۋەر كۆپىنچە پېئىل ياكى پېئىللىق بىرىكمىلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. خەنزۇ تىلىدا قوشما خەۋەرلەر كۆپىنچە ئىككى تەركىبتىن تۈزۈلىدۇ: بىرى، باغلىغۇچى پېئىل بىلەن ئىپادىلىگۈچى «表语»دىن تەركىب تاپىدۇ؛ يەنە بىرى، ئىمكانىيەت پېئىلى بىلەن ئەسلى پېئىلدىن تەركىب تاپىدۇ. ئىككىلا تىلدا ئىپادىلىگۈچى ئومۇمەن ئىگىنىڭ شەخسى خاسلىقى، ئالاھىدىلىكى ۋە ھالەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان خەۋەر قىسمىدۇر. ئىككىلا تىلدا ئىسىم، ئالماش، سان ۋە ھەر خىل بىرىكمىلەر ئىپادىلىگۈچى بولۇپ كېلىدۇ.

ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئاساسىي تەركىبى جەھەتتىن قارىغاندا، ئىككى تىلىدا، ئومۇمەن، ئىگە باشتا، خەۋەر ئىگىدىن كېيىن كېلىدۇ. خەۋەرنىڭ جۈملىدىكى رولى جەھەتتىن قارىغاندا، ئىككى تىلىدا خەۋەر جۈملىنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، پۈتۈن جۈملىنىڭ مەنىسى ۋە تۈزۈلۈشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

خەنزۇ تىلىدا خەۋەر بولۇپ كېلىدىغان پېئىللار ئادەتتە تولدۇرغۇچى، ھالەت ۋە ئۆتۈملۈك تولدۇرغۇچىلارنى باشقۇرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، ئاشۇ تەركىبلەر خەۋەر بولۇپ كەلگەن پېئىللارنى ئېنىقلايدۇ. خەنزۇ تىلىدا جۈملىدە خەۋەرنىڭ ئەڭ يېقىن ئېنىقلىغۇچىسى خەۋەردىن يىراق تۇرىدۇ، ئۇيغۇر تىلىدا بولسا خەۋەرگە يېقىن تۇرىدۇ. گاھىدا، خەنزۇ تىلىدىكى مۇرەككەپ خەۋەر ئۇيغۇر تىلىدا ئاددىي خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.

تولدۇرغۇچىنىڭ جۈملىدىكى ئورنىغا كەلسەك، خەنزۇ تىلىدا تولدۇرغۇچى خەۋەردىن كېيىن كېلىدۇ. پەقەت تولدۇرغۇچى تەكىتلىنىشكە توغرا كەلگەندىلا، بەزى سۆزلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنىڭ ئورنىنى ئالدىغا يۆتكەشكە بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، تولدۇرغۇچى خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

جۈملىدە ئىككىنچى ئورۇندا كېلىدىغان بۆلەكلەردىن يەنە بىرى ئېنىقلىغۇچىدۇر. ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە، ئېنىقلىغۇچىلار سۈپەت، ئىسىم، ئالماش، سان ۋە باشقا بىرىكمىلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بايان قىلىپ بېرىدىغان سۆز تۈركۈمى ۋە كېلىش ئورنى جەھەتتىن ئېنىقلىغۇچىلارنىڭ تولىسى ئىسىملارنى سۈپەتلەيدۇ ياكى چەكلەيدۇ. ئېنىقلىغۇچى ئومۇمەن ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

这是一个美丽的城市，它有许多大的公园。

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تارقىتىش ئادرېسى

«بۇ — چىراىلىق شەھەر، بۇ يەردە چوڭ - چوڭ باغلار كۆپ.»

流动的水和空气具有机械能。

«ئېقىن سۇ ۋە ھاۋادا مېخانىكىلىق ئېنېرگىيە بولىدۇ.»

جانلىق تىلدا جۈملىلەر قىسقا سۆزلىنىدۇ. لېكىن يازغاندا، بولۇپمۇ پەن - تېخنىكىغا دائىر ماقالىلەر ۋە سىياسىي ماقالىلەردە، تەھلىل ۋە مۇھاكىمىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن، بىرقانچە سۈپەتلىگۈچى سۆز - ئىبارىلەر قوشۇلۇپ، جۈملە ئۇزارتىلىدۇ ياكى بولمىسا ئاددىي جۈملىلەر ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ جۈملە قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. بۇنداق جۈملىلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن، تەھلىل قىلىشقا ئادەتلەنگەن ياخشى.

ئۇزۇن جۈملىلەرنى توغرا تەھلىل قىلىش ۋە چۈشىنىش ئۈچۈن، ئاۋۋال، ئۇزۇن جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈش قانۇنىيەتلىرى ۋە قۇرۇلمىسىنى بىلىش كېرەك، جۈملىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى — بىر ھادىسە؛ جۈملىدە سۆز بىلەن سۆز ۋە بېقىندى جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر بولسا ماھىيەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

خەنزۇ تىلىدا ئىككى قەۋەتلىك جۈملىلەر بولىدۇ، يەنى ئاساسىي جۈملىدە ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق بېقىندى جۈملە بولىدۇ ياكى ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق تەڭداش جۈملىدە بىر ئورتاق بېقىندى جۈملە بولىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇنىڭدىنمۇ مۇرەككەپ بولغان ئۈچ قەۋەتلىك جۈملىلەرمۇ بولىدۇ. خەنزۇ تىلىدىكى ئۇزۇن جۈملىدە، كۆپىنچە ئۇقۇمداشلىق ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. قوشما جۈملىدىكى ئاددىي جۈملىلەر ھېچقانداق باغلىغۇچى قوشۇلماي، ئۆز تەرتىپى بىلەن قاتار كېلىدۇ، ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، كۆپ ھاللاردا، باغلىغۇچىلار ياكى رەۋىشداشلار شۇ سۈپەتداشلار بىلەن بىر - بىرىگە باغلىنىپ

كېلىدۇ. ئىككى تىلدىكى بۇ خۇسۇسىيەت پەرق ئېتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، هازىر تەرجىمە تىلىدا "ىپ، ۇپ"، "ىش ـ ۇش" شەكلى ناهايىتى كۆپ قوللىنىلىدىغان بولدى. بۇ هال ئۇيغۇر تىلىدا بىر بەت كېلىدىغان ئۇزۇن جۈملە شەكلىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا، ئۇزۇن جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈش خۇسۇسىيەتلىرىنى ئوبدان بىلىۋالساق، تەرجىمە قىلغاندا، مۇرەككەپ جۈملە تەركىبلىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىلىك مۇناسىۋەتلىرىنى پەرق ئېتىپ، پۈتۈن جۈملىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئېنىقلىۋېلىش، قوشما جۈملە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى گرامماتىكىلىق ۋە لوگىكىلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئايرىۋېلىش، 1 ـ، 2 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان تەركىب ـ لەرنى پەرقلەندۈرۈش، ئاندىن زامان ۋە لوگىكا تەرتىپى بويىچە، ئۆز تىلىمىزغا خاس ئادەت ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن جۈملە قۇراشتۇرۇشىمىزغا ئاسانلىق تۇغۇلىدۇ، بۇ هەرقانداق ئۇزۇن جۈملىنى توغرا تەرجىمە قىلىشنىڭ يولى.

## 5. تەرجىمىنىڭ پرىنسىپلىرى

دۇنيادا تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە پرىنسىپلىرى هەققىدە تۈرلۈك كۆز قاراشلار بار. بۇ كۆز قاراشلارنىڭ ئاساسىي مەقسىدى مەنىنى كىتابخانغا يەتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت. قانداق يەتكۈزۈش جەھەتتىن ئۇسۇلدىلا پەرقلىنىدۇ. هازىر ياۋروپادا مەتبەئەچىلىك، كىتاب ـ ژۇرنالچىلىق بىزگە قارىغاندا كۆپ تەرەققىي قىلىپ كەتكەچكە، ئۆزئارا مەنىۋى ئوزۇقلۇق ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋەتلىرى تېخىمۇ قويۇقلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ۋاستىچىلىك رولىنى

www.uyghurkitap.com

ئوينايدىغان تەرجىمە خىزمىتى ھەققىدىمۇ تۈرلۈك نەزەرىيىلەر ئىشلەپ چىقىلدى. لېكىن، تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە پرىنسىپلىرى بىزدە ئاللىقاچان پېشقەدەم تەرجىمان-ئالىملىرىمىزنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغان. بىزگە مەلۇم بولۇشىچە، تەرجىمە پرىنسىپى ياكى نەزەرىيىسىنى ئەڭ بالدۇر كۇماراجىۋا ئوتتۇرىغا قويغان.

كۇماراجىۋانىڭ زامانداشلىرى ئۇنىڭ «ۋىمالاسۇترا» نى تەرجىمە قىلىش جەريانىنى خاتىرىلىگەندە، ئۇنىڭ ئىككى جۈملە مەشھۇر سۆزىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن: «تېكىستتىن تاشقىرىقى سۆز-ئىبارىلەرنى قەغەزگە يېزىش ۋە لېكىن ئاڭلىغۇچىلار چۈشەنگەن ئۇقۇم بىلەن رەتلەش» يەنى «سېنىڭ يازغىنىڭ شەكىل بولۇپ قالمىسۇن، ئاڭلىغۇچىنىڭ چۈشىنىشى شەرت بولسۇن»، بۇ ئىككى جۈملىدە مەنىنى تولۇق ۋە چۈشىنىشلىك ئىپادىلەش زۆرۈرلۈكى تەكىتلەنگەن.

سۇي-تاڭ دەۋرلىرىدە، رەسمىي تەرجىمانلىق يۇرتى تەسىس قىلىنغان ۋە نوم تەرجىمە قىلغۇچى باخشىلار (دوكتورلار) تەيىنلەنگەن. شۇ زاماندا ئۆتكەن باش راھىپ يەن چۈن 100 جىلدتىن ئارتۇق نوم تەرجىمە قىلىش جەريانىدا، ئۆز ئەمەلىيىتىدىن تەرجىمىدە سەككىز شەرت بولۇشى كېرەكلىكىنى يەكۈنلىگەن:

1. سەممىي، ئاق كۆڭۈل، بەرقارار بولۇشى، ئۆز خىزمىتىنى سۆيۈشى، ئەسلى تېكىستنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەرگە ياردەم بېرىدىغان، ئىرادىلىك بولۇشى، ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىدىن زېرىكمەسلىكى كېرەك؛

2. ھەممە قائىدىلەرگە رىئايە قىلىشى ۋە ئوبدان پەزىلەتلىك-ئەدەبلىك بولۇشى كېرەك؛

3. ئۆزى تەرجىمە قىلماقچى بولغان نوم ـ نەزەرىيە ـ قائىدىدىن ئوبدان خەۋەردار بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا، مەنىنى تولۇق ۋە راۋان ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ؛

4. ئۆز ۋەتىنى ۋە خەلقىنىڭ تارىخىنى، تىلىنى ئوبدان بىلىشى كېرەك؛

5. كەڭ قورساق، ئوچۇق پىكىرلىك ۋە كېڭەشلىك بولۇشى، ئۆزەمچىل بولماسلىقى كېرەك؛

6. نام ـ مەنپەئەتكە بېرىلمەسلىكى، ئۆزىنى شۇغۇللىنىۋاتقان ئىش ئوبيېكتىدىن ئۈستۈن قويماسلىقى كېرەك؛

7. سانسكرىت تىلىنى (تەرجىمە قىلىنىدىغان تىلىنى) پىششىق بىلىشى، تەرجىمە ئىشىنى ئېنىق چۈشىنىشى كېرەك؛

8. تىل ـ ئەدەبىياتتىن خەۋەردار بولۇشى، بولۇپمۇ ئۆز ئېلىنىڭ قەدىمكى لۇغەت ۋە گراماتىكىلىرىنى ئوبدان بىلىشى كېرەك.

بۇلار ھازىرمۇ تەرجىمانلار ئۈچۈن يېتەكچى پرىنسىپلىق رولىنى ئوينىيالايدۇ.

يېقىنقى زاماندىن ئالساق، يەن فۇ ئۈچ پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويغان: «دۇرۇسلۇق»، «ئۇقۇشلۇق»، «پاساھەتلىك» (بۇ ئۈچ پرىنسىپ ئادەتتە «دۇرۇس بولۇش»، «راۋان بولۇش»، «گۈزەل بولۇش» دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ). بۇ ئۈچ پرىنسىپ 80 يىلدىن بۇيان جۇڭگودا خەنزۇ تىلى بويىچە تەرجىمە خىزمىتىدە رول ئويناپ كەلمەكتە.

بۇلاردىن باشقا، «تەرجىمە شەكلى بىلەن ئورىگىنال مەزمۇنىنىڭ دىئالېكتىكىلىق بىرلىكى» تەرجىمىنىڭ ئۆلچىمى بولالايدۇ، دېگەن تەشەببۇسمۇ بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھازىرقى زاماننىڭ پېشقەدەم تەرجىمانلىرىدىن بەزىلەر مۇنداق ئۈچ ئۆلچەمنى تەكىتلەشمەكتە:

1. روشەن بولۇش ــ بۇ ئېنىقلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئەسلى ئورىگىنالنى ئوقۇغاندا، كىتابخان باشقا نەرسىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن پەرق ئېتىشكە ۋە چۈشىنىشكە ھاجەتسىز بولمىغىنىدەك، تەرجىمىنىڭ ئوقۇغۇچىسىمۇ ھاجەتسىز بولماسلىقى كېرەك. تەرجىمىنى ئوقۇغاندا، كىتابخان بىر دەم ھاشىيىگە قاراشقا، بىر دەم جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشىغا باش قاتۇرۇشقا مەجبۇر بولسا، تەرجىمىنىڭ روشەنلىك دەرىجىسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. روشەن تەرجىمىگە ئوچۇق ھاۋانى تەمسىل قىلساق، مۇجمەل تەرجىمىگە تۇتۇق ھاۋانى مىسال قىلىشقا بولىدۇ؛

2. ئىشەنچلىك بولۇش ــ تولۇق تەرجىمە ئىشەنچلىك بولىدۇ. يەنى ئورىگىنالدىكى مەنە كەم ـ كۈتىسىز تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى كېرەك. ئورىگىنالدا ئاھاڭدارلىق، تۈس قانداق بولسا، تەرجىمىدىمۇ شۇنداق بولغىنى، بەدىئىي ئەدەبىيات بەدىئىي ئەدەبىياتقا، پەن ـ تېخنىكا ئەدەبىياتى پەن ـ تېخنىكا ئەدەبىياتىغا ئوخشاپ تۇرغىنى تۈزۈك؛

3. سۈزۈك بولۇش ــ بۇ پاساھەتلىك ۋە بەدىئىي بولۇشنى نەزەردە تۇتىدۇ. بۇنىڭدا تەرجىمە ئارقىلىق ئورىگىنالنى كۆرۈش. بىر كىسىم تەرجىمە قىلغانلىقى بىلىنمەيدىغان دەرىجىدە بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

XIX ئەسىردە ياشىغان ئەنگلىيلىك شائىر ھەم تەنقىدچى ئارنولد (Matthew Aronold) تەرجىمە توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «ئىمكانىيەت بولسا، تەرجىمان شۇنداق قىلىشى كېرەككى، كىتابخان

ئۆزىنىڭ ئوقۇۋاتقىنىنى تەرجىمە ئەسەر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان بولسۇن ۋە بەلكى ئوقۇۋاتقىنىم ئەسلى ئورىگىنال ئەسەر دېگەن چۈشەنچىدە بولسۇن.»

ياخشى تەرجىمىدە ئورىگىنالنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى تولۇق ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ئىككى ئاپتور ۋە ئىككى يازغۇچىنىڭ ئۇسلۇبى تەرجىمىدە ئىككى خىل بولۇپ ئىپادىلىنىشى كېرەك. لېكىن ئەسلى مەنىنى ساداقەتلىك بىلەن ئىپادىلەيمەن دەپ، بىر سۆزنىمۇ نېرى-بېرى قىلماي تەرجىمە قىلىدىغان بولسا، ئۇ كۆپ ھاللاردا كىتابخانىنى بىزار قىلىدىغان تەرجىمە بولۇپ چىقىدۇ. دۇرۇس بولۇش بىلەن راۋان بولۇش بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى تەرجىمىدە جۈملە راۋان بولغىنى بىلەن مەنە قېچىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ ياكى بولمىسا، توغرا قىلىمەن دەپ گىراماتىكا جەھەتتىن مۇجمەل، لوگىكا جەھەتتىن ئېنىقسىز قىلىپ قويىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. بۇنىڭ ئىككى تەرىپى بار: بىرى، ئورىگىنال مۇرەككەپ، ئوي-پىكىر سىرلىق، بۇنداق ئورىگىنالنى تەرجىمە قىلىشتا، تەرجىمان كۈچىنىپ كېتىدۇ، ھەرقانچە قىلسىمۇ، ئۆزى تولۇق چۈشىنەلمىگەننى كىتابخانىغا چۈشەندۈرەلمەيدۇ؛ يەنە بىرى، تەرجىمانىنىڭ قەلەم قۇۋۋىتى يېتىشمەي قالىدۇ.

تەرجىمىنى چۈشىنىپ، توغرا ۋە راۋان تەرجىمە قىلىشتا ئىككى يول بار:

بىرى — ئورىگىنالغا كىرىش. بۇنىڭ مەنىسى ئاپتور بىلەن قەلبداش بولۇش دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭدا ئاپتور بىلەن تەرجىمان ئوتتۇرىسىدىكى زامان، ماكان ئارىلىقى ۋە مەدەنىيەت، مىللەت پەرقلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈش، ھەر بىر جۈملىدىكى ھەر بىر سۆزنىڭ

www.uyghurkitap.com

شەكلەن مەنىسىنى (زاھىرىنى) ئەمەس، شۇ جۈملىگە يوشۇرۇنغان چوڭقۇر مەنىنى (باتىنىنى)، يەنى تىلنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان پسىخولوگىيىلىك ھالەت ۋە خاھىش ـ مەيلىنى چۈشىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ. تەرجىمان ھېچقاچان ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە ئىش قىلالمايدۇ. تەرجىمىدە سادىق بولۇش ئۈچۈن، ئورىگىنالنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇش كېرەك. بۇنى تەرجىماننىڭ ۋەزىپىسى بەلگىلىگەن. مۇبادا ئەسلى نۇسخىغا تەرجىماننىڭ كۆزقارىشى ياكى قانداقتۇر باشقا نەرسىلىرى ئارىلىشىپ قالسا، گويا كىتابخان يالغان ماركىلىق مال سېتىۋالغاندەك ھالەت يۈز بېرىدۇ.

يەنە بىر يول ــ ئورىگىنالدىن چىقىپ كېتىش. يەنى شەكلەن جەھەتتىن چەكلىنىپ قالماسلىق، ئورىگىنالغا كىرىش تەس بولغاندەك، ئورىگىنالدىن چىقىش تېخىمۇ تەس. ئۆز ئانا تىلىنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلمىگەن ياكى نەزەردىن ساقىت قىلغان تەرجىمان ئورىگىنالدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. تەجرىبىسى كەم، سەۋىيىسى تۆۋەنرەك تەرجىمان ئورىگىنالنىڭ قاسقىنىدىن چىقىشقا پېتىنالمايدۇ، شۇنداقلا ئورىگىنالنى تەرجىمە قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزى ئۆگەنگەندە يولۇققان بىۋاسىتە تەسىر ۋە تەقلىتتىن ھالقىپ ئۆتەلمەيدۇ. بۇنداق تەرجىماننىڭ قولىدىن چىققان ئەسەرنى ئوقۇش بىلەنلا، شەكلەن تەرجىمە قىلىنغان ئەسەر ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

بۇ ئىككى يولدىن مۇنداق ئىككى خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىن: ئورىگىنالنىڭ يىلىكىنى قالدۇرماي ئىپادىلەش، تەرجىمىنى تاۋلاپ ئوبدان سۈمۈرۈش.

ئومۇمەن ئالغاندا، تەرجىمە ئىجادىي خىزمەت ۋە ئەستايىدىل ئىشلەيدىغان خىزمەت. كۆپ يىللىق تەرجىمە ئەمەلىيەتلىرى شۇنى

كۆرسەتتىكى، ئاۋۋال تەرجىمىنى ئۆگىنىش، لېكىن تەرجىمىنى ئۆگىنىشتە ئىشنى لۇغەتتىن باشلىماسلىق لازىم، لۇغەتكە باغلىنىپ قالغان تەرجىمانىنى گاچا تەرجىمان دېيىشمۇ بولىدۇ. ئاندىن، ياندۇرۇپ تەرجىمە قىلىش كېرەك، بۇ تەرجىمىنىڭ توغرا بولغانلىقىنى ئىپادىلەشنىڭ بىر ۋاستىسى.

ئىككىنچى تەجرىبە شۇكى، ئۆزگە تىلنى ئۆگىنىشتە تەرجىمىنى بوسۇغا قىلماسلىق؛ تەرجىمە ئۆزى بىر پەن بولۇپ شەكىللەنگەن ھازىرقى زاماندا، ئىككىنچى بىر تىلنى ئۆگىنىشتە تەرجىمىنى قورال قىلىۋالغىلى بولمايدۇ.

تەرجىمان ئۇچۇن مۇنداق شەرتلەرنى قويۇش ئانچە ئارتۇق تەلەپ بولماس:

1. ئۆز تىلىنى پۇختا بىلىش، كۆپ بىلىش، سۆزگە باي بولۇش، لېكسىكا، گراماتىكا ۋە تىنىش بەلگىلىرى قائىدىسىنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈش؛

2. ئۆزگە تىلنى ئوبدان بىلىش، بۇ بىلىش تىل ئادىتى ۋە تىل مۇھىتى بىلەن ھېسابلىشىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككى تىلنى سېلىشتۇرۇپ، ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلىرىنى پەرق ئېتىش، ئىدىئومىلىرى ۋە فرازېئولوگىيىلىرىنىڭ تۈزۈلۈش قائىدىلىرى ۋە تارىخىي يىلتىزلىرى ھەم ئىشلىتىش ئورۇنلىرىنى ئوبدان چۈشىنىش؛

3. لوگىكا ئىلمىدىن ياخشى خەۋەردار بولۇش. نەزەرىيىۋى جەھەتتىن ئومۇمى چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئەمەلىي جەھەتتىن مەشق قىلىپ ئۆگىنىش!

4. قايسى ساھەگە خاس بولسا، شۇ ساھەنىڭ بىلىم ساۋادىغا ئىگە بولۇش، كەسپىي تىلنى بىلىش؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

5. تارىخ ئۆگىنىش، تىلشۇناسلىقنى ئۆگىنىش، ئۆرپ ـ ئادەت مەسىلىلىرىدە پسىخولوگىيىلىك ھالەت ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇش جەھەتلەردە ئۆز خەلقىنى ۋە تەرجىمە قىلىنىدىغان تىلنىڭ ئىگىسى بولغان ئۆزگە خەلقنى چۈشىنىش. ھەرقانداق مىللەتنىڭ تىلىدا زونىلىق، مىللىي تارىخىي خاراكتېرلار بولىدۇ، ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە مەدەنىيەت كۆرۈنۈشلىرى بولىدۇ. بۇلارنى ئىپادىلەشتە باشقا مىللەتنىڭ تىلىدىن ئوپمۇئوخشاش سۆزلەرنى تېپىش تەس، ئاندىن بىر مىللەتتە قەدىرلىنىدىغان نەرسە، ئىككىنچى بىر مىللەتتە يامان كۆرۈلۈشى مۇمكىن. ئەگەر ھەر مىللەتنىڭ تارىخى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن ئومۇمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولمىسا، مۇنداق ئىنچىكە پەرقلەرگە ئېتىبارسىز قاراپ قويىسىز.

مەن كىتاب ئوقۇغاندا ئالغان تەسىراتلىرىم ۋە تەرجىمە قىلىپ باققاندا ھاسىل قىلغان پراكتىكىلىرىمدىن تەرمىلەر تېرىپ، يولداشلارنىڭ مۇھاكىمىسىگە سۇندۇم. ياش تەرجىمانلار ئۈچۈن پايدىسى تېگىپ قالسا، ماڭا شۇ چوڭ مۇكاپات بولاتتى.

1983 ـ يىلى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# § ئەدەبىيات گۈللۈكىدىن تىزمىلار §

(ئەدەبىياتقا دائىر ماقالىلەر)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئەدەبىي مىراس ھەم ۋەسىقىلىرىمىز

## (لېكسىيە تېزىسى)

ئۇيغۇر خەلقى مەدەنىيەت ۋە سەنئەتتە تارىخى ئەڭ ئۇزاق مىللەتلەردىن بىرى، شۇنىڭدەك تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەرنىڭمۇ ئەڭ قەدىمكىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىمۇ باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئۆز بېشىدىن ئۇزاق تارىخىي جەرياننى كەچۈردى؛ بۇ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت-سەنئەتنى ياراتتى؛ شۇنداقلا، ئۇلۇغ، شانلىق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ باي خەزىنىسىگە ئۇزاق تارىخلىق خەلق بولۇشىغا مۇناسىپ چوڭ ھەسسىلەرنى قوشتى.

بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتلىرى ئورتاق تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئۆزگىچە مىللىي شەكلى ھەم مىللىي ئۇسلۇبى بولىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى شۇ مىللەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىچىلىكلەر بەلگىلىگەن، شۇڭا ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەققىيات قانۇنىيىتىمۇ بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ياشىغان جۇغراپىيىلىك شارائىتى ۋە يېڭىلىقنى تېز قوبۇل قىلىش ئادىتى سەۋەبى بىلەن، شەرقتىن —

ئىچكى ئۆلكىلەر مەدەنىيىتىدىن ۋە غەربتىن — ئارىيانلار ياكى ھىندۇ-ئىران ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىدىن نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلدى. نەتىجىدە ئالاھىدە تىپتىكى يەنى مەركىزىي ئاسىيا تىپىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۇردى. ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئىتى ئەنە شۇ مەدەنىيەتنىڭ كەڭ ۋە پارلاق بىر تەركىبىي قىسمىدۇر.

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى، تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى بىلىش ۋە تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش خىزمىتى قەدىمكى دەۋر مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۇبدان ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشتا ۋە جارى قىلدۇرۇشتا، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۇرۇشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، ئۆتكەن زاماندا خەلقىمىز تەرىپىدىن يارىتىلغان ئەدەبىي مىراسلارنى توپلاش ۋە تەتقىق قىلىش زۆرۈر. بۇ ھەقتە، ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى بىلەن نۇرغۇن ئىشلار قىلىندى. كۆمۈلۈپ قالغان ياكى ئىزى يوقىلىشقا يۈزلەنگەن بىرمۇنچە ئەدەبىي مىراسلىرىمىز دەسلەپكى قەدەمدە قۇتقۇزۇپ قېلىندى. ئۇنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى مەتبۇئاتتا كىتابخانلارغا تونۇشتۇرۇلدى. لېكىن، لىن بياۋ ھەم "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى فاشىستلىق دىكتاتۇرىسى ھەم ئوت ۋە «ئىنتايىن سول» لۇشيەنلىرىنىڭ كاساپىتىدىن ۋە بۇزغۇنچىلىق سېلىشلىرى تۈپەيلىدىن، ئەمدىلا يورۇقلۇققا چىققاي دېگەن ئەدەبىي مىراسلىرىمىز بەربات بولدى.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، ئەدەبىي مىراس ھەم ۋەسىقىلىرىمىزدىن (يازما يادىكارلىقلار) مەلۇم بولغانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چەت ئەل «ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى» ياكى «دىپلوماتلىرى» تەرىپىدىن تۈرلۈك

ۋاستىلەر بىلەن ئېلىپ كېتىلگەنىدى. ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ تولىسى ھازىر بىزنىڭ قولىمىزدا ئەمەس، چەت ئەللەرنىڭ كۇتۇپخانا ياكى مۇزېيلىرىدا ساقلانماقتا. شۇڭا، بەزى ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ نامىلىرى ۋە قىسمەن مەزمۇنلىرىدىن پەقەت ۋاستە ئارقىلىقلا خەۋەردارمىز. خەلقىمىز ياراتقان بۇ ئەدەبىي مىراسلارنى شۇ خەلقنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادى ۋە ھەقلىق مىراسخورلىرىغا تونۇشتۇرۇش بىزنىڭ رەت قىلغۇسىز قەرزىمىزدۇر.

## 1

قەدىمكى جەمئىيەتتە ئۆز ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ناتۇرال ئىگىلىك ھۆكۈمران ئورۇندا بولغانلىقى ئۈچۈن، قەدىمكى مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتمۇ ئەنە شۇ رېئال ئىقتىسادىي-ماددىي ھاياتنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى كۆچمەنچىلىك ھاياتى ئۇلار ئولتۇراقلىشىپ شەھەر مەدەنىيىتىنى ياراتقان چاغدىمۇ ئۆز تەسىرىنى مەلۇم ساقلاپ قالغان. قەدىمكى دەۋردىكى ئەمگەكچىلەر رېئاللىققا يۈزلەنگەن، لېكىن فانتازىيىگىمۇ باي بولغان، ئۇلارنىڭ ئىجادكارلىق روھىمۇ ئۈستۈن بولغان؛ شۇڭا ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ھايات زېمىنىدا ياراتقان ئەدەبىيات-سەنئەتلىرىمۇ رېئالىزم ۋە رومانتىزم روھىغا ئىگە بولغانلىقى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان.

ئەدەبىيات-سەنئەت سىنىپىي جەمئىيەتتە سىياسىي ئىدىيىنىڭ بېقىندىسى، دىنىنىڭ مەھكۇمى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا سىياسىي-ئىدىيە ۋە دىنىنىڭ تەسىرى زور بولىدۇ. بولۇپمۇ ئېغىز ئەدەبىياتىدا بۇ تەسىر ئالاھىدە كۆرۈلىدۇ. لېكىن كۆپ ھاللاردا، خەلق ئېغىز

ئىجادىيىتى يازما ئەدەبىياتقا قارىغاندا بۇ جەھەتتىن ئەركىنرەك بولىدۇ. قەدىمكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا فولكلور ئاساسىي ئورۇننى تۇتۇپ كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن، ئىپتىدائىي ئەپسانە — ئاساتىرلار ئەدەبىياتى بىلەن تارىخ ئورگانىك يوسۇندا بىرىكىپ كەتكەن. مەسىلەن، قەدىمكى دەۋردىكى ئەپسانىۋى قەھرىمان ئوغۇز توغرىسىدا داستان، «شۇ»، «قولباق»، «ئالپ ئەر تۇڭا» ياكى «ئەفراسىياپ» توغرىسىدىكى داستاننى ئالساق، شۇ زاماندىكى خەلقلەرنىڭ سىياسىي كۈرەشلىرىنىڭ بەدىئىي فانتازىيىسى ئىدى. كېيىن ئۇلار پۈتۈن قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە جاھانغا تونۇلدى.

ئىپتىدائىي مەرسىيىلەر ۋە قەھرىمانلىق مەدھىيىلىرى ئاساسىدا، ناھايىتى نۇرغۇنلىغان ناخشا ـ قوشاقلار مەيدانغا كەلدى. ھەتتا، ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ناخشا ـ قوشاق، ئۇسسۇل ـ ئويۇن، مەرىكە ـ بايرام، بەزمە ـ سورۇنلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىغا ئايلىنىپ كەتتى. شۇڭا، قەدىمكى دەۋر ناخشا ـ قوشاقلىرىدا رېئالىستىك ئامىللار كۈچلۈك ئىدى. خەلقنىڭ ھاياتىنى، ئەمگەكىنى سۆيۈشى ۋە بەختلىك ئەتە ئۈچۈن تەلپۈنۈشى ئۇلارنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشاشقا ئادەتلەندۈرگەن. بۇ جەھەتتىن، قەدىمكى دەۋر ناخشا ـ قوشاقلىرىدا رومانتىك روھمۇ ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە. ناخشا ـ قوشاق، مۇزىكا ـ ئۇسسۇلنى ئۆز ئارا بىرىكتۈرگەن ئۇيغۇر سەنئىتى بىلەن ئورتاق قانۇنىيەتلەرنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېتەكچىلىك رولى ئۇيغۇر قەدىمكى دەۋر

ئەدەبىياتىدا نامايان بولغان. ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ يېگانە ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە يېزىپ قالدۇرغان قەدىمكى زامانغا ئائىت ئەدەبىي پارچىلار، خەلق قوشاقلىرى ۋە سەنئەتكە دائىر ئىشلار ئەنە شۇنى ئەستىقلايدۇ.

بىر مىللەتنىڭ ھەر بىر تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىدا، ماددىي تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك ھالدا مەنىۋى ھاياتى يارىتىلىدۇ. ھەر بىر تارىخىي دەۋردە يارىتىلغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى ماددىي ھاياتنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. ماددىي تۇرمۇش ئىجتىمائىي تارىخىي تەرەققىياتلارغا تەسىر كۆرسىتىپ بارىدۇ. ماركسىزمنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، «ئىش تەقسىماتى ئىلگىرىكى تارىخنىڭ ئاساسىي كۈچلىرىدىن بىرى». جەمئىيەتتىكى ئىش تەقسىماتى ماددىي پائالىيەت بىلەن روھىي پائالىيەتلەرنى ھەر خىل ئادەملەرنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئېلىشىنى ئىمكانىيەتكە ئايلاندۇرۇش بىلەنلا قالماي، رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا باغلىق ھالدا بىرقانچە خىل دەۋر ھەم باسقۇچنى بېشىدىن كەچۈرگەن. دەرۋەقە، تەرەققىيات دەۋرى بولغىنىدەك، چېكىنىش دەۋرىمۇ بولغان؛ گۈللىنىش دەۋرى بولغىنىدەك، خاراب بولۇش دەۋرىمۇ بولغان.

ئادەتتە، خرونولوگىيە پرىنسىپى بويىچە، ئىنسانلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانى بىرقانچە دەۋرگە بۆلۈنىدۇ: مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىردىن مىلادى 7 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋر — قەدىمكى دەۋر، مىلادى 8 ـ ئەسىردىن 18 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋر — ئوتتۇرا ئەسىرلەر، (بۇ دەۋرمۇ ئۈچكە بۆلىنىدۇ) 19 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان دەۋر — يېقىنقى زامان

دەپ ئاتىلىدۇ. ئەدەبىيات تارىخى خەلق تارىخى بىلەن باغلىق بولغىنى ئۈچۈن، بۇ پرىنسىپنى ئەدەبىيات تارىخىمۇ تەتبىق قىلىش مۇمكىن.

قەدىمكى دەۋرگە خاس يازما مەنبەلەر بىزدە ناھايىتى كەم تېپىلىدۇ. مىلادى 10-ئەسىردىن ئىلگىرىكى يازما مەنبەلەر ۋە ماددىي-مەنىۋى يادىكارلىقلاردىن بىزگە مەلۇم بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنلىرى كۆپىنچە شامان، بۇددا، مانى، نىستورىيان ۋە زاروئاستىرىزم (ئوتپەرەسلىك) دىنىي چۈشەنچىلىرى بىلەن باغلىق بولغان.

«بارلىق ئەدەبىيات-تىل ۋە سەنئەتكە دائىر پائالىيەتلەرنىڭ كەينىدە دىنىي مەقسەتلەر بار ئىدى، بۇلار، ۋەيران بولغان ئىبادەتخانىلاردا قەدىمكى دەۋرنىڭ ھۆججەتلىرى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان. خىرىستىيان دىنىنىڭ كىتابلىرى، مانى دىنىنىڭ دۇئالىرى ۋە دۇرۇت-مۇناجاتلىرى، بولۇپمۇ بۇددا نوم-سۇترالىرى بۇ چاغقىچە تېپىلغان ماتېرىياللارنىڭ كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ»①.

قەدىمكى دەۋرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۇيغۇرلار «توخار» ۋە «ئەنەتكەك» تىللىرىدىن نۇرغۇن دىنىي مەزمۇندىكى كىتابلارنى تەرجىمە قىلغان. «توخارلار» — ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىردە تارىمنىڭ شەرقىدىن پامىرنىڭ غەربىگە كۆچۈپ كەتكەن ئەڭ قەدىمكى ئېتنىك تەركىبلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىلگىرى «يۆچىلەر» دەپ ئاتالغانىدى. «ئەنەتكەك» دەپ ئۇيغۇرلار سانسكرىت (قەدىمكى ھىندۇ تىلى)نى ئاتايتتى، بۇ تىلدىن تەرجىمە

---

①كارتېس: «جۇڭگودا مەتبەئەنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە غەربكە تارقىلىشى».

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىشتىمۇ كۆپىنچە «ئۇدۇن» (خوتەن) تىلى ۋاستە بولۇپ بېرەتتى. بۇ تىللاردىن تەرجىمە قىلىنغان دىنىي كىتابلاردىكى ۋەقەلەر بايانلىرى، رىۋايەت-قىسسەلەر بارا-بارا تۇرمۇشتا كەڭ تارقىلىپ، ئۇيغۇر قەدىمكى يېزىق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى. بۇنداق ئەسەرلەردىن: دىداكتىك شېئىرىي ئەسەر «ئاراخا-ۋاركا» توپلىمى، «قالىيامقارا بىلەن پاپامقارا» دېگەن ئىككى تېكىن (شاھزادە) ھەققىدە قىسسە، نەسرىي-نەزمە ئۇسلۇبىدا يېزىلغان «چوڭ مايمۇن پاتمارال» داستانى، «خوئاست تۇئانىفت» قەسىدىسى، «چاشتانى ئىلىك بەگ» مۇناجاتى، «بەختىيار شاھزادە» ۋە «رەسسام بىلەن ياغاچچى» ھېكايىلىرى ۋە باشقىلارنى ئەسلەش مۇمكىن.

دەرۋەقە، تارىخىي شەخسلەرنىڭ يادنامىلىرى سۈپىتىدە ئورنىتىلغان سىنتاشلار، يەنى ئورخۇن-يەنسەي بويلىرىدىن تېپىلغان مەڭگۈ تاش پۈتۈكلەر (مەسىلەن، مىلادى 712-يىلى ئورنىتىلغان «تون-يۇقۇق» نامىدىكى سىنتاش، 732-يىلى ئورنىتىلغان «كۈل تېكىن» نامىدىكى سىنتاش، 735-يىلى ئورنىتىلغان «بىلگە قاغان» نامىدىكى سىنتاش، 759-يىلى ئورنىتىلغان «مويۇنچۇر» نامىدىكى سىنتاش ۋە باشقىلار) تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيەتلىرى ھەم ۋەسىيەتلىرى ئەسلىتىلىدىغان ۋەسىقىلەردۇر، بۇلار «تەزكىرە» ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمكى زاماندىكى ژانىرلىرىغا ۋەكىل بولىدۇ.

10-ئەسىردىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قۇدبالىق (قارا بالغاسۇن) سىياسىي مەركەز بولسا، قوچۇ ۋە قەشقەر مەدەنىيەت مەركىزى ھېسابلىناتتى. ئۇ چاغلاردا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگەن جايلار شەرقتە ئامۇر دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش ئاغزىغىچە بولسا، غەربتە قەدىمكى «تېلىبلەر»نىڭ غەربىي تارماق-

لىرى تارالغان كاسپىي كۆلىگىچە باراتتى. 9-ئەسىردىن باشلاپ، ئۇيغۇرلار شەرقىي ۋە غەربىي ئىككى تارماققا بۆلۈنگەندىن كېيىن، شەرقىي ئۇيغۇرلار يەنى خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە يېزىلىشىچە، «قوچۇ ئۇيغۇرلىرى» قوچۇ — بەش بالىقنى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي مەركەز قىلغان «ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى» نى قۇردى؛ غەربىي ئۇيغۇرلار، يەنى خەنزۇچە تارىخىي يازما مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە «كۆكئارت (پامىر) ئۇيغۇرلىرى»، قەشقەر-بالاساغۇننى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى قىلغان «خاقانىيە» يەنى «قاراخانىلار» سۇلالىسىنى قۇردى.

## 2

10-ئەسىردە، ئىشلەپچىقىرىش بالدۇرقىدىن كۆپ تەرەققىي قىلدى. يەنى يېزا ئىگىلىكى ۋە قول سانائەت يۈكسەلدى، شۇ ئاساستا، سودا-تىجارەتمۇ كەڭ راۋاجلاندى. بۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ سودا بازارلىرى غەربتە شەرقىي روم، ئىران، ئەرەب ۋە ھىندىستانلارغىچە، شەرقتە لياۋ (قىتان)، شىمالىي سۇڭ ۋە تاڭغۇت (غەربىي شيا) لارغىچە كېڭەيدى. پۇل-ئاقچە تۈزۈمى مۇكەممەللەشىپ، تىللا، تەڭگە، مىس چاقا-ياماقلار، ھەتتا پۇل ئورنىدا رەختتىن قىلىنغان ۋاسىتىلەر قوللىنىلدى. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا سودا كاپىتالى ناھايىتى تەرەققىي قىلدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شىمالىي سۇڭ، لياۋ بىلەن بولغان ئىقتىسادىي-سودا ئالاقىسى قويۇق بولغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا بايان قىلىنىشىچە، ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ئايىغى يەتمىگەن يەرلەر يوق دېيەرلىك دەرىجىدە بولغان.

ئىقتىسادىي تەرەققىيات نەتىجىسىدە، مەدەنىيەتمۇ يۇقىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

دەرىجىدە گۈللەندى. ئىقتىسادىي بازىس ئاساسىدا، مەدەنىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرى كەڭ راۋاجلاندى. مەتبەئەچىلىك، رەسساملىق، ھەيكەلتاراشلىق، مۇزىكا سەنئىتى ۋە سېركچىلىك، كاللىندارچىلىق جەھەتلىرىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيەتلەر يارالدى. بولۇپمۇ، ئىچكى ئۆلكىلەردە كەشىپ قىلىنغان مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنى ئۇيغۇرلار قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ئېلىپبەلىك يېزىق بويىچە مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى ياراتتى ۋە ئۇنى غەربكە، ياۋروپاغا تاراتتى.

بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات ۋە ئۇنىڭ تېمىسى ھەققىدە سۆزلەشتىن ئاۋۋال، ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى ھەققىدە سۆز ئاچماي مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇرلار، مەيلى مانى، نىستورىيان ياكى بۇددا ۋە ياكى ئىسلام دىنلىرىنى قوبۇل قىلسۇن، دەسلەپتە، ئۇ دىنلارنىڭ ئاساسىي يەنى چوڭ قائىدە-قانۇنلىرىنى قوبۇل قىلغان. لېكىن ئۇيغۇرلار دىنىي ئېتىقادلىرىنى ئالماشتۇرغاندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا بۇ دىنلارنىڭ بىرمۇنچە ئىپادىلىرى بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ سىڭگەن ھالدا داۋام قىلىۋەرگەن، ھەتتا باشقا دىنىي قاراشلارنى قاتتىق چەتكە قاقىدىغان ئىسلام دىنىغا نىسبەتەنمۇ شۇنداق بولغان (ھازىرغىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا تەسىرى بولغان پېرخۇنلۇقنى ئالساق، دۇئا-تىلاۋەتتە ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرىنى شەكىل قىلغان ھالدا، قەدىمكى شامان دىنىنىڭ ئادەتلىرىنى مەزمۇن قىلغان). بۇ ھال ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. 10-ۋە 11-ئەسىرلەردە ئۆتكەن ئالىملارنىڭ ئىدىيىلىرىدە ۋە ھەتتا ئەسەرلىرىدە ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان مەزمۇنلار يولۇقمىدى. قاراخانىلار ئىسلام

دىنىنى رەسمىي دۆلەت دىنى قىلىپ قوبۇل قىلغان دەسلەپكى دەۋرلەردە بولسا، تەخمىنەن شۇنداق ئىدى. بۇنىڭغا قاراخانىلار تېررىتورىيىسىدىكى ئىسسىق كۆل بىلەن ئارال كۆلى ئارىلىقىدىكى رايوندا ياشىغان تۈركىي خەلقتىن چىققان ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد (ئىبنى تارخان ئىبنى ئۇزلۇغ) فارابى (مىلادى 870 ــ 950-يىللار) نىڭ ئىدىيە سىستېمىسىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

فارابىنى بۇ چاققىچە ئىلىم ئەھلى «ئەرەب ئالىمى» دەپ تونۇپ كەلدى. چۈنكى ئۇ كۆپىنچە ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىدا يازغانلىقى ئۈچۈن، تەتقىقاتچىلار ئىلگىرى ئۇنىڭ مىللەت كېلىپ چىقىشى ۋە يۇرتى بىلەن ھېسابلاشمايلا، «ئەرەب ئالىمى» دەپ قارىغان.

رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، فارابى «ۋاسىج» ياكى «ۋاسىد» («چىڭ قوتان») دەيدىغان جايدا ئۇيغۇر ـ قارلۇق سەركەردىلىرىدىن ئۇزلۇغ ئوغلى تارخان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بۇ جاي ئىسسىق كۆلنىڭ غەربىي جەنۇبىدا تالاس ۋىلايىتىدىكى فاراب رايونىنىڭ مۇستەھكەم قورغانلىق مەھەللىسى ئىكەن (فاراب ــ ئەسلىدە دەريانىڭ نامى). ئۇ ئۆز يۇرتىدا باشلانغۇچ ئىلىمنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئىران تەۋەسىگە كېتىپ، پارس تىلىنى ۋە باشقا تىللىنى ئۆگەنگەن، ئاخىرىدا باغداتقا بېرىپ، ئەرەب تىلىنى، پەلسەپە ئىلمىنى ئۆگەنگەن، ئۇ ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىغا پۈتۈنلەي بېرىلىپ، ھەتتا ھىراتقا كېلىپ خىرىستىيان مۇئەللىم يۇھەننا ئىبنى ھەيلاندىن مەنتىق ئىلمىنى ئۆگەنگەن. قايتا باغداتقا بېرىپ، پەلسەپە، ماتېماتىكا، ئەدەبىيات، تىبابەت پەنلىرىنىمۇ ئۆگەنگەن؛ مۇزىكىنى ئوبدان تەتقىق قىلغان. (مىلادى 994 ــ 1065 ـ يىللىرى ياشىغان مەشھۇر ئەرەب ئالىمى ئەبۇ بەكرى بەيھەقىنىڭ بايان قىلىشىچە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

فارابى 70 نەچچە خىل تىل بىلىدىكەن؛ مۇزىكىغا ئۇستا ئىكەن، ئۇ مۇزىكا چالغاندا، ئاڭلىغۇچىلارنى ئاۋۋال كۈلدۈرۈپ، كېيىن يىغلىتىۋېتىدىكەن؛ ئاخىردا ئۇلارنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئۆزى كېتىپ قالىدىكەن.) ئۇنىڭ ئۆگەنگەن ئىلىم ساھەلىرىنىڭ كەڭلىكىگە قارىغاندا، ئۇ قەدىمكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى نىسارالارنىڭ Trivinium (گراماتىكا، ئىستىلىستىكا، ئېتىكا) ۋە Quadrinium (ماتېماتىكا، فىزىكا، گېئومېترىيە، ئاسترونومىيە) پەنلىرىنى ئوبدان تەتقىق قىلغان. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە 126 پارچە چوڭ ئەسەر يازغان، ئەسەرلىرىگە قارىغاندا، ئۆز ئانا تىلى بولغان تۈركىي تىلىدىن باشقا، پارس تىلىنى سۇدەك بىلگەن؛ ئەرەب تىلىدا ناھايىتى پاساھەتلىك قىلىپ (ھەرقانداق ئەرەب ئالىمىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ) ئەسەر يازغان. فارابىنىڭ نامى يېقىن شەرق پەلسەپىسىنىڭ چوڭ ئۇتۇقلىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولغاچقا، ئۇ «ئەرەب ئالىمى» دەپ تونۇلۇپ قالغان. قەدىمكى دۇنيا پەلسەپىۋى مىراسىنى ئىلىم-پەن ساھەسىدە ساقلاپ قېلىشتا، ئۇنى جارى قىلدۇرۇش ھەم تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بۇ ئالىمنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى زور. غەربىي ياۋروپا تاكى ئويغىنىش دەۋرىگە كەلگىچە ئارستوتېلنى پەقەت ئەرەب تىلىدىكى ئەسەرلەر ئارقىلىقلا تونۇپ كەلگەن. فارابى باشقىلاردىن ئىلگىرى، يېڭى پلاتونچى ۋە پىفاگورچى مۇھىتىنىڭ پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىدىن ئارىستوتېل ئاملىرىنى ئاجرىتىۋېلىشقا ياردەم بەرگەن بىرىنچى ئالىم. (ئىبنى سىنانىڭ ئۆزىنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۆزى ئارىستوتېلنىڭ مېتافىزىكىسىنى چۈشىنەلمەي، چۆرۈۋەتكەن ئىكەن. ئىبنى سىنا بىر كۈنى باغداتتا كىتابپۇرۇشلۇق دۇكىنىغا كىلىپ، فارابىنىڭ ئارىستوتېل مېتافىزىكىسىنى شەرھلىگەن كىتابىنى كۆرۈپ قالىدۇ،

شۇ كىتابنى سېتىۋېلىپ ئۆگىنىدۇ. نەتىجىدە، ئىبنى سىنا: «ئارىس-توتېلنىڭ مېتافىزىكىسىنى چۈشىنىشتە فارابى مېنىڭ كۆزۈمنى ئاچتى» دەيدۇ).

فارابى خۇدانى ئىنكار قىلمايدۇ، شۇنىڭدەك ماددىنىڭ مەڭگۈلىكى، دۇنيانى يارىتىش مۇمكىن ئەمەسلىكى ئىدىيىسىنى ئالغا سۈردى. بۇ ئىدىيە بىلەن ئورتودوكسال (جېكىتۈك) ئىسلام ئىدىيىسى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن زىددىيەت بار ئىدى. (بەزى ئىسلام فىقھەچىد-لىرى ئۇنى «دەھرى» دەپ ئەيىبلەيتتى). فارابىنىڭ ئىدىيە سىستېمىسى 11 ـ ۋە 12 ـ ئەسىرلەردە ئۆتكەن ئالىملار ۋە ئەدىبلەرنىڭ ئىدىيىسىگە تەسىر قىلماي قالمىغان.

بىز كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز ھەققىدە سۆزلىگىنىمىزدە، ھەر بىر زاماننىڭ تەقەززاسى بىلەن (يەنى ھۆكۈمرانلىق ئورۇندىكى دىنىي ئىدېئولوگىيىنىڭ چەكلىشى بىلەن) «تەڭرى ۋە يالۋاچ» (كېيىنكى ۋاقىتلاردا بولسا «خۇدا ۋە رەسۇل») دېگەن تونىنى كۆرۈپلا، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى «دىنىي ئەدەبىيات» دەپ قارىساق توغرا بولماس. دەرۋەقە، ئۇ زامانلاردا ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىدە چوڭ پرىنسىپ «خۇدا ۋە رەسۇل» ئىدى. بۇ پرىنسىپقا ئوچۇق قارشى چىقىش دەھرىيلىك سانىلاتتى. لېكىن ئۇ زامان ئەدەبىياتىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەسىلىلەر بولسا، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئىدى. ئىجتىمائىي مەسىلىنى دىنغا باغلاپ تەھلىل قىلىپ، ئاخىرىنى دىنىي يول بىلەن، ياكى «ئاخىرەتلىك راھەت»كە دەۋەت قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىغان ئەسەرنى نوقۇل دىنىي ئەدەبى-يات دېسە بولىدۇ. بۇنداق دىنىي ئەدەبىياتقا تاقابىل ھالدا دۇنياۋى ئەدەبىيات ئاساسىي ئورۇندا تۇردى. يازغۇچىنىڭ بىرەر دىنغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېتقاد قىلىشى بىلەن، ئۇنىڭ شۇ دىنىي چۈشەنچىسى ئۆز ئەسىرىدە ۋاستىلىك ياكى بىۋاسىتە ئىپادە تاپماي قالمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ تېمىسى ۋە ئەكس ئەتتۇرگەن ۋەقەلىكىگە قاراشقا توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزدا، دىنىي ئەدەبىياتنىڭ ئەكسىچە، دۇنياۋى ئەدەبىيات بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. چۈنكى دىنىي ئەدەبىيات كىشىلەرنى ئۇ دۇنيالىق راھەتكە چاقىرسا، دۇنياۋى ئەدەبىيات ھاياتنى ئېتىراپ قىلىشقا، سۆيۈشكە چاقىرىدۇ. دەرۋەقە، دۇنياۋى ئەدەبىياتمۇ كېيىنچە ئىككى تارماققا بۆلۈندى: بىرى، ئومۇمەن ھاياتقا بولغان مۇھەببەتنى ۋە ئەلنى كۈيلىسە، يەنە بىرى، ھۆكۈمران-فېئودال سىنىپنىڭ مەنپەئەتنى ۋە كەيپ-ساپالىرىنى ئىپادىلىدى. ئالدىنقىسى شۇ زاماندىكى ئەدەبىياتنىڭ ئىلغار تەرىپى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھاكىمىيەت، سىياسەت ۋە ئەخلاق مەسىلىلىرىنى تېما قىلغان ئەسەرنى پۈتۈنلەي پەند-نەسىھەت بىلەنلا چەكلەنگەن ۋە كىشىلەرنى يامانلىقتىن قول ئۈزۈشكە دىنىي ئەمىر-مەرۇپ ئارقىلىق دەۋەت قىلىدىغان ئەسەر بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ، «دىنىي مىستىك» ئەسەر دېيىش خاتا بولىدۇ. ھاكىمىيەت، سىياسەت ۋە سىياسىي ئەخلاق تېمىسىمۇ دىنىي تېما ئەمەس، دۇنياۋى تېمىدۇر. بۇنداق ئەسەرلەرمۇ دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ نەمۇنىلىرى بولىدۇ. سىياسىي ئەخلاقنى، ھاكىمىيەت مەسىلىلىرىنى ئاساسىي تېما قىلغان ئەسەرلەرنى ياۋروپادا «دىداكتىك ئەدەبىيات» دەپ ئاتايدۇ. لېكىن بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى بويىچە، ئاساسىي ئىدىيە، تېما ۋە شەكىل جەھەتلەردىن «تەپەككۇر ئەدەبىياتى»غا كىرىدىغان ئەسەرلەر ئاساسىي ئورۇن

تۇتۇپ كەلگەن. ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا ئىلىم-پەن، پەلسەپىۋى ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرلىرىنى قوبۇل قىلىپ باردۇ.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ ھەم ئىزا-تالاشلار كۆپ بولغان، شەكىل جەھەتتىن خىلمۇخىل بولغان دەۋرى — ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدۇر. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى دىنىي ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن ئىككى بۆلەككە بۆلۈپ كۆرستىش مۇمكىن، چۈنكى، 10-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا (ئاساسەن قەشقەرىيە تەرەپلىرىدە) ئىسلام دىنى رەسمىي دىن سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، دىن مۇناسىۋىتى بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدېئولوگىيە سىستېمىسى ئىككىگە بۆلۈنگەن. كۇچانىڭ شەرقىدىكى ئۇيغۇرلاردا، بۇرۇنقى دىنىي ئېتىقادى چۈشەنچىسى بىلەن، قەدىمكى ئەنئەنە خېلى ئۇزاققىچە (تاكى 14-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسلام دىنى تۇرپان ۋە قۇمۇل تەرەپلىرىدە كەڭ تارقالغانغا قەدەر) ساقلاندى. شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىياتى بۇددا ۋە مانى دىنلىرىنىڭ تەلىماتلىرى ئاساسىدا بالدۇرقىدىن تېخىمۇ راۋاجلاندى، شۇنىڭدەك ئىچكى ئۆلكىلەر مەرىپەتچىلىكىنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى، جۇملىدىن داۋچىلىق ئىدىيىسىنىڭمۇ تەسىرلىرىنى قوبۇل قىلدى.

شەرقىي ئۇيغۇرلار ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ بېيىدى. 10-ئەسىردىن كېيىنمۇ خەنزۇ تىلىدىن سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە پەلسەپىۋى پەنلەرگە دائىر نۇرغۇن كىتابلار تەرجىمە قىلىندى. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدىن سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىقتىساد-مەدەنىيەت جەھەتلىرىدە كەڭ مەزمۇنلۇق «سەلتەنەتكە ياردەم بېرىدىغان ئۆرنەك تەدبىرلەر» دېگەن 294 جىلدلىق چوڭ كىتاب، بۇددا دىنى

چۈشەنچىسى بويىچە، ئامىتا بودداننىڭ سول قول ھىمايىچىسى ئاۋا لوكىتېشۋارا ھەققىدە يېزىلغان «كۆەن شى ئىم-پۇسار» (ساددارما-پۇنداربكا») دېگەن رىۋايەت تەرجىمە قىلىنىدى. شەرقىي ئۇيغۇر-لاردىن بۇ زاماندا يېتىشكەن ئەدىب، تىلچىلاردىن بەش بالىقلىق (ھازىرقى جىمسارنىڭ يېنىدا) سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ خەنزۇ تىلىدىن «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى» ۋە «ئالتۇن يارۇق» («سۇۋارنا پىرا-باسا») دېگەن دىنىي-ئىجتىمائىي مەزمۇندىكى كىتابلارنى تەرجىمە قىلدى. شەرقىي ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇنلىغان خەنزۇشۇناس ئالىملار، تىلچىلار مەيدانغا كەلدى، بۇلار خەنزۇ تىلىدا نۇرغۇن ئىلمىي-ئەدەبىي ئەسەرلەر يازدى. شەرقىي ئۇيغۇرلاردا، يەنە توخرى تىلىدىن (ئاگنى ۋە كۇچا تىللىرىدىن) ھەم ئەنەتكەك (سانسكرىت تىلىدىن) «مايترى سىمىت» دېگەن دراماتىك ئەسەر، «ئىككى تېكىن (شاھزادە) توغرىسىدا قىسسە»، «چاشتانى ئىلىگ بەگ ھېكايىسى» تەرجىمە قىلىندى. «ئىرق پۈتۈك» (پال كىتابى)، «سەككىز يۈك-مەك»، «توشقان» دېگەندەك ھەر خىل ئىجتىمائىي مەزمۇندىكى ھېكايىلەر ۋۇجۇتقا كەلدى. بۇلاردىن باشقا، دۇنيا تۈركولوگلىرى «تۇرپان تېكىستلىرى» دەپ ئومۇمىي نام بەرگەن ھەر خىل مەزمۇن-دىكى ۋەسىقىلەر بار. بۇ قىممەتلىك يادىكارلىقلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سىياسىي جەھەتتىكى چېگرىلى-نىش ۋە دىنىي-ئىدىيولوگىيە جەھەتتىكى ئايرىملىق ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ۋە يېزىقلىق بىرلىكىگە چوڭ تەسىر يەتكۈزەلمىدى.

كۇچانىڭ غەربىدە يارىتىلغان ئەدەبىيات 10-ئەسىردىن كېيىن ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى (دەرۋەقە، دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ

ئوبدان نەمۇنىلىرى بىلەن ئۆزىنى كۆپ بېيىتقان ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى) دىنىي يول بىلەن قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. لېكىن ئۆزىنىڭ مىللىي ئۇسلۇبىنى ساقلاپ تېخىمۇ جارى قىلدۇردى ھەم راۋاجلاندۇردى. غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىياتىدا ئىسلام ئىدىيىسى يېتەكچىلىك ئورۇنغا ئۆتكەنىدى؛ غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى بۇ دەۋردە، يېڭى تارىخىي شارائىت سەۋەبى بىلەن، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «تۈركىي تىل» دەپلا ئاتالدى، لېكىن بۇ «تۈركىي تىل»نىڭ ئەدەبىي تىلى «خاقانىيە تىلى» ئىدى. «خاقانىيە» قاراخانىلارنىڭ بىۋاستە ئۆلكىسى ئىدى. بۇ ئۆلكىنىڭ مەركىزىي قىسمى بولسا قەشقەر رايونى ئىدى. قاراخانىلارنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى ۋە مەدەنىيەت تەسىرى خارەزىمغىچە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، مەۋارەئۇننەھر (ئامۇ ۋە سىر دەريا ئارىلىقى) ئاھالىسىنىڭ تىلىدا كۆپ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى: «خاقانىيە تىلى»نى ئەدەبىي تىل قىلغان «تۈركىي تىل» بۇ رايونلاردىمۇ يېتەكچى تىل بولۇپ قالدى (ئەسلىدە، «تېلىيلەر» ۋە «غەربىي تۈركلەر» دەۋرلىرىدىلا بۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ ئاساسىي قىسمى «تۈركىي خەلق» ئىدى). ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، خارەزىم، ھەتتا بۇخارا رايونلىرىدا، «دارى تىلى» يەنى پارس تىلى ئاساسىي تىل ئىدى، كېيىنچە ئەرەب تىلى ئىلىم-پەن تىلى بولۇپ قالغانىدى.

قاراخانىلار دەۋرىدە ئىلگىرىكى زامانلاردا شەكىللەنگەن دېھقانچىلىق رايونلىرى بىلەن چارۋىچىلىق رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ قويۇقلاشتى. بۇ دەۋر ئۆزىنىڭ كەڭ كۆلەمدىكى قۇرۇلۇشلىرى، قول سانائەت تەرەققىياتى جەھەتتە ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن ئۈستۈن ئىدى؛ نۇرغۇن كەنت-شەھەرلەر بىنا

قىلىندى، تەرەپ ـ تەرەپكە كارۋان يوللىرى راۋان بولدى، بۇ
هال، سودا ـ سېتىقنىڭ كەڭ راۋاجلانغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.
مەدەنىيەت ـ سەنئەتمۇ بۇرۇنقى بازىسى ئاساسىدا تېخىمۇ گۈل ـ
لەندى. بۇنداق گۈللىنىش ۋەزىيىتى ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىياتنىڭ
تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ دەۋردە، غەربتە باغدات مەدە ـ
نىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان بولسا، شەرقتە قەشقەرمۇ مەدە ـ
نىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرى
(مەسىلەن، «ساجىيە» مەدرەسىسى)، بىلىم ـ مەرىپەت ئورۇنلىرى
(مەسىلەن، «سائادەت» كۇتۇپخانىسى) تەشكىل قىلىنغان، نۇرغۇن
ئالىملار، ئەدىبلەر مەيدانغا كەلگەنىدى. ئەنە شۇنداق ئالىم ۋە
ئەدىبلەرنىڭ ۋەكىللىرى ـــ ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرى بىلەن
مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپتۇر. بۇ ئىككى ئاپتوردىن
بىزگە تارىختا نامى ئۆچمەيدىغان ئىككى ئەسەر يادىكار قالدى.
10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، قەشقەرنىڭ ئوپال يېزىسى كەڭ
بوستانلىق جاي ئىدى، ئۇ يەردە قاراخانىلارنىڭ خانزادىلەر ئائىـ ـ
لىسىدىن ھۆسەيىن ئىبنى مۇھەممەتنىڭ ئائىلىسىدە مەھمۇت دۇنياغا
كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تالىپلىق، ياشلىق دەۋرىنى ئوپالنىڭ "ئازىغ"
يېزىسىدا ۋە ئوردا كەنتىدە ئۆتكۈزدى. ئۆزىنىڭ سۆزى بويىچە
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىسىگە مەنسۇپ ۋە جەڭ
ئىشلىرىدا نەيزىۋازلىرىدىن... ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكىرنى ئەڭ
روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن» بولغان مەھمۇت قەشقەرى ئۆز
ھاياتىنى ئىلىم ـ بىلىم ئىشىغا بېغىشلىدى. بۇ زاماندا، ئىلىم ـ پەن
تىلى دەپ ئاتالغان ئەرەب تىلى بىلەن بىر قاتاردا «تۈركىي تىل»
«بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتتەك» كېتىشىۋاتاتتى. سىياسىي مۇناسـ ـ

ۋەت، ئىقتىسادىي ئالاقە ۋە مەدەنىي ئالماشتۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن، ئەرەب ـ ئابباسىيلارنىڭ ھۆكۈمران دائىرىلىرى، سودا ـ سانائەت ساھەسىدىكىلىرى، ئىلىم ـ مەرىپەت ئەھلى «تۈركىي تىل»نى ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلدى. مەھمۇت قەشقەرى بۇ ھاجەتنىڭ بىر بۆلۈك ھۆددىسىدىن چىقىشقا بەل باغلاپ، ئەمەلىي تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى. «خاقانىيە» ئۆلكىسىنى (جۇمىلىدىن قەشقەرىيە، ئىلى، يەتتەسۇ ۋە ئىسسىق كۆل بويىلىرىنى)، قىرغىز ـ تاتار داللىرىنى، بۇلغار ـ قىپچاق سەھرالىرىنى، شەرقىي ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى، ئارغۇ ـ ئوغۇز يېزىلىرىنى كېزىپ، تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى ئاساسىي ئۇلۇس ـ ئايماقلارنىڭ تىللىرى بىلەن ئىنچىكىلەپ تونۇشتى؛ تۈرلۈك تىل پاكىتلىرىنى، شېئىر ـ قوشاقلىرىنى، ماقال ـ تەمسىللىرىنى، چىرايلىق سۆز ـ ئىبارىلىرىنى توپلىدى. ئون نەچچە يىللىق ئەمەلىي تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە توپلىغان بارلىق تىل ماتېرىياللىرىنى ئىلمىي تەتقىقات ئاساسىدا رەتلەپ چىقتى. ئەرەب لۇغەتشۇناسلىقىنىڭ يېڭى ئۇسۇللىرىدىنمۇ ئىلغارراق ئۇسۇل بىلەن، ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ تەرتىپى بويىچە، تۈركىي تىل بىلەن ئەرەب تىلىنىڭ ئۇچ تومluق ئىزاھلىق سېلىشتۇرما لۇغىتىنى ئىشلەپ چىقتى. بۇ لۇغەتكە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» يەنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دەپ نام بەردى. لۇغەتنىڭ مەزمۇنى تۈركىي تىلدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر، گرامماتىكىلىق قائىدىلەر، ھەربىي ـ مەمۇرىي ئاتالغۇلار؛ يېزا ئىگىلىك، يېمەك ـ ئىچمەك، سودا ـ مالىيە، قول ھۈنەرۋەنلىك، تىببىي ـ دورىگەرلىك، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ۋە ئاسمان جىسىملىرىغا دائىر سۆزلەر؛ قەبىلىلەر، مۇھىم جۇغراپىيە ناملار، قەدىمكى زاماندىكى خەلق داستان-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىرىدىن پارچىلار، رىۋايەتلەردىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى «تۈركىي تىللار قامۇسى» دېيىشمۇ بولىدۇ. «دىۋان»نى باغداتتا قايتا ـ قايتا تۈزەتكەندىن كېيىن، تەخمىنەن 1076 ـ يىلى باغدات خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا ئارمىغان قىلغان. مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»دا «تۈركىي تىلى»نىڭ ئومۇمىي تۈزۈلۈشىنى؛ فونېتىكا، لېكسىكا، گراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلغان، شۇ ئاساستا 11 ـ ئەسىردىكى تۈركىي تىلنى ئىككى تۈركۈمگە يەنى «ئوغۇز تىلى» ۋە «تۈركىي تىل»گە بۆلگەن. تىللارنىڭ ئەڭ پاساھەتلىكى ۋە توغرىسى «خاقانىيە تىلى» دەپ كۆرسەتكەن. دېمەك، مەھمۇت قەشقەرى 11 ـ ئەسىردە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسىنى يارىتىپ بەرگەن. ھالبۇكى، ياۋروپا ئالىملىرى بولسا، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنى 19 ـ ئەسىردە باشلىغانىدى. «دىۋان» تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ئەرەب خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىي ئالاقە ۋە تارىخىي دوستلۇقنىڭ سىمۋولىدۇر؛ شۇنداقلا 11 ـ ئەسىردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتى خېلى دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

«دىۋان» بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەشقەردە مەيدانغا كەلگەن يەنە بىر نادىر ئەسەر ــ «قۇتادغۇ بىلىك»دۇر. بۇ داستاننىڭ ئاپتورى «خاقانىيە» ئۆلكىسىدىن ھاجى يۈسۈپتۇر، بۇ داستاننى ھاجى يۈسۈپ تەخمىنەن 1069 ــ 1070 ـ يىللىرى قاراخانىلارنىڭ پايتەختىدە يازغان. ئەرەب ئېلىپبەسى بىلەن كۆچۈرۈلگەن نەمەنگان نۇسخىسىنىڭ بېشىدا مۇنداق «كىرىش» قەيت قىلىنغان: «بۇ كىتابنى كاشغەر ئېلىدە توگەل قىلىپ، مەشرىق پادىشاھى تاۋغاچ خانىنىڭ

ھوزۇرىغا سۇنغان، پادىشاھ بۇغراخانمۇ ئۇنى ئىززەتلەپ خاس
ھاجىپلىقنى ئاتا ئىنئام قىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن، يۈسۈپ خاس
ھاجىپ دەپ ئېتى دۇنياغا يېيىلغان». داستان «بەھرى مۇتەقارىپ»
ۋەزنىدە (يەنى «فەئۇلۇن ـ فەئۇلۇن ـ فەئۇلۇن ـ فەئۇل» ۋەزنىدە)
مەسنىۋى شەكلىدە (ئىككى مىسراسى بىر خىل قاپىيىدە كېلىش
شەكلىدە) يېزىلغان. تەخمىنەن 72 باب ۋە 13500 مىسرادىن
ئىبارەت، يۇقىرىدا ئېيتىلغان «كىرىش»تە قەيت قىلىنغىنىدەك،
بۇ داستان «چىن پەيلاسوپلىرىنىڭ شېئىرلىرى بىلەن زىننەتلەنگەن
ۋە ماچىن ئۆلىمالىرىنىڭ تەمسىللىرى بىلەن بېزەلگەن.» بۇ داستان
ئاددىيلا ئېپىك ـ دىداكتىك داستان ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي
مەسىلىلەر كەڭ بايان قىلىنغانلىق سەۋەبى بىلەن ئۇ سىياسىي ـ ئىقتى-
ساد دەرسلىكى دەپمۇ باھالانغان. تۈركولوگلارنىڭ تەتقىقاتلىرىغا
قارىغاندا، ئەگەر ساسانىلارنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى ئەكس ئەتتۈ-
رىدىغان ئىلمىي ئەدەبىياتتا، بىۋاسىتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دەپ
ئاساسەن قۇللار (بانراكىلار، ئانشافرىكىلار)نى كۆرسەتكەن بولسا،
شۇنىڭدەك توبا (توقبات)لارنىڭ قانۇن ـ پەرمانلىرى بايان قىلىنغان
ئەدەبىياتتىمۇ نۇبىيلار (يەنى قۇللار) جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئىش-
لەپچىقىرىش كۈچى قاتارىدا تىلغا ئېلىنغان بولسا، «قۇتادغۇ بىلىك»
تە پۈتۈنلەي فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ
مۇناسىۋەتلەردە، دېھقانلار، چارۋىچىلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر ئاسا-
سىي رول ئوينايدۇ. دېمەك بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قاراخانىلار تەۋە-
سىدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي
فورماتسىيىسى ساسانىلار ۋە توبالارنىڭكىدىن يۇقىرى ئىدى. بۇ
داستاندا، رېئال تۇرمۇش مەسىلىلىرى، كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇنا-

www.uyghurkitap.com

سىۋەتلىرى ۋە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ جەمئىيەتتە ئوينايدىغان رولى،
كىشىلەرنىڭ تەبىئەتكە تۇتىدىغان مۇناسىۋەتلىرى ئەخلاق-پەزىلەت
ئۆلچەملىرى تۆت شەخسنىڭ (ئادالەت ۋە قانۇن سىمۋولى بولغان
پادىشاھ كۈن تۇغدى، بەخت-سائادەت سىمۋولى بولغان ۋەزىر
ئايتولدى، ئەقىل-ئىدراك سىمۋولى بولغان ۋەزىر ئوغلى ئۆگدۈل-
مىش، قانائەت سىمۋولى بولغان ۋەزىر قېرىندىشى ئودغۇرمىش)
سۆھبەت مۇنازىرىسى يولى بىلەن بايان قىلىنىدۇ. ۋەزىن جەھەتتىن
پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانىغا ئوخشايدۇ. لېكىن ئوبۇلقاسىم
پىردەۋسى پەقەت جەڭ تەسۋىرى ۋە قەھرىمانلىق داستانى ياراتقان
بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەقىل-ھېكمەت، پەلسەپە-ئىجتىما-
ئىيەت دەرسلىكى تۈزگەن. شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم-جەمئى-
يەت قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىشتا بۇ داستان قىممەتلىك ماتېرىيال-
دۇر. ئاپتورنىڭ مەقسىدى ۋە ئىدىيىسى ئېتىۋارى بىلەن «ئەخلاقىي-
پەلسەپىۋى» دىداكتىك داستان بولسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي ھادىسى-
لەر، تەبىئىي مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلەشتە، خەلق ئەدەبىياتىدىكى
ھېسسىياتچانلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئېتىبارى بىلەن ئىندىۋىدۇئال ۋە
رېئالىستىك تەسۋىرلەرگە مۇۋاپىق لىرىكىلىق داستاندۇر. مەھمۇت
قەشقەرى خەلق تىلىدىكى ھېكمەتلەرنى ئۆز ئەسىرىگە توپلاپ يېزىپ
قويغان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەلق تىلى ھېكمەتلىرىنى
ئۆزىنىڭ داستانىغا سىڭدۈرگەن. بۇ داستاندا 11-ئەسىردىكى
ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئەدەبىي ماھارىتىنىڭ
يۇقىرى پەللىسى گەۋدىلەنگەن. بۇ داستان ئۆز ئالدىغا شەرقچە
داستانچىلىقنىڭ يېڭى تىپىنى يارىتىپ بەرگەن. ئۇنىڭ نامى كەڭ
تارقالغان، ئەسىرىنى يوقاتمىغان. 14-ئەسىردىكى ئاپتورلاردىن

مۇھەممەت ھىندۇ شاھ شەمسىدىن ئەل-مۇنشى ئۆز كىتابىدا: پۈتۈن دۆلەت قانۇنلىرىنى ۋە مەدەنىيەت ۋاستىلىرىنى ئۇيغۇرلاردىن ئالغان چىڭگىز ئىمپېراتورلۇقىدا «قۇتادغۇ بىلىگىن چىڭگىزخان» دېگەن دەستۇر بارلىقىنى ئەسلەتكەن؛ 1909-يىلى ئالتۇن ئوردىنىڭ مەركەزلىرىدىن بولغان سارايچىق خارابىسىدىن تېپىلغان بىر تەشتەكتە، ئەرەب ھەرپلىرى بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مىسرالىرىغا ئوخشايدىغان مۇنۇ ئىككى مىسرا چېكىلگەن:

«كىشى كۆركى يۈز ئول، بۇ يۈز كۆركى كۆز،
ئاغىز كۆركى تىل ئول، بۇ تىل كۆركى سۆز.»

ھازىر دۇنيادا مەلۇم بولغان ئۈچ نۇسخىسىدىن «ۋېنا نۇسخىسى» ھىراتتا ھىجرى 843-(مىلادى 1439-) يىلى كۆچۈرۈلگەن. دېمەك، 15-ئەسىرلەردىمۇ بۇ داستان قىممەتلىك دەستۇر سۈپىتىدە دۇنيانىڭ كۆپ جايلىرىغا تارقالغان.

«دىۋان» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» ھازىر دۇنيا تۈركولوگلىرىنىڭ تەتقىقاتىتا مۇھىم تېمىسى بولۇپ قالدى. بەزى ئالىملار ئۆمرىنى بۇ ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىشقا سەرپ قىلدى.

قاراخانىلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە، ئىلىكخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى نىزا-جېدەللەر تۈپەيلىدىن خانلىق پارچىلىنىپ كەتتى. لېكىن قاراخانىلار ياراتقان تىل ۋە مەدەنىيەت ئۆز تەسىرىنى يوقاتمىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا سوپىلىق كېڭىيىشكە باشلىدى. سوپىلىق دىنىي خۇراپاتنى، تەركىدۇنيالىقنى تارقىتىشتا ئەدەبىياتنىڭ بېيىتچىلىق ژانىرىدىن پايدىلاندى. ئىشانلار سوپىلىق كۆز قاراشلىرىنى ئاددىي خەلقنىڭ تىلى بىلەن ھاپىزلىق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئۆزلىرىگە جەلپ قىلىشقا ئۇرۇندى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

12 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «تۈركىي» ئاھالىسىنىڭ جانلىق تىلىدا يارالغان بەدىئىي ئەدەبىياتتا خوجا ئەھمەت يەسسەۋىنىڭ «دىۋان ھېكمەت» ئەسىرىنى تىل جەھەتتىن مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

خوجا ئەھمەت ــــ يەسسەۋى ئىبراھىم شەيخنىڭ ئوغلى. ئۇ بۇخاراغا بېرىپ، مەشھۇر مۇتەسەۋۋۇپ (سوپىلىق ئېقىمىدىكى زات) يۈسۈپ ھەمەدانىدىن سوپىلىق تەلىماتىنى ئۆگەنگەن. ھەمەدانى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىدا بىرنەچچە يىل خەلىپەتلىك قىلىپ، كېيىنچە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن. بۇ ئەدىب تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدا ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە مەكتەپ (ئەدەبىي ئېقىم) ياراتقان؛ شېئىرىيەتكە سوپىلىقنى ئېلىپ كىرگەن. شېئىرىيەتكە سوپىلىق كىرگەندىن كېيىن، رېئال تەبىئىي گۈزەللىك شېئىرىيەتتىكى ئورنىدىن ئاساسەن مەھرۇم بولغاندى. ئەھمەت يەسسەۋى ئۆز ئەسەرلىرىنى ناھايىتى يېنىك، خەلققە چۈشىنىشلىك ساددا تىل بىلەن يازغان. بۇ كىشىنىڭ شېئىرلىرى بۇ چاغقا قەدەر تەركىدۇنيالىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنىڭ تەشۋىق ۋەرەقلىرى دەپ قارىلىپ كەلدى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە تەسەۋۋۇپلۇق پىكرى، يەنى دۇنيادىن كېچىش غايىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، دىنىنى، دىنىي تەلىماتىنى مال ـ دۇنيا تېپىش ياخشى مەئىشەت كەچۈرۈشىنىڭ قورالى قىلىدىغان ھەم خەلقنى ئالداش يولى بىلەن تېپىنىدىغان كەسىپى روھانىلارغا، مال ـ دۇنياغا ھېرىس (باشقىلارغا زىيان سېلىش ھېسابىغا مال توپلايدىغان) كىشىلەرگە ئۇ ناھايىتى قارشى تۇرىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭ ئىدىيىسىنى ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزم دېسە توغرا كېلەرمىكىن.

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەرب قىسمىدا ئىسلام

دىنى كەڭ تارقالغاندىن كېيىن، شېئىرىيەت بىلەن تارىخ بىرلىشىپ، قىسسە ـ داستان شەكلىنى ئالدى. ئىسلام دىنى شېئىرىيەتنىڭ ئېغىز ـ دىن ـ ئېغىزغا كۆچۈشىنى چەكلىيەلمىدى (خىرىستىيان دىنى بولسا، تيۇتونلارنىڭ شېئىر ـ قوشاق ئېيتىشىنى چەكلىگەنىدى). شۇڭا، بىزدە ئەدەبىياتنىڭ، بولۇپمۇ شېئىرىيەتنىڭ ھەر خىل ژانىرلىرى ئۈزۈلۈپ قالمىدى.

«خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەردىن ئەدىب ئەھمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتىبەتۇل ھەقايىق» («ھەقىقەتلەر بوسۇغىسى») دېگەن داستانى «قۇتادغۇ بىلىك» تىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئەدەبىي ئۇسلۇبىنىڭ نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ. مەھمۇت ئوغلى ئەدىب ئەھمەت يۈكنەكى 12 ـ ئەسىر-نىڭ ئاخىرى ۋە 13 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشىغان شائىر. ئەھمەت يۈكنەكى ئەھمەت يەسەۋىنىڭ شاگىرتى ئىدى①. يۈكنەكىنىڭ داستانى ئەسلىدە 14 بابلىق بولۇپ، ھازىر كەڭ تارقالغان كۆچۈر-مىسى 11 بابتىن ئىبارەت. چۈنكى ئاپتور ئۆز ئەسىرىنىڭ بېشىدا مۇنداق دەپ يازغان:

«تۇغا كۆرمەس ئەردى ئەدىبنىڭ كۆزى،
تۈزەتتى بۇ ئۇن تۆرت باب ئىچرە سۆزى.»

شائىر داستانىنىڭ 1444 ـ ۋە 1480 ـ يىللىرى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى ھازىر ئىستانبۇل كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. بۇ داستان «تەپەككۇر ئەدەبىياتى»غا نەمۇنە بولىدۇ. داستانىنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت

---

① نەجىپ ئاسىم: «يۈكنەكى ئەھمەت. ئەتبەتۇل ھەقايىق»، ئىستان-بۇل، 1334 — 1915؛ رەشىت رەخمەتى ئارات: «ئەدىب ئەھمەت يۈكنەكى. ئەتبەتۇل ھەقايىق»، ئىستانبول، 1951.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەسۋىرلەنگەن مىسرالىرىدىن مىسال:

«بىلىك بىلتى بولدى ئەردەن بەلگۈلۈك،
بىلىكسىز تىرىكلە يىتۈك كۆرگۈلۈك.

بىلىكلىك ئەر ئۆلتى، ئاتى ئۆلمەتى،
بىلىكسىز تىسەن ئەركەن ئاتى ئۆلۈك.

تىلى يالغان ئەردىن يىراق تۇر تازا،
كەچۈرسەنما ئۆمرۈڭ كۆنىلىك ئوزا.

كۆنى سۆز ئەسەلتەك، بۇ يالغان بەسەل،
بەسەل دەپ ئاچتىما ئاغىزنى ئەسەل.

كۆنى بول، كۆنى قىل، چىقار ئات قونى،
كۆنىدە يۈبىلسۇن خالايىق سەنى.»

ئۇلۇغ شائىر ناۋايى ئەدىب ئەھمەت يۈكنەكىنى ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن ئەسلىگەن ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى قەدىرلەپ ئوقۇغان. ناۋايى «نەسايىمۇل مۇھەببەت مىن شەمايىمۇل فۇتۇۋەت» دېگەن ئەسىرىدە، ئەدىب ئەھمەت يۈكنەكىنى تۈركىي خەلقتىن چىققان ئۇلۇغ ئەدىب، «ئۇ ھەر كۈنى تىمام ئەزەمدىن دەرس ئالاتتى» دەيدۇ①. ناۋايى ھەتتا بەدىئۈز

---

① پروفېسسور كۆپرۈلۈزادە: "يۈكنەكى تىمام ئەزەم بىلەن زاماندىش ئەمەس، بۇنى ئىلا ھىيلاشتۇرغان" دەيدۇ.

زامانـغا يازغان خېتىدىـمۇ، ئۇنى يۈكنەكـىدىن ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلغان.

ئەدىب ئەھـمەت يۈكنەكىـنى بەزى رىۋايەتـتە "ئەئما" (قارغۇ) ئىدى دېيىلىدۇ. ئەدىب ئۆزىنىڭ داستانـىدا ئادالەتـنى، خەلقپەر-ۋەرلىكنى، ئەقىل-ئىدراكـنى، كەمتەرلىكـنى، ساخاۋەتـنى، كۆيۈمـ-چانلىقنى كۈيلەيدۇ، كىشلەرنى بىلىملىـك بولۇشـقا دەۋەت قىلىدۇ، بولۇپمۇ تىل ئەردەمنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ؛ زالىملىقنى، ۋاپاسىز-لىقـنى، نادانـلىقـنى، كۆرەڭلىكـنى، ئاچكۆزلۈكـنى، يالغانچىلىقنى ئەيىبلەيدۇ. يۈكنەكى بۇ دۇنـيانىڭ ئۆزگىرىـپ تۇرىدىغانلىقنى، بۇ دۇنـيادا ھېچنـەرسە مۇتـلەق ئەمەسـلىكـنى بايان قىلىـدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ دىداكتىك داستانى ئىلغار ئەسەر ھېساب-لىنىدۇ. ئەدىب ئەھمەتنىڭ داستانىدا «قۇتادغۇ بىلىك»كە نەزىـرە قىلىـنغان بابـلارمۇ بار. مەسـلەن، «ئەتىبـەتۇل ھەقايـىق»نىڭ بىرىنچـى ۋە ئىككىنچـى بـۆلەكـلىرىـدە «قۇتادغۇ بىلـىك»نىڭ IV ۋە VII بابلىرىدىن ئىلھام ئالغان، ھەتتا بەزى بېيىتلىرى ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ئەدەبىـي تىل جەھەتـتىن، «ئەتىبـەتۇل ھەقايـىق»نىڭ تىـلى «قۇتادغۇ بىلىك» تىلىنىڭ داۋامى ۋە تەرەققىياتىدۇر.

«خاقانـيە تىلى» دەپ ئاتالـغان باسقۇچـتىن «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالـغان باسقۇچقىچـە بولغان ئارىلىقـتا، ئۇيغۇر ئەدەبـىياتى ئەنئەنىلىرىـنىڭ چوڭقۇر تەسـىرى يەنىلا ئۆز كۈچـىنى يوقاتمىدى. بۇنىڭغا رابغۇزى ئەسىرى نەمۇنە بولىدۇ.

نەسـرىدىن رابغۇزى (قەشقـەر تەۋەسـىدىكى ئۇلۇغ يولۇغ راباتلىق يەنە بىر مەنبـەدە ئۇلۇغ ئۆزلۇغ رابات غوزى بۇرھانىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوغلى) مىلادى 1309 ـــ 1310 ـ يىللىرىدا «قىسسەئى رابغۇزى» دېگەن ئەدەبىي ئەسەرنى يازغان. بۇ ئەسەر خەلق ئىچىدە «قىسسەسۇل ئەنبىيا» («پەيغەمبەرلەر قىسسەلىرى») دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. ئەسىردىن رابغۇزى بۇ بەدىئىي ئەسەرنى پەيغەمبەرلەر توغرىسىدىكى دىنىي ـ ئەپسانىۋى قىسسەلەردىن پايدىلىنىپ، نەسرىي ئۇسلۇبتا يازغان. بۇ ئەسەردە، ئاپتورنىڭ ئۆزىگە خاس كۆز قاراشلىرى بار، بۇ ئەسەر 13 ـ ، 14 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى، جۈملىدىن، شۇ زاماندىكى نەسىر ۋە شېئىرىيەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن قىممەتلىك مەنبەلەردىن بىرى. بۇ ئەسەردە، تۈرلۈك شېئىرلار (مەدھىيىلەر، بەزى قىسسەلەرنىڭ خۇلاسىلىرى، لىرىك كەچۈرمىشلەر، باھارىيەت، سەييارىلەر توغرىسىدا ۋە كىتابنىڭ شېئىرىي خاتىمىسى) بار. «قۇتادغۇ بىلىك» تىن 250 يىل كېيىن يېزىلغان بۇ قىسسەدىكى «باھارىيەت» شېئىرى بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى شۇ مەزمۇنلۇق شېئىر ئوتتۇرىسىدا يېقىنلىق ھەتتا ئوخشاشلىق بارلىقى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. دېمەك رابغۇزى ياشىغان زاماندىمۇ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ تىلى يەنىلا ئەدەبىي تىل بولۇپ كەلگەن ۋە شېئىرىيەتتىكى ئەنئەنىلەرمۇ داۋام قىلىنغان.

زامان جەھەتتىن رابغۇزى بىلەن زامانداش بولغان خارەزمىنىڭ ئۆز ئىسمى نامەلۇم. خارەزمى 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، خارەزىمدە، مەسچىت ھۇجرىسىدا مۇساپىر بولۇپ ياشىغان ۋە شۇ يەردە ئىجاد قىلغان ھەمدە مۇساپىر بولۇپ تۇرغان جاينىڭ نامىنى ئۆزىگە ئەدەبىي تەخەللۇس قىلغان. ئۇ «مۇھەببەتنامە» دېگەن ئەسەرنى ھىجرى 754 ـ (مىلادى 1353 ـ) يىلى يازغان. بۇ ئەسەر

ئاشىقلىق شېئىرىي مەكتۇپ (خەت) ئۇسۇلىدا يېزىلغان. ئەسەر 11 مەكتۇپتىن ئىبارەت. شائىرنىڭ ئەسىرىنى 14 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىياتىغا مىسال قىلىپ كۆرسىتىشىمىزگە ئۈچ ئاساس بار: بىرىنچى، «مۇھەببەتنامە» قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن؛ ئىككىنچى، بۇ ئەسەرنىڭ تىلى 14 - ئەسىردىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن يېزىلغان؛ ئۈچىنچىدىن، موڭغۇللار دەۋرىدە خارەزىم ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن: مەركىزىي ئۈرگەنچ شەھىرى بولغان شىمالىي خارەزىم ئالتۇن ئوردا تەركىبىگە كىرگەن؛ مەركىزىي قىيات قورغىنى بولغان جەنۇبىي خارەزىم چاغاتاي ئۇلۇسىغا قارايتتى. چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ئەدەبىي تىلى ئۇيغۇر تىلى ئىدى.

## 3

چىڭگىزخان يۈرۈشلىرى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال قىلىنغان ئۇلۇسلاردىكى خانلىق تالاشلىرى بىرمۇنچە ۋەيرانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن چاغاتاي ئۇلۇسى تەۋەسىدىكى جايلاردا، ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تىل بولۇش رولىنى يەنىلا ئادا قىلىپ كەلدى. 15 - ، 16 - ئەسىرلەردە «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى پەقەت دۆلەت ئىدارە ئىشلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى مەدەنىي ھاياتتىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتتى.

چاغاتاي ئۇلۇسى (چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلىغا تەقسىم قىلىنغان تەۋەلىك) زېمىنى شەرقتە قۇمۇلدىن غەربتە ئامۇ دەرياسىغىچە ھەم غەزنىگىچە، شىمالدا قورغاستىن جەنۇبتا دەھلىنىڭ شىمالىغىچە (مولتان، لاھورلار — «ئۇلۇس»نىڭ جەنۇبىي چېگرى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىندىكى ھىندىستان شەھەرلىرىگىچە) بولۇپ، مەركىزى ئالمالىق ئىدى. چاغاتاي ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلغان زاماندا ئۆزىگە تەۋە «ئۇلۇس»نى خانلىق ئاتىمايتتى. «چاغاتاي خانلىقى» پەقەت كېيىن چىققان ياكى تارىخچىلار تەرىپىدىن قويۇلغان نام. 1260 ـ يىلدىن 1360 ـ يىلغىچە بولغان 100 يىل ئىچىدە، ئوتتۇرا تۈركىستان (ئوتتۇرا ئاسىيا) ۋە موغۇلىستان (شىنجاڭ) دىن تەركىب تاپقان «چاغاتاي خانلىقى»دا 25 ھۆكۈمدار ئۆتتى. چاغاتايدىن كېيىن بۇلارنىڭ ئىچىدە چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىرەر سىما (سىمۋول) مەيدانغا كەلمىگەن. موغۇللاردىن بىرقانچە ئۇرۇق (بارلاس، جاراس، دوغلات ۋە باشقىلار) ئىلى ۋە يەتتەسۇ ۋادىسىدا «تۈركىي تىل»نى ئۆبدان ئۆزلەشتۈرۈپ، 100 يىلغا قالمايلا تۈركلەشتى. بارا ـ بارا چاغاتاي ئۇلۇسى ئىككى قىسىمغا: مەۋرائۇننەھرىگە ۋە موغۇلىستانغا ئايرىلدى. لېكىن چاغاتاي ئۇلۇسىغا تەۋە ئاساسىي ئاھالىنى (بولۇپمۇ تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنى) بىر تىپتىكى مەدەنىيەت بىرلىكىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى بولغان ئەدەبىي تىل بىرلەشتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ تىل «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىدى. بۇ زاماندا، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە غەربىي شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلار، ئىسلام دىنىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن ئاساسەن بۇددا دىنىدىكى شەرقىي شىنجاڭ ئاھالىلىرى ئوتتۇرىسىدا دىنىي سۈركىلىشلەر دائىم بولۇپ تۇراتتى. شۇڭا، ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغۇچى ۋە فېئودال زىيالىيلىرى «موغۇلىستان»دىن «تۈركىستان»غا ھىجرەت قىلىپ، سەمەرقەنت، خارەزىم، ھىراتلاردا ماكانلىشىپ، پائالىيەت ئېلىپ باردى. دەرۋەقە بۇنداق كۆچۈش ئۇنىڭدىن

بۇرۇنـمۇ بولغانـدى. 11 ـ ئەسـردە باغـداتتىكى تۈركان خاتۇن (قاراخانىلاردىن) مۇناسىۋىـتى بىلەن، نۇرغۇن ئالىم، ئەدىبلەر باغ. داتقا كۆچـۈپ بېرىـپ، ئەرەب تىلـدا ئەسەر يازغان بولسا، 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، كۈچلۈك (نايـمان) زامانىسـدا «قەشقەرىـيە» دىكى زىيالىيلار زۇلۇمدىن قېچىپ، مەۋارائۇننەھرگە ۋە خۇراسانغا (ئىنقراق ئېيتقاندا خارەزىـم ۋە سەمەرقەنـت، ھىراتلارغا) كۆچ. كەن. چىڭگىزخان ئوتتـۇرا ئاسـيانى بويسۇنـدۇرغاندىن كېيىن، ھەربىـي مۇتەخەسـسىسلەر، سىياسىئونـلار، مائارىـپ ـ مەدەنىـيەت ئەربابىلىرىنى ــ ھازىرقى زامان ئاتالـغۇسى بىلەن ئېيتقاندا «كادىر. لار»نى كۆپـرەك شىنجاڭدىن ئېلىـپ بارغان. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئۇيـغۇرلار موڭـغۇل قەبىلىلىـرى بىلەن ئەزەلـدىن ئىناق ئۆتكەن، چىڭگىزخان غەربـكە يۈرۈشـتە تۇرپان ئىدىقۇتـى بارچۇق تېكىننى ئۆزىگە كـۈيوغۇل قىلـغان؛ ئىككىنچـىدىن، ئۇيغـۇرلار موڭغۇللارغا مەدەنىيەت يەنى يېزىق ئۆگەتكەن؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقـلەر بىلەن تىـل ۋە ئېتنىك جەھەتلەردىن قېرىن. داش ئىدى.

قوچـۇ ئىدىـقۇتلۇقـى ۋە قاراخانىلار دەۋرىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تەرەققىيات چىڭگىـز ـ موڭغۇل دەۋرىگە ئۇب. دان بازىس يارىـتىـپ بەرگەنـدى. چىڭـگىز ـ موڭغۇل يۈرۈشلىرى دۇچ كەلگەن يۈكسەك ئىقتىسادىـي تەرەققـيات يۈكسەك مەدەنىيەت قوچۇ ئىدىقۇتلۇقى بىلەن قاراخانىـلار دەۋرىـنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسـياغا يـۈرۈش قىلىشى ۋە ئۇ جايلاردا ماكانـلىشـشى بىلەن، ئۇيغۇر مەدەنىيـتى ۋە ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرا ئاسيادا ئىككىنچى قېتىم كەڭ تارقالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

16 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئەدەبىي تىلنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئەدەبىي تىل ئەنئەنىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلمىدى، بەلكى راۋاجلاندى. 13 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولغان فونېتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك ۋە لېكسىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر 14 ـــ 16 ـ ئەسىرلەردىكى ھەممە ئەدەبىياتتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

تارىخچى تۆمۈر ئىبنى ئەرەپشاھ (1450 ـ يىلى ۋاپات قىلغان): «چاغاتاي يېزىقى دېمەك ئۇيغۇر يېزىقى دېمەكتۇر، ئۇل موڭغۇللار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان» دەيدۇ. يېزىقتىكى ئۇيغۇر ئەنئەنىلىرىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك بولغانلىقىنى 18 ـ ئەسىردە ياشىغان خىۋە خانى ئەبۇلغازىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىدىنمۇ كۆرىمىز: "ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارىسىدا تۈركچە (ئوغۇزچە) بىلىدىغان كىشىلەر ناھايىتى كۆپ، ئۇلار دېپتەردارلىقنى (مەھكىمە ئىشلىرىنى) ياخشى ئېلىپ باراتتى ۋە دىۋان ھېسابلىرىنى ياخشى بىلەتتى." چىڭگىزخانىنىڭ مەۋارائۇننەھىر، خۇراسان ۋە ئىراقلاردا ھۆكۈمرانلىق قىلغان نەۋرىلىرى زامانلىرىدا، ئۇلارنىڭ ھەممە مۇشاۋۇرلىرى ۋە پۈتۈكچىلىرى ئۇيغۇرلاردىن بولغان ۋەھاكازالار. تارىخچى جۇۋەينى «جاھانگۇشا» دېگەن تارىخ كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە: "ئۇلار ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى بىلىم ۋە ئىلىمنىڭ چوققىسى دەپ قارىدى" دەپ يازغان. مەلۇمكى، ئاقساق تۆمۈر مەھكىمىلىرىدە ئىش ـ ئالاقە قەغەزلىرى تامامەن ۋە باشتىن ـ ئاخىر ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلاتتى. ئۆمەر شەيخنىڭ مەرغىلانلىق مىرسەئىدكە ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىپ چۈشۈرگەن يارلىقى 1469 ـ يىلى تۈزۈلگەن①.

---

① «توختامىش ۋە تۆمۈر قۇتلۇغ يارلىقلىرى» نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

ئەدەبىياتتا تېخىمۇ شۇنداق بولغان. 1432 ـ يىلدا تۈزۈلگەن «بەختىيارنامە»، 1436 ـ يىلى يېزىلغان «تەزكىرى ئەۋلىيا»، 1437 ـ يىلدىكى «مىراجنامە»، شۇنىڭدەك 1432 ـ يىلى ھىراتتا تەسنىپ قىلىنغان ھەر خىل ئەسەرلەر توپلاملىرى ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان.

قەدىمكى زاماندىن تارتىپ، تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار قوشاقچىلىق، فولكلور تىپىدىكى داستانچىلىق جەھەتتە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەتتى. ئۇلار 13 ـ ئەسىردىن كېيىن، ئەرەب ۋە پارس ئەدەبىياتىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى مەركىزىي ھەم ئوتتۇرا ئاسىياغا خاس بولغان ئەدەبىي ئۇسلۇب بىلەن بىرلەشتۈردى. ئوخشىتىش، مۇبالىغە ئۇسۇللىرى بىلەن ئىخچام ئوبرازلىق پىكىر يۈرگۈزىدىغان ئەدەبىي ئىجادىيەت نەمۇنىسىنى ياراتتى. بۇ ھال بىزدە لىرىك شېئىرىيەتنىڭ ئۆزاققىچە يۈكسەك گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بۇ ـ بىزنىڭ سەنئەت تارىخىمىزنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى. چۈنكى ئۇنىڭدا ئوخشىتىش ۋاستىسىگە ئىگە بولغان رېئالىزم ۋە پانتازىيە ھەم مۇبالىغە باي بولغان رومانتىزم پرىنسىپى بىلەن تەنقىد پرىنسىپى شەكىللەندۈرۈلگەندى. بۇ، بىزدە كەڭ قوللىنىلغان غەزەل ئەدەبىياتىدۇر.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا غەزەل ئەدەبىياتىنى باشلاپ بەرگەن شائىرلار نامايەندىلىرى لۇتفى، ئاتايى ۋە سەككاكىدۇر. ناۋائىينىڭ باھاسى بويىچە ئېيتقاندا: «ئۇيغۇر ئىباراتىنىڭ بۇلۇغاسىدىن مەۋلانا سەككاكى ۋە مەۋلانا لۇتفى رەھمە تۇللاھۇ تائالا، كىم، بىرىنىڭ شىرىن ئەدەبىياتىنىڭ ئىشتىھارى تۈركىستاندا بىغايەت ۋە بىرىنىڭ لەتىف غەزەلىياتى ئىنتىشارى ئىراق ۋە خۇراساندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىنەھايەتدۇر ھەم دىۋانلىرى مەۋجۇد بولغاي».

## لۇتفى

لۇتفى — بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئەسلى قەشقەر ۋىلايىتىدىن بولۇپ، كېيىن ماۋەرائۇننەھردە، ئاندىن ھىراتتا ياشىغان ۋە شۇ يەرلەردە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، لۇتفىنىڭ ئۆز ئىسمى تېخىچە نامەلۇم، لۇتفى — شائىرنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى؛ بەزى تەخمىنلەر بويىچە، لۇتفى 99 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ھىجرى 870 ـ (مىلادى 1465 ـ ) يىللىرى ھىراتتا ۋاپات قىلغان. لۇتفى نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان، شۇنىڭدەك 1411 ـ يىلى «گۈل ۋە نەۋرۇز» دېگەن 2400 مىسرادىن ئىبارەت لىرىكىلىق داستان يازغان. ئۆزىنىڭ قەيت قىلىشىچە:

«تارىخ سەككىز يۈز ئون تۆت ئەردى ھىجرەت،
كى نەقش ئەتتىم بۇ مەنزەر مۇھەببەت.»

يەنى داستاننى ھىجرى 814 ـ (مىلادى 1411 ـ ) يىلى ئارۇز ۋەزنىنىڭ «ھەزەج مۇسەددەس» بەھرىدە يازغان. بۇ داستاننىڭ بىردىن ـ بىر نۇسخىسى ھازىر برىتانىيە مۇزېيىدا بولۇپ، ئۇ داستان يېزىلىپ يۈز يىلدىن كېيىن (1511 ـ يىلى) ھىراتتا مۇھەممەت بەگ تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىدۇر. لۇتفىدىن يادىكار قالغان ئىككىنچى قولىيازما «دىۋان لۇتفى» ھازىر لېنىنگرادتا ساقلانماقتا؛ بۇ دىۋان شاھرۇھقا بېغىشلانغان قەسىدە بىلەن باشلانغان غەزەللىرى ئەرەبچە ئېلىپبە تەرتىبى بىلەن تۈزۈلۈپ، ئايىغى "ى" بىلەن تۈگىگەن.

ناۋائىنىڭ تەۋسىپى بويىچە «مەلىكۇل كەلام» (سۆز پادىشاھى) بولغان لۇتفى ئۇلۇغ مەرىپەتپەرۋەر، ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر شائىر-

دۇر؛ شۇنداقلا رىئال ھاياتتىكى گۈزەللىكلەرنى، ئادەمگەرچىلىك پەزىلەتلىرىنى قەدىرلىگەن شائىردۇر. لۇتفى ئۆزى بەدىئىي ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا، XV ئەسىردە ئۆتكەن تارىخچى شەرە- فىددىن ئەلى يەزدى يازغان «زەپەرنامە» دېگەن تارىخىي ئەسەرنى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

## سەككاكى

لۇتفى بىلەن زاماندىش بولۇپ بىر قاتاردا تۇرىدىغان يەنە بىر شائىر ــ سەككاكىدۇر. سەككاكى دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر ئالىم بار، ئۇ سىراجىددىن ئەبۇ ياقۇپ يۇسۇف ئىبىن ئەبى بەكرى ئەلخا- رەزمى- سەككاكى، بۇ ــ «مۇفتاھىل- ئۇلۇم» («ئىلىملەر ئاچقۇچى») دېگەن مەشھۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورى؛ بۇ كىشى مىلادى 1161 ــ 1228- يىللىرى ياشىغان بولۇپ، چاغاتاي يېنىدا ئىلمىي مەسلىھەتچى ئىدى، ئاخىر چاغاتاي تەرىپىدىن جازالىنىپ، زىنداندا ئۆلگەنىدى؛ مازارى قورغاستا ئىكەنلىكى تەخمىن قىلىنىدۇ. شائىر سەككاكى بولسا، تۆمۈرىلەردىن ئۇلۇغ بەگ ۋاقتىدا (15- ئەسىردە) ياشىغان ۋە ئەدە- بىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

ناۋايى ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن- نەفائىس» ئەسىرىدە: «ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ چىچەنلىرىدىن مەۋلانا سەككاكى» دەپ ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن ئاتاپ ئۆتكەن بۇ شائىردىن بىزگە پەقەت 50 نەچچە غەزەلدىن ئىبارەت تولۇقسىز دىۋانى قالغان. سەككاكى 15- ئەسىر- دىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قەسىدە ژانىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغان شائىر. ئۇنىڭ يەتتە قەسىدىسى بارلىقى مەلۇم. ناۋايى سەمەرقەنتكە كەلگەندە (1467 ــ 1469- يىللىرى) سەككاكى بىلەن ئۇچرىشىمىقچى قارىغاندا، بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل بۇرۇن ۋاپات قىلغان بولسا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

كېرەك. بەزى تەتقىقاتچىلار شائىر سەككاكىنى ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈف ئىبىن ئەبى بەكرى سەككاكىنىڭ ئەۋلادى بولسا كېرەك دەپمۇ تەخمىن قىلىشىدۇ.

15 ـ ئەسىردە، ئىپتىكلىق ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر يارىتىشنىڭ نامايەندىلىرى بولغان بۇ ئىككى شائىر (جۈملىدىن ئاتايى) ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىي ھاياتىدا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن «تۈركىگويلەر»دۇر. بۇلارنىڭ ئەسەرلىرى شۇ زاماندىكى يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ لېكسىكىسىنى تەتقىق قىلىشتا ئوبدان ماتېرىيال بولىدۇ. لۇتفى، سەككاكى ۋە ئاتايىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى «تۈركىي» ۋە ئەرەبىي ـ پارسىي ئېلېمېنتلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، 15 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ لېكسىكا قۇرۇلۇشىغا ئومۇمىي باھا بېرىش مۇمكىن. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە قوللىنىلغان «تۈركىي» سۆزلەر، يەنە كېلىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسىنىڭ داۋامىدۇر. ئەمما، بۇلار ياشىغان زاماندا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا خەلقلەرنىڭ تىللىرىدا بۇنداق سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئەرەب ـ پارس سۆزلىرى ئىگەللىۋالغانىدى. بۇنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبلىرى بار ئىدى.

بىزگە مەلۇم، ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي قىسمى (يەنى قاراخانىلارنى تەسىس قىلغان قىسمى) ئىسلامنى رەسمىي قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىدا ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىقنى ئىشلىتىشكە باشلىدى. ئۇ زامانلاردا، ئىسلام بالدۇر تارقالغان رايونلاردا ئىلىم ـ پەن تىلى ئەرەب تىلى بولغىنىدەك، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي تەرەپلىرىدە ئەدەبىيات تىلى پارس

تىلى بولۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، بىرمۇنچە تۈركىي ئەدىب-شائىرلار ئۆزلىرىگە پارس تىلىنى كەسپىي تىل قىلىپ، ئۆز ئانا تىلىغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئىراندا تەشكىل قىلىنغان تۈركىي خانلىقلار پارسچىنى رەسمىي دۆلەت تىلى ۋە ئەدەبىي تىل قىلغانىدى. بۇ ھال 14 — 16-ئەسىرلەردە يېزىق ئەدەبىياتىدا ناھايىتى ئەۋج ئالدى. مۇشۇنداق شارائىتتا، لۇتفى، ساككاكىلارنىڭ «تۈركىي» تىلدا ئەسەرلەر يارىتىشى ناھايىتى ئۇلۇغ ئىش ئىدى ۋە ئۆز ئانا تىلى ئۈچۈن چېلىشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

## ناۋايى

ئۆز ئانا تىلى ئۈچۈن قاتتىق كۈرەشكەن ئەدىبلەرنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى — ناۋايىدۇر.

ناۋايى ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسىلىشىدە چوڭ رول ئوينىغان مۇتەپەككۇر شائىردۇر.

15-ئەسىردە «تۈركىي» تىلدا ئىجاد قىلغان شائىرلارنىڭ پېشۋاسى «ناۋايى» (جۈملىدىن پارسچە شېئىر يازغۇچىلارنىڭمۇ ئۇلۇغلىرىدىن بىرسى — «فانى»). ناۋايى ئەسلى «چاغاتاي ئۇلۇسى» غا كىرگەن تۈركىي خەلقلەردىن، ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئىلى ۋە يەتتە سۇ بويىدىكى موغۇل-چاغاتاي قەبىلىلىرىدىن تۈركلەشكەن بارلاس ئۇرۇغىدىن. نىزامىددىن ئەلىشىر ھىراتتا 1441-يىلى 2-ئاينىڭ 9-كۈنى، غىياسىددىن بارلاس دېگەن ھەربىي ئادەمنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان؛ ھىراتتا ئوقۇپ، 12-13 ياشلىرىدا ئاتىسىدىن يېتىم قالغان ۋە بابۇر شاھ ئۇنى ئۆز تەربىيىسىگە ئالغان؛ 15 يېشىدىن باشلاپ، ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بىللە بابۇر شاھنىڭ سارىيىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىزمەت قىلغان. ئەلشىر بەدىئىي ئەسەرلەرنى قىزىقىپ ئوقۇش بىلەن بىللە ئۆزىمۇ شېئىر يېزىشقا باشلىغانىدى. ئەلشىر بالا چېغىدا، شائىر لۇتفى خېلى ياشىنىپ قالغانىدى، ناۋايىنى لۇتفىنى ئۆز ئۇستازى دەپ ھېسابلايتتى؛ لۇتفىمۇ ياش ئەلشىرنىڭ قابىلىيىتىگە قىزىقىپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەرگەن. ئەلشىرنىڭ زاماندىشى تارىخچى خاندەمىرنىڭ بايان قىلىپ بېرىشىچە، بىر كۈنى لۇتفى ئەلشىرنىڭ يېڭى يازغان شېئىرلىرىدىن بىرىنى ئوقۇپ بېرىشنى سورىغان. ناۋايى:

"ئارەزىن ياپقاچ، كۆزۈمدىن ساچىلۇر ھەرلەھزە ياش،
بويلەكىم پەيدا بولۇر يۇلتۇز نىھان بولغاچ قۇياش."

دەپ باشلانغان غەزەلنى ئوقۇپ بەرگىنىدە، لۇتفى ناھايىتى ھاياجانلانغان.

1456 ـ يىلى ئەلشىر مەشھەتكە بارىدۇ ۋە ئۇ يەردە پىردەۋسى، نىزامى ـ گەنجەۋى، خۇسراۋ دەھلىۋى ۋە باشقا شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئۆگىنىدۇ. ئەلشىر 18 ـ 19 ياشلاردا، سەئىدىدىن قەشقىرىنىڭ شاگىرتى — ئابدۇراھمان جامى بىلەن تونۇشىدۇ. كېيىن ناۋايى ھىراتقا يېنىپ كېلىدۇ. ئۇ ئەدەبىيات، مەنتىق، پەلسەپە ئىلىملىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تۈركىي ۋە پارسىي تىللاردا كۆپ شېئىرلار يازىدۇ. شېئىرلىرىنىڭ ئاھاڭدارلىقىغا، كۈيچانلىقىغا چوڭ ئەھمىيەت بەرگەن ئەلشىر ئۆزىگە «ناۋايى» دەپ تەخەللۇس قويىدۇ. («ناۋايى» — كۈي ـ ئاھاڭ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «ناۋا» سۆزىدىن ئېلىنغان) 1469 ـ يىلدىن كېيىن، ناۋايى ھۈسەيىن بايقاراغا «تامغىچى»، 1472 ـ يىلى ۋەزىر بولىدۇ؛ 1476 ـ يىلىدىن باشلاپ، سارايدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، يېزىقچىلىق بىلەن

شۇغۇللىنىدۇ، 1483ـ يىلدىن 1485ـ يىلغىچە «خەمسە» يەنى بەش داستانىنى: «ھەيرەتۇل ئەبرار» («ياخشى كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقى»)، «پەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئى سەييارە» («يەتتە سەييارە»)، «سەددى ئىسكەندەر» («ئىسكەندەر تېمى»)نى يازىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە: «سىراجىل مۇسلىمىن» («مۇسۇلمانلار چىرىقى») «لىسانىت تەير» («قۇشلار تىلى»)، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» («ئىككى تىل مۇنازىرىسى»)، «ئارۇز تۈركىي» قاتارلىق بەدىئىي ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان. ناۋايىنىڭ لىرىك مىراسى «چاھاردىۋان» («تۆت توپلام») دۇر. ئەسلىدە نامى «خەزايىنۇل مەئانى» («مەنالار خەزىنىسى») ئىدى، «غەرايىبۇس سىغەر» («ياشلىق غارايىپلىرى»)، «نەۋادىرۇش شەباب» («يىگىتلىك نادىرلىقلىرى»)، «بەدايىئۇل ۋەسەت» («ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى»)، «فەۋائىدۇل كىبار» («قېرىلىق پايدىلىقلىرى») دېگەن 4 توپلامنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنى ئۈچۈن «چاھاردىۋان» دەپ ئاتالغان.

ناۋايى 1501ـ يىلى 1ـ ئاينىڭ 3ـ كۈنى ۋاپات بولغان.

ناۋايى ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر مۇتەپەككۇر شائىر ئىدى. ئۇ زالىملارغا، خەلققە جاپا سالغۇچىلارغا، ئەبلەخلەرگە شۇنداق نەپرەت بىلدۈرەتتىكى، ئۇلارنى ئىت ـ ئېشەكتىن پەس مەخلۇقلار دەپ ئەيىبلەيتتى:

"يۈز جاپا قىلسا ماڭا، بىر قەتلە پەرياد ئەيلەبان،
ئەلگە قىلسا بىر جاپا، يۈز قەتلە پەرياد ئەيلەرەم."

سەفىخ زالىم ئىلە بولما خان ئۆزە ھەمدەست،
مۇناسىپ بولمىدي ئىت چۈنكي ھەم تاباقلىققا؛

ئۆزەڭگە ئەبلەخۇ نادانىنى ئەيلەمە ھەمراز،
كى ياخشى ئەر ئەمەس ئىشەك داغى ھەم ساباقلىقتا.

ئەگەر ئاقىل ئىسەڭ ئۇزگىل چۇغال ئەھلىدىن ئۆلپەتكىم،
ئۇلاردىن جۇز جافا كەلمەس ئەگەر يۇز يىل ۋاپا قىلساڭ؛

بىرىگە يۇز خەتا مۇلكى خىراجىن ئەيلىسەڭ ئىيسار،
خەتاسىز قەسدى جانىڭ قىلغۇسىدۇر بىر خەتا قىلساڭ.

يالغانچى، ئىككى يۈزلۈك مۇناپىق، يۇقىرىغا خوشامەت قىلىپ، ئۆزىدىن تۆۋەننى باسىدىغان، كىشىلەرنىڭ چاپىنىدا تەرلەيدىغان كىشىلەرنى تەنقىدلەپ شۇنداق دەيدۇ:

كىمكى مەخلۇق خىزمەتىگە كەمەر،
چۇست ئىتەر، ياخشىراق ئۇشۇلسا بىلى.

قول قوۋۇشتۇرغۇنچە، بۇ ئەۋلا،
كى چىقسا ئىلكى، سىنسا بىلى.

چۇ خوشامەت دىمەكنى باشلاسا، قاش،
كىم تۇتۇلسا دەمى، كېسىلسە تىلى.

بىراۋ كىم بولۇر بىر ئاياق ئاش ئۇچۇن قۇل،
يۇزىگە كىرەكتۇر قازاننىڭ قاراسى.

ناۋايى دىنىي شەرىئەت نىقابىغا ئورىنىۋالغان ۋە ھىيلىگەرلىك، تاماخورلۇق بىلەن شۇغۇللانغۇچى رىياكار شەيخلەر، ئىشان ۋە سوپىلارنى شەپقەتسىز پاش قىلىدۇ:

بۇ ئەل ئېرۇر بارچەياماندىن يامان،
ھەرنە يوق ئاندىن يامان، ئاندىن يامان.

ناۋايى ئۆزىگە بولسا:

سۆزدە ناۋايى ئەرسەڭ، چىن دېگىل،
راست-ناۋا نەغمە تەھسىن دېگىل.

تاجۇ كۆپ دەردىسەر بېرۇر بىزگە،
زۇلمىدۇر ئەقلى-ھۇش تاراجى،

باشىمىزدىن بۇ تاجىنى كەم قىلما،
بارچە گەر بولسا سەلتەنەت تاجى.

دەپ تەلەپ قويىدۇ. ناۋايى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن شائىر-لارنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىك ئەنئەنىلىرىنى داۋام قىلدۇردى، راۋاجلاندۇردى. ناۋايى ئۆز ئانا تىلىدا سۆزلەش تەرەپدارى ئىدى، ئۆز ئانا تىلىدا چوڭ-چوڭ ئەسەرلەر يارىتىش ئۈچۈن ھارماي چېلىشتى. ئۆز تىلىنى كەمستىدىغان ئەكسىيەتچى دائىرىلەرگە قارشى قاتتىق زەربە ھېسابىدا، ئاجايىپ بەدىئىي ئەسەرلەر ياراتتى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا، بولۇپمۇ ناۋايى ياشىغان زاماندا ئۆز ئانا تىلىنى كەمستىدىغان ۋە ئۇنىڭدا گۈزەل بەدىئىي ئەسەرلەر يارىتىش مۇمكىن ئەمەس دەيدىغان روھانىي قاتلام ۋە ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ تەسىرى چوڭ ئىدى. بىزگە مەلۇم، تىل جەمئىيەت ھاياتىدا ئالاقە ۋە پىكىر قىلىش قورالى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ھالبۇكى، يازغۇ-چىنىڭ ئۆز خەلقى بىلەن يېقىن ئالاقىدە بولۇشى ۋە ئارىلىشىشىدا تىلنىڭ رولى چوڭ. خەلق تىلىدا سۆزلەش ۋە بەدىئىي ئەسەرلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يارىتىش بىلەنلا قالماي، ئۆز ئانا تىلىنىڭ بېيىشى ۋە قېلىپلىشىشى ئۈچۈنمۇ ئىجابىي رول ئوينايدۇ. بۇنى چۈشەنگەن ناۋايى «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنىڭ كىرىش قىسمىدا، نىزامىي گەنجەۋى ۋە خۇسراۋ دەھلىۋى ھەققىدە سۆزلىگىنىدە، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ شائىرلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن ناۋايى: تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى كىشىلەرنىڭ ناھايىتى ئازچىلىقىلا ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنالايدۇ، ئۆز خەلقىم ئۆز تىلىدا ئوقۇشى ئۈچۈن، نىزامىي ۋە دەھلىۋىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن قېلىشمايدىغان ئەسەرلەر يارىتىش لازىم، دەيدۇ:

گەرچە شۆھرەتلىرى جاھاننى تۇتتى،
غەۋغالىرى ئىنسۇ جاننى تۇتتى.

چۇفارسى ئەردى نۇكتە شەۋقى،
ئازراق ئىدى ئاندا تۈركىي زەۋقى.

ئول تىل بىلە بولدى نەزم مەلفۇز،
كىم فارسى ئاڭلار ئولدى مەھزۇز.

مەن تۈركچە باشلابان رىۋايەت،
قىلدىم بۇ فەسانەنى ھىكايەت.

كىم شۆھرىتى جاھانغا تولغاي،
تۈركىي ئېلى دەغى بەھرە ئالغاي.

نەچۇنكى بۇ كۆن جاھاندا ئەتراك،
كۆپدۇر خۇش تەبئو سافى ئىدراك.

ناۋايى تۈركىي تىلىنىڭ شېئىرىيەت ۋە پەن تىلى بولالايدىغان-لىقىنى ئىسپاتلاشتا چوڭ رول ئوينىدى. ئۆز ئانا تىلىنىڭ باي تىل ئىكەنلىكىنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن ئىسپاتلاپ، «مۇھا-كىمەتۇل لۇغەتەين» دېگەن ئەسىرىنى يازدى. ناۋايى بۇ ئەسەردە شۇنداق دەيدۇ: «ۋە ئەگەر ئىككىلىسى تىل بىلەن ئەيتۇر قابىلىيەت-لىرى بولسا ئۆز تىللىرى بىلەن كۆپرەك ئەيتسالەر ئەردى ۋە يانا (باشقا) تىل بىلەن ئازراق ئەيتسالەر ئەردى ۋە ئەگەر مۇبالىغە قىلسالەر، ئىككىلىسى تىل بىلەن تەڭ ئەيتسالەر ئەردى». بۇ ئەسىرىدە ناۋايى تۈركىي تىل بىلەن پارس تىلىنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇپ چىقىدۇ. تۈركىي تىل — باي تىل، بۇ تىلنىڭ بايلىقلىرى-دىن كەڭ پايدىلىنىش زۆرۈر ۋە شەرت، دەيدۇ. يالغۇز بۇ ئەسىرىدىلا ئەمەس، شۇنىڭدەك «ھەيرەتۇل ئەبرار»، «لىسانۇت تەير»، «سەددى ئىسكەندەر» ئەسەرلىرىدىمۇ تۈركىي تىلدا يېزىش كېرەك-لىكىنى بايان قىلىدۇ.

بابۇر ناۋايى ھەققىدە توختالغىنىدا، ئەنجان شەھىرىنىڭ رەستى-لىرىدە ئاھالە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقىنى، ناۋايى ئۆز ئەسەرلىرىنى ئەنە شۇ ئەنجان لەفزىدە يازغانلىقىنى ئېيتىدۇ:

«ئەندجان ئېلىنىڭ لەفزى قەلەم بىرلە راستتۇر، ئانى ئۇچۇن كىم مىر ئەلىشىر ناۋايىنىڭ مۇسەننىفاتى باۋۇجۇد كىم ھىرىدا نەشۋە ناما تاپىپتۇر بۇ تىل بىلەدۇر» («بابۇر نامە»).

دېمەك، ناۋايى ئۆز تىلىنى «تۈركىي تىل» دەيدۇ. بىز دەۋاتقان «تۈرك» كەڭ مەنىدىكى ئاتالغۇ. ئۇ ھېچقاچان دىنىي رىۋايەتلەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىش ئادرىسى

ئېيتىلغاندەك، نوھنىڭ ئوغلى يافەسنىڭ ئەۋلادىدىن «تۈرك» دەپ ئاتالغان بىر شەخسنىڭ نەسلىدىن تارالغانمۇ ئەمەس. شۇنىڭدەك ئىرانلىقلارنىڭ ئەپسانىسىدىكىدەك، فەرىدۇننىڭ ئۈچ ئوغلىدىن بىرى — تۇرانىلار يەنى تۈركلەرنىڭ بوۋىسى «تۇر»دىنمۇ تارالغان ئەمەس. قەبىلە-ئۇرۇق جەھەتتىن بىر ئاتا جەمەتكە باغلاش قەدىمكى ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولغان. ۋامبېرى: "«تۈرك — ئادەم، كىشى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ بىر-مۇنچە تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىللىرىدا «تۈرك» ساددا، نادان دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، بۇ سۆز «كۈچ-لۈك، باتۇر» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن، شۇڭا بابۇرنىڭ ئەسەرىدە: «تۈرك ۋە مەردانە كىشى ئەردى» دېگەن ئىبارە بار" دەيدۇ. ئاكادېمىك رادلوف: «تۈرك» 6 — 8-ئەسىرلەردە خانلىق قۇرغان قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ نامى، شۇ نامدىن ئېلىنىپ، «تۈرك تىلى» دېگەن نام پەيدا بولغان، تاكى ناۋايىغىچە بولغان ئەدىب ۋە ئالىم-لارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ تۈركىي تىلنى ئىجتىمائىي ئالاقە قورالى قىلغان دەيدۇ. لېكىن، تۈركولوگلار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا 13 — 19-ئەسىرلەرگىچە بولغان ئەدەبىي تىل «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان دەپ قارايدۇ. رۇس تىلشۇناسلىرىدىن رادلوف، مېلئورانسكىي، كورشلار ۋاقت توغرىسىدىكى رامكىنى 15-، 16-ئەسىرلەر بىلەن چەكلەيدۇ. بۇ قاراشنى تۈركىيە تىلشۇناسلىرىدىن پروفېسسور كۆپرۈلۈزادە قوللايدۇ.

ئىلمىي ئەدەبىياتتا، «چاغاتاي تىلى» ياكى «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دېيىلگەن ناملار، ئەمەلدە، تۈركىي ئەدەبىي تىل بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئىككىنچى بىر خىل ئاتىلىشىدۇر.

بۇ پەقەت چاغاتاي ئەۋلادلىرى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرگە تەئەللۇق بولغىنى ئۈچۈن، شۇنداق ئاتىلىپ قالغان، بۇ خۇددى ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرىنى نەسەپ جەھەتتىن مەشھۇر بىرەر خانغا باغلىغىنىغا ئوخشاش «مۆتىۋەر تىل» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرەتتى. نامىدىنمۇ مەلۇمكى، «چاغاتاي تىلى» بىرەر مىللەتنىڭ نامى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىر تارىخىي شەخس (يەنى بىر زېمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان خان)نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان تىل. ئادەتتە تىل ئېتنىك ياكى جۇغراپىيىلىك نام بىلەن ئاتىلىدۇ؛ يەنى خەلق ياكى مىللەت نامى بىلەن ياكى يەر نامى ياكى بىرەر دائىرە نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. 10 — 12 - ئەسىرلەردە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتىلىشى «ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەشەببۇس قىلغان تىل» دېگەننى بىلدۈرىدۇ، تارىخىي شەخس نامى بىلەن مەشھۇر بولغان «چاغاتاي تىلى»دىمۇ بىرەر خەلقنىڭ تىلى ئاساس-يادرو بولۇشى كېرەك. بۇ تىل — ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىدى.

بۇ دەۋردە، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن خەلق داستان-ئېپوسلىرى يېزىق شەكلىنى ئېلىشقا باشلىدى. مەسىلەن، «داستان شاھ سەنەم ۋە شاھ غېرىپ»، «داستان تاھىر پاشا ۋە زوھرا خېنىم»، «داستان بوز ئوغلان، ئاغا بەگ ئوغۇللىرى قالدىر ئايىم»، «داستان يۈسۈپ ئەخمەت» ۋە باشقىلار. بۇ خەلق داستانلىرىدىن «يۈسۈپ ئەخمەت» داستانىنى ئالساق، ئۇنىڭدا 8-ئەسىردىكى تارىخىي ۋەقەلەرمۇ، شۇنىڭدەك موڭغۇل دەۋرىدىكى ئەھۋاللارمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەرەب-ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنى تىكلەشتە چوڭ ھىممەت كۆرسەتكەن «ئەبۇ مۇسلىم» (ئادەتتە خەلقنىڭ ئاغزىدا «ئاۋامۇسلىم» — تۈركىي خەلقتىن چىققان تارىخىي شەخس)نىڭ پائالىيەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىرىگە دائىر ئېپزوتلار، شىنجاڭدا چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرالارغا دائىر ۋەقەلىكلەر داستاندا باش قەھرىمان يۈسۈپ ئەخمەتنىڭ پائالىيەتلىرىگە باغلاپ بايان قىلىنىدۇ. ئۇسلۇب جەھەتتىنمۇ لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىدىكى ئۇسلۇبقا ئوخشاپ كېتىدۇ؛ ھەربىر ئېپزوت ئالدىدا ماۋزۇدىن كېيىن نەسرىي يول بىلەن ۋەقەلىكنىڭ مەزمۇنى بايان قىلىنىدۇ. يەنى نەزىم بىلەن نەسىر بىر-بىرىگە تەتبىق قىلىنغان.

## 4

كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردە (16 — 18 - ئەسىرلەردە) ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىياتى دولقۇنسىمان ھالەتتە تەرەققىي قىلىپ باردى. بۇنىڭغا سىياسىي-ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئەلۋەتتە تەسىر قىلغانىدى. چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز يىللاپ داۋام قىلغان جەڭ-جېدەللەرنىڭ ئايىغى بېسىققاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭدا يار-كەنت خانلىقى ۋۇجۇتقا كەلدى. سىياسىي جەھەتتىكى بىر مەزگىللىك تىنچلىق ھالىتى خەلققە بىرقەدەر ئارام بەردى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات مەدەنىيەتنىڭ تىكلىنىشى ۋە يۈكسىلىشىگە زېمىن تەييارلىدى. تۇرمۇشنى ۋە پسىخولوگىيىسىگە ناخشا-قوشاق سىڭىپ كەتكەن ئۇيغۇر خەلقىدە بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھەر خىل ژانىرلىرى، دەر-ۋەقە، غەزەلچىلىك ۋە داستانچىلىقنى ئاساس قىلغان ھالدا گۈللىنىشكە باشلىدى. بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ يېڭى «بىناكارلىرى» مەيدانغا كەلدى، بۇلارنىڭ نامايەندىلىرى مۇھەممەت ئىمىن خىرقىتى، مۇھەممەت سىدىق زەلىلى ۋە نۆبىتىلەردۇر.

### خىرقىتى

خىرقىتى قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيىسىنىڭ تازغۇن يېزىسىدا، ھىجرى 1044 ـ (مىلادى 1634 ـ) يىلى غوجام قۇلى دېگەن باغۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، قەشقەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان، كېيىن ئۆزىنىڭ ئاتا كەسپى باغۋەنچىلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. بەدىئىي ئەدەبىياتقا ياشلىقىدىنلا قىزىققان مۇھەممەت ئىمىندە شائىرلىق تالانتى ئۆسۈشكە باشلىغان. دەسلەپتە «خىرقىتى» دېگەن تەخەللۇس بىلەن قىسقا ـ قىسقا غەزەللەرنى يازغان. 1670 ـ يىلى مەسنەۋىي شەكلىدە «مۇھەببەتنامە ـ مېھنەتكامە» دېگەن لىرىك داستاننى ياراتقان. بۇ داستاندا شائىر تاڭ باھارىغا تەلمۈرگەن ۋە باھار گۈلىستانىغا تەلپۈنگەن «بۇلبۇل» سىمۋۇلى ئارقىلىق جاھالەت ۋە قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ. يورۇقلۇققا ۋە ئادالەتكە «سابا» ۋە «گۈل»نى سىمۋول قىلىپ، ھاياتقا بولغان مۇھەببەتنى، زۇلۇمغا بولغان نەپرەتنى كۈيلەيدۇ. شائىر بۇ داستاندا، ئەڭ گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن غەزەل شەكلىدىن پايدىلىنىپ، 17 ـ ئەسىردىكى ئىجتىمائىي ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بەزى تەخمىن بويىچە، بۇ شائىرنىڭ يەنە «گۇمنام» دېگەن تەخەللۇس بىلەن يېزىلغان «غەزەللەر دىۋانى»مۇ بار ئىكەن، لېكىن بەزى تەتقىقاتچىلار «گۇمنام» باشقا شائىردۇر دەيدۇ. شائىر تەخمىنەن 1724 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

### زەلىلى

مۇھەممەت سىدىق زەلىلى تەخمىنەن ھىجرى 1085 ـ (مىلادى 1674 ـ) يىلى يەكەندە تۇغۇلغان، ئاساسەن يەكەندە ئوقۇپ، ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىكى ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەدەبىياتنى ئوبدان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆگەنگەن. زەللى ياشىغان دەۋر جەنۇبىي شىنجاڭدا «ئاق تاغـلىق»، «قارا تاغلىق» دەپ ئىككى تاغ بولغان «خوجىلار»نىڭ جېدەللىرى باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان زامان ئىدى. شائىرنىڭ ئەجدادىيەتلىرىدىن پىكىردە ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرغانلىقى مەلۇم. دەسلەپتە شائىرنىڭ خەلقپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن دىنىي يول ئارقىلىق نىجادلىق ئىزدەش كۆز قارىشى مۇرەسسەلەشكەنلىكى ئەسەرلىرىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ. زەللى كۆپ يەرلەرنى كېزىدۇ، لېكىن يەكەن بىلەن خوتەندە كۆپرەك ياشايدۇ. زەللى تەخمىنەن 50 ياشلىرىدا خوتەندە خېلى يىللارغىچە تۇرۇپ قالىدۇ. شۇ جەرياندا، قەشقەر ۋە يەكەنلەردىكى خوجىلار ماجىرالىرى كەمرەك تەسىر كۆرسەتكەن خوتەندە، زەللىنىڭ ئىدىيىسىدە مۇرەسسەچىلىك خاھىشى پەسلەپ، رېئالىستىك خاھىش يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سوپىلىق ـ زاھىتلىقنى ئۆتكۈر ساتىرا ئوقىغا تۇتۇشقا باشلاپ، ئۆتكۈر غەزەللەرنى يازىدۇ، ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئەينەن كۆرسەتىشكە تىرىشىدۇ. شۇڭا، زەللىنى 18 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىدا رېئالىستىك ئېقىمنىڭ ۋەكىلى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ جاھانكەشتە شائىر 80 يىللىق ئۆمرىدە نۇرغۇن ئەسەرلەر يازغان بولسىمۇ، بىزگە قولىيازما ھالىتىدە يېتىپ كەلگەنلىرى: 133 غەزەل، 19 مۇخەممەس، 5 مۇستەھزاد، 46 پارچە پارسىي غەزەل، 16 «رۇقئىيات»، «سەپەرنامە» (1720 ـ يىلى 46 يېشىدا يازغان 1400 بېيىتلىق داستان)، «تەزكىرە چىھلتەن» (1736 ـ يىلى 62 يېشىدا يازغان 266 بېيىتلىق رىۋايەت)، «تەزكىرە خوجا مۇھەممەت شېرىف» (1744 ـ يىلى 70 يېشىدا يازغان 770 بېيىتلىق تارىخىي داستان).

ۋەتەنپەرۋەر شائىر زەلىلى ئاخىرقى ئۆمرىنى خوتەندە ئۆتكۈز-
گەن، «قازا قەپىزى ئىچرە مەھبۇس» بولغان؛ ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ
دائىم بولىدىغان «باھار دەۋرى» ۋە خازاڭ بولمايدىغان «گۈلىستان
مەنزىرىسى»گە ئىشەنچ باغلاپ، «ھەر بىر غەزىلىدىن بىر ئوغۇل»
تۇغۇلىدىغانلىقىنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن كۈيلىگەن:

«شەھىرى خوتەندە كىم كۆرۈپ بەرق ھاۋامىكىن دېدى،
شۇئلەئى دۇدى ئاھ ئېرۇر بىلمىدى سەرھەد قومۇل.
نەسلى جاھاندا قالمىدى تەلبە زەلىلىنىڭ دېمەڭ،
ئۆلگەنىدىن كۆرۈڭ ھەرغەزەلىدىن بىر ئوغۇل.»

**نۆبىتى**

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ گۈزەل، راۋان، لىرىكىلىق
غەزەل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، لۇتفىنىڭ ئىزىدىن ماڭغان
شائىر نۆبىتى خوتەندە ئوتتۇراھال ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن،
ھىجرى 1160 - (مىلادى 1740 -)يىللىرى شائىر 50 ياشلارغا كىرىپ
قالغاندا بىرىنچى شېئىر دىۋانىنى تۈزگەن. شائىر تەخمىنەن 1760 -
يىللىرى ۋاپات قىلغان. شائىر نۆبىتى ئاز يازغان، لېكىن ئۆز
يازغانىدى. ئۇنىڭ غەزەللىرى مەنتىقىي راۋانلىقى، ئوخشىتىش
ئىبارىلىرىنىڭ مەزمۇندارلىقى ۋە شەكىلدە رەڭدارلىقى بىلەن كىتاب-
خاننى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. ئۇ شېئىرىيەتتە تىل سەنئى-
تىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ نەمۇنىسىنى ياراتقان. نۆبىتىنىڭ شېئىرىيى-
تىدە دىنىي ئىدېئولوگىيە يېتەكچى ئورۇندا تۇرسىمۇ ۋە ئىجادىي
ئەمەلىيىتى بىلەن دۇنيا قارىشى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتلەر بولسىمۇ،
لېكىن ئۇ تەرەققىيپەرۋەر شائىر ئىدى. بىزگىچە يېتىپ كەلگەن
شېئىرلىرىدا، نۆبىتى ئۆزىنىڭ خەلققە ھېسداشلىقىنى، ئاياللارنىڭ

www.uyghurkitap.com

جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىككە نارازى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن: شۇنىڭ-دەك، ئىنسانغا مۇھەببەت، دوستقا ساداقەت، كىشىلەرگە ساۋاپلىق خىزمەت، ئادەملەر ئارا مۇناسىۋەتتە سەممىيەت بولۇشى كېرەكلىكىنى چىن يۈرەك سادالىرى بىلەن كۈيلىگەن. دەرۋەقە، ئىجتىمائىي ھادىسىلەردىن كۆپىنچە دىنىي-ئىلاھىي يەكۈن چىقىرىش خاھىشىغا قاراپ، نۆبىتى غەزەللىرىنى دىنىي خۇراپاتنى تەرغىپ قىلىدىغان مىستىك ئەدەبىياتقا كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ.

شائىر نۆبىتى ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىنى ئىنتايىن ھۆرمەت تۇيغۇسى ۋە شېئىرىي ماھارىتى بىلەن تەرىپلەيدۇ. گۈزەل ئوخشىتىش-لارنى ئۆز ئورنىدا قوللىنىپ، شەكىلگە ئالاھىدە سەنئەت تونىنى كىي-گۈزگەن ۋە مەزمۇنغا چوڭقۇر مەنا سىڭدۈرگەن غەزەللىرىگە شائىرنىڭ «خوتەننى» دېگەن شېئىرىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ:

«رەۋزىگە مانەند خىيال ئەت خوتەننى،
بېھىشدىن زىياد مىسال ئەت خوتەننى.

خۇجەستە خاكى رەھمەت سۇرمىسى،
كۆزۈڭگە تۇتىيا خال ئەت خوتەننى.

پەرىلەر بوسەسى تۇرپە شىرىندۇر،
ھۆرىلەر لەبىگە بال ئەت خوتەننى.

تەلئەتىگە خۇرشىد، كۆزلىرىگە ئەختەر،
يادەك قاشىغا ھىلال ئەت خوتەننى.

مۇئەللىمىن ئاپاق، بىنىشىن سۇخەنگۇي،
تىفلىگە دەرسى، ماقال ئەت خوتەننى.

جاھان شائىرلەرى گۇلشەنى باغى،
خەمسەڭگە قۇرباش ئىنتىسال ئەت خوتەننى.

سەن ھەم نۆبىتى سىياھ روي ئېلگە،
رەقىبلەر كۆزىگە زاۋال ئەت خوتەننى.»

17 — 18 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا خىرقىتى، زەلىلى، نۆبىتىلەرنى نەمۇنە قىلىپ كۆرسەتكەندىن تاشقىرى، يەنە بىزگە مەلۇم بولغان بىرقانچە شائىر ـ ئەدىبىنىمۇ ئاتاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

18 ـ ئەسىردە ئۆتكەن شائىرلىرىمىزدىن «مەجلىسى» تەخەللۇسلۇق بىر شائىرنىڭ «دىۋانۇ مەجلىسى» دېگەن توپلىمى مەلۇم. ھىجرى 1175 ـ (مىلادى 1761 ـ) يىلى موللا ئەلەم شەھىيارى «گۇل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستان يازغان. پىچان لۇكچۇنلۇك ئەخمەت غوجام نىياز ئوغلى (1717 — 1827 ـ يىللار) «رەۋزە خوزرا» («كۆكلەم باغ») ناملىق داستان يازغان. تارىخىي شەخسلەرگە بېغىشلىغان تەزكىرە ئەدەبىياتىمۇ خېلى راۋاجلانغان. مەسىلەن، ھىجرى 1180 ـ (مىلادى 1767 ـ) يىلى موللا مۇھەممەت ئابدۇلئەلىم ئىبنى ئاخۇن ئارزۇ مۇھەممەت (تەخەللۇسى «شائىر ئاخۇن») «ئىسلامنامە» ناملىق شېئىرىي ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەردە ئىككى شەيخنىڭ جۇڭغار ئۇيراتلىرى بىلەن بولغان كۈرەشلىرى بايان قىلىنغان. يەنە بىرنامە ـ لۇم ئاپتور ئۇۋچىلىق توغرىسىدا 70 بابلىق «بازنامە» دېگەن ئەسەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېزىپ قالدۇرغان. ھىجرى 1205 ـ (مىلادى 1790 ـ) يىلى خوتەنلىك مولla نىياز «تەزكىرەئى ئىمام»، ھىجرى 1215 ـ (مىلادى 1799 ـ) يىلى قەشقەرلىق قاسىمى «تەزكىرەئى ئارسلانخان» داستانىنى يازغان. بۇ دەۋردە خەلق ئېغىز داستانلىرىدىن نامەلۇم كاتىپ «مەختۇم سۇمۇلا» داستانىنى يېزىپ قالدۇرغان. دەرۋەقە، داستاننىڭ ۋەقەلىكى چىڭگىز موڭغۇل دەۋرىگە ئائىت بولۇپ، ئەسلىدە بۇ داستان 14 ـ، 15 ـ ئەسىرلەردە ۋۇجۇتقا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

18 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى شۇكى، نۇرغۇنلىغان تەرجىمە ۋە تەقلىدىي ئەسەرلەر ۋۇجۇتقا كەلدى. يەنى بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى ئىلگىرىكى كلاسسىكلارنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئىجادىي تەرجىمە نۇسخىلىرىدۇر؛ بەزىلىرى نەزمە (شېئىرىي) شەكلىدە يېزىلغان داڭلىق داستانلارنىڭ نەسرىي ئەسەرگە ئايلاندۇرۇلغان نۇسخىلىرىدۇر.

«كەلىلە ۋە دەمنە» دېگەن مەشھۇر ئەسەرنى (بۇ ئەسەر ئەسلىدە ھىندىستان پەيلاسوپلىرىدىن روشەن راي بىدە پاينىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئابباسى خەلىپىلىرىدىن ئەبۇ جەپەر مەنسۇر ۋاقتىدا، ئوبۇلھەسەن ئىبنى مۇقەففا قەدىمكى پەھلىۋى ـ پارس تىلىدىن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلغان، ۋائىزۇل ـ كاشفى بۇ ئەسەرگە «ئەنۋار سۇھەيلە» دەپ نام بەرگەن) ھىجرى 1130 ـ (مىلادى 1717 ـ) يىلى قەشقەردە موللا مۇھەممەت تۆمۈر پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان، ئەسەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىشىغا مۇھەممەت ئىمام بەگ سەۋەبچى بولغاچقا، تەرجىمان بۇ ئەسەرگە «ئاسار ئىمامىيە» دەپ نام بەرگەن. موللا مۇھەممەت تۆمۈر بۇ ئەسەرنى ئاددىيلا تەرجىمە قىلماستىن، ئىجادىي تەرجىمە قىلغان. ھۈسەيىن ئىبنى مۇسا تارسۇسى قەدىمكى

پارس سۇلالىسى ئەخمەنىيلەردىن پادىشاھ دارا ھەققىدە يازغان «داراپنامە» دېگەن قىسسىنى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. سەيپۇلمۇلۇك ۋە بەدىئۇل جامال توغرىسىدا پارسچە يېزىلغان قىسسە «داستان سەيپۇلمۇلۇك» دېگەن نام بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەنگەن، مىرپازىل موللا كىچىك ساقى ھىجرى 1150 ـ (مىلادى 1737 ـ ) يىلى خاۋەند شاھنىڭ «رەۋزە تۇس ساپا» دېگەن مەشھۇر تارىخىنىڭ I جىلدىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇيغۇر تارىخچىسى مىرزا ھەيدەر كوراگان يەركەندىنىڭ 1545 ـ يىلى پارسچە يېزىلغان «تارىخ رەشىدى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىنى ھاجى يۇسۇپ ئىبنى موللا ئۇشۇر خەلپەم ھىجرى 1164 ـ (مىلادى 1750 ـ) يىلى قەشقەردە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان؛ بۇ نۇسخىدا بىرقانچە ئەدەبىي پارچە ۋە قىسسە ـ رىۋايەت بار. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مەھمۇد جاراس تەرىپىدىن يېزىلغان نامسىز تارىخ كىتابىدا، سەئىدخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىتخاننىڭ بىرقانچە شېئىرى قەيت قىلىنغان. موللا يۇنۇس يەركەندى ھىجرى 1169 ـ (مىلادى 1755 ـ ) يىلى ئابدۇراخمان جامىنىڭ داستانىغا تەقلىت قىلىپ «داستان يۇسۇپ ـ زىلەيخا» ئەسىرىنى ئىشلەپ چىققان. مەرىپەتپەرۋەر شائىر ھەيرىتى «ئەزان تارتماقنىڭ بايانى» دېگەن ئىلمىي كىتابىنى نەزمە ـ نەسىر شەكلى بىلەن يازغان؛ «تەبئ يەتكەنچە نەزم ئەيلەيدۇ ھەيرىتى خەستە دىل ماچىنى» دېگەن ئىبارىگە قارىغاندا، شائىر خوتەنلىك بولسا كېرەك. يەركەنلىك ئۆمەر باقى 1792 ـ يىلى ناۋائىينىڭ «پەرھاد ۋە شېرىن» ھەم «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانلىرىنى نەسرىي شەكىلدە قىسسىگە ئايلاندۇرغان؛ ئۇنىڭدىن كېيىن، ئالىم موللا سادىق يەركەندى «خەمسە ناۋائىي»نى شېئىر شەكلىدىن نەسر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شەكلىگە ئايلاندۇرۇپ، مىرزا مۇھەممەت ھۇسەيىن بەگنىڭ نامىغا بېغىشلاپ، «نەسرى مىرزا مۇھەممەت ھۇسەيىن بەگ» دېگەن نەسرىي ئەسەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن.

17-، 18-ئەسىرلەردە نۇرغۇن ئەدىب ۋە تەرجىمانلار يېتىشكەنلىكى، يارىتىلغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپلۈكى ۋە مەزمۇنىنىڭ خىلمۇخىللىقى جەھەتتىن، بۇ دەۋرنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر گۈللەنگەن دەۋرى دەپ ھېسابلاش مۇمكىن.

## 5

تارىخ 19-ئەسىرگە قەدەم قويۇشى بىلەن ئەدەبىيات تارىخىمىزدا يېڭىچە دەۋر باشلاندى.

18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنىڭ شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىسيانلىرىنى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىپ، شىنجاڭدا تىنچلىق ئورناتتى، شۇنىڭ بىلەن نىسبىي ھالدا ئىقتىساد ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. لېكىن فېئودال زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە ئاساسىدىكى چىن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ خەلققە بەخت-سائادەت ۋە ئەركىنلىك بېرىشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چىن سۇلالىسىنىڭ چىرىگەن ئىستىبداتى ۋە يەرلىك ئاتارمەن-چاپارمەنلىرىنىڭ زۇلۇم ۋاستىلىرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ چىدىغۇچىلىكىنى قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭنىڭ كۆپ جايلىرىدا دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلدى. سىياسىي زۇلۇمغا، فېئوداللىق ئاسارەتكە، مۇدھىش جاھالەتكە قارشى ئومۇمىي خەلق ھەرىكىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىجتىمائىي ھادى-

سلەر ئەدەبىياتىمۇ ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتتى، شۇنىڭدەك، شىنـ
جاڭدا ئۇيغۇر خەلقىنى تەركىدۇنىيالىققا باشلاپ، سوپىلىقنىڭ مەنىۋى
زەنجىرلىرى بىلەن بوغۇشقا ئۇرۇنغان خوجا ـ ئىشانلار بىرمۇنچە
بۇزغۇنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ۋەزىيەت جەمئىيەتنىڭ
تەرەققىيات چاقىنى بىر مەزگىل كەينىگە چۆگىلەتتى. ئۇيغۇر خەلقى
ئىچىدىن چىققان خەلقپەرۋەر ئەدىبلەر، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر
ئاشۇنداق ئېغىر ۋەزىيەتتىمۇ نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى
ياراتتى. شۇڭا يېقىنقى زاماندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىجادىيەتنىڭ
ئاساسىي ئېقىمى ئىجتىمائىي ۋەقەلىكنى ھەر خىل ئەدەبىي ۋاستە
بىلەن ئىپادىلىگۈچى تەنقىدىي رېئالىزم بولدى، جۇملىدىن ھەجۋىي
ئەدەبىياتمۇ گۈللىنىشكە باشلىدى.

يېقىنقى زاماندىكى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ بىرىنچى باسقۇـ
چىدا، يەنى 19 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا، ئابدۇرېھىم نىزارى،
تۇردۇش ئاخۇن غېرىبىلەرگە ئوخشاش رېئالىستىك شائىرلار يېتىشىپ
چىقتى.

## نىزارى

ئابدۇرېھىم نىزارى تەخمىنەن 1770 ـ يىلى قەشقەر كونا شەھەر
بۇلاق بېشى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان، 1848 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

نىزارى شائىر بولۇش بىلەن بىللە ئۇستا خەتتات ئىدى. بىر مەزگىل
زوھۇرىددىن ھېكىم بەگنىڭ مەھكىمىسىدە كاتىپلىق خىزمىتىنى ئۆتىـ
گەن، "باقا، ئوش، قوقەنت، بۇخارا، قىزلەر، شەمەيلەرنى سايا ـ
ھەت قىلغان". 16 ـ ئەسىردىن كېيىن ئەسەرلىرى بىزگە مەلۇم
بولغان شائىرلار ئىچىدە بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ شېئىر شەكلى ۋە
نەزمە ـ نەسىر شەكلىدە ئەڭ كۆپ يازغان شائىر نىزارىدۇر. شائىرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شېئىرىي ئەسەرلىرى 48 مىڭ مىسراغا يېتىدۇ. شائىرنىڭ بىزگە مىراس قالدۇرغان ئەسەرلىرىدىن ئۈچ توپلام مەۋجۇت: بىرى «زادۇل نەجاد» («نىجاتلىق ئوزۇقى»)، بەزى بىر نۇسخىدا «دۇرۇل نىجات» («نىجادلىق گۆھىرى») دەپمۇ يېزىلغان. بۇ توپلامغا «مۇخبىل روشەن دىل»، «خاۋران»، «ماۋران»، «مۇدەببىر» دېگەن نەزمە ـ نەسرىي ئۇسلۇبتا، دىنىي ـ ئەخلاقىي مەزمۇندىكى قىسسە ـ رىۋايەتلەر كىرگۈزۈلگەن. ھىجرى 1265 ـ (مىلادى 1848 ـ) يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنىڭ ئاخىرى:

«نىزارى جاھان ئىچرە زار ـ نىزار،
مۇھەببەت مەيىگە ئېرۇر ئىنتىزار»

دېگەن بېيىت بىلەن ئاياقلاشقان. بۇ ئەسەرلىرىدە شائىر خەلقنىڭ چىن دوستلۇقنى، سەممىيەتكە ۋە ھەقىقىي ئەدەب ـ پەزىلەتكە بولغان ئىنتەكلىرىنى بايان قىلىدۇ؛ خەلقنىڭ مۇڭ ـ زارلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شائىرنىڭ ئىككىنچى توپلىمى — «غېرىپلار ھېكاياتى» بولۇپ، ئۇنى ھىجرى 1257 ـ (مىلادى 1841 ـ) يىلى يەنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان. شائىر بۇ داستانلارنى مۇھەممەت ئىمىن بەگنىڭ، بولۇپمۇ زوھۇرىددىن ھېكىم بەگنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يازغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ توپلامغا مۇنداق ئەسەرلەر كىرگۈزۈلگەن: «سەئىدى شىرازى ۋە ئۇنىڭ سەرگۈزەشتى توغرىسىدا داستان»، «ھىند شاھىنىڭ ئۆز قىزىنى مۇھەببەت شېئىرى ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن جازالىغانلىقى»، پەرھاد ۋە شېرىن»، «مەجنۇن ۋە لەيلى»، «شاھ بەھرام ۋە دىل ئارام»، «ۋامىق ئوزرا»، «ئازاد بەخت ياكى چاھار دەرۋىش»، «گۇلنىسا ۋە مەھزۇن»، «شاھزادە مەسئۇد ۋە دىلارا»، «رابىئە ۋە سەئىدىن»، شائىرنىڭ ئۈچىنچى توپلىمى «مۇخەممەس

نىزارى» بولۇپ، ئەلىشىر ناۋايىي قوللانغان شەكىلدە ئىلىپبە تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن، توپلامنىڭ ئاخىرقى غەزىلى «ناۋايىدەك ياتار تا سۇبھ مەھشەر تەرك خوب ئەيلەپ» دېگەن مىسرا بىلەن ئاياقلاش- قان. دېمەك، نىزارى ئۆزىنىڭ بۇ توپلىمىدىكى بەزى شېئىرلىرىنى ناۋايىغا مۇخەممەس قىلغانلىقى مەلۇم.

بىزگە مەلۇم، كلاسسىك شائىرلاردىن مەشھۇرراقلىرى ئومۇمەن بىر تېمىنى (پەرھاد ۋە شېرىن، لەيلى-مەجنۇن ۋە باشقىلارنى) ئورتاق تېما قىلىپ، ۋەقەلىكلەرنى قايتا قۇراشتۇرۇپ، قەھرىماذ- لىرىنىڭ يۇرتلىرىنى باشقا قىلىپ يازغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۆز زامانىسىدىكى فېئودال-پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە مۇستەبىتلىك تۈزۈم شارائىتىدىكى خەلق ھاياتىغا نىسبەتەن كۆز قاراشلىرىنى بىۋاسىتە ئىپادىلەشكە مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، شائىرلار ئورتاق تېما ئاساسىدا (يەنى بىر-بىرىگە ۋارىس بولۇپ ياكى تەقلىد قىلىپ) ئۆز چۈشەنچىلىرىنى ۋاسىتىلىك ئىپادىلىگەن. شۇڭا، نىزارىنىڭ بەزى داستانلىرىمۇ نىزامى-گەنجەۋى، ئابدۇراخمان جامى، ناۋايىي ۋە خىسراۋ دەھلىۋىلەرنىڭكىدەك غايىۋى ئوبرازلار ئارقىلىق ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن رومانتىك داستانلاردۇر. شېئىرىيەتتىكى بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە نىزارى گەرچە ناۋايىغا تەڭ كېلەلمىسىمۇ، لېكىن نىزارىنىڭ ناۋايىغا نىسبەتەن ئارتۇقچىلىقى بار. ناۋايىي غايىۋى ئوبرازلارنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا باغلاپ رومانتىك يول بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن بولسا، نىزارى بەزى داستانلىرىدا رېئال ھاياتتىن تېپىك ئوبراز يارىتىپ رېئالىستىك يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن. يەنى، نىزارى ئىران- خۇراسان ۋە مەۋارائۇننەھردە ئەنئەنە بولۇپ قالغان غايىۋى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

سيۋژىتلارنى ئۆتكەنكى كلاسسىكلاردەك ئۆزگىچە قايتا ئىشلەپ تۈرمىغان؛ بولۇپمۇ «رابىئە ۋە سەئدىن» دېگەن داستانىنىڭ ۋەقەلىكىنى ئۆزى ياشىغان زاماندىكى ئەمەلىي تۇرمۇشتىن ئالغان، بۇ ئەسەر پەقەت «رابىئە» دېگەن قىز بىلەن «سەئدىن» دېگەن يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى ئاددىيلا مۇھەببەت پاجىئەسىدىن ئىبارەت بولماستىن، بەلكى نىزارى ياشىغان قەشقەرنىڭ شۇ زاماندىكى فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ پاجىئەسىدىن ئىبارەت. نىزارىنىڭ داستانلىرىدا ياكى باشقا ئەسەرلىرىدە قۇۋۋەتلەنگەن ئىدىيە-ھېسسىيات فېئوداللىق ئاسارەتكە، خۇراپات ۋە جاھالەتكە، نادانلىققا قاتتىق نەپرەت بىلدۈرۈش بىلەن گەۋدىلەنگەن. شائىر فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ قايغۇ-ھەسرەتلىرىگە شېرىك بولغىنى ئۈچۈن، شۇ روھىي ھالىتى ۋە ئىدىيىسىگە مۇۋاپىق «نىزارى» (غەملىك) دەپ تەخەللۇس قوللانغان.

## غېرىبىي

قەشقەرلىك بۇ شائىر ئۆز ئەسىرىدە ئۆزىنى «ئىدى تۇردى — ئىسمىم، غېرىبىي — لەقەب» دەپ قەيت قىلغان. شائىر غېرىبىي 1808-يىلى تۇغۇلغان، تەخمىنەن 19-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ۋاپات بولغان. شائىر قەشقەردە «خانلىق مەدرىسە»دە دىنىي ۋە دۇنياۋى ئەدەبىيات بويىچە ئىلىم ئۆگەنگەن، ئەرەب-پارس تىللىرىنى ئوبدان ئىگەللىگەن. شائىر نىزارى بىلەن خىزمەتداش بولۇپ، نىزارىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇش ئىدى. ھەركۈنى جەمئىيەتنىڭ ھەر خىل تەبىقىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغانلىقى ۋە تۈرلۈك كاسىپلارنىڭ قەشقەر ھېكىم بەگ مەھكىمىسىگە قىلغان ئەرز-دادلىرىدىن خەۋەردار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىجتىمائىي

هادىسلەر ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ئىش تەقسىماتى ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچە ھاسىل قىلغان. ياش چېغىدىلا تۇردى ئاخۇن شېئىرىيەت ۋە خەتتاتلىقتا ماھارەت ئىگىسى بولۇپ قالغانىدى. 30 ياش چاغلىرىدا، غېرىبىي 19 ـ ئەسىردىكى قەشقەر رايونىدا مەۋجۇت بولغان ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى بويىچە، 32 خىل كاسىپنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى، ئارتۇقلۇق ـ كەمچىلىكلىرىنى، ھەر بىر كاسىپنىڭ ئۆز كەسپىگە ھەم خېرىدارىغا تۇتقان مۇئامىلىلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، ھىجرى 1257 ـ (مىلادى 1841 ـ) يىلى «كىتابى غېرىب» دېگەن داستانىنى يازغان. ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىياتىدا شۇ چاققىچە مەخسۇس تېما قىلىنمىغان ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنى شائىر غېرىبىي بىرىنچى بولۇپ، بەدىئىي ۋاستە ئارقىلىق شەرھلەپ بەرگەن. ئەسەر بىر مۇقەددىمە، ئوتتۇز ئىككى ماۋزۇ بىلەن 1956 مىسرادىن ئىبارەت بولۇپ، كاسىپلارنى ئاساسىي قەھرىمان سۈپىتىدە، ئۆزئارا مۇنازىرىگە سېلىش يولى بىلەن، ئۇلارنىڭ خاراكتېرلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. جۈملىدىن، شائىر فېئودالىلىق ناتۇرال ئىگىلىك شارائىتىدا ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلاردىكى شەخسىيەتچىلىكنىمۇ كۆرسىتىدۇ. ئەسەردە شائىر كىشىلەرگە ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈپ بەرگۈچى دېھقاننى بىرىنچى قەھرىمان، دېھقانچىلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچى تۆمۈرچىنى ئىككىنچى قەھرىمان قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. شائىر ئۆزى ياشىغان جەمئىيەتتىكى ئىگىلىك مۇناسىۋەتلىرىگە زامان چەكلىمىسى ۋە دىنىي ئىدېئولوگىيە چۈشەنچىسى بىلەن باھا بەرگەن، شۇنداقتىمۇ غېرىبىي 19 ـ ئەسىردە بىرىنچى بولۇپ، دېھقان بىلەن ئىشچىنى ھەممە كاسىپلارنىڭ بېشى قىلىپ، بەدىئىي ئەدەبىياتتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باش قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن شائىر دېسەك مۇبالىغە بولماس. يەنە بىر ۋاستىلىك مەلۇمات بويىچە، بۇ شائىرنىڭ «خۇشھال غېرىبى» دېگەن تەخەللۇس بىلەن، 1848 ـ يىلى ئۆزى تۈزگەن «كۇللىيات غېرىبى» دېگەن ئەسەرلەر توپلىمى بار بولۇپ، بۇ توپلامغا 271 غەزەل، 53 مەسنەۋى، 37 رۇبائىي ۋە باشقا لىرىكىلىق شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

بۇ دەۋردە يەنە «ئەشئار سادىق» («سادىق شېئىرلىرى»)، «ئېلىك خانلار توغرىسىدا داستان» يازغان ئەيمەن، «مەلىكە كىتابى» (يەنى خەلىل شاھزادە بىلەن ئەجەجەر پادىشاھىنىڭ قىزى توغرىسىدا قىسسە ھەم ئۇلارنىڭ مىڭ بىر سوئالىغا ئابدۇلئەلىمنىڭ جاۋابى) دېگەن ئەسەر يازغان «مىسكىن، بىچارە» قاتارلىق شائىرلار ئۆتكەن. بۇلاردىن باشقا، ھىجرى 1245 ـ (مىلادى 1829 ـ) يىلى، ئىلىك خانلارنىڭ كۆرەش-لىرى توغرىسىدىكى «تەزكىرەئى بۇغراخان» دېگەن شېئىرىي تارىخ، نەسرىي يول بىلەن يېزىلغان «ئىسكەندەرنامە»؛ «يار ـ يار» ناملىق بېيىتلار توپلىمى، «بۇلبۇل گۈلشەن ناۋايى» (ماھ مۇنىر، بەھراز شاھزادىسى ۋە سودىگەر ئەبۇ نەسرىنىڭ قىزى خوب چېھرە ھەققىدىكى مۇھەببەت رومانى)، شاھ مۇھەممەت ئىبنى خوجا نىزامىددىن تەرىپىدىن پىردەۋسىنىڭ شاھنامىسىدىن «تەرجىمىي شاھنامە» دېگەن نام بىلەن پارچىلار نەسرىيلەشتۈرۈلۈپ تەرجىمە قىلىنغان؛ بۇ تەرجىمىنىڭ ھىجرى 1253 ـ (مىلادى 1837 ـ) يىلى قاراقاشلىق موللا سۇلتان موللاقوزى كۆچۈرگەن نۇسخىسىدا، كايۇمەرستىن ئەردەشىر-نىڭ ھەيتادقا يۈرۈشىگىچە بولغان ۋەقەلەر، يەنە بىر نۇسخىسىدا بولسا دىۋە ئەكۋەندىن ئەردەشىر باباكانغىچە بولغان ۋەقەلەر بايان

قىلىنغان. نامەلۇم تەرجىمان تەرىپىدىن «داستان مىهروماھ» (خاۋەر-شاھ ئوغلى مىھىر بىلەن ئافرىقا ھۆكۈمدارىنىڭ قىزى ماھىنىڭ ئاشىق-مەشۇقلۇقى توغرىسىدىكى قىسسە) پارسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان؛ موللا سەنجارئىبنى ئىبراھىم قەشقەرى «بەختىيارنامە» دىن 10 ھېكايە ئېلىپ، خەلق ئارىسىدىن ھېكايە-چۆچەكلەرنى توپلاپ، ھىجرى 1266-(مىلادى 1849-) يىلى «جامىئۇل ھېكا-يات» («ھېكايىلەر توپلىمى»)نى تۈزۈپ ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرگەن.

ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىياتى ئومۇمەن ئىسلام ئەدەبىياتىدا بايان قىلىنىشى مۇتلەق شەرت ھېسابلانغان دىنىي تېمىلارنى ئىپادىلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى، بەلكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە يېقىندىن ماسلىشىپ باردى.

19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، جايلاردا كەينى-كەينى-دىن دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ رەھ-بەرلىك ھوقۇقى ئاساسەن دىنىي-روھانىلار قولىدا ئىدى، بىر قانچە جايدا دېھقانلار ئۆز ھاكىمىيەتلىرىنى قۇردى. لېكىن پۇرسەت پايلىغان قوقەنت خانلىقىنىڭ چاپارمىنى ياقۇپ بەگ ھەر خىل ۋاسى-تىلەر بىلەن، قوزغىلاڭلارنىڭ دەسلەپكى مېۋىلىرىنى تارتىۋالدى. ئىلى رايونىدىمۇ چاررۇسىيە جاھانگىرلىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قانلىق باستۇرۇپ، مۇستەملىكىچىلىك چاڭگىلىنى سالدى. ئىجتىمائىي ۋەقەلەر تەبىئىي يوسۇندا ئەدەبىياتقىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. بۇ دەۋر-دىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ ھەجۋىي ژانىرى تەرەققىي قىلدى. بۇ دەۋردە چىققان شائىرلىرىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەلەملىرىنى بىۋاسىتە فېئودال ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتىغا قارىتىشتىن ئەيمەنمەي، ئۇنىڭ چىرىك ئەكسىيەتچىل سىياسىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ ئىشقا ئاشۇرىدىغان، يەنى «دوپپىسىنى ئال دېسە، كاللىسىنى ئالىدىغان» مەھەللىي قول ـ چوماقلىرىغا قاراتتى. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرى سۈپىتىدە تۆۋەندىكىلەرنى مىسال قىلىش مۇمكىن.

## موللا بىلال

موللا بىلال ھىجرى 1241 ـ (مىلادى 1825 ـ) يىلى غۇلجا شەھرىدە موللا يۇسۇپ دېگەن پېقىر موللا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆز ئائىلىسىدە باشلانغۇچ دىنىي مەلۇماتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئاتىسىدىن يېتىم قېلىپ، «ئالتۇنلۇغوم» (تۇغلۇق تۆمۈر خان مازىرى) يېنىدىكى مەدرىستە ئىلىم تەھسىل قىلغان. شائىرنىڭ ياشلىق دەۋرى ناھايىتى غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن:

«ياتار ئەردىم جاھان خەلقىغە كۆپ بى ئېتىبار ئولغاچ،
يۈرەلمەي ئەل ئارا تىنەپ، قېرى ھەم بى شۇمار ئولغاچ؛
كېچەلەر تۈرپە بەدھال ئەردىم ۋە كۈندۈز مالامەتلىك،
غىنالىق دۆلىتىگە چۈن يېتەلمەي تۈرپە زار ئولغاچ.»

شەپقەتسىز زامان ۋە مۇدھىش كەمبەغەللىكلىك كاساپىتىدىن شائىر تېخىمۇ يۇقىرى بىلىم ئېلىش ئىستىكىگىمۇ، ھەتتا ئاشىقلىق مۇرادىغىمۇ يېتەلمىگەن. موللا بىلال ياش چېغىدىلا ئەدەبىياتقا ۋە مۇزىكىغا بېرىلگەن. ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئىشىنى غەزەل يېزىشتىن باشلىغان. 27 يېشىدا يەنى 1850 ـ يىلى «غەزەلىيات» (2016 مىسرالىق) توپلىمىنى تۈزۈپ چىققان. بۇ ئەسەرلىرىدە شائىر ئاساسەن مۇھەببەتنى تېما قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىمۇ

ۋە ئۆزىنىڭ شۇ ھادىسىلەر توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنىمۇ ئەكس
ئەتتۈرگەن. ئىلى ۋىلايىتىدە زۇلۇمغا ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى
دېھقانلار ھەرىكىتى يۈز بەرگەندە، شائىر بۇ ھەرىكەتلەرگە ھېسداش
بولۇپلا قالماي، بەلكى ئاكتىپ قاتناشقان. نەتىجىدە «غازات دەر-
مۇلكى چىن» («چىن مەملىكىتىدە بولغان مۇقەددەس ئۇرۇش»)
دېگەن جەڭنامىنى يېزىپ چىققان. شۇڭا بۇ ئەسەرنى ئىلى ۋىلايە-
تىدە 1862 — 1872 - يىللىرى يۈز بەرگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ
بەدىئىي خاتىرىسى دېيىشكە بولىدۇ. داستاندا خەلق كۈچى گەۋدى-
لىك كۆرسىتىلگەن، قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تۇتۇپ
تۇرغانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرمۇ ئېچىپ بېرىلگەن. لېكىن
موللا بىلال جەمئىيەتتىكى ھادىسىلەرنى دىنىي ئىدېئولوگىيە بىلەن
كۆزەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئاساسىي زىددىيەتلەرنى ئېنىق كۆرسىتىپ
بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. موللا بىلال خەلقپەرۋەر ۋە ئادالەت-
پەرۋەر شائىردۇر. موللا بىلال دۈشمەنگە تىز پۈكمەي، جان
پىدالىق بىلەن كۈرەشكەن قەھرىمان قىز نوزۇگۇمنىڭ قىسمەن
تەرجىمھالىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان «نوزۇگۇم» داستانىنىمۇ
يازغان. بۇنىڭدىن باشقا 1881 - يىلى ئۆزىنى «ئەۋلىيا» قىلىپ
كۆرسىتىپ، خەلقنى ئالدىغان ۋە ئاخىرىدا قاتىللىق قىلىپ، شەرمەن-
دىلىك بىلەن جازالانغان بىر مەككارنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان
«چاۋمۇزا يۇسۇپخان» دېگەن داستاننى يازغان. شائىر 77 يېشىدا
مۇساپىرچىلىقتا چەت ئەلدە ۋاپات بولغان، شائىرنىڭ فېئودال مۇستە-
بىتلىككە قارشى غەزەپ بىلەن يازغان مۇنۇ بېيىتلىرى ئۆز زامانىسىدا
ھۆكۈمرانلارغا ئوق بولۇپ ئېتىلغانىدى:

«قەيۇ شاھ ئادىل ئەرسە سەن ئۇنى مىسلى سۇلايمان بىل،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەيۇ زالىمنى كۆرسەڭ سەن ئۇنى يەر بىرلە يەكسان بىل.»

.........

«بىلال بۇ سۆزنى ئىما بىرلە قىلدى ئەھلى داناغا،
داغى ساھىب سۇخەنۋەر رەھبەرنى شاھى گىلان بىل.»

خەلق ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان شائىرلاردىن سىبىيىت مۇھەممەت غۇلجىدا بولغان قوزغىلاڭنىڭ يېڭىلىشىدىكى بەزى سەۋەبلەرنى تەھلىل قىلىپ «شەرھ شىكەستە نامە» («سۇنغانلىقنىڭ شەرھنامىسى»)نى يېزىپ چىققان؛ شۇنىڭدەك موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» داستانىمۇ رېئال تۇرمۇشتىكى ۋەقەلىكنى بايان قىلغان ئەسەردۇر. بۇ زاماندىكى ھەجۋىي ئەدەبىياتنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە، ئەخمەت شاھ قاراقاشىنىڭ «مۇھەببەتنامە» دېگەن شېئىرىي مەكتۇبىنى ئەسلەش كېرەك. شائىر بۇ قىسقىغىنا ئەسەردە، نەپسانىيەتلىكنىڭ تىپىنى — ئاچكۆز، تويماس، رىياكار روھانىنىڭ ئوبرازىنى ناھايىتى گۈزەل ئىبارىلەر ۋە كېلىشكەن ئوخشىتىشلار بىلەن يارىتىپ بەرگەن. بۇ ئەسەر شۇنچىلىك كەڭ تارقالغانكى، بەزمە-مەجلىسلەردە ئەلنەغمىچىلەر بۇ شېئىرىي خەتنى قىسسە تەرىقىسىدە ئېيتىپ بېرەتتى.

خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىن يېزىق يۈزىدە يەنە مۇنداق ئەسەرلەرمۇ بىزگە مەلۇم. ھىجرى 1269-(مىلادى 1878-) يىلى موللا مۇھەممەت توختىنىياز ئىبنى موللا مۇھەممەت تۆمۈر تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن «داستان ھۆرلىقا» (مەزمۇنى مىسىر شاھى خۇسراۋنىڭ ئوغلى ھەمراھ بىلەن ئىرەم باغىنىڭ پەرىسى، شاھرۇخ ئىبنى شەئىبانىنىڭ قىزى ھۆرلىقا توغرىسىدا داستان)؛ ھىجرى 1290-(مىلادى 1873-) يىلى كۆچۈرۈلگەن «داستان مالىك ئەژدەر» (رەجەپ ھەرىس شەھىرىنىڭ پادىشاھىنىڭ ئوغلى مالىك ئەژدەر

توغرىسىدا قىسسە)؛ ھىجرى 1308 ـ (مىلادى 1890 ـ) يىلى كۆچۈرۈلگەن «قەسسەدە دەرنەئىت سۇلتان ئارسلانخان» (سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى سىيىت ئەلى ئارسلان ھەققىدە داستان)؛ ھىجرى 1311 ـ (مىلادى 1893 ـ) يىلى كۆچۈرۈلگەن «قىرىق تۇتى» (پارسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان نەخشەبىنىڭ 52 ھېكايىسى ۋە باشقا ئورىگىنال 40 ھېكايىدىن ئىبارەت توپلام)، ئاقسۇلۇق مۇھەممەت ھەسەن ئەلەم تەرىپىدىن يېزىلىپ، ھىجرى 1311 ـ (مىلادى 1893 ـ) يىلى مىرزا ئابدىقادىر ئاخۇن كۆچۈرگەن «ھاتەمنامە» (سېخىلىقنىڭ سىمۋولى بولغان ھاتەم تاي ھەققىدە قىسسە) ۋە باشقىلار.

يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىمىزنى دېموكراتىك ئەدەبىيات ياكى خەلقپەرۋەرلىك ئەدەبىياتى دېسەكمۇ بولىدۇ، بولۇپمۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى دېموكراتىك ئەدەبىياتىمىز كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئوبدان ئەنئەنىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سۈپەت جەھەتتىن يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. دېموكراتىك، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك ئۈچۈن كۈرەش تېمىسى يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتتى، تېما دائىرىسى كېڭەيدى.

* * *

بىز يۇقىرىدا، يېقىنقى زاماننىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇردۇق. كلاسسىك ئەدەبىيات خەلقىمىزنىڭ ئۆتكەنكى دەۋرلەردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنى، مەدەنىي ھاياتىنى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە باغلىق ھالدا خاراكتېر ـ خۇسۇسىيەتلىرىنى، ئىجتىمائىي ئاڭ ـ پىكرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، شۇڭا ئۇ خەلقنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەرەققىيات تارىخىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسىدۇر. بۇنى قېزىش، تەتقىق قىلىش، رەتلەش يولى بىلەن ھازىرقى زامان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش بىزنىڭ بۇرچىمىزدۇر.

قەدىمكى زامان (كلاسسىك) ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى ئۆز زامانىسىدا خەلق ئىچىگە تارقىلىپ، تەربىيىۋى رول ئوينىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندىمۇ كىتابخانلار ئۈچۈن مەنىۋى ئوزۇقلۇق بولالايدۇ. ئۇلار ردىكى تەرەققىيپەرۋەرلىك مەزمۇن بىلەن بىرىككەن گۈزەل بەدىئىي شەكىل كىتابخانلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىش نەتىجىسىدە، تارىخىي كەچۈرمىلەرنى تەبىئىي يوسۇندا ئەسلىتىدۇ ۋە تۇرمۇش ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە ئۈگىتىدۇ. بۇ — كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ، بولۇپمۇ كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ ھاياجانلاندۇرۇش، بەدىئىي ھوزۇر بېغىشلاش كۈچىنىڭ بىر ئىپادىسى، لېكىن ئۇزاق زامانلار ئۆتكەچكە، جەمئىيەتلەر پەرقلىق بولغاچقا، جۈملىدىن كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس شەكىل ۋە تىل ئىپادىلىرى بولغاچقا، ھازىرقى زامان كىتابخانلىرىغا ئىزاھلاپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ — كلاسسىك ئەدەبىيات بويىچە تەتقىقاتنىڭ بىر تۈرى.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بويىچە ئىلمىي تەتقىقاتچىلىق تېخى رەسمىي قولغا ئېلىنمىدى. يېزىق ئەدەبىياتىمىزنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش تارىخى، خەلق داستانچىلىقى تېخىچە تەتقىق قىلىنمىدى. ھازىرقى زامانغىچە بولغان ئەدەبىياتىمىزدا ئايرىم ئىلمىي-نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئىشى ئۆز پېتىچە تۇرۇۋېتىۋ. كلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى (تېمىسى، ئىدىيىسى، تىلى، ۋەقەلىكى، بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى ئىلمىي يوسۇندا

يەكۈنلەنگىنى يوق. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى، شۇنىڭدەك خەنزۇ ۋە ئەرەب ــ پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى تەتقىق قىلىنمىدى. ئۇيغۇر يېزىق ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىدا ھەر دەۋردە پەيدا بولغان يېڭىچە ۋاستىلەرنىڭ قەدىمكى ئەدەبىي ئەنئەنىلەر ۋە دۇنيا ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق قىلىشمۇ ئالاھىدە بىر مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا.

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئۆز دەۋرىگە يارىشا رېئالىزمنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، ئومۇمىي ئەدەبىياتنىڭ ئېقىمىدا رېئالىزم خاھىشىنىڭ تەسىرى ۋە ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا تۇتقان ئورنىنى ئېنىقلاش، ھەر دەۋردىكى ئىدېئولوگىيىنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئىپادىلىنىش شەكىللىرىنى، كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدە دىنىي ئىدېئولوگىيە شەكلى ئىچىدىكى ئەڭ پايدىلىق مېغىزىنى ئايرىپ چىقىش جەھەتلىرىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەتقىقاتلارمۇ بىزنىڭ قولغا ئېلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. يەنە بىر مۇھىم مەسىلە شۇكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقىنى تىكلەش كېرەك، بۇ ئىشنىڭ ئىلمىي ــ تارىخىي ھەم ئەمەلىي ئەھمىيىتى بار.

بۇ ئىشمۇ بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ھەل قىلىشىمىزغا تەقەززا بولغان بىر چوڭ ئىش.

1979 ــ يىل ماي.

www.uyghurkitap.com

# شېئىرىيەتتە بەدىئىيلىك توغرىسىدا

## — شېئىر ھەۋەسكارلىرى بىلەن سۆھبەت

شېئىرىيەت — بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ چوڭ بىر تۈرى، ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان قىسمى.

ئىنسانىيەتتە تىل پەيدا بولۇش جەريانىدا، ئەمگەكنىڭ ھەر خىل ئۆزگىچىلىكلىرىگە ماسلاشقان «رىتىملىق زۇۋان» پەيدا بولغان، شۇ ئارقىلىق «كۈي» تەرەققىي قىلغان. «كۈي» — رىتىملىق سۆزلەرنىڭ ئاھاڭى. دەسلەپتە «رىتىملىق سۆزلەر» بىلەن «كۈي» بىر نەرسە ئىدى. قەدىمكى دەۋردە كۈيسىز قوشاق بولمايتتى. يەنى «ناخشا» بىلەن «شېئىر» بىر نەرسە ھېسابلىناتتى. جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ، تۈرلۈك ئىش تەقسىماتلىرى پەيدا بولغىنىدەك، «رىتىملىق سۆز» بىلەن «كۈي» بىر-بىرىدىن ئايرىلدى. مەلۇم كۈي بىلەن ئېيتىلىدىغىنى — ناخشا، كۈيلەنمەي، رىتىم بىلەن سۆزلىنىدىغىنى — شېئىر بولۇپ شەكىللەندى.

دېمەك، شېئىر ئەمگەك جەريانىدا پەيدا بولغان. ھازىر تىلىمىزدا ئىشلىتىلىۋاتقان «شېئىر» دېگەن ئاتالغۇ ئەسلى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «سەزمەك، تۇيماق، ھېس قىلماق، كۈيلىمەك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

شېئىر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

شېئىر لۇغەت مەنىسى جەھەتتىنمۇ «ھېس، تۇيغۇ» بولغىنى ئۈچۈن، ئىستېمال مەنىسى جەھەتتىنمۇ ئۇنىڭدا پىكىر-تۇيغۇ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ ۋە تەسەۋۋۇرغا تولغان بولىدۇ.

شېئىرنىڭ بىرىنچى شەرتى — تۇرمۇش تۇيغۇلىرىدىن پەيدا بولغان تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر. تەپەككۇر — پىكىر يۈرگۈزۈش، يەنى ئىجادكارنىڭ رېئال تۇرمۇشنى چۈشىنىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئوي-پىكرى؛ تەپەككۇر ئىجادكارنىڭ دۇنيا قارىشىغا بېقىنىدۇ، چۈنكى ئۇ تۇرمۇشنى چوڭقۇر كۆزىتىش، تەھلىل-تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە شەكىللىنىدۇ؛ ئېنىق ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، كۈچلۈك ھېسسىي پائالىيەتلەردىن پەيدا بولغان تەپەككۇر شېئىرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ھېسسىي ماتېرىيال. تەسەۋۋۇر — بىرنەرسە ياكى ھادىسىنىڭ سۈرىتىنى ئويلاپ، ئۇنى زېھىندە گەۋدىلەندۈرۈش ياكى خىيالغا كەلتۈرۈش دېمەكتۇر؛ يەنى شېئىرغا ھامىلە بولۇش جەريانىدىكى بىر قاتار سۈرەتلىك مۇلاھىزىلەردۇر؛ تەسەۋۋۇر تولۇق ھېسسىي، كونكرېت تەسۋىر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

شېئىرنىڭ ئىككىنچى شەرتى — بەدىئىي ماھارەت. شېئىرىيەتتىكى بەدىئىي ماھارەت ئاساسەن ئىدىيىنى ئىپادىلەيدىغان ۋە تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تىل ۋاستىسىدۇر، شۇنداقلا، ئۇ تەلتۆكۈس بەدىئىي شەكىل يارىتىش يولى بىلەن مەلۇم مەزمۇننى ئىپادىلەپ بېرىشنىڭ زۆرۈر شەرتى؛ ئۇ — شېئىر يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىش، ئاممىنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش، زېرىكمەي مەشق قىلىش ھەم ئىزدىنىش ۋە بۇرۇنقى سەنئەتكارلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشتىن ھاسىل قىلغان تەجرىبىسى. بەدىئىي ماھارەتنىڭ مېغىزى — تىل.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لۇشۈن: «ئاۋام تىلى — خام ماتېرىيال، ئىشلەنگىنى — ئەدەبىيات» دەيدۇ. ئەدەبىيات — تىل سەنئىتى، شېئىر تېخىمۇ شۇنداق. تىلنى (شېئىر تىلىنى) ئىككى ياقتىن: بىرى، خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىن، يەنە بىرى، كلاسسىك ئەدەبىياتتىن ئۆگىنىش مۇمكىن. بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تۈرلىرى ئىچىدە شېئىر ئەڭ ئىخچاملىقنى، يەنى ھەجىم ۋە سۆز-ئىبارىلىرىنىڭ چاققان بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شېئىردا بەدىئىي ماھارەت تىل بىلەن ئىپادىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، سۆز-ئىبارىلەرنى ئىنچىكىلەپ تاللاش ۋە ھەر بىر سۆزنى مىسرالارغا ئۈنچە-مەرۋايىت تىزىلغاندەك ئورناشتۇرۇش، مىسرالارنى مەتنى (چوڭقۇر مەنىلىك قىسقا ئىبارە)گە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىش زۆرۈر. خەلقنىڭ ئېغىز تىلى شېئىرغا قويۇلسا، شېئىر ئىجادىيىتى ئاممىۋىلىشىدۇ؛ مىللىي شەكىلگە، ھاياتىي نەپەسكە ۋە تەسىرلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بىرەر شېئىردا، بىرقانچە مەتنى يارىتىلسا، ئۇلار شېئىرنىڭ بەدىئىي كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. مىسرا — نۇقتا، بەنت (كۇپلېت) — دائىرە دەپ تەمسىل قىلساق، ياخشى نۇقتا بولسا، دائىرىگە تۈس-جۇلا بەرگىلى بولىدۇ. شۇڭا، كلاسسىك شائىرلار سۆز تاللاشتا مىسرانى ئاساس قىلغان، مىسرا تاللاشتا مەنىگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. شېئىرنىڭ قىممىتى مەتنىلەردە، لېكىن ئۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىك يېرى تەپەككۇرى ياخشى بولغان پۈتۈن ئىبرەتلىك بەنتتە. دېمەك، بەدىئىي ماھارەت (ئاسەن تىل) — شېئىرنىڭ قېنى.

شېئىرنىڭ ئۈچىنچى شەرتى — بەدىئىي شەكىل. توغرا ئىدىيە — شېئىرنىڭ جېنى ۋە تىل — شېئىرنىڭ قېنى بولسا، جان بىلەن قاننى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئىسكىلىت — شەكىل. بولۇپمۇ نەزمىلىك

(ئەندىزىلىك) شېئىرلاردا، بەدىئىي شەكىل ئۇنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. مەلۇم ئىدىيىنى (پىكىر-تۇيغۇنى) ئىخچام ۋە پىششىق تىل بىلەن ئىپادىلەش ئۈچۈن، شۇنىڭغا لايىق شەكىل تاللاشقا توغرا كېلىدۇ. ھەرقانداق شېئىردا مەلۇم ئۆلچەم، سۆز-ئىبارىلەرنىڭ تەركىبىدىكى تاۋۇشلارنىڭ بەلگىلىك قانۇنىيەتلىرى بولىدۇ؛ ۋەزن، مىسرا (بوغۇم چېكى) ۋە قاپىيە جەھەتلىرىدىن رېئايە قىلىنىدىغان قەتئىي بەلگىلىمىلەر بولىدۇ. مەزمۇن ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، لېكىن شۇ مەزمۇنغا لايىق شەكىل تاللانمىسا (ئۇچىغا قاراپ كىيىم پىچىلمىسا)، شېئىر لايىدۇر بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

شەكىلنىڭ بىرىنچى شەرتى — ۋەزىن.

## 1. شېئىرنىڭ شەكلى

### 1. ۋەزىن

«ۋەزىن»نىڭ لۇغەت مەنىسى «تارازا، ئۆلچەم، ئېغىرلىق» دېگەن بولىدۇ. پىكىر-تۇيغۇنى قانداق ئۆلچەمگە سېلىپ ئىپادىلەش — بۇ ئاۋۋال ئويلىنىدىغان مەسىلە.

خەلقئارا ئاتالغۇدا «ۋەزىن»نى «ritm» دەيدۇ. «رىتىم» گرېكچە «rhythmos»دىن كېلىپ چىققان، بۇ — «ماسلىشىش، لايىقلىشىش» دېگەن سۆز. ئومۇمەن شېئىر ئىجادىيىتىدە، سۆز-ئىبارىلەر ۋەزىن قانۇنىيىتىگە قاراپ تاللىنىدۇ. ھەر مىللەتنىڭ تىل قۇرۇلمىسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ۋەزىن قانۇنىيەتلىرىمۇ پەرقلىنىدۇ.

بىر مىسرا، قانچە سۆزدىن تەركىب تاپقىنىدىن قەتئىينەزەر،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەلۇم ساندىكى بوغۇملار بىلەن چەكلىنىدۇ ۋە سۆزلەردە «ئۇرغۇ» بولىدۇ. ھازىر ئادەتتە، شېئىرىيەت ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن، «بارماق ۋەزنى»، «ئارۇز ۋەزنى» دېگەن ئىككى ئاتالغۇدا ئىككى قاناتقا ئايرىلىدىغان بولۇپ قالدى. تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە، مەيلى «بارماق» ياكى «ئارۇز» ۋەزنىدە يېزىلغان بولسۇن، شېئىر-نىڭ مىسرالىرىدا بوغۇم سانى چەكلىك بولىدۇ. زامانىۋى (يېڭى ئۇسلۇبتىكى) شېئىرلاردا، مىسرانىڭ بوغۇملىرى «بارماق» بىلەن سانالغانلىقى ئۈچۈن، مىسرانىڭ ئۆلچىمى «بارماق ۋەزنى» دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك. ھالبۇكى، «ئارۇز» ۋەزنىدىكى شېئىرلاردىمۇ بوغۇملارنى («تەپئىل»نى ياخشى ئۆزلەشتۈرەلمىگەن كىشىلەر) «بارماق» بىلەن سانايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، «ئارۇز» ۋەزنىمۇ خەلق ئېغىز شېئىرىيىتى مەلۇم ئەندىزىگە سىڭىپ، مۇقىم قائىدىلەش-تۈرۈلگەن ۋەزىن؛ قەدىمكى ۋە ھازىرقى خەلق قوشاقلىرى، بېيىت-لىرىدا مۇقىملاشقان ۋەزىن قائىدىسى بار، بۇ جەھەتتىن «ئارۇز» ۋەزنىنى خەلق ئېغىز شېئىرىيىتىدىن كېلىپ چىققان ئەندىزىلىك شېئىر ۋەزنى دېسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر «بارماق» ۋەزنى بىلەن «ئارۇز» ۋەزنىنىڭ مۇتلەق پەرقى بار دېيىلسە، بوغۇملارغا چۈشىدىغان ئۇرغۇغا ئېتىبار بېرىش، بوغۇملار تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنى ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن ئۇزارتىپ (سوزۇپ) ياكى قىسقارتىپ (ئۈزۈپ) ئېيتىش جەھەتتىن پەرقى بار؛ يەنە بىر پەرقى شۇكى، ھەر بىر مىسرا بۆلەكلەر ۋە تۇراقلارغا بۆلۈنۈش جەھەتتىن «ئارۇز» ۋەزنىدىكى شېئىرلاردا چەكلىمە قەتئىي ـ تۇرغۇنراق، زامانىۋى ئۇسلۇبتىكى شېئىرلاردا ئەركىنرەك بولىدۇ.

تۇراق (ناخشىدا تاكت) — شېئىرنىڭ مىسراسى ئىچىدىكى

قانۇنىيەتلىك توختاش (پائۇزا). بۇمۇ شېئىردا ئاھاڭدارلىق تۇيغۇ-سىنى پەيدا قىلىدىغان بىر ئامىل. تۇراقنىڭ پرىنسىپى شۇكى، زامانىۋى ئۇسلۇبتىكى شېئىردا («بارماق» ۋەزنىدە) سۆز-ئىبارىلەرنىڭ مەنە پۈتۈنلىكى ئۆلچەم قىلىنىدۇ؛ «ئارۇز» ۋەزنىدىكى شېئىرلاردا، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن سۆزلەر پارچىلىنىپ، تۇراقتا تەپئىلەر ئۆلچەم قىلىنىدۇ، زامانىۋى ئۇسلۇبتىكى شېئىرلاردا، كىشىلەر كۆپىنچە بىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىنى بىر چەك قىلىپ، ئادەتتىكى گەپ-سۆزنىڭ تەبىئىي تاكتلىرى بويىچە تۇراققا ئايرىيدۇ. ئەنئەنىۋىلىك (ئارۇز ۋەزنىدىكى) شېئىرلار تاللانغان بەھرنىڭ ئۆلچىمى بويىچە تۇراققا ئايرىمىسا ۋەزنگە چۈشمەيدۇ.

## ئارۇز ۋەزنى

«ئارۇز» («ئەرۇز») سۆزىنىڭ تومۇرى «ئەرز» بولۇپ، «ئەن»، «كەڭلىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ كۆچمە مەنىسى بويىچە، «ئارۇز» شېئىرنىڭ «مىزانى» (ئۆلچىمى) دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ — ئەنئەنىۋىلىك شېئىرلاردا، بولۇپمۇ كلاسسىك شېئىرىيەتتە رىتىم تۈزۈلۈش قائىدىلىرىدىن بىرى.

ئارۇز ۋەزنىنىڭ تۇراقلار بويىچە بوغۇملىرىنى ئۆلچەشتە قوللىنىلىدىغان ئەنئەنىۋى بار، بۇ «تەپئىل» دېيىلىدۇ. تەپئىل — «پەدە» يەنى شېئىردا ئاھاڭ پەدىسى دېمەكتۇر. ئارۇز ۋەزنگە سېلىنغان شېئىرنىڭ تۈزۈلۈشىدە، 8 ئاساسىي تەپئىل بولىدۇ:

1. فەئۇلۇن؛ 2. فائىلۇن؛ 3. مەفائىلۇن؛ 4. فائىلاتۇن؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

5. مۇستەفئىلۇن؛ 6. مەفئۇلاتۇن؛ 7. مۇفائەلەتۇن؛ 8. مۇتەفائىلۇن (بۇنىڭدىن 4 تەپئىل يەنى «فەئۇلۇن، مەفائىلۇن، فائىلاتۇن، مۇفائەلەتۇن» تۈپ تەپئىل ھېسابلىنىدۇ). كېيىن بۇ تەپئىللەر كۆپەيتىلىپ 10 غا يەتكۈزۈلگەن ۋە ئەمەلىي ئىستېمال جەريانىدا تېخىمۇ شاخلىنىپ، تۈرلۈك بەھرىلەر ھاسىل قىلىنىپ، 66 غا ھەتتا 85 كە يەتكۈزۈلگەن.

بېيىتلەر ياكى مىسرانى تەپئىلەرگە ئايرىماق ياكى سالماق (تاكت) ئۈچۈن، بەھرىلەر ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلگەن. بەھرى — ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرلارنىڭ تەپئىللەر بويىچە شەكىللىنىدىغان تۈرى. كەڭرەك قوللىنىلىدىغان بەھرىلەر 16 خىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۈپ ئىسىملىرى ۋە نورمال شەكىللىرى (تەپئىللىرى) تۆۋەندىكىچە: (لېكىن شائىرلار بەھرىلەرنى ئەركىن قوللانغىنى ئۈچۈن، بۇ تەپئىللەر مۇتلەق شەكىل ئەمەس، بىر بەھرىنى باشقىچە تەپئىلدە ئىپادىلەشمۇ مۇمكىن):

تەۋىل: فەئۇلۇن مەفائىلۇن فەئۇلۇن مەفائىلۇن؛
مەدىد: فائىلاتۇن فائىلۇن فائىلاتۇن فائىلۇن؛
بەسىت: مۇستەفئىلۇن فائىلۇن مۇستەفئىلۇن فائىلۇن؛
كامىل: مۇتەفائىلۇن مۇتەفائىلۇن مۇتەفائىلۇن؛
ۋافىر: مۇفائەلەتۇن مۇفائەلەتۇن فەئۇلۇن؛
ھەزەج: مەفائىلۇن مەفائىلۇن مەفائىلۇن؛
رەجەز: مۇستەفئىلۇن مۇستەفئىلۇن مۇستەفئىلۇن مۇستەفئىلۇن؛
رەمەل: فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن؛
سەرىئ: مۇفتەئىلۇن مۇفتەئىلۇن فائىلۇن؛
مۇنسەرىئ: مۇستەفئىلۇن فائىلاتۇن مۇستەفئىلۇن؛

ھەفىق: مۇتەفائىلۇن مۇتەفائىلۇن؛
مۇزارىئ: مەفائىلۇن فائىلاتۇن مەفائىلۇن؛
مۇقتەزەب: فائىلاتۇن مۇفتەئىلۇن فائىلاتۇن مۇفتەئىلۇن؛
مۇجتەس: مۇفائەلۇن فەئەلاتۇن مۇفائەلۇن فەئەلاتۇن؛
مۇتەدارىك: فائىلۇن فائىلۇن فائىلۇن فائىلۇن؛
مۇتەقارىپ: فەئۇلۇن فەئۇلۇن فائىل فەئۇلۇن.

بۇ بەھرىلەرنىڭ ھەر بىرى يەنە بىرقانچە شەكىللەرگە بۆلۈنىدۇ، ھەر بەھرىنىڭ ئاساسىي ئىسمىدىن باشقا، ھەر بىر شەكىلنىڭ خاس ئېنىقلىغۇچى ئىسىملىرى بولىدۇ. مەسىلەن، ھەزەج بەھرىنىڭ تولۇپ شەكلى «ھەزەج مۇسەممەن سالىم» (تەپئىلى: مەفائىلۇن مەفائىلۇن مەفائىلۇن مەفائىلۇن)، بۇنىڭدىن تۈرلەنگەن شەكىللىرى: «ھەزەج مۇسەممەن مەقبۇز» (تەپئىلى: مەفائەلۇن مەفائەلۇن مەفائەلۇن مەفائەلۇن)، «ھەزەج مۇسەممەن مەقبۇز مۇسبەغ» (تەپئىلى: مەفائەلەن مەفائەلۇن مەفائەلان)، «ھەزەج مۇسەممەن ئۇشتۇر» (تەپئىلى: فائىلۇن مەفائىلۇن فائىلۇن مەفائىلۇن)، «ھەزەج مۇسەممەن ئەخرەب» (تەپئىلى: مەفئۇل مەفائىل مەفائىل مەفائىل)، «ھەزەج مۇسەممەن ئەخرەب مەكفۇف مەخزۇف» (تەپئىلى: مەفئۇل مەفائىل مەفائىل فەئۇلۇن مەفئۇلۇل)، «ھەزەج مۇسەممەن مەكفۇف مەقسۇر» (تەپئىلى: مەفائىل مەفائىل مەفائىل فەئۇلۇن)، — يۇقىرىدىكىلەر «بەھرى ھەزەج»نىڭ «مۇسەممەن» تۈرى؛ ئۇنىڭ «مۇسەددەس» (ئالتىلىك) تۈرىمۇ بار: «ھەزەج مۇسەددەس سالىم (بىبېيت تەپئىلى: مەفائىلۇن ئالتە تەكرارلىنىدۇ. يەنى بىرىنچى مىسرا ئىككى مەفائىلۇن، ئىككىنچى مىسرا تۆت مەفائىلۇن)، «ھەزەج مۇسەددەس مەقسۇر» (تەپئىلى: مەفائىلۇن مەفائىلۇن مەفائىل)، «ھەزەج

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى تارىسى

مۇسەددەس مەخزۇف» (تەپئىلى: مەفائىلۇن مەفائىل فەئۇلۇن) «ھەزەج مۇسەددەس مەكفۇف مەقسۇر» (تەپئىلى: مەفائىل مەفائىل مەفائىل)، «ھەزەج مۇسەددەس مەكفۇف مەخزۇف» (تەپئىلى: مەفائىل مەفائىل فەئۇلۇن)، «ھەزەج مۇسەددەس ئەخرەب مەقبۇز» (تەپئىلى: مەفئۇل مەفائەلۇن مەفائەلۇن)، «ھەزەج مۇسەددەس ئەخرەب مەقبۇز مەقسۇر» (تەپئىلى: مەفئۇل مەفائەلۇن مەفائەلۇن)، «ھەزەج مۇسەددەس ئەخرەب مەقبۇز مەخزۇف» (تەپئىلى : مەفئۇل مەفائەلۇن فەئۇلۇن)، «ھەزەج مۇسەددەس ئەخرەب ئۇشتۇر مەقسۇر» (تەپئىلى: مەفئۇلەن فائەلەن مەفائىل) — بىر ھەزەج بەھرى ئەنە شۇنداق ئىككى تۈركۈمدىن 16 خىلغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. قىسقا بەھرلەردىن «بەھرى مۇزارىئ»مۇ 7 خىل بولىدۇ.

ئەرەب، ئەجەم ۋە تۈركىي خەلقلەر شېئىرىيەتلىرىدە ئارۇز ۋەزنىنىڭ شەكىللىنىشى ئومۇمىي جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. «ئارۇز» دېگەن نامنىڭ ئەرەبچە بولۇشىغا قاراپ، شېئىرىيەتتىكى ۋەزنىنىڭ بۇ قائىدىسىنى كۆپىنچە تەتقىقاتچىلار ئەرەبلەرگە خاس دەپ ھېسابلىشىدۇ. ئەمما تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى شېئىرىيىتىدىمۇ ئاشۇنداق ۋەزىن بار ئىكەنلىكىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا كىرگۈزۈلگەن قەدىمكى شېئىرلارنىڭ ئۆرنەكلىرىدىكى ۋەزنىلەر ئىسپاتلايدۇ.

تۈرك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى پروفېسسور م. فۇئاد كۆپرۈلۈنىڭ يېزىشىچە: ئەرەب شېئىرىيىتىدە ۋەزنىنىڭ قەدىمكى ۋە ئىپتىدائىي شەكلى «رەجەز»لەردۇر. «مەشتۇر» ۋە «مەنھۇق» دېگەنناملار بىلەن ئىككىگە بۆلۈندىغان «رەجەز» ئەسلىدە دەسلەپكى ۋەزنىلەر بىلەن «نەسرىي نەزم» يەنى «سەجئى» ئارىسىدىكى بىر خىل ۋەزىن

ئىدى. كېيىن تەرەققىي قىلىپ، يېڭى بەھرىلەر قوشۇلغان بولسىمۇ، ئادەتتە «تەۋىل، ۋافىر، كامىل، بەسىت» بەھرىلىرى كۆپرەك قوللىنىلغان. «مۇزارىئە، مۇقتەزەب، مۇجتەس، مۇتەدارىك» بەھرىلىرى ئىستېمالدىن چۈشۈپ قالغان.

ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى ۋەزىن ھەققىدە ھەممىدىن بۇرۇن تەتقىقات ئېلىپ بارغان خەلىل ئىبنى ئەھمەد بەسرى ھىجرى 150 - (مىلادى 767 -) يىلى يازغان «كىتابۇل ئەرۇز» دېگەن ئەسىرىدە، ئەرەب ۋەزنىلىرىنى بىر سىستېمىغا سالغان. خەلىل بەھرىلەرنى بىر - بىرىدىن كەلتۈرۈپ چىقارماق ئۈچۈن، بەش دائىرە سىستېمىسىنى ئىجاد قىلغان؛ بىر دائىرىدىكى بەھرىدىن تۆرلۈك بەلگە - ئىشارەتلەر بىلەن يەنە بىر بەھرىنىڭ تەپئىلى چىقىدۇ. ھەر بىر بەھرە ئۈچۈن بەلگىلەنگەن شەكىل شۇ بەھرىنىڭ ئاساسىي (سەلىم شەكلى) سانىلىدۇ. سەلىم شەكلى كەم قوللىنىلىدۇ. گەرچە كېيىنچىرەك ئىبنۇل مۇقەففا، ئەبۇل - ئەبباس ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەدۇل ئەنبارى (ھىجرى 293 - يىلى يەنى مىلادى 906 - يىلى ۋاپات قىلغان) خەلىلنىڭ سىستېمىسىنى تەنقىد قىلغان، ھەتتا ئەھفەش (ھىجرى 200 - يىلى يەنى مىلادى 816 - يىلى ۋاپات قىلغان) بۇنىڭغا تاقابىل ھالدا ئايرىم سىستېما ياراتقان بولسىمۇ، ئىمام خەلىلنىڭ قائىدىسى ئومۇملاشقان. خەلىل خۇلاسىلىغان 15 بەھرىگە، ئەھفەش «مۇتەدارىك» بەھرىنى قوشۇپ 16 قىلغان. لېكىن ئەرەب شائىرلىرى بۇ بەھرىلەر بىلەن چەكلىنىپ قالماي، يېڭى بەھرىلەرنى ئىجاد قىلغان بولسىمۇ، يۇقىرىقى بەھرىلەر ئاساسىي بەھرى بولۇپ قالغان. خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئارۇز نەزەرىيىسى ئەرەب، ئەجەم، تۈركىي خەلقلەر ئالىملىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

ئەرەب ئەدەبىياتىدا، «ئىلمۇش-شېئىر» (شېئىر ئىلمى) ئىككىگە يەنى «ئىلمۇل ئارۇز» ۋە «ئىلمۇل قاپىيە»گە بۆلۈنىدۇ.

ھىجرى III ئەسىردىن باشلاپ شەكىللەنگەن ئىران ئىسلام ئەدەبىياتىدىمۇ ئەرەب ۋەزنى تەسىر پەيدا قىلغان. ئەجەم شائىرلىرى ئەرەبلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان «تەۋىل، مەدىد، بەسىت، ۋافىر، كامىل» بەھرىلىرىنى ئاز قوللانغاندىن تاشقىرى، ئەرەب شېئىرىيىتىدە بولمىغان «جەدىد، قەرىب، مەشاكىل» بەھرىلىرىنى كۆپرەك قوللانغان. ئەجەم ئارۇزى 19 بەھرى، ياكى بەزىلىرىنىڭ پىكرىگە كۆرە، ناھايىتى ئاز قوللىنىلىدىغان بەش بەھرىنى چىقىرىۋەتكەندە 14 بەھردىن ئىبارەت بولغان. ئايرىم بەھرىلەرنىڭ قوللىنىلىشىدىمۇ پەرق بولغان، مەسىلەن، پارسچىدا «بەھرى رەمەل» ئومۇمەن بىر بېيىت سەككىز بۆلۈكتىن تەركىب تاپسا، ئەرەبچىدە شۇ بەھرىدىكى بىر بېيىتنىڭ بۆلۈكلىرى ئالتىدىن ئاشمايدۇ. ئەرەب ئارۇزى قەدىمكى ساسانى نەزم ئۇسۇلى ئاساسىدا قوبۇل قىلىنىپ، ئەجەملەرنىڭ قەدىمكى شېئىرىي ئەنئەنىلىرىنى ساقلىغان ھالدا ئۆزلىرىگە خاس ئارۇز ئالاھىدىلىكىنى ياراتقان.

ھىجرى 7-ئەسىر (مىلادى 13-ئەسىر)نىڭ باشلىرىدا، شەمس قەيس (شەمسىددىن مۇھەممەد ئىبنى قەيس — رازىي) ئۆز زامانىسىغىچە ئۆتكەن ئەجەم شائىرلىرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئەمگەكلىرىدىن يەنى ئىككى ئەسىرلىك تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىپ، تولۇق ئەدەبىي قائىدىلەر (قاپىيە، نەقدۇل-شېئىر يەنى شېئىر تەنقىدى — تەقرىزى)نى ئىشلەپ، «كىتابۇل مۇئجەم فى مەئايىر ئەشئارۇل-ئەجەم» («ئەجەم شېئىر ئۆلچەملىرى سۆزلۈكى»)نى يېزىپ چىققان. شەمس قەيس ئەرەب ئارۇزچىلىرىنىڭ

ئاتالغۇلىرىغا ۋە سىنىپلاشتۇرۇش ئۇسۇللىرىغا ئەمەل قىلىپ، 14 بەھرىگە ئايرىلغان ئەجەم ئارۇزىنى 4 دائىرىگە توپلىغان: بىرىنچى، دائىرەئىي مۇئتەلەفە (ئاممىباب تەپئىللەر دائىرىسى)، بۇنىڭغا ھەزەج، رەجەز، رەمەل ــ 3 بەھرى كىرگۈزۈلگەن؛ ئىككىنچى، دائىرەئىي مۇختەلەفە (خىلمۇخىل بەھرىلەر دائىرىسى)، بۇنىڭغا مۇنسەرىھ، مۇزارىئ، مۇقتەزەب، مۇجتەس ــ 4 بەھرى كىرگۈزۈلگەن؛ ئۈچىنچى، دائىرەئىي مۇجتەلەبە (كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى بەھرىلەر دائىرىسى)، بۇنىڭغا سەرىئ، غەرىب ياكى جەدىد، قەرىب، ھەفىق، مۇشاكىل ــ 5 بەھرى كىرگۈزۈلگەن؛ تۆتىنچى، دائىرەئىي مۇتتەفەقە (ماسلاشتۇرۇلغان بەھرىلەر دائىرىسى)، بۇنىڭغا مۇتەقارىب، مۇتەدارىك ــ 2 بەھرى كىرگۈزۈلگەن.

ئارۇز قائىدىسى توغرىسىدا مەشھۇر ئەدىبلەر (ناۋايى، بابۇر، ۋائىز، كاشىفى) نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان ۋە ئارۇز ئىلمىگە دائىر تەجرىبىلەردىن يېڭى خۇلاسىلار چىقارغان.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن بەھرىلەر ئىككى چوڭ تۈركۈمگە ئايرىلىدۇ: بىر تۈركۈمى ــ «بەھرى تەۋىل» يەنى «ئۇزۇن بەھرىلەر»، يەنە بىرى ــ «بەھرى قەسىر» يەنى «قىسقا بەھرىلەر».

بەھرى تەۋىلگە تەۋىل، مەدىد، بەسىت، كامىل، ۋافىر، ھەزەج رەجەز، رەمەل، مۇنسەرىھ، مۇقتەزەب، مۇختەس ــ 11 بەھرى كىرىدۇ؛ بەھرى قەسىرگە سەرىئ، ھەفىف، مۇزارىئ، مۇتەدارىك، مۇتەقارىب (كېيىن قوشۇلغان جەدىد، قەرىب، مۇشاكىل) ــ 8 بەھرى كىرىدۇ.

ئۇزۇن بەھرىلەردە شېئىرلارنىڭ مىسرالىرى كۆپىنچە 13 ــ 16 بوغۇملۇق كېلىدۇ، قىسقا بەھرىلەردە بولسا 7 ــ 12 بوغۇملۇق

كېلىدۇ.

ئارۇز قائىدىسىدە بىيىت بىرلىك قىلىنىپ، ھەر بىيىت ئىككى قىسمغا (قۇر ياكى مىسراغا) بۆلۈنىدۇ، ھەر مىسرا (قۇر) ئىككى تەپئىلدىن تەركىب تاپىدۇ. بىرىنچى مىسرانىڭ باش تەپئىلگە «ئەرۇز»، ئىككىنچى مىسرانىڭ ئاخىرقى تەپئىلگە «زەرب» دېيىلىدۇ. ئارۇز قائىدىسىدە، شېئىرلارنى ئوقۇشتا «ئىمالە، ئىشباﺋ، ئىشمام» ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. ئىمالە — بىرەر تاۋۇشنى (غەيرىي تەبئىي ھالدا) سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىش؛ ئىشباﺋ — ۋەزن ئېھتىياجى بىلەن بىر سۆزگە بىر ھەرپنى قوشۇپ ئوقۇش، يەنى تاۋۇشلارنى قاتتىق ياكى قېلىن تەلەپپۇز قىلىش؛ ئىشمام — تاۋۇشلارنى يۇمشاق ۋە ئىنچىكە تەلەپپۇز قىلىش.

ئۇزۇن ۋە قىسقا بەھرىلەردىن بەزى مىساللارنى كەلتۈرىمىز.

**بەھرى تەۋىل** — تەۋىلنىڭ لۇغەت مەنىسى «ئۇزۇن» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ بەھرىنىڭ ئېنىقلىغۇچى نامى «بەھرى تەۋىل سالىم» («مۇكەممەل ئۇزۇن بەھرى»)، بۇ بەھرىدە يېزىلغان شېئىرنىڭ مىسراسى ئىككى بۆلۈككە (ھەر بۆلۈكى 2 تۇراقتا) بۆلۈنگەن؛ ھەر بۆلۈكى 7 بوغۇمدىن (بىرىنچى تۇراق 3 بوغۇم، ئىككىنچى تۇراق 4 بوغۇم) بولۇپ، ھەر مىسرا 14 بوغۇمدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇنىڭ تەپئىلى:

فەئۇلۇن مەفائىلۇن فەئۇلۇن مەفائىلۇن.

مىسال:

يۈزۈڭنى كۆرسە قىلۇر گۈل ئۆزىنى يۈز پارە،
خوتەن يازىسىدا ئاھۇ كۆزۈڭدە ئەۋارە.

(سەككاكى)

كېيدىم كېپىنەك توننى گۈلخانىدا ياتارمەن دەپ،
ئالدىم يا بىلەن ئوقنى دۈشمەننى ئاتارمەن دەپ.
(خەلق بېيىتى)

**بەھرى مەدىد** — «مەدىد»نىڭ لۇغەت مەنىسى «سوزماق، سوزۇلماق» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنىڭ ئېنىقلىغۇچى نامى «بەھرى مەدىد سالىم» («مۇكەممەل سوزۇلغۇچى بەھرى»). بۇ بەھرىدىمۇ ھەر مىسرا 7 بوغۇملۇقتىن 2 بۆلەككە بۆلۈنگەن 14 بوغۇمدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇنىڭ بەھرى تەۋزىدىن پەرقى شۇكى، بۇنىڭ مىسراسىدىكى 1-، 3-تۇراقلار 4 بوغۇمدىن، 2-، 4-تۇراقلار 3 بوغۇمدىن تۈزۈلىدۇ؛ ئاندىن ھەر بىر تۇراق سوزۇلۇپ، جاراڭلىقراق ئوقۇلىدۇ. بەھرى تەۋزىدە بولسا تۇراقلار قىسقىراق ئوقۇلىدۇ. بۇنىڭ تەپئىلى:

فائىلاتۇن فائىلۇن فائىلاتۇن فائىلۇن.

مىسال:

ھەر نېچە يامانلىقكى قىلۇر ياخشى كۆرۈنۇر،
نازۇك كىشىدىن ھەرنەر كېلۇر ياخشى كۆرۈنۇر.
(لۇتفى)

بىر ياخشىغا بىر يامان ھەر يەردە بار، يارى-يار،
ئىككى ياخشى بىر بولغان قەيەردە بار، يارى-يار.
(خەلق بېيىتى)

**بەھرى رەمەل** — «رەمەل»نىڭ لۇغەت مەنىسى «ئاۋۇن، كۆپ، تولا» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئادەتتە تولا ئىشلىتىلىدىغان يەڭگىل بەھرى. شۇڭا بۇنىڭ خىللىرىمۇ كۆپ. بۇ بەھرىنىڭمۇ 19 خىلى بار. ئۇنىڭ تولۇق شەكلى «رەمەل مۇسەممەن سالىم» (مۇكەممەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەككىزلىك رەمەل) بولۇپ، مىسراسى 8 بوغۇملۇق ئىككى بۆلۈكتىن (ھەر بۆلۈكى 4 بوغۇملۇق 2 تۇراقتىن) تەركىب تاپقان 16 بوغۇملۇق بەھرى، بۇنىڭ ھەر بىر تۇراقلىرى سوزۇلۇپ جاراڭلىق ئوقۇلىدۇ. تەپئىلى:

فائەلاتۇن فائەلاتۇن فائەلاتۇن فائەلاتۇن.

مىسال:

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس،

جاپانى چەكمىگەن ئاشىق ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

(خەلق بېيىتى)

كۆرۈپ گۈلدەك يۈزۈڭ رەڭگىنى كۆزدىن يۈز چەمەن بولدى،

ئەقىق ئېرنىڭنى كۆرگەلى كۆزۈم ھالى يامان بولدى.

تۈن ـ ئاخشام تولغانۇ سۇمبۇل بىسىن زۇلفۇڭدىن ئاھ ئۇردى،

ھاۋانى غالىيە تۈتتى جەھان مۇشكى خوتەن بولدى.

(سەككاكى)

بەھرى رەمەلنىڭ يەنە بىر خىلى «رەمەل مۇسەممەن مەخزۇف» (سەككىزلىك كەمتۈك بەھرى) بولۇپ، مىسراسى 4 تۇراقتىن 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ تۇراقلىرى 4 بوغۇمدىن، 4 ـ تۇراق 3 بوغۇمدىن) 16 بوغۇملۇق ۋەزىن. بۇنىڭ تەپئىلى:

فائەلاتۇن فائەلاتۇن فائەلاتۇن فائەلۇن.

مىسال:

كىمكى ئۆلمەستىن بۇرۇن بىلمەس بۇ جاننىڭ قەدرىنى،

كىم ئۆلەر ھالەتكە يەتسە شۇ بىلۇر جان قەدرىنى.

(خەلق بېيىتى)

دىلرەبالىغ، مېھرىبانلىغ، خۇش زەبانلىغ لارمۇدۇر،

دىلنەۋازلىغ، قەدىردانلىغ بەدگۇمانلىغ لارمۇدۇر؛
سەرۋىدەك قەد، گۇل كەبى يۈز، غۇنچەدەك لەبمۇ ئەمەس،
لۇتفى ئىھساندۇر گەداغە خۇنغە شانلىغ لارمۇدۇر.

(گومنام)

«بەھرى ھەزەج»نىڭ تۆپ شەكلى «بەھرى ھەزەج مۇسەممەن سالىم» («مۇكەممەل سەككىزلىك تېز ـ ياڭراق بەھرى»)، يەنى ھەر مىسراسى 4 تۇراقلىق (ھەر تۇراق 4 بوغۇمدىن) 16 بوغۇمدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇنىڭ تەپئىلى:

مەفائىلۇن مەفائىلۇن مەفائىلۇن مەفائىلۇن.

مىسال:

بارارغا يوللىرىڭ بولسۇن، يانارغا ھەمرىيىڭ بولسۇن،
سىنىڭدەك نازىنىن يارغا مىنىڭدەك قۇللىرىڭ بولسۇن.

(خەلق قوشىقى)

**بەھرى رەجەز** — «رەجەز»نىڭ لۇغەت مەنىسى «شېئىر ئېيتىش»، «كۈيلەش» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ قىسقا ـ قىسقا، ئۇلاپ تېز ئوقۇلىدىغان ئۇزۇن بەھرى. بۇ ئاساسەن ئىككى خىل بولىدۇ: بىر خىلى «رەجەز مۇسەممەن سالىم» («مۇكەممەل سەككىزلىك كۈيلەش»)، بۇنىڭ تەپئىلى: 4 مۇستەفئىلۇن؛ يەنە بىر خىلى «رەجەز مۇسەممەن مەتۋى» («قاتلىنىدىغان ياكى ئىنچىكە ئوقۇلىدىغان سەككىزلىك كۈيلەش»). بۇنىڭ تەپئىلى: 4 مۇفتەئىلۇن، ياكى 2 قات مۇفتەئىلۇن ـ مەفائىلۇن. بۇ ئىككى خىل شەكلىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى شۇكى، سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئىشىم بىلەن ئوقۇلىدۇ؛ ھەر مىسرا 4 بوغۇملۇقتىن 4 تۇراقلىق بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىسال:

مەنى ئۇسرۇك كۆزۈك نازى ئۇنىڭدەك بىخەبەر قىلدى،
كى بىخۇد بولدى ھالىمدىن ماڭا ھەركىم نەزەر قىلدى.

(لۇتفى)

بىر كۈن مېنى ئوتقا سېلىپ مەجنۇن شىئار ئۆلتۈرگۈسى،
ئۇسرۇك چىقىپ جەۋلان قىلىپ دىۋانىۋار كۆيدۈرگۈسى.

(ناۋايى)

**بەھرى مۇقتەزەب** — «مۇقتەزەب»نىڭ لۇغەت مەنىسى «ئېغىزغا ئەپلىشىپ بەرمەك»، «راۋان» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ۋەزىننىڭ كەڭ رەك ئىشلىنىدىغان بىر خىلى «بەھرى مۇقتەزەب مۇسەممەن مەتۋى» («سەككىز قاتلىق راۋان بەھرى»)، يەنى تىلغا ئەپلىشىپ بېرىدىغان ۋە ئىككىنچى بۆلىكى سەكىزلىك بولۇپ كېلىدىغان بەھرى. بۇنىڭدا مىسرا بىرىنچى بۆلىكى 7 بوغۇم (بىرىنچى تۇراق 3 بوغۇم)، ئىككىنچى بۆلۈكى 8 بوغۇم (ھەر ئىككى تۇراق 4 بوغۇمدىن) بولۇپ، 15 بوغۇمدىن تەركىب تاپىدۇ. («رەمەل مۇسەممەن سۇدۇر»نىڭ ئەكسىچە). بۇنىڭ تەپئىلى:

فائىلۇن مۇفتەئىلۇن مۇفتەئىلۇن مۇفتەئىلۇن.

مىسال:

تاغمۇ تاغلاردىن ئېگىز ئارغۇ بۇلاقنىڭ تاغلىرى،
ئۈستىنىدە قار ياتادۇر ئاستىنىدا باغلىرى.

(خەلق بېيىتى)

ئاھكىم باغرىم فىراق ئوتى ئۆزە بولدى كەباب،
مەجلىسىم نۇقلى غەمۇئەندۇھۇ كۆزياشىم شەراب.

(سەككاكى)

ئەمدى «قىسقا بەھرىلەر»دىن تونۇشتۇرىمىز.

**بەھرى سەرىئ** — «سەرىئنىڭ لۇغەت مەنىسى «تېز»، «چاپسان» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ بەھرىنىڭمۇ خىللىرى كۆپ: بىر خىلى «بەھرى سەرىئ مەقتۇد» («تېز - ئۈزۈك بەھرى»)، يەنى مىسرادىكى سۆزلەر ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن ئۈزۈپ - ئۈزۈپ، تېز ئوقۇلىدۇ. بۇ خىل بەھرىدە مىسرا 11 بوغۇمدىن تەركىب تاپىدۇ؛ 3 تۇراقتا بۆلۈنۈپ، 1 - ، 2 - تۇراقلار 4 بوغۇمدىن، 3 - تۇراق 3 بوغۇمدىن بولىدۇ. تەپئىلى:

مۇستەفئىلۇن مۇستەفئىلۇن فائىلۇن.

مىسال:

ئۇقۇپ سۆزلە سۆزنى ئىۋە سۆزلەمە،
سۆزۈڭ كىزلە كەتىن باشىڭ كىزلەمە.

(ئەھمەد يۈكنەكى)

نەچچە كۈندۇر كۆرمەدىم يارىم سەنى،
سەنمۇ ھەرگىز ياد ئەتمەدىڭ ھەرگىز مەنى.

(گومنام)

**بەھرى مۇتەقارىب** — «مۇتەقارىب»نىڭ لۇغەت مەنىسى «ئەپلىك» «ئاسان» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ بەھرىنىڭمۇ بىرقانچە خىللىرى بار:

بىر خىلى — «بەھرى مۇتەقارىب ئەسرەم مەقسۇر» («قىسقا، كەمتۈك، ئەپلىك بەھرى»). بۇ بەھرى 11 بوغۇملۇق بولۇپ، ھەر مىسرا ئىككى بۆلەكتىن (بىرىنچى بۆلىكى 7 بوغۇم، ئىككىنچى بۆلىكى 4 بوغۇمدىن) تۈزۈلىدۇ. تەپئىلى:

فەئۇلۇن مەفائىلۇن مۇستەفئىلۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىسال:

سەنىڭدەك پەرى خەيلى ئادەمدە يوق،
دېمەي خەيلى ئادەمكى، ئالەمدە يوق.
پەرىشان چۇ زۇلفۇڭ خەمىن قىلدى يەل،
پەرىشان كۆڭۈل يوقكى ھەر خەمدە يوق.

(ناۋايى)

ئىككىنچى خىلى — «بەھرى مۇتەقارىب مۇسەددەس سالىم» («مۇكەممەل ئالتىلىك ئەپىلىك بەھرى»)، يەنى ھەر مىسرا ئىككى بۆلەكتىن، (بىرىنچى بۆلىكى 6 بوغۇمدىن، ئىككىنچى بۆلىكى 5 بوغۇمدىن تەركىب تاپىدىغان) 11 بوغۇملۇق ۋەزىن. بۇ بەھرىدە كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ غەزەللىرى كۆپ. بۇنىڭ تەپئىلى:

فەئۇلۇن فەئۇلۇن فائىل فەئۇلۇن.

مىسال:

مەگەر يا رەۋزەنى رىزۋانمۇدۇر بۇ؟
ئاغىز يا غۇنچەئى خەندانمۇدۇر بۇ؟
قاراقچى كۆزلەرىن كىم كۆرسە ئەيتۇر،
ئەجەب ئەيىيارى تۈركىستانمۇدۇر بۇ؟

(ئاتايى)

چۇ ھەردەم ئۇل پەرى بىگانە بولغاي،
ياقىندۇركىم كىشى دىۋانە بولغاي.
شەبىستان ئىچرە سەن ئۇل شەمئ سەنكىم،
كەۋاكىب دەۋرىدە پەرۋانە بولغاي.

**بەھرى ھەفىف** — «ھەفىف»نىڭ لۇغەت مەنىسى «شىلدىرلاي-دىغان» ياكى «ئۇرالغان» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ چاچما بەھرىدۇر.

بۇنىڭدا مىسرا 10 بوغۇمدىن تەركىب تاپىدۇ. سۆزلەرنىڭ بوغۇملىرى چېچىلىپ ئوقۇلىدۇ. بۇ بەھرىنىڭمۇ بىرقانچە تۈرلىرى بار. تولاراق ئىشلىنىدىغان (كلاسسىكلار تولاراق ئىشلەتكەن) تەپئىلى:

مۇتەفائىلۇن مۇتەفائىلۇن
ياكى
مۇفائىلەتۇن مۇفائىلەتۇن

مىسال:

قان بولدى كۆڭۈل پىراقى بىرلە،
كۆيدى جانىم ئىشتىياقى بىرلە.
ئىشقىندە قارا باشىم ئاقاردى،
بىر قاقمادى كۆز قاراقى بىرلە.

(ئاتايى)

قان بولدى كۆڭۈل فىراقىڭىزدىن،
جان كۆيدى ھەم ئىشتىياقىڭىزدىن.
دىنۇ دىلۇ ئەقل بولدى ياغما،
جان ئالغۇچى ئول قاراقىڭىزدىن.

(لۇتفى)

**بەھرى مۇزارىئ**— مۇزارىئنىڭ لۇغەت مەنىسى «ئوخشاپ كېتىدىغان»، «يېقىندىغان» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ بەھرىنىڭمۇ بىرقانچە خىلى بار. بىر خىلى — «بەھرى مۇزارىئ مۇسەممەن مەكفۇف مەقسۇر» («سەككىزلىككە ئوخشاپ كېتىدىغان ئەپلىك قىسقا بەھرى»). بۇنىڭدا مىسرا 12 بوغۇمدىن (ھەر بىر تۇراق 4 بوغۇمدىن 3 تۇراق بولىدۇ. لېكىن بۇ تۇراقلار گاھىدا كەسكىن ئايرىل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مايدۇ) تۈزۈلىدۇ. تەپئىلى:
مەفائىلۇن فائىلاتۇن مەفائىلۇن.

ئەگەر بۇ بەھرىنىڭ «مۇسەببەغ» (تولۇق، توق) تۈرى بويىچە، تەپئىلى: «مۇتەفائىلۇن فائىلۇن مەفائىلۇن» بولۇپ كەلسە، تۇراقلار ئالمىشىپ، بوغۇملار گىرەلىشىپ، 12 مىسرا يەنىلا 12 بوغۇمدىن تۈزۈلىدۇ.

مىسال:

يانا سەنسىزىن مۇنىسىم غەم بولۇپتۇر،
كۆزۈمگە يۈرەك قانى ھەمدەم بولۇپتۇر.
قارارىپ كۆزۈم دەم ـ بەدەم زار يىغلار،
ئاڭا شامى ھەجرىڭدە ماتەم بولۇپتۇر.

(ناۋايى)

جانىم سەدەقە ئول كۆزى بىمار سەنەمگە،
باشتىن يۈرۈپ گىسۇلەرىن سالسا قەدىمگە...
ئاغزى بىلە زۇلفۇ قەدى لام ـ ئەلىفدىن،
ئەي ۋاي نىپتەي خەستە كۆڭۈل قالدى ئەلەمگە.

(ئاتايى)

ئومۇمەن، ئەندىزىلىك شېئىرلاردا، مىسرالارنىڭ بوغۇملىرى مەلۇم سان بىلەن چەكلىنىدۇ؛ ئادەتتە، بىر مىسرا (شېئىرنىڭ ۋەز-نىگە قاراپ) يەتتە بوغۇمدىن 16 بوغۇمغىچە بولىدۇ. خەلق ئاممىسى يارىتىدىغان خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەزى شەكىللىرىدە، ئالمىشىش يولى بىلەن، بىرىنچى مىسراسى 8، ئىككىنچى مىسراسى 7 بوغۇمدىن

تۈزۈلۈپ، 4 مسرا بىلەن شەكىللەنگەن.

شەكىل جەھەتتىن تەكشى ـ رەتلىك، مۇناسىپ ۋەزنى بىلەن يېزىلغان شېئىرنى ئوقۇغاندا، ئاھاڭلارنىڭ تاكتى تەكشۈپ بولۇپ چىقىدۇ (بولۇپمۇ غەزەللەر ۋە خەلق بېيىتلىرىدا).

## 2. قاپىيە

شېئىر ئىجادىيىتىدە بەدىئىي شەكىلنىڭ ئىككىنچى بىر شەرتى — قاپىيە. بۇ خەلقئارا ئاتالغۇدا «rifm» دېيىلىدۇ. بۇ سۆز گرېكچە «rhythomos» (يەنى «ئاھاڭداشلىق») دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. مىسرانىڭ ئاخىرقى سۆزى ئىككىنچى بىر مىسرانىڭ ئاخىرقى سۆزى بىلەن ئاھاڭداش بولۇپ كەلسە، شۇ قاپىيە بولىدۇ.

قاپىيە — شېئىرىي ئەسەرنىڭ گەۋدىلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى. قاپىيىنىڭ 3 رولى بار: (1) سۆزلەردە مۇناسىپ ئاھاڭداشلىق پەيدا قىلىپ، تىلنى تەسىرلىنەرلىك، جاراڭلىق ۋە مۇزىكىلىق گۈزەللىككە ئىگە قىلىدۇ؛ شېئىرىي ئەسەرنىڭ رىتىملىق ھېسسىياتىنى كۈچەيتىدۇ. ئاڭلىنىش جەھەتتىن گۈزەللىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ؛ (2) كۈيلەشكە، دېكلاماتسىيە قىلىشقا، يادلاشقا ئاسانلىق تۇغدۇرىدۇ؛ (3) شېئىرىي تىلنى شېئىردىكى ئاڭ ـ تۇيغۇنى تەسىرلەندۈرەرلىك ئىپادىلەپ بېرىش پاساھىتىگە ئىگە قىلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن شېئىر ئوقۇغۇچىلاردا ئىچكى ئورتاق سادا پەيدا قىلىدۇ.

ھازىرغىچە ئىجاد قىلىنغان شېئىرلاردىكى قاپىيىلەر كۆپىنچە بوغۇملار تەركىبىدىكى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ خۇسۇسىيەتـ لىرى بويىچە، توق قاپىيە، ئاچ قاپىيە دەپ ئىككى تۈركۈمگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۆلۈندۇ: مىسرانىڭ ئاھاڭدارلىقىنى ئاشۇرۇش ۋە پىكىرنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بۇ ئىككى تۈركۈم ئاساسىدا يەنە قوش قاپىيە ياكى رادىف، ئىچكى قاپىيە دەپ تۈرلىنىدۇ؛ تاللانغان ۋەزىن تەلىپىگە ۋە تەپەككۇرنىڭ بەدىئىي ئېھتىياجىغا بېقىپ، ئىزچىل قاپىيە ۋە ئالماش قاپىيە دەپ ئايرىلىدۇ؛ ھەرقانداق قاپىيە ئاساسىي ئىدىيىنى گەۋدىلەندۈرگۈچى تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ ئۆزۈن ياكى قىسقا، مۇرەككەپ ياكى ئىخچام بولۇشىغا قاراپ، كەڭ قاپىيە ۋە تار قاپىيە دەپ پەرقلىنىدۇ.

## توق قاپىيە

توق قاپىيە — تويۇنغان قاپىيە، يەنى سېمىز قاپىيىدۇر. تىلدا تەلەپپۇز قىلىنىش ئورنى ۋە ئۇسۇلى ئوخشاش بولغان تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن قاپىيە — توق قاپىيە بولىدۇ. يەنى بىر بوغۇملۇق قاپىيە (سۆز) باشتىن ـ ئۇچقا بىر خىل سوزۇق تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان ۋە ئاخىرىدا بىر خىل ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن كەلگەن بولسا، بۇنى توق قاپىيە دەيمىز. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| گاز | ساز | ياز | غاز |
| دەز | پەز | گەز | سەز |
| ئىز | بىز | تىز | قىز |
| ئوز | بوز | توز | سوز |
| ئۇز | تۇز | مۇز | بۇز |
| بۆز | كۆز | سۆز | ئۆز |
| كۈز | تۈز | يۈز | ئۈز |

(ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بىر بوغۇملۇق سۆزلەردە "ئي"

تاۋۇشى كەلمەيدۇ).

بىر بوغۇملۇق سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇشلار (ئا ئە ئى ئو ئۇ ئۆ ئۈ) تىل ئورنى جەھەتتىن ئارقا سوزۇق، ئالدى سوزۇق، ئارا سوزۇق دەپ بۆلۈنگەنلىكى ئۈچۈن، ئارقا سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن سۆزلەر بىلەن ئالدى ياكى ئارا سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن سۆزلەر توق قاپىيە بولالمايدۇ. ئاندىن، سوزۇق تاۋۇشلار لەب ھالىتى بويىچە يەنە پەرقلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن بىر-بىرىگە توق قاپىيىداش بوغۇم تۈزگىلى بولمايدۇ؛ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلاردىنمۇ ئارقا سوزۇق "ئو"، "ئۇ" تاۋۇشلىرىدىن تۈزۈلگەن بوغۇم بىلەن ئالدى سوزۇق "ئۆ"، "ئۈ" تاۋۇشلىرىدىن تۈزۈلگەن بوغۇم بىر-بىرىگە توق قاپىيە بولالمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۈزۈك تاۋۇشلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ جۈپلۈك تاۋۇشلىرى بىلەنلا ئاساسەن توق قاپىيىداش بوغۇم بولالايدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ب-پ | د-ت | س-ز | چ-ش |
| ن-ڭ | ق-غ | ك-گ | ج-ژ |
| ھ-خ | ف-ۋ | | |

ئىككى بوغۇملۇق قاپىيىلەردە، بىرىنچى بوغۇملىرى بىر خىل سوزۇق تاۋۇشلار، ياكى ئۆزلىرىگە تۈركۈمداش (جۈپلۈك) تاۋۇشلار ئارقىلىق تۈزۈلۈپ ۋە ئاخىرى بىر خىل ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلىشىپ، ئاخىرقى بوغۇملىرى پۈتۈنلەي بىر خىل كەلگەن بولسا، ئۇنى مۇكەممەل توق قاپىيە دەيمىز. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئادا | سادا | جۇدا | قۇدا |
| ئالغان | قالغان | سولغان | يۇلغان |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېلىپ　كېلىپ　بىلىپ　قېلىپ　سېلىپ
كەچتى　ئېچتى　ئۇچتى　پىشتى　چۈشتى
ئاتتى　ياتتى　پاتتى　ساتتى　قاتتى
چاقماق　توقماق　ياقماق　ئۇقماق　قاقماق
ئۇلۇغ　تۇلۇق　تولۇق　بولۇق　خۇلۇق
ئەمگەك　ئەلگەك　كەسكەك　ئۈسكەك
ئۆزۈم　تۈزۈم　كۆزۈم　يۈزۈم
قايماق　ئويماق　مايماق　تويماق
ئۇيغۇن　تويغۇن　قوزغۇن　بوزغۇن

كۆپ بوغۇملۇق قاپىيىلەردە، ئاخىرقى بوغۇمى بىر خىل ياكى جۈپلۈك تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بولسىلا (بىرىنچى، ئىككىنچى بوغۇملىرى قانداق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر)، توق قاپىيە ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

باھار　ئېپتىخار　زۇلپىقار　سۇنقار
نىگار　يادىكار　ئىنكار　تۆھپىكار

ئاندىن، بەزىدە ئاخىرقى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بىرخىل كەلگەنلىكى ئاساس قىلىنىپ، توق قاپىيە ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

ھاۋا　سابا　ئارا　سادا　ۋابا
جۇدا　ئاشىنا　ئانا　ئاگا　ساگا
ئېپتىدا　پىدا　قايدا　قازا
جامال　شامال　سوئال　زاۋال

لېكىن ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلغاندا، بۇلار تويۇنغان قاپىيە بولالمايدۇ، پەقەت ئۇچىنچى ئوروندىكى توق قاپىيە ھېسابلىنىدۇ.

گاھىدا، ئاخىرقى بوغۇمى تەركىبىدە "ئان" ياكى "ئەن" كەل-
گىنىگە قاراپمۇ توق قاپىيە ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| گۈلىستان | زېمىستان | داستان | بوستان |
| خەندان | چەندان | پەلۋان | كارۋان |
| ۋەتەن | چىمەن | تۈمەن | سەمەن |
| گۈلشەن | روشەن | | |

بۇنداق قاپىيەلەرنىڭ ئاخىرىغا ئورۇن-چاغ كېلىش قوشۇمچىسى "دا-دە" قوشۇلۇپ كەلسە، مۇكەممەل توق قاپىيىگە ئايلىنىدۇ.

بولۇپمۇ ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرلارنىڭ بىرىنچى مىسراسىدا ھەل قىلغۇچ بوغۇمى ئوچۇق بوغۇم ياكى يېپىق بوغۇم بىلەن كەلگەن قاپىيە تاللانغان بولسا، قاپىيە كېلىدىغان باشقا مىسرالاردىمۇ شۇنداق ئوچۇق بوغۇم ياكى يېپىق بوغۇملۇق قاپىيەلەرنى قوللىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

قاپىيە بولۇپ كەلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ دەسلەپكى بوغۇملىرىدا، مەيلى تىل ئارقى ياكى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش-لىرى كەلسۇن، ئىشقىلىپ، ئاخىرقى بوغۇمى ئېزچىل ھالدا بىر خىل تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بولسا، ئۇنىمۇ توق قاپىيە ھېسابلاشقا بولىدۇ.

## ئاچ قاپىيە

**ئاچ قاپىيە** — ئورۇق قاپىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تەركىبىدىكى **سوزۇق تاۋۇشلار** ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئۈزۈك تاۋۇشلار ئوخ-شاش بولمىسا، ياكى جۈپلۈك تاۋۇش بولمىسا، ئۇنى ئاچ قاپىيە دەيمىز. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| كەلدى ـ كەتتى | سوزدى ـ تولدى |
| ئاتاپ ـ ساناپ | بۈگۈن ـ ئۈچۈن |
| ئېرىق ـ ئېچىق | پەلۋان ـ قەھرىمان |

چۈنكى، بۇنداق سۆزلەردە، سوزۇق تاۋۇشلار ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن قاپىيىنىڭ ئاچ ـ توقلۇقىنى بەلگىلەيدىغان ئاخىرقى بوغۇمدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلار ئوخشاش ئەمەس. ياكى ھېچ بولمىغاندا جۈپلۈك تاۋۇش ئەمەس.

مەنە ئېتىبارى بىلەن، ئايرىم مىسرالاردا ئاچ قاپىيىنى قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ.

توق قاپىيە بىلەن ئاچ قاپىيە توم قاپىيە ۋە ئىنچىكە قاپىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئېغىز ۋە بۇرۇن بوشلۇقلىرىنىڭ سادا چىقىرىش ھالىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، تاۋۇشلارنىڭ ياڭراقلىق دەرىجىسى كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولىدۇ. «توم ـ ئىنچىكە» دېمەك قاپىيىلەرنىڭ سادالىق دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ. تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئېغىز يوغانراق ئېچىلىپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇرۇن بوشلۇقىدىمۇ سادا پەيدا قىلغان قاپىيىلەرنىڭ ياڭراقلىق دەرىجىسى كۈچلۈكرەك بولىدۇ. مەسىلەن: "ئان، ئاڭ، دا، را، غا، ئەن، دە" دېگەندەك، "ئا ـ ئە" سوزۇق تاۋۇشلىرى "ن، ڭ، غ، ر" دىماق ياكى تىل ئارقى ياكى ئۇچى تىترەك ئۈزۈك تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن قاپىيىلەردە، بوغۇمنىڭ مەركىزى تاۋۇشى "ئا" ياكى "ئە" بولۇپ، ئېغىز يوغان ياكى كەڭ ئېچىلىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ؛ ئاندىن دىماق تاۋۇشى "ن، ڭ"، تىل ئارقى ۋە بوغۇز تاۋۇشى "د، غ" ۋە تىل ئۇچى كەينى يۆگىلىپ تىترەپ چىقىدىغان "ر" تاۋۇشى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، بۇ

تاۋۇشلار ئېغىزغا تولۇپ چىقىدۇ، ياكى دىماقتا ۋە تاڭلايدا تەڭلا سادا پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن قاپىيە جاراڭلىق يەنى توم قاپىيە دېيىلىدۇ. ئەكسىچە، تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئېغىز كىچىكرەك ئېچىلىپ، بۇرۇن ياكى ئېغىز بوشلۇقىدا سادا پەيدا قىلمايدىغان قاپىيەلەرنىڭ ياڭراقلىق دەرىجىسى ئاجىزراق بولىدۇ. مەسىلەن: "ئى" ياكى "ئې، ئۆ" ياكى "ئۈ" بىلەن تىل ئۇچى ياكى يېنى ئۈزۈك تاۋۇشلىرى "ل، ك، پ، گ، ت، ق، غ..."لار قوشۇلۇپ كەلگەن قاپىيەلەرنىڭ ياڭ-راقلىق دەرىجىسى ئاجىزراق بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق قاپىيە ئىنچىكە قاپىيە دېيىلىدۇ.

## قوش قاپىيە ياكى رادىف

مىسرانىڭ ئاخىرقى ئىككى سۆزى كېيىنكى قاپىيە چۈشكەن مىسرالارنىڭ شۇنىڭغا مۇناسىپ ئاخىرقى ئىككى سۆزى بىلەن قاپىيە-داش كەلسە، قوش قاپىيە بولىدۇ. بۇنىڭدا ئاخىرقى سۆز قاپىيىداش بولغان مىسرالاردا باشتىن-ئاخىرغىچە تەكرارلىنىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن، مۇنداق ئىزچىل تەكرارلىنىپ كەلگەن سۆز رادىف دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھەتتە بەزىدە كۆپ بوغۇملۇق ئىككى سۆز رادىف بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئىشرەت كۈنى ئەي دىلبەر دەشت ئەردى چىمەن سەنسىز،
باغ ئىچرە قىزىل گۈللەر باغرىمغا تىكەن سەنسىز.

ھۆسنۈڭ نۇرى تاپ ئەتسە جەننەت كۆرۈنۇر دوزاخ،
ۋەسلىڭ يوق ئېسە قىلمام جەننەتنى ۋەتەن سەنسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

غەم ئوتى كاۋاپ ئەيلەر ھىجرىڭدە چىقارغان دۇد،
ئىشق ئەھلى مەشامىغا چۈن مۈشكى خوتەن سەنسىز.

(گومنام)

## ئىزچىل قاپىيە ۋە ئالماش قاپىيە

بىر پارچە شېئىردا، قاپىيە قىلىنغان سۆزلەر باشتىن ـ ئاخىرغىچە بىر خىل ياكى جۈپلۈك تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بولسا ئىزچىل قاپىيە دېيىلىدۇ. ئىزچىل قاپىيە كۆپىنچە قىسقىراق شېئىرلاردا قوللىنىلىدۇ. چۈنكى، ئۇزۇن شېئىرلاردا باشتىن ـ ئاخىرغىچە بىر خىل تۈزۈلۈشتىكى قاپىيىدە چىقىرىش تەس. ئەگەر ئۇزۇن شېئىرلاردا ئىزچىل قاپىيە قوللىنىلىپ قالسا، قاپىيە قوغلىشىپ كېتىپ، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر بوغۇلۇپ قېلىش، ھەتتا دېمەكچى بولغان مەنىنى ئېنىق ئاڭلىتالماي قېلىش كەمچىلىكلىرى يۈز بېرىدۇ. شۇڭا، ئۇزۇن شېئىرلاردا، ئالماش قاپىيە ئىشلىتىلگىنى تۈزۈك. ئالماش قاپىيە — ھەر خىل قاپىيە، يەنى تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ ئەركىن بايان قىلىنىشى ئۈچۈن، شېئىرنىڭ ۋەزنىگە مۇناسىپ ھالدا بېيىت ياكى بەندلەردە يۆتكىلىپ بارىدىغان قاپىيە. ئىزچىل قاپىيە ئۈچۈن مىسال:

ئەجەبمۇ يايرىدى كۆڭلۈم ۋەتەن نۇرغا چۆمۈلگەندە،
خۇشال سايراپ تۈمەن بۇلبۇل، قىزىل گۈل ـ لەيلى كۈلگەندە،
بولۇپ بۇلبۇلغا جۈر ـ تەڭكەش ئازاد ناخشامنى ياڭراتتىم،
قارا قۇزغۇن چۈشۈپ تورغا، ئۇلۇغ يانغىندا كۆيگەندە.

(مەمتىلى زۇنۇن)

ئالماش قاپىيە ئۈچۈن مىسال:

بىدىشتا قىزارغان ياقۇتتەك ئۇزۇم،
ھۆسنىدە يالتىرار مەينىڭ شولىسى.
ئەنجۈردىن يېئۇدىم، قىزاردى يۈزۈم،
كۆزۈمگە نۇر بەردى شاپتۇل چىھرىسى.

(ئە. تاتلىق)

## ئىچكى قاپىيە

ئادەتتە، ۋەزنى ۋە مىسرالىرى ئۇزۇنراق شېئىرلاردا، مىسرا بۆلۈنۈپ ئوقۇلىدىغان جايىدىكى سۆزلەرنىڭ ئاھاڭداش بولۇپ كېلىشى ئىچكى قاپىيە دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى كلاسسىك شائىرلار ۋەزنى قىسقىراق ۋە مىسرالىرى ئىخچامراق شېئىرلاردىمۇ ئىچكى قاپىيە قوللانغان. بۇنىڭدا شائىر سۆزگە باي، تەسەۋۋۇردا يېتىلگەن بولۇشى كېرەك. بولمىسا، مەنە بىلەن كارى بولماي، سۆز-لەرنىڭ ئاھاڭداشلىقىغا يەنى ئىچكى قاپىيىلىك قىلىشقا بېرىلىپ كېتىش، مىسرالار قاپىيىداش سۆزلەرنىڭ تىزمىسى بولۇپ قېلىش كەمچىلىكى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇقۇپ سۆزلە سۆزنى ئىۋە سۆزلەمە،
سۆزۈڭ كىزلە كەتىن باشىڭ كىزلەمە.

(ئەخمەت يۈكنەكى)

ئەھلى نەزەر شىۋەسىنى سۆز بىلۇر،
نۇرى بەسەر مېۋەسىنى كۆز بىلۇر.

(خارەزمى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كەڭ قاپىيە ۋە تار قاپىيە

بوغۇملارنى تۈزۈشكە كۆپرەك قاتنىشىدىغان تاۋۇشلارغا ۋە ئادەتتە كۆپرەك ئىشلىنىدىغان بوغۇملارغا قاراپ، يەنە كەڭ قاپىيە ۋە تار قاپىيە دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. تىل ئادىتىدە بوغۇم تۈزۈلۈشىگە كۆپرەك قاتنىشىدىغان تاۋۇشلاردىن تەركىب تاپقان قاپىيە كەڭ قاپىيە بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغىنى تار قاپىيە دېيىلىدۇ. يەنى كەڭ قاپىيە — كەڭ كۆلەمدە ئىشلىنىدىغان قاپىيە؛ تار قاپىيە — ئىشلىتىلىش دائىرىسى تارراق بولغان قاپىيە.

ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇم تۈزۈشكە ئەڭ كۆپ قاتنىشىدىغان سوزۇق تاۋۇشلاردىن "ئا، ئە، ئۇ، ئى"، ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن "د، خ، ل، م، ن، پ، ر، س، ت، ي، ز، غ، ق"؛ ئازراق ئىشلىتىلىدىغان سوزۇق تاۋۇشلار "ئو، ئۆ، ئې، ئۈ". ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن "ب، گ، ج، ك، چ، ۋ، ش، ھ، ژ" (مۇمكىن بولسا، بۇ ھەقتە ئايرىم جەدۋەل تۈزۈۋالسا، كۆپ ئوڭايلىق تۇغۇلىدۇ).

قاپىيىلەر كەڭ ۋە تار بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، قەلەم تەۋرىتىشتىن ئاۋۋال، يېزىلىدىغان شېئىرنىڭ ھەجمىگە، ۋەزىن شەكلىگە ۋە ئادەتتە كۆپ ئىشلىنىدىغان سۆز - ئىبارىلەرگە قاراپ، مۇمكىنقەدەر كەڭ قاپىيىلەرنى تاللىۋېلىش كېرەك. چۈنكى، قاپىيە كەلتۈرۈشتە قىينالماي، كەڭ - كۇشادە يېزىشقا ئەپلىك بولىدۇ. ئەگەر تار قاپىيە تاللىنىپ قالسا، قاپىيە چەكلىمىسى بىلەن، پۇت - قول چۈشىلىپ قالىدۇ - دە، مەنىنى چوڭقۇر ئىپادىلەشكە تەسىر يەتكۈزىدۇ. يېزىش ئەمەلىيىتىدە، شېئىرنىڭ قاپىيىسىنى بەلگىلەيدىغىنى كۆپىنچە ھالقىلىق سۆز - ئىبارىلەردۇر؛ قاپىيىسىنىڭ كەڭ ياكى تار بولۇشى

پەقەت قاپىيە تاللاش ۋاقتىدىلا ئويلىنىدىغان ئامىللاردىن بىرى.

قاپىيە تاللاشتا ئىككى جەھەتنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك: بىرىنچىدىن، ئىپادىلەنمەكچى بولغان مەزمۇن ۋە ھېسسىيات كۆتۈرەڭگۈ-مەردانە سۆزلەرنى تەلەپ قىلامدۇ ياكى ئەگىتمە-نازۇك ۋە تەمكىن سۆزلەر بىلەن تەسۋىرلەشنى تەلەپ قىلامدۇ؟ ئىككىنچىدىن، يېزىشقا تاللانغان شەكىل ئۇزۇنمۇ-قىسقىمۇ، باشتىن-ئاياغقىچە بىر خىل قاپىيە ئىزچىللىشامدۇ ياكى بېيىت-بەنتلەردە قاپىيە ئالمىشامدۇ؟ — ئەنە شۇنىڭغا قاراپ كەڭ ياكى تار قاپىيىنى، ياكى بولمىسا توق ياكى ئاچ قاپىيىسىنى، ئىزچىل ياكى ئالماش قاپىيىنى قوللانسا بولىدۇ. (كۆپىنچە شائىرلاردا «قاپىيە لۇغىتى» بولىدۇ).

ئەمدى، كلاسسىك شېئىرىيەتتە ئۇچرايدىغان ئالاھىدە قاپىيە مەسىلىلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.①

شېئىرىيەتتە قۇرۇلما — ستىلىستىك ئۇسۇللارغا دائىر ئالاھىدىرەك قاپىيىلەرمۇ بار. ئۇنىڭ بىرى «رەددۇل قاپىيە». بۇ شېئىرنىڭ ئومۇمىي تۈزۈلمىسى ۋە قاپىيە بىلەن باغلىق بولغان شېئىرىي ئۇسۇللارنىڭ ئەڭ قەدىمكىلىرىدىن بىرىدۇر. 16-ئەسىرگىچە بولغان ئەسەرلەردە بۇ سەنئەت «ئىستا» دەپ ئاتالغان. بۇ ھەقتە يۈسۈف سەككاكى «مىفتاھۇل ئۇلۇم»دا، شەمسىددىن مۇھەممەد ئىبنى قەيس — رازىي «ئەل مۇتجەم فى مەئائىرى ئەشئارۇل-

① ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتشۇناسلىرىدىن ياقۇبجان ئىسھاقوۋنىڭ «ئۆزبېك تىلى ۋە ئەدەبىياتى» ھەم «ناۋايى پوئېتىكىسى» دېگەن ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىلدى.

ئەجەم»دە، نەسرىددىن تۇسىي «مىئيارۇل ـ ئەشئار»دا، كەمالىد۔
دىن ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفى «بەدايىئۇل ئەفكار ۋە سەنايىئۇل
ئەشئار»دا مۇھاكىمىلەر قىلغان. شەمس قەيسنىڭ پىكرىچە: "ئىتا
(لۇغەت مەنىسى) يولدا بىر كىمنىڭ قەدىمى ئورنىغا قەدەم قويماق۔
دۇر ۋە ئىش ـ ئەمەلدە ھەم سۆزدە مۇئىت① ۋە مۇۋاپىق كېلىشى۔
دۇر؛ ئالدىنقى قاپىيىنى باشقا قاپىيە ئورنىغا ئۆتكۈزسە ۋە بىر قاپىيە۔
يىنى، شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىن ئۆزگەرمىگەن ھالدا باشقا
قاپىيە سۈپىتىدە كەلتۈرسە، ئۇنى ئىتا دەيدۇ." "بىر قاپىيىنى
ئىككىنچى قېتىم يەنە تەكرارلاشتۇر ۋە ئۇ ئىككى خىل: جەلىي
ۋە خەفىي بولىدۇ." كاشىفى ئەسەرىدىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. لېكىن
قاپىيە تەكرارلىقىنى شەرتلىك ھېسابلايدۇ. يەنى بىرەر قەسىدە
ياكى غەزەلدە قاپىيىنىڭ بىر قېتىم تەكرارلىنىشىغا يول قويۇلىدۇ.
سەككاكى ئىتانىڭ ئەيىبى تەكرارلانغۇچى سۆزلەر ئارىسىدىكى
ئارىلىق (مۇساپە) بىلەن باغلىق دەيدۇ؛ شەمس قەيس يىگىرمە
ئۈچ ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق بېيىتلىك قەسىدىدە قاپىيە تەكرار۔
لىنىشى مۇمكىن، دەيدۇ. نەسرىددىن تۇسىي تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇ۔
رۇپ، تەكرار قىتئە ۋە غەزەلدە 7 بېيىت، قەسىدىدە 14 بېيىتتىن
كېيىن كېلىشى مۇمكىن، دەيدۇ.

ئىران ئالىمى سەيىد مۇھەممەد رىزا دائى جەۋاد «ئىلمى بەدا۔
يىئ دەرزەبانى فارىسى» دېگەن ئەسىرىدە، رەددۇل قاپىيە (قاپىيىنىڭ
تەكرارلىنىشى)نى ئالاھىدە سەنئەت سۈپىتىدە ئىزاھلىغان. بۇ
ئالىمنىڭ پىكرىچە: "رەددۇل قاپىيە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، قەسىدە

① مۇئىت — بويسۇنغۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى، تەۋە.

ياكى غەزەلدىكى بىرىنچى مىسرانىڭ قاپىيىسى ئىككىنچى بېيىتنىڭ ئاخىرىدا تەكرارلىنىدۇ." بۇ پىكىرلەرگە ئاساسەن ياقۇبجان ئىسھا-قوۋ مۇنداق خۇلاسە چىقىرىدۇ: رەددۇل قاپىيە قەسىدە ۋە غەزەل مەتلەئىدىكى① ياكى باشقا بېيىتلەردىكى قاپىيىلەردىن بىرىنى ئۇنىڭدىن كېيىنكى بېيىتلەردىن بىرىدە ياكى مەقتە②دە مۇئەييەن شېئىرىي مەقسەت بىلەن تەكرارلاشتىن ئىبارەت.

شېئىرىيەت نەزەرىيىسى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەن ئالىملار قاپىيە تەكرارلىقىنى ئىككى قىسىمغا بۆلگەن: بىرى ئىتائى جەلىي (ئوچۇق، ئاشكارا تەكرار)، يەنە بىرى ئىتائى خەفىي (يېپىق، يۇشۇرۇن تەكرار). ئىتائى جەلىي — قاپىيىنىڭ ئۆزگەرمىشسىز — ئەينەن تەكرارلىنىشىدۇر. ئىتائى خەفىي — قاپىيە بولۇپ كەلگەن سۆزلەردە قاپىيە ھاسىل قىلغۇچى سۇففىكسنىڭ① ئەينەن تەكرارلان-غانلىقى كۆزگە تېز چېلىقمىسا، ئىتائى خەفىي بولىدۇ. مەسىلەن، «پاسىبان، مېھرىبان» سۆزلىرىدىكى قاپىيە ئامىللىرى "بان" قوشۇمچىسى شۇنداق، ئەمما مۇنداق تەكرار تۈرلۈك مەنىدىكى سۆزلەر تەركىبىدە كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئېنىق بىلىنمەيدۇ. سەك-كاكى، ئاتايى، لۇتفى ۋە ناۋايىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ سەنئەتنىڭ نەمۇنىلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. كلاسسىكلىرىمىزنىڭ شېئىرلىرىدا "رەد" سەنئىتى يۈكسەك ماھارەت بىلەن قوللىنىلغان. مۇنداق تەكرارنىڭ

---

① مەتلەئ — شېئىرنىڭ باشلاپقى بېيىتى، ياكى ئىككى مىسراسى، يەنى باشلانمىسى.

② مەقتە — شېئىرنىڭ ئاخىرقى بېيىتى ياكى ئىككى مىسراسى، چۈشۈر-گىسى، تۈگەللىمە.

① سۇففىكس — سۆز ئاخىرى بۆلىكى، سۆز ئاخىرى قوشۇمچىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاساسىي شەكىللىرى جەھەتىدە: فرازېئولوگىيىلىك تەكرار، يەنى ”رەد“كە مەنسۇپ قاپىيىلەردىن بىرى ئاددىي سۆزدىن ئىبارەت بولسا، ئىككىنچىسى فرازېئولوگىيىلىك ئىبارە تەركىبىدە كېلىدۇ؛ شۇنىڭدەك ھەر ئىككى ئورۇندا فرازېئولوگىيىلىك بىرلىكلەر تەركىبىدە كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ۋەسىيەت قىلدى قەبرە باشىدا فەرھاد ئىلە مەجنۇن،
جۇنۇن سەھراسىدا ئول تاشلار كىم كۆكسۈمە ئۇردۇم...

ھەۋالەم قىلسا پىرى دەير بۇت يا مۇغبەچە زۇننار،
نە چارە چۇن قويۇپ مەسجىد، فەنا دويرىغە يۈز ئۇردۇم.

يەنە:

دەردى ئىشقىڭ ئويلەزار ئەتمىش مەنى، ئەي باغرى تاش،
كىم قويارمەن يىغلابان ھەر ناتەۋان ئالىدا باش...

چۇن مەنى قىلدى بەلا تاغى جۇنۇن، تاش ئاتماڭىز،
نىگەكىم يەردىن ئالىپ ئاتماس كىشى تاغ ئۈزرە تاش.

(ناۋايى)

دېمەك، سۆز — فرازېئولوگىيە ۋارىئانتىدا سۆز ـ قاپىيە ئۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسىگە ئىگە بولسا، كېيىنكى ھالەتتە ئۇ كۆچمە مەنىدە كېلىدۇ.

لېكسىكىلىق تەكرار بىر نەچچە خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلى، قاپىيىنىڭ مۇستەقىل سۆز تەرزىدە تەكرارلىنىشى (سۆزمۇ ـ سۆز)؛ ئىككىنچى خىلى، ئىزاپە تەرزىدىكى تەكرار (سۆز ـ ئىزاپە، ئىزاپە ـ سۆز، ئىزاپە ـ ئىزاپە)؛ ئۈچىنچى خىلى، ئىبارە ۋە سۆزبىرىكمىسى شەكلىدىكى تەكرار (سۆز ـ ئىبارە، ئىبارە ـ سۆز، ئىزاپە ـ ئىبارە،

ئىبارە-ئىبارە، ئىبارە-ئىزاپە ۋە باشقىلار). مىساللار:

مۇستەقىل سۆز تەرزىدىكى تەكرار (سۆزمۇ-سۆز):

يۈزىنى كۆردى بەدەن چاكىدىن خەراب كۆڭۈل،
ئۈزۈلدى، بەسكى ئەيان قىلدى ئىزتىراب كۆڭۈل.
چۇ بولدى جىلۋەگەر ئول گەنجى ھۆسن، ھەسرەتىدىن،
خەرابلىغ قىلادۇر ھەر زامان خەراب كۆڭۈل.

(ناۋايى)

ئىزاپە تەرزىدىكى تەكرار (سۆز-ئىزاپە):

سۆزلەردە قاچانكىم كۆزى قاشى بىلە ئويىنار،
ھەرگوشەدە يۈزمىڭ كىشى باشى بىلەن ئويىنار...
كۆرگۈزسە قارا، بەرھەم ئۈرار چىنۇختانى،
كۆز ئۈستىدە كى خالى چۇ قاشى بىلە ئويىنار.

(لۇتفى)

ئارەزىڭ سۇبھىدىن ئەل ئەيشىنى جاۋىد ئەيلەدىڭ،
ئەي كۆلكىم، ئارزۇيى ئۆمرى جاۋىد ئەيلەدىڭ.

(ناۋايى)

شۇنىڭدەك، سۆز-ئىزاپە: "ئالەمدە سەنسەن، ئادەمدە سەنسەن"؛ ئىزاپە-سۆز: "ئۈششاقى زار-زار، ئەھلى نەسىم-نەسىم، جان پارە-پارە، خەندان پارە-پارە"؛ ئىزاپە-ئىزاپە: "سەرۋى رەۋانىم-روھى رەۋانىم، سەنەمى رەنا-گۈلى رەنا" ۋە باشقىلار.

## 3. مىسرا، بېيىت، بەنت

«مىسرا» ئەسلى ئەرەبچىدە، (شېئىرنىڭ) بېرىم قۇرى ياكى بېرىم جۈملىسى دېگەنلىك بولاتتى، لېكىن ھازىرقى ئىستېمال مەنە-

سىدە، شېئىرنىڭ بىر جۈملىسى ئادەتتە بىر مىسرا ھېسابلىنىدۇ. مىسرا خەلقئارا ئاتالغۇدا «Stih» دېيىلىدۇ، بۇ گرېكچە Sticchos (رەت، تەرتىپ، ئىنتىزام) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، يەنى مىسرا — سۆزلەرنىڭ مۇنتىزىم بىر قاتىرى دېگەنلىك بولىدۇ. گراماتىكىلىق قائىدە ۋە مەنتىقى پىكىرنىڭ تەقەززاسى بىلەن، گاھىدا پۈتۈن بىر ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدىغان بىر جۈملە (كۆپىنچە زامانىۋى ئۇسلۇبتىكى شېئىرلاردا) ئىككى مىسرا قىلىپمۇ تۈزۈلىدۇ. مىسرادا جۈملىنىڭ گراماتىكىلىق قائىدىسىگە تولۇق رىئايە قىلدىنىشى كېرەك. خۇددى ئادەتتىكى گەپلەردە ئىگە-خەۋەر ۋە تولدۇرغۇچىلار بولغىنىدەك، مىسرادىمۇ شۇ ئامىللار تولۇق بولۇشى كېرەك. يەنى، بىر مىسرا پۈتۈن بىر ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان جۈملىدىن ئىبارەت بولسا، گراماتىكىلىق قائىدە بويىچە تۈزۈلگەن جۈملىدىكىدەك، مىسرادىمۇ خەۋەرنى بىلدۈرىدىغان بىر پېئىل بولۇشى، ئىگە-خەۋەر قۇرۇلمىسى بولۇشى لازىم. ئەگەر بىر مىسرادا ئىككى پېئىل كېلىپ قالسا، ئۇ مۇرەككەپ جۈملە شەكلىنى ئالىدۇ-دە، مىسرانىڭ بىر قىسمى قوشما جۈملىنىڭ بېقىندى جۈملىسى بولۇپ، يەنە بىر قىسمىدا كەلگەن پېئىل زامانلىق خەۋەرنى بىلدۈرىدۇ. يەنى مۇنداق ھاللاردا بىر پېئىل "ئىپ، ئۇپ" دېگەندەك ھالەت رەۋىشداشلىرى بىلەن كەلگەن بولسا، ئىككىنچى پېئىل "دى-تى، غان-قان، گەن-كەن، سا-سە، ماس-مەس" شەكلىدە ئېنىق زامانىنى بىلدۈرىدىغان خەۋەر بولۇپ كېلىشى كېرەك. ئاندىن، مىسرالاردا پەقەت بوغۇم تولدۇرۇش ئۈچۈنلا «ئالىماش سۆزلەرنى» كۆپ ئىشلىتىش پاساھەتكە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

بېيىت — ئەسلى ئەرەبچىدە «بىر جۈملە» دېگەنلىك بولىدۇ.

لېكىن ئىستېمال مەنىسىدە، ئايرىم - ئايرىم مىسرالاردىن تەركىب تېپىپ، بىر - بىرىگە چىڭ باغلانغان ھالدا، پۈتۈن بىر تەپەككۇرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدىغان ئىككى مىسرا بىر بېيىت بولىدۇ. كۆپىنچە ئەندىزىلىك شېئىرلاردا بېيىت ئاساس قىلىنىدۇ. شۇڭا كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ سانى بېيىت بىلەن ھېسابلىنىدۇ.

## بەند (بەنت) ۋە كۇپلېت

ئەسلىدە «ماددا»، «بوغۇم»، «بايراقچە» دېگەن مەنىدىكى سۆز. بۇنى خەلقئارا ئاتالغۇدا «Strofa» دەيدۇ. بۇ گرېكچە Strophe (چۆرگىلەش، ئايلانما)، يەنى پىكىرنىڭ بىر ئايلانمىسى، شېئىرنىڭ بىر بۆلىكى دېگەنلىك بولىدۇ. ھازىر ئادەت تىلىدا كۇپلېت دەپ ئاتايدۇ. كۇپلېت فرانسۇزچە «Couple» (تۇتام، باغلام) سۆزىدىن كېلىپ چىققان.

ئىككى ياكى بىرقانچە شېئىرىي قۇر بىرىكىپ، سىستېمىلىق قاپىيە ۋە ئومۇمىي ئىنتوناتسىيە بىلەن مەلۇم تەرتىپتە تەشكىل تاپسا — شۇ «بەند» ياكى «كۇپلېت» بولىدۇ. دېمەك، بەند ياكى كۇپلېت — مەلۇم شەكىلدىكى ئۆزىگە خاس ئوبرازلىق ئىبارىلەر، ئىنتوناتسىيىلىك - سىنتاكسىسلىق شېئىرىي جۈملىلەرنىڭ بىرىكمىسى. پۈتۈن بىر پارچە شېئىردا ئاساسىي ئىدىيە گەۋدىلەنگەن بولسا، بەنت ياكى كۇپلېتلاردا شۇ ئاساسىي ئىدىيىگە ياندىشىدىغان ئۇقۇملار ياكى ئاساسىي ئىدىيىنىڭ — مۇشۇ گەۋدىنىڭ ئەزالىرى ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا بۇنى ئاساسىي ئىدىيىنىڭ بەدىئىي ئۇگىلىرى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. كۇپلېت-لاردا مىسرا سانى 2، 3، 4، 5، 6، 8 بولىدۇ. شېئىر قايسى شەكىلدە يېزىلغان بولسا، شۇ شەكىلنىڭ تەلىپى بويىچە، مىسرالارنىڭ سانى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تارقىتىش

بەلگىلىنىدۇ. لېكىن كۇپلېت بىر ـ بىرىگە مەنىۋى ئالاقىسى بولمىغان مىسرالارنىڭ تىزمىسى ئەمەس. كۇپلېت تەركىبىدىكى مىسرالار بىر ـ بىرىنى مەنە ۋە تەسۋىر جەھەتتىن تولۇقلىشى ياكى بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىشى لازىم.

كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرىي سەنئەتلىرىگە خاس يەنە مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرمۇ بار. ئۇنىڭ بىرى «رەددۇل مەتلە (ياكى مەتەل)». كلاسسىك شېئىرىيەتتە «رەددۇل مەتلە» ئاساسەن قەسىدە ۋە غەزەلگە خاس ۋە شېئىرنىڭ سىمانتىكىلىق ـ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسى بىلەن ئالاقىدار بولغان سەنئەتتۇر.

كاشىفى: «رەددۇل مەتەل — يېقىنقى دەۋردىكىلەر بۇ ئەمەلنى (ئىشنى) سەنئەتلەر جۈملىسىدىن ھېسابلىغان ۋە ئۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، شائىر مەتلەئىدىكى مىسرانىڭ قاپىيىسىنى كېيىنكى بېيىتتە كەلتۈرىدۇ». دەپ قاپىيە بىلەن ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. يېقىنقى زامان ئىران ئالىمى دائى جەۋاد مۇنداق دەيدۇ: «رەددۇل مەتەل شۇكى، قەسىدە ياكى غەزەلنىڭ بىرىنچى مىسراسىنى مەقتەدە ۋە شېئىرنىڭ ئاخىرىدا تەكرارلايدۇ».

ئۆزبېكىستان ئەدىبلىرىدىن ياقۇپجان ئىسھاقوۋ بۇ بايانلاردىن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىدۇ: «رەددۇل مەتەل — غەزەل ياكى قەسىدە مەتلەئىدىكى مىسرالاردىن بىرىنى كېيىنكى بېيىتلەردىن بىرى تەركىبىدە ياكى مەقتەدە مۇئەييەن مەقسەد بىلەن يېڭىچە سىتىلىستىك نۇقتىئىنەزەردە تەكرارلاش سەنئىتىدۇر»① بۇ سەنئەت مەتلە ۋە

---

① ي. ئىسھاقوۋ: «ناۋايى پوئېتىكىسى»، ئۆز ـ س س ر «فەن» نەشرىياتى. 1983 ـ يىل نەشرى. 133 ـ بەت.

مەقتە ئوتتۇرىسىدىكى بەندلەردە، ئاساسەن ئىككىنچى بېيىتتە ئۇچ- رايدۇ؛ كۆپىنچە مەتلەدىكى ئىككى مىسرادىن بىرى (ئاساسەن بىرىنچى مىسراسى) تەكرار كېلىدۇ.

ئاتايى غەزىلىدىن مىسال:

سۆۋدى خوبلارنى، ئايىردى خانۇمانىمدىن كۆڭۈل،
ئۆزگە نە ئىستەر مەنىڭ بۇ قىلچە جانىمدىن كۆڭۈل...
جان بېرۇر مەھبۇب ئۈچۈن ئاشىق، ئاتايى، نەچچەسەن،
ھەر دەم ئەيتۇرسەر: ئايىردى خانۇمانىمدىن كۆڭۈل.

سەككاكى غەزىلىدىن مىسال:

كۆرۈپ گۈلتەك يۈزۈڭ جان پارە-پارە،
جىگەر ھەم قىلدى ئول جان پارە-پارە.
كۆڭۈل سەككاكىتەك جان بىرلە رازى،
جىگەرنى قىلسا ئول جان پارە-پارە.

ناۋايىدىن مىسال:

ئاتەشىن گۈل بەرگىدىن خىلئەتكى جانانىمدەدۇر،
خىلئەت ئەرمەس، ئول بىر ئوتدۇركىم، مەنىڭ جانىمدەدۇر.
ئاتەشىن لەئلەدۇرۇر كىم، ئاندا مۇزمار بولدى جان،
ئاتەشىن گۈل بەرگىدىن خىلئەتكى جانانىمدەدۇر.

شېئىرىيەتتە، بولۇپمۇ غەزەلدە بۇ سەنئەتنىڭ ئاساسي ۋەزىپىسى تەكىتلەشتۇر. مەتلەنىڭ بىرىنچى مىسراسى تېزىس خاراكتېرىدە بولسا، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ ئاساسي پىكرى يىغىنچاق ئىپادىلىنىدۇ. ئىككىنچى مىسراسى ئەنە شۇ ئاساسي پىكىرنى زامان ۋە ماكان جەھەتلىرىدىن كونكرېتلاشتۇرىدۇ.

ئاخىرىدا، يەنە بىرقانچە مەسىلىھەت بەرمەكچىمىز.

شېئىر ئىجادكارلىرى بارا-بارا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىشى كېرەك. خاس ئۇسلۇب — ئاپتور تىلى (ئاپتورنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى)، بەدىئىي ۋاستىلەردىن ئۆزگىچە پايدىلىنىش جەھەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەلىكىلىك شائىرنىڭ يازغان ئەسىرى ئۆز نامىنى يازمىغان تەقدىردىمۇ شۇ كىشىنىڭ ئىكەنلىكى كىتابخانغا ئايان بولالىسا، ئەنە شۇنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب دېسە بولىدۇ.

شائىر — سۆز ئۇستىسى، تىل ھۈنەرۋىنى بولغىنى ئۈچۈن، ئىجادىيەتتە ئۆزىگە قورال بولغان تىلنىڭ گراماتىكىسى، شېئىرىي ئىجادىيەتنىڭ تېخنىكىسى ھەققىدىكى ئېستېتىكا، پىكىرنى توغرا ئىپادىلەشنى ئۆگەتىدىغان لوگىكا، شۇنداقلا شۇ تىل ئىگىسى بولغان خەلقنىڭ تىل تارىخى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، ئەدەبىيات تارىخىنى ئۆگىنىشى كېرەك. خەلق تىلىدىن تەسۋىرىي ئىبارىلەر، ساتىرا-ھەجۋىي، يۇمۇر، ئوخشىتىش، مۇبالىغە شەكىللىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، شائىرنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ئىقتىدارى ئاشىدۇ.

شېئىر ئاھاڭدارلىقى يۇقىرى بەدىئىي ئەسەر بولغىنى ئۈچۈن، شائىر ئۇنىڭ ئىنتوناسىيىسىنى ئىپادىلەش يوللىرىنى ئۆگىنىشى كېرەك. بۇنىڭدا فونېتىكا قائىدىلىرىنى، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەڭكەش بولۇپ چىقىش قانۇنلىرىنى، ئۇرغۇ قائىدىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. شېئىردا تەتۈر جۈملە تۈزگەندە مەنىسىگە بەك دىققەت قىلىش، سۆز-پىكىر تەكرارلىقىدىن ساقلىنىش، قوپال-بەدىۋى سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ئۆزىنى تارتىش تەكىتلىنىدۇ.

## 2. شېئىرنىڭ تۈرلىرى

شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ تۈرلىرى كۆپ. شېئىرىي ئەسەرلەر مەزمۇن جەھەتتىن لىرىك شېئىر ۋە ئېپىك شېئىر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### لىرىك شېئىرلار

لىرىك — قەدىمكى گرېك تىلىدا «Lyra» دېگەن تارلىق چالغۇ ئەسۋابىنىڭ نامى؛ شۇنىڭ تەڭكەش قىلىنىشى بىلەن ناخشا-قوشاق ئورۇندىلاتتى. ئەرەبچىدىمۇ لىرىكا «شېئىر غىنائى» يەنى نەغمىلىك شېئىر دېيىلىدۇ. دېمەك لىرىكا — لۇغەت مەنىسى جەھەتتىن مۇزىكىدەك ئاھاڭدار شېئىر دېگەن سۆز. لىرىكا — كەڭ مەنىدە ئالغاندا — ئەدەبىياتنىڭ ئېپوس، لىرىكا، دراما دېگەن ئۈچ ئاساسىي تۈرىدىن بىرى؛ تار مەنىدە ئالغاندا، شېئىرنىڭ بىر تۈرى.

لىرىكىلىق ئەسەردە (بولۇپمۇ شېئىردا)، ئاپتورنىڭ رېئال كۆرەشتىن ئۇرغۇپ چىققان پىكىر-تۇيغۇسى ئىزھار قىلىنىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ؛ ھەجىم جەھەتتىن قىسقىراق بولىدۇ. ئۇنىڭدا مۇكەممەل ۋەقەلىك ھەم شەخسىي ئوبرازلار بولمايدۇ؛ ۋەقە ياكى چۈشەنچە شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ كەيپىيات — كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق يېشىلىدۇ. شۇڭا، لىرىكىلىق ئەسەردە باش قەھرىمان شائىرنىڭ ئۆزى دېسىمۇ بولىدۇ. ئېسىل لىرىكىلىق شېئىر تەرەققىيپەرۋەر خەلق ئاممىسىنىڭ ئاڭ-تۇيغۇلىرىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى، شۇنداقلا زامان روھىنىڭ ئىنكاسى. چۈنكى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىرىكىلىق ئەسەر، ئۆزىنىڭ قىسقا بولۇشىغا قارىماي، تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى بەدىئىي يۇسۇندا ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. لىرىكىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى كىشىلەرنىڭ ھاياجانلىنارلىق نۇقتىنى، ئۇرغۇپ تۇرغان تۇيغۇلىرىنى كەچۈرمە سۈپىتىدە ئوبدان ئىپادىلەپ بېرىشتىن ئىبارەت. لىرىكىنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى ئومۇملاشتۇرۇش، شەخسلەشتۈرۈش (ئىندىۋىدۇئاللىق)، ئوي-پىكىر ئامىلى ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ:

كونكرېت شەخس سەرگۈزەشتىنى تىپىك سەرگۈزەشت تەرىقىسىدە ئىپادىلەشكە ئىنتىلىش — ئومۇملاشتۇرۇش بولىدۇ؛ شائىرنىڭ قەلبىدە ئايرىم ئادەمنىڭ سەرگۈزەشتى، جانلىق ۋە بىۋاستە تۇيغۇسىنىڭ ئىپادىلىنىشى — شەخسلەشتۈرۈش بولىدۇ؛ ئۇنىڭدىكى ئوي-پىكىر پەقەت شائىرنىڭ شەخسىي ئوي-پىكىرلا ئەمەس، بەلكى تىپىك سەرگۈزەشت ئاساسىدىكى ئوي-پىكىر بولىدۇ؛ "شائىر ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ مەنبەسى ئۇنىڭ شەخستە ئىپادىلەنگەن روھىدۇر. شۇڭا، شائىر روھىنى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خاراكتېرىنىڭ دەسلەپكى ئىزلىرىنى ئۇنىڭ شەخسىدىن ئىزلىمەك كېرەك. شېئىر يازغۇچى ھەرقانداق كىشى ئۆز شەخسىنى ئىپادىلىيەلمەيدۇ... بۇنىڭغا پەقەت شائىر بولۇپ تۇغۇلغان كىشىلا قادىر. شائىرنىڭ شەخسى قانچە چوڭقۇر ۋە كۈچلۈك ئەكس ئەتكەن بولسا، ئۇ شۇنچە ھەقىقىي شائىردۇر".① شائىر سەرگۈزەشتىنى تەسۋىرلىگەندە، تۇرمۇشنى ئىجتىمائىي ئاڭ-پىكىر دائىرىسىدە ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن، لىرىكا تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

---

① ۋ. گ. بېلىنسكىي، 3 توملۇق ئەسەرلىرى، III توم، 1948. م.

لىرىكا سىياسىي لىرىكا، پەلسەپىۋى لىرىكا، مۇھەببەت لىرىكىسى، مەنزىرە لىرىكىسى دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

## ئېپىك شېئىرلار

ئېپىك (قىسسىي) شېئىردا، ئومۇمەن لىرىكا ئاساس قىلىنمايدۇ، بەلكى ۋەقە ئاساس قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا مۇكەممەل رەك سيۇژىت ۋە تۈزۈلمە (كومپوزىتسىيە) ئارقىلىق ئوبراز يارىتىلىپ، تېما ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن ئېپىك شېئىردا، شەخسلەرنى سۈرەتلەش ۋە شەيئىلەرنى تەسۋىرلەش ھېكايە - رومانلىكىدەك (نەسرىي ئەسەرلەردىكىدەك) ئىنچىكە - تەپسىلىي بولمايدۇ.

لىرىكىلىق شېئىر بىلەن ئېپىك شېئىرنىمۇ بىر - بىرىدىن مۇتلەق ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. خۇشاللىق، غەزەب، مۇھەببەت، نەپرەت تۇيغۇلىرىنى ئىزھار قىلىش ئىككىلا تۈرنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى. ئېپىك شېئىردىمۇ شائىر لىرىكىلىق ھېسسىياتىنى گاھىدا بىۋاستە ۋە گاھىدا ۋاستىلىق ئىزھار قىلىدۇ. شۇڭا، ئېپىك شېئىردىمۇ لىرىكىلىق تەركىب بولىدۇ. گاھىدا بۇ، ئەدەبىياتنىڭ لىرىكىلىق - ئېپىك تۈرى سانىلىدۇ.

لىرىكىلىق - ئېپىك ئەسەرلەر ئۆزىنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى جەھەتتىكى ئايرىمىلىقى بويىچە، رومان، داستان (پوئېما)، قەھرىمانلىق قىسسىلىرى، تارىخىي قوشاقلار، باللادا، شېئىرىي پوۋېست ياكى ھېكايە، مەسەل (باسنيا) دېگەندەك بىرقانچە خىل بولىدۇ.

شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ ھازىرغىچە بىزدە ئىشلىتىلىپ كەلگەن بىرقانچە خىل شەكلى بىلەن بىر - بىرلەپ تونۇشۇپ چىقايلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قوشاق ـ بېيىتلار

قوشاق ـ بېيىتلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋە كەڭ تارقالغان تۈرى، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئانىسى. ئۇلارنى ئەمگەكچى خەلق ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە سىنىپىي كۈرەش جەريانىدا ياراتقان. ھەر بىر تارىخىي شارائىتتا، شۇ شارائىتقا مۇۋاپىق قوشاق ـ بېيىتلار ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. بۇنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئومۇمەن ئىدىيىۋىلىكى ۋە جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك، ھېسسىي ـ تۇيغۇ جەھەتتىن ساددا ـ ساغلام؛ تىلى ئاممىباب، جانلىق، ئېنىق ـ ئۇقۇشلۇق، يادلاشقا ئەپلىك، ئوڭاي تارقىلىدىغان؛ ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىن ئوخشىتىش، تەكرارلاش ئۇسۇللىرى كۆپ قوللىنىلىدىغان شەكىل. قوشاقلار كۆپىنچە بارماق ۋەزنىدە، ھەم ئارۇز ۋەزنىدىمۇ يېزىلىدۇ؛ مىسرالىرى 7 ـ 8 بوغۇملۇق كېلىدۇ؛ مىسرالىرى تۆتلۈك شەكىلدە، تولاراق a b a b، a b c b ياكى a a a b، c c c b سخېمىلىرىدا قاپىيىلىنىدۇ. ھازىرقى زامان خەلق قوشاقلىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، تۆتلۈكنىڭ دەسلەپكى ئىككى مىسراسى كۆپىنچە تەبىئەت تەسۋىرى ياكى شەيئىلەر سۈرىتى بىلەن كېلىپ، كېيىنكى ئىككى مىسراسى ئىجتىمائىي مەزمۇننى ئىپادىلەپ قاپىيىلىنىدۇ.

قوشاقلار ئەمگەك قوشاقلىرى، مۇھەببەت قوشاقلىرى، قەھرىمانلىق قوشاقلىرى، پەسىل ـ مەۋسۇم قوشاقلىرى، توي ـ مەرىكە قوشاقلىرى، ھېيت ـ مۇراسىم قوشاقلىرى، مەرسىيەت قوشاقلىرى دەپ بۆلۈنىدۇ. ھازىر ناخشا تېكىستلىرى ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيىتى بويىچە، كۆپرەك خەلق قوشاقلىرى ئۇسلۇبىدا يېزىلە-

دىغان بولدى. بۇ خەلق سۆيىدىغان ۋە ئىجادىيەتتە خەلق قەدىمدىن تارتىپ كەڭ پايدىلىنىپ كەلگەن ژانىر. خەلق بېيىتلىرىمۇ خەلق قوشاقلىرىدەك ئاممىۋى ژانىردۇر. توي ـ مۇراسىملاردىكى ئېيتىشىشلار، ئىبرەتلىك نەسىھەتلەر ۋە پاك مۇھەببەت تۇيغۇلىرى كۆپىنچە بېيىت شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. بېيىتلارنىڭ ۋەزنىلىرى كۆپىنچە ئارۇز ۋەزنىگە چۈشىدۇ؛ بەزى خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىمۇ بېيىت شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. بېيىتلار كۆپىنچە 8 ـ 5 بوغۇملۇق (يەنى بىرىنچى مىسراسى 8، ئىككىنچى مىسراسى 5 بوغۇملۇق) ۋە a b c b قاپىيىلىك كېلىدۇ.

قوشاقلاردىن مىسال:

ئىشكىم ئالدى چىناردۇر،
بۇلبۇل كېلىپ قونادۇر.
يار ئۈستىگە يار تۇتۇش
يىگىتلەرگە گۇناھدۇر.

پۇتۇمدىكى ئۆتۈكنى
قىزىل مايدا مايلايمەن.
ئەمگەك سۆيمىگەن يارغا
مەن نېمىشكە قايلايمەن.

بېيىتلاردىن مىسال:

ھەركىشىنىڭ ئۆز يارى
كەلسە قېشىغا،

قىسقۇالسۇن گۈل قىلىپ
ئەزىز بېشىغا.

پولات نەيزە، ئالماس قىلىچ
يەردە ياتامدۇ.
ساڭا ئوخشاش تازا غۇنچە
سولۇپ ياتامدۇ.

ئات بالىسى تايچاق ئىكەن،
مىنگىلى بولماس.
كىشىنىڭ يۇرتى غېرىپلىقكەن،
يۈرگىلى بولماس.

ماقال ـ تەمسىللەردىن مىسال:
بىرىگە نان قايغۇسى،
بىرىگە جان قايغۇسى.

بىلمىگەننى سوراپ بىلگەن ئالىم بولۇر،
بىلمەي تۇرۇپ سورىمىغان زالىم بولۇر.

تويغا بارساڭ بۇرۇن بار،
بۇرۇن بارساڭ ئورۇن بار.

ئاستا يۈرگەن تاغ ئاشار،
ئالدىرىغان باغ ئاشار.

ئەل بار يەردە ئەر خار بولماس،
ئەر بار يەردە ئەل خار بولماس.

موللىنىڭ يامىنى ۋالاقچى،
ئادەمنىڭ يامىنى هاراقچى.

مۇزدىن ئۆتسەڭ ئاۋۋال ئۆت،
ئۇيۇلغىچە ئۆتەرسەن؛
سۇدىن ئۆتسەڭ كېيىن ئۆت،
ئاققۇزغاننى كۆرەرسەن.

قەدىمكى خەلق داستانلىرى، قەھرىمانلىق قىسسىلىرى خەلق قوشاقلىرى شەكلىدە ئېيتىلغان، بەندلىرىمۇ هازىرقىدەك كۆپىنچە تۆتلۈك يەنى تۆت مىسرا بىلەنلا چەكلەنمىگەن. ۋەقەنىڭ بىرەر كىچىك ئېپىزوتىنى، بىرەر شەخسنىڭ بىرەر قىسقا كەچۈرمىشىنى ياكى بىرەر قىستۇرما باياننى بىر بەند قىلىپ، هەر بەند بىر خىل قاپىيىدە تۈزۈلەتتى؛ تاكى بىرەر ۋەقە تۈگەل بايان قىلىنىپ بولۇپ، ئىككىنچى بىر ۋەقەغە ئۆتكەنگە قەدەر، بەند ئاخىرىدا دەسلەپكى بەندنىڭ قاپىيىسى ئىزچىللىشىپ باراتتى. بۇ شەكىل لوپنۇر قوشاقلىرىدا هازىرمۇ بار.

## غەزەل

كلاسسىك ئەدەبىياتتا لىرىكىلىق شېئىر ئومۇمەن «غەزەل» دەپ ئاتىلىدۇ. «غەزەل» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ئويىنىشىش»، «ئىشقنى بىلدۈرۈش»، «كۆيۈپ قېلىش» دېگەندەك ئومۇمەن «ئىشقىي هېسسى-

www.uyghurkitap.com

يات»قا تەئەللۇق مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھازىر غەزەل ــ لىرىكىلىق تۈرنىڭ كەڭ تارقالغان ژانىرلىرىدىن بىرى. غەزەل ناھايىتى ئاھاڭـ دار شېئىر بولغىنى ئۈچۈن، كۈي ـ ناخشا تۈسىنى ئالغان. شۇڭا خەلق «غەزەل ئوقۇش» بىلەن «ناخشا ئوقۇش»نى بىر مەنىدە ئىشلىتىدۇ. ھازىرقى ئىستېمال مەنىسى بويىچە، a a، b a، c a… شەكلىدە قاپىيىلىنىدىغان ۋە 3 بېيىتتىن 14 بېيىتكىچە بولغان لىرىكىلىق شېئىر غەزەل دەپ ئاتىلىدۇ.

غەزەلنىڭ ماۋزۇ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئىشقىي، پەلسەپىۋى، تەئلىمىي (دىداكتىك) ۋە ئىجتىمائىي ـ سىياسىي مەسىلـ لەردىن ئىبارەت.

كلاسسىك غەزەللەرنىڭ ئاساسىي تىپلىرى بولىدۇ. بۇلار تەئرىپ، تەۋسىپ، مەدھى، شەرھىيھالدىن ئىبارەت. تەئرىپ، كۆپىنچە، سۆيگۈسىنىڭ ھۆسنى ـ جامالىغا نىسبەتەن قوللىنىلىدۇ، مەدھىيىدە ماختالغۇچىنىڭ ھەممە ئىچكى ـ تاشقى پەزىلەتلىرى ماختىـ لىدۇ، شۇڭا مەدھىيىگە قارىغاندا تەئرىپ تارراق چۈشەنچە بولۇپ، رولى جەھەتتىن مەدھىيىنىڭ تەركىبىگە كىرىدۇ. ئاندىن، تەئرىپكە قارىغاندا تەۋسىپنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى يەنىمۇ كەڭرەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئوبيېكتى ئىنسانىي سۈپەتلەر، تەبىئەت مەنزىرىلىرى، ئاشىقـ نىڭ ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرگەن ئىشق ئوتى يالقۇنلىرىدۇر. يەنى، تەئرىپ ئاساسەن ئىجابىي خاراكتېرگە ئىگە بولسا، تەۋسىپ خىلى ئەتراپلىق نۇقتىئىنەزەرنى ئىپادىلىشى مۇمكىن. شەرھىيھال يەنى مۇلاھىزە تىپىدىكى غەزەللەردە ئىچكى كەچۈرمىلەر توغرىدىن ـ توغرا بايان ۋە شەرھى قىلىنىدۇ. مۇھاكىمە ۋە مۇلاھىزە تىپىدىكى غەزەلـ لەردە مەلۇم مەقسەت ـ غايە بولىدۇ. شۇنىڭدەك بەزى غەزەللەر

سيۇژىتلىق بولىدۇ. مۇنداق غەزەللەردە بېيىتلەرنىڭ مەنتىقىي ئىزچىللىقى شېئىرىي سيۇژىت ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ-دە، ۋەقە (سيۇژىت) بىرىنچى ئورۇندا، ھېسسىي كەچۈرمىشلەر ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

13 — 14-ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ياشىغان نەسىردىن رابغۇزىنىڭ «قىسسەئى رابغۇزى» ئەسىرى تەركىبىدىكى «باھارىيات» شېئىرىي تەۋسىق خاراكتېرىدىكى غەزەلنىڭ تىپىك نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، شۇ ئەسەر تەركىبىدىكى غەزەل شەكلىدە يېزىلغان شېئىرلار ئومۇمەن سيۇژىتلىق شېئىرلاردۇر.

چوڭقۇر ھېسسىياتنى (ۋەتەنگە، خەلققە، پارتىيىگە، ئەمگەككە ۋە تۇرمۇشقا ياكى شەخسكە بولغان مۇھەببەتنى) ئىخچام ئىپادىلەش ئۈچۈن، غەزەل شەكلىدىن پايدىلانسىمۇ بولىدۇ. غەزەل، ئادەتتە، ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلىدۇ. كلاسسىك شائىرلار كۆپىنچە غەزەل شەكلىدىن پايدىلانغان. غەزەلنىڭ ئاخىرىغا شائىر ئۆز نامىنى ياكى تەخەللۇسىنى كىرگۈزىدۇ. مەسىلەن:

سەنى لەيلىيۇ رەئنادەك ئەجايىب دىلرەبا دەرلەر،
مەنى مەجنۇنى ھەيراندەك كويۇڭدا بىرگەدا دەرلەر.

ئەجەبدۇر ئەي شەھى خوبان كېچە-كۈندۈز ئىشىكىڭدە،
ھەمىشە مەن نەۋا قىلسام دەغى سەن بىنەۋا دەرلەر.

باقىبان ئەل سارى جانا يۈزۈڭدىن بىر نىقاب ئالساڭ،
رۇخۇڭنى چۈن مەھى ئەنۋەر تەجەللىئى خۇدا دەرلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكتى ئادرېسى

تەبەسسۇم ئەيلەبان تاكى نەزەر قىلساڭ گۈرۈستانغا،
قوپۇپ گۈردىن بارى مۇردە ھەمە ھەسرەتا دەرلەر.

كۈرۈبان بەئزى ئاشىقلاركى ھەلقە ـ ھەلقە زۇلفۇڭنى،
ئەزەلدىن بىرگە سالغان بۇ ھەمە زەنجىرى پا دەرلەر.

يۈرۈپ سوردۇم تەبىبلەردىن نەدۇر بۇ دەردىمە دەرمان،
تەبىب ئېيتۇركى ئەي نادان بۇ دەردۇ بى دەۋا دەرلەر.

ئاتىڭنىڭ خاكپايىغە زەللىلى يۈزىنى سۈردى،
نىدا كەلدىكى قەسرىڭدىن كۆزۈڭ سۈر تۇتىيا دەرلەر.

## تەشبىھۇل ئەتراف

غەزەلنىڭ بىر تۈرى بولغان «تەشبىھۇل ئەتراف» (ئوخشىتىلغان تەرەپلەر، ھەر تەرەپتىن ئوخشىتىش) شېئىرىيەتتە مۇرەككەپ بىر شەكىلدۇر. بۇنىڭدا تەشبىھ (ئوخشىتىش) سەنئىتى يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شائىر غەزەلدە مىسرالارنىڭ بەلگىلىك بۆلۈكىنى ئىزچىل تەكرارلاش يولى بىلەن تەسۋىرنى داۋاملاشتۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن پىكىرنى ئېچىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، شائىر يازغان مىسراسىنىڭ ئاخىرىدىكى سۆزلەرنى كېيىنكى مىسرانىڭ بېشىدا ياكى ئوتتۇرىسىدا ئەينەن تەكرارلايدۇ. مۇنداق تەكرارلاشتا تەشبىھ زەنجىرسىمان ئىزچىللىشىپ بارىدۇ. مەسىلەن:

ياردىن ئايرۇ كۆڭۈل مۇلكىدۇرۇر ـــ سۇلتانى يوق؛
مۇلكىكىم، سۇلتانى يوق، جىسمىدۇرۇركىم ـــ جانى يوق.

جىسمىدىن جانسىز نەھاسىل، ئەي مۇسۇلمانلارنى ئول
بىر قارا تۇپراقدەكدۇر كىم، مەھى تابانى يوق.

ئول قاراڭغۇ كېچەكىم، يوقدۇر مەھى تابان ئاڭا
زۇلمەتىدۇركىم، ئانىڭ سەرچەشمەئى ھەيۋانى يوق.

زۇلمەتىكىم، چەشمەئى ھەيۋانى ئانىڭ بولماغاي،
دوزەخىدۇركىم، يانىدا رەۋزەئى رىزۋانى يوق.

دوزەخىكىم، رەۋزەئى رىزۋانىدىن ئولغاي نائۇمىد،
بىر خۇمارىدۇركى، ئاندا مەستىلىغ ئىمكانى يوق.

ئەي ناۋايى، بار ئاڭا مۇنداق ئوقۇبەتلەركى، بار،
ھەجرىدىن دەردى ۋە لېكىن ۋەسلىدىن دەرمانى يوق.

(ناۋايى)

## مەسنەۋى

«مەسنەۋى» — «ئىككىلەپ، قوشلاپ»، «ئىككىلىك» دېگەن سۆز. ئىككى مىسراسى بىر خىل قاپىيىدە كېلىدىغان شېئىرىي شەكىل. ئۇزۇنىراق شېئىرىي ئەسەر يازغاندا، قاپىيىنى ئەركىن - ئىختىيارىي تاللاش ئۈچۈن، بۇ شەكىلدىن پايدىلانسا بولىدۇ. كلاسسىك شائىر- لىرىمىز (مەسلەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەدىب ئەخمەت يۈكنەكى، لۇتفى، ناۋايى ۋە نىزارىلەر) ئۆز داستانلىرىنى كۆپىنچە مۇشۇ شەكىل بىلەن يازغان. لېكىن بۇ شەكىلدە قاپىيىداش بولغان ئىككى مىسرادىكى سۆزلەرنىڭ ۋەزنىداش بولۇشىغا دىققەت قىلىش كېرەك. بۇنىڭ فورمۇلىسى: a a، b b، c c...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەسلەن:

بىلىپ سۆزلەگەن سۆز بىلىككە سانۇر،
بىلىكسىز سۆزى ئۆز باشىنى ئەيۇر.
بىلىكسىز قاراغۇ تۇرۇر بەلگۈلۈك،
يۇرى ئان بىلىكسىز بىلىك ئول ئۆلۈك.

ئوقۇشقا، بىلىككە بۇ تىلماچى تىل،
يارو تاچى ئەرنى يورۇق تىلنى بىل...
(يۈسۈپ خاس ھاجىپ)

چۈن ئوقۇماق زەمزەمەسى بولدى بەس،
كۆڭلۈم ئارا داغدۇغا سالدى ھەۋەس.

كىم بۇ يول ئىچرەكى ئالار سالدى گام،
بىر نىچچە گام ئولسا ماڭا ھەم خۇرام.

فارسى ئولدى چۇ ئۇلارغا ئادا،
تۈركىي ئىلە قىلسام ئانى ئىپتىدا.

فارسى ئەل تاپتى چۇ خۇرسەندلىق،
تۈركىي دەغى تاپسا بىرۇمەندلىق.

مەن كى تەلەپ يولىدا قويدۇم قەدەم،
باردۇر ئۇمىدىم كى چۇ تۇتسام قەلەم.

يولدا سا بۇ يولدا نىزامى يولۇم،
قولدا سا خۇسرو بىلە جامى قولۇم.

نۇكتە سۇرۇدىدە راۋا بولماغاي،
بۇكى ناۋايىغا ناۋا بولماغاي.

(ناۋايى)

## رۇبائىي

«رۇبائىي» — تۆتلىك دېگەن سۆز، بۇ خەلقئارا ئاتالغۇدا «كاترېن» (فرانسۇزچە «quatrain» — تۆت مىسرالىق) دېيىلىدۇ. بۇ پەقەت تۆت مىسرادىن تەركىب تاپىدىغان ئايرىمچە شەكىل؛ aaba (1-، 2-ۋە 4-مىسرالىرى) ياكى aaaa (تۆتلا مىسراسى) قاپىيىداش بولغان (تاق قاپىيە ياكى قوش قاپىيە — رادىف بىلەن يېزىلغان) لىرىكىلىق شېئىر ياكى شېئىرىي پارچە. رۇبائىي كۆپىنچە پەلسەپىۋى ۋە ئەخلاقىي تېمىلاردا يېزىلىدۇ. رۇبائىيدا شائىر ئۆز پىكرى ۋە تەسىراتىنىڭ خۇلاسىسىنى بايان قىلىدۇ. ھەربىر كۇپلېت (تۆتلىك) بىر پۈتۈن مۇستەقىل پىكىرگە ئىگە بولىدۇ. رۇبائىي ھەجىم جەھەتتىن ئانچە چوڭ بولمايدۇ. ئارۇز ۋەزنىنىڭ قىسقىراق بەھرىدە يېزىلىدۇ.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، رۇبائىي شەكلىدە قاپىيىلەنگەن ھەرقانداق تۆتلىك رۇبائىي بولۇۋەرمەيدۇ. بىرەر تۆتلىكنى "رۇبائىي" دەپ ئاتاش ئۈچۈن، بۇنىڭدا تولۇق مەزمۇن، رۇبائىي شەكلىدىن باشقا مەخسۇس ۋەزىن بولۇشى كېرەك. بۇ ھەقتە ناۋايى

شۇنداق تەلىم بىرىدۇ: «رۇبائىي ۋەزنىكىم، ئانى دۇبەيتى ۋە تەرانە ھەم دەرلەر، ھەزەج بەھرىنىڭ ئەخرەم ۋە ئەخرەبىدىن ئىستىخراج قىلىپ‌دۇرلەر ۋە ئول ۋەزنىدۇر ئەسرۇ خۇشايەندە ۋە نەزمىدۇر بىغايەت رەبايەندە.» (ناۋايى «مىزانۇل ئەۋزان»)

كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ رۇبائىيلىرىدا، كۆپىنچە ئاپتورنىڭ پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي قاراشلىرى ۋە ئۆز زامانىسىغا مۇناسىۋەتلىك ئىپادىلەنگەن؛ مۇھىم پىكىر، يۈكسەك غايىلەر رەڭگارەڭ شېئىرىي پىرىيوملار ۋە تەسۋىرىي ئامىللار ۋاستىسى بىلەن بايان قىلىنغان. بەزى كلاسسىكلىرىمىز، مەسىلەن، ناۋايى رۇبائىيلىرىنىڭ كۆپىچە-لىكىدە تۆت مىسرانىڭ ھەممىسى قاپىيىلەنگەن؛ كۆپچىلىك رۇبائىي-لاردا رادىف ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن:

غۇربەتتە غەرىپ شادمان بولماس ئىمىش،
ئەل ساڭا شەفقۇ مېھرىبان بولماس ئىمىش؛
ئالتۇن قەپەس ئىچرە گەر قىزىل گۈل پۈتسە،
بۇلبۇلغا تىكەندەك ئاشيان بولماس ئىمىش.

*　　　*　　　*

ئەل قاچسا بىراۋدىن ئەل يامانى بىل ئۇنى،
ئەھۇالىدا ئىدبار نىشانى بىل ئۇنى؛
فەئل ئىچرە ئۇلۇس بالايى جانى بىل ئۇنى،
ئالەم ئېلىنىڭ يامان يامانى بىل ئۇنى.

(ناۋايى)

سىيمىن بەدەنىكى ئىلكىدە گۈل بولغاي،
بويى گۈل ھەم ناۋايى بۇلبۇل بولغاي؛

ساقىيۇ شەراب شەمئى مەجلىس رەۋشەن،
نەززارەسىگە زەلىلى ئەگەر قۇل بولغاي.
(زەلىلى)

ئەي گومنام ئىشق ئېلى لەك ـ لەك كەتتى،
زاھىد يىتىمەن دەپ ئاڭا سەك ـ سەك كەتتى؛
ئىشق ئەھلى ئىزىن قويۇپ بۆلەك يولغا تۇشۇپ،
يولنى ئاداشىپ بىھۇدە ئەمگەك كەتتى.

گومنام ئىگىل خەلق ئىگىلمەي كەتتى،
زۇلفى ئۇچىغا كۆڭلى چىگىلمەي كەتتى؛
قۇش ئۇچتى ئۇنى تۇتماق ئېرۇر بەس مۇشكۇل،
ھەم ئۆرگەنمەي يىپقا بېكىلمەي كەتتى.
(گومنام)

## قىتئە

قىتئە ــ «پارچە»، «تەركىبىي قىسىم»، «چاقماق» (شاخماتتا «ئويۇن» يەنى «فىگورا») دېگەن سۆز؛ شېئىرىيەتتە غەزەل ياكى قەسىدىدىن ئاجرىتىپ ئېلىنغان ئىككى ـ ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق بېيىت. بۇ بىرلا بەنت (كۇپلېت) ياكى بىرنەچچە بەنت بولۇشى، لېكىن ھەربىر بەنتتە ناھايىتى ئىنچىكە مەنىلەر (مەتنلەر) ئىخچام ئىپادىلىنىشى لازىم؛ گاھىدا بىر قىتئە بىر ھېكايىنىڭ مەزمۇنىنى بېرىشىمۇ مۇمكىن.

قىتئە روھىي كەچۈرمىلەر، پىكىر ـ مۇلاھىزىلەر ئىپادىلىنىدىغان ئاكتىپ شېئىرىي ژانىردۇر. قىتئە ئۈچۈن خاس مۇھىم بەلگىلەردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرى ئۇنىڭ قاپىيە سىستېمىسىدۇر؛ يەنە بىر مۇھىم بەلگىسى مەخسۇس ماۋزۇغا ئىگە بولغانلىقى. ناۋايى قىتئەلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى تەھلىل قىلغان ئۆزبېك ئالىمى ياقۇبجان ئىسھاقوۋ شۇنداق دەيدۇ: «ناۋايى قىتئەلىرى ئۇچۇن ماۋزۇ بولغان ئوبيېكت ناھايىتى باي ۋە خىلمۇخىل. بىر قاتار شېئىرلاردا لىرىك قەھرىمان ئادالەت كۈيچىسى سۈپىتىدە پادىشاھ ۋە ھۆكۈمدارلارغا قارىتا مۇراجىئەت قىلسا، باشقا قىتئەلەردە ئۇ مۇرەببىي سۈپىتىدە ئومۇمغا قارىتا ئەخلاق، ئەدەب مەسىلىلىرى ئۈستىدە سۆز قىلىدۇ. بەزى بىر قىتئەلەردە مۇئەييەن مەسىلە ياكى شەخس پائالىيىتىنىڭ ئايرىم تەرەپلىرى ئۈستىدە پىكىر بىلدۈرسە، ئايرىملىرىدا ئۆزىنىڭ پەيلى ئېتىبارى، يۈرۈش-تۇرۇشى ھەمدە ئىجادى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ.»

قىتئەگە مىساللار:

ئول مېنىڭ جانى جاھانىمغا سالام،
جاندىن ئارتۇق مېھرىبانىمغا سالام.
ھەر زامان خالى ئەمەسمەن يادىدىن،
مۇنىسۇ جانۇ راۋانىمغا سالام.

(لۇتفى)

ئۈچ كىشىدىن ئۈچ ئىش يامان كۆرۈنۈر،
ساڭا ئەرز ئەيلەي ئەھلى دۇنيادىن:
شاھدىن تۇندلىق، غەنىدىن بۇخەل،
مالغا مەيلى ھەرىس دانادىن.

(ناۋايى)

يۈز تۇمەن ناپاك ئەردىن ياخشىراق
پاك خاتۇنلار ئاياغىنىڭ ئىزى.

لوت ئوغلى كۆركى، سالدى تىبىرەلىك،
دىنغە نەفس ئىلكىدە تەئبى ئاجىزى.

دەھر ئارا ياقتى سەيادەت مەشئەلىن
پاك رەۋلىقتىن رەسۇلۇللاھ قىزى.

(ناۋايى)

ئاقارغان يۈز، قىيىلغان قاش، قۇيۇلغان ياش،
كېسىلگەن باش، چۇۋۇلغان چاچ، تۆكۈلگەن قان؛
تىتىلغان تەن، تۇرۇلگەن مۇشت، كىرىشكەن چىش،
پۇتەمەس غەزەب ئىزى بولۇپ چىقتى بۇ جان.

(ئەنۋەر ناسىرى)

## تۇيۇق

«تۇيۇق» — «تۇيماق، تۇيۇۋالماق» دېگەن پېئىلدىن ياسالغان ئىسىم، يەنى مەنىسىنى ئوقۇغۇچى ئۆزى پەرق ئەتمەك دېگەن سۆز. بۇنى ئەرەبچىدە «مۇختەمىلات» («ئارىلاشتۇرۇلغان»، «يۈكلەنگەن» ياكى «تەجنىس» («جىنىسداش») دەيدۇ؛ خەلقئارادا «مۇنۇرىم» (فرانسۇزچە monorime — بىر ئاھاڭدىكى) دەيدۇ. بۇ — خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىكى تۆتلىكلەر (تۆت مىسرالىق قوشاقلار) ئاساسىدا تۇغۇلغان شەكىل. تۇيۇقمۇ رۇبائىيدەك 4 مىسرادىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، قاپىيىلىرى ئاھاڭداش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(ئۇمۇنىم) سۆزلەردىن تۈزۈلىدۇ، يەنى قاپىيىلەنگۈچى سۆزلەر شەكىل ۋە تەلەپپۇزدا ئوخشاش بولىدۇ. مەسىلەن، ئات (ئاتماق)، ئات (ھايۋان)، ئات (ئىسىم)؛ يات (ياتماق)، يات (يات ئادەم)؛ ئەت (ئەتمەك، قىلماق)، ئەت (ئەتمەك، ئىشىك ئەتمەك)، ئەت (گۆش — ئەت).

كەچتى ئۆمرۈ تۈشمەدى ئول يار ئىلە،
قورقامەن كۆڭلۈم بۇ غەمدىن يارىلە.
بۇ ۋەفاسىزلىككى، سەندىن كۆرمىشەم،
ئېيتىقادىم قالمادى ھېچ يار ئىلە.
(لۇتفى)

ئول پەرى ئىشقىدا بۇ دىۋانەنى
ئەيكى، ئىستەرسەن كېلىپ گۈلخاندا كۆر؛
بىر قەدەھ ئول گۈلنى خەندان ئەيلەدى،
ئەي كۆڭۈل، نەززارەقىل، گۈلخاندا كۆر.
(ناۋايى)

چېلىش پۈكلە دۈشمەننى ئۆرتە-ئوتقا ياق!
يېپىش غالىبىيەتكە، سائادەتكە كۆكرەك ياق!
كەسكىن مىنۇت يېتىپ جانغا كەلسە ئىمتىھان،
دېمە ھەرگىز قۇربان بېرەيمۇ يا-ياق؟!
(ل. مۇتەللىپ)

## مۇرەببە

«مۇرەببە» — تۆتلىك، ھەر بەندى تۆت مىسرالىق شېئىر. بۇ ئادەتتە كۆپ قوللىنىلىدىغان شەكىل. قاپىيە فورمۇلىسى a b a a ياكى b a b a

كېلىدۇ، يەنى 1 ـ، 2 ـ ۋە 4 ـ مىسرالىرى قاپىيىداش، ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئاددىيراق قىلىغاندا، 3 ـ ۋە 4 ـ مىسرالىرى قاپىيىداش بولىدۇ. خەلق قوشاقلىرى تولاراق مۇرەببە شەكلىدە ئېيتىلىدۇ. ئەگەر ئۇزۇنراق شېئىردى ئەسەر يېزىلغاندا، ھەممە بەنتلىرىدە قاپىيە ئىزچىللاشسىمۇ ياكى ھەر بەنتتى باشقىچە قاپىيىلىنىسىمۇ بولىۋېرىدۇ. مەسىلەن:

يېرىم ئەسىردىن ئۆتتى ئۆمرۈم مېنىڭ،
ھېسابسىز جاپا ـ جەۋر تارتتىم زۇلۇم.
رەقىب ئىلكىدە ئەردى باغىم مېنىڭ،
ئۇزاتسام ئانارىغا يەتمەيتتى قولۇم...

لېكىن، قايتمىدىم مەن كۈرەش قويىنىدىن،
چىقارماي ئۆزەمنىڭ قولىدىن رولۇم.
كۈرەشتە چاپانىنى ئۇزۇپ بويىنىدىن،
بۆسۈپ چىقتى مەيدان ئارا دۇلدۇلۇم.

ھاياتنىڭ بۇ ئۆتمۈش كىچىك پارچىسى،
ئۆمۈر تارىخىمدىن دېمەك بىر بۆلۈم.
تۇزۇپ پۈتتى مۇدھىش ـ تۇمان بارچىسى،
تۇتۇپ كوممۇنىستنىڭ قولىنى قولۇم...

ئۆزەم ئورمىچى ئوغلى بولغان ئۈچۈن،
بولۇپ قالدى كەڭراق بۇ يەردە سولۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇرۇنقى زامان ئەمدى بولغان يوچۇن،
ياشالماس ھېسابىمغا ساچقان تۇلۇم.

يېمەك نىم شېھىد گەر ئۆلۈپ كەتسە غەم،
ياشار سىز بىلەن مەڭگۈ تۇتقان يولۇم.
ئۇلۇغ كوممۇنىزم باھارىدا ھەم،
شېھىدنىڭ قېنىدەك ئېچىلغاي گۈلۈم.
(نىم شېھىد)

## مۇخەممەس

«مۇخەممەس» — «بەشلىك» دېگەن سۆز. شېئىرىي ئىجادىيەتتە ھەر بەنتى 5 مىسرادىن تەركىب تاپقان شېئىرىي شەكىل مۇخەممەس دېيىلىدۇ. بىرىنچى بەنتنىڭ بەشلا مىسراسى قاپىيىداش كېلىپ، كېيىنكى بەنتلىرىنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرى (يەنى بەشىنچى مىسراسى)دا، بىرىنچى بەنتتىكى قاپىيە ئىزچىللىشىدۇ؛ قالغان بەنتلىرىنىڭ باشقا مىسرالىرى باشقا خىلدا قاپىيىداش كېلىدۇ. مۇخەممەس كۆپىنچە ئارۇز ۋەزنىدە، غەزەل شەكلىدە يېزىلىدۇ.

مۇخەممەس ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىر خىل مۇخەممەسنىڭ ھەممە مىسرالىرى بىرلا شائىرنىڭ بولىدۇ؛ ئىككىنچى خىل مۇخەممەسنىڭ مىسرالىرى ئىككى شائىرنىڭ بولىدۇ، يەنى بىر شائىر ئۆزى ھۆرمەت قىلغان ياكى پىكىرداش بولغان ئىككىنچى بىر شائىرنىڭ غەزىلىدىن ئادەتتە ئىككى مىسرانى ئېلىپ، ئىككى مىسراغا مەزمونى ۋە شەكلى ماس بولغان ئۈچ مىسرا قوشۇپ يازىدۇ، بۇنى «تەخمىس» (بىر — بىرىگە خاسلاشتۇرۇش) دەيدۇ.

بىرىنچى خىل مۇخەممەسكە مىسال:

چىقىپ شوخلۇقدىن مەھۋەشىم ئەزمى شىكار ئەيلەپ،
جاھاننى قەتل ئېتەرگە قاشىنى چۇن زۇلفىقار ئەيلەپ؛
بەھادۇر كۆزلەرى كىرپىكلەرىنى نەيزەدار ئەيلەپ،
چۇ زۇلفى ئەنبەرىنى ھەلقە-ھەلقە مۇشكبار ئەيلەپ؛
سەراپا گۇلشەنى ھۆسنىنى سەرجۇش باھار ئەيلەپ...

قىيا باقىشلەرىڭدىن ئەي سەنەم ھەر كوشەدە خۇندۇر،
بەسى قۇربانىڭ ئۇلغان تىيرەئى خاك ئىچرە مەدفۇندۇر؛
نەمازى ئىشق قىلماق مەزھەبى فەرھادۇ مەجنۇندۇر،
قىرائەت قاشلەرىڭ سەھرايى ئىچرە سۆرەئى نۇندۇر؛
زىھى زۇلفۇڭ يۈزۈڭنىڭ دۇرىنى لەيلۇ نەھار ئەيلەپ.
(زەلىلى)

مەن بىلمەس ئىدىم ئىشقىغا گىرىپتار بولارىمنى،
ئىشق تەيرى تېگىپ خەستەئى بىمار بولارىمنى،
ھىجرىدە دەخى نالە قىلىپ كۆپ زار بولارىمنى،
مەجنۇن بولۇبان ئىشقىدە ئەۋار بولارىمنى،
بۇلبۇل بولۇبان ۋالەئى گۇلزار بولارىمنى.

يار بارەسىدە خەلق قىلدى تۇرپە رىۋايەت،
بەلكى ئىشتىپ خەستە يۈرەك بولدى جەراھەت؛
ئەيلەپ بۇ ئىلى خەلقى ماڭا ئانچە مەلامەت،
قىلدىكى نەسىھەتنى ماڭا بارچە بى غايەت؛
بىلمەدىلەر بۇ ئىشق دانىغا ئامبار بولارىمنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىك ئادرېسى

ئاشىق ئېلىگە پەندى سۆخەن تەسىر ئېتەرمۇ؟
يارنىڭ غېمى ئاشىق بېشىدىن ئەسلى كېتەرمۇ؟
تىل سۆزلىگىلى يار سۆزىدىن ئۆزگىنى دەرمۇ؟
ئىشىق ئوتى ئەگەر بولمىسا ھەردىلدا كۆيەرمە؟
يوقسە نەئېتەر مەنئى كەبى ئار بولارىمنى.
(موللا بىلال)

ئىككىنچى خىل مۇخەممەسكە مىسال:
قىلغىل تەرەھھۇم سوزانەلەرگە،
باغرى ئېزىلگەن گىريانەلەرگە،
شاھى جاھانىم ھەريانەلەرگە،
كۆرسەت جەمالىڭ مەستانەلەرگە،
ئىشقىڭدە كۆيگەن دىۋانەرلەرگە...

دەريالار ئاقتى ئەشكى دەۋاندىن،
ساقلا قولۇڭنى بادۇخەزاندىن،
قارىغە كۆرسەت راھى ئاماندىن،
مەشرەب سەنى دەپ ئۆتتى جەھاندىن،
باشىنى قويۇپ ئاستانەلەرگە.
(مەشرەبنىڭ غەزىلىدىن قارى تۇزگەن مۇخەممەس)

ھاياتىڭ بى باھا گۆھەر، خەۋەرسىز تارمار قىلما!
كۆڭۈلنى تۇغرىلا ئەمدى ئۆزەڭنى كىبىردار قىلما!
كېچە ـ كۈندۈز «ھەقىقەت» دەپ ئۇنىڭدىن ئۆزگە كار قىلما!

«تۈزەت ئەخلاقنى يولداش! پەس خۇلۇقنى ئۆزگە يار قىلما!
مۇھەببەتلىك كىشى بول، بىۋاپالىقنى شوئار قىلما!»
(بۇنىڭ ئالدىنقى 3 مىسراسى بىلال ئەزىزنىڭ)

## مۇسەددەس

«مۇسەددەس» — «ئالتىلىك» دېگەن سۆز؛ شېئىرىي ئىجادىيەتتە ئەسلى ئىككى مىسراغا (بىر بېيىتكە) 4 مىسرا (ئىككى بېيىت) قوشۇپ، ئالتە مىسرالىق قىلىپ يېزىش شەكلى. يەنى شېئىرنىڭ بىر بەنتى ئالتە مىسرادىن تەركىب تاپىدۇ. بىرىنچى بەنتىدىكى 6 مىسرا ئىزچىل قاپىيىداش تۈزۈلىدۇ، كېيىنكى بەنتلىرىدە ھەر بەنتنىڭ 5 مىسراسى باشقا بىر خىل قاپىيىدە بولۇپ، ئاخىرقى بىر مىسراسىدا بىرىنچى بەنتىدىكى قاپىيە ئىزچىللىشىپ بارىدۇ. كلاسسىك شائىرلار ئاشۇنداق يازغان. (مەسىلەن، شائىر ھىجرىدىننىڭ جامى غەزىلىگە تۈزگەن مۇسەددىسى شۇنداق.) بەزى شائىرلار كېيىنكى بەنتلەرنىڭ ئاخىرىدا بىرىنچى بەنتنىڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسىنى تەكرارلاپمۇ يازىدۇ، بۇ شەكىل «تەرجىئبەنت»كە ئوخشاپ قالىدۇ. مەسىلەن:

زۇلپۇسىمىن جىسمىڭ ئەفئى گەنجى قارۇن ئۈستىنە،
گەنج ئۈزە ساھىر كۆزۈڭ ئەفئىگە ئەپسۇن ئۈستىنە؛
دەردى ئىشقىڭ ئولكى قويدى جانى مەھزۇن ئۈستىنە،
دېدى كۆرگەچ مەئرەزىڭ ئول قەددى مەۋزۇن ئۈستىنە،
ئى قادىڭ تۇبىيى جەننەت خەددى گۈلگۈن ئۈستىنە؛
كۆرمىدى دەۋران سېنىڭدەك ئايى گەردۇن ئۈستىنە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلسە چمن سۇرەتگەرى بردەم جامالىڭ قاشغا،
جان پىدا قىلغاي ھەم ئول دەم سۇرىتىڭ نەققاشغا؛
لالەدۇر شېرىن لەبىڭ پەرھادىكىم، قان ياشغا،
غەرق بولۇپ تۈشمىش گۆزەرى شەجر تاغۇ ـ تاشغا؛
سەرۋ ئانىڭدەك قامەتىڭ ھەيراندۇركىم، باشغا،
قىلدى قۇشلار ئاشيان ئانداغكى، مەجنۇن ئۈستىنە.
(ناۋايى)

## مۇسەممەن

«مۇسەممەن» — «سەككىز قىرلىق»، «سەككىز بۇرجەكلىك»، «سەككىزلىك» دېگەن سۆز. بۇنى لاتىن تىلىدا octava (ئوكتاۋا — «سەككىز») دەيدۇ. بۇ شېئىرنىڭ ھەر بەندى سەككىز مىسرادىن تەركىب تاپىدىغان شەكلى. بۇ ئىككى خىل بولىدۇ: بىر خىلىنىڭ ھەر بەندى بىر خىل قاپىيىدە تۈزۈلۈپ، قاپىيىلىرى كۆپىنچە مۇرەببە (تۆتلىك)نىڭ قاپىيە تۈزۈلۈشىگە ئوخشايدۇ؛ ياكى بىرىنچى بەندىنىڭ 8 مىسرانىڭ ھەممىسى قاپىيىداش بولۇپ، كېيىنكى بەندلىرىنىڭ ئاخىرقى 8 ـ مىسرالىرىدا بىرىنچى بەندىنىڭ قاپىيە ئىزچىللىشىدۇ. يەنە بىر خىلى مۇرەككەپ شەكىل بولۇپ، بۇنىڭدا ھەر بەندىنىڭ 6 مىسراسى چەپراس قاپىيىلىك (يەنى، 1 ـ، 3 ـ، 5 ـ مىسرالىرى بىر خىل قاپىيىدە، 2 ـ، 4 ـ، 6 ـ مىسرالىرى بىر خىل قاپىيىدە)، ئاخىرقى 2 مىسراسى يەنە باشقىچە قاپىيىدە كېلىدۇ. بۇ شەكىلنى بارماق ۋەزنىدە يازسىمۇ، ئارۇز ۋەزنىدە يازسىمۇ بولىدۇ. فورمۇلىسى مۇنداق:

a a a a a a a a

b b b b b b b a...

a b a b a b a a ياكى

a b a b a b c c...

مەسلەن:

هەر تەرەپ ئەزم ئەيلەپ، ئۇل شوخى ستەمكار، ئەي كۆكۆل،
تىغى ھىجرىدىن نىچە بولغاي بىز ئەپكار، ئەي كۆكۆل؛
چۇن سەپەر ئەيلەپ ئىدى بىر قەتلە دىلدار، ئەي كۆكۆل،
دەردى ھىجرىگە بولۇپ ئەردۇق گىرىپتار، ئەي كۆكۆل،
بويلەكىم تەئىرىپ قىلىپ غۇربەتنى بىسيار، ئەي كۆكۆل،
شەھىۇ كىشۋەردىن مەلالەت ئەيلەپ ئىزھار، ئەي كۆكۆل،
ئاڭلىدىڭ يا يوقمۇ كىم، ئەيلەر سەپەر يار، ئەي كۆكۆل،
ۋەھكى، بولدۇق يانا ھىجرى ئىلكىدىن زار، ئەي كۆكۆل.

ئەھلى ئىشق ئىچرە ماڭا دەردۇ-پىراق بولمىش نەسىب،
بۇ ئەمەس دەردىكى ئۇنى دەپئى ئېتە ئالغاي تەبىب؛
يارنى غۇربەت سەرى تەرغىپ ئېتەر ھەردەم رەقىپ،
ۋەھكى ئۇل گۇل پىرقەتىدىن بولغۇسى بۇ ئەندەلىپ.
چۇن سەپەر ئەسبابىنى ئامادە ئەيلەپدۇر ھەبىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر تەرەپ گويا ئەزىمەت قىلغۇدەكدۇر ئەنقەرىپ؛
ئۇل خۇد ئەيلەپ ئەزىم، مەنمۇ خەستەدۇرمەن ھەم غەرىب،
گاھى ـ گەھى بولغايسەن مەندىن خەبەردار، ئەي كۆڭۈل.
(ناۋايى)

## مۇسەللەس

«مۇسەللەس» ـــ «ئۈچ قات»، «ئۈچ قىرلىق»، «ئۈچلۈك» دېگەن سۆز، بۇنى ئىتالىيانچە «tres» («ئۈچ») سۆزىدىن تۈرلەنگەن «ئۈچلۈك» مەنىسىدە «terzina» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ ـــ شېئىرنىڭ ھەر بەندى 3 مىسرادىن تەركىب تاپقان شەكلى. بۇمۇ ئىككى خىل بولىدۇ: بىر خىلى ـــ ئادەتتە كۆپ قوللىنىلىدىغان شەكلى، بۇ شەكىلدە يېزىلغان شېئىرنىڭ بىرىنچى بەندىدىكى 3 مىسرا قاپىيىداش كېلىپ، كېيىنكى بەنتلىرىدە ئاۋۋالقى ئىككى مىسراسى بىر خىل قاپىيىداش، 3 ـ مىسراسىدا بىرىنچى بەنتدىكى قاپىيە ئىزچىللىشىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ فورمۇلىسى: ...... a a a bba

ئىككىنچى بىر خىلى مۇرەككەپ شەكلى بولۇپ، ئانچە كۆپ ئىشلىتىلمەيدۇ. بۇ شەكىلدە يېزىلغان شېئىرنىڭ بىرىنچى بەنتدىكى 1 ـ، 3 ـ مىسرالىرى قاپىيىداش، 2 ـ مىسراسى باشقا قاپىيىدە كېلىدۇ، لېكىن ئىككىنچى بەنتكە ئۆتكەندە، بىرىنچى بەنتنىڭ 2 ـ مىسراسى ئىككىنچى بەنتنىڭ 1 ـ، 3 ـ مىسرالىرى بىلەن قاپىيىداش كېلىدۇ ـ دە، 2 ـ مىسراسىدا يەنە بىرىنچى بەنتنىڭ 1 ـ، 3 ـ مىسرالىرىدىكى قاپىيە ئىزچىللىشىپ بارىدۇ. بۇنىڭ فورمۇلىسى:

aba، bab......

بۇنىڭغا مىسال:

ئول كۈن بۆلەكچە، بۇل كۈن بۆلەكچە،
ئىلھام كەلمەكتە شول كۈن بۆلەكچە،
كەلگۈن زابانىم گۈلگۈن بۆلەكچە.
......
نومۇس ئاقلاندى گۈلشەننى ساقلاپ،
ئۆچمەيدۇ ھەرگىز ئازادلىق-ئاپتاپ،
قىلار جاھاننى نۇران بۆلەكچە.

(ق. ئىمىن)

”تۆت كېزەندە“ گۇم بولۇپ كەلگەن يېڭى دەۋران بىلەن،
تولغىندا ھۇر ۋەتەن خۇش بۇي-گۈلى رەيھان بىلەن،
خۇش كېلىپسەن يېڭى يىل، غالىپ قەدەم جەۋلان بىلەن.

كۆتۈرۈپ زۇمرەت قەدەھ باغراشنىمۇ ئىچتىم بىراق،
ئارغىماق قىلدىم تىيانشاننى ئېگىز قاقتىم قانات،
يايرىغاچ قەلبىم-دىلىم بۇ چاغ زەپەر، بۇ شان بىلەن.

(ئا. ھاجى)

## تەرجىئە بەنت

«تەرجىئە» — «قايتۇرما»، «تەكرار»؛ «بەنت» — «كۇپلېت» دېگەن سۆز؛ يەنى «تەرجىئە بەنت» «قايتۇرمىلىق كۇپلېت» دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ. بۇ شەكىلدە، ۋەزنى بىر خىل، قاپىيىسى ھەر خىل بولغان بىرنەچچە بەنتلىك شېئىرنىڭ ھەر بەنتى ئارىسىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەلۇم بىر بېيىت تەكرارلىنىدۇ؛ تەكرارلانغان بېيىت ھەر بەنت ئاخىرىدىكى بېيىت بىلەن باغلىنىپ بىرىكىشى شەرت. ھەر بەنتىنى 3 بېيىت (6 مىسرا) ياكى 4 بېيىت (8 مىسرا) قىلىپ يازسىمۇ بولىدۇ. ھەر بەنتىدىكى «تەرجىئە»دىن باشقا مىسرالار، مەيلى 6 ياكى 8 بولسۇن. قاپىيىداش كېلىدۇ. ئەگەر 6 مىسرالىق شەكىل تاللانغان بولسا، بۇنداق شېئىرنىڭ بىرىنچى بەنتىدە قايتۇرمىسى بىلەن قوشۇلۇپ، ھەممە مىسرالىرى بىر خىل قاپىيىدە بولۇشى كېرەك؛ ئەگەر 8 مىسرالىق بولسا، 6 مىسراسى بىر خىل قاپىيىدە كېلىپ، «تەرجىئە» قىلىنغان بېيىت باشقىچە قاپىيىدە كەلسىمۇ بولىدۇ. فورمۇلىسى:

① a a a a a a

b b b b a a

② a a a a a a b b

c c c c c c b b

مەسىلەن:

روھۇمنى ئەزەلدە ئول ئىلاھىم،
كۆيدۈردى سېنىڭ ئۈچۈن نىگارىم؛
ۋالەدۇر ساڭا بۇ خەستە جانىم،
قالمادى دىلدا ھەم ھېچ قارارىم،
ئىشقىڭدا سېنىڭ ئايا نىگارىم،
مانەندى ھۇسەين تۆكۈلدى قانىم.

قايسى كۈن ئىدى يۈزۈڭنى كۆردۈم،
ئەقلىم قۇشىنى قويۇپ ئۇچۇردۇم؛

پايەك ئىزىنى كۆزۈمگە سۈردۈم،
لاھەۋلە ئوقۇپ ئۆزۈمگە ھۈردۈم.
ئىشقىڭدا سېنىڭ ئايا نىگارىم،
مانەندى ھۈسەين تۆكۈلدى قانىم.

يۈزۈڭنى قىلىپ مسال قۇياشقا،
ئاشىق ئېلى تۈشەر تالاشقا؛
ۋاله بولۇبان قوشۇما قاشقا،
يەتكەندە ئۆزۈم بەست شەش ياشقا،
ئىشقىڭدا سېنىڭ ئايا نىگارىم،
مانەندى ھۈسەين تۆكۈلدى قانىم.

(موللا بىلال)

ئەگمە قەددىم زەئىفىن ئول سەرۋى خىرامان بىلمەدى،
بولدى جان ئاشۇپتە ھال ئول لەئلى خەندان بىلمەدى
ھەجر ئارا تا قىلمەدىم پەريادۇ ئەپغان بىلمەدى،
ناله قىلدىم كېچەلەر ئول نا مۇسۇلمان بىلمەدى،
لەززەتى تىغى شاھادەت شەربەتىن جان بىلمەدى،
ھالەتىم بەد، غۇسسە بىھەد، ۋەسل مەقسەد، ناله بېش،
بەخت ۋاجۇن، دەردى ئەپزۇن، دىدە پۇرخۇن،
سىنە رىش.

قىلدى سەرگەردان جۇنۇن ۋادەسىنى رەسۋالىغىم،
سالدى ئوت ئەھلى جاھانغا شورىشى شەيدالىغىم؛
دەھر ئارا ئەپسانە بولدى بىسەرۇ سەۋدالىغىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئابرو مۇلكىنى تاراج ئەيلەدى ياغمالىغىم،
قىسسەئى مەجنۇننى مەنسۇخ ئەتتى بىپەرۋالىغىم،
بۇدۇر ئانسىز كۇلبەئى غەم ئىچرە بەزمارالىغىم.
ھالەتىم بەد، غۇسسە بىھەد، ۋەسل مەقسەد، نالە بىش،
بەخت ۋاجۇن، دەردى ئەپزۇن، دىدە پۇرخۇن، سىنەرىش.
(ناۋايى)

## مۇستەھزاد

«ھەزا» ياكى «ھەزەئ» دېگەن سۆز تومۇرىدىن تۇرلەنگەن «مۇستەھزاد» سۆزىنىڭ تۇپ مەنىسى «كەمسىتىلگەن»، «يالغۇزسىرىدغان»، «تەۋرەيدىغان» دېگەنگە توغرا كېلىدۇ. شېئىرىيەتتە بولسا، كۆچمە مەنىسى بويىچە، ھەر مىسرا ئاخىرىغا ئايرىم قوشۇلغان سۆز ياكى ئىبارە، مىسرانىڭ بۇ قىسمى پۈتۈن مىسرادىكى ئۇقۇمنى تېخىمۇ تولۇقلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ھەر ئىككى مىسرا قاپىيىداش كېلىدۇ، ئۇلارغا ئۇلانغان «مۇستەھزاد» قىسمىمۇ ئۆز ئالدىغا ئايرىم قاپىيىداش بولۇپ، قىسقا بىر بېيىت شەكلىنى ئالىدۇ. بۇ شەكىلنى خەلقئارادا «Koda» دەيدۇ (بۇ سۆز ئىتالىيانچە «قۇيرۇق» مەنىسىدىكى «coda» سۆزىدىن كېلىپ چىققان). بۇ ئارتۇق قوشۇلغان مىسرا دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ شەكىل ماھارەت، پاساھەت ۋە ئاھاڭدارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. كلاسسىك ئۇيغۇر مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ بەزى ئاھاڭلىرىمۇ مۇشۇ مۇستەھزاد شەكلىدە كېلىدۇ. بۇنىڭ فورمۇلىسى:

a ............

b ......

............ a

...... b

مەسلەن:

تاتۇشتى بۇ مەھفەل ئىچگە شورى مۇھەببەت،
بولدى چۇ گۇلىستان،
ساغەردە لەبالەب مەي پۇر زورى مۇھەببەت، رىندان
ھەمە مەستان...
دىلبەر كۆزىنى كۆرمەسە ھەرگىز ئايىلۇرمۇ، بو بار-
چەغە مەئلۇم.
دىۋانە زەلىلى ئىدى زەنجىرى ھەببەت، غەم بىرلە
پەرىشان.
(زەلىلى)
تامام مەخلۇقنىڭ ئۇلۇغراقىدۇر ئىنسان، ئىنسان بەك
ئاقىل،
ئۇلۇغلۇقى بولغاچ كۆكتە قۇش كەبى ئۇچقان، شۇڭلاشقا
قابىل.
(بىلال ئەزىزى)

## چاچما شېئىر

شېئىرنىڭ بۇ شەكلى «ئەركىن شېئىر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خەلقئا-
رادا بۇنى «ۋېرلىبىر» (verlibr) دەيدۇ، بۇ نام فرانسۇزچە
«vers libre» («ئەركىن شېئىر») دېگەن سۆزدىن كېلىپ
چىققان. ئادەتتە، بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا «چاچما شېئىر»
دېيىلىدۇ، بۇ شېئىرىيەتتە يېڭى شەكىل ھېسابلىنىدۇ. بۇ شەكىلنى

www.uyghurkitap.com

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، بىلگىيىدە ئېمىل ۋېرخارن باشلاپ
بەرگەن. كېيىن سوۋېت شائىرى ماياكوۋىسكىي كۆپ قوللانغان.
بۇ شەكىلدە يېزىلغان شېئىرنىڭ بەنتى، مىسرا ۋە تۇراقلىرى ئەركىن-
رەك بولىدۇ. چاچما شېئىر ئەندىزە ــ نەزمە شەرتلىرى بىلەن قاتتىق
چەكلەنمەيدۇ. بۇنىڭدا، بەنت، مىسرا، تۇراقلار (ھەم مىسرانىڭ
ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى) ئىپادىلىنىدىغان مەزمۇنغا قاراپ بەل-
گىلىنىدۇ.

شېئىرنىڭ باشقا شەكىللىرىگە، بولۇپمۇ ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىر-
لارغا قارىغاندا، چاچما شېئىر (ئەندىزە ــ نەزمە شەرتى جەھەتتىن)
ئەركىن، لېكىن ئۇنىڭدىمۇ مەلۇم ۋەزىن، قاپىيە، تۇراق بولىدۇ؛
ۋەزىن بىلەن قاپىيىنى مەزمۇنغا ئالاقىدار بولغان مىسرالارنىڭ ئاھاڭ-
دارلىقى بەلگىلەيدۇ. مىسرالار ياكى بىر مىسرا بولۇپ كەلگەن
سۆزلەر ئۇرغۇلۇق بولۇشنى ئانچە قاتتىق تەلەپ قىلىپ كەتمەيدۇ.
قاپىيە چۈشكەن مىسرا بىلەن قاپىيىداش بولغان مىسرا ئارىلىقىدا
ئىنتوناتسىيە جەھەتتىن مەلۇم تۇراقلار بولىدۇ.

چاچما شېئىردا، يەككە سۆزنى خالىغانچە بىر مىسرا قىلىپ
قويماسلىق كېرەك. بىرىنچىدىن، گرامماتىكىلىق ياكى لوگىكىلىق
تەلەپ بويىچە ئايرىم مىسرا قىلىشقا توغرا كەلگەندە، ياكى قىستۇرما
قىلىنغاندا؛ ئىككىنچىدىن، مەنە جەھەتتىن ئىپادىنى تەكىتلەش-
كۈچەيتىش زۆرۈر بولغاندا؛ ئۈچىنچىدىن ئايرىم ئۇندەش-ئۇرانغا
كىتابخانىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلماقچى بولغاندا، يەككە سۆزنى
بىر مىسرا قىلىسمۇ بولىدۇ. بىر بەنتنى تەشكىل قىلغان مىسرالارنى
ئەندىزە-نەزمە قائىدىسىدىكى شېئىرلارنىڭ تىزىلىشىدىن ئايرىمچە
قىلىش ئۈچۈن، يانتۇ شەكىلدە تىزىسىمۇ ياكى تەكشىلا تىزىسىمۇ

بولىدۇ. مەسىلەن:

جۇڭگو...
جۇڭگو! ئانا يۇرتىمىز سەندۇ،
چۈنكى، بىز مىليونلىغان خەلق
سېنىڭ ئوماق قوينوڭدا
ساپ ھاۋاڭدا چوڭ بولغان؛
تېپىپ سېنىڭدە ئەقىل،
ئۆزىمىزنى تونۇپ ئوڭ بولغان.

(ل. مۇتەللىپ)

تېخى تۈنۈگۈنلا تام تۈۋىلىرىدە،
توپىغا مىلىنىپ،
مەن ئىدىم دوستۇم،
ئويناپ يۈرگەن مۇتەللىپ؛
مانا بۈگۈن كۈرەش قوينىغا
ئۆزەمنى ئاتتىم،
كۈرەش دولقۇنلىرىدىن،
تاتلىق ئىلھاملار ئېلىپ.

(ل. مۇتەللىپ)

## مەرسىيە

بۇ نام ئەرەبچە «رەسا» يەنى «يىغا»، «قايغۇ» دېگەن تۈپ سۆزدىن كېلىپ چىققان. «مەرسىيە»نى خەلقئارادا «ئېلېگىيە» دەيدۇ (بۇ سۆز گرېكچە «elegos» — «داتلاش»، «ئەرزىيەت ئوقۇش» دېگەن سۆزدىن تۈرلەنگەن). بىر كىمنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(بۇرۇنقى زامانلاردا خان ياكى بەگنىڭ، ياكى بىرەر خەلق قەھرى-مانىنىڭ ئۆلۈمىگە بېغىشلاپ) يېزىلغان نادامەتلىك شېئىر. بۇ شەكىل كۆپىنچە ئاھاڭدار-مۇڭلۇق سۆزلەر بىلەن تەمكىن ۋەزنىدە يېزىلىدۇ، بارماق ۋەزنىدىن، شۇنىڭدەك ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەرقاندىق بەھرىدىن، مەسنەۋىي ياكى مۇرەببە شەكىللىرىدىن پايدىلىنىشمۇ بولىدۇ. لېكىن تاللانغان شەكىل يېزىلىدىغان مەزمۇننىڭ ئۆزۈن-قىسقىلىقىغا باغلىق بولغىنى تۈزۈك. مەسىلەن:

دەرىخا، ئايرىلىپ قالدۇق بۈگۈن بىر ياخشى يولداشتىن،
سۆيۈملۈك، ئىپتىخارلىق، ئوت يۈرەك شائىر قېرىنداشتىن،
مۇسىبەت قايغۇسى ئەزدى تېگىپ مۆلدۈركەبى باشتىن،
يۈرەكمۇ گۆش ئىكەن يۇمشاق، يارالغان بولمىغاچ تاشتىن،
چىدالماي چاك-چاك بولدى ئادا بولغاندا بەرداشتىن.

تۇغۇلدى، ئۆستى، ئۇلغايدى، دېدى: "خەلقىمگە مەن ئوغلان،
يۈكۈم مول ئەھلى كارۋانمەن، ئەمەسمەن بەھرىسىز مېھمان"،
دېگەندەك ياشىدى شۇنداق، ساداقەتنى قىلىپ مىزان،
رىيازەت ھەمدە كۈلپەتنىڭ بېشىدا ياندۇرۇپ گۈلخان،
كۆرەشتى ئەل بىلەن بىللە، بولۇپ خالى پىغان، ياشتىن.

قەلەمنى قىلدى قۇدرەتلىك قورال ھەم بەيگىدە تۇلپار،
ئىجاد چۆل-دەشتىدىن قازدى گۈزەل، شېرىن تۇمەن ئەشئار،
يېتىلگەن ئىككى تىللىق خۇش ناۋا بۇلبۇل ئىدى داڭدار،
ئۇنىڭ مىسرالىرى يىللار، ئەسىرلەر بويىنىدا زۇننار،
ئىجادىي تۆھپىدە ئاز-ئاز تېپىلغاي ئاڭا ئوخشاشتىن.

يېپپەشتى شۇم ئەجەل، ئەپسۇس، رەھىمسىز، ۋەھشىي راك ئاتلىق،
كۆرەڭلەپ ئالدىراپ كەتتى قىلىشقا قەتلى ـ جاللاتلىق،
بىراق تىز پۈكمىدى شائىر ھاياتقا پۇت تىرەپ قاتتىق،
ۋە ئەزرائىل بىلەن چاقچاق قىلىشتى ياغدۇرۇپ شادلىق،
شاپائەت كۈتمىدى قىلچە ئۆلۈمدەك تەلۋە ـ بەڭباشتىن.

باھارغا ئىشتىياق باغلاپ، يۈرەكتىن كۈيلىگەن شائىر،
باھارنى چەيلىمەك بولغان قۇيۇنغا كۆنمىگەن شائىر،
ئاران ئاتمىش باھار كۆرگەن، زىيادە كۆرمىگەن شائىر،
لەھەتتە ياتسىمۇ جىسمى، كۆڭۈلدە ئۆلمىگەن شائىر،
قەلەمنى قالدۇرۇپ بىزگە، ئەبەد توختاپتۇ سايراشتىن.

(م. رەھىم)

## مۇناجات

بۇ نام ئەرەبچە «نەجۋە» يەنى «يوشۇرۇن»، «مەخپىي گەپلە-شىش»، «كۆڭلىدىكىنى ئېيتىش» دېگەن تۈپ سۆزدىن كېلىپ چىققان. مۇناجات — سەممىي گەپلىشىش، كۆڭلىدىكىنى دېيىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان، يەنى بىرەر نىجادلىق بەرگۈچىگە ئۆز ئىستىكىنى ئىپادىلەيدىغان شېئىرىي ئەسەر ياكى ناخشا ـ كۈي. خەلقئارادا بۇنى «پېئون» دەيدۇ (گرېكچە Paieon — «مارش»، «تەڭرى ھەققىدە ناخشا» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان). قەدىمكى يۇنان (گرېك) مۇناجاتلىرى تۆت مىسرالىق بەنتلەردىن تەركىب تاپقانلىقى ئۈستىگە، ھەر بىر تۇراقتا توغرا كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئۇرغۇلىرىغىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىناتتى. ھازىرقى ۋاقىتتا، شېئىر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ ھەرقانداق شەكىلدىن پايدىلىنىپ، خەلققە، ئەلگە، يولباشچىغا، تەبىئەتكە ئىستەك بىلدۈرگەن ۋە چاقىرىق قىلغان رەۋىشتە يازسىمۇ مۇناجات بولۇۋېرىدۇ. لېكىن مۇناجاتتا مىسرالار بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىكى، باشتىن-ئۇچىغا تۇراقلار بىر خىل ۋەزىندە بولۇشى، قاپىيىلەر جاراڭلىق، سۆزلەر ياڭراق ۋە يادلاشقا ئەپلىك بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

## مەسەل

بۇ نام ئەرەبچە «ئوخشىتىلغان»، «مىسال قىلىنغان»، يەنى «تەمسىل قىلىنغان» دېگەن مەنىدىكى سۆزدىن ياسالغان. مەسەل — ھېكايە تەرىقىسىدە يېزىلىدىغان كىچىكرەك شېئىرىي ئەسەر؛ كۆپىنچە پەند-نەسىھەت، ھەجۋىي ياكى كىنايە مەزمۇندا يېزىلىدۇ، قاپىيىسى ئىزچىل ياكى ھەر خىل بولۇشىمۇ مۇمكىن. تىلى تۇرمۇشتىكى زاڭلىق-مەسخىرە مەزمۇندىكى كۈلكىلىك سۆز-ئىبارىلەردىن تەركىب تاپىدۇ. مەسەلنىڭ پېرسوناژلىرى ئادەتتە ھايۋانلار، قۇشلار، دەل-دەرەخ ۋە گۈل-گىياھلار، قۇرۇت-قوڭغۇزلار بولىدۇ؛ شۇلار ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ۋەقەلەر، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلەر تەسۋىرلىنىدۇ؛ شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي تەبىقىلەرنىڭ مەنىۋى ۋە ئەخلاقىي قىياپەتلىرى يورۇتىلىدۇ. ھايۋانلارنىڭ ياكى قۇشلارنىڭ كىنايىلىك ئوبرازلىرىدىن ئۆز زامانىسىدىكى ھۆكۈمەران سىنىپلار — تەبىقىلەرنىڭ ساختىپەزلىك، مۇغەمبەرلىك، رەھىمسىزلىك، ئاچكۆزلۈك ۋە شۇنىڭدەك مەنىۋى قىياپەتلىرى ھەم خاراكتېرلىرىنى پاش قىلىش ئۈچۈن پايدىلىنىش مۇمكىن. رۇس مەسەلچىسى كرىلوۋنىڭ ئەسەرلىرى بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ. مەسەلنى

نەسرىي ئۇسۇلدا يازسمۇ بولىدۇ. بۇنىڭغا دۇنيا بويىچە مەشھۇر ئەسەر — «كەلىلە ۋە دەمنە» ئوبدان مىسال بولىدۇ.
ئۇيغۇر مەسەل يازغۇچىلىرىدىن زۇنۇن قادىرىنىڭ «چۈجە بىلەن سېغىزخان»، «قوشچى بىلەن چاشقان» ۋە «كېپىنەك بىلەن ھەرىلەر» قاتارلىق مەسەللىرىمۇ شۇلار قاتارىدا ئوبدان مىسال بولالايدۇ.

## ھەسبىھال

«ھەسب»—ئويلىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، بايان قىلىش، «ھال»— ئەھۋال دېگەن بولىدۇ. «ھەسبىھال» ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلىش، تەنقىدىي پىكىرلىرىنى ئېيتىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ شەكىل خەلق ئىچىدە شېئىرىي مەكتۇپنىڭ ئەڭ ئوبدان ئۈلگىسى. كلاسسىك شائىرلار، بولۇپمۇ ناۋايى بۇ شەكىلدىن ئوبدان پايدىلانغان. شائىر ئۆزىنىڭ زامانىغا بولغان كۆزقارىشىنى، جەمئىيەتتىكى كىشىلەرگە باھاسىنى، ئۆزىنىڭ پائالىيەتلىرىنى، ئاچكۆز ۋە مۇغەمبەرلەرگە بولغان يىرگىنىشلىرىنى مۇشۇ شەكىل ئارقىلىق بايان قىلىدۇ. بۇ كۆپىنچە مەلۇم بىر شەخسكە خەت تەرىقىسىدە ئەۋەتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى «شېئىرىي سالام خەت» دېيىشمۇ بولىدۇ. بۇنىڭغا ئات ۋەقەسى توغرىسىدا قارىقاشلىق ئەخمەت شائاخۇننىڭ ئاقسۇدىكى نەزەر مۇپتىغا يازغان سالام خېتى ئوبدان مىسال بولىدۇ:

دۇئايى بىسەدەد خۇاجە نەزەر مۇپتىغا ئەلبەتتە،
تەھىياتۇ سالامىم ئانچىنان ئاھۇ نادامەتتە؛
دۇئا پىرلە ۋىسال بولغاي سالامىم ياخشى سائەتتە،
سىنى ياد ئەيلەدىم ھەر كۈن سەھەر تائەت ـ ئىبادەتتە؛
كى سەندىن ئۆزگە دوستۇم يوق ئىدى ئاقسۇ ۋىلايەتتە....

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىنى مەن دوستى ـ يارىم دەپ كۆڭۈلدە ئىتماد ئەتكەچ،
مۇھەببەت رىشتەسىدىن ھەر زامان كۆڭلۈمنى شاد ئەتكەچ؛
سىفاتىڭنى قىلىپ تەئرىپ چۇنانچە ئىتىقاد ئەتكەچ،
ئىبەردىم ساڭا ئاتمىش تەڭگە پۇلنى ئىلتىپات ئەتكەچ،
كى ئوبدان ئات ئېلىپ بەرگەي دەبان ئۇشبۇ خىيالەتتە.

پۇلۇمنى توختىتىپ بىر يىل ئىبەرتىپسەن ماڭا بىر ئات،
ئېشەكچە يوقتۇر رەپتارى بۇ ئاتنىڭ ھەرنە پەيلى يات،
كى توختاپ يولدا ياتۇر قامچا بىرلە ئۇرسىمۇ پات ـ پات،
كۆلا ـ ئارغامچىنى ئۈزدى قوزۇقتا باغلىسام ئون قات؛
تولا ئارغامچىنى ئۇلاپ كى مەن قالدىم ھىلاكەتتە...

بايان ئەيلەي ساڭا ئەمدى بۇ ئاتنىڭ ئەيىبىنى:ئاڭقا،
ساماندىن ئۈچ كۆشۈك يەپ ھەر قەدەمدە بىر تۇرۇپ ساڭقا،
ئۆزى ئورۇق، قېنى قۇيرۇق، پۇتى مايماق، بويى لاڭقا،
ھىلى تەپكەك، ھىلى مۆڭگەك، يەنە ئەيب ئۇستىگە ماڭقا،
بۇ سۈرەتلىك يەنە بىر ئات تۆرەلمەس ھىچ ۋىلايەتتە...
(شېئىردىي سالام خەتتىن ئۈزۈندە)

## سەجئە

«سەجئە» ــ ئەسلىدە ئەرەبچىدە كەپتەرنىڭ «گۇ ـ گۇ ـ گۇ» قىلىپ ئۈنلىشى، كۆچمە مەنىسى قاپىيىلىك گەپ قىلىش دېمەكتۇر. سەجئە ــ قاپىيىلىك نەسرىي ئەسەر، ياكى جۈملىلىرى قاپىيىلىك چۈشكەن، شېئىر مىسرالىرىغا ئوخشايدىغان ئەسەر؛ خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىگە خاس بولغان شېئىرىي نەسىر. بۇ كۆپىنچە خەلق

ئېغىز ئىجادىيىتى ئەسەرلىرىگە: قوشاق، بېيىت، داستان ۋە چۆچەك-لەرگە خاس شەكىل ئىدى. بۇ شەكىلدىن خەلق ئاممىسى ئەمەلىي تۇرمۇشتا، گەپ-سۆزلىرىدە كۆپ پايدىلىنىدۇ. بۇ شەكىل بىلەن ھەر خىل تېمىلارنى ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: «قېرىسىغاندا سالپىيىدۇ، سۆزدە ئالجىيىدۇ، شاپتۇل ئۈچكىسىنى كۆرسىمۇ بادام دەيدۇ، كىچىك بالىنىمۇ دادام دەيدۇ». «پاراسەت ئايىغى ئاقساق، تۆگىمدەك يىگىنى قامغاق بىلەن يانتاق»؛ «ئۆزى يۈزسىز، سۆزى تۈزسىز»....

كلاسسىك شائىرلارمۇ نەسرىي ئەسەرلەرنى كۆپىنچە «سەجئە» شەكلى بىلەن يازغان. (مەنمۇ «ئوت يۈرەك شائىر» دېگەن ماقالەمنى يېزىشتا مۇشۇ شەكىلدىن سىناق تەرىقىسىدە پايدىلاندىم). «سەجئە»نى جۈملىلىرى قاپىيىلىك بولۇشى جەھەتتىنلا شېئىرىي ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ، لېكىن ئۇ ئاساسەن نەسرىي ئەسەردۇر.

## قەسىدە

بۇ نام ئەرەبچە «ئىپادە قىلماق»، «شېئىر قىلماق» دېگەن «قەسەد» سۆزىدىن تۈرلىنىپ چىقىپ، «ئۇزۇن شېئىر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. قەسىدە — شېئىرىيەتتە مەدھىيە، ماختاش، مەرسىيە-قايغۇرۇش، ياكى دىداكتىكلىق-نەسىھەتكۈيلۈق مەزمۇنىدا يېزىلىدىغان بىر ژانىر؛ كۆپىنچە بېيىت شەكلىدە ئىككىلىك ياكى مەسنەۋىي ئۇسۇلدا، ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلىپ، 15—20 بېيىتتىن كەم بولمايدۇ. قەسىدە، ئىلگىرى ئەرەب، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا، كۆپىنچە پادىشاھلارغا، ئەمىر-بەگلەرگە، ئەمەلدارلارغا ۋە ئايرىم تارىخىي ۋەقەلەرگە بېغىشلاپ يېزىلاتتى؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قەدىمكى يۇنان ۋە رىملاردىمۇ «ئودا» (گرېكچە ode — ناخشا)، «كانتاتا» (لاتىنچە cantare — كۈيلەش) دېگەن نام بىلەن، بىرەر شەخسنىڭ پائالىيىتى ياكى بىرەر ۋەقەلىك توغرىسىدا خور قىلىپ ئېيتىلىدىغان شېئىرىي شەكىل ئىدى.

هازىرقى ۋاقىتتا، شېئىرنىڭ بۇ شەكلى خەلقىنى، ۋەتەننى، داهىيلارنى، خەلقنىڭ ئەركىن زامانىنى كۈيلەيدىغان، چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇن بىلەن بېيىتىلغان يېڭى تۈسكە كىردى. قەسىدىنىڭ قاپىيىلىرى باشتىن-ئاياغقىچە ئىزچىل قاپىيە بىلەن چىقىدۇ، يەنى باشتىكى بېيىتنىڭ قاپىيىسى ئاخىرىغىچە داۋاملىشىدۇ.

## باللادا

باللادا — شېئىر بىلەن يېزىلغان كىچىككىنە قىسسە. باللادا ئىتالىيانچە «ballare» («سەكرىمەك، ئويۇنغا چۈشمەك»؛ «هاياجان») دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان؛ شېئىرىيەتتە لىرىكىلىق-ئېپىك بىر شەكىل.

ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپا ئەدەبىياتىدا (فرانسۇز، ئىسپان، ئىتالىيانلاردا)، دەسلەپتە، باللادا — لىرىكىلىق خوروۋود («مەشرەپ ناخشىسى») دەپ ئاتىلاتتى؛ ئۇ چاغلاردا ئاهاڭغا سېلىنىپ ئېيتىلىدىغان بۇ شېئىرىي ئەسەرنىڭ تۈزۈلۈشىمۇ مۇرەككەپرەك ئىدى. هازىر بۇ شەكىل خىيالىي، تارىخىي ياكى ئەمەلىي ئىشلارنى، قەهرىمانلىق ۋەقەلىرىنى، زامانىنى، تۈزۈم-سىياسەتنى مەزمۇن قىلىپ يېزىلىدىغان شېئىر تۈسىنى ئالدى. شۇڭا، باللادا شەكلى بىلەن كىچىك سيۇژىتلار ئىپادىلەنسىمۇ بولىدۇ، ياكى بولمىسا، شائىر ئۆزىنىڭ تۇيغۇ-پىكىرلىرىنى ۋە مەنىۋى كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلسىمۇ بولىدۇ. بۇ

شەكلىنى بارماق ۋەزنىدە، ياكى بولمىسا ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئۆزۈن-قىسقا بەھىرلىرى ئارىلىقىدا، ياكى مەسنەۋىي ئۇسۇلىدا، شۇنىڭدەك خەلق بېيىتلىرى شەكلىدە يازسىمۇ بولىدۇ. ھەر ھالدا، ئوقۇشقا، يادلاشقا ئەپلىك كېلىدىغان كۈيلۈك خۇسۇسىيىتى كۆزدە تۇتۇلغىنى ياخشى.

## ساقىنامە

ئەرەبچە «مەي تۇتقۇچى» (ئەسلىدە «ئۇسسۇلۇق بەرگۈچى») دېگەن مەنىدىكى «سەقا»، «ساقىي» دېگەن سۆزدىن ياسالغان. ساقىنامە — لۇغەت مەنىسى بويىچە، شاراب تۇتقۇچىغا بېغىشلاپ يېزىلغان دېمەكتۇر؛ لېكىن شائىر مەي ئارقىلىق ياكى مەي تۇتقۇچىغا ھاۋالە قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ھېسسىي دولقۇنلىرىنى، تەلپۈنگەن ئىستەكلىرىنى، دىنىي ۋە دۇنياۋى قاراشلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ شەكىل خېلى ئۇچرايدۇ؛ كۆپىنچىسى مەسنەۋىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان. لېكىن شائىرلىرىمىزنىڭ قوللانغان شەكىللىرى ئوخشاش ئەمەس.

مەسىلەن، ناۋايىي «ساقىنامە»سىدە، 9 بەنتنىڭ ھەر بىرى ئاساسەن 10 بېيىتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەر بەنت ئاخىرىدىكى ئىككى مىسرا («خەرابات ئارا كىردىم ئاشفىتە ھال، مەي ئىستەرغە ئىلكىمدە سىنغان ساپال») نەقرات تەرىقىسىدە تەكرارلانغان.

زەلىلىنىڭ ساقىنامەلىرىدە مەنىۋى قەدەھ، تەبىئىي مەنزىرە، نەغمە-ناۋا تەسۋىرلىرى ۋە تەڭرىگە ئىلتىجاسى ئارقىلىق ئاپتور ئۆزى ئىززەتلىگەن (ئەقىدە قىلغان) ھۆكۈمدار مەدھىيىلىنىدۇ. زەلىلى «ساقىنامە»نى مەسنەۋىي ئۇسلۇبتا ئونلاپ بېيىت بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يازغان، بولۇپمۇ سۇتۇق بۇغراخانغا بېغىشلىغان «ساقىنامە»سىدە، باغ ـ چىمەن، مېۋە ـ چېۋە تەسۋىرى ۋە ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى ئاجايىپ پىرىيومىلار بىلەن (قەدىنى چاك، تومۇر ـ پەيلىرىنى تار ئەيلەپ، ھەر تارىدىن سەد ھەزار بىغان ئەيلەپ) «مىڭ تىل بىلەن تەرانە ئەيلەپ، شەبىستان كۆكلىدە تەھرىر قىلىدۇ». «ساقىنامە» ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشىمۇ مۇمكىن.

كېتۇر ساقىيا مۇژدەيى جامىدىن،
كى پەژمۇردە بولمۇش مەن ئەييامىدىن.

بۇ گۈلشەن گۈلىگە چۇ يوقتۇر ۋەفا،
نى پەرھىز ئېتەي جامى گۈلفەمىدىن.

چۇ يوق شامى ھىجران خۇمارىمغا سۇبھ،
ئىچىپ ئاكلىماي سۇبھىنى شامىدىن.

خالاس ئەيلەي ئۆزنى مەيۇنۇ قىلىنىڭ،
سۇۋۇدانىسى بىرلە بۇ دەمىدىن.

بولاي دەير پىرىگە ئاندىغ مۇرىد،
كى، باد ئەتمەيىن شەيخۇل ئىسلامىدىن.

كىرەي دەير ئەرا ئۇيلە مەجنۇنۇ مەست،
كى، كەتسۇن خىرەد خاس ئىلە ئامىدىن.

سالاي بىر ئەلالە خەرابەت ئارا،
كى، چىقسۇن پىغان ئەھلى ئەيىيامدىن.

خەرابەتى بولماقلىغىم، زاھىدا،
ساۋل ئەتمە مەن زارو بەدنامدىن.

گۆرۈ قىلغىلى مەيگە كۈن قالمدى،
نەتەسبىھۇ، نە خىرقە، نەكامدىن.

خەرابەت ئارا كىردىم ئاشپتە ھال،
مەي ئىستەرگە ئىلكىمدە سۇنغان ساپال.
(ناۋايى)

قەدەھ تۇت ساقىي ئەي شىرىن خەسانە،
بە ئاۋازى نەيۇ، چاڭۇ چەغانە.

سۇرۇدى ئەرغنۇن ئالەمگە تولسۇن،
پىغانىدىن قىيامەت قايىم ئولسۇن.

گۈلاھى شۇئلەكى كىيدى قىزىل گۈل،
پەرۇ بالىنى يۇلدى زار بۇلبۇل.

مۇغەننى ئەيلىگەچ مۇنداق تەرانە،
چىمەن چەكتى شارابى ئاشقانە...

(زەلىلى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## داستان

«داستان» — ئەسلىدە چالغۇ ئەسۋابىنىڭ «خەرىكى»، «توپچە-سى»، «پەدىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى؛ كېيىنچە، چالغۇ ئەسۋابى بىلەن تەڭكەش قىلىپ ئاھاڭغا سېلىنىپ ئېيتىلىدىغان چۆچەك - ھېكايە «داستان» دېيىلىدىغان بولدى. مەشھۇر كلاسسىك مۇزىكىمىز «12 مۇقام»دا بۇ ھازىرغىچە ساقلانغان. داستاننى خەلقئارادا «پوئېما» دەيدۇ، بۇ گرېكچە «poiema» (شېئىر ئېيتىش) دېگەن مەنىدىن كېلىدىغان نام. داستان — نەزمە - شېئىر يولى بىلەن ئېيتىلغان ھېكايە، سەرگۈزەشت، تارىخ - تەزكىرە ۋە تەرجىمىھال دېمەكتۇر؛ يەنى چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيەتلىك مەلۇم ۋەقە، تىپىك ئوبرازلار ۋە جۇشقۇن روھ بىلەن كۆيلىنىدىغان چوڭ (ئۇزۇن) شېئىر، ھازىرقى زامان داستانلىرىنى نەزەردە تۇتقاندا، داستاننى شېئىر بىلەن يېزىلغان پوۋېست دېيىشمۇ بولىدۇ.

داستاندا نوقۇل لىرىكا ئەمەس، ئېپىك ۋەقە ئاساس قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان سيۇژېت ۋە تۈزۈلمە (كومپوزىتسىيە) ئارقىلىق، قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازلىرى يارىتىلىدۇ. لېكىن پېرسوناژلارنى سۈرەتلەش ۋە شەيئىلەرنى تەسۋىرلەشتە، پوۋېست - رومانلاردىكىدەك ناھايىتى ئىنچىكە - تەپسىلىي بولماستىن، ئۆزگىرىش-چانراق بولىدۇ. كلاسسىك شائىرلار (مەسىلەن، لۇتفى، ناۋايى، نىزارى...) كۆپىنچە ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ مۇھەببەت ۋەقەلىرىنى تېما قىلىپ، ئۆز زامانىسىدىكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ناھايىتى ئۆتكۈر مەنىۋى پىكىر ۋە پاساھەتلىك تىل بىلەن كەڭ بايان قىلىپ بەرگەن. ھازىرقى دەۋردە، شائىرلىرىمىز تولۇپ - تاشقان ئىنقىلابىي

روھ بىلەن، مىللىي تۈس ۋە گۈزەل ئىبارىلەر ئارقىلىق، سوتسىيالىزم دەۋرىنى ۋە بۇ دەۋردىكى قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازلىرىنى داستان شەكلىدە ئىپادىلەشكە كىرىشتى. بۇ ساھادە ئۇنلىغان ئوبدان ئەسەرلەر كەينى-كەينىدىن ۋۇجۇتقا كەلمەكتە.

## شېئىرىي دراما

دراما ئەسلىدە گىرېكچە «drama» («ھەرىكەت، پائالىيەت») سۆزىدىن كېلىپ چىققان، ئۇ — بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي تۈرلىرىدىن بىرى.

شېئىرىي دراما — دىئالوگلىرى شېئىر بىلەن يېزىلغان دراما، ئۇنىڭ شەكلى-خۇسۇسىيىتى ئادەتتىكى درامىلار بىلەن ئوخشاش. مەسىلەن، زىددىيەت-توقۇنۇشلىرى كەسكىن ۋە مەركەزلەشكەن بولىدۇ؛ پېرسوناژلار، كۆرۈنۈشلەر، ۋاقىت-زامان يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلانغان بولىدۇ؛ پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ۋە دىئالوگلىرى ئىپادىلەشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى قىلىنىدۇ؛ دراما — ئەڭ ئوبرازلىق سەنئەتتۇر. شېئىرىي درامىنىڭ ئادەتتىكى درامىدىن پەرقلىنىدىغان يېرى پەقەت شېئىر بىلەن يېزىلغانلىقىدۇر. مەسىلەن، مەشھۇر ئېنگلىز دراماتورگى ۋىلىيام شېكسپىرنىڭ ئەسەرلىرى شۇنداق؛ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىلىق درامىسى «غېرىپ-سەنەم» ئەسىرىمۇ شېئىرىي دراما ھېسابلىنىدۇ، شېئىرىي دراما ئۇيغۇر دراماتورگىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى.

شېئىرىي درامىدىكى دىئالوگلار ناھايىتى ئىخچام، چوڭقۇر مەنىلىك، ھەر بىر پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىدىغان روشەن بولۇشى، بىرەر ئېغىزمۇ بىھۇدە سۆزلەر بولماسلىقى زۆرۈر. شېئىرىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىرامىنىڭ دىئالوگلىرىنى يازماق شېئىر-غەزەللەر يازماقتىنمۇ تەسرەك. چۈنكى پوئېزىيە، پروزا بىلەن دىرامىنىڭ قوشۇلۇشىدىن سەھنە ئەسىرى يارىتىلىدۇ. ھازىر، كلاسسىك خەلق داستانلىرى ئاساسىدا ئىشلەنگەن دىرامىلاردىن باشقا، ۋەقەلىكى رېئال ھاياتتىن ئېلىنغان زامانىۋى شېئىرىي دىرامىلارمۇ مەيدانغا كەلمەكتە.

## شېئىرىي رومان

شېئىرىي رومان — شېئىر بىلەن يېزىلغان رومان. ئادەتتىكى رومانغا ئوخشاش بۇنىڭدىمۇ تارىخىي، ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى، ئائىلىۋى — مەئىشى ۋەقەلەر، سەرگۈزەشتىلەر تېما قىلىنىدۇ. مۇكەممەل سيۇژېتلىرى، نۇرغۇنلىغان ئېپىزوتلىرى بولىدۇ؛ ئىپادىلەش ۋاستىلىرى خىلمۇخىل بولىدۇ؛ تىلى ئوبرازلاشقان، خاراكتېرلىق بولىدۇ. بۇ شەكىلمۇ ئادەتتىكى رومانلاردەك دىلوگىيە (ئىككى توملۇق رومان)، تىرىلوگىيە (ئۈچ توملۇق رومان) ۋە ياكى رومانلار سىكلى قىلىپ يېزىلىشىمۇ بولىدۇ.

## سەپەرنامە

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا، شېئىرىيەتنىڭ يەنە بىر ژانىرى — سەپەرنامە. كلاسسىك شائىرلىرىمىز يۇرتلار ئارا قىلغان سەپەرلىرىنى نوقۇل تەبىئەت تەسۋىرى، يەنى كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى شېئىر شەكلى ئارقىلىقلا ئىپادىلەش بىلەن «سەپەرنامە» يازمىغان؛ بەلكى كۆرگەن تۇرمۇش ۋاستىلىرى ۋە تەبىئەت مەنزىرىلىرى، شەھەر كۆرۈنۈشلىرىنى مەلۇم يېتەكچى غايە ئاستىدا مەنىۋى پەللىگە كۆتۈرۈپ تەسۋىرلىگەن. شائىر زەلىلىنىڭ «سەپەرنامە»لىرى بۇنىڭغا تولۇق

مسال بولىدۇ.

## سىكىل

«سىكىل» گرېكچە «kyklos» («هالقا»، «دۈگىلەك»، «چاق») دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ بىر تۈرى. بۇ ھازىرقى ئەمەلىي ياكى تارىخىي ئەھۋالنى تېما قىلغان (ھېكايە شەكلىدە يېزىلغان ئەسەرلەردە)، ياكى بولمىسا بىرەر پىكىر ۋە بىر خىل كەچۈرمىشنى ئاساس قىلغان (لىرىكىلىق ئەسەرلەردە)، مەزمۇن-داش بىرقانچە شېئىر ياكى رومانىنىڭ ھالقىسى، زەنجىرىدۇر. لېكىن ھەرخىل-ھەرياغىزا يېزىلغان (بىر-بىرىگە مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە ئالاقىسى بولمىغان) شېئىرلارنى قاتار تىزىپ قويۇش بىلەن «سىكىل» دېگىلى بولمايدۇ.

## مۇۋەششەھ

«ۋەششەھ» («كەمەر باغلىغان»، «بەلباغ ئورىغان») دېگەن سۆزدىن تۈرلەنگەن «مۇۋەششەھ» ئاتالغۇسى (مىسرالار بېشىدا) «يوشۇرۇنغان سۆز» دېمەكتۇر. بۇ بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا قوللىنىلدىغان شەكىل ئىدى، شائىر ئۆز ئىسمىنى ياكى ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى-مەقسىتىنى، ياكى بولمىسا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ھۆرمەت قىلىدىغان بىر شەخسنى مىسرالارنىڭ باشلىرىدىكى سۆزلەرگە يوشۇرۇپ يازاتتى. يەنى بىرىنچى مىسرادىن باشلاپ ھەممە تاق سانلىق مىسرالارنىڭ بىرىنچى سۆزلىرىدىكى باش ھەرپلەر ئايرىپ ئېلىنىپ، بىر-بىرىگە قوشۇلسا، شائىرنىڭ يوشۇرغان سۆزى كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ «باھار ھەققىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

مۇۋەششەھ» دېگەن شېئىرنى بىلال ئەزىزنىگە قاراتقان: «شائىر تۇغرىسىدا مۇۋەششەھ» شېئىرىنى ئۆزىگە («ياشاش ئۈچۈن كۈرەش» دەپ) قاراتقان. بۇ ئىلگىرى قوللىنىلغان شەكىل، ھازىرقى زاماندىمۇ بەزى كىشىلەر يەنە شۇ شەكىل بىلەن يېزىپ باقماقتا.

## نەزىرە

«نەزىر»—ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «تەڭداش»، «ئوخشاش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇنىڭدىن تۈرلىنىپ «نەزىرە» — قايتا كۆچۈرمىسى، ئوخشىتىپ ئىشلەنگىنى دېگەن مەنىگە كېڭەيگەن. يەنى ئىككىنچى بىر شائىرنىڭ شېئىرىغا ۋەزنى، شەكلى جەھەتتىن ئوخشىتىپ ئىشلەنگەن شېئىر. مەسىلەن، ماۋجۇشىنىڭ «ۋەنششا» ۋەزنىدە لىۋيازى ئەپەندىگە يازغان شېئىرى «نەزىرە» ھېسابلىنىدۇ.

## ئىقتىباس

ئەسلىدە «ئىقتىباس» سۆزى «ئېلىش»، «ئۆتنە»، «دەلىل قىلىش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. شېئىرىيەتتە بۇ شەكىلنىڭ ئۆزگىچىلىكى شۇكى، شائىر ئۆز شېئىرىدا، باشقا بىر شائىرنىڭ بىر ياكى ئىككى بېيىتىنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ، ئۆز شېئىرىنىڭ ئورگانىك بىرلىكىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. بۇنى كۆپ ھاللاردا قوش تىرناق ئىچىگە بېرىدۇ، ياكى ھاشىيىدە ئىزاھلاپ قويىدۇ. مەسىلەن، ماۋجۇشى «نيەننۇ جياۋ» ۋەزنىدە يازغان «كۇئېنلۇن» دېگەن شېئىرىدا قەدىمكىلەرنىڭ مىسرالىرىدىن پايدىلانغان:

ئاشتى ئاسمان قەرىدىن يۈكسەك كۇئېنلۇن قامىتىڭ،
يەر-جاھاندا بارچە باھار ئۆتتى ئالدىڭدىن تولۇق.

سەن ئۈچۈپ تۇرغان گويا ئۈچ يۈز تۈمەن ئاق ئەجدىھا،
ياغدى ئەپتىڭدىن پۈتۈن ئالەمگە قەھرىڭدىن سوغۇق.

(بۇ كۇپلېتنىڭ 3 ـ مىسراسىغا ھاشىيىدە ئاپتور مۇنداق ئىزاھ بەرگەن: قەدىمكىلەرنىڭ: «جەڭ قىلغان ئۈچ يۈز تۈمەن ئاق ئەجدىھا مەغلۇپ بولۇپ، ئۇچتى توزغاق تېرىسىدىن قاسىرىقى كۆككە تولۇپ» دېگەن سۆزى ـــ قارىغا قارىتىلغان سۆز. مەن قارلىق تاغنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىر مىسراسىدىن پايدىلاندىم.»)

## مۇئەممە

ئەسلىدە «رەڭگارەڭ» دېگەن سۆز. شېئىرىيەتتە بولسا، ئايرىم مىسرالىرى ياكى سۆزلىرى ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا بىر تىلدا يېزىلغان شېئىر. بۇ شەكىل خەلق قوشاقلىرىدا، شۇنىڭدەك كلاسسىك شائىر-لارنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

خەلق قوشاقلىرىدىن:

يامۇلنىڭ ياغاچلىرى
ئېگىز قارىغاي چەگىزە؛
يامۇلنى تېشىپ چىققان
سادىر ئۆزى خوخەنزە.

كلاسسىكلاردىن (رۇبائىي):

ئەل ئاراسىدا ھەمىشە كىيگەنىم يېڭى لىباس،
كىم خەتا يوسۇندا كەلمىشدۇركى يېشاڭ شىندى خو.
كونا يارىڭنى ئۇنۇتماي ئىستەگىل جانىڭ بىلە،
بۇ مەسەل چىن مۇلكىدە باردۇركى پېگيۇ جيۇدى خو.

ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ بەزى شائىرلىرىمىز مۇشۇنداق شېئىرىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## مۇشائىرە

مۇشائىرە — شېئىر ئېيتىشىش، يەنى ئىككى ياكى بىرقانچە شائىرنىڭ بىر-بىرىگە جاۋابەن ياكى ماسلىشىپ شېئىر ئېيتىشىشى. خەلق ئارىسىدا بولسا، بېيىت-قوشاقچىلارنىڭ قوشاق قوشۇش ئۇسۇلىنىڭ كېڭىيىپ، زامانىۋىلاشقان شەكلى. بۇ شائىرلارنىڭ (جۈملىدىن قوشاقچىلارنىڭ) بىر-بىرىدىن ئۆگىنىشىگە، ئىلھاملىنىشىغا، ئۆز ماھارىتىنى ھازىر جاۋاب شېئىرلار بىلەن كۆرسىتىشىگە پايدىلىق. مۇشائىرىدە، باشقا شائىرنىڭ بىرەر تېما ئۈستىدە يازغان شېئىرىگە ماسلاشتۇرۇپ، شېئىر توقۇپ چىقىشمۇ بولىدۇ، ياكى بىرقانچە شائىر ئىختىيارەن يىغىلىپ، تەييار شېئىرلىرىنى (ياكى بىرەر ماۋزۇ ئاستىدا دەرقەمدە يېزىشىپ) ئوقۇشىشمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، ماۋجۇشى «چىلۈي» ۋەزنىدىكى شېئىرىنى گومورۇغا مۇشائىرە قىلىپ يازغان.

ئاخىرىدا، ژانىر توغرىسىدا بەزى چۈشەنچىلەرنى قوشۇمچە قىلىمىز. شېئىرىيەت تارىخىدىن قارىغاندا، ژانىر مۇتلەق ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس، ھەر دەۋردە بىر ياكى بىرنەچچە خىل ژانىر ۋۇجۇتقا كېلىدۇ، لېكىن بىر ژانىر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، ژانىر دەۋر بىلەن چىڭ باغلانغان بولىدۇ.

«ئەدەبىي ژانىر كاتېگورىيىسى — تارىخىي كاتېگورىيە. گەپ بەزىبىر ژانىرلار ئورنىغا باشقىلىرى كېلىشى ۋە بىرەر ژانىرنىڭ ئەدەبىيات ئۈچۈن "ئەبەدىي" بولماسلىقىدىلا ئەمەس، گەپ يەنە شۇنىڭدىكى، ئايرىم ژانىرلارنى ئاجرىتىپ ئېلىش پرىنسىپلىرىنىڭ

ئۆزىمۇ، ژانىرلارنىڭ تىپى ۋە خاراكتېرى، ئۇلارنىڭ فۇنكسىيەلىرىمۇ ئۇ ياكى بۇ دەۋردە ئۆزگىرىدۇ»، شۇنىڭدەك «ئەدەبىيات ژانىرلىرىنىڭ بارچىسى بىرلىكتە مۇئەييەن سىستېمىنى تەشكىل قىلىدۇ ۋە بۇ سىستېما تۇرلۇك تارىخىي دەۋرلەردە تۇرلۇكچە بولىدۇ»①.

دېمەك ژانىرلار ھەربىر زاماننىڭ ئېستېتىكىلىق تەسەۋۋۇرى بىلەن باغلىق بولغىنى ئۇچۇن ئۆزگىرىپ بارىدۇ؛ ئاندىن، ئەدەبىياتتا تەسىر كۆرسەتكۇچى شائىرنىڭ پائالىيىتىگىمۇ باغلىق بولىدۇ. يەنى بەزى شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىدە غەزەل ئاساسىي ئورۇن تۇتسا، بەزىلىرىنىڭكىدە رۇبائىي ۋە داستانچىلىق مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ ئىجادىي ھاياتلىرى بۇنى ئىسپاتلىدى. كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ تارىخىدا، قەدىمدە بېيىت-قوشاقچىلىق ھۆكۈمران ئورۇن تۇتقان؛ ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بولسا، مەسنەۋىي ئۇسلۇبى يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان. 15 — 20-ئەسىرلەردىكى شېئىرىيىتىمىزدە غەزەل مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بولسا، بارماق ۋەزىندىكى شېئىرلار مۇتلەق يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىدى. يېقىنقى ۋاقىتلاردا غەزەل ۋە مەسنەۋىي ئۇسلۇبلىرى ئارىلاپ كۆرۈلسىمۇ، يەنىلا بارماق ۋەزىندىكى شېئىرلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنى شائىرنىڭ خاھىشى ئەمەس، دەۋر تەرەققىياتى ۋە ئاممىۋى قىزىقىش تەقەززا قىلىدۇ. دەۋرنىڭ مەنىۋى قىياپىتى شېئىرىيەتنىڭ قانداق شەكلى بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تولۇق تاپالىسا، شېئىرىيەتنىڭ شۇ شەكلى ئاممىۋى شەكىل بولۇپ قالىدۇ.

---

① د. س. لىخاچېف: «قەدىمكى رۇس ئەدەبىياتىدا پوئېتىكا» (ي. ئىسھاقوۋنىڭ «ناۋايى پوئېتىكىسى» كىتابىدىكى نەقلى بويىچە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بېكەچ ئارسلان تېگىن

## (داستاندىن پارچىلار)

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىپتىخارى — ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ باھاسىز ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بىزگە نۇرغۇن مەنىۋى بايلىقنى مىراس قالدۇردى. خىلمۇخىل مەزمۇنلۇق ۋە رەڭگارەڭ تۈسلۈك بۇ مىراسنىڭ بىر قىسمىنى تۈرلۈك تېمىلاردىكى شېئىر – قوشاقلار تەشكىل قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرقانچە داستان ۋە قىسسىدىن پارچىلار، مەدھىيە ۋە مەرسىيەدىن ئۈزۈندىلەر ئۇچرايدۇ. بۇلار قەدىمكى زاماندىكى بەدىئىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ سىن – تۈرقىنى دەسلەپكى قەدەمدە بىلىۋېلىشقا ۋاستە بولىدۇ. بۇلاردىن بەزىلىرى ئاتا – بوۋىلىرىمىزنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى قەھرىمانلىق پائالىيەتلىرىنىڭ بەدىئىي يادنامىسى ۋە بەزىلىرى 10 — 11 – ئەسىرلەردىكى سىياسىي – ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنىڭ ئەدەبىي يوللانمىسىدۇر. «بېكەچ ئارسلان تېگىن» داستانى ئەنە شۇلارنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە، چىن رېئاللىق تەسۋىرلەنگەن تارىخىي داستان. ئەپسۇسكى، نامەلۇم شائىر تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ داستان بىزگە تولۇق تېكىستى بىلەن يېتىپ كەلمىگەن.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئۈچ تومىغا سۆزلەملەر ئۈچۈن مىسال تەرىقىسىدە كىرگۈزۈلگەن 242 كۇپلېت شېئىردىن مەزمۇن ۋە شەكىل ئېتىبارى بىلەن، تەخمىنەن 36 كۇپلېتنى ئەنە شۇ «بېكەچ

ئارسلان تېگىن» داستانىنىڭ پارچىلىرى دەپ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ. شۇ زاماندىكى شېئىر شەكلى ھازىرمۇ ئۇيغۇر خەلق قوشاقچىلىقىدا، (بولۇپمۇ بەزى شىۋە رايونلىرىدا) ئەينەن جانلىق قوللىنىۋاتقانلىقىنى تەستىقلايدىغان پاكىتلار كۆپ قىممەتلىك تىل تەكشۈرۈش جەريانىدا ئېنىقلاندى. يەنى بىرەر ۋەقەلىك ياكى ئېپىزوت، مەيلى ئاپتور تىلى بىلەن ياكى داستاندىكى شەخس تىلى بىلەن بولسۇن، بىرقانچە بەنتكىچە بىر خىل قاپىيە ۋە كۆپىنچە بىر خىل ۋەزىن بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ؛ ۋەقەلىك ياكى ئېپىزوت يەڭگۈشلەنگەندە قاپىيىلەرمۇ ئالمىشىدۇ. بۇ يەردە جەملەنگەن پارچىلارنىڭ ئۇسلۇبىدىن ۋە شەخسلەرنىڭ بايانىدىن قارىغاندا، داستان مەلۇم بىر شائىر تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق، «دىۋان»دا شائىرنىڭ نامى ئېنىق قەيت قىلىنمىغان. (پەقەت III تومدا بىر يەردىلا تۇركلەرنىڭ «چوچۇ» دېگەن بىر شائىرى بارلىقى ئەسلىتىپ قويۇلغان).

مەھمۇت قەشقەرى بىزگە قالدۇرغان بۇ داستاننىڭ پارچىلىرىدىن قارىغاندا، داستاندا ياش قەھرىمان ئارسلان تېگىندىن باشقا، بىرقانچە شەخس تەسۋىرلەنگەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

«دىۋان»نىڭ ئۈچ تومىغا چېچىلغان بۇ داستان پارچىسىنى ۋەقەلىكنىڭ جەريانى ۋە بەدىئىي بايانى ھەم قاپىيە ھەم ۋەزنى بويىچە 4 بۆلەككە ۋە ھەربىر بۆلەكنى مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن بىرقانچە بەنتكە ئايرىپ رەتلەپ چىقتىم. گاھى بەنتلەر ئارىلىقىغا ئېپىزوتنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئۈزۈكلۈك بەلگىسى قويدۇم. داستاننىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يوقالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كىچىككىنە تەرمىدىن تارىخىي شەخس بېكەچ ئارسلان تېگىن ۋە باشقا شەخس-

لەرنىڭ ئوبرازلىرى ھەم جەڭ سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدە تولۇق ئۇقۇم ئاڭلانمايدۇ. كىتابخانلىرىمىزنى 11 ـ ئەسىردىكى خەلق داستانچىلىقىمىزنىڭ كىچىككىنە بىر كارتىنىسىدىن خەۋەردار بولۇپ قالارمىكىن دەپ تونۇشتۇردۇم.

## 1. ئەسلى تېكست

### I

1. بۇدراچ يەمە قۇدۇردى،
ئالپاغۇتىن ئوزۇردى،
سۇسىن يانا قادىردى،
كەلگەلىمەت ئىركەشۇر.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 83 ـ بەت)

2. ئەرتىش سۇۋى يەمەكى،
ستىغىپ تۇتار بىلەكى،
كۇرمەت ئانىڭ يۇرەكى،
كەلگەلىمەت ئىركەشۇر.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 163 ـ بەت)

3. ئۇستىغان قۇياش قاپسادى،
ئۇمۇنچلۇغ ئاداش ياپسادى،
ئەرتىش سۇۋىن كەچسەدى،
بۇ دۇن ئانىن ئۇركۇشۇر.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 88 ـ بەت)

4. ئۇرۇنچاق ئالپ يەرمەدى،
ئالىملىغ كۆرۈ ئارمادى،
ئاداشلىق ئۆزە تۇرمادى،
قالىن ئەرەن تىركەشۈر.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 85 ـ بەت)

5. ياندى ئەدىنچ ئوغراغى،
كەلدى بەرۈ تىغراغى،
ئۆزى قۇيى ئوغراغى،
ئالپلار قامۇغ تىركەشۈر.

(«دىۋان» III توم، فاكسىمىل 472 ـ بەت)

6. پىچغاس پىتىك قىلىۇرلار،
ئاند كەي يەمە بەرۈرلەر،
خاندىن باسۇت تىلەرلەر،
باسمىل چومۇل تىركەشۈر.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 231 ـ بەت)

7. باسمىل سۈسىن قۇمىتتى،
بارچا كەلىپ يۇمىتتى،
ئارسلان تابا ئەمىتتى،
قورقۇپ باشى تەزگىنۈر.

(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل 421 ـ بەت)

... ... ... ... ... ...

8. كەلسە ئاباك تەركەنىم،
ئەتىلگەمەت تۆركۈنىم،

يازىلماغاي تەركىنىم،
ئەمدى چەرىك چەركەشۇر.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 222 ـ بەت)

## II

9. قۇرۇى چۇۋاچ قۇرۇلدى،
تۇغۇم تىكىپ ئۇرۇلدى،
سۇسى ئۇتۇن ئورۇلدى،
قانچۇق قاچار ئول تۇتار.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 106 ـ بەت)

10. ئالىپ ئەرەننى ئوزۇردۇم،
بوينىن ئانىڭ قازىردىم،
ئالتۇن كۇمۇش يۇزۇردۇم،
سۇسى قالىن كىم ئۆتەر.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 186 ـ بەت)

11. ئالىپلار ئارغ ئالقىشۇر،
كۈچ بىر قىلىپ ئارقاشۇر،
بىر ـ بىر ئۇزە ئالقىشۇر،
ئەزگەر مەزىپ ئوق ئاتار.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 125 ـ بەت)

12. ئەرەن ئارغ ئۇرپەشۇر،
ئۆچىن كەكىن ئىرتەشۇر،
ساقال تۇتۇپ تارتىشۇر،
كۆكسى ئارا ئوت تۇتار.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 122 ـ بەت)

13. كۆچى تەگى توقۇشتى،
ئوغۇش قونۇم ئوقۇشتى،
چەرىك تابا ياقىشتى،
بىرگە كەلىپ ئۆچ ئۆتەر.
(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل 320 ـ بەت)
14. توقىش ئىچرە ئۇرىشتىم،
ئۇلۇغ بىرلە قارىشتىم،
تۆكۈز ئاتىن يارىشتىم،
ئايرىم ئەمدى ئال ئۇتار.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 185 ـ بەت)
15. ئۆپكەم كەلىپ ئوغرادىم،
ئارسلانلايۇ كۆكرەدىم،
ئالپلار باشىن توغرادىم،
ئەمدى مەنى كىم تۇتار.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 75 ـ بەت)
16. تىغراقلانىپ سەكرىتتى،
ئەردىن ئاتىن يۈگۈرتتى،
بىزنى قامۇغ ئاگىتتى،
ئانداغ سۇگە كىم يەتەر.
(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل 404 ـ بەت)
17. ئەمدى ئۇدۇن ئودۇندى،
كەدىن تەلىم ئۆكۈندى،
ئەل بولغالى ئىكەندى،
ئانداغ ئەرىگ كىم ئۇتار.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 109 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

18. كەلدى بەرۇ ئارتۇرۇ،
بەردى ئەلىن ئارتۇرۇ،
مۇندا قالىپ ئۇلتۇرۇ،
بۇگرى بۇلۇپ ئۈن پۈتەر.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 117 ـ بەت)

19. تابدۇ ماڭا ئىلىندى،
ئەمگەك كەرۇ ئۇلىندى،
قىلمىشىڭا ئىلەندى،
تۇتغۇن بولۇپ ئۇل قاتار.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 111 ـ بەت)

20. تىنى يەمە ئۆچۈكتى،
ئەرى ئاتى ئىچىكتى،
ئىشى تاقى چۈلۈكتى،
سۆزىن ئانىڭ كىم تۇتار.

(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل 328 ـ بەت)

21. ئىشى ئانىڭ ئارتاشىپ،
ئوغراق بىلە ئۆرتەشىپ،
بوينىن ئالىپ قارىشىپ،
تۇتغۇن ئالىپ قۇل ساتار.

(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل 376 ـ بەت)

22. باشى ئانىڭ ئالىقتى،
قانى يۇزۇپ تۇرۇقتى،

بالىغ بولۇپ تاغىقتى،
ئەمدى ئانى كىم يەتەر.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 105 ـ بەت)

23. قانى ئاقىپ يۇمۇلدى،
قاپى قامۇغ تەشىلدى،
ئۆلۈك بىلە قوشۇلدى،
تۇغمىش كۈنى ئۇش پاتار.
(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل 332 ـ بەت)

III

24. ئاغا بۆكتىر ئۇزە يۇردىم،
بارىق ياقىپ قىيا كۆردىم،
ئانى بىلىپ تاقى باردىم،
تۈگەل ياغى تۆرى تۇغدى.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 229 ـ بەت)

25. قۇزى قىقىرىپ ئوغۇش تەردىم،
ياغى قارۇ كىرىش قۇردۇم،
توقۇش ئىچرە ئۇرۇش بەردىم
ئەرەن كۆرۈپ باشى تىغدى.
(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل 321 ـ بەت)

26. ئەرەن ئالپى ئوقىشتىلار،
قىڭىر كۆزۈن باقىشتىلار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاموغ تولمۇن توقۇشتىلار،
قىلىچ قىنقا كۇچۇن سىغدى.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 101 ـ بەت)

27. تەلىم باشلار يۈۋالدىمات،
ياغى ئاندىن ياۋالدىمات،
كۇچى ئانىڭ كەۋەلدىمەت،
قىلىچ قىنقا كۇچۇن سىغدى.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 200 ـ بەت)

28. ئۆزىن ئۆگنۈپ ئۇرىلادى،
يىراق يەرىگ قارىلادى،
ئاتىغ كەمشىپ ئۇرىلادى،
ئۇفۇت بولۇپ تۆپۈ ئاغدى.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 156 ـ بەت)

29. ئاباڭ قولسام ئۇزۇ بارىپ،
تۇتار ئەردىم سۇسىن تارىپ،
بولۇن قىلىپ باشىن يارىپ،
يۇلۇغ بارچا ماڭا يىغدى.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 201 ـ بەت)

30. ئەرەن ئىزىپ سۆكە تۇردى،
باشى بوينىن سۆكە تۇردى،
ئۇفۇت بولۇپ بۆكە تۇردى،
ئۇزۇ قاما تەبىن تىغدى.

(«دىۋان» III توم، فاكسىمىل 547 ـ بەت)

31. ئىزۇ بەرىپ بوشۇتتۇم،
تاۋار يۇلۇغ تاشۇتتۇم،
ئەرەن ئەسىن ئەشۇتتۇم،
يۇكۇن بارچا ئۆزى چىغدى.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 113 ـ بەت)

## IV

32. تاڭ ئاتا يورتالىم،
بۇدراچ قانىن ئىرتەلىم،
باسمىل بەگىن ئۆرتەلىم،
ئەمدى يىگىت يۇۋۇلسۇن.
(«دىۋان» III توم، فاكسىمىل 600 ـ بەت)
33. تۇنلە بىلە كۆچەلىم،
يامار سۇۋىن كەچەلىم،
تەررەكۇك سۇۋىن ئىچەلىم،
يۇۋغا ياغى ئۇۋۇلسۇن.
(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل 266 ـ بەت)
34. قىقرىپ ئاتىغ كەمشەلىم،
قالقان سۇنگۇن جۇمشالىم،
قايناپ يانا يۇمشالىم،
قاتىغ ياغى يۇۋىلسۇن.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 221 ـ بەت)
35. تەگرە ئالىپ ئەگرەلىم،
ئاتتىن تۇشۇپ يۇگرەلىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئادرېسى

ئارسلانلا يۇ كۆكرەلىم،
كۆچى ئانىن كەۋىلسۇن.
(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل 270 ـ بەت)

36. ئەندىك كىشى تەتىلسۇن،
ئەل تۆرۈ يەتىلسۇن،
توقلى بۆرى قاتىلسۇن،
قازغۇ يەمە ساۋىلسۇن.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 66 ـ بەت)

## 2. مەنىسى

تۆۋەندە تىرناق ئىچىدە مىسرالار بويىچە بېرىلگەن مەنىلەر كەمىنە نەشىرگە تەييارلىغۇچىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆرۈگەن شەكلى؛ نەسرى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن قۇرلار «دىۋان»نىڭ ئاپتورى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەرگەن ئىزاھاتلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىسىدۇر.

### I

1. (بۇدراچ يەنە قۇتىردى،
باتۇرنى پارلىدى،
قوشۇننى يانا قايىردى،
كەلمەك بولۇپ جۇغلىشۇر.)

ياباقۇ قەبىلىسىنىڭ بېگى بۇدراچ يانا ئەسكەرلىرى بىلەن قايتتى. باتۇرلىرىنى تاللىدى، كىشىلىرىنى ئۇچۇن توپلاندى.

2. (ئىرتىش سۈيى يەمەكلىرى،
شىمايلاۋاتىدۇ بىلەكلىرىنى،
قاپتەك قىلىشىپ يۈرەكلىرىنى،
كەلمەك بولۇپ جۇغلىشۇر.)

يەمەك — قىپچاقلارنىڭ بىر ئايمىقى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن: ئۇلار بىلەكلىرىنى چىڭ تۈرۈپ، قاتتىق غەزەپ بىلەن، بىزنىڭ ئۈستىمىزگە بېسىپ كېلىشكە توپلانماقتا.

3. (ئۇسسىتىدىغان قۇياش قاپسىدى،
ئۇمۇنغان ئاداش رەشكىسىردى،
ئېرتىش سۈيىنى كەچمەكچى بولدى،
خەلق ئۈنىگدىن ئۈركۈشۈر).

يازنىڭ ئاپتىپى بىزنى قاپسىدى، ئۈمىد قىلىنغان ئاداش بىزگە ھەسەت قىلدى، دۈشمەن ئېرتىش سۈيىنى كەچمەكچى بولۇۋاتىدۇ، شۇ سەۋەبتىن خەلق ئۈركۈپ كەتتى.

4. (ئامانەت ئېلىپ بەرمىدى،
ئېلىمنى كۆرۈپ ھارمىدى،
ئاداشلىقتا تۇرمىدى،
نۇرغۇن ئادەم تىركىشۇر).

بىركىم مەسخىرە قىلىنىپ ئېيتىلىدۇ: ئامانەت ئېلىشتىن توختىمىدى، ئالغاننى قايتۇرۇشنى ئويلىمىدى، دوستلۇققا رىئايە قىلمىدى، ئەمدىلىكتە ئەسكىرىنى توپلاپ ئۈستۈمگە يۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

5. (ياندى بەلكىم ۋەدىسىدىن،
كەلدى بېرى جەسۇرىدىن،

ئېدىر تۈۋى بىر ئۈچىدىن،
ھەممە باتۇرى جۇغلىنۇر).

دۈشمەن توغرىسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۆز نىيىتىدىن (ۋەدىسىدىن) بەلكىم يانغان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ خەۋەرچىسى كەلدى، ئۇ ئېدىرنىڭ تۆۋەنكى بېشىدا، ئۇرۇشۇش ئۈچۈن يىگىتلىرىنى توپلاۋاتىدۇ.

6. (پەرچەم – پۈتۈم تۈزۈشىدۇ،
يەنە قەسەم ئىچىشىدۇ،
خاندىن ياردەم تىلىشىدۇ،
باسمىل – چومۇل تىركىشۇر).

ياباقۇلار بىلەن بولغان جەڭدىن كېيىن خاقانغا قارشى چىقماسلىققا، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا قەسەم ئىچىپ، پۈتۈم تۈزۈشكەندى، خەلق خاقاندىن ياردەم سورىدى، باسمىل بىلەن چومۇللار بىزگە قارشى توپلىنىشىدى، خاقان يېتىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ قانلىرىنى تۆكۈپ، ئۆزلىرىنى ئەسىر قىلدى.

7. (باسمىل قوشۇن قوزغاتتى،
بارچە كېلىپ توپلاندى،
ئارسلان تەرەپكە يۈزلەندى،
قورقۇپ بېشى ئايلاندى).

غازى ئارسلان تېگىن بىلەن جەڭ قىلغان باسمىل قوشۇنى توغرىسىدا يېزىلغان: باسمىللار قوشۇنلىرىنى بىزگە قارشى كۆرەشكە رىغبەتلەندۈردى، ھەممىسى توپلاندى، ئارسلان تەرەپكە يۈرۈشتى، بىزنى كۆرۈپ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، باشلىرى ئايلاندى.

... ... ... ... ... ... ... ...

8. (كەلسە ئەگەر تەركىنىم،

ئۇگشىلىدۇ تۆركۈنۈم،

چېچىلمىغاي ئەل ـ تۇپۇم،

ئەمدى چېرىك سەپ تارتۇر).

خاقان ياباقۇ ئۇرۇشىغا چاقىرىلىپ شۇنداق دېيىلگەن: ئەگەر خاقانىنىڭ ياردىمى كەلسە، ئىشىمىز ئۇگشىلىدۇ، ئايماقنىڭ ئۆيلىرى يىقىلمايدۇ، ھازىر جەڭچىلەر سەپكە تىزىلىپ بولدى، ھەي تەركىنىم، مېنىڭ ئالدىمغا يېتىپ كەل!

## II

9. (خان چېدىرى قۇرۇلدى،

تۇغ تىكىپ دۇمباق ئۇرۇلدى،

قوشۇنى ئوتتەك ئورۇلدى،

نەگە قاچسا ئۇ قۇتۇلار).

جەڭ شۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: خاننىڭ قاتتىق ئىسسىقتىن ۋە قار ـ يامغۇردىن ساقلايدىغان يىپەك چېدىرى تىكىلدى. تۇغلار قادالدى، دۇمباقلار چېلىندى؛ دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئوت ـ چۆپ ئورۇلغاندەك قىرىلدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ چوڭى مەندىن قانداق قېچىپ قۇتۇلار؟

10. (باتۇر ئەرلىرىنى ئايىردىم،

ئۇنىڭ بويىنىنى قايىردىم،

ئالتۇن ـ كۆمۈش جايلىدىم،

قوشۇنى كۆپ كىم ئۇتار).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر جەڭ تەسۋىرلىنىپ شۇنداق دېيىلىدۇ: دۈشمەن قوشۇنلىرىنى پارچىلىۋەتتىم، بويۇنلىرىنى قايرىۋەتتىم، خەزىنىسىدىكى ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى ئالدىم، دۈشمەن ئەسكەرلىرى كىشى ئۆتەلمەسلىك دەرىجىدە كۆپ ئىدى.

11. (باتۇرلار ئېرىغ قىرىشتى،
بىر كۈچ بولۇپ يۆلەشتى،
بىر-بىرىنى ئالقىشلاشتى،
پەرۋا قىلماي ئوق ئاتار).

جەڭ شۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: باتۇرلار بىر-بىرىنى راسا ئۆلتۈرۈشتى، كۈچىنى توپلاپ ئۆز كىشىلىرىنى قوللاشتى، مەدەت بېرىپ بىر-بىرىنى ئالقىشلاشتى، ئۆلۈمدىن قورقماي ئوق ئېتىشتى.

12. (ئەرلەر ئېرىغ ھۆرپىيىشەر،
ئۆچ-كەكلىرىنى ئېلىشار،
ساقال تۇتۇپ تارتىشار،
كۆكسىدە ئوت يانۇر).

باتۇرلار بىر-بىرىگە غەزەپ بىلەن قارىشىپ، ئۆچ ئېلىشقا كىرىشتى؛ ئۇرۇش قىزىپ كېتىپ، ھەممەيلەنىنىڭ كۆكسى غەزەپ ئوتىغا تولغاچقا، بىر-بىرىنىڭ ساقاللىرىغا چاڭ سېلىشتى.

13. كۈچى تەڭلەشكىچە توقۇنۇشتى،
ئۇرۇغ-قونۇمنى ئۇقۇشۇشتى،
چېرىك تارتىپ يىغىنلاشتى،
بىزگە كېلىپ ئۆچ ئالۇر).

كۆچى يەتكۆنچە ئۇرۇشۇپ باقتى، ئاندىن ئۇرۇغ - ئايماقلىرىنى چاقىردى؛ ئەسكەر تارتىپ، جەڭگە ئاتلاندى، بىز تەرەپكە كېلىپ ئۈچ ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ.

14. (توقۇنۇش ئىچىدە ئۇرۇشتۇم،
ئۇلۇغ بىرلە قېرىشتىم،
قاشقا ئات بىلەن چېپىشتىم،
ئۇتار! ئەمدى ئال، دېدىم).

جەڭدە ئەلىنىڭ چوڭى بىلەن ئۇرۇشتۇم، قاشقا ئاتقا مىنىپ جەڭگە كىردىم؛ «ئەي، ئۇتار! بۇنى ئال» دەپ ئوق ئاتتىم (ئۇتار — بىر ئادەمنىڭ ئىسمى).

15. (قەھرىم كېلىپ ئېتىلدىم،
ئارسلاندەك ھۆركىرىدىم،
باتۇرلار بېشىنى توغرىدىم،
ئەمدى مېنى كىم تۇتار).

غەزىپىم كېلىپ، دۈشمەن ئۈستىگە ئېتىلدىم، ئارسلاندەك ھۆركىرىدىم، باتۇرلارنىڭ كاللىسىنى ئالدىم؛ ئاندىن كۆپچىلىك ئوتتۇرىسىغا چىقىپ، «قېنى، ئەمدى مېنى كىم تۇتالايدۇ» دەپ ۋارقىرىدىم.

16. (غەيرەتلىنىپ سەكرەتتى،
ئەر - ئاتلىرىنى يۈگۈرتتى،
بىزنى كۆپ ھاڭ - تاڭ قالدۇردى،
ئۇنداق قوشۇنغا كىم يېتەر).

جەڭدە ھۇجۇم قىلغان بىر ئادەم شۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باتۇرلۇق كۆرسەتتى، ئاتلىق ۋە پىيادە ئادەملىرىنى بىزگە قارىتىپ چاپتۇردى، ھۇنىرى بىلەن بىزنى ھەيران قالدۇردى. شۇنداق قوشۇنغا كىم تەڭ كېلەلەيدۇ؟

17. (ئەمدى ئۈيقۇدىن ئويغاندى،
كېيىن تولا ئۆكۈندى،
ئەل بولۇشقا تىركەندى،
ئۇنداق ئەرنى كىم يېڭەر).

دۈشمەن ئەمدى ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى، ئەل بولۇشتىن باش تارتقانلىقىغا كۆپ پۇشايمان يېدى، ئۇنداق ئادەمنى مەندىن باشقا كىم يېڭەلەيدۇ؟

18. (ھەددىن ئېشىپ بىرى كەلدى،
ئېلىنى ئۇستىلەپ بەردى،
مۇندا قىلىپ ئولتۇردى،
مۆكچىيىپ ئۆلى پۈتۈر).

ئەسىر چۈشكەن بىر بەگ توغرىسىدىكى سۆزلىنىدۇ: بەگ بىزگە ھەددىدىن ئېشىپ ھۆركىرەپ، نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن بېسىپ كەلگەندى، ئاخىر بىزگە ئۆز ئېلىنىمۇ ئۇستەك قىلىپ بەردى. ئەمدى بىزنىڭ يېنىمىزدا بېلى مۆكچىيىپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

19. (تابدۇ ماڭا ئىلىندى،
جاپا چېكىپ تولغاندى،
قىلمىشىغا ئۆۋۈلاندى،
ئۆتقۇن بولۇپ ئۇ قاتار).

دۇشمەن ماڭا ئەسىر چۈشتى، بېشىغا كەلگەن جاپا - كۈلپەتتىن قېينالدى، ھەتتا جېنىدىن تويدى، قىلمىشىغا پۇشايمان يېدى ۋە ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلىدى، بۇرۇن ئەركىن ئۆتكەن ئادەمگە بۇ ئىشلار مەڭ ھار كېلىۋاتىدۇ.

20. (ئۇن - تىنى يەنە ئۆچتى،
ئەر - ئاتلىرى ئەل بولدى،
ئىشى تېخى چاتاق بولدى،
ئۇنىڭ سۆزىنى كىم ئاڭلار.)

بىر تۇتقۇن شۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: ئۇنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى؛ ئادىمى، ئېتى تەسلىم بولدى؛ ئىشىمۇ تېخى چاتاق بولدى، ئەمدى ئۇنىڭ سۆزىگە كىممۇ قۇلاق سالاتتى؟

21. (ئىشى ئۇنىڭ چاتاقلىشىپ،
ئوغراقلار بىلەن ئورەدىشىپ،
بوينىنى تۇتۇپ قايرىشىپ،
تۇتقۇن ئېلىپ قۇل ساتار.)

بىر تۇتقۇن تەسۋىرلىنىدۇ: تۇتقۇننىڭ ئىشى چاتاق بولىدى، بىر قەبىلە يەنە بىر قەبىلىنى دەھشەتكە سالدى، بويۇن ئەگدۈرۈپ ئەسىر قىلدى. سېتىلىدىغان قۇلدەك ئۇنىڭ نەرقىنى تۆلىتىپ ئالدى.

22. (يارىسى ئۇنىڭ ئەدىدى،
قېنى ئېقىپ ئۇيىدى،
يارىدارلىنىپ تاققا چىقتى،
ئەمدى ئۇنىڭغا كىم يېتەر؟)

قېنى توختمىغان ياردار ھەققىدە شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇنىڭ يارىسى ئەدەپ-بۇزۇلدى، يارىسىدىن قان كۆپ ئېقىپ، ھالى ئېغىرلاشتى، ئۇ تاقتا چىقۇالدى. ئەمدى ئۇنى كىم تاپالايدۇ؟

23. (قېنى ئېقىپ بوشالدى،
پۈتۈن قېپى تىتىلدى،
ئۆلۈك بىلەن قوشۇلدى،
تۇققان كۆنى ھەم پاتار.)

بىر ئۆلۈك شۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: خۇددى تۇلۇم تېشىلىپ ئاققاندەك، ئۇنىڭ تېنىدىكى ھەممە قېنى ئېقىپ بولدى؛ ئەمدى ئۆلۈم يېقىنلاشتى، ئۇنىڭ كۈنى تۇگىدى، يەنى بەخت-دۆلىتى تۈگىدى.

## III

24. (تاغنى بوكتەرگىلەپ يۈردۈم،
يانداپ بىرىپ قارا كۆردۈم،
ئۇنى تونۇپ يېقىن باردىم،
دۈشمەن چاڭ-توزاڭ كۆتۈردى.)

ئېگىز-پەس قىرلارنى ئېشىپ، تاغنىڭ چوققىسىغا چىقتىم، يىراقتا بىر قارا كۆردۈم، ئۇنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ، تۇرغان يېرىمدە تۇرۇپ قالدىم. دۈشمەننىڭ توپا-توزاڭلىرى ھەممە ياقنى قاپلاپ كەتتى.

25. (پەسكە ۋارقىراپ ئايماق تەردىم،
يېغىنغا قارشى كىردىش قۇردۇم؛

جەڭ ئىچىدە زەربە بەردىم،
ئەرلىرى كۆرۈپ باش ئەگدى.)

تۆۋەنــگە قاراپ ۋارقىــراپ ئۇرۇغ ـ ئايماقــلىرىمــنى توپــلىدىم، دۈشــمەنــگە قارشى يا قۇردۇم. راسا زەربە بىلەن جەڭ قىــلــدىــم، ئادەملىرى كۆرۈپ باشلىرىنى ئېگىشتى.

26. (باتۇر ئەرلەر قىچقىرىشتى،
قىڭغىر كۆزدە بېقىشتى،
ھەممە قورال بىلەن توقۇنۇشتى،
قىلىچ قىنىغا كۈچەپ سىغدى.)

باتۇر يىگىتلەر بىر ـ بىرىنى جەڭگە قىچقىرىشتى، قىڭغىر كۆزلىرى بىلەن قارىــشىپ ـ ھومۇيىشــتى؛ ھەمــمە قورالــلىرىنى ئىشقا سېــلىپ ئۇرۇشتى. قىلىچلىرى، قان كۆپ ئۇيۇپ كەتكەنلىكىدىن، قىنــلىرىغا تەستە سىغدى.

27. (تالاي باشلار دومۇلىدى،
يېغا ئاندىن يۇۋاشلىدى،
كۈچى ئۇنىڭ ئاجىزلىدى،
قىلىچ قىنىغا كۈچەپ سىغدى.)

بىر جەڭ شۇنــداق تەسۋىرلــنــدۇ: باتۇرلــرىــنىڭ باشــلــرى تەنلىرىدىن جۇدا قىلىندى، شۇڭا دۈشمەنــىنىڭ ھەيۋىــسى سۇنۇپ، كۈچــى ئاجــزلاشــتى. قىلىچــلار يۇزىــگە يۇقۇپ قاتــقان قانــنىڭ جىقلىقىدىن قىنلىرىغا تەستە سىغدى.

28. (ئۆزىنى ماختاپ كۆرەڭلىدى،
يىراق يەرنى قارىلىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئات دېۋىتىپ ھۆرلىدى،
ئۇيات بولۇپ تۆپىگە چىقتى.)

ئۆز ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن باتۇر شۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: ئۇ كۆرەڭلەپ، ھەددىدىن ئاشقانىدى، ئۆزىنى ھەيۋەتلىك كۆرسىتىپ خۇددى يەرنىڭ تاناۋىنى تارتىدىغاندەك، ئات بىلەن ھەملە قىلىپ كېلىۋىدى، ئاخىرى شەرمەندە بولۇپ دۈگىدىن ئارتىلىپ قېچىپ كەتتى.

29. (ئەگەر خالىسام قوغلاپ بېرىپ،
تۇتار ئىدىم قوشۇننى يېرىپ،
ئولجا قىلىپ بېشىنى يېرىپ،
بار ـ يوقىنى ماڭا يىغدى.)

يېڭىلگەن كىشى توغرىسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: ئەگەر مەن خالىسامغۇ كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، قوشۇنىنى تارمار قىلاتتىم ۋە ئۆزىنى تۇتقۇن قىلىپ، باش ـ كۆزىنى ياراتتىم. لېكىن جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئالدىمغا نۇرغۇن مال قويدى. مەن ئۇنى قويۇپ بېرىپ، ئۆزەمدىن مىننەتدار قىلدىم.

30. (ئەرلەر ئەۋەتىپ تىزلاپ تۇردى،
باش ـ بويىنىغا ئېلىپ تۇردى،
ئۇۋات بولۇپ پۈكۈپ تۇردى،
قوغلىما دەپ بېشىنى سالدى.)

يېڭىلگەن بىر ئادەم توغرىسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇ ماڭا بىر ـ مۇنچە ئادەملىرىنى ئەۋەتتى، ئۇلار ئالدىمدا تىزلىنىپ تۇردى. باشلىقلىرىنىڭ دېگىنىچە، ئۆز گەدەنلىرىگە ئېلىشتى، ئىگىلدى ـ

پۈكۈلدى، خەلقتىن ئۈيالدى، مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، مېنى قوغلىما دېدى، مەنمۇ بۇنى قوبۇل كۆردۈم.

31. (ئەركىلىك بېرىپ بوشاتتىم،
تۆلەم مالنى توشۇتتىم،
ئەر گۇنايىنى يۇشۇرتتۇم،
بارچە يۈكىنى ئۆزى چىگدى.)

قولغا چۈشكەن ئەسىر توغرىسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۆز جېنىگىنى قۇتقۇزۇشقا مال كەلتۈر» دەپ ئۇنى بوشاتتىم؛ كەلتۈرگەن ماللىرىنى ئۆزىگە توشۇتتۇم ۋە ئۇنى ئۆز گۇناھىنى ئۆزى يۇيۇشقا بۇيرۇدۇم. ھەتتا ئۇلارنىڭ چوڭىمۇ يار-يۆلەكسىز قېلىپ، ئۆز يۈكىنى ئۆزى تاڭدى.

## IV

32. (تاڭ ئېتىپلا يۇرتەيلى،
بۇدراچ قېنىن ئىرتەيلى،
باسمىل بېگىن ئۆرتەيلى،
ئەمدى يېگىت توپلانسۇن.)

تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئات سېلىپ يۈرۈش قىلايلى. بۇدراچىنىڭ قېنىنى ئېرىتىپ تۆكەيلى، ئۆچ ئالايلى. (بۇدراچ — ياباقۇرلاردىن بىرى.) باسمىل بېگىنى كۆيدۈرەيلى، ئەمدى يىگىتلەر دەرھال توپلانسۇن.

33. (تۈن بىلەنلا كۆچەيلى،
يامار سۈيىنى كېچەيلى،

سىزنىڭ سۇدىن ئىچەيلى،
ئۇسال دۈشمەن ئۈۋالسۇن.)

تۈن ـ كېچىدىلا كۆچۈپ ماڭايلى، يامار دەرياسىنىڭ سۈيىنى كېچەيلى؛ سىزىپ چىققان سۈزۈك سۈيىدىن ئىچەيلى، ئىتائەتسىز دۈشمەن بىت ـ چىت بولۇپ كەتسۇن.

34. (قىقىراپ ئاتنى سالايلى،
قالقان ـ نەيزە ئۇرايلى،
قايناپ يانا يۇمشايلى،
قاتتىق يىغا بوشسۇن.)

دۈشمەنىڭ ئۈستىگە شاۋقۇن ـ سۈرەن بىلەن ئات سېلىپ، باستۇرۇپ بارىمىز. قالقان تۇتۇپ، نەيزە بىلەن زەربە بېرىپ، قاتتىق ئېلىشىمىز، كېيىن دۈشمەن يارىششىنى تىلىسە، ئاندىن توختايمىز. شۇنداق قىلساق، قاتتىق دۈشمەن بوشايدۇ.

35. (چۆرەپ ئېلىپ ئورايلى،
ئاتتىن چۈشۈپ يۈگرەيلى،
ئارسلاندەك ھۆركىرەيلى،
كۈچى ئۇنىڭ خورىسۇن.)

دۈشمەننى چۆرۈلدۈرۈپ قورشايلى، ئاتلاردىن چۈشۈپ، ئارسلاندەك ھۆركىرىگەنچە ئالغا يۈگۈرەيلى. شۇنداق قىلىپ، دۈشمەن زەئىپلەشسۇن.

36. (ئاخماق كىشى ھوشنى بىلسۇن،
ئەلدە تۈزۈم يېتىلسۇن،
توقلا ـ بۆرە قېتىلسۇن،
قايغۇ يەنە تۈگەپ كەتسۇن.)

قىلىچىمىز بىلەن شۇنداق يول ئاچايلىكى، ئۆندەرەيدىغان ھاماقەتلەر ھوشىنى تاپسۇن، ئەلنىڭ ئىشى تۈزەلسۇن. توقلىلار بىلەن بۆرىلەر خاتىرجەم بىللە ياشايدىغان بولسۇن. بىزدىن غەم-قايغۇ كۆتۈرۈلسۇن.

## 3. چۈشىنىكلەر

«بېكەچ — تېگىنلەرنىڭ لەقىمى. "بېكەچ ئارسلان تېگىن" دېگەنگە ئوخشاش. بۇ سۆز يۇمشاق "ك" (گ) بىلەن ئېيتىلسا، "بەگ" سۆزىنىڭ كىچىكلىتىلگەنلىكى بولۇپ، ئامراقلىق ۋە ئەركىلىتىش تۇيغۇلىرىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى "ئەمىر" مەنىسىدىكى "بەگ" سۆزىنىڭ ئاخىرقى ھەرپى يۇمشاق "ك" (گ) دۇر.»

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 180 ـ بەت)

«بۇدراچ — ياباقۇ قەبىلىسىنىڭ چوڭلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى. بېكەچ ئارسلان تېگىن زامانىدا، بۇ ئادەم مۇسۇلمانلارغا ئەسىر چۈشكەنىدى.»

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 227 ـ بەت)

بۇكە — ئەجدىھا، يوغان يىلان. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: يەتى باشلىغ يەل بۇكە — يەتتە باشلىق يەل بۇكە (مۆگۈز). ياباقۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى شۇنداق دەپ ئاتىلىدۇ، باتۇر يىگىتلىرىگىمۇ شۇنداق نام بېرىلىدۇ، مەسىلەن: بۇكە بۇدراچ دېگەندەك ئۇلۇغ تەڭرى بۇ ئادەمنى يەتتە يۈزمىڭ ئەسكىرى بار تۇرۇقلۇقمۇ، مۇسۇلمانلاردىن ئارسلان تېگىن غازىنىڭ قىرىق مىڭ ئەسكىرى بىلەن بولغان بىر ئۇرۇشتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان. (كىتاب ئاپتورى) مەھمۇت

دەيىدۇكى، مەن بۇ ئۇرۇشقا قاتناشقانلاردىن: كاپىرلار ئۇرغۇن تۇرۇغلۇق نېمە ئۇچۇن قاچتى، دەپ سورىدىم. (ئۇرۇشقا قاتناشقانلار) مۇنداق دېدى: بىزمۇ شۇنىڭغا ھەيران بولدۇق؛ قولغا چۈشكەن تۇتقۇنلاردىن «شۇنچە كۆپ تۇرۇغلۇق نېمىشكە يېڭىلىپ قالدىڭلار؟» دەپ سورىغاندۇق. ئۇلار (تۇتقۇنلار) جاۋاب بېرىپ: دۇمباقلار چېلىنىپ، بۇرغىلار تارتىلىشى بىلەنلا، ئۈستىمىزدە كۆپكۆك تاغ كۆرۈندى، بۇ تاغ ئاسماننى قاپلىۋاپتۇ؛ تاغدىن بىرقانچە ئىشىكلەر ئېچىلىپ، شۇ ئىشىكلەردىن بىزگە دوزاخ ئۇتى ياغدى؛ بىز بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتتۇق؛ بىزنى شۇنداق يەڭدىڭلار، دېدى. مەنمۇ تەڭرى ئىبسەنلىگەن يالۋاچىمىزنىڭ مۇسۇلمانلارغا كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرىدىندۇر دېدىم.»

(«دىۋان» III توم، فاكسىمىل 545 ـ بەت)

بىكەچ ئارسلان تېگىن ــ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىلىرىدىن بىرى بولغان ھەسەن (ھارۇن) بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى يۈسۈپ بۇغراخاننىڭ ئوغلى سۇلايمان ئارسلانخان بولسا كېرەك. «بىكەچ ئارسلان تېگىن» ئۇنىڭ شاھزادە ۋاقتىدىكى ئۇنۋانى؛ ئۇ ھىجرى 423 ــ 448 ـ (مىلادى 1031 ــ 1057 ـ) يىللىرى «شەرەفىد دەۋلە» دېگەن ئۇنۋان بىلەن خاقان بولغان. تارىخچى ئىبنۇل ئەسىرنىڭ «ئەل ـ كامىل»دە يېزىشىچە: ئۇ «ئادىل ۋە مۆمىن، ئىلىمپەرۋەر، دىيانەتپەرۋەر زات ئىدى.»

قاراخانىلار (840 ــ 1212 ـ يىللار) دۆلىتىنىڭ ئاساسچىسى بىلگە كۆل قىدىرخان (شاھزادە ۋاقتىدىكى ئىسمى قاپان تېگىن)نىڭ نەۋرىسى سۇتۇق (ساتۇق) بۇغراخان ئىسلام دىنىنى رەسمىي دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلىپ، تەخمىنەن بىر قەرنە (30 يىلچە) ئۆتكەن-

دىن كېيىن، بۇددا دىنىنىڭ ئاساسىي بازىلىرىدىن بولغان خوتەننىڭ ھۆكۈمدارلىرى ئوردۇكەنت (پايتەخت) بولغان قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغانىدى. تارىختا تەزكىرىچىلەر «قىرىق يىل داۋام قىلغان» دەپ تەرىپلىگەن، ئەمەلدە بولسا 28 يىل داۋام قىلغان بۇ ئۇرۇش نەتىجىسىدە، يۈسۈف قىدىرخان (بېكەچ ئارسلان تېگىننىڭ ئاتىسى) تەرىپىدىن خوتەن ھۆكۈمدارلىرى مەغلۇپ قىلىنغانىدى. ئاساسەن بۇددىست ئىدىقۇت قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن تاڭغۇت-تۈبۈتلەرنىڭ خوتەنگە مەدەت بېرىشى ئارقىلىق بۇددىزىمنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئىسلام دىنىنى شەرققە تارقاتماسلىق يولىدىكى ھەرىكەتلىرى شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىغان.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يەنى «لياۋ تارىخى»نىڭ «مۇقەددەس خانلارنىڭ خاس تەزكىرىلىرى» 6-قىسمىدا، ئەبۇ ناسىر ئەل ئۇتبىينىڭ «تارىخ يەمەنى»سىدە، ئىبنۇل ئەسىرنىڭ «تارىخ ئەل-كامىل»ىدا قەيت قىلىنىشىچە، مىلادى 1013-ياكى مىلادى 1017-يىللىرى قۇنلار ۋە باسمىللاردىن 100 مىڭ ئۆيلۈك كىشى جۇڭغارىيە ۋە يەتتە سۇ رايونلىرىنى ئىشغال قىلىۋالغان. بۇلارغا قارشى تۇغانخان ئەھمەد ئىبنى ئەلى جازا يۈرۈشى قىلىپ، بەشبالىققىچە سۈرۈپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېرتىش، ئېمىل ۋادىلىرىدىكى باسمىللار ۋە ئىسسىق كۆلنىڭ شىمالىدىكى ياباقۇلار (بالدۇرقى «توققۇز ئۇيغۇر» ئىتتىپاقىدىكى قەبىلىلەر) ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغە كىرگەن قىسمىغا قارشى جەڭ باشلىغان. ئارسلان تېگىن ئاشۇ باسمىل-ياباقۇلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان. بېكەچ ئارسلان تېگىن نامىغا يېزىلغان داستاندا ئەنە شۇ جەڭ تەسۋىرلەنگەن.

تارىخچى دوكتور زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»دە كەلتۈرگەن نەقلى بويىچە («پروتوكولى تۈركىستانسكا گوكرۇژوكا لىيۇبىتېلېي ئارخېئولوگى» IX. 1904، 43 ـ 47 ـ بەتلەردە)، مەزكۇر ئارسلان تېگىننىڭ غەلىبىسىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن 1041 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى پەرغانىدە ئورنىتىلغان ئەرەبچە خاتىرە تاش ھازىرمۇ «ۋاروخ» يېزىسىدىكى ئېگىز قىيادا ساقلىنىپ قالغان.

1982 ـ يىلى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# خەلق ئىجادىيىتىنى كەڭرەك تەتقىق قىلايلى

ئادەتتە مىللىي تىلىنى «ئانا تىل»، دەسلەپ ئوقۇغان مەكتەپنى «ئانا مەكتەپ» دەپ ئاتايمىز، مىللىي تىل تۇغۇلۇپ ئۆگەنگەن تىل، يەنى «تۇغما تىل»، ئاندىن ئۆگەنگەن بولغاچقا، «ئانا تىل» دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك. بۇ خۇددى تۇغۇلغان يۇرتىنى «ئانا» نامى بىلەن ئاتىغانغا ئوخشاش، ئىپتىخارلىق نام. ھەر مىللەتنىڭ ئۇزاق تارىخىي-ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن «ئانا تىلى» نىڭ مەزمۇندارلىقى شۇ مىللەتنىڭ بىرەر رايون ياكى زونىدا ئوينىغان ئىجتىمائىي، مەدەنىي رولىغا باغلىق بولىدۇ، ئانا تىلنىڭ مەزمۇندار ۋە رەڭدارلىقىدىن تەركىب تاپقان خىلمۇخىل ئامىللارنىڭ ئىچىدە خەلق ئىجادىيىتى (فولكلور) دېيىلگەن بۇ ئالاھىدە شەكىل مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. خەلق ئىجادىيىتىمۇ ئەدەبىياتنىڭ ئانىسىدۇر. خەلق ئىجادىيىتى «ئانا تىل»نى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ۋاستە بولۇپلا قالماي، بەلكى پۈتۈن بىر خەلق تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار خەلق تارىخىنىڭ نامەلۇم تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە ماددىي ئىسپاتى بولسا، خەلق ئىجادىيىتى خەلقنىڭ قەدىمكى مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ جانلىق دەلىلى بولىدۇ. يەر تېگىدىن قېزىپ چىقىرىلغان ئاسارئەتىقىلەر خەلقنىڭ ئۆتمۈشتىكى ماددىي تۇرمۇشىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرسە، خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتى خەلقنىڭ ئۆتمۈشتىكى مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ سىياقىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىمۇ مەملىكىتىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش، ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەرياننى بېسىپ ئۆتكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئېتنىك تەركىبلىرى كۆپىنچە مەركىزىي ئاسىيانى ئۆزىگە پائالىيەت سەھنىسى قىلغان. مەركىزىي ئاسىيا خىلمۇخىل رايون-زونىلارنىڭ تۇگۈنى بولغاچقا، شەرق بىلەن غەربنىڭ، شىمال بىلەن جەنۇبنىڭ تۈرلۈك ئالاقىلىرى مۇشۇ تۈگۈندە ئۇچرىشاتتى. تەرەپ-تەرەپ بىلەن بولغان رابىتىلەر ئارقىلىق كىرگەن يېڭىلىقلار ئەدەبىي يوسۇندا ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشلىرىدا ئىز قالدۇرغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇرلار ناھايىتى كۆپ ئېتنىكلىق قوۋملەردىن تەركىب تاپقاچقا، ئۇنىڭ فىزىئونومىيىلىك تۇرقىدا ۋە پسىخولوگىيىلىك خۇلقىدا مۇرەككەپ ھالەتلەرنى پەيدا قىلغان، جۇغراپىيىي شارائىت، ئىقتىسادىي ۋاستە، مەدەنىي كەشپىيات ۋە خەلقلەر ئارا ئالاقە نەتىجىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت-سەنئىتى شەكىللەنگەن. ئەدەبىيات — سەنئەتنىڭ بىر ساھەسى بولغىنىدەك، خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىمۇ ئەدەبىياتنىڭ ئاساسلىق مۇھىم بىر تۈرىدۇر.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتى خۇددى ئۇنىڭ باي مەزمۇنلۇق، شانلىق مەدەنىيىتىگە ئوخشاش، تۈرى كۆپ، شەكلى خىلمۇخىل، تۈسى رەڭدار، مەزمۇنى كەڭرى بىر ساھە. تۈر جەھەتتىن، خەلق ئىجادىيىتىمۇ نەسرىي، نەزمە دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ، نەسرىي تۈرى چۆچەك، رىۋايەت، قىسسە، مەسەل،

تېپىشماقلارغا بۆلۈنىدۇ. نەزمە تۈرى قوشاق، ماقال-تەمسىل ۋە داستانلارغا بۆلۈنىدۇ. قوشاق يەنە ئۆز نۆۋىتىدە «قوشما»، «تاقشۇت»، «تاقىماق» دېگەن شەكىللەرگە بۆلۈنىدۇ. (ھازىرقى زاماندا، «قوشما» بېيىت، «تاقشۇت» نەزمە دەپ ئاتىلىدىغان بولدى).

بۇ شەكىللەردىن قوشاقلارنى ئالساق، تىل بىلەن تەڭ تۇغۇلغان دېسىمۇ بولىدۇ، تىل ئەمگەك جەريانىدا پەيدا بولغاچقا، ئۇ ئىنساننىڭ ئەمگەك ۋاقتىدىكى تەبىئىي تېمپى ئاھاڭلىق رىتىمى ئاساسىدا ئۈزۈك-ئۈزۈك بوغۇملاردىن بار-بارا مۇرەككەپلىشىپ، سۆز-جۈملە شەكلىنى ئالغان، دەسلەپكى بوغۇملار ناتۇرال كۈي بىلەن ئىپادىلەنگەن. دېمەك، «كوگ» (ھازىر «كۈي») سۆزلەمىنىڭ تاۋۇشلۇق ئىپادىسى بولغان، شۇڭا، قەدىمكى زاماندا «نەزمە» (شېئىر) كۈيسىز بولمىغاچقا، ئەدەبىياتنىڭ دەسلەپكى تۈرى «قوشاق» دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك. بىزدە قوشاق قانداقتۇ تەبىئىي يوسۇندا مەلۇم رىتىم ۋە ئاھاڭدا (ئاددىي ئاھاڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) ئېيتىلىدۇ.

خەلق قوشاقلىرىنىڭ شەكىللىرىمۇ ھەر خىل، چوڭ بىر خىلى مىسرالارنىڭ مۇقىملىقى جەھەتتىن ئالغاندا، تۆتلىك (مۇرەببە) بولۇپ، بۇ شەكىل كۆپىنچە بوغۇم ئېتىبارى بىلەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ، بىر تۈرىنىڭ مىسراسى 7 بوغۇملۇق بولۇپ، ئىككى تۇراقلىق (4 ۋە 3) كېلىدۇ؛ يەنە بىر تۈرىنىڭ مىسراسى 5 بوغۇملۇق بولىدۇ. بۇ تۆتلىكلەردىن باشقا، كۇپلېتى ئۈچلۈك، بەشلىك، ئالتىلىك، سەككىزلىك بولۇپ كېلىدىغان ۋە مىسرالىرى 7 — 5، 12 بوغۇملۇق كېلىدىغان شەكىللەرمۇ بار. بۇلاردىن مۇرەببە شەكلى خەلق ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان، ئاندىن قەدىمكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زامانلاردا، ئۇيغۇر خەلق قوشاقچىلىقىدا «چاچما قوشاق» شەكلىمۇ بار ئىدى.

قوشاقلار قاپىيە جەھەتتىمۇ خېلى مۇرەككەپ بولۇپ، باش قاپىيىلىك، ئاياق قاپىيىلىك دەپ ئىككى شەكىلدە قوشۇلىدۇ، يەنى مىسرالارنىڭ باشلىرىدىكى سۆزلەر قاپىيىلىك بولۇپ كېلىدىغان قوشاقلار، بۇ قەدىمكى شەكىل؛ مىسرالارنىڭ ئاخىرىدىكى سۆزلەر قاپىيىلىك بولۇپ كېلىدىغان «ئاياق قاپىيىلىك» قوشاقلار ناھايىتى ئومۇملاشقان ۋە ھازىرقى زاماندىمۇ بەك راۋاجلانغان، قاپىيىلىنىش شەكلىمۇ ھەر خىل بولۇپ، خەلق ئارىسىدا كۆپرەك قوللىنىلىدىغىنى ئالماش قاپىيە، تۆتلىكنىڭ 2 ـ ۋە 4 ـ مىسرالىرى قاپىيىداش كېلىش شەكلى، بۇنىڭدىن قالسا قەدىمدىن تارتىپ قوللىنىلىپ كېلىۋاتقىنى تۆتلىك (مۇرەببە)نىڭ بىرىنچى كۇپلېتىنىڭ ھەممىلا مىسراسى قاپىيىداش كېلىدۇ، قالغان كۇپلېتلارنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرىدا تاكى بىر بەنت تۈگىگىچە دەسلەپكى كۇپلېتىنىڭ قاپىيىسى داۋاملىشىدۇ، ئاندىن قالسا، كۇپلېت مىسرالار بىلەن چەكلەنمەي، بىرەر ئېپىزوت- نىڭ بىرەر بەنتى بىر قاپىيىدە كېلىپ، بەنت ئارىلىرىدىكى قاپىيە ئېپىزوت تۈگىگىچە كىيىنكى بەنتلەردىمۇ تەكرارلىنىدۇ.

ئۇيغۇر قوشاقچىلىقى بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن ئەنە شۇنداق خىلمۇخىل بولۇش بىلەنلا قالماي، مەزمۇن جەھەتتىمۇ ناھايىتى باي؛ تېما دائىرىسىمۇ ناھايىتى كەڭ، تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزاق بولغان تۈگىمەس كاندۇر. ھازىرغىچە بىزگە يېتىپ كەلگەن قوشاق- لاردىن بىر تۈركۈمى مەزمۇن جەھەتتىن ناھايىتى ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى ۋەقەلەرنى، تۇرمۇش كارتىنىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ بەزمە ـ مەشرەپلەردىلا ئەمەس،

ھەتتا تۆت ئادەم يىغىلغان سورۇنلاردىمۇ قوشاق قوشۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن. گاھىدا قوشاقچىلىق مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ، بۇنداق سورۇنلاردا قوشاقلار بىرقانچە يۈزلەپ مەيدانىغا كېلىدۇ. قوشاقلارنىڭ تولىسى كونكرېت ئاپتورسىز بولۇپ، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرىدۇ. ئىلگىرىكى زامانلاردا يېزىپ قالدۇرۇلغانلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى، يېقىنقى زامانلاردىن بۇيان، قوشاقچىلىققا قىزىققان تەتقىقاتچىلار ياكى خالىسانە توپلىغۇچىلارنىڭ رەتلىگەنلىرىمۇ كام دېگەندە بەش مىڭ كۇپلېتتىن ئاشىدۇ، لېكىن قوشاقلارنى كەڭ كۆلەمدە قېزىش، توپلاش، تۈرلەر-شەكىللەر ۋە مەزمۇن بويىچە رەتلەش خىزمىتى تېخى پىلانلىق، باسقۇچلۇق، تەشكىللىك يوسۇندا تولۇق قولغا ئېلىنمىدى، بۇ ھالدا قوشاقچىلىقنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان ئىلمىي تەتقىقاتمۇ كەڭرى يولغا قويۇلمىدى.

خەلق ئىجادىيىتىدە، شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ چوڭ بىر تۈرى داستانچىلىقتۇر، ئېغىز داستانچىلىقى كۆپىنچە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى بىر ئالاھىدىلىكىدۇر، بۇ داستانلار قەدىمكى چاغلاردا كۆپىنچە قەھرىمانلىق ۋەقەلىرى تەسۋىرلىنىدىغان شېئىرىي قىسسىدۇر. داستانلاردا خەلقنىڭ ئۆز ئىچىدىن چىققان بىرەر باتۇرنىڭ سەرگۈزەشتىسى ياكى ئۆزلىرىنىڭ ئۆزاق ئۆتمۈشتىكى ھاياتىغا بېغىشلانغان ۋەقەلىرى قوشاقچىلىقنىڭ ئىزچىل شەكلى بىلەن رىۋايەت تەرىقىسىدە ياكى قىسسە تەرزىدە بايان قىلىنىدۇ، گاھىدا بىرەر داستان، خەلقنىڭ بىرەر مەزگىلدىكى تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ھۆججەت رولىنى ئوينايدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىمۇ قەدىمدىن تارتىپ

داستانچىلىق كەڭ تەرەققىي قىلغان، قەدىمكى خەلق داستانلىرىدىن يېزىلىپ قالدۇرۇلغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس، يېقىندىن بۇيان، تەتقىقاتچىلار بىرمۇنچە داستانلارنى توپلىدى، لېكىن بۇ تېخى كۆزى ئېچىلمىغان بۇلاق.

خەلق ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر چوڭ تۈرى نەسرىي ئەسەرلەر بولۇپ، بۇنىڭدا چۆچەكلەر ئاساسىي سالماقنى تۇتىدۇ، خەلق قوشاقلىرىغا ئوخشاش، چۆچەكلەرمۇ خەلق ئىچىدە ناھايىتى ئومۇملاشقان ئەدەبىيات تۈرى، چۆچەكلەرنى ئاساسەن خەلق ئاممىسى ياراتقان، خەلق بىر چۆچەكنى بىرەر مەسىلىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىجاد قىلغان. چۆچەكلەر قورال سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ بىرەر مەقسەتكە يېتىشىگە خىزمەت قىلىدۇ، كۆپىنچە چۆچەكلەر تەربىيىۋى-ئەخلاقىي مەنىلەرنى كۆزلەپ ئىجاد قىلىنغان، بەزى چۆچەكلەر باتۇرلۇق چۆچەكلىرى بولۇپ، ئۇلاردا باتۇر ۋە ئەقىللىق كىشى، ئادەتتە كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل-پاراستى بىلەن يېتىشكىلى بولمايدىغان ئۇتۇققا ئېرىشكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ، بۇنداق چۆچەكلەر كىشىلەرنى باتۇرلۇققا دەۋەت قىلىدۇ.

چۆچەكلەرنىڭ تولىسىنى خەلق ياراتقان، لېكىن ھۆكۈمرانلار ياراتقانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. مەزمۇن جەھەتتىن ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىدىغان بولسا، پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. خەلق ياراتقان چۆچەكلەر ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىن خەلق تۇرمۇشىغا ئاكتىپ ۋە ئىجادىي پوزىتسىيە تۇتقانلىقى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، بۇنداق چۆچەكلەردە، ھاياتتا بولۇپ تۇرىدىغان كۆيۈنۈش ۋە سۆيۈنۈش، خۇشاللىق ۋە خاپىلىق، مۇھەببەت ۋە نەپرەت قاتارلىق ئاڭ-تۇيغۇلار ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن بولىدۇ. ھەتتا، مۇنداق چۆچەكلەردە ئاڭ-پىكىر



www.uyghurkitap.com

جەھەتتىن بىرقەدەر ساددا ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىكىنىڭ بەزى ئامىللىرىمۇ تېپىلىدۇ، چۈنكى خەلق ئىجاد قىلغان چۆچەكلەردىكى ۋەقەلەرنىڭ تولىسى يەر يۈزى بىلەن باغلىق بولىدۇ، خەلق كۆپچىلىكى، ھەر زامان ياشاش ئۈچۈن باش قاتۇرىدۇ، ئەمگەك قىلىدۇ، شۇڭا، خەلق ئىجاد قىلغان چۆچەكلەرنىڭ جىمىسى يەر يۈزىدىن ئايرىلمايدۇ. بۇ چۆچەكلەر خەلقلەرنىڭ ئارزۇ-ئارمان، تىلەك-ئىستەكلىرىنى بايان قىلىپ رېئال تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلغۇسى كېلىدۇ، چۆچەكلەرنىڭ تولىسىدا خەلق ئىچىدىن چىققان ئاددىي كىشىلەرنىڭ ۋەكىللىرى ھەرقانداق زوراۋانلىقنى يېڭىپ چىقىدىغان قەھرىمان قىلىپ تەسۋىرلىنىپ، ئۇمىدۋارلىق، ئادىمگەرچىلىك روھى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، شۇنىڭدەك بەزى چۆچەكلەردە، ئەمگەكچى خەلق ھۆكۈمرانلارنى ياخشىلىقتا، ئادالەتتە، پۇقراپەرۋەرلىكتە ئۈندەپ، پادىشاھلار باش قەھرىمان قىلىپمۇ تەسۋىرلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ، مۇنداق چۆچەكلەردە يەنىلا «پۇقرا» ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق ئۆتمۈشتىن تارتىپ، تۈرلۈك دىنلارغا ئىشىنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار ياراتقان بىرمۇنچە چۆچەكلەردە دىنىي چۈشەنچىلەر، جۈملىدىن، شامانىزمنىڭ جادۇگەرلىكى، مانى دىنىنىڭ تۆت تەڭرى چۈشەنچىسىگە باغلىق ئاق-پېكىرلەر، بۇددا دىنىنىڭ بۇ دۇنيادىن ۋاز كېچىشكە دەۋەت قىلىدىغان پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئەكس ئەتكەن. شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىش كېرەككى، مۇنداق چۆچەكلەرنىڭ تولىسىنى ھۆكۈمرانلار ۋە ئۇلار پايدىلانغان روھانىلار خەلقنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈنلا ياراتقان، ئۇلار شۇلار ئارقىلىق ئەمگەكچىلەرنى ئالداپ ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

چىڭىتىپ، ئۆزلىرىنى قۇتقۇزغۇچى قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ.

خەلق ئاممىسى ياراتقان چۆچەكلەردىمۇ فانتازىيە بولىدۇ، خەلقنىڭ فانتازىيىسى كىشىلەرنى ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى ئادالەتسىزلىكنى، قاراڭغۇلۇقنى تۈگىتىشكە ئۈندەيدۇ، يەنىلا ئۇنىڭدا ئۈمىدۋارلىق چاقناپ تۇرىدۇ. چۆچەكلەرنىڭ بىر قىسمى ئەخلاقىي نەسىھەت خاراكتېرىدا بولۇپ، كىشىلەرگە قانداق ياشاشنىڭ يولىنى، بەختسائادەتلىك بولۇشنىڭ ئامالىنى، ياۋۇزلۇق-يامانلىقتىن ساقلىنىشنىڭ تەدبىرلىرىنى ئۆگىتىدۇ.

ئاندىن قالسا، بەزى چۆچەكلەرنى ئىنسانلار تىرىكچىلىكىنىڭ نۇرغۇن تەجرىبىلىرىنىڭ يىغىندىسى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى دېيىشكە بولىدۇ، لېكىن خەلق چۆچەكلىرى زامان شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى ۋە خىلمۇخىل دىنلارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن سەلبىي نەرسىلەردىنمۇ خالىي بولالمىغان. چۆچەكلەرنىڭ مۇتلەق تولىسى بىرلىك-ھەمدەملىك، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، قەھرىمانلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىجادكارلىق، ئەمگەكچانلىقنى كۈيلەيدۇ، خەلقنىڭ چۆچەكلەرنى ياخشى كۆرۈشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ئەنە شۇ.

خەلق ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا جىددىي مەسىلە شۇكى، بىر بۆلۈم مەخسۇس تەتقىقاتچىلارنى ئويۇشتۇرۇپ، نۇقتىلىق-پىلانلىق توپلاش بىلەن بىللە، ئومۇمىي خەلق كۆلىمىدە ئىجتىمائىي كۈچلەرنىمۇ خەلق ئىجادىيىتىنى توپلاشقا سەپەرۋەر قىلىش كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغان ۋەزىپىدۇر. چۈنكى، تۇرمۇش تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ خەلق ئىجادىيىتى كۆمۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ، قەدىمكىلەرنى بىلىدىغانلار ئازىيىۋاتىدۇ، ئالدى بىلەن ئېغىزدا

بارىنى خامانغا دۆۋىلەش زۆرۈر بولۇپ قالدى، بۇ قۇتقۇزۇش دېيىلىدۇ. ئاندىن تەتقىق قىلىشنى ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك، بۇ رەتلەشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىزگە مەلۇم، ھەرقانداق ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ۋاقىتنىڭ ھەرىكىتىدىن ئايرىلمايدۇ، خەلق ئىجادىيىتىدىمۇ زور ئەھمىيەتلىك ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرى شۇنىڭدىكى، ئۇلار مەزكۇر ئەسەر ئۆزى پەيدا بولغان زاماننىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ ۋە كېيىنكى زامان بىلەنمۇ چېتىك ئالاقىدار بولىدۇ، ئاندىن كېيىن خەلق ئىجادىيىتىنىمۇ خۇددى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكىدەك يېڭى نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئوقۇشقا دەۋەت قىلىشىمىز كېرەك. ئۈچىنچىدىن، خەلق ئىجادىيىتىدىكى تۈرلۈك ئەدەبىي ھادىسىلەرنىڭ ئىجتىمائىي يىلتىزىنى ۋە مەنىلىرىنى ئېنىقلاپ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئىچكى قۇرۇلمىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك.

پۈتكۈل ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىنى ۋە مەنبەسىنى تەھقىقلەشتە، خەلق ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىش ماركسىتىك ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزنىڭ مۇھىم ساھەسى. بۇ ساھەنى ناھايىتى چوڭ ئېتىزغا تەمسىل قىلساق، پىداكار قوشچىلارنىڭ بۇ ئېتىزنى ھەر تەرەپلىمە ئاغدۇرۇشىنى، ماھىر تېرىمچىلارنىڭ دىققەت بىلەن تېرىپ مېڭىشىنى، «يۈكچىلەر»نىڭ خامانغا «ئۈنچىلەر»نى دۆۋىلىشىنى، «سورىغۇچىلار»نىڭ چەش بىلەن «توپان»نى ئايرىپ چىقىشىنى، ھوسۇلنى تاغارلاپ خەلققە قايتا تارتۇق قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

1983 - يىلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەت ئادرېسى

# «تارىم» ئېخىمى ئۇلغايسۇن!

«بىر قەرنە» دەپ ئېغىزدا ئېيتماق ئاسان، ئەمەلدە بىر قەرنەنى باشتىن كەچۈرمەك خېلى ئۇزاق ۋە مۇرەككەپ جەريان. «تارىم» تۇغۇلۇپ، بېشىدىن 35 يىلنى كەچۈرۈپ ۋايىغا يەتتى، لېكىن نۇرغۇن تۈز ـ تۆپە، ئەگرى ـ توقايلىق، گۈلزارلىق ۋە چاتقاللىقلارنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ جەرياندا، مىڭلىغان ئاپتورنىڭ قەلەملىرىدىن تامغان تامچىلىرىدىن ھاسىل بولغان «تارىم» كۆپلىگەن تەھرىرلەر-نىڭ پەرۋىشى بىلەن راۋان بولۇپ تۇردى. «تارىم» تاتلىق سۈيى بىلەن كۆرمىگىلىغان كىتابخانىنى «سۇغاردى»؛ «تارىم» مۇرەببىي سۈپىتىدە نۇرغۇنلىغان ئاپتورلارنى تەربىيىلىدى ۋە يۈزلىگەن تەھرىر-نى يېتىشتۈردى. قىران «تارىم»نىڭ راۋان بولۇپ تۇرۇشىغا پەرۋىش قىلغان «كەتمەنچىلەر» قاتارىدا، 35 يىلدىن بۇيان بىللە بولۇپ كەلگىنىم ئۈچۈن پەخىرلىنىمەن.

ئۆمرۈمنىڭ تولىسى تەھرىرلىك بىلەن ئۆتكىنى ۋە «تارىم» تەھرىر ھەيئىتىنىڭ تەركىبىدە سىجىل دېگۈدەك بولۇپ كەلگىنىم ئۈچۈن، ئانچە كۆزگە چېلىقمايدىغان تەھرىرلىك مېھنىتى توغرىسىدا بىۋاستە ھېسسىيات ۋە چوڭقۇر تەسىراتلارغا ئىگىمەن.

«تەھرىر» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «قىزدىق»، «ھۆر ـ ئازاد»، «ئويغىتىش ـ ئاقارتىش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «ھەررە» سۆزىدىن تۈرلەنگەن. ئۇنىڭ كۆچمە مەنىسى «كىتاب تۈزۈش»،

«يازما» دېگەنلىك بولىدۇ. دېمەك «تەھرىر»نىڭ ئاساسىي مەنىسى «ئازاد قىلىش» يەنى شەيئىنى «چۈشەكلەر»دىن «بوشىتىش» دېمەكتۇر. تەھرىر شەيئىنى «چۈشەكلەر»دىن «بوشىتىش» دېمەكتۇر. تەھرىر شەيئىنى (ئەسەرنى) نۇقسانلاردىن خالى قىلىش ئۈچۈن، كۆڭۈل قويۇپ «رەندىلەيدۇ».

ئەسەرنى تاللىماق ۋە كىتابخانغا ياراتماق (كىتابخاننى شېرىن مېۋىدىن بەھرىمەن قىلماق) — تەھرىرنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى. بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن توغرا چىقىش ئۈچۈن، ساپ نىيەتلىك تەھرىر ئالدى بىلەن ئاپتوردىن ئۆگىنىدۇ. چۈنكى تەھرىر كۆپىنچە ھاياتنى ئاپتوردەك بىۋاسىتە كۆزىتەلمەيدۇ، ئاپتورنىڭ ئەسىرى ئارقىلىق كۆزىتىدۇ. ئەمما تەھرىرلىك خىزمىتى پىشقان تەھرىرنىڭ نەزەرىيىۋى سەۋىيە ۋە ئەمەلىي بىلىم جەھەتتە ئاپتورلاردىن ئۈستۈنرەك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، تەھرىر خادىمى ئىككى خىل تەپەككۇر لىنىيىسىنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىنى، يەنى بىرى كىتابخان ئەڭ قىزىققان نەرسە نېمە ۋە يەنە بىرى ئاپتورنىڭ كىتابخانغا بايان قىلىپ بەرمەكچى بولغىنى نېمە ئىكەنلىكىنى ئىگەللەشكە ماھىر بولۇشى لازىم. ئايرىم ئاپتورلار ئادەتتە ئۆزىنىلا ۋە تەھرىر بۆلۈمى نېمىلەرگە مايىلراق ئىكەنلىكىنىلا ئويلايدۇ. نەتىجىدە ئۇنداق ئاپتورنىڭ كۆڭلىدە كىتابخان بولمايدۇ (بۇ — تەھرىرلىك ئەمەلىيىتىدە كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە). ئاپتور ئۈچۈن، شۇنداقلا تەھرىر ئۈچۈنمۇ پەقەت كىتابخاننىڭ كۆڭلىگە يېقىشنىلا ئويلاش كۇپايە قىلمايدۇ. ئاپتورنىڭمۇ مەقسىتى بولۇشى (ۋە تەھرىرنىڭمۇ ئۇنى بايقىشى)، يەنى كىتابخاننى قايسى يولغا يېتەكلەش مەسىلىسى، كىتابخانغا نېمىلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرىسى

دەپ بەرمەكچى ۋە قانداق ئىدىيىنى تەشۋىق قىلماقچى ئىكەنلىكى ئايدىڭ بولۇشى لازىم.

بىزگە مەلۇم، بىر جەھەتتىن، ئەدەبىيات ھايات ۋە ئىنسان مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدىكى پىكىرلەرنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەدەبىيات ھايات پەلسەپىسى دەپ ئاتالغان. ئەنە شۇ ھايات پەلسەپىسىنى تېخىمۇ تىرەنلەشتۈرۈش مەقسىتىدە، تەھرىر ئاپتورلارنى زەكى ۋە زېرەك ئىجادكار سۈپىتىدە ھاياتنى، ئىنساننىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىشكە ئەمەلىي ئىشقا ئارقىلىق دەۋەت قىلىشى كېرەك. ئىككىنچى جەھەتتىن، ئەدەبىيات — ئىنسانشۇناسلىق. ئۇ، گەرچە قىياسىي بىر تۈزۈلمە بىلەن ئىپادە تاپسىمۇ، ئادەملەرنىڭ دۇنيا قارىشىنى، ئىش-ھەرىكەتلىرىنى، جەمئىيەتتە تۇتقان مەۋقە ۋە ئورۇنلىرىنى، شۇنىڭغا باغلىق بولغان ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھاياتنىڭ تەلپىي تۈپەيلىدىن ئىنساننىڭ مەنىۋى ئېھتىياجلىرىغا بىرىنچى بولۇپ جاۋاب بېرىدىغان ئەدەبىيات ئۈچۈن خالىسانە ئىشلەشنى ئۆزىگە شەرەپلىك ۋەزىپە قىلغان تەھرىر ھەمىشە ھاياتنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇشقا ئىنتىلىدىغان ئىجادكارنى ئاسرىشى ۋە سېخىي مۇئەللىمدەك تەربىيىلىشى لازىم. شۇڭا، تەھرىر تەھرىرلىك مەشقى بىلەنلا قانائەتلەنمەي، ھايات پەلسەپىسىنىڭ ئاساسلىرىنى ۋە بۇ ئىنسانشۇناسلىقنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدىلىرىنى بىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، تەھرىر ھېچقاچان ئاپتورغا سەمىمىي مەدەتكار ۋە كىتابخانغا ھەقىقىي جاۋابكار بولالماي قالىدۇ.

تەھرىر خادىمى ئۈچۈن يەنە بىر مەجبۇرىيەت — ئوقۇش (ئەسەرنى دىققەت بىلەن تەكرار ئوقۇش). ئەسەرنى كىتابخان بەھرىمەن

بولۇش ئۈچۈنلا ئوقۇيدۇ، تەھرىر خادىمى ئەسەرنى «ئوپېراتسىيە» قىلىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ. چۈنكى ئوبدانراق يېزىلغان ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىدا، ئاپتورنىڭ شەيئىلەرنى كۆزىتىش تەركىبى ۋە قايتا ئەسلەش يوللىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. شۇڭا تەھرىر خادىمى ئەسەرنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى قەۋەتلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئىزدەيدۇ، ئاپتورنىڭ پىكىر قىلىش ۋە بىلىش يوللىرىنى ھېس قىلىدۇ، شۇنداق قىلىپ، ئەسەرنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى شۇلۇۋېلىپ، ئۇنىڭ «ئىسكىلىتى»نى ئاجرىتىپ، تومۇرلىرىنى تۇتۇۋالىدۇ. تەھرىر مۇشۇنداق قىلالىسا ئاپتورنىڭ ئەسىرىگە توغرا باھا بېرەلەيدۇ. ئۇنداق قىلالمىغان تەھرىر زەرباپ كىيدۈرۈلگەن مودېلنى كىتابخانىغا تېڭىپ، ئاپتورنى يەرگە قارىتىپ قويىدۇ. تەھرىر ئاپتورغا ئوخشاشلا ئويلىشى ۋە چۈشىنىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تەھرىر ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىدىن بىرى بولغان يېڭىلىق تەشەببۇسكارى بولۇشى لازىم. بۇ، نىيەت بىلەن نەتىجىنىڭ بىرلىكى مەسىلىسىدۇر. ھەقىقىي ئىجادكار نىيەت بىلەن نەتىجىنىڭ بىرلىكىنى قوللايدۇ. كىتابخانىنىڭ پىكرى يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ، تەھرىرمۇ ئاپتورنى كىتابخانىغا يېڭى پىكىر، يېڭى ئىپادە، يېڭى شەكىل سۇنۇشقا تەۋسىيە قىلىشى كېرەك. ھازىرقى زامان پسىخولوگىيىلىك تەھلىلى بويىچە قارىغاندا، زامانىمىزنىڭ كىتابخانىلىرى تەييارقاتمال خۇلاسىلەرنى، سىپايىلىق-سۈرۈن تەلەت بىلەن قىلىنغان ئەمرىي-مەرۇپلەرنى ئانچە قوبۇل قىلمايدۇ، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيەتنى تەھلىل قىلىشىدىن ھاسىل بولغان نەتىجىلىرىگە ئىشىنىدۇ. يېڭى پىكىر يېڭى شەكىل ۋە يېڭى-يېڭى سۆز-ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەنمىسە، يېڭى رەخت كونا قېلىپقا تارتىلىپ، رەتتىن چىققان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پوسۇن تىكىلگىنىدەك، خىرىدارسىز قالىدۇ، يەنى ياخشى نىيەت يامان نەتىجە بېرىدۇ.

شۇڭا تەھرىر ھۈنەرۋەننى ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسىتىشى ئۈچۈن ئاۋۋال ئەسۋابلىرىنى ئىتتىك قىلىشقا دەۋەت قىلىشى ۋە ئۆزىمۇ «رەندە» سىنى بىلەپ تۇرۇشى لازىم. ئەسەر يېزىشنىڭ ئۆتكۈر قورالى تىلدۇر. ئادەتتە، تىل ــ پىكىرنىڭ رېئاللىقى، ئەدەبىي ئەسەر ــ رېئال تۇرمۇشنىڭ يازما ئىنكاسى ھېسابلىنىدۇ. تەھرىر، بۇ مەنىدە ئېيتقاندا، ئاپتورغا ئوخشاشلا «تىل ئۇستىسى» بولۇشى، يەنە ئەدەبىي تىل جەھەتتىن باي بولۇش بىلەنلا قالماي، ئەدەبىي تىلنىڭ تۈرلۈك شېۋىلىرىدىن ھەمدە تۈرلۈك كەسپىي لەھجىلەردىنمۇ خەۋەردار بولۇشى كېرەك ئىكەن.

يۇقىرىدىكى مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، تەھرىر پات ـ پات ئۇستەلدىن قوپۇپ تۇرۇشى، يەنە ۋاستىلىك كۆزىتىشتىن بىۋاستە كۆزىتىشكە ئۆتۈشى لازىم. چۈنكى ھاياتنى ۋاستىلىك كۆزىتىشكە كۆنۈپ قالغان ۋە «مېنىڭ ۋەزىپەم رەندىلەش» دەپلا بىلىدىغان تەھرىر كۆپىنچە قىرچاڭغۇ ۋە قاتمال بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ھەرقانداق قەلەمكەش تەھرىرلىك ئۈستىلىگە 5 ـ 6 يىللاپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلىدىغان بولسا، ئۇ ئىجادىيەتتىن قېپقالغاننىڭ ئۈستىگە، قەلىمى داتلىشىپ، پىكرى كونىراپ، تىلى تۇتۇلۇپ، روھىي جەھەتتىن گادايلىشىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن، مەلۇم مەنىدە ئېيتقاندا، تەھرىر ئۆزىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىدىن ۋاز كەچكەن نامسىز ئەدىبتۇر. شۇڭا، ئاپتور ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ، كىتابخان قەدىرلەيدۇ.

ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىشىدە، ئاپتور بىلەن تەھرىرنىڭ مۇناسىۋ-

شىمۇ خېلى مۇھىم رول ئوينايدۇ. تەھرىر بىلەن ئاپتور ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق، بۇرادەرلىك، ئۆزئارا مۇرۇۋۋەت، ياردەم-مەدەت رىشتىلىرى بولغاندىلا، ئوبدان ئەسەر يەنىمۇ ئوبدان بولۇپ مەيدانغا چىقىدۇ. تەھرىر ئاپتورنىڭ رەقىبى ئەمەس، رەپىقىدۇر؛ ئەكسىچە، ئاپتورمۇ تەھرىرنىڭ بېقىندىسى ئەمەس، ئەرزەندىسىدۇر. تەھرىر ئادىل، خالىس، سەمىمىي بولۇشى كېرەك. تەھرىر بىلەن ئاپتور ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ تەھرىر ئۈچۈن شەرتى ئادىللىقتۇر، ئاپتور ئۈچۈن كەمتەرلىكتۇر: ئىپادىسى خالىسلىقتۇر، ئاپتور ئۈچۈن سەخىيلىقتۇر؛ تەھرىر بىلەن ئاپتور ئوتتۇرىسىدىكى بۇرادەرلىكنىڭ ئاملى تەھرىر ئۈچۈن سەمىمىيلىكتۇر، ئاپتور ئۈچۈن زېرىكمەسلىكتۇر.

35 يىلدىن بۇيان «تارىم» تەھرىرلىرى بىلەن ئاپتورلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاشۇنداق مۇناسىۋەت ئورنىتىلغانلىقى ئۈچۈن، «تارىم» ئاپتورلار بىلەن كىتابخانلارنىڭ ۋاستىسى، ئاپتورلار ئۈچۈن «مەكتەپ» ۋە كىتابخانلار ئۈچۈن مۇئەللىم، ئاپتورلار ئۈچۈن ئاكتىيورلۇق ۋە كىتابخانلار ئۈچۈن تاماشىبىنلىق سەھنىسى بولۇش رولىنى ئۆتەپ كەلدى.

«تارىم» دۇنياغا كۆز ئاچقان 50-يىللاردا، يېڭى جۇڭگودا بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر ئەدەبىي ژۇرنىلى بولۇش شەرىپى بىلەن، ئۆز ئەتراپىغا نۇرغۇن ياش ئەدەبىي ھەۋەسكارلارنى جۇغلىدى ۋە مىڭلىغان كىتابخانلارنى جەلپ قىلدى. «تارىم» تەھرىرلىكى شۇ چاغلاردا ئوبدان ئەنئەنىلەرنى ياراتقانىدى. مەسىلەن، ياش قەلەمكەشلەرنى پات-پات يىغىپ «تارىم»نى قانداق راۋان قىلىش ۋە ئىجادىيەت بۇلاقلىرىنى ئېچىش ھەققىدە قىزغىن ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دوستانە مۇھاكىمىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇراتتى؛ ياش قەلەمكەشلەر-نىڭ يېزىقچىلىقىغا دائىر ساۋات ئاشۇرۇش تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، لېكسىيىلەر ۋە سېمىنارىيىلەرنى ئۆتكۈزەتتى؛ ياش قەلەم-كەشلەرنىڭ «كۆكلەش» جەريانىدىكى بىھۇدە شاخلىرىنى پۇتىۋې-تىش جەھەتتە مەسلىھەتلەر بېرەتتى. مانا ھازىرقى كۈندە «تارىم» نىڭ غول ئېرىقلىرى بولۇپ قالغان ئوتتۇرا ياشلىق ئاپتورلار شۇ چاغلاردىكى ھەۋەسكارلارنىڭ نامايانىدىلىرى ئىدى. بۇ ئەنئەنىلەرنى «تارىم» 80 ـ يىللار كىرىشى بىلەن قايتا جانلاندۇرۇپ، جۇڭغار ۋە تەكلىماكان بويلىرىدا گەۋدىلەندۈردى. شۇڭا «تارىم» ئاجايىپ زەرباب ۋە كىمخابلارغا ئورالغان «دىلبەر»لەرنى جەۋلان قىلدۇ-رىدىغان رەڭدار ۋە مەزمۇندار سەھنىگە ئايلاندى.

«تارىم» ئۇلغايدى، يەنە ئۇلغىيىدۇ، نەچچە مىڭ يىللىق ئۇيـ-غۇر شانلىق مەدەنىيىتىنىڭ جانلىق شاھىدى بولغان قېرى تارىمنى ئۆزىگە نام قىلغان بۇ ژۇرنال، ئىسمىغا مۇناسىپ ھالدا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تارىم بىلەن تەڭ ياشىيالايدىغان چىنارلارنى ئۆس-تۈرۈشكە پەرۋىشكار بولىدۇ!

1986 ـ يىل فېۋرال.

# ئەدەبىي تەرجىمە تارىخىمىزدىن بىر باب

خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە، قەدىمكى زاماندا بولسۇن ياكى هازىرقى زاماندا بولسۇن، ئالدى بىلەن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتلىرىدىن باشلىنىدۇ.

مەملىكىتىمىز جۇڭگو يىپەكچىلىك ھۈنىرىنى دۇنيادا ئەڭ بالدۇر ئىختىرا قىلغان مەملىكەت، شۇڭا غەربلىكلەر مەملىكىتىمىزنى «سىر مەملىكىتى» («يىپەك مەملىكىتى») دەپ ئاتىغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن، يەنى ئىپتىدائىلىق تەركىبلىرىدىن بولغان تارىم ئاھالىسى قەدىمكى «يىپەك يولى» ئۆتكەللىرىدە ياشىغانلىقى ئۈچۈن، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا بىلەن شەرقىي ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان (بەزى تارىخىي مەلۇماتلاردا يېزىلىشىچە، غەرب بىلەن بولغان كارۋان يولىنى ئەڭ بالدۇر ئاچقۇچى ـــ تارىم ئاھالىسىدۇر). قەدىمكى ئۇدۇن (خوتەن)، قەشقەر ۋە كۇچا، قوچۇ (تۇرپان)لار «يىپەك يولى»نى راۋان قىلغان ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن ئىدى. غەربىي ئاسىيا، جۈملىدىن ئىران ـ خۇراسان ۋە شىمالىي ھىندىستان ئەللىرىنىڭ شەرق بىلەن بولغان سودا ئىشلىرى ئالدى بىلەن مەزكۇر شەھەرلەر ئارقىلىق راۋاج تاپقان. بۈگۈنكى نىيە ۋە تۇرپان ئاستانە خارابىلىرىدىن تېپىلغان يىپەك توقۇلمىلار، خوتەننىڭ شىمالىدىكى ئاق سىپىل خارابىسىدىن تېپىلغان تەڭگە، چاقىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، ئاستانىدىن تېپىلغان ئىپىق باش گۈللۈك كىمخاب، گۈل ـ دەرەخلەر ئارا جۈپ كىيىك گۈللۈك كىمخاب، شىر ئوۋلاش سۈرەتلىك كىمخاب، چەۋەنداز سۈرەتلىك كىمخابلار ئىران ـ خۇراسان خەلقى يارىتىدىغان نۇسخىلار بولۇپ، بۇيرۇتما بويىچە توقۇلغان يىپەك رەختلەردۇر. يىپەك رەختلەردىكى بېزەك نۇسخىلىرى ساسانىلار دەۋرىدە (مىلادىيە 226 ــ 642 ـ يىللار) ئوردا ـ ساراي بىناكارلىقىدا ۋە توقۇلما ماللىرىدا ئۇچرايدۇ. سوۋېت ئۆزبېكىستانىنىڭ بالالىق تۆپە خارابىسىدە تام رەسىملىرىدىكى ئادەملەرنىڭ ئېگىنلىرىدىمۇ شۇنداق نۇسخىلار چېكىلىدۇ، شۇنىڭدەك خوتەندىن تېپىلغان مىس پۇللار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەللەرنىڭ پۇل ئىشلەش ئۇسۇللىرىغا ئوخشاش «زەرب» (پىرىس) ئۇسۇلى بىلەن ئىشلەنگەن. پۇللارنىڭ بىر يۈزىگە ئات ياكى تۆگە سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن. بۇ پۇللارنىڭ بەزىلىرى باكتىرىيە (داشيا) نىڭ پادىشاھى ئۇۋگراتېد زامانىدىكى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىر) پۇللار؛ بەزىلىرى پەنجاب رايونىدا ساقالار قۇرغان پادىشاھلىقىنىڭ مائۇس، ئازىس، ئازىلىسىس دېگەن پادىشاھلىرى زامانىدا ئىشلەنگەن پۇللاردۇر. بەزىلىرى ساسانىلار دەۋرىدىكى پۇللاردۇر. بۇلار ــ خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقىلەرنىڭ ماددىي پاكىتلىرى.

ئىران ـ خۇراسان خەلقى بولسۇن ياكى تۇران ۋە تارىم خەلقى بولسۇن، ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتنى ياراتقان خەلقلەردىندۇر. ئادەتتە خەلق تارىخى دېگەنلىك مەدەنىيەت تارىخى دېگەنلىكتۇر. ھەممىگە مەلۇم، مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ئەدەبىيات ـ سەنئەتتۇر. ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلار قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ ماددىي

شەكلىنى ئىپادىلەپ بەرسە، ئەدەبىيات ئۇنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

بىز بۇ ماقالىمىزدە، تۈركىي قوۋملەردىن بولغان ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ئارىيان قوۋملىرىدىن بولغان ئىران (پارس) خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەبىيات رابىتىلىرى جەھەتتىلا قىسقىچە توختىلىمىز. بۇ بىزنىڭ پۈتكۈل مىللىي ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغىنىدەك، تەرجىمىشۇناسلىق تارىخىمىزنىڭمۇ مۇھىم بىر بابىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئۇزاق زامانلىق تارىخى جەريانىدا، ئەدەبىيات جەھەتتىمۇ ئاجايىپ گۆھەرلەرنى يارىتىپ، ئۇلۇغ جۇڭخۇانىڭ شانلىق مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشتى. لېكىن ئىجتىمائىي-سىياسىي ۋەقەلەر ھەم تەبىئىي ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن، ئەدەبىي مىراسلىرىمىزغا دائىر كۆپلىگەن ۋەسىقىلەر نابۇت بولغاچقا، بىزنىڭ زامانىمىزغىچە مىراسلىرىمىزنىڭ مۇتلەق تولىسى يېتىپ كېلەلمىگەن. ناھايىتى ئۇزاق زامانلارغىچە بىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ كۆپچىلىكى تولاراق كۆچمەنلىك تۇرمۇشنى كەچۈرگەنلىكى ئۈچۈن، پۈتكۈل ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسىي ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. بۇنىڭ تولىسى (يېزىق شەكلىنى ئالالمىغانلىرى) ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. پەقەت III ئەسىردىن باشلاپ بەزى ۋاستىلىق تارىخ كىتابلىرىدا ۋە قەدىمكى يېزىقىمىزدىكى تاش پۈتۈكلەردە قەيت قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىز بۈگۈنكى كۈندە قەدىمكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بىردىنبىر ۋاستە بولماقتا. بۇلار ئاساسەن قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ پراگمېنتلىرىدۇر. بۇلار

تەلتۆكۈس بولمىسمۇ، قەدىمكى تارىخىمىزنىڭ، جۈملىدىن ئەدەبى-
ياتىمىزنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى بىلىشىمىزگە ۋەسىقىلىق رولىنى
ئوينايدۇ. ئاندىن، قەدىمكى زامانلاردا بىز بىلەن قويۇق ئالاقە
قىلىپ كەلگەن خەلقلەر، جۈملىدىن ئىران (پارس) خەلقىنىڭ
بىزگە چېتىشلىق ئەدەبىي ۋە تارىخىي ئەسەرلىرىمۇ تارىخى-
مىزنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى بىلىشىمىزگە قىممەتلىك مەنبەلەردىن
سانىلىدۇ.

تىل — ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاستىسى. تۈركىي تىل بىلەن
پارس تىلى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان بىر-بىرىگە يانداش بولۇپ،
غەربىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمران تىللار ئىدى. بۇ ئىككى
تىل قەدىمكى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر-بىرىنىڭ ئورنىنى
ئىگىلەپ، نۆۋەتلىشىپ كەلگەن؛ شۇنىڭدەك بىر-بىرىگە تەسىر
كۆرسىتىپ، ئۆز ئامىللىرىنى بىر-بىرىگە سىڭدۈرۈشۈپمۇ كەلگەن.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە غەربىي ياۋروپالىقلاردا لاتىن تىلى، شەر-
قىي ۋە جەنۇبىي سلاۋيان ئەللىرىدە چېركاۋ-سلاۋيان تىلى
خەلقئارا تىللار ھېسابلانغىنىدەك، شەرق مۇسۇلمان ئەللىرىدە ئەرەب
تىلى خەلقئارا تىل سۈپىتىدە قوللىنىلغان. VIII — XI ئەسىر-
لەردە، ئەرەب تىلى ئىلىم-پەن تىلى ھېسابلانغان. ئوتتۇرا ئاسىيا-
دىن دۇنياغا مەشھۇر بولغان تۈركىي ئالىملار — ئەبۇ ئەلى ئىبنى
مۇسا ئەل خارەزمى، ئەبۇ نەسىر فارابى، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا،
ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي، مەۋلانا سەئىدىدىن قەشقەرى ۋە باشقىلار
ئىلىم-پەننىڭ ھەر خىل ساھەلىرىگە تەئەللۇق قىممەتلىك ئەسەر-
لىرىنى ئەرەب تىلىدا يازغان. ئۇلۇغ تىلشۇناس ئۇستازىمىز مەھ-
مۇت قەشقەرىمۇ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى ئەرەب تىلىدا يازغان.

لېكىن ئۇ ئىككى تىللىق لۇغەت بولغىنى ئۈچۈن، نوقۇل ئەرەبچە ئەسەر دېيىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

تارىخىي ۋەقەلەرنى قايتىدىن كۆزىتىپ چىقىدىغان بولساق، مۇنداق بىر ھەقىقەتنى بايقايمىز: قەدىمكى زاماندا ۋە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىدە ئىران قوۋملىرىنىڭ سەلتەنەتلىرى جەۋلان قىلغاندا (مىلادىدىن ئىلگىرى VII — IV ئەسىرلەردە ئىرانلىقلاردىن كەي قوۋمى ھۆكۈمرانلىق قىلغان زامانلاردا، شۇنىڭدەك مىلادىيە III — IX ئەسىرلەردە ساسانىلار ۋە سامانىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان زامانلاردا) پارس تىلى ۋە پارس ئەدەبىياتى بىردىنبىر ھۆكۈمران تىل ۋە ئەدەبىيات بولالمىغانىدى. ئىرانلىقلارنىڭ سەلتەنىتى ئىران زېمىنى بىلەنلا چەكلەنگەن زامانلاردا بولسا، تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى چوڭ بولدى. X ئەسىردىن كېيىن تاكى XV ئەسىرگىچە پارس تىلى بىر نەچچە رايون ۋە خەلقلەرنىڭ شېرىك ئەدەبىي تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلدى. غەزنەۋىلەر، سالجۇقىلار دەۋرلىرىدە، ئۇلار ئۆز تەۋەلىرىدە، جۈملىدىن كافكازدا (ئەرران، شىرۋان، قىسمەن گرۇزىيە، ئەرمەنىستاندا) ۋە پەنجاپ ـ كەشمىر دىيارلىرىدا ھۆكۈمرانلار پارس تىلىنى ئەدەبىي تىل دەپ ئېلان قىلغانىدى. بۇ زامانلاردا، پارس تىلىنى بىلىش ۋە پارس تىلىدا سۆزلىشىش ھەم ئىجاد قىلىش جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا خاس بولغان «ئىمتىياز» ۋە «بىلىمدانلىق» بەلگىسىگە ئايلانىدى. مەدەنىيەت ـ ئەدەبىيات ساھەسىدە پارس تىلى ۋە پارس ئەدەبىياتىنى ئۇلۇغلايدىغان خاھىش كېلىپ چىقتى، ھەتتا بىر قىسىم فېئودال زىيالىيلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارىسىدا ئۆز ئانا تىلىدا ئەسەر يېزىشتىن كۆرە، پارس تىلىدا يېزىشنى گوياكى «پاساھەتلىك»نىڭ ئىپادىسى دەپ قاراش يېيىلدى. بۇ ئەنئەنە، ھەتتا تېمۇرىيلەر دەۋرىدىمۇ داۋام قىلدى. بۇ دەۋردە پارس تىلى فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ سۆزلىشىدىغان تىلغا ئايلاندى. تېمۇرىيلەر سۇلالىسىدىن ھېسابلىنىدىغان خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھرى خانلىقلىرىدىمۇ پارس تىلى ھۆكۈمران تىل ئىدى. چاغاتاي ئەۋلادلىرى ۋە تېمۇرىيلەر ئۆز ئارا ھاكىمىيەت تالىشىپ يۈرگەن بۇ دەۋردە، مەركىزىي ئاسىيادىمۇ يۇقىرى قاتلام ۋە ئەدىبلەر ھەم ئالىملار ئارىسىدا پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى چوڭ بولدى. شۇڭا، بۇ دەۋردە ياشىغان كلاسسىك شائىرلاردىن مىللىي ـ دۇنياۋى ئەدەبىياتنى ئۆز ئانا تىلى بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا كۈچ چىقارغانلار كۆپ بولمىدى. ئەلىشىر ناۋايى «مەجالىسۇن نەفائىس» دېگەن ئەسىرىدە ئۆزى پىكىر يۈرگۈزگەن 90 شائىردىن پەقەت 16 شائىر «تۈركىيگوي» ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ ئۆتكەن. XV ئەسىردىن كېيىن، ئۈچ تىل (ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي تىللار) ئوتتۇرىسىدىكى ستىخىيىلىك كۈرەش داۋام قىلىپ، ئۆز ئانا تىلىدا ئەسەر ياراتقۇچىلار كۆپەيدى. بۇنىڭ باش نامايەندىسى ئۇلۇغ ناۋايىدۇر. ھەتتا بۇنىڭ تەسىرى بىلەن پارس ئەدىبلىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ تۈركىيگويلۇق پەيدا بولدى. ناۋايى زامانىغىچە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تاكى XIX ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن شائىرلارنىڭ، ئەدىب ـ ئالىملارنىڭ تولىسى ئىككى تىللىق («زۇللىسا نەين» ـــ تۈركىي ھەم پارسىي تىللىق) ئىدى. مۇنداق بولۇشقا سەۋەب شۇكى، بۇ زامانلاردا پارس تىلىدا يېزىلغان ئەدەبىيات تۈركىي تىلىدا، جۈمـ

لىدىن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەدەبىياتقا قارىغاندا تەجرىبىگە بايىراق ئىدى. شۇڭا، بىر مەزگىل پارس تىلىنىڭ نوپۇزى ئەدەبىيات ساھەسىدىمۇ ئۈستۈن بولدى. پارس ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرى بولغان نىزامىي، خاقانى، فەرىدىددىن ئەتتار، خىسراۋ دېھلەۋى، سەئىدى، ھاپىز شىرازى كەبى پارس مۇمتاز شائىرلىرىدىن شېئىرىيەتىنىڭ شۇ زامانىغا خاس ئالاھىدىلىكى بولغان ئەنئەنىسىنى لۇتفى، سەككاكى، ئاتايى ۋە ناۋايى قاتارلىق كلاسسىكلىرىمىز قوبۇل قىلدى ۋە داۋام قىلدۇردى، راۋاجلاندۇردى، پارس تىلىنى ئۆگەندى ۋە ئۇلارغا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلدۈردى.

دەرۋەقە، خەلقنىڭ كەڭ قاتلىمى ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئاساسىي قىسمى ئۆز ئانا تىلىنى قوللىناتتى؛ ئۆز ئانا تىلىدا ئەسەر يارىتىشنى ھۆرمەتلەيتتى. ئەگەر «پارسگويلۇق»نىڭ مەلۇم ئىجابىي رولى بولدى، دېيىلىدىغان بولسا، شۇنى ئېتىراپ قىلىشقا بولىدۇكى، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پارس ئەدەبىياتى بىلەن كەڭرەك تونۇشۇشىغا پايدىسى بولدى؛ پارس تىلى، ئۆز نۆۋىتىدە، ئەرەب تىلىدا يېزىلغان ئەدەبىي، تارىخىي ۋە باشقا ئىلمىي ئەسەرلەر بىلەن تونۇشۇشىمۇ ۋاسىتىچىلىك قىلدى.

XVIII ـــ XIX ئەسىرلەردە، پارس تىلىنى ئوبدان بىلگۈچىلەر پارس ئەدەبىياتىدىن نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى. بۇلارنىڭ تولىسى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە چاپى قىلىندى ۋە ھەر جايدا كۆچۈرۈپ تارقىتىلدى. ئۇلاردىن ساقلىنىپ قالغانلىرىنى تۆۋەندە قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز:

«كەلىلە ۋە دىمنە» ـــ بۇ كىتابنى قەدىمكى زامان ھىندۇ

www.uyghurkitap.com

برەھەمەنلەرنىڭ پېشۋاسى ھەكىم (پەيلاسوپ) بىدپاي خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان مەسەل ـ تەمسىللار، چۆچەك ـ رىۋايەتلەرنى ھايۋانلارنىڭ سۆھبىتى ئارقىلىق بېرىپ، ئادىمىزاتقا جاھاندار-چىلىقنىڭ يولىنى كۆرسەتمەك ئۈچۈن، پادىشاھ دابشىلىمغا ئاتاپ يازغان. بەرزۇيە ھىندىستاندىن كەلتۈرۈپ، پەھلىۋى تىلىغا (قەدىمكى پارس تىلىغا) تەرجىمە قىلغان. تەخمىنەن 570 ـ يىلى پەھلىۋى تىلىدىن سۈرىيان تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. يەنە 180 يىلدىن كېيىن، يەنى 750 ـ يىلى ئوبۇلھەسەن ئابدۇللا ئىبنى ئەلى مۇقەففا پەھلىۋى تىلىدىن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلغان؛ لېكىن بىرمۇنچە مەزمۇنلار قوشۇپ تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، كىتابنىڭ بىر ئاپتورى مۇقەففا ھېسابلىنىپ قالغان. كېيىن، بۇ ئەرەبچە نۇسخىدىن ئەبۇلمە ئانى قايتا پارسچىغا تەرجىمە قىلغان. ئەمىر شەيخ ئەھمەت (مەشھۇر ئىسمى ئەمىر سۇھەيلى)نىڭ ئىل-تىماسى بويىچە، مەۋلانا ھۇسەين (ۋائىزۇل كاشىفى) قايتىدىن چۈشىنىشلىك قىلىپ پارسچە ئىشلەپ چىقىپ، «ئەنۋارى سۇھەيلى» دەپ نام قويغان. ھىجرىيە 1130 ـ يىلى (مىلادىيە 1717 ـ يىلى) قەشقەر ھېكىم بېگى ئىمام مۇھەممەتنىڭ تەۋسىيىسى بويىچە، موللا مۇھەممەت تۆمۈر پارس تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەر-جىمە قىلىپ «ئاسارى ئىمامىيە» دەپ قوشۇمچە ماۋزۇ قويغان. موللا مۇھەممەت تۆمۈر ناھايىتى پاساھەتلىك تىل بىلەن ئىجادىي تەرجىمە قىلىپ، كىتابقا يېڭى ئېگىن كىيگۈزگەن.

«تەرجىمەئى يۈسۈف ـ زىلەيخا جامى» ـــ پارس ـ تاجىك شائىرى ئابدۇراخمان جامىنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىرى، «يۈسۈف ـ زىلەيخا» داستانىنى نامەلۇم تەرجىمان ھىجرى 1169 ـ (مىلادى 1755 ـ)

يىلى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

«تەرجىمەئى مەئارىجىل نەبۇۋە» — مۇئىن مىسكىن پەرراھى تەرىپىدىن يېزىلغان، «مەئارىجىل نەبۇۋە» («پەيغەمبەرنىڭ مىئراجقا چىققانلىقى»)نى مۇھەممەت رەھىم مىسكىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

«ھېكاياتى ھۆرلىقا» — XIX ئەسىردە، موللا توختىنىياز بىننى موللا مۇھەممەت تۆمۈر («كەلىلە ۋە دىمنە» نىڭ تەرجىمانىنىڭ ئوغلى، يەنى ئاتا كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان موللا توختىنىياز) قەشقەردە تەرجىمە قىلغان.

«تەرجىمەئى قابۇسنامە» — ئەمىر نەسىر كەيكاۋۇس تەرىپىدىن يېزىلغان، «قابۇسنامە»نى مۇھەممەت سىدىق رەشىدى ھىجرى 1201 - (مىلادى (1787 - ) يىلى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

«دارابنامە» — ئەبۇ تاھىر ھۇسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى مۇسا تەرسۇسى تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ قىسسە، يەنى ئەھمەنىلەر سۇلالىسىدىن پادىشاھ دارا (مىلادىدىن ئىلگىرى 521 — 486 - يىللار) توغرىسىدىكى ھېكايە نامەلۇم تەرجىمان تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

«ئىسكەندەرنامە» — ئەزەربەيجان شائىرى ئىلياس بىننى يۇسۇف گەنجەۋى نىزامى (1141 — 1203 - يىللار)نىڭ «پەنچ گەنج» («بەش خەزىنە») دەپ ئاتالغان «خەمسە» (بەشلىك) داستانلىرىنىڭ بەشىنچىسى بولغان مەزكۇر داستان، شۇنىڭدەك «داستانى سەيفۇل مۇلۇك» (يەنى «سەيفۇل مۇلۇك ۋە بەدىئۇل جەمال ھەققىدە ھېكايە»)، «داستانى مالىك ئەژدەر» (يەنى ئىمام ھەسەن بىلەن ئىمام ھۇسەيىن توغرىسىدىمۇ بايان قىلىدىغان ھېكايە)، «زەفەرنامەئى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇزۇرج مىھىر» (ساسانىلار سۇلالىسىدىن پادىشاھ نوشىرۋان ھەم ۋەزىر بۇزۇرج مىھىر ھەققىدە بايان قىلىنىدىغان، پەنى ئۇلارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سۈپەتلىرى بايان قىلىنىدىغان قىسسە)، «داستانى مىھىرۇماھ»قاتارلىق مۇئەللىپلىرى بىزگە نامەلۇم بولغان ئەسەرلەر نامەلۇم تەرجىمانلىرىمىزدىن (بىزگە مەلۇم بولغان يازما نۇسخىلارنىڭ باش - ئايىغى چولتا بولغىنى ئۈچۈن، ئاپتور ھەم تەرجىمانلىرى نامەلۇم بولۇپ قالغان) ئۇيغۇر تىلىغا XVIII - XIX ئەسىرلەردە تەرجىمە قىلىنغان.

بۇلاردىن باشقا، «ئەجايىبۇل مەخلۇقات»نى موللا مۇھەممەت - ھەسەن مۇتەۋەللى ئاخۇنۇم 1270 - ھىجرى (1835 - مىلادى) يىلى مىرزا ئەھمەد ۋاڭ نامىغا بېغىشلاپ ئاقسۇدا تەرجىمە قىلغان.

يەنە ئالاھىدە ئاتاپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، پارس ئەدەبىياتىنىڭ يارقىن نامايەندىسى ۋە جاھان ئەدەبىيات خەزىنىسىدە پەخىرلىك ئورۇن تاپقان «شاھنامە» ئۇيغۇرخەلقىگە تونۇشتۇر. ئەدەبىياتقا قىزىققۇچى ئۆلىمالار ۋە ئالىي مەدرىسە تالىپلىرى «شاھ - نامە»نى پارس تىلىدا بىۋاسىتە ئوقۇغان بولسا، پارس تىلىنى بىلمەيدىغان ئاددىي خەلقلەرمۇ «شاھنامە»نىڭ ئومۇمىي بايانلىرىنى ۋە باش قەھرىمانلىرىنى ئۆز ئانا تىلىدا يارىتىلغان ھېكايە - قىسسەلەرنى سۆدەك بىلگەندەك ئوبدان بىلىدۇ.

بۇ شاھ ئەسەر ئۇيغۇر خەلقى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئىلىم ئەھلى ئۈچۈن، مەزكۇر داستان باش قەھرىمانلىرىدىن بىرى بولغان ئەفراسىياب (تۇران خاقانى ئالىپ ئەرتۇڭا) توغرىسىدا بايان ۋە تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى تارىخىي كۆرۈنۈشلىرىنى قىياسەن بىلىۋېلىشقا تارىخىي مەنبەلىك ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەيدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىگە بۇ داستاننىڭ كەڭ تارقالغانلىقىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇكى، بۇ ئەسەر پارس تىلى بىلەن بېزەلگەن داستانلىق لىباسىدىن چىقىرىلىپ، ئۇيغۇر تىلى بىلەن تىكىلگەن نەسرىيلىك تونى كىيدۈرۈلگەن. «شاھنامە» شاھ مۇھەممەت ئىبنى خوجانىزا-مىدىن قاراقاشى (خوتەن قاراقاشلىق) تەرىپىدىن ھىجرى 1253-(مىلادى 1837-) يىلى ئۇيغۇر تىلغا ئىجادىي ۋە جانلىق تەرجىمە قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تەرجىمىنى يېرىم ئىجادىيەت دېيىشكە بولىدۇ. تەرجىمان شاھمۇھەممەتنىڭ بۇ نەسرىيلەشتۈرۈلگەن تەر-جىمىسى كەيۇمەرسىدىن ئەردەشىرنىڭ ھەقتۇۋەدكە يۈرۈش قىلغىنى-غىچە بولغان قىسمىدىن ئىبارەت. بۇ تەرجىمە نۇسخىسىدىن باشقا، يەنە بىر نەسرىي تەرجىمە نۇسخىسى ئەكۋان دېگەن دېۋىنىڭ ۋەقە-سىدىن ئەردەشىر بابەكقىچە بولغان ئىشلار بايان قىلىنغان؛ ئۈچىنچى بىر نەسرىي تەرجىمە نۇسخىسىدا كەيۇمەرسىدىن ئىسكەندەرگىچە بولغان ۋەقەلەر سۆزلەنگەن. بۇلاردىن باشقا يەنە مۇكەممەل نۇس-خىلىرى بارلىقىمۇ مەلۇم.

يەنە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بىر ئەسەر بار، ئۇ — «تەرجىمەئى تارىخ تەبەرى». بۇ ئەسەر تارىخچىلارنىڭ ئەرەب، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تارىخلىرىنى تەكشۈرۈشتە ئاساسلىنىدىغان مۆتىۋەر مەنبەلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا بۇ ئەسەرنى مەلۇم مەنىدە تارىخىي قىسسە دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ھىجرى 224-(مىلادى 838-) يىلىدا تەبەرىستاننىڭ ئامىل (ياكى ئامۇل) شەھ-رىدە تۇغۇلۇپ، «تەبەرى» نامى بىلەن تونۇلغان مەشھۇر تارىخچى ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەت ئىبنى جەرىر ئالەم پەيدا بولغاندىن تار-تىپ، ھىجرى 300-(مىلادى 912-) يىلىغىچە بولغان تارىخىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ۋەقەلەر توغرىسىدا تەپسىلىي ۋە بىستەرەپ هالدا مەلۇمات بېرىدىغان «تارىخۇل ئۇمەم ۋەل مۇلۇك» («مىللەتلەر ۋە مەملىكەتلەر تارىخى») يەنە بىر نامى «تارىخۇل رەسۇل ۋەل مۇلۇك» («پەيغەمبەرلەر ۋە پادىشاھلار تارىخى»)نى يازغان، بۇ ئەسەر «تارىخ تەبەرى» (تۈركىيە تۈركچە تەرجىمىسى «تارىخ جەئفەرى») دەپ تونۇلغان. بۇ ئەسەرنى پارسچىدىن ئابدۇرۇسۇل بىننى مەۋلانا مۇھەممەت رەھىم ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھىجرى 1257 ـ (مىلادى 1841 ـ ) يىلى موللا ئۇشۇر بىننى موللا مۇشتەرى بىننى موللا شەمسى كۆچۈرگەن نۇسخىدۇر. تەرجىمان ئابدۇرۇسۇل بىننى مەۋلانا مۇھەممەت رەھىم نۇرغۇن قوشۇمچە ۋە تۈزىتىشلەر بىلەن ناھايىتى يەڭگىل تىلدا ئۇقۇشلۇق قىلىپ تەرجىمە قىلغان.

پارسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچىلار ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ راۋاجلىنىشىدا چوڭ خىزمەت قىلدى. بۇ زامانلاردا، پارس تىلىدا يېزىلغان ئەدەبىيات ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەدەبىياتقا قارىغاندا بىر مەزگىل بايراق تەجرىبىلەرگە ئىگە ئىدى. پارس تىلىدىن تەرجىمە قىلىش ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىغا بىرمۇنچە يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كىردى، بۇنىڭ ئىجابىي ھەم سەلبىي ـ ئىككى تەرەپلىمە تەسىرى بولدى. ئىجابىي تەسىرى شۇكى، تۈرلۈك ستىلىستىكىلىق مەقسەتلەردە پارسچە سۆزلەرنى قوللىنىش، ئايرىم گىراماتىكىلىق شەكىللەرنى ئىشلىتىش، پارس تىلىغا خاس ئىزافە قۇرۇلمىلىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇرچە سۆزلەرگە پارسچە قوشۇمچىلار، پارسچە سۆزلەرگە ئۇيغۇرچە قوشۇمچىلارنى قوشۇپ ئىشلىتىش ــ بۇلار ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ستىلىستىكىلىق ئىمكانىيىتىنى كېڭەيتكەن. پارسچىدىن تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ئەرەب تىلىنىڭ تەسىرى قوبۇل قىلىنغان. مەسىلەن،

ئەسەرلەرگە ئەرەبچە نام بېرىش، گراماتىكىلىق فورما ۋە كۆر-
سەتكۈچلەرنى ئەرەبچە ئىشلىتىش، ئەرەبچە كۆپلۈك ئىپادىلىرىنى
قوللىنىش «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ
خۇسۇسىيەتلىرىدىن بولۇپ قالغان.

گېزى كەلگەندە، شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.
XIV — XVI ئەسىرلەردىكى (بەزىلەر ۋاقىت چېكىنى XIX ئەسىر ئاخى-
رىغىچە دېيىشىدۇ) كونا ئۇيغۇر يېزىق تىلىنى تۈركولوگىيىلىك ئەدەبى-
ياتتا «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتاش، ئومۇمەن، كىتابىي - ئەدەبىي تىل
توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزگەندە «چاغاتاي تىلى» دېگەن ئاتالغۇنى قول-
لىنىش ئادەت بولۇپ قالغان. ئەمەلىيەتتە بولسا، چاغاتاي ئۇلۇسى
تۈزگەن دۆلەت ياكى دۆلەتلەر دائىرىسىدە كونا ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىي
تىل سۈپىتىدە رول ئوينىغان. ئىدارە ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشتا، كۆپ-
رەك قاراخانىلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى تىلدىن پايدىلانغان. «چاغا-
تاي ئۇلۇسى»نىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىغۇ قاراخانىلار دەۋرىدىكى تىلغا
مۇراجىئەت قىلىنغان. «مۇقەددە مۇتۇل ئەدەب»، «يۇسۇف-زىلەيخا»،
«رەۋنەقۇل ئىسلام»، «ئوغۇزنامە» (كېچىككەندە XIII ئەسىردە يېزىق
شەكلىنى ئالغان)گە ئوخشاش ئەسەرلەرنى مەزكۇر دەۋر ئەدەبىي
تىلىنىڭ يادىكارلىقلىرى دېيىشكە بولىدۇ. XIV — XV ئەسىرلەردە
كۆچۈرۈلگەن «بەختىيارنامە»، «مىئراجنامە»، «تەزكىرەئى ئەۋلىيا»غا
ئوخشاش ئەسەرلەر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىدى. مۇنداق ئەدە-
بىي تىل بىلەن جانلىق تىل بىر - بىرىدىن مۇتلەق چېگرا
ئايرىپ كەتكەن بولمىسىمۇ، لېكىن يېزىق ئەدەبىي تىلى
ئاھالىنىڭ ساۋاتلىقلار قاتلىمىدا بىر ئالاقە ۋاستىسى بولۇپ، يېزىق
ئەدەبىياتى ۋە بارلىق رەسمىي ھۆججەت - ۋەسىقىلەردە ئومۇمىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىشلىتىلگەنىدى.

پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئۈلگىلىك ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش، پارسچىلىق ئەۋج ئېلىش، پارس تىلىنىڭ نوپۇزى ئۈستۈن بولۇۋاتقان شارائىتتا، دىنىي ۋە دۇنياۋى ئىلىملەرنى ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىدا ئىپادىلەش ۋە ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئەڭ تەلەپچان بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىش مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، جۈملىدىن پارس تىلى ۋە پارس ئەدەبىياتىنىڭ دۇنيادا كەڭ تارقىلىشىغا تۈركىي تىل ئەدىبلىرىمۇ ئالاھىدە ھەسسە قوشتى.

ئۇيغۇر كىتابخانلىرى شائىر پىردەۋسىنى بىلگىنىدەك، پەيلاسوپ ئەدىب شەيخ سەئىدىنى ۋە بۈيۈك رىيازەتچى — مۇنەججىم شائىر ئۆمەر ھەييامنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. شەيخ سەئىدىنىڭ «گۈلىستان» ۋە «بوستان»لىرىدىكى ھېكمەتلىك مەسەل-ئىبارىلەر، ئۆمەر ھەييامنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك ۋە ئۆتكۈر ھەجۋىي رۇبائىيلىرى ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ سۆھبەت-سورۇنلىرىدا، دائىم نەقىل قىلىنىدىغان قىممەتلىك مەرۋايىت گۆھەرلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇلاردىن تاشقىرى، ھىندىستاندا تۇغۇلغان پارس-تاجىك شائىرى — پەيلاسوپ بىدىل ئەسەرلىرىمۇ ئۇيغۇر كونا زىيالىيلىرىغا مەنزۇر بولغان.

دىنىي مەكتەپ-مەدرىسلەردە، پارس ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرى رەسمىي دەرس قىلىپ ئۆتۈلەتتى. مەسىلەن، خوجا ھاپىز شىرازىنىڭ «غەزەلىيات»ى ئوتتۇرا تەلىم دەرىجىسىدە دەرسلىك قىلىناتتى.

فېئودالىزم تەرەققىي قىلغانسېرى، تۇزۇم ۋە ھاكىمىيەتنىڭ مەركەزلىشىشى كۈچەيگەنسېرى، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ۋە ھاكىمىيەت غايىلىرىنى ئەدەبىياتتا ئىپادىلەشنىڭ يېڭى شەكىللىرىگە

ئېھتىياج كۆپەيدى. يېڭى مەسىلىلەرنى غەزەل ياكى رۇبائىي شەكلى بىلەن بايان قىلىپ بولغىلى بولمىدى. شۇڭا، باياننىڭ يېڭىچە ئۇسلۇبى بولغان تەزكىرە، قەسىدە ژانىرلىرى ۋە ئىلگىرىكى ئۇيغۇر داستانچىلىقى ئاساسىدا يېڭى داستانچىلىق راۋاجلاندى. بۇ ژانىر- لاردا كۆپلەپ ئەسەرلەر يېزىلىشى بىلەن، يېزىق ئەدەبىي تىلغا قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، پارس تىل ئېلېمېنت- لىرى قوشۇلۇش بىلەنلا قالماستىن، ھەتتا ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز- سۆزلەملەرنىڭمۇ ئورنىنى ئىگىلىدى. ئۇيغۇر كىتابىي تىلىدا سىنتاك- سىسلىق، لېكسىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرنىڭ يېڭى شەكىللىرى ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر يېزىق تىلى جانلىق تىل ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئەدەبىي تىلدىن سەل يىراقلاشتى.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر تىلىدىكى پارس تىل ئامىللىرىنىڭ بىرمۇنچىسى ناھايىتى قەدىمكى زامانىلاردىلا ئۇيغۇر تىلىغا سىڭگەن. چۈنكى ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك قاتلاملىرىنى تەشكىل قىلغان قەدىمكى قوۋملەردىن بىر بۆلىكى شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان ياكى شۇ تىلنى قوبۇل قىلغان قوۋملەر بولغىنى ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تېگىدە، يەنى تەگ تىلىدا پارسىي تىل ئامىللىرى بار ئىدى. بۇنى بۈگۈنكى كۈندە ھېچقاچان نوقۇل پارسىي ئامىللار دېيىشكە بولمايدۇ.

پارس ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن تاشقىرى، ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى ئىران تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرگە تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن (دەر- ۋەقە، بۇنىڭغا دائىر ئەسەرلەر يېزىلغان ۋاقىتتىكى جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمران قاتلىمى ۋە ئىلىم- ئەدەبىيات ساھەسىدىكى «پارسگويلار»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەزەردە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن) بىۋاستە پارس تىلى بىلەن بىر-مۇنچە ئەسەرلەر يارىتىلغان.

ناۋايى، سەككاكى، لۇتفى، ئاتايى ۋە زەلىلى قاتارلىق كلاسسىكلىرىمىزمۇ بىرمۇنچە غەزەللەرنى پارس تىلىدا يېزىپ، پارس تىلىنىمۇ ئۆز ئانا تىلىدەك بىلىدىغانلىقىنى نامايان قىلغان. خارەزمىنىڭ «مۇھەببەتنامە»سى 11 نامىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلاردىن سەككىز نامە تۈركىي تىلىدا، ئۈچ نامە پارسىي تىلىدا يېزىلغان (لېكىن پارسىي تىلىدا يېزىلغان نامىلەرنىڭ ماۋزۇلىرى ۋە ھەر بىر نامىگە تۇگەنچە قىلىنغان بېيىتلار تۈركىي تىلىدا يېزىلغان).

تارىخچىمىز مىرزا ھەيدەر كوراگان — دوغلات ھىجرى 952-(مىلادى 1545-) يىلى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىككىنچى پادىشاھى ئابدۇرەشىدخان نامىغا بېغىشلىغان ئىلمىي-تارىخىي ئەسىرى «تارىخ رەشىدى»نى، مۇھەممەت گۇدا ئىبنى مۇھەممەت ئىبراھىم-لەقەبى خوجا گۇدا ھىجرى 1193- (مىلادى 1769-) يىلى «تەزكىرەئى بۇغراخان»نى، مەۋلانا مۇھەممەت سىددىق «زۇبدەتۇل نەمائىل»نى پارس تىلىدا يازغان. بۇ ئاپتورلار ئۆز ئانا تىلىنى بىلمىگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى پارس تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلق-لەرنى تارىخ تەتقىقاتى، ئەدەبىيات ئىجادىيىتى ۋە بىلىم ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزدىن بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن، ئەسەر-لىرىنى پارسىي تىلىدا يازغان دەپ چۈشىنىش مۇمكىن.

پارس ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى ۋە بەزى ئەدىب ھەم تارىخچىلىرىمىزنىڭ پارسىي تىلىدا ئەسەرلەر يېزىشى ئۇيغۇر خەلقى بىلەن پارس خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ۋە ئۆز ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى

سۈردى. بۇ خەلقلەرنىڭ دوستلۇق ئالاقىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىجابىي رول ئوينىدى.

ئۇيغۇر ۋە ئىران خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي، مەدەنىي مۇناسىۋەتلەرنى، بولۇپمۇ ئەدەبىيات جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشنى تەتقىق قىلىشنى قولغا ئېلىش ۋە قانات يايدۇرۇش — ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى. بۇ مەلۇم مەنىدە ئېيتقاندا، ئۆزگىنى چۈشىنىش مەسىلىسىلا ئەمەس، ئۆزىمىزنىمۇ چوڭقۇرراق چۈشىنىش مەسىلىسىدۇر.

مېنىڭ بۇ ساھەدە مۇھاكىمىگە سۇنغان بۇ كەم-كۈتا مۇلاھىزەم باشقا ئەدىبلەرنىڭ مۇكەممەل پىكىرلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالسا، شۇ ماڭا چوڭ مۇكاپات بولاتتى.①

1987-يىل نويابىر.

① غەربىي ئاسىيانى تەتقىق قىلىش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن.

www.uyghurkitap.com

# § تارىخ ئۇچقۇندىن تېپىندىلار §

(تارىخقا دائىر ماقالىلەر)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# تارىم مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە

تارىم ۋادىسى — تارىختا مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مىللەتلەر ياشاپ كەلگەن ۋە دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق، قول سانائەت بىلەن شۇغۇللانغان، شۇنىڭدەك يىراق-يېقىن بىلەن قويۇق سودا ئالاقىسى قىلىپ كەلگەن جاي. ئەمما ھازىرقى زامان كىشىلىرى تارىم توغرىسىدا سۆزلەشكىنىدە، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا چەكسىز-پايانسىز چۆل-باياۋان نامايان بولىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى «كىرسە چىقماس» چۆل-باياۋان دەپ تەرىپلىشىدۇ. ھەقىقەتتە بولسا، ئۇنىڭ قوينىغا قەدىمكى زامان خەلقىنىڭ ئەمگىكى ۋە ئەقىل-پاراسىتىنىڭ گۇۋاھ-ئىسپاتى — پارلاق مەدەنىيەت يوشۇرۇنغان. شۇ سەۋەبتىن شائىرلار نەزمە-داستانلىرىدا «تەكلى ماكان — تەكتى ماكان» دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

قەدىمكى «يىپەك يولى» تارىم بويلىرى ئارقىلىق ئۆتەتتى. ئۇ مەملىكىتىمىز بىلەن غەربىي ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغانىدى.

## 1

تارىم دەرياسى مەملىكىتىمىزدە ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسىدۇر؛ ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2750 كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئۇنىڭ كەڭ ۋادىسى دۇنيادا ئوكيان-دېڭىزدىن ئەڭ يىراق جايلار-
دىن بىرى ھېسابلىنىدۇ؛ ۋادىسىنىڭ كۆلىمى 972 مىڭ كۋادرات
كىلومېتىر بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 59.3 پىرسەنتىنى
تەشكىل قىلىدۇ. تارىم ئويمانلىقى مەملىكىتىمىزدە ئېگىز تۈزلەڭلىك
تىپىدىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقىدۇر؛ ئۇنىڭ ئەت-
راپىنى ھەيۋەتلىك تاغلار ۋە ئېگىز تۈزلەڭلىكلەر پۈتۈنلەي دېگۈدەك
ئوراپ تۇرىدۇ. ھازىرقى كۈندە ئويمانلىقنىڭ مەركىزىي بۆلىكى —
شالاڭ ئوت-چۆپلەر ۋە چاتقاللار ئۆسىدىغان كۆللۈك زونا؛ كۆللۈك
زونىنىڭ ئەتراپى قۇم بارخانلىرى ئۆرە-تۆپە بولۇپ تۇرىدىغان
چۆللۈك زونا؛ بۇنىڭ ئۆپچۆرىسى قۇرغاقلىقتا ۋە شورغا چىدام-
لىق چاتقاللار ۋە دەل-دەرەخلەر ئۆسىدىغان مۇنبەت زونا؛
بۇنىڭ چۆرىسى تاغ ئېتەكلىرىدىكى شېغىللىق زونا؛ ئەڭ چەتلىرى
ئېگىز تاغلىق زونا. ئاسىيادىكى ئەڭ ئېگىز تاغ بولغان تەڭرىتاغ،
پامىر، قاراقۇرۇم، ئالتۇن تاغلار بۇ ئويمانلىقنى ئوراپ تۇرىدۇ.

«خەن زامانىسىدىكى غەربىي ئەللەر خەرىتىلىرى ھەققىدە» دېگەن
كىتابنىڭ كىرىشمە چۈشەنچىسىدە بايان قىلىنىشىچە، تارىم دەرياسى-
نىڭ قەدىمكى دەۋردە جۇبىن دەريا، جىشۇ سۈيى، جىشى سۈيى،
جىشۈي سۈيى ۋە سېرىق دەريا دەيدىغان ھەر خىل ناملىرى بار
ئىكەن. بۇ ناملاردىن سېرىق دەريا دېگىنى ئۇنىڭ ئېقىنىنى سۈپەت-
لەيدىغان مەنىۋى نام بولغاندىن تاشقىرى، قالغانلىرى بولسا، تارىم
دەرياسىنىڭ باش ۋە ئاياقلىرىدىكى تارماقلىرىنىڭ يەرلىك ناملىرى،
يەنى گەز، تىزناب، چىلچىل، چاتچاش ۋە كۆكچى (ھازىرقى
كۆنچى) دەريالىرىنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلىنىشى بولسا كېرەك.
11-ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ نادىر ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» («تۈركىي تىللار دىۋانى»)دا شەرھلىگەن: «تارىم» — كۆلگە ئاقىدىغان ۋە قۇمغا سىڭىپ كېتىدىغان بىر ۋادىنىڭ نامى، كۇچا يېنىدىكى بىر دەريامۇ شۇ سەۋەبتىن «ئۇسمى تارىم» دەپ ئاتىلىدۇ. بىزنىڭچە، بۇ نامنىڭ «ئۇسمى» دېگەن ئېنىقلىغۇچى تەركىبى، ئېھتىمال قوۋم بېسىپ كەتكەن «ئۇشمى» ياكى «ئېشمەم» شەھىرىنى بىلدۈرسە كېرەك؛ «تارىم» — «تار» (تەرمەك)دىن ياسالغان ھەرىكەتنام. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا، «تار» تېرىلغۇ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ؛ «تار» سۆزىدىن ياسالغان ۋە تېرىقچىلىققا مۇناسىۋەتلىك بولغان سۆزلەر ئاز ئەمەس. مەسىلەن، «تارىغ» (ئەسلىدە «بۇغداي»نى بىلدۈرەتتى، كېيىن كېڭىيىپ ئاشلىقنى بىلدۈرىدىغان بولدى، ئوغۇز تۈركمەنلىرى تىلىدىمۇ «ئاشلىق»)، «تارلاغ» (زىرائەت، زىرائەتلىك). دېمەك، «تارىم»—«ئېقىن—ۋادە»، «ئېتىز—ئۆلكە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدا ياركەنت ئازگاللىقى ۋە شىمالىدا كۇچا ئازگاللىقى بار. بۇ ئىككى ئازگال يەرشارى تارىخىنىڭ بىر دەۋرى بىلەن ئۈچىنچى دەۋردە ئىنتايىن زور كۆل — داش بولغان. شىمالىي ۋە جەنۇبىي تەرەپلىرىدىكى ئېگىز تاغلاردىن ئېقىپ چۈشىدىغان سۇلار ئەنە شۇ ئىككى ئازگاللىقتىكى قەدىمكى داشقا قۇيۇلغان. دۇنيادا مەشھۇر تەكلىماكان چۆلى بۇ ئىككى داشنى ئايرىپ تۇرىدىغان قىر ئىدى. (ھازىرقى كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا، تەكلىماكاننىڭ شەرقتىن غەربكىچە بويى 900 كىلومېتىر، شىمالدىن جەنۇبقىچە ئېنى 500 كىلومېتىر، كۆلىمى تەخمىنەن 370 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. قەدىمكى دەۋردە بولسا، بۇ جاي ھازىرقىدەك

چۆل ـ باياۋان ئەمەس، مۇنبەت ئۆلكىدىكى سەھنە ـ سۇپا ئىدى). ئويمانلىقنىڭ ئىچى، يەنى تەكلىماكاننىڭ چۆرىسىدە مۇھەم- راق مۇنبەت ئۆلكە يەرلەر 60 تىن ئاشىدۇ.

«تاڭ يىلنامە»سىدە «تۇرۇم ساي» دېگەن نامى بارلىقى ئەسلە- تىلىدۇ، بۇ نام تەكلىماكاننىڭ قەدىمكى نامى بولسا كېرەك. تەكلە- ماكان دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە ھەر خىل ئىزاھلار بار. خوتەن ـ كېرىيە تەرەپلىرىدىكى قېرى ـ ساللارنىڭ سۆزلىرىگە قارى- غاندا، تەكلىماكان «چېھلى ماكان» (ئىران تىلىدا «قىرىق جاي») دىن كېلىپ چىققان دېيىشىدۇ؛ گاھىلىرى «تەركىي ماكان» («تاشلان- دۇق جاي) دېيىشىدۇ. كۇچا ـ كورلا تەرەپلىرىدىكى بوۋايلار بولسا، ئەسلىدە «تەھلىك ماكان» دەيتتى، دېيىشىدۇ. («تەھلىك» سۆزى ئىران تىلىدا «يوقالغان»، «بىكار بولغان» دېگەن مەنىدىكى سۆز). بۇ سۆزلەرگە قارىغاندا، تەكلىماكاننىڭ مەنىسى «خارابە»، «تاشلان- دۇق» دېگەنلىك بولىدۇ.

تەكلىماكاننىڭ ئەتراپىدىكى تاغلاردىن كېلىدىغان دەريا ـ ئوللار ئويمانلىقنىڭ مەركىزىگە قاراپ ئېقىپ، يۇرەك شەكلىدىكى سۇ سىس- تېمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ سىستېما تەگرىتاغنىڭ ئېتەكلىرىنى يان بېغىرلاپ ئاقىدۇ. ئاقسۇ، قەشقەر، ياركەنت، خوتەن دەريالىرى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا 150 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا قوشۇ- لۇپ ئاققاندىن كېيىن، تارىم دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۆت چوڭ ئېقىننىڭ ھەر بىرسىنىڭ بىرقانچىدىن باش تارماقلىرى ۋە ھەر بىر تارمىقىنىڭ يەنە بىرقانچىدىن جىلغىلىرى بار. تارىم دەرياسى شۇ ئاققىنىچە بېرىپ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. لوپنۇر ــ مەملىكىتىمىز بويىچە ئىككىنچى چوڭ شوركۆلدۇر، شۇنداقلا كۆچۈپ تۇرىدىغان

كۆلدۇر. «تارىخنامە. توغرا تەبىر»دە «جۇغراپىيە ئەھۋالات»تىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېيىلگەن: «پۇچاك كۆلى، «يوزي»مۇ دېيىلىدۇ، يەنە بىر نامى «يەنزې» (تۇز كۆل)، يەنە بىر ئاتىلىشى «فۇرى» كۆلى، يەنە بىر ئېتى «لاۋلەن»، يەنە «لىنخەي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شاجۇنىڭ جەنۇبىدا، «خەت تەبىرلىرى» لۇغىتىدە: «يوزي» قاراقۇرۇمنىڭ تۆۋىدە، ھازىر بۇ كۆلنى مۇسۇلمانلار (يەنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار) «لوپنۇر» دەپ ئاتايدۇ دېيىلگەن.

«پۇچاك» — خەنزۇچىدە ئاھاڭ ھەم مەنە تەرجىمىسى، يەنى Phuchami دىن چىققان «پىچان» سۆزىنىڭ ئاھاڭغا توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «يېكەن»نىڭ قەدىمكى نامى Pichan دېيىلىدۇ. خەنزۇچىدىكى «پۇچاك» دېگەن سۆز يېكەنزارلىق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مۇبادا، بۇ سۆزنى سانسكرىتچە نام دېگۈچىلەر بولسا، ئۇ چاغدا، سانسكرىت تىلىدا بۇ سۆز bijan شەكلىدە يېزىلىپ، «سايلىق» (شېغىللىق) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «فۇرى» سۆزىمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى Burkel ياكى Buran kel دېگەن نامنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولسا كېرەك. لوپنۇر بىرقانچە كۆلدىن تەركىب تاپقان، چوڭ «نۇر»نى ئۇششاق «نۇر»لار چۆرىدەپ تۇرىدۇ؛ شىمالدا دۈگىلەك 3 كۆل، جەنۇبىدا سوقىچاق 4 كۆل بار. بۇ «نۇر»لارنىڭ ئەڭ چوڭى ھازىر ئۇيغۇر تىلىدا «قارا بۇران كۆل» دەپ ئاتىلىدۇ (قارا — زور دېگەن مەنىدە، «بۇران» بۇرلىپ-قايناپ تۇرىدىغان دېگەن مەنىدە). لوپنۇرنى شۈەنزاڭ (600 — 664) Navapa دەپ يازغان، بۇ نام يەرلىك Nop دېگەن ئىسمىنىڭ سانسكرىتلاشقان شەكلى؛ 8 — 9 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق تۈبۈتچە يازما مەلۇماتلاردا Nob دەپ ئاتالغان. «غەربىي ئەللەر سۇ-ئېقىن-

لىرى ھەققىدە» دېگەن ئەسەردە: «تارىم دەرياسى.... يەنە شەرققە
قاراپ ئېقىپ لوپنۇرغا قۇيۇلىدۇ. مۇسۇلمان (يەنى ئۇيغۇر) تىلىدا
لوپ — سۇ يىغىلىپ قالغان جاي دېگەننى بىلدۈرىدۇ» دېيىلگەن.
مەشھۇر تۈركولوگ رادلوف (W·Radloff)نىڭ ئىزاھلىشىچە، «لوپ» —
«چوڭ دۆڭگىلەك»، «كېسەك-پارە» يەنى پارچە-پارچە سۇ دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ. قەدىمكى روما تارىخچىسى پتولومى «تارىم
دەرياسى»نى oughur dhash (ئۇغۇرداش) دەپ ئاتىغان. «كېيىن-
كى خەننامە»نىڭ «غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى»دە: «... ھۇنلار-
نىڭ ئوڭ قانىتى ئېغى يېرى، شۇڭا ئېغى ئېلى دەپ ئاتىلىدۇ»
دېيىلىدۇ. «ئېغى» — oughur نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولسا كېرەك.
dhash سۆزى بولسا، ھېلىمۇ كۇچا، كورلا تەرەپلىرىدىكى ئۇيغۇرلار-
نىڭ تىلىدا ساقلانغان، تەبىئىي كۆلنى «داش» دەيدۇ.

تارىم ئويمانلىقى باياۋانلىق-قۇرغاق ئوتلاقلىق زونىغا كىرىدۇ،
ئويمانلىقنىڭ مەركىزىدىكى تىندۇرما (لاتقىلىق) تۈزلەڭلىكنىڭ كۆلىمى
ناھايىتى كەڭ. بۇ يەردە ھەر خىل ياۋا ئوت-گىياھلار ۋە چاتقاللار
ئۆسىدۇ. مۇنبەت ئۆلكە يەرلەردە زىرائەتلەر تېرىلىدۇ ۋە داڭلىق
مېۋە دەرەخلىرى ئۆستۈرۈلىدۇ.

تارىم ئويمانلىقىدىكى ھايۋانات جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە جەنۇبىي
گوبىدىكى ھايۋاناتقا بەك ئوخشايدۇ. بۇ دائىرىدە باياۋان ئوتلاق-
لىرىدا ياشايدىغان ھايۋانلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. قوش
لوكىلىق ياۋا تۆگىلەر ۋە قۇلانلار چۆللۈك زونىدىكى ئالاھىدە
سانىلىدىغان تۇم تۇۋاقلىق زور ھايۋانلاردۇر، ئۇلار بېقىلىدىغان
قوش لوكىلىق تۆگە ۋە ئۆي ئاتلىرىنىڭ ئەجدادى. تۆگە، ئات،
ئېشەك-قېچىرلار مۇشۇنداق زونىلارنىڭ، يەنى قەدىمكى دەۋردىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى

يېپەك يولىنىڭ مۇھىم قاتناش قۇرالىدۇر.

تارىم ۋادىسىدا، تارىخ يېزىلىشتىن ئىلگىرى ئادەملەر ياشاپ، پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان. چۆللۈكتىكى ئۇنۇمدار بوستانلىق — خەلقنىڭ تەبىئەت ئۈستىدە غەلىبە قازانغانلىقىنىڭ بەلگىسى. پارلاق قەدىمكى دەۋر مەدەنىيىتى ياراتقان كىشلەرنىڭ كۆچى مۇشكۇللۇكلەرنى يېڭىپ، خىلمۇخىل خەتەرلىك توسۇقلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، چۆللۈكتىن «ئۈستىدىن ئۇچار قانات ئۆتمەيدىغان، پەستە چارپاي-ھايۋانات ئىزى كۆرۈنمەيدىغان، قارىسا كۆز يەتمەيدىغان» باياۋاننى كېزىپ، ... «قىشمۇ-ياز قار ئۆكسمەيدىغان... قۇم-شېغىللار ئۇچۇپ يۈرىدىغان...» ئوتتۇرا ئاسىيا قارلىق ئارتىلىرىنى ئېشىپ، جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنىڭ ئالاقە يولىنى «ئاچقان».

## 2

مەلۇمكى، باشلانغۇچ جامائە (كوممۇنا) مەلۇم تارىخىي-جۇغراپىيى شارائىتتا راۋاجلانغان. مۇنداق تەرەققىياتنىڭ خۇسۇسىيىتى نەتىجىسىدە، مەلۇم ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تىپى ياكى «گورۇھى» (توپى) شەكىللەنگەن. ئىنسانلار ئىقتىسادىي مەدەنىيىتىنىڭ بۆلۈنۈشى ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرى، يېڭى تاش قوراللار دەۋرى ۋە تۇچ دەۋرىدىلا، باشلانغۇچ جامائەنىڭ ئىچىدە شەكىللىنىشكە باشلىغان.

ئىنسانلار كۆچمە توپ دەۋرىدىن باشلانغۇچ جامائە ئولتۇراقلىشىش تۈزۈمىگە يېڭى كۆچۈش دەۋرىدە، ئادەملەر دەريا-ئۆزەنلەرنى بويلاپ تەرەپ-تەرەپكە كەڭ تارقالغان. ئاشۇنداق كۆچۈش نەتىجىسىدە،

تاش قورالىلارنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى ئىسلاھ قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى قورالىلارنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپەيگەن. باشلانغۇچ جامائە ـ ئۇرۇغ-داشلىق تۈزۈمى دەۋرىگە كۆچكەندىن كېيىن، ئوقيا كەشىپ قىلىنـ-دى. «تۆمۈر قىلىچ بەدىۋىلىك دەۋرى ئۈچۈن، ئوتلۇق قوراللار مەدەنىيەت دەۋرى ئۈچۈن قانچىلىك ھەل قىلغۇچ قورال بولغان بولسا، ئوقيا ياۋايىلىق دەۋرى ئۈچۈن شۇنداق ھەل قىلغۇچ ئەھ-مىيەتكە ئىگە بولىدۇ». چۈنكى، «يا، كىرىچ، ئوق ناھايىتى مۇرەك-كەپ ئەسۋاب بولۇپ، ئۇنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ئۇزاق مۇددەت داۋامىدا توپلانغان تەجرىبىنى ۋە زېرەك ئەقىل كۈچىنى، جۈملىدىن، ئەينى چاغدا ناھايىتى كۆپ باشقا كەيپىياتلار بىلەن تونۇش بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ.». (ك. ماركس، ف. ئېنگېلس «تاللانما ئەسەر-لەر» 4 ـ توم. 1972 ـ يىل خەنزۇچە، خەلق نەشرىياتى نەشرى. 18 ـ بەت). ئوقيانىڭ كەشىپ قىلىنىشى ئىنسانىنىڭ تەبىئەت ئۈستى-دىكى ئىگىدارلىقى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. بۇ ھال ئوۋچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىپ يېزا ئىگىلىكىگە، ئاساسەن چارۋىچىلىققا ئايلىنىشىغا يۈزلەن-گەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن، تارىختا بۇ زونىدا ياشىغان خەلقلەرنى پەقەت ئوۋچىلىق بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزگەن دەپ ئويلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئېنگېلس ئېيتقاندەك: «كىتابلاردا تەسۋىرلەن-گەندەك پەقەت ئوۋچىلىق بىلەنلا شۇغۇللانغۇچى خەلقلەر... ھېچ-قاچان مەۋجۇت بولمىغان.»

جۇغراپىيونلار ۋە ئارخېئولوگلار ئاسىيانىڭ مەركىزىدىكى كەڭ چۆللەر ۋە ئېگىز تۈزلەڭلەرنى كاينوزوي (يېڭىلىنىش) ئېراسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى بىرقەدەر نەملىك باسقۇچىدا ھەقىقەتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياپ-يېشىل بوستانلىق ئىدى دەپ ھېسابلىنىشىدۇ. بۇ جاي تۇراقلىق دېھقانچىلىق مەركەزلىرىدىكى پائالىيەتچان قوشنىلارنىڭ مەدەنىيەتلىك جايى بولۇپ، ناھايىتى قەدىمدىلا تاش قورالار زامانىنىڭ ئىنسانلىرى دۇنياغا كەلگەن؛ ئۇلار بۇ ئويمانلىقتىكى مۇرەككەپ تۇرمۇش شارائىتىغا ناھايىتى ئوبدانلا ماسلاشقان.

تۇرپان ئازگاللىقىنى مىسالغا ئالساق، قۇمۇلنىڭ سەنداۋلىك، يەتتە قۇدۇق دېگەن جايلىرىدا، تۇرپاننىڭ يالقۇن تاغ ئېتىكىدىكى چۆلدە ۋە يارغولدا، شۇنىڭدەك ئۈرۈمچىنىڭ سەيىيوپو دېگەن يېرىدە ۋە مورى شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا سىپتا تاش قوراللاردىن كۆپ مىقتاردا تېپىلدى. مەسىلەن، ئىكەپ-يۈنۈپ سىپتا ئىشلەنگەن ساپلىق نەيزە، باشاق، ھەرە چىشى شەكلىدىكى يونغۇچ، شۇنىڭدەك قىرغۇچ، ئۇچلۇق قورال، يانجىغۇچ، چىگىدىغۇچ، تاش ئاياق ۋە باشقىلار.

كۇچا ۋە ياركەنت ئازگاللىقلىرىنى مىسالغا ئالساق، ئاقسۇنىڭ قارا يۇلغۇن، قەشقەرنىڭ ئاق تالا ۋە قورۇق تالا دېگەن جايلىرىدىن غىرداپ ناھايىتى سىپتا ئىشلەنگەن تاش قوراللار تېپىلدى؛ بۇ قوراللارنىڭ ئارىسىدا، تاش پىچاق، تاش ئورغاقلار كۆپرەك، ئاندىن تاش پالتا، تاش سوقا، تۈگمەن تېشى، تۇخۇم تاش، تاش چاق (ئېگىرگۈچ)، تاش ساقىلار بار.

بۇ تارىخىي ئاساسلاردىن شۇنى كۆرگىلى بولىدىكى، تارىم ئويمانلىقى بىلەن جۇڭغار، گوبىلاردىكى تاش قورالار دەۋرىنىڭ مەدەنىيىتىدە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار. بۇ — ناھايىتى كەڭ قىتئەنىڭ كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى يەنى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكى يەرلىك مەدەنىيەتلەردىن بىرى.

بۇ زونىلارنىڭ كىلىماتى قىسمەن خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بۇ زونىلاردا توختىماستىن ناھايىتى كۆپ ۋە ھەر خىل ئۇچرىشىشلار ۋە مەدەنىيەتتە ئۆزئارا تەسىرلەر بولۇپ بارغان. بۇ جايلاردىكى تاش قوراللار مەدەنىيىتىنى ئالاھىدە بىر مەدەنىيەت گەۋدىسى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. مەلۇمكى، كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىلا، مەدەنىيەت زونىلىرىغا ئايرىلىش باشلانغان؛ ياڭشاۋ مەدەنىيىتى (يېڭى تاش قوراللار ـ ساپال مەدەنىيىتى)، جۇڭيۈەننىڭ (خۇاڭخې بىلەن چاڭجياڭ ئارىلىقىدىكى تۈزلەڭلىك) چەت ـ ياقىلىرىدىكى يېڭى تاش قوراللار مەدەنىيىتى، تارىم يېڭى تاش قوراللار مەدەنىيىتى مەيدانغا كەلگەن.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان جايلاردىن تېپىلغان تاش قوراللارغا قاراپ، بۇ قوراللار ئەكس ئەتتۈرگەن ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ قىياپىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. بۇ رايونلاردا، شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى بىر قىسىم خەلقلەر ئاساسەن ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندىن تاشقىرى (دەرۋەقە قوشۇمچە قازما دېھقانچىلىقمۇ بار)، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىملىرىدا دېھقانچىلىق پەيدا بولغان.

يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرىدىن بىرى ساپالچىلىق، بولۇپمۇ رەڭلىك ساپالنىڭ مەيدانغا كېلىشىدۇر. شەرقىي شىنجاڭدىن ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىن رەڭلىك ساپال قاچىلار بولغان خارابە ئىزلىرى تېپىلدى، ئاراتۈرك، بارىكۆل ناھىيىلىرىدە، قوش قۇلاقلىق قارا ـ قىزىل رەڭلىك ساپال كوزا، سىڭار قۇلاقلىق ساپال قەدەھ، كۈپ، كومزەك تەشتەكلەر تېپىلدى؛ رەڭلىك ساپال كوزىنىڭ قورسىقىدا ئۆركەش شەكىللىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەڭ يوللار بار. قەشقەرنىڭ ئاق تالا ۋە باشقا جايلىرىدىن قۇم ئارىلاش ساپال، كۇرە شەكلىدىكى كوزا، ھاۋانچا، تەشتەك، كومزەك، كىچىك ئاياقلار؛ ئاقسۇنىڭ قارايۇلغۇن خارابىسىدىن لايدىن ياسالغان كۇلرەڭ ساپال، كۇرە شەكىلدىكى كوزا، تەشتەك، ھاۋانچا، چۆگۈن، دۈگىلەك پۇتلۇق كىچىك ئاياقلار؛ گۇما ناھىيىسىنىڭ كىلىيان دېگەن يېرىدىن رەڭلىك ساپال قاچىلار تېپىلدى. ساپال قاچىلارنىڭ گۈل-نەقىشلىرى ئاساسەن تىرىگونومېترىك تور شەكىللەر، يۆگەم گۈل، گېئومېترىك شەكىللەردىن ئىبارەت.

«كۆپ جايلاردا، بەلكى ھەممىلا يەردە، ساپال قاچىلار، ئۆرۈلگەن ياكى ياغاچتىن قىلىنغان قاچىغا ياكى ئوتقا چىدامىلىق دەرىجىدە قىلىپ سىغىز چاپلاش يولى بىلەن ياسالغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.» (ئېنگېلس) سېپتا تاش قوراللار ۋە ساپال قاچىلارنىڭ پەيدا بولۇشى ئادەملەرنىڭ ئولتۇراقلىشىپ مەھەللە ھالىتىگە كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى، تۇراقسىز، كۆچمەنچىلىك تۇرمۇشى قول سانائەتنىڭ، بولۇپمۇ، ساپالچىلىق ۋە مېتاللىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن توسقۇنلۇق قىلاتتى. بۇ دەۋردە، ئادەملەر قۇرغاق ئوتلاقلار زونىلىرى، ئېقىن بويى ئويمانلىقلىرى ۋە تاغ ئېتەكلىرىدە ياشاپ، بارا-بارا ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈشكە كىرىشىپ، ئولتۇراقلاشقان، دېھقانچىلىق باشلانغان. بۇنداق دېھقانچىلىقنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، سۈنئىي سۇغۇرۇش، رەڭلىك ساپال، ئۆگزىسى تەكشى توپا ۋە تاش ئۆيلەر، ھەر خىل تالالىق ئۆسۈملۈكلەردىن تىكىلگەن كىيىملەر (مۇنداق كىيىملەرنىڭ ساقتىلىرى ھەتتا ھازىرمۇ لوپنۇر بويىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن تېپىلىدۇ)؛ ئاساسەن يېمەكلىكى ئۆسۈملۈك ئوزۇقلۇقى. يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ

ئاخىرىدا، دېھقانچىلىق ئوتلاق زونىلىرىدىن شىمالغا — ئورمان-ئوتلاق زونىسى ۋە ئورمانلىق زونىلىرىغا (تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا ۋە شەرقىغە) كېڭىيىشكە باشلىغان. مەسىلەن، بارىكۆل شىرىنىزىدىن بۇغداي قاچىلانغان كومزەك، قۇمۇل لاپچۇقتىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن تېرىق كاكچا ۋە ئارپا قاسراقلىرى تېپىلدى.

ف. ئېنگېلس: «بەدىۋىلىك دەۋرىنىڭ ئۆزىگە خاس بەلگىسى شۇكى، ھايۋانلارنى ئۆگىتىش، كۆپەيتىش ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىش»؛ «بەزى ئىلغار قەبىلىلەر — ئارىيانلار، سېمىتلەر، شۇنىڭدەك يەنە تۇرانلارنىڭ ئاساسىي يېتەكچى تارماقلىرى دەسلەپتە چارۋا ماللارنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەت بولسا كېرەك... چارۋىچى قەبىلىلەر قالغان بەدىۋىلەر توپىدىن ئايرىلىپ چىقىدۇ، بۇ ئەمگەكنىڭ بىرىنچى چوڭ ئىجتىمائىي تەقسىماتى ئىدى» دەيدۇ. چارۋىچىلارنىڭ ھەر خىل ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىشنى بىلىدىغان دېھقان-چارۋىچى قەبىلىلەردىن ئايرىلىپ چىققانلىقىنىڭ ئالامىتى چېدىر ئۆيلەر، يۇڭ توقۇلمىلار، يېمەكلىكلەردە كۆرۈلىدۇ. «تۇران تۈزلەڭلىكىدىكى كىلىمات شارائىتىدا، ئۇزۇنىغا سوزۇلىدىغان سوغۇق قىش پەسلى ئۈچۈن ئوت-خەشەك تەييارلىماي تۇرۇپ، چارۋىچىلىق بىلەن ياشاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى؛ شۇڭا چارۋا مال ئۈچۈن ئوت-چۆپ ئۆستۈرۈش ۋە دانلىق زىرائەت تېرىش بۇ يەردە زۆرۈر شەرت بولۇپ قالغانىدى.» يۇقىرىدا بايان قىلىنغان زونىلارنىڭ يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە، يەنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6 مىڭىنچى يىلدىن 4 مىڭىنچى يىلغىچە، كۆپ جەھەتتىن ئورتاقلىق جايلىرى بار ئىدى.

يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە خاس ئەسۋابلار (بېگىز شەكلىدىكى تەشكۈچ)، يارغۇچ، تۈز-دۈگىلەك كىچىك قىرغۇچ ۋە ئوق ئۈچى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۈيۈقلۇق قاچىلىرى شۇنىڭدەك مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ تېپىلىشى مۇنۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: بۇنىداق تاشتىن ياسالغان قوراللار يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىلا ئەمەس، ھەتتا تاش قورال- لاردىن مېتالغا كۆچكەن دەۋردىمۇ، يەنى مېتال بىلەن تاش تەڭ قوللىنىلغان دەۋر ياكى مىس - برونزا دەۋرىدىمۇ ساقلىنىپ كەلگەن. مىس يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا كىرىشكە باشلىغان. مىس قوراللار تاش قوراللارنى پۈتۈن- لەي سىقىپ چىقىرىۋەتمىگەن. مىس قوراللارنىڭ كەشىپ قىلىنىشى دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ تۈرتكىلىك رول ئوينىغان، شۇنىڭدەك قول سانائەت بىلەن دېھقانچىلىقنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىگە شارائىت يارىتىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن، ئەمگەكنىڭ ئىككىنچى چوڭ تەقسىماتى باشلانغان. تەڭرىتاغ تەرەپلىرىدە كۆپ مىقداردا مىس كانلىرى بولغاچقا، بۇ جايدا مىس كانچىلىقىنى كەم دېگەندە 4 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە دېيىشكە بولىدۇ.

ئاقسۇنىڭ قارايۇلغۇن خارابىسىدىن ساپال قاچىلار بىلەن بىر ۋاقىتتا كىچىك مىس ھالقا (چەمبەر)، كىچىك قىزىل مىس پارچى- لىرى تېپىلدى؛ قۇمۇل لاپچۇق قەدىمكى قەبرىلىرىدىن مىس پىچاق، مىس پۈۋەكچە، كارناي شەكلىدىكى قوڭغۇراق - بېزەك؛ ئۈرۈمچىدىكى يۇرغول ۋە توقسۇن ئالغۇيىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن مىس پىچاق، دۈگىلەك مىس پارچىسى، مىس زىرە (ھالقا) قاتارلىق كىچىك مىس ئەسۋابلار تېپىلدى. بۇ دەلىللەر شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدە ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاھالىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا مىس كەڭ ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە كىشىلەرنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى تېخىمۇ يۈكسەلگەن. جۈملىدىن

يېيىش ـ كىيىش شارائىتلىرىمۇ ياخشىلانغان.

ئارخېئولوگىيە خادىملىرىمىز يېقىندا لوپنۇر ۋە نىيەلەردىن زىلچە ـ پالاس ۋە گىلەملەرنىڭ پارچىلىرىنى تاپتى، بۇ گىلەملەر ئالتە خىل يۇڭ يىپتىن رومبا شەكلىدە گۈل چىقىرىپ توقۇلغان. «قەدىمنامە»نىڭ بىر قىسمى بولغان «يۈيگۈك» دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە، تارىم ئاھالىسى گىلەمچىلىك ھۈنىرىنى خېلى بۇرۇنلا ئىجاد قىلغان. «جۇنامە. ۋاڭ خۇي شەرھى»دە بايان قىلىنىشىچە، شاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى يى يىن پەرمان قىلىپ، «غەربتىكى قورۇم» قاتارلىق جايلار باج خىراج ئورنىدا، ھەر يىلى شاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇلدارلىرىغا يۇڭ توقۇلما ماللار بېرىپ كەلگەن. نىيە ناھىيىسىدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكتىمۇ «خوتەن گىلىمى» دېگەن نام بار. تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، «يۆچىلەر» گىلەم توقۇشتا داڭ چىقارغانىدى، يۇڭ توقۇلمىلار قەدىمكى جۇڭغار ۋە تارىم ئاھالىسىنىڭ چېدىر ـ تۆشەكلىرى ۋە ئاساسىي كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ خام ئەشياسى بولۇپ قالغان. ئۇلار يۇڭ توقۇلمىلارنى كىيىم ـ كېچەككىلا ئىشلىتىپ قالماستىن، يۇڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېلىنچىغىمۇ ئىشلەتكەن. تارىخىي يازما مەنبەلەرگە قارىغاندا، غەربىي ئەللەردە كىگىز، پالاز، چەكمەن، زىلچە ۋە باشقىلار ئىشلىنەتتى. «قەدىمكى نەغمىلەر. گەنسۇنىڭ غەربىگە ساياھەت»تە: مېھمان تۆر ئۆيگە باشلىنىدۇ، زىلچە سېلىنىدۇ» دېيىلگەن؛ «ئۈچ رايوننىڭ خانلىق خەرىتىسى، تۈگەنچە ئوردا» دېگەن كىتابتا: «يەرگە زىلچە ـ پالاسلار سېلىنغان» دېيىلگەن. يۇڭ توقۇلمىلار سېپتا ۋە رەڭدار بولغىنى ئۈچۈن، سودا تاۋارلار سۈپىتىدە ئىچكى ئۆلكىلەرگە سېتىلغان. ھەتتا خەن سۇلالىسى خاقانى مۇنداق يۇڭ توقۇل‑

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ملارنى يىپەك ماللار قاتارىدا قىممەتلىك ـ ئەتۋارلىق مال ھېساب-
لاپ، سودىگەرلەرنىڭ ئۇنىڭدىن كىيىم كىيىشىگە رۇخسەت قىلمىغان.
مەسىلەن، «خەننامە. گاۋدى بايانى II»دە دېيىلىشىچە: خاقان
«سودىگەرلەر كىمخاب، كەشتىلىك تاۋار، ھىلھىلە، بۆرتمەشايى،
كاتان ـ كاناپ، يۇڭ چەكمەندىن كىيىم كىيىشكە بولمايدۇ» دەپ
بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

قۇمۇل لاپچۇقنىڭ غەربىي شىمالىدىكى چۆلدە قالغان قەدىمكى
قەبرىلەر (ئارخېئولوگلارنىڭ ھازىر ئېنىتراپ قىلىشىچە، باشلانغۇچ
جامائەنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىكى قەبرىنداش مىللەتلەر قەبرىلىرى)
دىن كىيىم ـ كېچەكلەر تېپىلدى: مۇردىنىڭ ئۈچىسىدىكى كىيىمى
رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىدىن تىكىلگەن، رەڭگى ئوچۇق: قىزىل ـ قوڭۇر،
يېشىل، قارا قىلىپ چوڭ ـ كىچىك كاتەكچە، رەڭدار يوللۇق يۇڭ
رەخت بولۇپ ناھايىتى كۆركەم. ئايال مۇردىنىڭ ئۈچىسىدىن قىزىل
تەگلىكىگە ترگىنومېترىك شەكىلدە يامرىتىپ سىرىق كەشتە چېكىل-
گەن يۇڭ كەشتە تېپىلدى. بۇ خىللا مۇكەممەللەشكەن يۇڭ توقۇلما
مەھسۇلاتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۆتۈككە ئىشلىتىلگەن كۆن ـ خۇرۇم
يۇمشاق پىشۇرۇلغان، مايسىزلاندۇرۇش سەۋىيىسى ئۈستۈن، ناھايىتى
سىپلىق ـ سىپتا ئىشلەنگەن، بۇ بۇيۇم كۆنچىلىك ھۈنىرىنىڭ خېلىلا
تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاندىن يەنە، ئۈچلۈق ياغاچ
ساپان، دۈگىلەك ياغاچ كورەك، ياغۇنچاق قاتارلىق تېرىقچىلىق،
يەر يۇمشىتىش، ئاشلىق تېپىش سايمانلىرى تېپىلدى. ئالغۇيدىكى
قەدىمكى قەبرىلەردىنمۇ يۇڭ توقۇلمىلار تېپىلدى.

چارقىلىق ناھىيىسىدىكى مىرەن خارابىسىدىن تېپىلغان قاتقان
مۇردىلارنىڭ كىيىملىرىمۇ رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىلاردۇر. دىققەت

قىلىشقا ئەرزىيدىغان يېرى شۇكى، مەيلى قۇمۇل لاپچۇق ياكى توقسۇن ئالغۇيدىن تېپىلغان يۇڭ توقۇلمىلار بولسۇن، خاھى مىرەندىن تېپىلغان يۇڭ توقۇلمىلار بولسۇن، تېگىگە يامىرىتىپ تىرگىنومېتىرىك شەكىلدە گۈل چىقىرىپ توقۇلغان، گۈللىرى ئاساسەن ئوخشاش بىر شەكىلدە.

بەدىئۇيلىك دەۋرىنىڭ يۇقىرى باسقۇچىدا، تۆمۈر تاۋلاش ۋۇجۇتقا كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن، دېھقانچىلىق بىلەن قول سانائەت ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر ئىش تەقسىماتى پەيدا بولغان. بۇ ئادەملەر توپىنىڭ سىنىپلارغا بۆلۈنگەنلىكىنىڭ ئۇندۇرمىسى ئىدى.

ئۈرۈمچى نەنسەن كان رايونىدىكى يۇرغول، توقسۇن ئالغۇي قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن چىققان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە كىچىك تۆمۈر قوراللار (تۆمۈر پىچاق، ئۈچ قىرلىق تۆمۈر باشاق) بار. قۇمۇل مورىگۇدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن توقلىق پىچاق، قوش بىسلىق خەنجەر قاتارلىق تۆمۈر قوراللار ۋە مىس پالتا تېپىلدى. مېتال قوراللار، بولۇپمۇ قىممەتلىك بولغان تۆمۈر قوراللار ۋۇجۇتقا كەلگەندىن كېيىن، ئادەملەرنىڭ قول ھۈنەرلىرىمۇ يۈكسەلگەن، تۇرمۇش ئەسۋابلىرىمۇ ئىسلاھ قىلىنغان. كۈنلۈك ئىستېمال ئەسۋابلىرى قاتارىدا ناھايىتى سىپتا ئىشلەنگەن ياغاچ ئەسۋابلار كۆپىيىشكە باشلىغان.

«خەنىنامە. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى»دە بايان قىلىنىشىچە: «ياركەنت ئېلى دە... تۆمۈرلۈك تاغ بار، قارا قاشتاش چىقىدۇ.» (چىڭ دەۋرىدىكى) ۋاڭ شيەنچيەننىڭ «شەرھىنامە»سىدە، سۇي سۇگىنىڭ دېيىشىچە: ھازىرقي ياركەنت دەرياسى ئۆتىدىغان مىلتە تېغىدىن قارا قاشتاش چىقاتتى. «موتيەنزى تەزكىرىسى»دە دېيىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شىچە، تيەنزى (پەغپۇر) غەربكە يۈرۈش قىلىپ جىلۋي قوۋمىگە بارغاندا، جىلۋي قوۋمىگە تۆمۈرلۈك تاغ تۈۋىدە قوشۇننى بېقىش ئۈچۈن پەرمان بەرگەن، پەغپۇر تۆمۈرلۈك تاغدا نەزىر ئۆتكۈزگەن. «خان كۆزدىن كۆچۈرگەن ھۆججەتلەر» دېگەن كىتابتا ياركەنت ئېلىدىكى تۆمۈرلۈك تاغ نەزەردە تۇتۇلىدۇ دەپ يېزىلغان. «موتيەنزى تەزكىرىسى» جۇ سۇلالىسىدىن مۇۋاك (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1001 — 987 - يىللار) توغرىسىدا رىۋايەت قىلىنىدىغان كىتاب.

پامىر (تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى شامبابا رايونى)دىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن چىققان مۇردا بۇيۇملىرى ئىچىدە تۆمۈر پىچاق، تۆمۈر ئۈزۈك، تۆمۈر بىلەزۈكلەر بار. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى بۇ نەرسىلەرنى چۇنچيۇ ۋە ئۇرۇشقاق پادىشاھلىقلار دەۋرىدىكى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 770 — 221 - يىللار) نەرسىلەر دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. دېمەك شەرقىي شىنجاڭ ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاھالە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 10 -، 9 - ئەسىرلەردە تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىشكە باشلىغان.

بۇ چاغلاردا، تارىم ئويمانلىقى ۋە شەرقىي شىنجاڭ رايونىدا بەدىۋىلىك دەۋرى ئاياقلىشىپ، مەدەنىيەت دەۋرى باشلانغان؛ ئادەملەر سېپتا تاش قوراللار دەۋرىدىلا ئولتۇراقلىشىپ مەھەللە ھالىتىدە ياشاشقا باشلىغاندىن كېيىن، شۇ ئاساستا، قورغان - قەلئە تۇرمۇشىغا قەدەم قويغان. شۇنىڭ بىلەن شەھەرلەر ۋۇجۇتقا كەلگەن. يېزىلار بىلەن شەھەرلەر ئايرىلغان. ئۇرۇقچىلىق تۈزۈمىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن. قەبىلە ئورنىنى دۆلەت ئىگىلىگەن. شەھەر بىلەن يېزىلار ئايرىلغاندىن كېيىن، جەمئىيەت ئەمگەكنىڭ ئۈچىنچى تەقسىماتىغا قەدەم قويغان. بۇ «ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتلىك ئىش تەقسىماتى»

سودىگەرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەرگەن. (ئەسلەتمە: چارۋىچىلار، دېھقان-چارۋىچى قەبىلىلەردىن ئايرىلىپ چىققان چاغدىلا، ئالماشتۇرۇش ۋۇجۇتقا كەلگەن، چارۋا-مال ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن تاۋارغا ئايلانغان — «بىر سۆز بىلەن ئېيتقاندا، چارۋا-مال ئاقچىلىق رولىغا ئىگە بولغان» ئىدى).

«مۇتىيەنزى تەزكىرىسى» ۋە «تاغ-دەريالار كىتابى»دا بايان قىلىنىشىچە: «كۆچمە قۇمدا بولغان بۇدۇەن، شىخۇەن ئەللىرى كۇئېنلۇن تۆپىلىكىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا...»

«خۇەيىنەنزى. يەر تۈزۈلۈشى توغرىسىدا» دېگەن كىتابتا يېزىلىشىچە: «غەربنىڭ چىرايلىق قاشتېشى كۇئېنلۇندىن چىقىدىغان چيۇ، لىن، لاڭگەنلەردۇر.» «جۇنامە. ۋاڭ پەرمانلىرى شەرھى»دە ئېيتىلىشىچە:... ياركەنت، كىرۇرەن، كۆچچى (ياكى گۈز؟) زېمىندىن تاڭغا ئېسىل يا تەقدىم قىلىنغان. تاڭ: "ئاپىرىن" دېگەن. (تۇڭ — مىلادىدىن ئىلگىرىكى 16 — 11-ئەسىرلەردە ئۆتكەن شاڭ دەۋرىدىكى ئۇلۇس باشلىقى). «خەننامە. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى»دە بايان قىلىنىشىچە: «غەربىي ئەللەردە كۆپىنچە يەرلىك ئاھالە ياشايدۇ، شەھەر قورغانلىرى، ئېتىز-ئېرىق، چارۋا-ماللىرى بار... نوب سېرى... تېغىدا تۆمۈر بار، قورال-ياراغنى ئۆزلىرى ياسايدۇ، يا، نەيزە، قىلىچ، شەمشەر، ساۋۇت قاتارلىق ياراغلىرى بار...»، «پىچان دۆلتى... ئېلىدىن قاشتاش چىقىدۇ... قورال-ياراغ ياسىيالايدۇ، نوب سېرى بىلەن ئوخشاش». «قۇم دۆلىتى... (ھازىرقى باي ناھىيىسى)دىن مىس، تۆمۈر، مەرگىمۇش چىقىدۇ». «كۇچا دۆلىتى... مەدەن تاۋلىيالايدۇ، قوغۇشۇن چىقىدۇ.» «ۋاڭنىڭ شەرھى»دە سۆي سۇڭنىڭ دېيىشىچە: «لياڭنامە. ليۇزىلىن تەزكى-

رىسى»دە ئېيتىدۇكى، چەت ئەلدىن بىر دانە يۇيۇنۇش دېسى سۇنۇلغان، ئۇنىڭغا يۇەنفېڭ 3 ـ يىلى (غەربىي خەن ــ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 109 ـ يىلى) كۇچادىن سوۋغا قىلىنغان دېگەن خەت ئويۇلغان. مانا بۇ مەدەنىيلىك تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر.»

«خەننامە. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى»دە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا «بۇگۇرنىڭ شەرقىدە يەرلەر ئۇنۇملۇك، سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ كۆپ، بەش مىڭ چىڭ (بىر چىڭ يۈز مو)دىن ئارتۇق ئۆلكە ئېتىز بار، ھەر خىل زىرائەت تېرىلىدۇ، جۇڭگودىكى بىلەن تەڭ پىشىدۇ.» دېيىلدۇ.

«كېيىنكى خەننامە. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى»دە يېزىلىشىچە، «شەرقىي چالماچام دۆلىتى... ئېتىز ـ ئېرىقلىرى تولا.» (سۇڭ دەۋرىدىكى فېي يىن «شەرھنامە»سىدە) خۇيدۇڭنىڭ دېيىشىچە: «ئالدىنقى خەننامە»دە، تەڭرىتاغنى بويلاپ شەرقىدىكى ئېغىزدا، دەپ يېزىلغان)؛ «بۆرى دۆلىتى تەڭرىتاغنىڭ غەربىدىكى شالاڭ قارا ياغاچلىق سايغا جايلاشقان... ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ. كالا، ئات، تۆگە، قوي پادىلىرى بار، ئوقيا ياسىيالايدۇ، يېرىدىن ياخشى ئات چىقىدۇ». «غەربىي چياڭلار تەزكىرىسى»دە يېزىلىشىچە: «چالماچامدىن تارتىپ ھەر خىل زىرائەت ئېكىلىدۇ، يەرلىرى ئوت ـ سۇلۇق، چارۋا ـماللىرى كۆپ، ياسىغان قورال ـ ياراغلىرى خەن سۇلالىسىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.» (ئەسلەتمە: جۇڭيۈەن رايونىنىڭ سەۋىيىسىدىن ئانچە چوڭ پەرقلەنمەيدۇ). نىيە خارابىسىدىكى قەدىمكى دەۋر تۇرالغۇ ئۆيلىرىدىن تۆمۈر پالتا، تۆمۈر ئورغاق تېپىلغاندىن تاشقىرى، تۆمۈر تاۋلانغان ئىز، تۆمۈر تاۋلاش ئوچىقى، كىچىك نوتا، كۆيۈپ ئۇيۇپ قالغان تۆمۈر، مەدەن ۋە كۆمۈر، داشقاللار تېپىلدى.

تارىخىي يازما مەنبەلەرگە ئاساسەن شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، تارىم ئويمانلىقىدا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 10 ـ ئەسىرلەردە بىرقانچە شەھەر دۆلىتى ۋۇجۇتقا كەلگەن. بىزنىڭ دۆلەت دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ زونىدا يۇقىرىلار رايونلار بويىچە تەقسىم قىلىنىغان: جامائەت ھاكىمىيىتى، نەسەبلىك پادىشاھلار ۋۇجۇتقا كەلگەن، شۇنىڭدەك باج ـ خىراج، زايومىلار بولغان. ئۆز مەنىسى بويىچە ئېيتقاندا، دۆلەتنى بىرەر ئۇلۇس قۇرىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنداق ئەمەس، قارشىلىق كۈچى ئاجىز بولغان قەبىلىنى كۈچلۈك قەبىلە يۇتۇۋالىدۇ، ئەڭ كۈچلۈك قەبىلە ئاقىۋەت دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى مەدەنىيەت بىلەن شەرقىدىكى مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى شەھەرنى مەركەز قىلغان ئاھالە بىلەن كۆچمەنچى ـ چارۋىچى ئىقتىسادىي مەدەنىيىتىنىڭ بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. چۈنكى چارۋىچىلار چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن، بەلكى باشقا رايونلار بىلەن مەدەنىيەت ۋە سودا جەھەتلىرىدىن ئالاقە قىلىشىپ تۇرغان.

تارىم ئويمانلىقى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، ئويمانلىقنىڭ شەرقىي چېتىدە، تۇرپان ـ پىچاننى مەركەز قىلغان مەدەنىيەت تۈپى، ئويمانلىقنىڭ جەنۇبى ياقىسىدا خوتەن ـ قەشقەرنى مەركەز قىلغان مەدەنىيەت تۈپى، ئويمانلىقنىڭ شىمالىي ئوتتۇرا قىسمىدا كۇچانى مەركەز قىلغان مەدەنىيەت تۈپى ۋۇجۇتقا كەلگەن. بۇ جايلاردىكى شەھەرلەر خېلى تەرەققىي قىلغان. تۇرپاندا يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىش تېخنىكىسى ئىجاد قىلىنغان. شۇنىڭ ـ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

دەك ئىقتىسادىي زىرائەتلەر تېرىش يولغا قويۇلغان؛ قاتناش راۋان بولغىنى ئۈچۈن، شۇنىڭغا مۇناسىپ هالدا سودا ـ تىجارەتمۇ راۋاجلانغان.

«تارىخىي خاتىرىلەر. داۋان تەزكىرىلىرى»دە يېزىلىشىچە، قوش ئېلىنىڭ شەهەر ـ قورغىنى بار. تاڭ دەۋرىدىكى جاڭ شۇجەنىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر ــ توغرا تەبىرى»دە ئېيتىلىشىچە: ... قوش ــ گۇش ئىككىسى بىردۇر (گۇشىنىڭ ئومۇمىي نامى گۇيەن غىش ـ قويارقوش). «خەننامە. هۇنلار تەزكىرىسى»دە يېزىلىشىچە، ئۇيسۇنلارغا زەربە بېرىپ، قويارقوش زېمىنىنى ئالدى. (سۇڭ دەۋرىدىكى فېي يىننىڭ «شەرهنامە»سىدە شۇي گۇاڭنىڭ بايان قىلىشىچە: قوش ـ گوشتۇر، ”گۇ“ بىلەن ”گو“نىڭ تەلەپپۇزى يېقىن). ئېهتىمال، «قويار قوش» («قوش ـ ئوكۇز قويغۇچى») قىسقارتىلىپ كېيىن «قوشو»، «قوچو» يەنى «گاۋچۇڭ ـ گوچو» بولۇپ ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن. هىرودوت ئۆزىنىڭ تارىخىدا: شەرقتە «تەركيانۇس» دېگەن شەهەر بارلىقىنى ئاڭلىدىم، بۇ شەهەر ناهايىتى چوڭ، كوچا ـ رەستىلىرى ئاۋات ئىكەن، دەپ يازغان. ئۇيغۇر تارىخچىسى مۇسا سايرامى «تارىخ ئەمنىيە»دە يېزىشىچە، تۇرپاننىڭ قەدىمكى نامى «تەرسۇس» ئىدى. هازىرقى تۇرپان خەلقى ئىچىدە «دەقيانۇس شەهىرى» توغرىسىدىكى رىۋايەت بار. هازىرقى «تۇرپان» دېگەن ئىسىم ئېهتىمال قەدىمكى «قوش ـ تۇرمان»نىڭ قىسقارتىلغىنى بولسا كېرەك. («تۇرمان» قەدىمكى ئالتاي تىللىرىدا «كىچىك» دېگەن مەنىدىكى سۆز، «تۇرمان قوش» ــ «كىچىك قوچو» دېگەن نام بولسا كېرەك.) باشقا ئاساسلارغا قارىغاندا، قەدىمكى ئىران تىلى بىلەن سۇغد تىلىدا ئەفراسىياب (AFrasiab ــ ئالپ ئەرتوڭا) تۇرمان

پادىشاھى يەنى تۈرك (تۇران) شاھى دېيىلگەن.
«تارىخىي خاتىرىلەر. داۋان تەزكىرىلىرى»دە يېزىلىشىچە، «كرۇرەن ...ئېلدە شەھەر—قورغان بار، كۆلنىڭ بويىدا.» (ياپون) لۇگچۇەن زىيەنىنىڭ «تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ شەرھىلىرىنى تەھقىقلەش» دېگەن كىتابىدا «خەننامە. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى»دىن نەقىل قىلىپ يېزىشىچە، پىچان دۆلىتىنىڭ ئەسلى نامى كىرۇرەن، پادىشاھى ئۆگەن شەھىرىدە تۇرىدۇ....مەملىكىتىدە يىشۇن شەھىرى بار، يەرلىرى ئۇنۇمدار. (دىڭ چيەن ئېيتىدۇكى، سۇ يوللىرىنىڭ ئىزاھى بويىچە كونا شەھىرى شەرقتە ئىدى، يىشۇن بولسا يېڭى شەھەردۇر.)
ئۇيغۇر تارىخچىسى مۇسا سايرامى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسەن «تارىخ ئەمىنىيە»دە شۇنداق دەپ يازىدۇ: «لوپ دېگەن بىر كاتتا مەشھۇر زەمىن باردۇر. تارىخ رەشىدىنىڭ مۇئەللىپى مىرزا ھەيدەر كوراگان...قەدىمكى تارىخ كىتابلىرىدىن نەقىل قىلىپ ئۆز كىتابىغا دۇرۇچ قىلىپدۇركىم، لوپتا كاتتا شەھەر ئەزمىلەردىن ئون يەتتە شەھەر ئەزمىنى نام-بەنام ئىسمىلىرى بىلەن تەداد قىلىپ ۋە ئادەملىرى تولا ۋە ئابادلىغىنى تەرىپ قىلىپتۇر. شەھەر لوپ، شەھەر ايشم دېگەنلەر مەزكۇر شەھەرلەر جۈملىسىدىن ئىكەن... مەغرىپ ھۇدۇدى خىتىن ۋە چىرچىن، چابا ۋە لايسە دېگەن ۋىلايەتلەرگە يېتىپ بارىدۇ.» بۇ يەردە ئېيتىلغان «چىرچىن» (Qərqən) ۋە «ايشم» (Ishəm) لەر خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردىكى «چيېمو» ۋە «يىشۇن» بولسا كېرەك.
«خەننامە. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى»دە: «سۇلې دۆلىتى، پادىشاھى سۇلې شەھىرىدە تۇرىدۇ...بازار-رەستىلىرى بار» دېيىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«كېيىنكى خەننامە. بەن چاۋ تەزكىرىسى»دە يېزىلىشىچە، سۇلې مەم-
لىكىتىدە پەنتو شەھىرى، ۋۇجى شەھىرى، سۇنجۇك شەھىرى بار، بۇلار-
دىن باشقا يەنە ئىككى شەھەر بار: سۇنجۇك شەھىرىنى چىنجۇك،
دۇنجۇك دەپمۇ ئاتايدۇ. «غەربىي ئەللەر خاتىرىسى»دە يېزىلىشىچە،
چۇشا دۆلىتى، بۇرۇن سۇلې دەپ ئاتىلاتتى، بۇ ئەسلىدە شەھەرنىڭ
ئىسمى ئىدى. يەنە بىر شەرھدە دېيىلىشىچە، شىلى چىسۇدودى،
دەپ ئاتىلىدۇ.

سۇلې شەھىرى قەشقەر ئۆلكىزارلىقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان،
قەشقەر ئۆلكىزارلىقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە توغرا
كېلىدۇ. سۇلې ناھايىتى بۇرۇندىلا جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئوتتۇرا
ئاسىيا ۋە ھىندىستانغا قاتنايدىغان مۇھىم يول ئۆستى ئىدى. قەدىمكى
دەۋردە، ئوتتۇرا ئاسىيا (ماۋەرائۇننەھر) ۋە ھىندىستاندىن بۇ
يەرگە كېلىدىغان سودىگەرلەر ناھايىتى تولا ئىدى. بۇ شەھەر
مەملىكىتىمىزنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى پورتلىرىدىن ناھايىتى بۇرۇن
تەرەققىي قىلغانىدى. بۇ يەردىن ئۆتىدىغان يول ناھايىتى ئۇزاق-
لارغا قاتنايدىغان سودا لىنىيىسى بولۇپ شەكىللەنگەن، ئۆز زامان-
سىدا، بۇ يول بىلەن ناھايىتى ئۇزاقتىن بېرى تامچە-زەررىچىلەپ
بولسىمۇ توختىماي مال ئالماشتۇرۇپ تۇرۇلغان، مەدەنىيەت تار-
قىتىلغان. مىلادىدىن 6-7 ئەسىرلەر ئىلگىرى گرېك (يۇنان)
سودىگەرلىرى، ئاندىن كېيىن رۇما سودىگەرلىرى كېلىشكە باشلى-
غان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7-ئەسىردە، گرېتسىيەدىن ئوتتۇرا
ئاسىياغا سەپەر قىلغان تۇنجى سەيياھ ئارىستان ئىدى. «ئاسپايا»
دېگەن داستاندا ئۇنىڭ ساياھىتى قەيت قىلىنغان. ھېرودوت بۇ داس-
تاننى مۇھىم ماتېرىيال سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ تارىخ كىتابىدا نەقىل

كەلتۈرگەن (ھېرودوت «9 توملۇق تارىخ»نىڭ 1 ـ تومى). گرېك جۇغراپىيونى مارىنۇس فرات دەرياسىنىڭ كېچىكىدىن تاش تۇراغىچە، تاش تۇرادىن سېرىل سىنىڭ پايتەختى سىلاغىچە بولغان يولنى ۋە ئۇنىڭ مۇساپىسىنى خاتىرىلەپ يازغان؛ غەرب سودىگەرلىرى ئەنە شۇ شەھەردىن يىپەك ماللار، كۆن، خۇرۇملارنى يۆتكەپ تۇراتتى، دەپ قەيت قىلغان. شۇڭا، قەدىمكى زاماندا، غەرب كىشىلىرى سۇلېنى «شايى مەملىكىتى» دەپ ئاتىغان، غەرب كىشىلىرىنىڭ تىلىدا «شايى»نى Silk دەيدۇ. بەزى ئالىملار «پازىل راھىبلار تەزكىرىسىنىڭ داۋامى»دا «Sole» دەپ يېزىلغانلىقىنى دەلىل قىلىپ، سۇلى قەدىمكى قەشقەر تىلىدا Sulakh (سۇلاق)نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، «سۇلۇق جاي» «سۇ ماكان» دېگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. رۇما جۇغراپىيونى پتولېمى گرېتسيەنىڭ جۇغراپىيىلىك بىلىملىرىنى ئاساس قىلىپ يازغان «جۇغراپىيە» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە، ئاسىيانىڭ ئەڭ راھەت ـ پاراغەتلىك جايلىرى سىلىيا بىلەن سىنا ئەللىرىدۇر دەپ سانىغان. بۇلاردىن مەلۇمكى، «سىلىيا» ياكى «سېرىيا» سۇلېنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشىغا يېقىن كېلىدۇ؛ «سىنا» (ياكى مىلادىدىن ئىلگىرى 4 ـ ، 5 ـ ئەسىرلەردە يېزىلغان قەدىمكى پارس تىلىدىكى فىرئەۋدىن دېگەن قەسىدىدە «سەينى»، ياكى «تەۋرات»تىكى «سىنى») بولسا «چىن»غا توغرا كېلىدۇ. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇ شەھەرنىڭ نامىلىرى خىلمۇخىل يېزىلغان: خەن سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى ۋە كېيىنكى يىلنامىلىرىدا، «ۋېينامە»، «سۈيىنامە»، تاڭ سۇلالىسىنىڭ «ئىككى نامە»سىدە، سۇڭ تارىخىدا «سۇلى»؛ «ۋېي ئەھۋالاتى»دا «گاشى»، «بۇددا ئېلى»دە «گاچا»، «گارامانامە»، «پازىل راھىبلار تەزكىرىسى» ۋە ئۇنىڭ داۋامىدا

www.uyghurkitap.com

«سولې» (Sole)؛ «غەربىي ئەللەر خاتىرىسى»دە «چۇشا»؛ «ھىندىستانغا سەپەر»دە «گاش چىلى»؛ «يۈەن مەخپىي تارىخى»دا «كەشخار»، مىڭ دەۋرىدە «خاشاخار»، «غەرب ئەللىرىدە سەپەر خاتىرىسى»دە «خاشخا»، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە «كاشگار». بۇلارنىڭ ھەممىسى «كاشغەر»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى. «ھىندىستانغا سەپەر»نىڭ «سولې» ماددىسىدا مۇنداق ئىزاھ بېرىلگەن: «گاش چىلى»دىكى «چىلى» يەنى «گىر» سانسكرىت تىلىدا (توغرىسى «يۈچى» تىلىدا) «تاغ» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، كاشگىر-كاشىنلىق تاغ دېگەنلىك بولىدۇ. «خەن زامانىدىكى غەربىي ئەللەر خەرىتىلىرى ھەققىدە» دېگەن كىتابتا: «مۇسۇلمان تىلى (توغرىسى ئۇيغۇر تىلى)»دا رەڭگارەڭنى قاش، خىشتلىق (كاشىنلىق) بىنانى «غار» دەيدۇ، يېرى باي، پىششىق خىشتا سېلىنغان ئىمارەتلىرى تولا بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان؛ «غەربىي ئەللەر خاتىرىسى»دە يېزىلىشىچە، «قاش»نىڭ مەنىسى «چەت-ياقا» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنىڭدا دائىرىسى كەڭ دېمەكچى. گىرېنارنىڭ دېيىشىچە، قاش — قاشتاش، بۇنى بالۇت تىلىدا «غار» دەيدۇ؛ بەيئوكۇجىنىڭ پىكرىچە بولسا، ۋاخان ۋە ئافغان تىللىرىدا «غار» تاغ دېگەنلىك بولىدۇ، «قاشغار» — «قاشتاش شەھەر» ياكى «قاشتاش تاغ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بەزى تىلشۇناسلارنىڭ تەھلىلىچە، قەدىمكى ئالتاي تىلىدا، "غار" (ghar) "يەر" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. بۇ مەنە بويىچە بولسا "قاشغار" (يۇنان تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان "كۇسان" تىلىدا "Kashghar") — "قاش يەر" (بىر پەرەزدە "قاشتاشلىق يەر"، يەنە بىر پەرەزدە "قاش بويىدىكى يەر" يەنى "تۆمەن دەريا قىشىدىكى ماكان") دېگەنلىك بولىدۇ.

يىقىنقى يىللاردىن بۇيان، تارىم رايونىدىن ۋە ئىچكى ئۆلكىلەر-
دىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلارغا ئاساسلانغاندا، خىلمۇخىل،
رەڭگارەڭ يىپەك ماللار، غەربىي ئەل سودىگەرلىرى ۋە ئات-
ئۇلاق، تۆگىلەرنىڭ ئوبرازلىرى ئىشلەنگەن ساپال قوچاقلار، ئېسىل
تاشلار، ھىقىق، ئالتۇن يالىتىلغان كەھرىۋا پىيالە قاتارلىق ئۈنچە-
مەرۋايىت جابدۇقلار قېزىپ تېپىلدى.
گرېك تارىخچىسى ئونېسكرىدوس بىلەن نېئاركۇس يازغان «قىر-
غاق بويلاپ دېڭىز ساياھىتى» (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرى 325-
يىلى يېزىلغان)دە: غەرب ئەللىرى ئىشلىتىدىغان يىپەك ۋە تۆمۈرلەر
سېرىستىن كېلىدۇ، دېيىلگەن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 400-يىللىرى
تۇغۇلغان كىتىفوسنىڭ «ئېترىيە» دېگەن ئەسىرىدە «سېرىس» دەپ
يېزىلغان؛ شۇنىڭدەك، ھومېرنىڭ «ئودىسسا» داستانىدىمۇ سېرىستىن
ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلار ئارىسىدا تۆمۈر ۋە كۆن-قىرىملار بار»
دېيىلگەن؛ ئاندىن يەنە: «تۈرلۈك تۆمۈرلەر ئىچىدە سېرىسنىڭ تۆمۈ-
رى بەك ئېسىل. سېرىسلار ھەر خىل يىپەك ماللىرىغا قوشۇپ، كۆن-
قىرىملارنىمۇ بىزگە ئېكسپورت قىلىدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان. ھىندىس-
تاندا ئۆتكەن گاندراگوپتا پادىشاھ زامانىسىدا، چوڭ سودىگەر
چادرىيە يازغان «سىياسىي ئىشلار ھەققىدە» دېگەن كىتابتا: «چىنادىن
چىقىدىغان ئورام-ئورام يىپەكلەر» دەپ قەيت قىلىنغان. دېمەك،
مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4-ئەسىردە جۇڭگونىڭ يىپەك ماللىرى ھىندىس-
تانغا سېتىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن «كېيىنكى خەننامە. غەربىي ئەللەر
تەزكىرىسى»دە: «جان-جەھلى بىلەن كارۋان، تىنماي قاتنايدۇ
تۈنلەپ؛ غۇز سودىگەرلىرى كۆپ، قورغاندا تۇرار كۈنلەپ»
دەپ يېزىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەملىكىتىمىز دۇنيادا پىلە بېقىش، يىپەك تالاش، تاۋار ـ دۇر ـ دۇن توقۇشنى ئەڭ بۇرۇن باشلىغان مەملىكەت. پىلە ـ يىپەك جۇڭ ـ يۈەن ۋە سىچۈەن، شىنجاڭنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي رايونلىرىدا پەيدا بولۇپ راۋاجلانغان. يىپەك ۋە يىپەك ماللار ئاۋۋال شىنجاڭ ئارقى ـ لىق غەربىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ياۋروپاغا تارقالغان. ھىرت (F·Hirth) «داكچىن (روم) ئېلى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»دا يېزىشىچە: مىلادىنىڭ 2 ـ ئەسىردە، گرېكلاردىن سىپانىياس پىلە ـ ئۈجمە بېقىش تېخنىكىسىنى، جۇڭگو پىلە ـ ئۈجمىلىرىنى بېقىش تېخنىكىسىنىڭ ياۋروپاغا كىرگەن ۋاقتىنى خاتىرىلەپ قويغان. ناھايىتى روشەنكى، پىلە ـ ئۈجمە بېقىش تېخنىكىسى [illegible]رىم ئويمانلىقى ئارقىلىق گرېتسىيىگە تارقالغان. ئالغۇيدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن توس گۈللۈك كەشتە بېسىلغان يىپەك مال تېپىلدى، بۇنىڭ توقۇلغان ۋاقتى بالدۇر دېگەندە چۇنچيۇ دەۋرىگە (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 770 ـــ 476 ـ يىللار)، كېيىن دېگەندىمۇ ئۇرۇشقاق پادىشاھلار دەۋرى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 475 ـــ 221 ـ يىللار)گە توغرا كېلىدۇ. ئۈرۈمچى نەنسەندىكى كان رايونىدىكى تىك ياغاچ لەھەتلىك قەدىمكى قەبرىلەردىن چىققان مۇردا بۇيۇملىرى ئىچىدە ساپال قاچىلار، ئالتۇن ـ كۈمۈش، مىس قاچىلار، سىرلانغان قاچىلار، يىپەك ماللار، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار بار. يىپەك مالدا ھەلمىلە ـ دارايى توقۇلمىسىنىڭ ئىزلىرى ناھايىتى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ.

جەنۇبىي يول ئۈستىدىكى لولەن (كرورەن)، نىيە، كېرىيە، ئوتتۇرا يول ئۈستىدىكى تۇرپان، ئاگىنى (قاراشەھەر)، كۇچا، باي، بارچۇق (مارالبېشى) قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان (خەن ـ جىن دەۋرلىرىنىڭ) يىپەك ماللار، بولۇپمۇ نىيەدىن تېپىلغان (شەرقىي

خەن دەۋرىنىڭ) «خۇ ـ ۋاڭ» (غۇز پادىشاھى) دېگەن خەتلىك كىم-
خاب پىلىچىلىك تېخنىكىسىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ؛ بولۇپمۇ
قىممەتلىك يىپرى شۇكىسى، يۇڭ رەخت توقۇش تېخنىكىسى يىپەك
رەختلەرگە تەتبىق قىلىنغان. يىپەك توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى ئىسلاھ
قىلىنغانلىقى ئۈچۈن خىلمۇخىل رەختلەر توقۇلغان، مەسىلەن،
1959 ـ يىلى نىيە خارابىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەبرىستانلىقتا
(شەرقىي خەن دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان) ئەر ـ ئايال بىللە كۆمۈل-
گەن قەبرىدىن چىققان ئەر ـ ئايالنىڭ قاتقان مۇردىلىرىغا پۈتۈنلەي
كىمخاب، دۇردۇن، كەشتىلىك يىپەك مالدىن ئېگىن كىيگۈزۈلگەن.
«كېيىنكى خەننامە. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى»دە بايان قىلى-
نىشىچە، غەربىي ئەللەردە...«ئۇۋىرغۇل (يىۋۇ) يېرىدىن ھەرخىل
زىرائەت، ئۈجمە ـ كەندىر، ئۈزۈم چىقىدۇ.» سۈي سۇلالىسىنىڭ ئېيتى-
شىغا قارىغاندا، «كېيىنكى خەننامە»دە: سۇلېي (قەشقەر)دە شال ـ
تېرىق، كەندىر، بۇغداي، مىس، تۆمۈر، قەلەي، مەرگىمۇش،
كىمخاب ـ تاۋار كۆپ چىقىدۇ» دەپ يېزىلغان. «تاڭ زامانىسىدىكى
غەربىي ئەللەر خاتىرىسى» دە يېزىلىشىچە، چۇشا (قەشقەر) مەملى-
كىتىنىڭ دائىرىسى 5 مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق، زىرائەت بەك ئوخ-
شايدۇ، مېۋە ـ چېۋىلىرى ئىنتايىن تولا؛ دۇردۇن، پالاس چىقىدۇ،
زىلچە ـ سېلىنچىنى بەك سىپتا ئىشلەيدۇ، دېيىلگەن.
خوتەننىڭ يىپەك ماللىرىمۇ جۇڭگيۇەن ۋە سىچۈەن يەرلىرىدىن
چىقىدىغان يىپەك ماللارغا ئوخشاشلا قەشقەر ئارقىلىق غەربكە سېتىلى-
غاندىن تاشقىرى ھەتتا ئىچكى ئۆلكىلەرگىمۇ توشۇلغان. مەسىلەن،
بەنچاۋ ئۆزىنىڭ ئاكىسى بەن گۇغا ئاق شايى سوۋغا قىلىپ ئەۋەتكەندە
بەن گۇ يازغان جاۋاب خېتىدە: «ئەۋەتكەن 300 توپ ئاق شايى،

بازارلىق يۆچى (كۇشان) ئېتى، خۇش بۇي دەرمەك، چەم قوياقنى ئالدىم» دېگەن.

قسقىسى، يەردىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە تارىخىي يازما مەنبەلەرگە ئاساسەن، شۇنى دېيىشكە بولىدۇكى، تارىم ئويمانلىقىدا پىلە ـ يىپەكچىلىكنىڭ تارىخى 2 مىڭ يىلدىن ئاشىدۇ؛ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى خوتەن تەرەپلىرى پىلە ـ يىپەكچىلىكنىڭ مەركىزى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزدە يىپەك چىقىدىغان مەشھۇر جايلاردىن بىرى.

مەملىكىتىمىزدە كېۋەز تېرىش ۋە پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ تارىخىنى قايتىدىن ئويدان تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. پاختا توغرىسىدىكى ئەڭ بالدۇرقى يازما مەنبە «لياڭشۇنامە»دۇر. (لياڭ ــ مىلادىيە 502 ــ 557 ـ يىللاردىكى خانلىق). «گاۋچۇڭ (قوچۇ) مەملىكىتىدە، گىياھ ـ دەرەخ تولا، مېۋىسى پىلە غوزىسىدەك ئۆسۈملۈك بار، غوزىسىدىن يىپەككە ئوخشاش ئىنچىكە تالا چىقىدۇ، بۇنى باقتەس دەيدۇ؛ بۇ ئەلدىكىلەر ئۇنىڭدىن رەخت توقۇيدۇ، رەختى ئاپئاق، بازاردا سېتىلىدۇ.» «كونا تاڭنامە. غەربىي رۇۋلار تەزكىرىسى» ۋە «يېڭى تاڭنامە. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى»دىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان خاتىرىلەر يېزىلغان. ئادەتتە پاختىنى غەربتىن ۋە ھىندىستاندىن كىرگەن دېيىشىدۇ. ئېھتىمال پاختىنىڭ يېڭى سورتلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن، بىراق، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىكى تەكرىتاغ ئورمانلىقىدا ياۋا كېۋەز ئۆسىدۇ. قەدىمكى زامان ئادەملىرى بۇغداي، ئارپا، تېرىق، شال قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەر، چامغۇر ۋە شۇنىڭدەك كۆكتاتلارنى تېرىش بىلەن بىللە، پاختا، كەندىر قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىمۇ ئېكىشنى ئىگىلىگەن.

نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان (شەرقىي خەن زامانىسىدىكى) ئەر ـ ئايال
بىللە كۆمۈلگەن قەبرىدىن نۇرغۇن يىپەك، يۇڭ توقۇلمىلار تېپىلغان-
دىن تاشقىرى، تېخى ئىككى پارچە ھەمزەك (كۆك باسما بۆز)
مۇ چىقتى. دېمەك، تارىم ئويمانلىقىدا مىلادىدىن ئىلگىرى پاختا
تېرىلغان ۋە پاختىدىن ئاق رەختلەرنى توقۇشنى ۋە ئۇنىڭغا ھەر
خىل گۈل بېسىشنى ئۆزلەشتۈرگەن، تۇرپان رايونىدىن (جىن دەۋ-
رىدىن شىمالىي خانلىقلار دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىققا تەئەللۇق)
پاختا توقۇلمىلار چىقتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەيناقمۇ بار.

تارىم ئويمانلىقىدا ئۈجمە ـ كەندىر ئۆستۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن،
قەغەز ياسايدىغان خام ئەشيا بار ئىدى. قەغەز ـــ مەملىكىتىمىزنىڭ
تۆت چوڭ كەشپىياتلىرىدىن بىرى. قەغەزچىلىك تېخنىكىسى جۇڭيۈەن
رايونىدىن ئەڭ ئاۋۋال تارىم ئويمانلىقىغا تارقالغان. شۇنى دېيىشكە
بولىدۇكى، شەرقىي خەن دەۋرىگىچە (مىلادى 25 ـــ 220 ـ يىللارغىـ
چە) تارىم ئويمانلىقىدىكى ئادەملەر قەغەزچىلىك تېخنىكىسىنى ئىگەلـ
لەشكە باشلىغان. 1901 ـ يىلى، ستەين لوپنۇردىن ۋېي ـ جىن دەۋرىـ
دىكى قەغەز پارچىلىرىنى تاپقان؛ 1910 ـ يىلى، ۋېنادىكى بوتانىك ـ
فىزىئولوگ پىروف. ۋېسنېرنىڭ ئانالىز قىلىشى بويىچە، بۇ قەغەزلەر
لاتا ـ پۇرۇچ قېتىلغان ئۈجمە قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەنلىكى مەلۇم بولـ
دى. تۇرپان رايونىدا (جىن دەۋرىگە يەنى 265 ـــ 420 ـ يىللارغا
تەئەللۇق) قەبرىدىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە
قەغەز كەش، قەغەز ئادەم بار. شاڭخەي شەھەرلىك قەغەز تەتقىق
قىلىش ئورنىنىڭ خىمىيۋى يول بىلەن تەھلىل قىلىپ كۆرۈشىچە،
شىنجاڭدىن تېپىلغان قەغەزلەرنىڭ بىر قىسمى پاختىدىن ياسالغان،
كۆپ قىسمى كەندىردىن ياسالغان، كەندىر تېپىدىكى تالالاردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە بىراك (ئاشلاندۇق) توقۇلمىلاردىن پايدىلانغان. تالالىق خام ئەشيالارنى تاللاش ۋە ئىشلەش جەھەتتە غەربىي خەن دەۋرى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 206 ــ 25 ـ يىللار) دىكىدىن ناھايىتى كۆپ يۈكسەلدۈرۈلگەن؛ ماي مادىدىسىدىن ئېرىغداش ئۇسۇلىمۇ غەربىي خەن دەۋرىدىكىدىن ئىسلاھ قىلىنغان؛ ناياپ (قەغەز سۈيۈقلۇقى)نىڭ سۈپىتىمۇ غەربىي خەن دەۋرىدىكىدىن روشەن دەرىجىدە ياخشىلانغان؛ تالالىرىنىڭ تەكشىلىكىمۇ ئىسلاھ قىلىنغان؛ سۈتلۈك (ئېرىغدىلىش) دەرىجىسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن؛ ئۆسۈملۈك يېلىمى قوشۇلغان ياخشى سۈپەتلىك پەردە گۈللۈك قەغەز، شۇنىڭدەك شىنجاڭدىن تېپىلغان ئەتىقە قەغەز ئاقارتىلغان قەغەز بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئىشلەنگەن قەغەز ھېسابلىنىدۇ؛ ئاندىن يەنە كىراخمال ۋە ھايۋان سۆڭەك يېلىمى قوشۇلغان رەڭلىك رەسىم قەغىزىمۇ بار، بۇنداق قەغەز دىنىي ئەقىدە مۇناسىۋىتى بىلەن ياكى كۆيىدىن ساقلاش ئۈچۈن سىرىق بويالغان. شەرقىي جىن دەۋرىدىن تاڭ دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان تەخمىنەن 500 يىل ئىچىدە قەغەزچىلىك ناھايىتى كۆپ راۋاجلانغان؛ مەھسۇلاتى، سۈپىتى ۋە تېخنىكا جەھەتلىرىدە ئۈچقاندەك تېز يۈكسەلگەن، غەربىي خەن دەۋرىدىكى باچياۋ قەغىزىگە قارىغاندا، تېخنىكا جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ دەرىجىدە ئۆسكەن.

جۇڭيۈەن ۋە سىچۈەن يەرلىرىنىڭ يىپەك ماللىرى ۋە مىتال بۇيۇملىرى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ يىپەك، پاختا، كۆن ـ خۇرۇمغا ئوخشاش يەرلىك مەھسۇلاتلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، قەدىمكى قۇرۇقلۇق كارۋان ــ سودا يولى ئېچىلغانىدى.

ئادەتتە «يىپەك يولى»نى جاڭ چيەن ئاچقان دېيىلىدۇ. يەنى

جاڭ چيەن غەربىي ئەللەرگە ئەلچى بولۇپ ميڭىشتا، جەنيۈەن 2-يىلى ۋە 3-يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 139 — 138-يىللار) ۋۇدى خانى-نىڭ ئەمرى بويىچە، غۇزلاردىن تامىيىق ئاتا باشلىق يۈز نەچچە كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا چاڭئەندىن يولغا چىقىپ، گەنسۇنىڭ غەربى ئارقىلىق يۆچىگە ئاتلاندى؛ شۇنىڭ ئارقىسىدا، جۇڭگو بىلەن غەربى-نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش — «يىپەك يولى» دۇنياغا مەشھۇر بولدى، دېيىلىدۇ. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىردە، جاڭ چيەن خەن خانلىقىنىڭ ئەمرى بويىچە، غەربىي ئەللەر ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسى-ياغا كەلگەن. مانا بۇ — ئادەتتە جۇڭگو بىلەن چەت ئەل ئوتتۇرىسى-دىكى قاتناشنى «ئاچتى» دەپ بىرىنچى قېتىم تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلغان خاتىرە. جاڭ چيەن ئەلچى بولۇپ چىققانغا قەدەر، جۇڭ-يۈەندىكى سۇلالە غەربىي ئەللەر بىلەن ئانچە تونۇش ئەمەس ئىدى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئەھۋاللارنى ئانچە ئۇقمايتتى. «كېيىنكى خەننامە. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى»دە بايان قىلىنى-شىچە: «خۇلاسىمىز شۇكى، غەربىي ئەللەرنىڭ جۇغراپىيىۋى ئەھۋالى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى قەدىمدىن تارتىپ بىزگە مەلۇم ئەمەس ئىدى. خەن زامانىسىدا جاڭ چيەننى يىراقلارغا ئەۋەتىش تەدبىرى، بەن چاۋنىڭ نەسەبلىك بەگلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش نىيىتى تۈپەيلىدىن، ئاقىۋەت غەربتە يىراقلارغىچە سەلتەنەت كۈچى ئورنىتىلىپ، غەربىي ئەللەر تىزگىنلەندى». جاڭ چيەننىڭ ۋەزىيىسى داخار (باكترىيە)، يۆچى (كۇشان)لار بىلەن بىرلىشىپ، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، سودا يولىنى راۋان قىلىش ئىدى. بۇ يول راۋان بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنىڭ قاتناش ئالاقىسىدىكى غول لىنىيە بولۇپ قالدى. ھەقىقەتتە پولسا، بۇ يولنىڭ ئېچىلىش ۋاقتى ناھايىتى ئۇزاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆتمۈشكە بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇ يولنى ھاكىمىيەت كۈچى ئاچقان ئەمەس، پۈتۈنلەي خەلقنىڭ ئۆزى ئاچقان. ئۇنىڭغا ھاكىمىيەت دائىرىسى قاتناشمىغانلىقى ۋە بۇ توغرىدا يازما خاتىرە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، باشلانغان ۋاقتى ۋە ئېچىلغان ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىش تەس.

مىلادىدىن ئىلگىرى، تەكلىماكاننىڭ جەنۇبى، شىمالى ۋە غەربىي يەنى قاراقۇرۇمنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرى ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدە تارىم بوستانلىقىنىڭ مەدەنىيىتى بۇددا ھىندىستاننى، ئاتەشپەرەسلىك ئىراننى، جۇڭگونىڭ ئىنتايىن باي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، راۋاجلىنىشقا باشلىغانىدى. ھەتتا مىلادىدىن ئىلگىرىلا تارىم ئويمانلىقىغا بۇددا دىنى كىرگەن، ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇددا دىنىنىڭ مەنبەسىگە ئايلانغان، بۇددا مەدەنىيىتى بۇ يەردىن شەرققە قاراپ جۇڭگونىڭ تارقالغانىدى. جاڭ چيەن داخار (باكترىيە)گە ئەلچى بولۇپ بارغانغا قەدەر، غەربىي ئەللەردە بۇددا دىنى بارلىقىنى جۇڭگو رايونى بىلمەيتتى. «ۋېي يىلنامىسى. ساكيا ئەھۋالاتى»دا: «غەربىي ئەللەرگە يول ئېچىلىپ، جاڭ چيەن داخارغا ئەلچى بولۇپ بارغاندا، ئۇ ئەلنىڭ يېنىدا سىندۇ مەملىكىتى، يەنە بىر نامى پەنجاب بارلىقىنى ئاڭلىغان، ئۇ يەردە بۇددا دىنى بارلىقىدىن خەۋەر تاپقان» دەپ يېزىلغان.

«تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىلىرى»دە يېزىلىشىچە، «خەن سۇلالىسىنىڭ يۈەنشۇ 2 ـ يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرى 121 ـ يىلى) قۇلا ئاتلىق سەركەردە خاۋچۈبىڭ ئون مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن غەربىي گەنسۇدىن چىقىپ يانچى تېغىدىن مىڭ يول چە ئېشىپ، ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئاتلىق قوشۇندىن 18 مىڭ كىشىنىڭ كال-

لىسىنى ئالدى، قورتار شاھنىڭ تەڭرىگە سىغىنىدىغان ئالتۇن ئادى-
مىنى قولغا چۈشۈردى.» (سۇڭ دەۋرىدىكى فېي يەن «شەرھنامە»
سىدىكى «خەنىنامە ھەققىدە تەلەپپۇز ۋە تەبىرلەر»دە ئېيتىلىشىچە،
ھۇنلار...قورتارنىڭ كۆككە تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن ئالتۇندىن ياسالغان
ئادىمى بار، كۆك ئىگىسىگە سىغىنىدۇ. تاڭ دەۋرىدىكى سىماجېننىڭ
«مەخپىيەتلىككە تەلپۈنۈش» دېگەن ئەسىرىدە، ۋېي جاۋ: ئالتۇندىن
ئادەم ياساپ كۆك ئىگىسىگە سىغىناتتى، دەيدۇ. جۇڭجىلىڭ جىىدې:
ئالتۇن ئادەم — بۇد ھەيكىلىدۇر، دەيدۇ. بۇ ئالتۇن ئادەمنى غەربىي
ئەللەردىن قولغا چۈشۈرگەن، ئېھتىمال ئۇنداق دىنغا ئىشەنمىسە
كېرەك دەيدۇ.) بۇ زامانلاردا غەربىي ئەللەر ھۇنلارغا قارايتتى،
غەربىي ئەللەرنىڭ مەھسۇلاتلىرى ۋە قاتناشلىرى ھۇنلارنىڭ ئىقتى-
سادىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. ھۇنلاردىن قورتار كەڭرۇ
غەربىي ئەللەردىن قولغا چۈشۈرگەن ئالتۇن ئادەم يەنى بۇددا
ھەيكىلىدىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3-
ئەسىردە غەربىي ئەللەردە (تارىم ئويمانلىقىدا) بۇددا دىنىغا ئېتى-
قاد قىلىش ئىشى باشلانغان. تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدا، مىلا-
دىدىن ئىلگىرىكى 1-ئەسىردە كەشمىر ئېلىدىن ئارخان ۋايىروچانا
ئۇدۇن (خوتەن)گە كېلىپ، بۇددا دىنى قانۇن-قائىدىلىرىنى تەش-
ۋىق-تەرغىپ قىلغان. ئۇدۇن — غەربىي ئەللەر ئىچىدە بۇددا دىنى-
نىڭ ماھايانا مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغان ئەل ئىدى، شۇنداقلا
جۇڭگوغا تارقالغان ماھايانا مەزھىپىنىڭ ئۇچىقى (مەنبەسى) ئىدى.
تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا، كۇچا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3-
ئەسىردىلا بارا-بارا بۇددا دىنى بىلەن ئالاقە باغلىغان، كۇچا شى-
مالىي يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى ئىدى. جۇڭگونىڭ ئۇلۇغ يۆچى

(كۇشان)، ئارساكىت، قانغۇي (سەمەرقەنت) ۋە ھىندىستان مەملى-كەتلىرى بىلەن بولغان باردى-كەلدىسى كۈچيا ئارقىلىق بولاتتى. «ۋېيىنامە. غەربىي رۇۋايەتلەر تەزكىرىسى»دە يېزىلىشىچە، ئۇلۇغ يۆچىدىكى بۇددا دىنى كۈچادا ئانچە-مۇنچە تەرغىپ قىلىنغان. قىسقىسى، كەشمىر، قەندىھار ۋە ئۇلۇغ يۆچىلەردىكى بۇددا دىنى مىلادىيەدىن بۇرۇنلا ئۇدۇن، سۇلىي (قەشقەر)لەرگە كىرگەن. ئۇدۇن ۋە سۇلىلار بىلەن كۈچا ئوتتۇرىسىدىكى باردى-كەلدى ئىنتا-يىن قويۇق بولغىنى ئۈچۈن، جۇغراپىيىۋى جەھەتتىن مۇناسىۋەتتە بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە سىياسىي جەھەتلەردىمۇ مۇناسىۋەتتە بار ئىدى. شۇڭا، بۇددا دىنى قەشقەر ئارقىلىق كۈچاغا كىرگەن. لېكىن شۇنى ئېيتىپ قويۇش كېرەككى، بۇ رايونلارغا بۇددا دىنى كىرگەندىن كېيىنمۇ، باشقا دىنلار مەسىلەن، شامان، ئاتەشپەرەسلىك (zaroaster) دىنلىرىمۇ يوقىلىپ كەتمىگەن، بەلكى ئۇزۇن زامانلارغىچە بۇددا دىنى بىلەن بىللە ياشاپ تۇرغان. مەسىلەن، شۈەنزاڭ غەربىي ئەللەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، قەشقەردە بۇددا دىنى راسا ئەۋجىگە چىققان ۋاقتى ئىدى، لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئاھالە ئىچىدە يەنىلا مازدا (Ahura Mazda) خۇداغا ئىشىنىدىغان ئاتەشپەرەسلەر بار ئىدى. «تاڭنامە. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى» سۇلىي ئېلى ماددى-سىدا: «ئاتەشپەرەس ئاھالىمۇ بار» دېيىلگەن. كۈچا، كورلا ۋە تۇرپان تەرەپلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھېلىمۇ توي-تۆكۈنلەر-نىڭ رەسمىيەتلىرىدە ئاتەشپەرەسلىكنىڭ ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان. تارىمنىڭ بەزى جايلىرىغا ئەڭ بالدۇر كىرگەن ھىمايانا مەزھىپى ھەتتا 8-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىمۇ پۈتۈنلەي تۈگەپ كەتمىگەن.

(خۇيچاۋنىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، «ئىبادەتخانا، راھىبلىرى بار ئىكەن، ھىمايانا جارى ئىكەن، گۆش ۋە كۇدە قاتارلىق نەرسىلەرنى يەيدىكەن. خۇددى كۇچا راھىبلىرى «ئۈچ پاك» گۆشى يېگەندەك.)

تارىم — كۆكئارتىنىڭ غەربىدىكى رايونلار بىلەن بولغان ئالاقە كۆۋرۈكى ئارقىلىق، ئۆزئارا ئىقتىسادىي مەدەنىيەت ھەرىكىتى ۋۇجۇتقا كەلگەن؛ شەرق مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە بىرمۇنچە تەركىبلىرى غەربىي ئاسىياغا تارقالغان؛ شۇنداقلا، تارىم رايونى ئۆتكۈزگۈچى-تارقاتقۇچى پونكىت بولۇپ، بۇددا دىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى شەرققىمۇ تار-قاتقان.

بۇددا دىنى تارقىلىشى بىلەن، تارىمنىڭ جەنۇبى ۋە ئوتتۇرا رايونلىرىدىكى مەدەنىيەت-سەنئەتكە ۋە ئىدېئولوگىيىگە يېڭى مەز-مۇن كىرگەن؛ تارىم مەدەنىيىتى ئۆزگەرتمەي ئۆز پېتىچە ئەمەس، بەلكى ئىجادىي يۇسۇندا ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلغان، تارىم مەدەنى-يىتىنىڭ تەلەپ-ئېھتىياجلىرىغا ئۇيغۇن بولغانلىرى تارىم ئاھالىسى ئىچىدە ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان. بۇددا سەنئىتى بۇ يەرنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئىتىگە سىڭىش بىلەن، تارىم سەنئىتىنىڭ ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇبى پەيدا بولغان. مەسىلەن، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مىڭ ئۆيلەرنىڭ تام رەسىملىرى ئارىسىدا، قوي، بۇغا ۋە شۇنىڭدەك ھايۋانلارنىڭ ئوبرازلىرى بار؛ ئۇسلۇب ۋە ژانىر جەھەتتىن بۇددا دىنىنىڭ تەلىماتلىرى بىلەن ئالاقىدار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا قەدىمكى دەۋر قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ ئىزلىرى ئۇچرايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، تارىم ئويمانلىقى ۋە تەڭرىتاغنىڭ شەرقىدىكى

جايلاردا مىلادىدىن ئىلگىرى بىرقانچە مەدەنىيەت توپلىرى ۋۇجۇتقا كەلگەن. بۇ مەدەنىيەت توپلىرى يۇغۇرۇلۇپ تارىم مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

## 3

تارىم ئويمانلىقى ۋە تەڭرىتاغ بويىلىرىدىكى خەلقلەر ئۇزاق-قەدىمىي تارىم مەدەنىيىتىنىڭ ئىگىلىرى بولۇپ، بۇ رايوندىكى ئەڭ قەدىمكى ئولۇسلار ۋە ئەللەر ئىدى. ئۇلار باي ۋە رەڭگارەڭ ۋەتەن مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي مەنبە(بولاق)لىرىدىن بىرىنى ياراتقان. بۇ مەنبە مەملىكىتىمىزنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ئاسىيانىڭ شەرقىي ۋە غەربىي مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۆز-ئارا ئالاقە ۋە تەسىرلىرىدىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. بۇندىن كېيىن ئارخېئولوگىيىلىك ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ مېۋىلىرى ۋۇجۇتقا كېلىپ، تارىم مەدەنىيىتىنىڭ مىقياسى ۋە مەز-مۇنىنى تېخىمۇ روشەن ۋە كونكرېتلاشتۇرغۇسى؛ جۇملىدىن، ئىنسانىيەتنىڭ بۆۋەك-بالىلىق چېغىدىكى ئاسىيا يېرىم ئىگىز تۈزلەڭلىكىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى تېخىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بەر-گۈسىدۇر.

تارىم ئويمانلىقى ۋە تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي رايونلىرىدا ياشىغان يەرلىك ئاھالە توغرىسىدىكى مەسىلىنى ئارخېئولوگىيە، ئېتنوگرا-فىيە، ئانتروپولوگىيە، تىلشۇناسلىق ۋە تارىخشۇناسلىق جەھەتلىرىدە چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. تارىم ئويمانلىقى ۋە شەرقىي

شىنجاڭدا ھەم قوشنا جايلاردا قانداق مىللەتلەر ياشىغانلىقى ۋە يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرگەنلىكى ھەققىدە خىلمۇخىل قىياسلار بار. بىر خىلى، ئارىيانلار دېسە، يەنە بىر خىلى ساكلار دەپ قىياس قىلىدۇ، ئۈچىنچى بىر خىل قىياستا چياڭلار (سىرلار) ۋە يۆچىلەر دېيىلىدۇ. بەزى ئالىملار (جۇملىدىن بەيتۇ كۇجى) قەشقەرنىڭ يەرلىك ئاھالىسىنى ئارىيان، تۈرك، تۈبەت — ئۈچ خىل جىنسىتىن تەركىب تاپقان خەلق دەيدۇ. تارىم مىللەتلىرىنىڭ تېگى - تەكتى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەر ئاشۇنداق خىلمۇخىل.

ھەممىگە مەلۇم، ئىنسانلارنىڭ تارىخى ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ باشلانغان، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ يىراق - قەدىمكى دەۋرىمۇ تارىخنىڭ ئۆگىنىدىغان ئوبيېكتى ھېسابلىنىدۇ. ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ۋە بەلگىلىك جۇغراپىيىۋى شارائىتنىڭ تۈپەيلىدىن، ئادەملەردە ماسلىشىش خاراك- تېرىدىكى جىنسىي - ئىرقىي خۇسۇسىيەتلەر (رەڭ، ئەت - تېرە، چاچ ۋە باشقا پەرقلەر) پەيدا بولغان. كېيىنچە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن، ئۇلار تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ئىلكىدىن بارا - بارا قۇتۇلۇپ، جۇغراپىيىۋى چەكلىمىلەردىن خالاس تاپقان. ئىجتىمائىي سەۋەبلەر نەتىجىسىدە ئادەملەرنىڭ كۆچۈشلىرى ھەر خىل جىنسىي بىرىكمىلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ۋە ئارىلىق جىن- سلار مەيدانغا كەلگەن. مەلۇم بىر جىنسقا كىرىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەرقاندىقى ئۇرۇق - قەبىلە باسقۇچىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن. چۈنكى قەبىلە سىنىپ پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى باشلانغۇچ جەم- ئىيەتتىلا پەيدا بولغان، ئۇ زامانلاردا ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي گۇرۇپپىلىرى (كوللېكتىپى) تەبىئىي ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋەتلىرى

ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن. ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ بولۇشقا تېگىشلىك ئالدىنقى شەرتى ئوخشاش بىر ئۇرۇق ياكى قەبىلە ئەزا-لىرى بىر جايدا ياشاشتىن ئىبارەت ئىدى. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ سىنىپلارغا بۆلۈنىشى تۈپەيلىدىن، (شۇنداقلا ئىجتىمائىي تەشكىلاتىنىڭ زۆرۈر شەرتى بولغان قانداش-لىق خۇسۇسىيىتىنىڭ يوقىلىشى تۈپەيلىدىن)، ئۇرۇقلار ۋە قەبى-لىلەر ئارىلاش - قۇرىلاش بولۇپ كېتىدۇ. باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى چېكىدىكى — سىنىپىي جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ پەيدا بولغاند-لىقى. شۇڭا، بىرەر مىللەتنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا، سىنىپىي تۈسكە ئىگە بولغان تۈزۈم ياكى قالدۇق رەۋىشتە ساقلانغان ھالەت - ھادىسىلەرنى ئىپتىدائىي دەۋرگە مەنسۇپ بولغان ھالەت ۋە ھادىسىلەردىن پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، يىل - زامانلىرىنى پەرەز قىلغاندا، ئاڭسىز ھالدا بالدۇر قىلىۋېتىش ياكى قەستەن يېقىنغا سۈرۈش خاھىشى يۈز بېرىدۇ.

تارىمنىڭ قەدىمكى ئاھالىسىنىڭ جىنسىي خاسلىقى توغرىسىدىكى مەسىلىدە، ئالدى بىلەن، مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ھۆججەتلەرگە ۋە تارىخشۇناسلارنىڭ قاراشلىرىغا نەزەر تاشلايلى.

تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاھالىنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى ئەھۋالاتى توغرىسىدا يازما مەنبەلەر ناھايىتى ئاز. «كېيىنكى خەننامە. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى»دە: "ئىلگىرىكى سەلتەنەتلەرگە مەلۇم بولمىغان، «تاغ - دەريالار توغرىسىدىكى كىتاب»تىمۇ ئېنىق بايان قىلىنمىغان، ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىۋى ئەھۋالى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ئۆزگىچە ۋە ئاجايىپ، بۇ توغرىدا مەلۇمات يوق" دېيىلگەن. «خەن-

نامه. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى»دىمۇ ”غەربىي ئەللەردە كۆپىنچە يەرلىك ئاھالە ياشايدۇ، شەھەر ـ قورغان، ئېتىز ـ ئېرىق، مال ـ ۋارانلىرى بار“ دېيىلگەن. (تاڭ دەۋرىدىكى يەن شىگۇنىڭ ئىزاھىچە: يەرلىك ئاھالە دېگەنلىك چارۋا ـ مال بىلەن كۆچۈپ يۈرمەستىن، دائىم بىر يەردە ئولتۇراقلىق ئاھالە دېگەنلىكتۇر، چىڭ دەۋرىدىكى ۋاڭ شيەنچيەننىڭ «قوشۇمچە ئىزاھى»دا، شۇ سۆزنىڭ دېيىشىچە: شەھەر ـ قەلئەلىرى بار دېگەنلىك، شەھەر دۆلىتى دېگەنلىكتۇر).

مەسىلە ئەنە شۇ يەرلىك ئاھالىنىڭ ئارىيان، ساك ياكى باشقا جىنسلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشتا.

ماكس مۇللېر (Max Müller)نىڭ پىكرىچە، ئاسىيا ئېگىز تۈزلەڭلىكى ئارىيان مىللىتىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى جايلاشقان جايى ئىدى، ئۇلار شۇ يەرنى ماكان قىلغان بىر مىللەت ئىدى، شۇ يەردىن غەربكە كۆچۈپ ياۋروپاغا كەلگەن؛ شەرقىي جەنۇبقا قايتا كۆچكەنلىرى ھىندۇ ـ فارس ئارىيان جىنسى ئىدى. شۇڭا، بۇ پىكىرنى ئاساس قىلغۇالغان بەزى ئالىملار ھەتتا ئارىيان جىنسىنى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغىمۇ كۆچۈپ كىرگەن دەيدۇ.

بۇ پىكىرنىڭ ئەكسىچە (ياپون) چياتىڭ شۇنجى: مۇللېرنىڭ پىكرىگە قوشۇلمايدىغان ئالىملار شۇنى تەكىتلەيدۇكى، ئارىيان جىنسىنىڭ ئەسلى مەملىكىتى دوناي دەرياسىنىڭ ياكى بالتىق دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى ئىدى، بۇ ئارىيانلار غەربتىن شەرققە كۆچكەن، دەيدۇ. يېقىندا (سوۋېت ئىتتىپاقىدىن) ئا. لىتۋىنىسكىي: مىلادىدىن ئىلگىرىكى ئىككى مىڭىنچى يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئېھتىمال ئېپتىدائىي ئارىيانلارنىڭ ئايرىم توپى ئوتتۇرا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاسىياغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دەيدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار ئارىيانلار دېگىنىمىز ھىندۇ-ئىرانلاردۇر، دەپ ھېسابلايدۇ. (ۋېنگىر) خالماتا: ھىندۇ-ئىرانلارنىڭ ئىپتىدائىي بالىتىق ئادەملىرىدىن ۋە ئىپتىدائىي سلاۋىيانلاردىن ئايرىلىپ چىققان ۋاقتى تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5 مىڭىنچى يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ، دەيدۇ. (فرانسۇز) پ. كىرىشمان بولسا، ئىرانلار ۋە ھىندۇ ئارىيانلىرىنىڭ بالدۇرقى ماكانى شەرقىي ياۋروپا ياكى شەرقىي-جەنۇبىي ياۋروپا ئىدى، دەيدۇ.

ئىككىنچى بىر خىل پەرەز بويىچە، ساكلار (skythai، scythian) مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7 — 3-ئەسىرلەردە دوناي دەرياسى بىلەن دون دەرياسى ئارىلىقىدا كۆچۈپ يۈرىدىغان كۆچمەنچى قەبىلىلەر ئىدى. ياۋروپا تارىخشۇناسلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5-ئەسىرلەردە سىبىرىيەگە تارىلىپ كەلگەن، دەپ ھېسابلايدۇ. كىرىشمان: كىشىلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خىلمۇخىل قەبىلىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ «ساكلار»دەپ ئاتايدۇ، بۇنداق ئاتاش ئانچە توغرا ئەمەس؛ ساكلارنىڭ ئەسلى ماكانى ئىران، تىلى ئىران تىلى ئىدى، دەيدۇ.

پاركېر (E·H·Parker) مۇنداق دەيدۇ: ”مەن «جۇڭگو ھەققىدە تەقرىز»نىڭ 12-سانىدا، ھۇنلار، ساكلار، ھۇنغارلار، تۈركلەر باشقا-باشقا ئاتالغان بىر قەبىلىدىكى خەلقتۇر دەپ باقتاندىم. شۇنىڭدىن كېيىن، شاۋان (Ed· chavannes) ھەرد (Hirth) قاتارلىق ئالىملار داۋاملىق ئىجتىھات قىلىپ، چوڭقۇر تەتقىقاتقا كىرىشىپ كەتتى.“ ”ھېرودوتنىڭ كىتابىدا ساكلارنىڭ (scyt hianus) تۇرمۇش ئادەتلىرى جانلىق تەسۋىرلەنگەن، ئەمما جۇڭگو

ۋە رومانىڭ تارىخى كىتابلىرىدا بايان قىلىنغانلىرى سىياسىي تارىختۇر، شۇڭا پەرقلىنىدۇ. ھېرودوتىنىڭ كىتابىدا يېزىلىشىچە، جۇڭگو تارىخىدىكى ھۇنىۇلار بىلەن روما تارىخىدىكى ھۇنلارنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق. جۇڭگو تارىخىدىكى ھۇنىۇلار بىلەن ھېرو-دوتىنىڭ كىتابىدىكى ھۇننا ياكى ئۇنغار (Ouyyol or Hunnen) غەربتىكى ھۇن ياكى ھۇنغار تۈپ ئاتالمىدا بىر مەنبەدىن كېلىپ چىققان دېيىشكە بولىدۇ.“ جۇڭگو تارىخلىرىدا ئېيتىلىشىچە، ھۇنلار بۇرۇن شياخۇس ئۇرۇغىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ھونخۇر (خۇنۋى) دەپ ئاتىلاتتى. كېيىن مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك تۈپەيلىدىن شىمالىي چۆلگە قېچىپ كېتىپ، دۆلەت قۇرۇپ پادىشاھ ئاتالغان. كېيىنچە، ھۇن ئىمپېرىيەسىدىكى تۈرلۈك قەبىلىلەرنى تۈركلەر ياكى تۈرك ساكلىرى (Turk - scythian)نىڭ يەرلىك ناملىرى بىلەن ئاتاي-دىغان بولدى.

ھېرودوتىنىڭ تارىخىدا خاتىرىلەنگەن Targitaos، يەھۇدى (Ibri ئىبرانى) تىلىدىكى تارىخىي ماتېرىيالدا يېزىلغان Togharma دېگەن ناملار ئوتتۇرا ئاسىيا كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ ناملىرىدۇر.

قەدىمكى گرېك تارىخچىلىرى (مەسىلەن، پولىبىي، پىلىنىي، پتولېمېلار) ساكلارنى Skif دەپ ئاتىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ يازغان تارىخلىرىدا Sak لارنىڭ نۇرغۇن قەبىلە ناملىرى قەيت قىلىنغان. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ساكلارنىڭ تارالغان جايلىرى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ماۋەرائۇننەھر ھەتتا تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چەتلىرى-گىچە يەتكەن؛ كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويىدىكى ماسساگېتلار (Massa getae) مۇ ساكلارنىڭ بىر قەبىلىسى ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالېكساندىر ماكېدونسكى (ئىسكەندەر) شەرقـقە يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىغا كەلگەن گرېك يىلنامىچىلىرى ئەڭ ئاۋۋال ساكلارنى كۆرگەن، شۇڭا ئۇلار كاسپىدىن ئۆتكەندىن كېيىن كۆرگەن يەرلىك (ئوتتۇرا ئاسىيا) ئاھالىسىنىڭ ناملىرىنىڭ ئالدىغا Sak دېگەن سۆزنى قوشۇپ ئاتىغان؛ شۇنىڭدەك، ئۇلارنىڭ يازما خاتىرىلىرىدىكى يەرلىك ئاھالە ناملىرى شۇ خەلق-لەرنىڭ ئۆزلىرى ئاتايدىغان ناملار بولماستىن، بەلكى بۇ خەلقلەر-نىڭ تاشقى قىياپىتى ياكى كىيىم-كېچەكلىرىگە قاراپ قويۇلغان ناملاردۇر. مەسىلەن، كاسپى دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى يەرلىك ئاھالىنى، ئۇ تارىخچىلار (saka-tigrahauda) «ئۇچلۇق تەلپەك-لىك ساكلار» دەپ ئاتىغان.

ئۈچىنچى بىر خىل پەرەز بويىچە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدىكى يەرلىك ئاھالىنى ياۋروپالىق تەتقىقاتچىلار sär (ser)لار دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئېھتىمال «چياڭ»نىڭ شۇ زاماندىكى تەلەپپۇز قىلىنىشى بولسا كېرەك. مەسىلەن،«نو-چياڭ» (Nob-cyär) دېگەنلىك «نوپ چياڭلىرى»ياكى «نوپ-سېر» دېگەنلىك بولىدۇ. مىرەندىن تېپىلغان تۇبۇتچە ھۆججەتلەردە Nob-chenr دېگەن خەت ئۇچرايدۇ، بۇنىڭ تەركىبىدىكى Nob ئېھتىمال خەنزۇچىدىكى «نو»نىڭ ئەسلى بولسا كېرەك. ھازىرقى «لوب» دېگەن نام «نوب»نىڭ ۋارىئانتىدۇر؛ سانسكرىتچە «باش نازارەتچى» دېگەن مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، يەنى Nop-sär ئېھتىمال «چياڭلارنىڭ سەردارى» دېگەنلىك بولسا كېرەك.

«تارىخىي خاتىرىلەر. بەش سۇلتان خاتىرىلىرى»دە يېزىلىشىچە، غەربىي رۇڭلار — دى-چياڭلاردۇر. [«پادىشاھلىق رەسمىيەتلىرى»دە

دېيىلىشىچە، غەربتىكىلەر «رۇڭ» دېيىلىدۇ (غەربتىكى مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى). «ۋېي يۇەنچىڭ تەزكىرىسى»دە ئېيتىلىشىچە: ...چياڭلارنىڭ تۈرى تولا، «نوب» دېگەننىلا ئالىدىغان بولساق، شۇ زاماندىكى ھەممە چياڭلارنىڭ سەردارى ئىكەنلىكىنى، ياكى ھەممىنى يىغىشتۇرۇپ «نوب» دېگەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن.〕

«كىيىنكى خەننامە. غەربىي چياڭلار تەزكىرىسى»دە: «غەربىي چياڭلار ئەسلىدە...جياڭ جەمەتلىكلەرنىڭ باشقا بىر تۈرىدۇر» دېيىلىدۇ. (سۇڭ زامانىسىدىكى فېي يىن «شەرھىنامە»سىدە دۇڭ دۇڭنىڭ دېيىشىچە: «ئۆرپ-ئادەتلەر توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»دا ئېيتىلىدۇكى، چياڭلار ئەسلىدە غەربىي رۇڭلارنىڭ ھەقىر-لىرىدۇر، ئاساسەن قوي باقاتتى، شۇڭا قوي (羊) دېگەن خەتتىن ئېلىپ، چياڭ (羌) دەپ نام قويغان. «يۈي گۇڭ چاچ دەپ ئاتى-غانلار (خېشى چياڭلىرىنىڭ يەنە بىر نامى ساج) ...غەربىي شىمال-دىكى پىچان، قوش مەملىكەتلىرىدىكىلەر... مىجەزى چۇس، باتۇر-جەسۇر بولۇپ، غەربىي جايلاردا سەلتەنەت يۈرگۈزگەن.»

يۇقىرىدا ئېيتىلغان «دى-چياڭ»دىكى "دى" دېگەن نامنى ئالساق، "دى" غەربىي رۇڭلاردىن بىرىدۇر.

سىكېس (Sykes) يازغان «فارس تارىخى»نىڭ 307-بېتىدە بايان قىلىنىشىچە: ئارساك سۇلالىسى ( Arsa cids ) ئەسلى يەرلىك ئاھالىدىن ئەمەس، چەتتىن كەلگەنلەردۇر، ئەسلىدە شىمالىي چېتىدىكى تۇرانلاردىن بىرى ئىدى، ئۇلارنىڭ بالدۇرقى نامى Daae ياكى Dahae دېيىلەتتى. [ئەسلەتمە: ئارساك سۇلالىسى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 249-يىلى باشلىنىپ، مىلادى 8-يىلغىچە (شەرقىي جۇ دەۋرىگىچە) داۋام قىلغان. ئاخىرى مىلادى

226 ـ يىلى (شۈي خانلىقىنىڭ كېيىنكى خوجىسى زامانىسى)دا مۇن- قەرىز بولغان]. خەن سۇلالىسىنىڭ ئىككى يىلنامىسىدە بۇلار توغ- رىسىدا مەخسۇس تەزكىرە قىلىنغان. تۈركىي تىلنى خەنزۇچە تەلەپ- پۇزدا ئىپادە قىلىش قائىدەسى بويىچە، Daae ياكى Dahae ئىھتىمال بالدۇر «دى»، كېيىن «داشىيا»نىڭ ئەسلى تەلەپپۇزى بولسا كېرەك.

شۇنداق قىلىپ، «دى ـ چىياڭ»نى Dahae-Syr دەپ ئوقۇشقا بولىدۇ.

گرېكچە قەدىمكى جۇغراپىيە كىتابتا Tochari (توخارى)، نىستورىيان پۇتۇك تاشلىرىدا Tohuristan، ياۋروپا تىللىرىدا Tokharestan دەپ ئاتالدى. «داشىيا»نىڭ گرېكچە نامى Bactriane (باكترىيان). («تارىخىي خاتىرىلەر» «خەننامە»، «تاغ ـ دەريالار كىتابى»دىكى داشىيا Tukhara ــ تۇخارانىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلىنىشىدۇر).

مىلادى 2 ـ ئەسىردە ئۆتكەن گرېك تارىخچىسى Arrianنىڭ ئېيتىشىچە، Daha-Toharلار ھۇنلارنىڭ زەربىسى بىلەن، تارىم تەرەپلىرىدىن غەربكە كۆچۈپ كەتكەن. لېكىن بەزى ياۋروپا تەتقىقاتچىلىرى Daha ياكى Tohar (بۇنىڭ تەكتى ئۇلۇغ يۆچى) لارنى ساكلاردىن دەپ ھېسابلايدۇ. «خەننامە»دە بولسا، ساكلار بىلەن ئۇلۇغ يۆچىلەرنى ئېنىق ئايرىپ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «خەننامە. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى»نىڭ 2 ـ قىسمىدا: «ئۇيسۇن ئاھالىسى ئىچىدە ساكلار، ئۇلۇغ يۆچىلەر ۋە باشقىلار بار» دېيىل- گەن. يۆچىلەر غەربكە كۆچكەندە، شۇ زامانلاردا ئىلى دەريا ۋادىسىنى ئىگىلىگەن ساكلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ يېرىنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشغال قىلىۋالغان؛ كېيىن ئۈيسۈنلار ھۇنلارنىڭ ياردىمى بىلەن يۆچىلەرگە ھۇجۇم قىلغاچقا، يۆچىلەر غەربىي جەنۇب تەرەپكە كەتكەن.

«خەننامە. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى»نىڭ 1 ـ قىسمىدا يېزىلىشىچە: بالدۇر ھۇنلار ئۇلۇغ يۆچىلەرگە ھۇجۇم قىلغان، ئۇلۇغ يۆچىلەر غەربكە كېتىپ، داشىياغا ھۆكۈمران بولغان، ساكلار شاھى جەنۇبتا كەشمىرگىچە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ساكلار تارقاق ئىدى، بىر ـ قانچە مەملىكەت بولۇپ كەتكەن، شۇلېنىڭ غەربىي شىمالىدىن ھۇشۇن، سىندۇ تەۋەلىرى ساكلاردىن ھېسابلىناتتى. (لياڭ شۇنچى يازغان «بۇددا ئىباراتى ھەققىدە» دېگەن كىتابتا بايان قىلىنىشىچە: «خەننامە. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى»دە ئېيتىلىدۇكى، ساكلار ئەسلىدە «گيۇن» فامىلىلىك رۇڭلاردۇر... ئۇلۇغ يۆچى مەملىكىتى بالدۇر ساكلار پادىشاھىنىڭ زېمىنى ئىدى.) يەنە شۇنداق دېيىلگەن: «ئۇلۇغ يۆچى كۆچۈپ يۈرىدىغان ئەل ئىدى، مال ـ ۋاران بىلەن كۆچۈپ يۈرەتتى، ئادىتى ھۇنلارنىڭكىگە ئوخشايتتى، يۆچىلەر يىراققا كەتتى، داۋان ئېلىدىن ئۆتۈپ، غەربتە داخانى بويسۇندۇردى... قالغان بىر قىسىم كېتەلمىگەنلىرى نەنسەن چياڭلىرى ئارىسىدا قېلىپ، كىچىك يۆچىلەر دەپ ئاتالدى.» «جۇنامە. ۋاڭ پەرمانلىرى شەرھى»دە قەيت قىلىنغان يى يىنشىيەن پەرمانىدا ئېيتىلىشىچە، شىمالدا داشىيا بىلەن ساركۆل (ياركەنت) بولۇپ، غەربىي ئەللەر ئىچىدە شيا، يىنلەر تەقلىتىدە قۇرۇلغان مەملىكەتلەردۇر.

مىلادى 2 ـ ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدا، يەنى خۋەندى خانىنىڭ جىيەنخې 3 ـ يىلى (مىلادى 147 ـ يىلى)، يۆچىلەرنىڭ تەسىر كۆچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆكئارتنىڭ شەرقىدىكى رايونلارغىچە كەلگەن. «بوددا جاۋاھىرلار نومى»نىڭ 76 ـ جىلدىدە قەيت قىلىنىشىچە، يۆچى پادىشاھى كانىشكا II كۆكئارتتىن ئۆتۈپ، شەرقىقە يەنى كاشغەر، ياركەنت، خوتەنلەرگە يۈرۈش قىلغان. مەسىلەن، ستەيىننىڭ نىيە خارابىلىرىدىن تاپقان (خەن ـ جىن زامانىسىدىكى) تارشا پۈتۈكلەرنىڭ بىرىدە: «يۆچى مەملىكىتىدىن غۇززىجۇ قىرىق توقىقۇز ياشتا، ئورتابوي قارامتۇل» دېگەن سۆزلەر بار، دېمەك يۆچى مەملىكىتىدىكى «غۇز» لار (ئادەمنىڭ ئىسمى «زىجۇ») باردى ـ كەلدى قىلىپ تۇرغان. (ۋاڭ گوۋېينىڭ «كۆچمە قوم تېگىدە قالغان پۈتۈكلەر» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ). «كېيىنكى خەننامە. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى»دە، يۆچى پادىشاھىنىڭ سۇلېنى (كاشغەرنى) كونترول قىلغانلىقى ۋە چىمپاننى يۆلەپ سۇلېغا پادىشاھ قىلغانلىقى بايان قىلىنغان.

يۆچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئانا يۇرتىنى ھېچقاچان ئۇنتۇمىغان. ئۇلار يېڭى ئۆزلەشتۈرگەن داشيا (داخا) رايونىدىن بۇددا دىنىنى شەرققە يولىلىغان، تاكى جۇڭيۇەن رايونىغىچە تارقاتقان، ئۇلار شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەتلىرىنى چاچقۇچىلار بولدى. چۈنكى ئۇلار كۇشان پادىشاھلىقى دەپ ئاتالغان دەۋردە (تارىخىي كىتابلاردا توخارلار دەپ ئاتالغان) بۇددا دىنىنى تەتقىق ۋە تەشۋىق قىلىش جەھەتلىرىدە چوڭ رول ئوينىغان.

ياۋروپا ئالىملىرىدىن ۋامبېرى (H·Vambery)، ھىرت (Hirth)لار ئۇلۇغ يۆچى بىلەن توخار بىر خەلقنىڭ باشقا ـ باشقا ئاتىلىشىدۇر دەيدۇ؛ بەيئۇكۇجى: غەربنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا Tokhara دېيىلگەنلەر ھەقىقەتتە خەنزۇچە تارىختا يۆچى دەپ

ئاتالغانلارغا توغرا كېلىدۇ، شۇنىڭدەك پتولېمېينىڭ Thagoura (Thogara) دەپ ئاتىغىنىمۇ توغرا كېلىدۇ دەيدۇ؛ جۈملىدىن ئۇمۇ ۋامبېرى بىلەن ھېرتلارنىڭ «يۆچىلەر تۈرك جىنسىدىن» دېگەن پىكرىگە قوشۇلىدۇ.

داشيادىن كېيىنكى يۆچىلەرنىڭ مەملىكىتى تارىختا «يەندا» (ئابدال، ئېفتال) مەملىكىتى دەپ ئاتالغان. مەسىلەن، «ۋېي-نامە. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى»دە: «يەندا مەملىكىتى ئۇلۇغ يۆچىلەر خىلىدىن، شۇنىڭدەك گاۋگۈي (ئۇيغۇر)لارنىڭ باشقا خىلىدىن ھېسابلىنىدۇ. بۇلار ئەسلىدە قورغان-سېپىلنىڭ شىمالىدىن چىقىپ، ئالتۇن تاغنىڭ غەربىي جەنۇبى ئارقىلىق ئۇدۇن (خوتەن) نىڭ غەربىگە كېلىپ، ئوكسۇس دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ئىككى يۈز چاقىرىمغىچە تارقالغان... غەربىي ئەللەردىن قانغۇي، ئۇدۇن، سۇلې، ئارساك ۋە شۇنىڭدەك ئوتتۇز نەچچە كىچىك مەملىكەت ئۇلارغا بېقىنىپ، چوڭ مەملىكەت ئاتالغان» دېيىلگەن. بۇ يەردە يەنە «گاۋگۈي»دېگەن نام كېلىپ چىقتى. گاۋگۈيلار ئەسلىدە دىڭلىنلار ئىدى. تارىخىي يازما مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، خەن دەۋرىدە دىڭلىن، جىن ۋە شىمالىي-جەنۇبىي خانلىقلار دەۋرلىرىدە تېلې ياكى گاۋگۈي ئاتالغانىدى. (دىققەت قىلىڭكى، ئىككىنچى بىر تەرەپنىڭ ئۆزئارا ئالاقىدىكى تەسراتى بويىچە قويغان كېيىنكى شەرھلىك-مەنەلىك نامنى دەسلەپكى ئۆز-نامىنىڭ ئەسلىسى دەپ چۈشىنىپ قالماسلىق كېرەك). سۈي دەۋرىدىن ئىلگىرىكى دىڭلىن ياكى چېلېلار بىلەن سۈي-تاڭ ئارىلىقىدىكى تېلېلار تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق نامى ئىدى. غەربىي دېڭىز (كاسپىي)نىڭ شەرقىدە تېلېلار كۆپ ئىدى. گوبى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۆلىنىڭ شىمالىدىكى تىلىلاردىن باشقا، ئۆزىغول (يىۋۇ)نىڭ غەربى، يەنجىنىڭ شىمالى، ئاق تاغ تەرەپلىرىدىكى ئۇلۇس گاۋگۈي قەبىلىلەر ئىتتىپاقى دەپ ئاتىلاتتى؛ بۇلاردىن تاشقىرى، جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى «ئوغوزلار» (خەن دەۋرىدە «ئۇگىي»، سۈي ـ تاڭ دەۋرلىرىدە «ئۇخۇ» ياكى «ئۇخىي»لار)مۇ تىلىلاردىن ئىدى. كان (سەمەرقەنت) مەملىكىتىنىڭ شىمالى، ئەتىل سۈي (ۋولگا دەرياسى) ۋادىسىدىكى قاز، گزار، بارغۇ، بىچىنەكلەر؛ كاسپى دېڭىزنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي يانلىرىدا سۇلغار، سامسۇيىن، مۆكسۈك؛ فوروم (شەرقىي روما)نىڭ شەرقىدىكى ئىسكى، ئالان، باشقۇردلارمۇ تىلىلاردىن ئىدى. تىلىلار سۈي دەۋرىدىن كېيىن «تۈرك» ئاتالغان خەلقنىڭ ئالدىنقى مۇجەسسىمى، شۇنىڭدەك ھىرودوت Turgitaus دەپ ئاتىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي گۇرۇپپىسىدۇر.

تارىخ كىتابلىرىدا «دى ـ چىياڭ»لارنى شىمالىي «دى»لار بىلەن ئوخشاش دەپ يازىدۇ؛ مەسىلەن، «جاۋ چۇڭگو تەزكىرى»دە: نوپلار يۆچىلەردۇر دېيىلىدۇ.

مۇبادا، دى ـ چىياڭلار شىمالىي دىلار بىلەن ئوخشاش بولسا، ئۇ چاغدا Dahae(r) ياكى Taghar بىلەن دى، دىلى، دىڭلىن (دىڭلىڭ)لار مەنبەداش ناملار بولىدۇ. خەنزۇچە تارىخلاردا، Taghar نى قەدىمكى دەۋردە دىڭلىن (دىلى) دەپ يازغان. شۇڭا، دى ـ چىياڭ (نوپ)لار بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى Taghar لار مەنبەداش جىنسقا (ئۇلۇسقا) كىرىدۇ، يەنى بىر ئۇلۇس ھېسابلىنىدۇ. (گويى تەي بايانىدا دېيىلىشىچە: چىياڭلار بىلەن شىمالىي دىلار بىردۇر). Taghar (دىلى، دىڭلىڭ)لار كېيىنكى تارىخ كىتابلىرىدا تىلى دەپ يېزىلغان.

هۇنـلار، دىڭـلىن (دى، تى)لار شـىمالـدىن جەنۇبـقا كۆچۈپ تەڭرىتاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ھەتتا تەڭـرىتاغـنى بويـلاپ غەربـكە ۋە شەرققە يېيىلغان. يۈچىلەر بىلەن ھۇنلارنىڭ ئۇرۇشى نەتىجىسىدە، يۈچىلەر تەڭرىتاغنى ياقىلاپ غەربكە كۆچـكەن. شۇنىڭـدەك، دى ـ چياڭلارنىڭ بىر قىسمىمۇ تارىمـنىڭ شەرقىي جەنۇبى ئارقىلىق غەر ـ بىي جەنۇبـقا يېيىلغان. «خەننامە. غەربىي ئەللەر تەزكـىرىسى»دە قەيـت قىلىـنىشـىچە، «ۋۇدى خان تۆت ئەترا پـتىكى غەيـرىلەرگە يۇرۇش قىلىپ، زېـمىن دائىرىـسىنى كېـڭەيتـكەچـكە، شىمالـدىكى ھۇنلار سۈرۈلۈپ، چياڭلار غەربكە ھەيدەلگەن» سەۋەبـتىن، چياڭ ـ لار غەربكە كۆچۈپ، تارىم ئويمانلىقـنىڭ غەربىدىـكى پامىر ئېگىز ـ لىـكى (ئەسـلىـدە قاراقۇرۇم)دىـن ئۆتـكەن، شۇنىڭـدىن تارتىپ، چياڭلار پامىر ئېگىزلىكىنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىي جەنۇبىـدىكى جىلـ غىلارنى ماكان قىلغان. شۇنداق كۆچۈشـلەر نەتىجىـسىدە تەڭرىتاغ ـ نىڭ جەنۇبىدىكى دېھقانچىلىق قىلىـدىغان مەدەنىيەتـلىك قەبىـلىلەر شىمالدىكى يايلاق قەبىلىلىرى بىلەن بىر ـ بىرىگە تەسـىر قىلىشـقان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىي مەنبەلەردە يەنە «سىرلار» دېگەن خەلق قەيت قىلىنىدۇ. بۇلار تېلېلار بىلەن بىر ئۇلۇس، شۇنىڭدەك چياڭ ـ لار بىلەنمۇ تېگى بىر مىللەتتۇر. مىلادىدىن ئىلگىرى، يەن خانلىقى ـ نىڭ مورۇن جۇن زامانىـدا، ھۇن كەڭـرۇسى (پادىشاھـى) خالـتۇ 35 مىڭ كىشـىسى بىلەن (تار) توس لارغا تەسـلىم بولـدۇ، كېيىن «سىرلار» بىلەن ئارىلاش ياشىغاچقا، «سىرتاردۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. خەنـزۇچىـدىكى «شـۆ» ئەسـلى «سا» بولۇپ، كېيىن «شـۆ» بىلەن بىر تەلەپپۇزدا ئىشلىتىلگەن، تەلەپپۇز قائىدىسى بويىچە siar-siat دەپ ئوقۇلىدۇ.

ۋەدىمكى دەۋردە، مۇنداق چوڭ كۆچۈشلەرگە تەبىئىي شارائىت-لارمۇ سەۋەب بولغان، شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتمۇ سەۋەب بولغان. كۆكئارتىنىڭ غەربىدىكى داشىيا (داخا) ياكى تارىم ئويمانلىقىدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كۆچۈپ بېرىپ ماكانلاشقانلارمۇ ئاز ئەمەس. خەن دەۋرىدە، غەربىي ئەللەردىكى ئاھالىدىن جۇڭيۈەنگە ياكى خېشى رايونىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋقلاشقانلارمۇ بار. «خەننامە. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى» ئورسۇق (ئاسۇق) ماددىسىدا، (تاڭ دەۋرىدىكى) يەن شىگۇنىڭ ئىزاھىچە: «ھازىر يۈچۈ ئوبلاستى لىچۈەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا ئاسۇق ئارت دېگەن بىر تاغ بار، ئەسلىدە خەن دەۋرىدە ئارسۇق ئاھالىسىدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. شۇڭا بۇ يەر شۇلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.» ئاسۇق ياكى ئوش ھازىرقى ئاقسۇ ۋىلايىتىدۇر. يەنە «خەننامە» 28 ـ جىلد «جۇغراپىي ئەھۋالات»دا بايان قىلىنىشىچە: خەن دەۋرىدە ئەندىڭ ۋىلايىتى (گەنسۇنىڭ پىڭلياڭ ۋىلايىتى)دە يۈچىلەر ئايمىقى بار، شاڭشاڭ ۋىلايىتى (شەنشى سۈيدېمىن)دە كۇچا ناھىيىسى بار، ئالدىنقىسى يۈچىلەر ئۇچۇن قۇرۇلغاچقا «يۈچى ئايمىقى» دەپ ئاتالغان؛ كېيىنكىسى كۇچادىن ئىچكى جۇڭگوغا كۆچۈپ كەلگەنلەر ئۈچۈن قۇرۇلغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. كەيىيۈەن يىلىدىكى «ىسكادىنى ئىبارىلىرى» نىڭ II جىلدىدە ئېيتىلىشىچە: مەشھۇر بۇددا سۇترا تەرجىمانى ئۇپاساكا چىروكاچانىڭ خەن سۇلالىسىدىن لىڭدى زامانىسىدا (مىلادى 168 ــ 189 ـ ) ئۇلۇغ يۈچىلەردىن بىرقانچە يۈز كىشىنى باشلاپ، جۇڭگوغا كەلگەن؛ ئەندىڭ ۋىلايىتىدە جايلاشقان يۈچىلەر ئەنە شۇ باشلاپ كەلگەنلەردىن بولۇشىمۇ ئېھتىمال. ئەمما بۇ جايلاردا ئەزەل-

دىن يۈچىلەر بار ئىدى.

پاركېر (E.Parker) خەنزۇچە مەنبەلەرگە ئاساسەن شۇنداق دەيدۇ: ئۇلۇغ يۈچىلەر ئەسلىدە دۇنخۇاڭ بىلەن چىلەن ئارىلىقىدا (يەنى ئېنىقراقى لوپنۇر بىلەن كۆكنۇر ئارىلىقىدا) ياشايتتى. ھۇن باتۇ كەگرۇ يۈچىلەرگە ھۇجۇم قىلدى، قەرى كەگرۇ يۈچىلەرنى قىرغىن قىلدى. ئۇلۇغ يۈچىلەر شۇنىڭدىن كېيىن، ھازىرقى قوچۇ يېنىدىن تەگرىتاغنى ھالقىپ، داۋانغا كەتتى. ئىسسىق كۆلنى ئايلىنىپ، شاش ۋە ئارال كۆلىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن شەرقىي جەنۇبقا يۈرۈپ، داشىيا (Bactria) كېيىن (Toharoi)غا ھۇجۇم قىلىپ بۇلارنى بويسۇندۇردى، ئوكسۇس دەرياسىنىڭ شىمالىنى ئوردا قىلدى. يۈچىلەر داشىيانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئەلنى شيۇمى، شۇاڭمى، گويشاڭ، شىتۇن، دۇمى دېگەن بەش يابغۇغا بۆلدۇ. كېيىن كۇشان يابغۇسى كۇزۇلا (kuzuladadphis) قالغان تۆت قىسمىنى يوقىتىدۇ، ئارساكقا ھۇجۇم قىلىپ كابۇلنى ئالدۇ، ئاندىن يەنە پامىر، كەشمىرلەرنى ئىگەللەيدۇ. كۇزۇلا ئۆلۈپ، ئوغلى يەمە كاتپىس (yemakadphis)خان بولۇپ، پەنجاپنى تارمار قىلدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ يۈچىلەر زورىيىپ، چوڭ مەملىكەت ئاتىلدۇ.

كېيىن، كۇشان زېمىنىدا ياندا (يەندەن) مەملىكىتى ۋۇجۇتقا كەلدى. غەرب تارىخچىلىرى بۇنى Abdals، Viddhals، Hait Ephthalites ياكى hals بىزانس (ۋىزانتىيە) يازما مەنبەلىرىدە Hephtalitas دەپ ئاتىدى. مانا مۇشۇ ھەر خىل ئاتالغان بىر خەلق تىبلې (گاۋگۈي) 15 ئايمىقىدىن بىرى-ئابدال ئىدى. (ئەسلەتمە: «ئابدال» ئىران تىلىدا «كەزگۈچى» «تەرك ئەتكۈچى» دېگەن بولىدۇ، ئىران تىلىدا سۆزلەشكۈچىلەر شەرقتىن كۆچۈپ

كەلگەنلەرنى Abdal دەپ ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن). ياكى بولمىسا، «شىمالىي خانلىق تارىخى»دا بايان قىلىنىشىچە: گاۋگۇيلاردىن ئاۋزىلا يۈزمىڭدىن ئارتۇق كىشىنى باشلاپ غەربكە كۆچۈپ بېرىپ، ئۆز ئالدىغا خوجا بولغان. يەنە بىر رىۋايەتتە: بۇ مەملىكەت يۈچەنلەردىن قۇرۇلغان مەملىكەت بولۇپ، هازىرقى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا 5 ـ ئەسىردە تارقالغان، دېيىلىدۇ. شىمالىي ۋېي خانلىقى تەيخې 8 ـ يىلى (مىلادى 488 ـ يىلى) پارىسلارنى مەغلۇپ قىلغان، كېيىن قانغۇينى (بۇغدىياننى)، ئالساكىت، سۇلى، ئۇدۇن ئەللىرىنى بويسۇندۇرغان. ئاخىرىدا بۇلار تۈركلەر تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

تارىختىن ئىلگىرى تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان خەلقلەر توغرىسىدا ئالىملارنىڭ قاراشلىرى بىر خىل ئەمەس. ياۋروپا ئالىملىرى ساكلار بىلەن ئارىيانلار جىنسىدىكى مىللىي گۇرۇپپا دەپ هېسابلايدۇ؛ بەزىلىرى ئېنىقى serindians (سېر ـ هىندلار) دەيدۇ.

جيەن بوزەن ئەپەندى خەنزۇچە رىۋايەتلەرگە ئاساسەن مۇنداق مۇلاهىزە يۈرگۈزگەندى: خۇاڭدىدىن تارتىپ ياۋ، شۇن، يۈلەر غەربىي خان ئانا بىلەن باردى ـ كەلدى، سوۋغا ـ سالام قىلىشىپ تۇرغان. «قۇتلۇق بېشارەت»، «جىيازى تىۋزەتكەن ماقالىلەر»، «نەسەبنامە»، «قەدىمنامە تەزكىراتى»، «شۇنزىنىڭ ئومۇمىي بايانلىرى»، «خۇەينەنزى» دېگەن كىتابلاردا يېزىلىشىچە، ــ دەيدۇ جيەن بوزەن ئەپەندى ــ «ئەپسانىۋى شەخسلەرنى ئالامەت قىلغان تارىخىي دەۋر جۇڭگونىڭ يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا هەم ئاخىرقى باسقۇچلىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ شەخسلەرنىڭ غەرب خان ئانىسى بىلەن باردى ـ كەلدىلىرىدىن شۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدىن كېيىن،

شىيا ئۇرۇقى سىستېمىسىدىكى نوپ ـ سىرلار بىلەن تارىم ئويـ
مانلىقىدىكى ئۇرۇقلار ئوتتۇرىسىدا قانداشلىق مەدەنىي مۇناسىۋەت
پەيدا بولغان.»

قەدىمكى غەرب خان ئانىسىنىڭ ئېلى تارىم ئويمانلىقىنى كۆر-
سىتەتتى، غەربىي خەن دەۋرىدە، غەربىي ئەللەر زېمىنىنىڭ دائىـ
رىسى كېڭىيىشى بىلەن، خان ئانىنىڭ ئېلىمۇ يىراقتا سۈرۈلۈۋەرگەن.

بۇ يەردە نوپ ـ سىرلار بىلەن بىللە يەنە يۆچىلەرمۇ ئۇچرايدۇ.
بۇ مىللىي گۇرۇپپىنىڭ پائالىيەت دائىرىسى نوپ ـ سىرلارنىڭـ
كىدىنمۇ كەڭرى بولغان. «يۆچى» دېگەن نام خەنزۇچىدا قەدىمكى
دەۋردە ھەر خىل خەتلەر بىلەن يېزىلغان: يۈيىسى، يۈيجۇ، يۈسى،
يۆچى. «گۇەنزى كىتابى»دا ئېيتىلىشىچە: يۈيىسى ئېلى قاشتاش
چىقىدىغان يەر، جۇ سۇلالىسىغا 7 مىڭ 800 چاقىرىم كېلىدۇ.
شۇنىڭدەك قارا قۇرۇم تېغى بىلەن بىللە بايان قىلىنىدۇ، بۇنىڭغا
قارىغاندا، ھازىرقى خوتەن (ئۇدۇن) تەرەپلىرى ئىكەنلىكىگە گۇمان
يوق. چۇنچيۇ زامانىسىدا (مىلادىدىن ئىلگىرى 722 ـــ 488 ـ يىلـ
لىرى) تارىم ئويمانلىقىدىكى ئۇرۇقلاردىن جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونـ
لىرىغا مەلۇم بولغىنى يۈيىسىلار ئىدى. كېيىنكى ھۆججەتلەردە بۇ نام
ھەر خىل يېزىلغان. مەسىلەن: «زوچيۇمىڭ يىلنامىسى»دا، «يۈي»،
«مۇتيەنزى تەزكىرىسى»دە «يۈيجۇ»، «تارىخىي خاتىرىلەر. داۋان
تەزكىرىلىرى»دە «يۆچى». قەدىمكى دەۋردە تىل تاۋۇشلىرى بولۇپ،
خەت يوق ئىدى، كېيىنكى دەۋر ئادەملىرى ئۇ تاۋۇشلارنى خەت ئار-
قىلىق خاتىرىلەپ قويغاچقا، نامنىڭ يېزىلىشىدا مۇنداق ئىختىلاپلارنىڭ
بولۇشى مۇقەررەر ئىدى. كېيىن يېزىق مەيدانغا كېلىپ، تەلەپپۇز
بويىچە يېزىش (تەرجىمە قىلىش) ئۇسۇلى پەيدا بولدى، نەتىجىدە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

يەنىلا بىرلىككە كېلەلمىدى. «تاغ-دەريالار كىتابى»نىڭ بىر بابىدا «يۆچى» دەپمۇ يېزىلغان.

يۈيسى، تارىخ كىتابلىرى بويىچە يۆچىلەر شىيا جەمەتىنىڭ ئىپتىدائىي ئۇرۇقلىرىدىن ئىدى. ئەسلىدە ئوردوس تەرەپلىرىدە ياشايتتى، كېيىن ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى جۇڭيۈەنگە كۆچۈپ كەلگەن، بىر تارمىقى گەنسۇغا كۆچكەن، يەنە بىر قىسمى بالدۇرقى ماكانىدا قېپقالغان. «مۇتيەنزى تەزكىرىسى»دە ئېيتىلغان «يۈيجۇ يېزىقى» (تۈزلەڭلىكى)، ۋاڭ گوۋېينىڭ ئېنىقلىشىچە، يەنىمۇ (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى شىيۈي)نىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. يۈيچىلەرنىڭ باشقا بىر تارمىقى تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋردىلا غەربكە قاراپ تارىم ئويمانلىقىغا كۆچكەن. «گۈەنزى، كىچىك ۋىلايەت بابى»دا: «غەربتە كۆچمە قوم غەربىدىكى يۈيلەر» دېيىلگەن. «غەربىي يۈيلەر» دېگەن راست بولسا، ئۇ چاغدا بۇلارنى كۆچمە قۇمغا كۆچۈپ كەتكەن يۈيسىلار دېيىشكە بولىدۇ. غەربكە كۆچكەن بۇ يۈيسىلەر چۇنچيۇ دەۋرىگە كەلگەندە، «يۆچى» دېگەن نام بىلەن جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىغا مەلۇم بولغان. خەن دەۋرىدە بولسا، «يۆچى» دېگەن نام بىلەن غەربىي ئەللەردە نامايان بولغان.

يۆچى — تەلەپپۇز بويىچە تەرجىمە قىلىنغان نام. ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدا 月 氏 yué-zhi دەپ ئوقۇلىدۇ. قەدىمكى دەۋردىكى خەنزۇ تىلىنىڭ تەلەپپۇزى ھازىرقى زاماندىكىدىن مۇتلەق پەرقلىنىدۇ.[1] كارلگرېن (Karlgren)نىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىڭ تەلەپپۇز قانۇنىيىتى بويىچە ئوقۇش ئۇسۇلىغا ئاساسلانغاندا، 月 氏 تەخمىنەن (Guat-ti* ،Gwat-ti* ،Got-ti* ،Gut-ti*،

شۇنى ئېيتالايـ» :پىكرىچە پېللىئوتنىڭ .دەپ ئوقۇلىدۇ (*Gat-ti
مەنىكى، 月 خېتى مىلادىنىڭ 5 يۈزىنچى يىللىرىدا *ngiwat
دەپ ئوقۇلۇشى مۇمكىن. تاڭ دەۋرىدىكى تۈبۈت تىلىدىن تەر-
جىمە قىلىپ يېزىش بىلەن يۈەن دەۋرىدىكى پاسىپا ئېلىپبەسى
بويىچە تەرجىمە قىلىپ يېزىشتا، ṅ ھەرپى بوغۇز-دىماق بىلەن
تەلەپپۇز قىلىنىدۇ... شۈەنزاڭنىڭ خاتىرەنامىلىرىدە Koṅgodaنى
"گۈڭ يۈيتو" دەپ يازغان ("يۈي" خېتى *ngiwo دەپ ئوقۇلاتتى)
...تاڭ دەۋرىدىن مىسال ئالساق، ئىران تىلىدىكى "ئاگوز"
(agoz)نى خەنزۇچىدا "ئايۋ" ياكى "ئايۋخۇن" دەپ يازغان.
يەنە، تۈركىي قەبىلىلەردىن خەنزۇچىدا "چۇيۋ" (处月) دېيىلـ
گەن نامدىكى "يۋ" سۆز بېشىدا كەلمىگەن. قىسقىسى، خەنزۇ
تىلىدا قەدىمكى ng- تاۋۇشىنىڭ تەلەپپۇز تەرجىمىسى بويىچە
g- يېزىلىشىغا تاڭ دەۋرىدىن مىساللار تېپىلىدۇ.» كونوۋ (Sten
KonoW) يۋچى دېگەن نام «تۇخار» دېگەن نام بىلەن يەكۈنلەنـ
گەن، يەنى كۇچانىڭ قەدىمكى نامى، ھەقىقەتەن kuči (گۇچى)،
ھازىرقى كۇچا دېگەن نامىلارنىڭ بىر خىل مۇئەننەس يولى بىلەن
يېزىلىشىدۇر دەپ ھېسابلايدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، "يۋ" خېتى Kü،
göt، göz، gil دەپ ئوقۇلىدۇ. تاڭ دەۋرىدىكى "گۇڭ يۋ"
شەھىرى Kun-gis (ھازىرقى كۈنەس، يەنى كۈنگەي مەنىسىدىكى
يەر نامى) ئىدى. قەدىمكى دەۋردىكى خەنزۇ خەتلىرىنىڭ تەلەپپۇز
قىلىش قانۇنىيىتىگە ۋە تەلەپپۇز بويىچە تەرجىمە قىلىنغان ناملارنىڭ
مەنىبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى،
"يۋچى"نى گۆچەر (گۆچېر)دەپ ئوقۇشمۇ مۇمكىن، ئۇ چاغدا
قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «يۈرتەجى» — «كۆچۈپ يۈرگۈچى»، «كەز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۆچى»، «ماكان تۇتمىغۇچى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر «يۆچى» — يورتچى دەپ ئوقۇلىدىغان بولسا، «ئاستا يۈرگۆچى»، «سۈرۈلۈپ ماڭىغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «يۆچى»نىڭ مەنىسى «ماڭىغۇچى» «كۆچكۈچى» دېگەندىن ئىبارەت. بىراق، يۈيشى لاۋتى ئەپەندى «غەربىي ئەللەردە بۇددا دىنى» دېگەن كىتابىدا «ئۇلۇغ يۆچى»نى Jukhära (يۇغار)دەپ ئوقۇغان.

شۇنىڭدەك، يۆچىلەردىن كېيىنكى رۇرەن (رۇرۇ تۇتقۇنلىرى، رۇەن-رۇەن، رۇيرۇي، رۇرۇ)، (دۇيۇنىڭ ئېيتىشىچە: رۇرەن، بۇلارنى كېيىنكى ۋېي خانلىقى تەيۋۇ زامانىسىدىن كېيىن بىلمەيتتى، تۇرقى ھاشارەتتەك بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلارغا رۇەن-رۇەن — سۆرەلگۈچىلەر دەپ نام قويغان؛ سۇڭ دەۋرىدىكى چى ئۇنى «رۇ-رۇ» دەپ ئاتىغان). «جەنۇبىي چىنامە»دە دېيىلىشىچە: «رۇ-رۇلار قورغان-سېپىلنىڭ سىرتىدىكى ئارىلاش غۇزلاردۇر… ھۇنلارنىڭ قەدىمكى ئوردىسىنى ئىگىلەپ، غەربىي ئەللەردە ھەيۋە كۆرسەتتى». «لىياڭنامە»دە: «رۇرۇ ئېلى ھۇنلارنىڭ باشقا خىلىدۇر. ۋېي، جىن دەۋرلىرىدە، ھۇنلار بىرقانچە يۈز، ھەتتا مىڭ تارماققا بۆلۈنۈپ، ھەرقايسىسى بىر نام بىلەن ئاتالغان، رۇرۇلار شۇلارنىڭ بىر قىسمىدۇر» دېيىلگەن. بۇلار راسا راۋاج تاپقان چاغلىرىدا، ھەتتا ئۇدۇن (خوتەن) ۋە ئۇيسۇنلەرگىچە بېرىپ يەتكەن. «شىمالىي خانلىق يىلنامىسى»دە دېيىلىشىچە: رۇەن-رۇەنلەر يۇگۇرۇ جەمەتىدىن… يۇگۇرۇ (يۇغۇر) ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى گۇلۇخۇر سۇمكەن ئۆز ئېلىگە باش بولۇپ، ئۆزىگە رۇرەن (ئاۋار) دەپ نام بەرگەن.

تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، رۇرەنلەر-ئارىلاش غۇزلاردۇر،

شۇڭا ئۇلارنىڭ تىلى ۋەكىللىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. بىر مىللەت ياكى ئۇلۇسنى تەتقىق قىلغاندا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تىلىنى ئېنىقلىۋېلىش، جۇملىدىن شۇ مىللەتنىڭ قەدىمكى ياشىغان ماكانى دائىرىسىدىكى ئىز-خارابىلىرى بىلەن شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى بىرلەشتۈرۈپ قاراش، ماددىي مەدەنىيەت تەركىبلىرىنىڭ بىرلىكى ھەر خىل ئىز-سارقىت بولۇپ قالغان تىلدىكى بىرلىكنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىنى تەھلىل قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن تىلنىڭ قايسى سىستېمىغا كىرىدىغانلىقىنى پەرق ئېتىش لازىم؛ تىلنىڭ سىستېمىسىنى پەرق ئېتىشتە، تارىخىي تىلشۇناسلىق — سېلىشتۇرما ئۇسۇلنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

ھۇنلارنىڭ تىلى توغرىسىدا قالغان ماتېرىياللار يوق دېيەرلىك، پەقەت تارىخ كىتابلىرىدا يېزىلىپ قالغان ئاتچە-مۇنچە (ئېنىقراقى تامچە-زەررىچە) سۆز-ئىبارىلەرگە قاراپ قىياس قىلىش مۇمكىن.

ياۋروپا تىلشۇناسلىرىدىن تولىسى، مەسىلەن، رېموسات (M·A· Remusat) شاۋان (Ed·Chavannes)، لاۋفېر (B·Laufer)، پەركېر (E·H·Parker)، پېللىئوت (pelliot)، كرائوس (F·Krause) لار ھۇنلارنى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلق ھېسابلايدۇ. بولۇپمۇ كلاپروت (J·Klaproth) ئۆزىنىڭ «Sur Lldeutite des Tou-kiue et les Hiongnu avec les Turcs» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىدە، ۋىزانتىيە تارىخچىلىرى نىكىتا (Nikita)، گراماتىك (Lev Grammatik)، جورجى (Georgi) لارنىڭ «Oungri» (ئۇنغىرى) لار ھۇنلاردۇر دېگەن مەلۇماتىغا ئاساسلىنىپ، ھۇن قەبىلىرىنىڭ ئىچىدە گاۋگۇي (ئۇيغۇر) قەبىلىلىرىنىڭ ناملىرى بىلەن ئوخشاش ناملار بارلىقىنى تاپقان. مەسىلەن، Oghur

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(ئوغۇر)، Ounighour (ئونـغـۇر)، Outighour (ئوتـغـۇر)، Koutighur (قۇتىغۇر)، Sarroughour (سارروغۇر) ۋە باشـقىلار، دەيدۇ.

هۇن تىلـىدىن ساقلىنىـپ قالـغان سۆزلەرنى تەھلىل قىلغانـدا، تۈركىي تىـلغا مورفولوگـىيە، لېكسـىكا جەھەتـتىنلا يېقىـن بولۇپ قالماستىن، فونېتىكا جەھەتتىنـمۇ ئوخـشاشلىـقى بار. بۇ تىلـلارغا تەئەللۇق-تىل گۆرۈپپىلىرى ئوتتۇرىسىدىـكى ئىجتىـمائىي ـ تارىخىي مۇناسىۋەتنى شۇ تىللارنىڭ سىستېماتىـك مۇناسىۋەتلىرىـدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، دېگىلىن (گاۋگوي) تىلى بىلەن هۇن تىلىنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسـىۋىتى بار. «ۋېيـنامە»دە دېيىلىشىچە، دېگىلىن «تىلى هۇنلارنىڭ تـىلى بىلەن ئوخـشاش، گاهـىدا ئازراق پەرقلىنىدۇ». جۇملىدىن هۇن تىلى بىلەن يۈەچى تىلىنىڭ ۋە ئۇنىڭـدىن كېيىنكى ئاۋار تىلىنىڭمۇ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋـىتى بار. هۇنلار غەربكە كۆچـۈش جەريانىدا، كۆچانىڭ شىمالىدا ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قېپقالغان، هۇنلارنىڭ ئەشۇ قىـسمى قۇرغان مەملىـكەت، 5 ـ، 6 ـ ئەسىرلەردە «يىپار» دەپ ئاتالغان. «شىمالـىي خانـلىق يىلنامىسى. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى»دە، بۇ مەملىكەتـنىڭ «ئۆرپ ـ ئادەت ۋە تىلى گاۋگويلەرنىڭكىگە ئوخـشاش» دەپ قەيـت قىلىنغان؛ شۇنىڭـدەك، «شىمالىي خانلىقـلار يىلنامـىسى. تۈركـلەر تەزكىرـىسى»دە: ئۇلار «هۇنلارنىڭ باشقا خىلىدىن» دېيىلگەن.

قەدىمكى دەۋردە «قار» دەپ ئاتالغان (خەنزۇچىدا "گا") يەنە بىر مىلـلەت بار، بۇلار كىچىـك يۈچىلەردىـن بۆلۈنۈپ چىققان، كېيىن هۇنـلارغا بېقىنـغان. ۋېـي، جىـن دەۋرلىرىـدە، شاڭـداڭ (هازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدە) ۋىلايىتىدە ياشايتتى؛ «غۇز تەزكىرىسى»

گە (زارو-ئاستېرىزمغا) ئېتىقات قىلاتتى؛ جىن زامانىسىدا، قارلاردىن شىل كېيىنكى جاۋ خانلىقىنى قۇرۇپ، 16 دۆلەتتىن بىرى بولغان. «ۋېيسنامە» 95-جىلد، 83-تەزكىرىسىدە: «قارلاردىن شىل، تەخەللۇسى شىلۇك، لەقىمى بىل. ئۇلار بالدۇر ھۇنلارنىڭ باشقا خىلىدىن ئىدى» دېيىلگەن. جىن زامانىسىدا، بۇدا چىڭ (Buddho Ching)دېگەن غەربىي ئەللىك كىشى لوياڭغا كېلىپ دىن تارقاتقان ۋە شىلغا مەدەت بەرگەنىدى. ئۇ مۆجىزە كۆرسەتتى، قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىغا قاراپ كارامەت قىلاتتى. ئاشۇنداق كارامەت قىلىپ ئېيتقان گەپلىرىدىن ئىككى جۈملە ساقلىنىپ قالغان، بۇ خۇددى ھۇن ياكى تۈرك تىلىغا ئوخشايدۇ. مەسىلەن، «جىننامە» 95-جىلد 65-تەزكىرىسىدە مۇنداق يېزىلغان: «بۇددو چىڭگا... ئەسلى بو جەمەتىدىن (كۇچا پادىشاھ جەمەتىنىڭ فامىلىسى بو يەنى Puspa ئىدى)، كىچىك ۋاقتىدا "داۋ" تەرىقىتىنى ئۆگەنگەن، كارامەت كۆرسىتىشكە ئۇستا ئىدى، يۇڭجيانىڭ 4-يىلى (مىلادى 310-يىلى) لوياڭغا كېلىپ ئورۇنلاشقان، ئۆزى 100 ياشتىن ئاشتىم دەيتتى... قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىغا قاراپ ياخشى-يامانلىقىنى ئېيتىپ بېرەتتى.»، «لوياڭدا باسمىچىلار مالىمانچىلىقى بولدى... لىيۇياۋ لوياڭغا ھۇجۇم قىلغاندا، شىل بېرىپ ياردەم بەرمەكچى بولغانىدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى ياردەم بەرگىلى بولمايدۇ، دەپ توسۇشتى. شىل ئاخىر بۇددوچىڭگانى زىيارەت قىلدى. چىڭگا مۇنداق دېدى: «قوڭغۇراق دەيدۇكى: سۇچى تىرەگەن، بۇگۇ قورتۇتان (شيۇجى تىلى گاڭ، بۇگۇ كۇتۇداڭ) بۇ قار تىلىدۇر». سۇچى قوشۇن دېمەكتۇر؛ تىرەگەن چىقىپ قوغلىغان دېمەكتۇر؛ بۇگۇ لىيۇياۋنىڭ غۇزچە ئېتىدۇر؛ قورتۇتان — قولغا چۈشكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېمەكدۇر. بۇ ــ قوشۇن چىقىپ قوغلىسا ــ تىركەشسە، لىۋ ياۋ قولغا چۈشىدۇ، دېگەن گەپ بولىدۇ.» بۇ ئېھتىمال ھۇنلار غەربكە كۆچكەندە كۇچا تەرەپلىرىگە جايلاشقان قىسمىنىڭ تىلىدىن قالغان مىسال بولسا كېرەك. بۇ غەربىي دىياردىن «بو» يەنى «پوسپا» فامىلىلىك بۇددو چىنگا سۆزلىگەن تىل.

قىسقىسى، ھۇن، يۆچى (كېيىن رۇرەن يەنى ئاۋار)لار ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى توغقان ئۇلۇسلاردۇر. بۇ ئۇلۇسلارنىڭ تىللىرى تارىم ئويمانلىقىدىكى خەلقلەرنىڭ تىللىرىغا مەلۇم تەسىر بەرگەن.

بەزى ياۋروپا ئالىملىرى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىدىكى قەدىمكى يەرلىك ئاھالىنى ساكلاردىن دەپ ھېسابلاپ، «ساكلارنىڭ ئەسلى يۇرتى ئىران، ئۇلار ئىران تىلىدا سۆزلىشەتتى»، شۇڭا تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاھالىنىڭ تىلىنى «شەرقىي ئىران تىلى»غا كىرىدۇ دېگەن مۇلاھىزە بىلەن، ساكلارنى ئارىيانلار قاتارىغا كىرگۈزىدۇ. (سوۋېت ئىتتىپاقىدىن) بېرنشتام 1948-يىلى مەركىزىي تەڭرىتاغ ۋە پامىر رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىش ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن شۇنداق دەيدۇ: سترابون، پتولېمېيلەر ئىماۋۇس ــ پامىر يېنىدا ھۇنلار بار دەپ يازغان، كۇمىدلار شۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن تۈركلەشكەن؛ نەتىجىدە تۈركىي ئالامەتلىك يېڭى ئېتنىك گۇرۇھ ۋە مەدەنىيەت تىپى پەيدا بولغان. تىل ماتېرىيالى بولمىغاچقا، سۇلې (كاشغەر) تەرەپلىرىدىكى ئاھالىنىڭ جىنسىي خاسلىقىنى ئېنىقلاش تەس. لېكىن شۇنىسى روشەنكى، يۆچىلەر مىلادىيىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن شەرققە قاراپ راۋاجلىنىپ، خېلى زامانلارغىچە سۇلې-كۇچا تەرەپلىرىنى كونترول قىلغان.

«ئۈچ پادىشاھلىق ئەھۋالاتى. ۋېي ئەھۋالاتى»دا «غەربىي

رۇڭلار تەزكىرىسى»دىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ: «دۇنخۇاڭنىڭ غەربىدىن نەنسەنگىچە، نوپ-سىر (چارقىلىق)نىڭ غەربىدىن كۆكئارتقىچە بىرقانچە مىڭ لى يەردە يۆچى قوۋمى "بار" دېيىلگەن. يۆچىلار "داخا"غا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، قارۇشتى يېزىقىنى قوللانغان. ھىندىستاننىڭ ئەڭ بالدۇرقى يېزىقى قارۇشتى يېزىقى ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاخمانىلار (مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 6 — 4-ئەسىرلەر) ئوردۇسىدا قوللىنىلغان ئارامى يېزىقىدىن ئېلىنغان، ئاخمانىلار ئارامى يېزىقىنى ھىندىستانغا ئېلىپ كىرگەن. بۇ يېزىق داخا رايونىدىمۇ قوللىنىلغان. يۆچىلار داخا يەرلىرىنى بۆلۈپ ئىدارە قىلغاندا يابغۇ تۈزۈمىنى قوللانغان. كۇزۇلا دادپىس پادىشاھ بولۇپ، "كۇشان" پادىشاھى ئاتالغاندا، ئۇنىڭ چىقارغان تەڭگە پۇلىدا قارۇشتى يېزىقى بىلەن تۈركچە ئەمەل نامى "يابغۇ"، يەنى سانسكرىتلاشقان yavugasa ياكى vaŭsasa ئويۇلغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، يۆچىلار غەربكە كۆچۈپ "داخا"نى يېڭى ئىشغال قىلغان چاغلىرىدا، ئۆز تىلىدا يەنى "ئالتاي تىلى"دا سۆزلىشەتتى. "داخا" رايونىدا ئولتۇراقلىشىش جەريانىدا غەربتىكى يېقىن قوشنىسى ئارساكلار (پارفىيە)نىڭ، جەنۇبتىكى ھەقەمسايىسى ھىندىستاننىڭ مەدەنىيەتلىرىنى، شۇنىڭدەك گرېك ئامىللىرى سىڭگەن يەرلىك (كۇشان) مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان، شۇنىڭ بىلەن تىلىدا سان ۋە سۈپەت ئۆزگىرىشى بولۇشقا باشلىغان. شۇ سەۋەبتىن، كېيىنكى چاغلاردىكى تۇخار تىلى «شەرقىي ئىران تىللىنىڭ تارمىقى» دەپ ئاتىلىپ قالغان. لېكىن ئەمەلىيەتتە، يۆچى ياكى تۇخار تىلى ساپ ئىران تىلى ئەمەس، بەلكى ئىران-ھىندىچىلاشقان ئالتاي سىستېمىسىدىكى تىل گۇرۇپپىسىدۇر. شۇڭا، كېيىنكى كۈنلەردە

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرلار بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلغانلىرىدا، ئۆزىنىڭ تىلىغا يېقىنراق بولغان "توخرى" تىلىدىن تەرجىمە قىلغان. پېللىئوت (Paul Pelliot)نىڭ پىكرىچە، تۇخار تىلى جۇڭگولۇقلار ئۇلۇغ يۆچى دەپ ئاتىغان خەلقنىڭ تىلىدۇر، مۇشۇ تىلدا يېزىلغان بۇددا نوملىرى كۆپىنچە تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا شىمالىدىكى كۇچا ۋە شەرقىدىكى تۇرپانلاردىن تېپىلدى. ئاخىرىدا ئۇ يەنە: شەرقىي ئىران تىلى پارسلارنىڭ قەدىمكى تىلىدۇر، يەنى جۇڭگولۇقلار ئارساك دەپ ئاتىغان ئەلنىڭ تىلىدۇر، دەيدۇ. بۇ تىلدا يېزىلغان نۇرام كىتابلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدا خوتەن بىلەن دۇنخۇاڭنىڭ ئارىلىقىدىن كۆپ تېپىلغان. كېيىنكى سوغد تىلى ئىران تىللىرى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. پېللىئوت ئۇلارنى، بۇددا دىنىنىڭ بارا-بارا شەرققە قاراپ كېڭىيىشىگە ۋاستىچىلىق قىلغان مەۋقەسىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىران تىللىرىغا مەنسۇپ مىللەت، دەپ ھېسابلايدۇ-دە، بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىدا شۇلار خىزمەت كۆرسەتكەن دەپ، تۈركىي تىلدىكى مىللەتلەرنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. بۇ — بىر تەرەپلىمە نۇقتىئىنەزەردۇر. پىشچېل (Pischel) ئۆزىنىڭ بىر دوكلادىدا: «سىگ (E·Siegk) ۋە سىگلىڭ (W·Siegling)لار تۇخار دەپ ئاتانغان تىلنى يۆچى تىلى دەيدۇ» دەپ تەكىتلىگەن. تۇخار تىلىدىكى «پراتىموكسا»، كۇچانىڭ يېنىدىن تېپىلغان ئۇلۇغ يۆچى تىلى يەنى تۇخار تىلىدا يېزىلغان «سارۋاستىۋادىن»نىڭ كەمتۈك جىلدىدە، شۇنىڭدەك كۇچالىق مەشھۇر تەرجىمان كۇماراجىۋا «داسابىكسۇنى سالا»نى ئۇلۇغ يۆچى تىلىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. 1907-يىلى مۇللېرنىڭ ئېكسپېدىتسىيە (قېدىرىش) دوكلادىدا دېيىلىشىچە، ئۇلار تاپقان «مايىتريا ۋياكارانا»-

نىڭ مۇقەددىمىسى ئاخىرىدا ئەنەتكەك (ھىندى) تىلىدىن توخرى تىلىغا ئۆرۈلگەن، ئاندىن توخرى تىلىدىن تۈرك تىلىغا ئۆرۈلگەن دەپ قەيت قىلىنغان. پېلليئوت 1907 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، باي بىلەن سايرام ئارىلىقىدىكى ئېگىزلىكتە يول ئۈستىدىكى شالدىراڭدىن براھما يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈك قېزىۋالغان. تىل جەھەتتىن، مۇللېر ۋاقتىنچە ئۇنىڭغا "B توخار تىلى" دەپ نام قويغان؛ لېۋى بولسا، «مەن ئۇنىڭ مەنبەسىگە قاراپ ئۇنىڭغا كۇچا تىلى دەپ ئات قويدۇم... بۇ تىل دۆلدۆل ئوقۇردىكى ئىبادەتخانا (يەنى مىڭ ئۆيلەر) دىلا ئىشلىتىلىپ قالماستىن، ساراي ـ ئوردىنىڭ يول خەت ـ لىرىدىمۇ قوللىنىلغان» دەيدۇ. ئۇنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، 3 ـ تارشىدىكى ئېنىق بولمىغان Piṅkam (يازماق، پۈتمەك) سۆزى، بىزنىڭچە، تۈركىي تىلىدىكى Pitkän (پۈتكەن، پىتكەن يەنى يازغان) سۆزىگە ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ. يەنە مىسالغا ئالساق، bisi (كۇچا تىلىدا يۈك ـ تۈك ياكى ئالا ـ بۇلا دېگەن سۆز)نى bisi ياكى Pisi دەپ ئوقۇشمۇ مۇمكىن (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «پىسە» — ئالا مەنىسىدە) بۇ سۆزنى بىر خىل كۆن ـ تېرە دەپ چۈشەندۈرۈشمۇ مۇمكىن، ھازىرقى كۆنىدە bisho (بىشو — ئاياق كىيىمگە ئەستەر قىلىدىغان ئاق قىرىم). لېۋى يەنە «B دىئالېكتى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى كۇچا دېگەن كىچىك ئەلنىڭ ئەدەبىي تىلى، ھۆكۈمەت تىلى، دىنىي تىلدۇر» دەيدۇ. لېكىن بەزى ئالىملار قەدىمدە ئارىيانلارنىڭ بىر تارمىقى شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن دەيدۇ. شۇڭا، لۇمان (Leumann) خاتا ھالدا ئارىيان تىلى دېسە، لۇدېرس (Luders) ساك تىلى دەپ ھېسابلايدۇ. شۇەنزاڭ «غەربىي ئەل خاتىرىلىرى»دە «بۇ ئەلنىڭ پادىشاھى كۇچا

www.uyghurkitap.com

قوۋمىدىن» دەپ ئېنىق ئېيتقان. «تاڭنامە»دە: «گاۋزۇ ديانانى قوبۇل قىلغان، كۇچا پادىشاھى سۇۋارنا بوسىگە ئەلچى ئەۋەتكەن. كېيىن بۇ ئۆلۈپ، ئوغلى سۇۋارناتى پادىشاھ بولۇپ، ئىسكەن باغا ئىلتەبەر دەپ ئاتالغان» (بۇ تۈركچە مەنسەپ نامىدۇر) دېيىلگەن. «سۇڭ زامانىسىدىكى پازىل راھىپ تەزكىرىسى»دە يەنچۇڭ دانىشنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ: «پەنجاپىنىڭ سۇترا، ۋىنايالىرى كۇچاغا تارقالغاندا، كۇچالىقلار پەنجاپ تىلىنى چۈشەنمەي، پەنجاپنى ئىنەتكەك ئېلى دەپ ئاتىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىلىغان. چۈشىنىشكە ئوڭاي بولغانلىرى سانسكرىت تىلى بويىچە ساقلانغان. شۇڭا، غۇز ـ سانسكرىت تىللىرىدا تەڭ ئۈچرايدۇ» دېيىلگەن. لىۋى: «جۇگيۈەنگە بۇددا دىنى يېڭى كىرگەن چاغلاردا قوللىنىلغان تەرجىمە تىلى تەلەپپۇز ۋە مەنە جەھەتلەردىن كۇچا تىلىغا يېقىن كېلىدۇ. سانسكرىت تىلىدىن يىراق، دېمەك، ۋاستە ئارقىلىق كىرگەن، بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۇ تىلنىڭ رولى چوڭ بولغان» دەيدۇ. كۇچادا ھۇن، يۆچى، تۈركلەر دائىم ئۈچرىشىپ تۇرغانلىقتىن ۋە بىر ـ بىرىگە سىڭگەنلىكتىن، كۇچا تىلىدا بىرمۇنچە تۈركىي ئېلېمېنتلار پەيدا بولغان. مەسىلەن، تۈركىي تىلىدىكى (كۆن) كۇچا تىلىدا koun دېيىلىدۇ؛ شۇنىڭدەك تۈركىي تىلىدىمۇ بىرمۇنچە كۇچا تىلىنىڭ سۆزلىرى ئۈچرايدۇ، مەسىلەن، كۇچا تىلىدىكى tumahe (tümän) يەنى «تۈمەن» (ئون مىڭ) تۈركىي تىلىدا tümən (تۈمەن) دېيىلىدۇ. كۇچا تىلىدىمۇ تۈركىي تىلىدىكىگە ئوخشاش سۆزنىڭ ئاخىرىدا ئۆزگىرىش كۆپ بولىدۇ؛ فونېتىكا جەھەتتىن ئادەتتە سۆز بېشىدا كىنۇنچە P كېلىدۇ؛ پېئىللارنىڭ تومۇرى كۆپىنچە يەككە بوغۇملۇق كېلىدۇ.

دېمەك، كۇچا تىلى دېگەنلىك يۈچى تىلى دېگەنلىكتۇر، يۈچى تىلىنىڭ كېيىنكى ئاتىلىشى ”توخرى“ تىلىدۇر. بۇ تىل ئاساسىي جەھەتتىن ئالتاي تىلى سىستېمىسىغا كىرىدۇ.

لېكىن شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدىكى، قەشقەر تەرەپلىرىدە سۇغد (سۇغداق) تىلىدا سۆزلىشىدىغان قىسمەن ئاھالىمۇ بار ئىدى. ئۇلار كۆپىنچە سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. يەرلىك ئاھالىنىڭ تىلى ئۇلارنىڭ تىلىدىن پەرقلىنەتتى. شۇڭلاشقا قەشقەر توغرىسىدا «ئۇنىڭ تىل - ئىبارە، تەلەپپۇزى باشقا ئەللەرنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ» دەپ يازغان (باشقا ئەللەر دېگىنى كۆكئارتنىڭ غەربىدىكى ئەللەرنى كۆرسىتىدۇ). دەرۋەقە، ئۆز ئارا ئۇچرىشىش ۋە باردى - كەلدى قىلىش ھەمدە ئارىلاش ياشاش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ تىللىرى بىر - بىرىگە تەسىر قىلغان.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى خوتەن تەرەپلىرىدە يەنە بىر خىل تىل بار ئىدى. ئالىملار ئادەتتە بۇ تىلنى «ھىندۇ تىلى» دېيىشىدۇ. مەسىلەن، 3 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەربىي شىمالى ھىندىستاننىڭ قەدىمكى Prakit يەرلىك تىلىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تىل خوتەن تەرەپلىرىدە ئومۇملىشىپ، كۈندىلىك مەمۇرىيەتتە ئىشلىتىلەتتى دېيىشىدۇ. گولۇبىيېۋنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، دۇتىرېل تەكشۈرۈش ئۆمىكى (Dutreil de Rhins) 1892 - يىلى خوتەننىڭ غەربىي جەنۇبىدا بىر پارچە ھىندىچە كىتاب سېتىۋالغان، قېيىن توزىغا قارۇشتى ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇنى ھىندىستاننىڭ قارا تىلى (Prakrit)دىكى «دارماپادا» نومى ئىكەن، يېزىلغان ۋاقتى ئەڭ كېيىن دېگەندە مىلادى 2 - ئەسىردىن بېرى ئەمەس. ئەمما، شۇڭلاشقا: بۇ ئەلنىڭ يېزىق - پۈتۈكنى ھىندىنىڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىگە ئاساسلانغان ۋە لېكىن ئانچە ـ مۇنچە ئۆزگەرتكەن؛ ئەمما تىلى بولسا بۇ ئەلدىكى خەلقنىڭ مىجەزى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، باشقا ئەللەرنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ، ھىندى تىلىمۇ ئەمەس، جۇڭگو تىلىنىڭ ئۆزگەرمىسىمۇ ئەمەس، دەپ يازغان. ستەين نىيە خارابىسىدىن تاپقان قارۇشتى يېزىقىدىكى خاتىرىلەر ھەقىقەتەن ھىندى تىلىمۇ ئەمەس، ئىران تىلىمۇ ئەمەس، شۇنىڭدەك تۈركىي تىلىمۇ ئەمەس. ئۇنىڭدا قوللىنىلغان نام ـ ئاتالغۇلار تۇبۇت تىلىدىن ئېلىنغاندەك قىلىدۇ. ستەين يەنە دەندان ئۆيلەك ۋە ئەندىرەدىن تاپقان قەدىمكى كىتابلار، ھورنلىي (R·Hoernle)نىڭ تەتقىقاتى بويىچە تۈرك ۋە موڭغۇل تىللىرىدىن تەركىب تاپقان يەككە بوغۇم ـ لۇق تۇبۇت تىلىدۇر. مىلادىيىدىن ئىلگىرى شەرقتىكى دى ـ چياڭ ـ لارنىڭ غەربكە كۆچكەنلىكى توغرىسىدىكى تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسەن، شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، خوتەن ۋادىسىغا كۆچۈپ كەلگەن چياڭلارنىڭ بىر قىسمى ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، خوتەن رايونىدا چياڭ تىلى بىلەن ئارىلاش بىر تىلمۇ بولغان. چياڭ تىلى بىلەن تۇبۇت تىلى يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ياۋروپا ئالىملىرى خوتەن تىلىنى تۇبۇت تىلى دەپ ھېسابلايدۇ. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ دېيىشىچە، خوتەنلىكلەرنىڭ بىر قىسمى چەت ـ تىن كۆچۈپ كەلگەنلەردۇر. بۇددا دىنى كىرگەندىن كېيىن، ھىندى تىلى بارا ـ بارا يەرلىك ئاھالىنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىشكە باشلاپ، خوتەنلىكلەرنىڭ تىلىدىكى سۆزلەردە سانسكرىتچە ئاملىلار پەيدا بولغان، كېيىن يۆچىلار غەربتىن يەنە شەرققە كېڭىيىپ، خوتەننى بىرقانچە يۈز يىل كونترول قىلغىنى ئۈچۈن، يۆچى تىلىنىڭ تەسى ـ رىمۇ سىڭگەن.

خوتەن تىلى ئەزەلدىنلا نوقۇل ھىندى-ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىل ئەمەس. مىلادىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ھۇن، يۈچى، تۈرك، تۈبۈت، ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرلىرى ئۆتۈشكە باشلاپ، 6-ئەسىردىلا تۈركچىلىشىشكە يۈزلەنگەن.

خەلقلەرنىڭ جىنسىي خاسلىقىنى پەرق ئېتىشتىكى يەنە بىر ئاساس — قىياپەتدۇر. «ۋېينامە. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى» ئۇدۇن ماددىسىدا: «قوچۇنىڭ غەربىدىكى ئەللەرنىڭ كىشىلىرى كۆزلىرى چوڭقۇر، بۇرۇنلىرى قاڭشارلىق كېلىدۇ» دېيىلگەن. جاڭ چيەن چاڭئەنگە قايتقاندىن كېيىن، بۇرۇنلىرى قاڭشارلىق، كۆزلىرى كۆك، چاچلىرى بۈدۈر، ئەت-ئۆڭلىرى قېنىق تۈسلۈك، كىيىملىرى خىلمۇ-خىل غەربىي دىيار ئادەملىرى چاڭئەنگە كېلىشكە باشلىغان. ۋاڭ گوۋېينىڭ تەتقىقاتى بويىچە: «كۆزلىرى چوڭقۇر، ساقاللىق كىشىلەر غەربىي غۇزلارلا بولۇپ قالماستىن، قەدىمكى دەۋردە غۇز دەپ ئاتالغان ھۇنلارمۇ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن... جىن دەۋرىدىكى قار-غۇزلىرى تەھقىق ھۇنلارنىڭ باشقا خىلىدۇر، ئۇلارنىڭ سىياقى بۇرنى قاڭشارلىق، كۆپ ساقاللىق بولۇپ، غەربىي غۇزلاردىن پەرقى يوق، قەدىمكى ھۇنلاردىن دەپ بىلىشكە بولىدۇ.» بۇ پىكىرگە قوشۇلمايدىغان ئالىملارمۇ بار. گېتى تارىخچىسى جوردانىس (Jordanis) ھۇنلارنىڭ قىياپىتىنى تەسۋىرلىگىنىدە: ئۇلارنىڭ باشلىرى دۈگىلەك، ئەت-تېرىسى قارامتۇل، كۆزلىرى يىڭنە تۆشۈكىدەك، جۇغى كىچىك دەيدۇ. بۇ — موڭغۇل جىنسىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر.

روكشىل (Rockhll) تۈبۈت جىنسى ساپ «دروپا تىپى» (Drup type) بولۇپ، بويى قىسقا، بېشى دىقماق، مەڭىز سۆڭىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېگىز، بۇرنى كەڭ ھەم قىلىن، چاچلىرى قارا، كۆزلىرى قوڭۇر دەپ ھېسابلايدۇ؛ شۇنىڭدەك، ئەڭ دەسلەپتە شەرقتىن كۆچۈپ كەلگەنلەر تۈبۈت جىنسى بولىدىغان بولسا، ئۇدۇن (خوتەن)نىڭ ئەسلى ئاھالىسى ھىندۇ-ئارىيان جىنسى ئەمەس، بەلكى موڭغۇلوئىدقا ياتىدىغان ئارىلىق جىنسىدۇر، دەيدۇ. بىراق، ھازىرقى خوتەنلىكلەر بۇ جىنسقا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ، ئادەتتە قاڭشارلىق، كۆزلىرى چوڭقۇر ۋە قارا-قوڭۇر، چاچلىرى قارا كېلىدۇ. «خۇەيىنەنزى»نىڭ ئاممىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى توغرىسىدىكى تەرىپنامىسىدە: «غۇز، خار، ھۇنلار چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ ئۇچىنى تۈگۈۋالىدۇ» دېيىلگەن.

ئەمدى، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چىقايلى. ئۈرۈمچى نەنسەندىكى يۇرغول، توقسۇن ئالغۇيدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنى تەكشۈرگەندە، مۇردىلارنىڭ چاچلىرى ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ بولۇپ، يىپەك تور شەكلىدىكى خالتىغا ئورالغان؛ كۆزلىرى چوڭقۇر، قاڭشىرى ئېگىز. نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان قەبرىدە، ئەر مۇردىنىڭ كۆزى چوڭقۇر، قاڭشىرى ئېگىز، چاچلىرى قارا؛ ئايال مۇردىنىڭ چاچلىرى نۇرغۇن تال ئۆرۈمە، قولىغا ئۈزۈك سالغان، بوينىغا زۇننۇق (بويۇن مونچاق) ئاسقان. تاشقورغاندا تېپىلغان قەدىمكى قەبرىلەردىمۇ شۇنداق قىياپەتتىكى مۇردىلار چىققان: ئەرلەرنىڭ كۆزلىرى چوڭقۇر، قاڭشىرى ئېگىز، چاچلىرى قارا؛ ئايال نۇرغۇن ئۆرۈمە چاچلىق، قولىغا ئۈزۈك سالغان، بوينىغا مونچاق ئاسقان. يېقىندا، مىرەندىن تېپىلغان مۇردىمۇ شۇ تىپقا كىرىدۇ، ئەر مۇردىنىڭ ئوڭ يوتىسىنىڭ ئۈستىدە سانچىلىپ قالغان يا باشقىمۇ بار. مۇشۇنداق جىنستىكى ئادەملەر شىمالىي شىنجاڭدىكى موڭغۇل-

كۆرەنىڭ سارتوپە ۋە مۇزارت يايلىقىدىكى شوتىدىنمۇ تېپىلدى.

پرژېۋالسكىي 1876 - يىلى لوپنۇردىن بىرمۇنچە خارابىلەرنى تاپقان. بۇ قەدىمكى خارابىدىن ستەيىنمۇ نۇرغۇن ئاسارئەتىقىلەرنى يىغىۋالغان. پرژېۋالسكىي «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەپەر» (1888 - يىلى) دېگەن ماتېرىيالىدا: «گاھىدا ياغاچ ساندۇقلۇق قەبرىلەر يولۇقتى. ئۇنىڭدىكى جەسەت... ئوبدان ساقلىنىپ قالغان. ئەرنىڭ بويى ئېگىز ھەم ئۇزۇن چېچى بار؛ ئايالىنىڭ چاچلىرى ئۆرۈمە، كىيىمى يۇڭدىن توقۇلغان...» دەپ يازىدۇ، گاھىدا جەسەتنىڭ يانلىرىدا ئات - قويلارنىڭ سۆڭەكلىرى ئۇچرىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، رۇرۇ (ئاۋار) ۋە تۈركلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ئاساسەن ئوخشايدۇ. مەسىلەن، «شىمالىي خانلىق تارىخى»دا: «رۇرۇلار چاچلىرىنى ئۆرۈپ سول تەرەپكە تاشلاپ قويىدۇ»... «تۈركلەر...نىڭ ئادىتىدە چاچلىرىنى سول تەرەپكە سىلىندۇرۇۋالىدۇ» دېيىلگەن.

بۇ قىياپەتلەر كاۋكاز جىنسىنىڭ چوڭقۇر كۆز، ئېگىز بۇرۇن، ئۇزۇن بوي، يوغان كۆز، ئاق ئەتلىك دېگەندەك ئالامەتلىرىگە ئوخشايدۇ، ھالبۇكى بۇلار ئارىيان جىنسىدىندۇر. بەزى ئالىملار تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى ئاھالىسىنى ئارىيانلاردىن دەيدۇ. بىراق بۇلارمۇ ھىندى - ئىران ئارىيانلىرىنىڭ قىياپەتلىرىگە ئوخشىمايدۇ. «يەتتە راۋان نوم»دا ئارىيانلارنىڭ قىياپىتى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: «ئۇلۇغى ئاتاگاتانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇ ئاق ئۆڭلۈك، شاتۇتىنىڭ تۇمشۇقىدەك ئىلمەك بۇرۇنلۇق ئادەم ئىدى.»

شۇ سەۋەبتىن مۇنداق دېيىش مۇمكىن: تارىم ئويمانلىقىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەرلىك ئاھالە پۈتۈنلەي موڭغۇل جىنسىدىنمۇ ئەمەس، ئارىيان جىنسىدىنمۇ ئەمەس، بەلكى موڭغۇل جىنسى بىلەن ئارىيان جىنسى ئارىلاشقان، ئىنىقراق ئېيتقاندا تۇران جىنسىدۇر.

ئەمدى، تارىم ئاھالىسىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە دائىر بەزى ئىز-سالقىنلار توغرىسىدا ئىزدىنىپ باقايلى.

كۆچمەنچى خەلقىنىڭ دەسلەپكى دەپنە قىلىش (جەسەتنى كۆمۈش) ئۇسۇلى قەبرە ئۇسۇلىدۇر. ئاساسەن تاش قەبرىلەرنى ياسايتتى، يەنى ئورەك قېزىۋېلىپ، تۆت تەرىپىنى شىبەن تاش بىلەن قوپۇرۇپ چىقىدۇ، جەسەتنى ۋە جەسەت بۇيۇملىرىنى شۇ يەرگە قويۇپ، ئۈستىنى يېپىپ تاشلايدۇ. چۆل-باياۋان بويلىرىدا ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق قەبىلىلىرى كۆپىنچە ياغاچ قەبرە ئۇسۇلىنى قوللىناتتى. نەنسەن ۋە تاشقورغاندىن تېپىلغان قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ لەھەتلىرى ئومۇمەن شىمالغا قارىتىلغان، بۇ «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»دىكى "چوڭى سولدا ۋە شىمالغا قارايدۇ" دېگەن سۆز بىلەن ئالاقىسى بار. "ئۆلۈكىنى ئۇزاتقاندا، ساندۇقلۇق قەبرىگە ئالتۇن-كۈمۈش جابدۇقلىرى ۋە كىيىم-كېچەكلىرى بىلەن قويۇلىدۇ."

«تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»دە دېيىلىشىچە: كۈننىڭ ياخشىسى بۇرجىنىڭ 5-، 6- دەرىجىلىرىگە كەلگىنىدۇر. (ياپون) لۈكچۈن زىيەنىنىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر شەرھىسىنىڭ دەلىللىرى»دە چيەن داجاۋ: 5-، 6- بۇرجىدا كەلگەن كۈن ياخشى سانىلىدۇ، دەيدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر»دە يەنە: بىرەر ئىش قىلماق بولغاندا يۇلتۇز بىلەن ئايغا قارايدۇ، ئاي تولۇن يورۇق بولسا ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ؛ ئاي كەمتۈك بولسا، چېكىنىدۇ دەپ يېزىلغان. بۇ ئادەت

تۈركلەردىمۇ بار ئىدى. شىن چىڭخەننىڭ ئېيتىشىچە، «سۈينامە.
تۈرك تەزكىرىسى»دە «ئايغا باقىدۇ. ئاي تولۇن بولسا، بۆلاك-
تالاڭغا چىقىدۇ» دېيىلگەن. «تارىخىي خاتىرىلەر»دە يەنە: «ھۇن
كەڭرۈسى سەھەردە كۈنگە تەزىم قىلىپ تىرىكچىلىكىنى باشلايدۇ»
دېيىلگەن؛ «جۇنامە»دە: تۈرك قاغانىنىڭ «خانلىق چېدىرى شەرققە
قارىتىلىدۇ، كۈنچىقىشنى ئۇلۇغلايدۇ» دېيىلگەن. دىنىي ئېتىقاد
جەھەتتە، «خەننامە»دە: ھۇنلاردا «ھەمىشە باخشىلىق- پېرخۇن-
لۇق قىلدۇرۇش ئادىتى بار» دېيىلگەن. «يىغلاڭغۇ خانزادە تەزكى-
رىسى»دە: غۇز باخشىسى ئورماندا ئوقۇيدۇ، ھۇنلارنىڭ ئاشۇنداق
پېرخۇنلۇق ھۈنىرى بار، دېيىلگەن. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار
تەزكىرىسى»دە: ئارام ئايدا ئۇلۇغ-ئۇششاق ھەممىسى كەڭرۇ ئوردى-
سىنىڭ ئىبادەت ئورنىغا يىغىلىدۇ. بەشىنچى ئايدا ھۇمايۇن (ئەج-
دىھا-پۈگە) شەھىرىگە يىغىلىپ، ئاتا-بوۋىلىرىغا، ئاسمان-زې-
مىنغا، جىن-ئەرۋاھلارغا سەدىقە قىلىدۇ؛ كۈزدە ئاتلار سەمرىگەن-
دە، «تاللىق»قا يىغىلىدۇ، دېيىلگەن. (ياپون) لۇڭچۇەن زىيەننىڭ
«تارىخىي خاتىرىلەر شەرھىلىرىنىڭ دەلىللىرى»دە، دىڭ چيەنىنىڭ
ئېيتىشىچە: ھۇمايۇن شەھىرى كېيىنكى ئەسىرلەردە ھۇمايۇن ئىبادەت-
خانىسى دەپ يېزىلغان، كەڭرۇ ئوردىسىنىڭ جەنۇبىدا تاللۇرئوخ
دېگەن كۆل بار، كۆلدە ئەجدىھا مۆكۈنگەنمىش، شۇڭا 5-ئايدا
شۇنىڭغا نەزىر قىلىدىكەن. شۇنىڭدەك ئاتا-بوۋىلىرى ۋە ئاسمان-
زېمىن، جىن-ئەرۋاھلارغا نەزىر قىلىدىكەن. «خەننامە»دە ئەج-
دىھا شەھىرى دەپ يېزىلغان. سۈي كونىڭ دېيىشىچە، غەرب غۇز-
لىرى ھەممە ئىشتا ئەجدىھاغا تېۋىنىدۇ، شۇڭا يىغىلىش ئورنىنى
ئەجدىھا شەھىرى دەيدۇ. «كېيىنكى خەننامە»دە: ھۇنلارنىڭ

ئۆرپ ـ ئادىتىدە، ھەر يىلى ئۈچ ئەجدىھا ئىبادەتخانىسىدا كۆك ئىلاھىغا نەزىر قىلىدۇ، دەپ يېزىلغان.

چياڭلارنىڭ ئېتىقادى توغرىسىدا، «كېيىنكى خەننامە. غەربىي چياڭلار تەزكىرىسى»دە: چياڭلار شەمشەر بىلەن غارغا مۆكۈنۈۋالغاندى، قوغلاپ كەلگەن جىنلىقلار غارنىڭ ئاغزىغا ئوت قويۇۋەتتى، غاردا يولۋاستەك قىياپەت كۆرۈنۈپ، ئوتنى توساپ قالدى ـ دە، ئۆلۈمدىن قۇتۇلدى» دېيىلگەن. «تەھقىقلەنگەن قوشۇمچە»دە ئىزاھلىنىشىچە، غارغا مۆكۈنۈۋالغاندا، قوغلاپ كەلگەنلەر تاپالماي، قۇتۇلۇپ قالغان. «فەنشى» دېگەن تارىختا: چياڭلار قۇدرەتنىڭ خاسىيتى بىلەن ئوتتا كۆيمەي ئامان قالغان، شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ رىۋايەت راست ھېسابلىنىپ ساقلىنىپ قالغان دېيىلگەن. «شياك زازۇ» (مىلادى 860 ـ يىلى) دېگەن كىتابتا ئىككى يەردە كۇچا ئەجدىھاسى توغرىسىدىكى ۋەقە بايان قىلىنغان، ئېيتىلىشىچە، قەدىمدە كۇچا پادىشاھى ئاجۇر تاغنىڭ شىمالىدىكى ئەجدىھانى 3 قېتىم تەسلىم قىلغانمىش، كېيىن ئەجدىھاغا مىنىپ ساياھەت قىلغانمىش، «ۋېيىنامە»دىمۇ تۈيغۇنلار ئارىسىدا ئەجدىھا ئات، ئەجدىھا تاي توغرىسىدا تارقالغان رىۋايەت قەيت قىلىنغان؛ ئېيتىلىشىچە، تۈيغۇنلار پارس ئېتىغا ئىگە بولۇپ، ئاتنى كۆلگە قويۇۋېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان قۇلان تاي كۆندە مىڭ چاقىرىم ماڭىدىكەن، شۇنىڭدىن ئېلىنغان كۆكنۇر قۇلنى دېگەن رىۋايەتمۇ بار. يەنجى (ئاگنى) پادىشاھىنىڭ ئۆزىگە قويغان فامىلىسى ئەجدىھا، سانسكرىتچە ئەجدىھانى Naga دەيدۇ، ئېھتىمال ئەجدىھانى مۇقەددەس سىمۋول ھېسابلىسا كېرەك.

توي رەسمىيىتى توغرىسىدا، گرېك تارىخچىسى دىئودور

(Diodor)نىڭ خاتىرىلىشىچە ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىدىن ئىلگە-
رىكى ئەپسانىۋى (ئاساتىرلىق) ئاتىسى ئوغۇز توغرىسىدىكى داستان
«ئوغۇزنامە»دىمۇ ئۆيلىنىدىغان يىگىتلەر قىز بىلەن ئايرىم-ئايرىم
چېلىشىش ئادىتى بايان قىلىنغان. ئەگەر يىگىت قىزنى يىقىتىۋەتسە،
قىز شۇ يىگىتكە تېگىدۇ. بۇ ئادەت ھەتتا 11-ئەسىردە ئۇيغۇرلار
ئارىسىدىمۇ ساقلىنىپ قالغان. مەھمۇت قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت
تۈرك»نىڭ 1-جىلدىدە قەيت قىلىشىچە، «قىز بىرلە كۆرەشمە،
قىسراق بىرلە يارىشما» دېگەن ماقال بار، بۇ ماقالنىڭ مەنىسى
شۇكى، قىزلار بىلەن چېلىشما، چۈنكى قىزلار كۈچلۈك كېلىدۇ،
سېنى يىقىتىپ قويىدۇ؛ قىسىر (بايتال) بىلەن چېپىشما، ئۇ ئاتتىن
كۈچلۈك ۋە چاپقۇر بولغىنى ئۈچۈن، سېنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ.
بۇ-خاقانىيە قىزلىرىدىن بىرى نىكاھ كېچىسى سۇلتان مەسئۇدنى
تېپىپ يىقىتىۋەتكىنى ئۈچۈن، خاقانىيلىكلەر ئارىسىدا سۇلتان
مەسئۇد توغرۇلۇق چىقىرىلغان بىر ماقال ئىكەن.

ئاندىن كۈچادا تېپىلغان خەت-چەكلەر ئارىسىدا «يولۋاس»
(بارس) يىلى دېگەن نام بار. لېۋىي كۆرگەن شۇ خىلدىكى باشقا
ھۆججەتلەردىمۇ «مايمۇن يىلى»، «قوي يىلى» دېگەن مۆچەل
كالىندارى يېزىلغان. دېمەك، كۈچا تەرەپلىرىدىمۇ 12 مۆچەل قول-
لىنىلغان. بۇنداق يىل ھېسابى ئەسلىدە تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى
خەلقلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغانىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارنى خۇلاسىلىگەندە، تارىم ئويمانلىقى-
دىكى يەرلىك ئاھالىنى جۇغراپىيە، تىلشۇناسلىق، ئېتنولوگىيە،
تارىخ، مەدەنىيەت جەھەتلىرىدىن قارىغاندا: تەڭرىتاغنىڭ بويلىرى-
دىكى قوۋملەر تىللىرى پۈتۈنلەي ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ

تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسىدىكى تىللار ئىدى. تەڭرىتاغىنىڭ جەنۇبى ۋە قارا قورۇمغىچە تارقالغان قوۋملەر تىللىرى ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى تىللار دائىرىسىگە كىرىدىغان تىللار ئىدى، شۇنىڭدەك ھىندى - ياۋروپا تىللىرىغا ياندىشىدىغان تىللارمۇ ئارىلاشقانىدى.

تارىمنىڭ يەرلىك ئاھالىسى پۈتۈنلەي ئارىيان جىنسى ئەمەس، موڭغۇل جىنسىمۇ ئەمەس، بەلكى تۇران جىنسىدۇر. تارىم مەدەنىيىتىنى ياراتقۇچىلار ئاساسەن «ئالتاي تىلى»دا سۆزلەشكۈچى قوۋملەردۇر.

نىيتون پەيلاسوپ: «ئىلىمنى بەھرى مۇھىتقا ئوخشاتسا، ئىنسانىنى دېڭىز ياقىسىدىكى چۆمۈلىگە ئوخشىتىش مۇمكىن. چۆمۈلىنىڭ دېڭىزدىن قانچە خەۋىرى بولسا، ئىنسانىنىڭمۇ ئىلىم دېڭىزىدىن خەۋىرى شۇنچىلىكلا» دەپتىكەن. مېنىڭ تارىخ توغرىسىدىكى بىلىمىممۇ شۇنچىلىكلا. ئىزدىنىش نەتىجىسىدە ھاسىل قىلغان ئەرزىمەس پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئالىملارنىڭ تۈزىتىپ قويۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1979 - يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى.

# ئۇيغۇرلارنىڭ تېگى-تەكتى توغرىسىدا

## (تېزىسلار)

ئۇيغۇرلار ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدە، تارىخى ئەڭ ئۇزاق قەدىمكى مىللەتلەردىن بىرى. ئۇنىڭ مىللىي تېگى-تەكتى توغرىسىدا، تارىخىي ھۆججەتلەردە، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلار بويىچە مۇتالىئەلەردە، خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەردە، شۇنىڭدەك بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى كىشىلەرنىڭ تەتقىقات-ئىزدىنىشلىرىدە، خىلمۇ-خىل پىكىر-مۇلاھىزىلەر بايان قىلىنغان.

تارىخىي چىنلىق بويىچە، مىللەت بىرىكمىسى دېگىنىمىز نەسىلداشلار ياكى قەبىلىلەر، ياكى بولمىسا بىر تەگداش ئۇرۇقلارنىڭ تاسادىپىي بىرىكمىسى ئەمەس، ئەكسىچە ئۇلار ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئۆزگىرىش، ئۆسۈش، ئارىلىشىش، سىڭىشىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن تارىخىي بىرىكمە. ھەرقانداق خەلق تاپ-تازا بىر قوۋمدىن ياكى بىر نەسىلدىن قۇرالمىغان، شۇنداقلا ھەرقانداق مىللەت باشقا مىللەتلەرنىڭ يازما ھۆججەتلىرىدە قەيت قىلىنغان چېغىدىلا ئۇشتۇمتۇت دۇنياغا تونۇلۇپ قالمايدۇ. بەلكى ئۆز تارىخىنى ئۇزاق باشلانغۇچ جەمئىيەتتىن تارتىپ تۈگەل باشتىن كەچۈرىدۇ.

ئادەتتە، بىر ئەلنىڭ تارىخىي مەلۇماتلىرى ئىچىدىن ئىككىنچى بىر ئەلنىڭ تارىخىغا دائىر بايان ۋە مۇلاھىزىلەر ئۇچرايدۇ. لېكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇنداق بايان ۋە مۇلاھىزىلەر تولا چاغلاردا تارىخىي چىنلىقنى ئەينەن كۆرسىتەلمەيدۇ. مىللەتنىڭ تارىخىنى، بولۇپمۇ تېگى ـ تەكتى توغرىسىدىكى دەلىل ـ ئىسپاتلارنى شۇ مىللەت توغرىسىدا قوشنىلىرى ياكى چەت ئەللەر يازغان ۋاسىتىلىك مەلۇماتلارنى يېزىپ ئۆچى قىلغان ھالدا، شۇ مىللەتنىڭ ئۆز قويىنىدىن، ئەجدادلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن ماددىي ۋە مەنىۋى بۇيۇم بەلگىلىرىدىن دىئاخرونىك ھەم سىنخرونىك جەھەتلەر بويىچە ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

## 1. «ئۇيغۇر» توغرىسىدا رىۋايەت ۋە ئاساتىرلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ياكى ئېتنولوگىيىلىك تەركىبلىرى ئىدىل ـ كاسپىينىڭ شەرقىدىن تارتىپ سېلىنگا بويلىرىغىچە، ئارال ـ بايقال كۆللىرىنىڭ جەنۇبىدىن تارتىپ تاكى قارا قۇرۇم ئېتەكلىرىگىچە بولغان كەڭ زونىغا تارقىلىپ، ئارىلاش ـ قۇرىلاش ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك قاتلىمىنى تەشكىل قىلغان ئەلۋان ـ تۈرلۈك ئۇرۇغ ـ قەبىلىلەر ھەر زامان ھەر ماكاندا ھەر خىل ئاتىلىپ كەلگەن.

قەدىمكى زامانلاردا، «قەبىلىنىڭ نامى كۆپىنچە تاسادىپىي پەيدا بولغان، ئاڭلىق تاللاپ قويۇلغان ئەمەس ئىدى. قەبىلىنىڭ ئۆزى ئۆزگە بەرگەن نامى باشقىچە بولغىنى ھالدا، قوشنا قەبىلىلەر تەرىپىدىن مەزكۇر قەبىلىگە بېرىلگەن نام بىرىپ ـ بىرىپ ئۇنىڭ دائىمىي نامى بولۇپ قالاتتى. بۇنداق ھادىسىلەر كۆپ بولۇپ تۇراتتى.①

«ئۇيغۇر» دېگەن نام ۋەتىنىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنغان قەدىمكى نامدۇر؛ سۇلالىلەرنىڭ ئالمىشىشى ۋە تارىخ تۈزگۈچىلەرنىڭ پىكىر - مۇلاھىزىلىرى پەرقلىق بولۇشى تۈپەيلىدىن، بۇ بىر خىل نام ھەر خىل قەيت قىلىنىپ كەلگەن. پەقەت خەنزۇچە تەرجىمە ناملىرىلا 30 خىلدىن ئاشىدۇ.② ھەتتا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا 18 خىل يېزىلغان.

«ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى توغرىسىدىمۇ ھەر خىل راۋايەتلەر ۋە ئاساتىرلەر بار.

1) مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئەسىرى بويىچە:

«ئۇيغۇر. بىر ئەلنىڭ ئىسمى...زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى 4000 ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئۇقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتو ۋە "ئىنەن خۇز خۇرەند" — بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن، بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ» دەپتۇ. شۇندىن تارتىپ بۇ ئەل "خۇزخۇر" دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىن..."خ" ھەرپى "ا"غا ئالمىشىش بىلەن، "خۇز" سۆزىدىكى "ز" ھەرپىمۇ "ى"غا ئالماشقان... شۇنىڭدىن كېيىن "خۇر" سۆزىدىكى "خ" ھەرپى "غ"غا ئالماشقان»③.

«ئۇيغۇر» — «خۇزخۇر»دىن كېلىپ چىققان، مەنىسى «ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار» بولۇپ، ماكىدونىلۇق ئىسكەندەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قويغان. بۇ 2300 يىل ئىلگىرى قويۇلغان نام بولۇپ چىقىدۇ.

2) خوجا راشىدىددىن فەزلۇللاھنىڭ «جامىئۇت ـ تەۋارىخ» كىتابى بويىچە:

نوھنىڭ ئوغلى يافەسنىڭ ئوغلى تۈركنىڭ ئەۋلادىدىن قاراخاننىڭ ئوغلى ئوغۇزخان بىر دىنىبىر تەڭرىگە ئىشىنەتتى، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ بىلەن تاغىلىرى، ئاكا ـ ئۇكىلىرى، جىيەنلىرى ۋە ئىككى تۇغقان بۇرادەرلىرى ئوتتۇرىسىدا جەڭ ـ جېدەل پەيدا بولدى. بۇ كىشىلەردىن بەزىلىرى ئۇنىڭغا ياردەم بەردى، بەزىلىرى ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىپ يېڭىلدى ـ دە، ئۆز قەبىلىلىرىنى باشلاپ كېلىپ بەيئەت قىلدى. غەلىبىدىن كېيىن، ئۇ چوڭ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، سەردار ۋە جەڭچىلىرىدىن ھال سورىدى. ئۆزىگە قوشۇلغان قەبىلىلىرىگە «ئۇيغۇر» دەپ نام بەردى. بۇ نامنىڭ مەنىسى «بىرلىشىش» «ياردەملىشىش» دېگەنلىكتۇر. بۇ نام ھەممە قەبىلىلەرگە قوللىنىلىپلا قالماستىن، قەبىلىلەرنىڭ تارماقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغىمۇ قوللىنىلدى.④

بۇ باياندىن «ئۇيغۇر» دېگەن نام «بىرلەشكەن»، «ياردەملەشكەن»، «ئۇيۇشقان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە، ناھايىتى ئۇزۇن قەبىلىلەرگە ئومۇمىي نام بولغانلىقى مەلۇم.

3) ئەبۇل غازىنىڭ «شەجەرەئى تۈرك» كىتابى بويىچە:

تارىخچىلار شۇنداق رىۋايەت قىلغانكى، موڭغۇل يۇرتىدا ئىككى تاغ باردۇر. ئۇزۇنلۇقلىرى قوياش چىقىشتىن قوياش پېتىشقىچە سوزۇلغان، ناھايىتى ئۇلۇغ تاغلاردۇر. بىرىنىڭ ئىسمى «توقراتۇ بوزلۇق» ۋە ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى «ئۇسقۇنلۇق تارام». بۇ ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا موڭغۇل يۇرتىنىڭ كۈن پېتىشىدا يەنە بىر تاغ

باركى، ئېتىنى قۇتتاغ دەرلەر. مەزكۇر تاغلارنىڭ ئارىسىدا بىر يەردە 10 ساي بار ۋە ئىككىنچى يەردە 9 ساي بار. بۇ سايلارنىڭ بارچىسى ئۇلۇغ سۇلاردۇر. قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇر ئېلى شۇ سايلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرار ئىدى. 10 سايدا ئولتۇرغانىنى ئون ئۇيغۇر ۋە 9 سايدا ئولتۇرغانىنى توققۇز ئۇيغۇر دەر ئىدى. شەھەرلىرى ۋە كەنتلىرى ھەم ئېكىنلىرى كۆپ بولۇر ئىدى. 120 ئۇرۇق ئەل ئىدى. بىر كىشىنى پادشاھ كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ھۆكمىگە ئىتائەت قىلمايتتى. بۇ سەۋەبتىن بىر-بىرى بىلەن ياۋ بولۇپ، بۇزۇلۇر ئىدى. بىر كۈنى بارچىسى يىغىلىپ كېڭەشتى ۋە بىز ئىككى تۈرلۈك ئەل ھەرقايسىمىز بىر كىشىنى تۆرە قىلايلى. ھەركىم ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلمىسا، بېشىنى كەستۈرسۇن ۋە مېلىنى ئالدۇرسۇن، دېدى. ئون ئۇيغۇر ئۇرۇغىدىن مەنگۈتاي ئاتلىق كىشىنى تۆرە كۆتۈرۈپ، ئەل ئىلتەر دەپ لەقەب قويدى. توققۇز ئۇيغۇر ئۆز ئۇرۇغىدىن بىر كىشىنى تۆرە كۆتۈرۈپ، كۆل ئەركىن دەپ لەقەب قويدى. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوغلانلىرى يۈز يىلغىچە تۆرىلىك قىلدى. ئاندىن كېيىن يەنە بىر ئۇيغۇر بولدى: ئون ئۇيغۇرغا ھەركىم تۆرە بولسا ئەل ئىلتەر ۋە 9 ئەلگە تۆرە بولسا كۆل ئەركىن دېدى...ئۈچ مىڭ يىلغا يېقىن ئۇشبۇ ئېيتىلغان يۇرتتا ئولتۇردى. ئاندىن كېيىن بۇزۇلدى، ئولجا ۋە ئەسىر بولۇپ تۇردى. بىرنەچچىسى يۇرتىدا ئولتۇرۇپ قالدى ۋە بىر نەچچىسى ئىرتىش سۇيىنىڭ بويىغا كەلدى ھەم 3 بۆلەككە ئايرىلدى...⑤

4) «ئوغۇزنامە» بويىچە:

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئايخان كۆزى يورۇپ، بوشاندى. بىر ئوغۇل تۇغدى. بۇ ئوغۇلنىڭ ئۆڭى كۆك، ئاغزى چوغدەك قىزىل،

كۆزلىرى ھال، چاچلىرى، قاشلىرى قارا ئىدى...كۈنلەرنىڭ بىرىدە (ئوغۇزخان) ئوۋغا چىقتى... ئوغۇز خاقان بىر جايدا تەڭرىگە سىيغىنىۋاتاتتى، (ئالەم) قاراڭغۇلىشىپ، ئاسماندىن بىر كۆك نۇر چۈشتى. «(بۇ نۇر) كۈندىن نۇرلۇق، ئايدىن يورۇق ئىدى. ئوغۇز-خاقان (قېشىغا) بېرىپ، بۇ نۇرنىڭ ئىچىدە بىر قىزنى كۆردى. تەنھا ئولتۇراتتى... بۇ قىز شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى، (ئۇ) كۈلسە، كۆك تەڭرىمۇ كۈلەتتى، ئۇ يىغلىسا، كۆك تەڭرىمۇ بىللە يىغلار ئىدى. ئوغۇزخاقان ئۇ قىزنى كۆردى-دە، ئەس ھوشىنى يوقاتتى ۋە ئۇنىڭغا ئاشىق بولدى...بۇ قىز ھامىلدار بولدى، كۈنلەر ئۆتۈپ...قىز ئۈچ ئوغۇل تۇغدى. تۇنجىسىغا كۈن، ئوتتۇرانچىسىغا ئاي ۋە كەنجىسىگە يۇلتۇز دەپ ئات قويدى.

يەنە بىركۈنى ئوغۇزخاقان ئوۋغا چىقتى، ئۇ ئالدىدىكى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دەرەخ كۆردى. شۇ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا بىر قىز تەنھا ئولتۇراتتى. ئۇ بەكمۇ چىرايلىق قىز ئىدى؛ ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىن كۆكرەك ئىدى...ئوغۇزخان ئۇنى سۆيۈپ قالدى ۋە ئالدى...ئۇ قىز ئىككى قات بولدى...ئۈچ ئوغۇل تۇغدى، تۇنجىسىغا كۆك (ئاسمان)، ئوتتۇرانچىسىغا تاغ، كەنجىسىگە دېڭىز دەپ ئات قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخان كاتتا توي بەردى...تويدىن كېيىن، ئوغۇزخاقان بەگلەرگە، خەلققە يارلىق چۈشۈرۈپ مۇنداق دېدى: بىزگە كۆك بۆرە بولغاي ئۇران، كۈن تۇغ بولغاي، ئاسمان قورۇغان!

شۇندىن كېيىن، ئوغۇزخاقان تۆت ئەتراپقا يارلىق چۈشۈردى ۋە مەكتۇپ يېزىپ ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى. بۇ مەكتۇپتا شۇنداق يېزىل-مىش ئىدى: «مەن ئۇيغۇرنىڭ خاقانىمەن، مەن پۈتۈن جاھاننىڭمۇ

خاقانى بولۇشۇم كېرەك...سول تەرەپتە ئۇرۇم دېگەن؟ بىر خاقان بار ئىدى...يارلىققا بوي سۇنمىدى. ئوغۇزخاقان...قوشۇننى باشلاپ...قىرىق كۈندىن كېيىن مۇز تاغ دېگەن تاغنىڭ ئېتىكىگە كەلدى ۋە چۈشكۈن قورۇپ ئارام ئالدى. تاڭ سۈزۈلگەندە، ئوغۇزخاقاننىڭ چېدىرىغا كۈندەك بىر يورۇق چۈشتى. بۇ نۇر ئىچىدىن كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق يوغان بىر ئەركەك بۆرە پەيدا بولدى. بۇ بۆرە ئوغۇزخاقانغا گەپ قىلدى: «هاي-هاي ئوغۇز، سەن ئۇرۇم ئۈستىگە ئاتلانماق بولۇپسەن. هاي-هاي ئوغۇز، ئالدىڭلاردا مەن (يول باشلاپ ماڭىمەن.) شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخاقان... (ئالغا قاراپ) يۈرۈپ كەتتى. قارىغۇدەك بولسا، قوشۇننىڭ ئالدىدا كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق چوڭ بىر ئەركەك بۆرە كېتىپ باراتتى... بىرنەچچە كۈندىن كېيىن... بۆرە توختاپ قالدى. ئوغۇزمۇ قوشۇنى بىلەن توختىدى. بۇ يەردە ئىتىل دېگەن چوڭ بىر دەريا بار ئىدى...بىر قارا تاغ باغرىدا ئۇرۇش باشلاندى...ئوغۇزخان يەڭدى...شۇنىڭدىن كېيىن، ئوغۇزخاقان يەنە هېلىقى كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق ئەركەك بۆرىنى كۆردى. ئۇ بۆرە ئوغۇزخاقانغا: «ئەمدى قوشۇن بىلەن بۇ يەردىن قوزغال، ئوغۇز! ئادەملىرىڭنى، بەگلىرىڭنى باشلاپ مېڭىۋەر، مەن ساڭا يول باشلاپ ماڭىمەن» دېدى...بىر كۈنى...ئەركەك بۆرە يەنە يولدىن توختىدى. ئوغۇزخاقانمۇ يولدىن توختىدى...شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە شۇ...بۆرە بىلەن سىندۇ، تاڭغۇت هەم شام تەرەپلىرىگە يۈرۈش قىلىپ باردى...جەنۇب تەرەپتە بارقان دېگەن بىر جاي بار ئىدى. ناهايىتى باي مەملىكەت، ئىنتايىن ئىسسىق يەر ئىدى...خەلقىنىڭ رەڭگىرويى قاپقارا ئىدى. بۇ يەرنىڭ خاقانىنىڭ ئىسمى ماسار ئىدى...

ئوغۇزخاقان يەڭدى... ئوغۇزخاقاننىڭ يېنىدا ئاق ساقاللىق، مۇز چاچلىق، قابىلىيەتلىك بىر قېرى كىشى بار ئىدى...ۋەزىر ئىدى، ئۇنىڭ ئىسمى ئۇلۇغ تۈرك ئىدى. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ چۈشىدە بىر ئالتۇن يا بىلەن ئۈچ كۈمۈش ئوق كۆردى. بۇ ئالتۇن يا كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا تارتىلغان، ئۈچ كۈمۈش ئوق بولسا، شىمالنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. (ئۇ)... چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى ئوغۇزخاقانغا ئېيتىپ بەردى... ئوغۇزخاقانغا ئۇلۇغ تۈركنىڭ سۆزلىرى ياقتى... زەمىننى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەردى.⑥

بۇ رىۋايەت بويىچە، ئوغۇزخان پۈتۈن ئاسىيانى دېگۈدەك بويسۇندۇرغان ۋە «كۆك بۆرە»نى سىمۋول قىلغان ئۇلۇغ خان بولۇپ، ئالتە ئوغلىدىن «ئالتۇن يا»غا ئىگە بولغان ئۈچ ئوغلى (كۈن، ئاي، يۇلتۇز) ئوك ياققا (بىرانغارغا)، «كۈمۈش ئوق»قا ئىگە بولغان ئۈچ ئوغلى (كۆك، تاغ، دېڭىز) سول ياققا (جوۋانغارغا) ھۆكۈمران بولدۇ. ئوغۇزخان ئۆزىنى «ئۇيغۇرنىڭ خاقانى» مەن دەپ جاھانغا جاكارلايدۇ.

5) ئالائىددىن جۇۋەينى «تارىخ جەھانگوشاي» دېگەن كىتابىنىڭ «ئىدىقۇت ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تېگى ـ تەكتى توغرىسىدا ئۆزلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى» دېگەن بابى بويىچە:

بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان رىۋايەتنىڭ مەزمۇنى «ئوغۇزنامە»دە ئېيتىلغان «كۆك بۆرە»دىن باشقا مەزمۇن بىلەن (بۇلۇپمۇ نۇرئىچىدە قىز كۆرۈندىغان مەزمۇن بىلەن) ئوخشاپ كېتىدۇ. جۇۋەينى ئۆز كىتابىدا كەلتۈرگەن بۇ رىۋايەتنى، ئۇيغۇرلارنىڭ «ئۆزلىرى ئېيتقانلىرى» دەيدۇ. بۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ... ئۇ چاغلاردا، قاراقۇرۇمدا ئىككى دەريا بار ئىدى، بىرى توغلا، يەنە بىرى

سېلىنگا، بۇ دەريالار قاملانچۇ دېگەن جايدا قوشۇلاتتى.
ئىككى دەريانىڭ ئارىلىقىدا ئىككى دەرەخ ئۆسكەن: ئۇ دەرەخ-
نىڭ بىرىنى ئۇلار قوچۇر دەيتتى، قارىغايغا ئوخشايتتى،
يوپۇرماقلىرى قىشتا ئارچىنىڭكىدەك، مېۋىسىنىڭ شەكلى ۋە تەمى
چىلغوزىدەك ئىدى؛ يەنە بىر دەرەخنى ئۇلار توز دەيتتى. ئىككى
دەرەخ ئارىسىدىن بىر دۆڭ پەيدا بولدى، بۇ دۆڭگە ئاسماندىن بىر
تال نۇر چۈشتى؛ دۆڭ كۈندىن-كۈنگە يوغىنىدى. بۇ مۆجىزىدىن
ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بەك ھەيران بولدى؛ ئۇلار بۇ دۆڭگە ھۆرمەت-
تەزىم بىلەن يېقىنلاشتى، ئۇلارغا خۇددى ناخشا ئېيتقاندەك يېقىملىق
ئاۋازلار ئاڭلاندى. ھەر كۈنى ئاخشىمى ئاشۇ دۆڭنىڭ 30 قەدەم
چۆرىسىدىكى يەرگە نۇر چۈشۈپ تۇردى، ئاخىرىدا، خۇددى ھامىلە-
دار كۆز يورىغاندەك، دۆڭدىن بىر ئىشىك ئېچىلدى، ئىچىدىن
بارىگاھ چېدىردەك بۆلۈنگەن 5 ئېغىز ئۆي كۆرۈندى، ھەر ئۆيدە
بىردىن ئوغۇل بالا ئولتۇراتتى. ئېغىزلىرىدا بىر تالدىن ئېمىزگە
بار ئىدى؛ چېدىرغا بىر پارچە كۈمۈش تور يېپىلغان ئىدى. قەبىلە-
لەرنىڭ باشلىقلىرى كېلىپ بۇ ئاجايىب ئىشنى كۆرۈپ قورقۇپ
باش قويۇپ سەجدە قىلىشتى. بالىلارنىڭ بەدەنلىرىگە شامال تېگىپ،
ئۇلار يوغىناپ، مېڭىشقا باشلىدى. ئاخىر، ئۇلار تاش ئۆيدىن
چىقىپ، ئىنىكئانىلارغا تاپشۇرۇلدى. شۇنىڭدەك، كىشىلەر ھەر
خىل چوقۇنۇش رەسمىيەتلىرىنى ئىجرا قىلىشتى. ئۇلار ئەمچەكتىن
ئايرىلغاندىن كېيىن، تىلى چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنى
سۈرۈشتۈرۈۋىدى، كىشىلەر ئۇلارغا ئىككى تۈپ دەرەخنى كۆرسى-
تىشتى. ئۇلار دەرەخنىڭ يېنىغا كېلىپ، ۋاپادار بالىلار ئۆز ئاتا-
ئانىلىرىغا قىلغاندەك تىز پۈكۈپ تەزىم قىلىشتى. بۇ ئىككى تۈپ دەرەخ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغان يەرگىمۇ ئىززەت-ئىكرام بىلدۈرۈشتى. شۇ چاغدا ئىككى تۈپ دەرەخ بىردىنىلا تىلغا كىرىپ: "ئالىيجاناب باللار، دائىم بۇ يەرگە كېلىپ، باللىق بۇرچۇڭلارنى ئادا قىلىڭلار. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈڭلار، ناملار مەڭگۈ ياشىسۇن!" دېدى. جايلاردىكى قەبىلىلەر توپ-توپ كېلىپ، بۇ باللارنى كۆرۈپ، خۇددى شاھزادىلاردەك ھۆرمەتلىدى. كۆپچىلىك كېتەر چېغىدا باللارغا بىردىن ئات قويۇشتى: چوڭىنى سوڭقار تېكىن، ئىككىنچىسىنى قۇتۇر تېكىن، ئۈچىنچىسىنى تۈگەل تېكىن، تۆتىنچىسىنى ئۇر تېكىن، بەشىنچىسىنى بۇگۇ تېكىن دەپ ئاتىدى...بۇ رىۋايەتنىڭ ئاخىرىدا، ھەممە ئۇلۇسنىڭ تىل-يېزىقىنى بىلىدىغان ئەخلاقلىق بۇگۇخاننى پادىشاھ قىلغانلىقى، ئۇنىڭغا ھەممە ئەللەرنىڭ تىللىرىنى بىلىدىغان ئۈچ قۇزغۇن ئاتا قىلىنغانلىقى ۋە ئۇ قاغىلار رازۋېت قىلىپ خەۋەر يەتكۈزىدىغانلىقى، بىر كۈنى كېچىسى چۈشىدە بىر قىزنى كۆرگەنلىكى، كېيىن ئۇ قىز بىلەن ئاق تاغدا تاڭ ئاتقىچە سۆزلەشكەنلىكى، ئاخىرقى كېچىسى ئۇ قىز: "شەرقتىن غەربكىچە بولغان جايلارغا ھۆكۈمران بولىسەن. بۇ ئىشنى ئىجتىھات بىلەن ئورۇنلا، پۇقرالارنى ياخشى باشقۇر" دەپ ۋىدالاشقانلىقى، كېيىن يەنە چۈشىدە ئاق كىيىنگەن، ھاسا تۇتقان بىر بوۋاي بۇ قاغانغا بىر دانە پىستىچە قاشتاشنى بېرىپ: "بۇ قاشتاشنى ساقلىيالىساڭ، پۈتۈن ئىقلىم سېنىڭ پەرمانىڭ ئاستىدا بولىدۇ" دېگەنلىكى ۋە باشقىلار بايان قىلىنىدۇ.⑦

6) مىرخوندنىڭ «رەۋزە تۇس سەفا» دېگەن تارىخ كىتابىدا ئوغۇزخان توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەتنى يازغان:

قاراخان...ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن، تەختكە ئولتۇردى. قاراقۇرۇمنىڭ ئارتاق ۋە كەرتاق دېگەن جايلىرىدا يايلاق ۋە قىشلاق-

لىرى بار ئىدى،...قاراخاننىڭ خوتۇنى بىر ئوغۇل تۇغىدۇ...شۇ زاماننىڭ قائىدىسى بويىچە ئوغۇل- قىز بىر ياشقا كىرمىگىچە ئىسىم قويمايتتى...قاراخان بۇ ئوغۇلغا نىمە دەپ ئات قويساق بولۇر دەپ مەسلىھەت سالغاندا، ئەمدىلا بىر ياشقا كىرگەن بالا، ئېنىق قىلىپ: "مېنىڭ ئىسمىم ئوغۇز بولسۇن..." دەيدۇ شۇنىڭ بىلەن قاراخان ئۆزىنىڭ يېقىن- يورۇقلىرىغا: "بۇ ئوغۇل بىزنىڭ ئادىتىمىزنى بۇزدى، ئۇنىڭ ھايات- ماماتلىق تەقدىرى بىزنىڭ ئىلكىمىزدە" دەيدۇ. قاراخان ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ، ئۆز ئوغلى — ئوغۇزنى جازالىماق بولۇپ، ئۇرۇشقا چىقىدۇ...ئوغۇزخان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، نائىلاج قاراخان بىلەن جەڭ قىلىدۇ. قاراخان ئەجەللىك زەربە يەپ يىقىلىپ چۈشىدۇ...ئوغۇزخان تەختكە ئولتۇرىدۇ... 73 يىل خان بولىدۇ...ئوغۇزخاننىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، كۈن خان تەختكە ئولتۇرىدۇ...كۈن خاننىڭ 6 ئوغلى ۋە ھەربىر ئوغلىنىڭ 4دىن بالىسى بولىدۇ،...ئوغۇزخاننىڭ 24 نەۋرىسىدىن 12 قوۋم ئوڭ قانات (بۇلار «بوزۇق»لار)، 12 قوۋم سول قانات (بۇلار «ئۈچ ئوق» لار) ئاتىلىپ كەلگەن...... خانلىق دىڭىزخانغا يەتكەندە، ئۇ خانلىق سۈرۈلۈپ، قېرىپ قالغاندىن كېيىن، خانلىقنى ئوغلى ئىلخانغا بېرىدۇ. ئىلخان زامانىسىدا، ماۋەرائۇننەھر ۋە تۇران زېمىنى فەرىدۇننىڭ ئوغلى تۇرغا قارايتتى...

بۇ رىۋايەت بويىچە، ئوغۇزخاننىڭ نەۋرىسى ئىلخان مىلادىدىن ئىلگىرىكى 16- ئەسىردە ئۆتكەن «تۇر» بىلەن زامانداش بولۇپ چىقىدۇ.

7) ئەرەب- ئەجەم تارىخچىلىرىنىڭ كىتابلىرىدىكى رىۋايەتلەر بويىچە:

جەئفەر مۇھەممەد بىننى جېرىر تەبەرى «تارىخۇل ـ ئۇمەم ۋەل ـ مۇلۇك» دېگەن كىتابىنىڭ تەھمۇرەس ۋە جەمشىد توغرىسىدىكى پەسىللىرىدە بايان قىلىنىشىچە، جەمشىد قېچىپ، زابىلىستانغا بارغاندا، زابىلىستان پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئالىدۇ، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئوغۇلغا «تۇر» دەپ ئىسىم قويىدۇ...تۇردىن بولغان ئوغۇل دىستان، دىستاندىن بولغان ئوغۇل فەراموز دەپ ئاتىلىدۇ...جەمشىد ئۇرۇغىدىن فەرىدۇن بولۇپ، بۇنىڭ بوۋىسى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن. (ئەسلىدە، توفاندىن كېيىن نوھىنىڭ ئۈچ ئوغلى قالىدۇ، سامنىڭ ئەۋلادى ئەرەب ـ ئەجەم خەلقى؛ ھامنىڭ ئۇرۇغى ھەبەش، زەنگبار ۋە ھىندلار؛ يافەسنىڭ ئۇرۇغى تۈرك، سەقلاب ۋە يەجۇج ـ مەجۇجلاردۇر). فەرىدۇننىڭ ئۈچ ئوغلى بولىدۇ: چوڭى تۇر، ئوتتۇرانچىسى سەلم، كەنجىسى ئەيرەج...فەرىدۇن جەھاننى پەرزەندلىرىگە تەقسىم قىلغاندا، تۈرك، خەزەرەج ۋە ماچىن ھەم مەشرىق زېمىننى تۇرغا بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا فەغفۇر (تەڭرى ئوغلى) دەپ ئات قويىدۇ.

دېمەك، بۇ رىۋايەت بويىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرققە تارالغان قوۋملەر «تۇر»نىڭ ئەۋلادى ھېسابلىنىدۇ.⑧

8) «قۇتلانچىن ھەزرەتنىڭ ئابىدەسى» (خەنزۇچە) بويىچە:

"كەمىنە خۇاڭ جىن ئېھتىرام بىلەن ئىلاۋە قىلىدۇكى، جامائەت تەۋسىپ قىلغان قۇتلانچىن ئۇيغۇرلاردىندۇر، ئۇزاق بوۋىسى مەزكۇر ئەلنىڭ پادىشاھىدۇر. شۇ ئەلدە ئىككى دەرەخنىڭ جۈپلىشىشىدىن پورەك ھاسىل بولغان، پورەك يېرىلىپ، بەش ئوغۇل پەيدا بولغان. ئۇلاردىن تۆتى ئۆلۈپ، كەنجىسى يالغۇز قالغان. بۇنى خاسىيەتلىك بىلىپ، ئىززەتلىگەن، ئۇنىڭغا خوتۇن ئېلىپ بەرگەن.

ئۇنىڭ ئەۋلادى ئەلگە پادىشاھلىق قىلغان".⑨

9) «قوچۇ پادىشاھلىرىنىڭ شەجەرە تاش پۈتۈكى» (خەنزۇچە) بويىچە:

"ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىدە قاراقۇرۇم دېگەن تاغ بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىككى دەريا ئېقىپ چىقاتتى: بىرىنى تۇغلا، يەنە بىرىنى سېلىنگا دەيتتى. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى دەرەخكە ئاسماندىن نۇر چۈشۈپتۇ. بۇ ئەلدىكىلەر بۇنى ئاسراپتۇ. دەرەختىن پوقاق ھاسىل بولۇپ، خۇددى ئادەمدەك تولغاق يەپتۇ. نۇر داۋاملىق چۈشۈۋېرىپتۇ، 9 ئاي 10 كۈن بولغاندا پوقاق يېرىلىپتۇ، بەش ئوغۇل ئاپىرىدە بولۇپتۇ، بۇلارنى بېقىپتۇ. بۇلاردىن كەنجىسى بۆگۈ قاغان ئىكەن. بۇ چوڭ بولۇپ، خەلقنى باش بولۇپ، ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپتۇ. پادىشاھ بولۇپتۇ، بۇنىڭ ئەۋلادىدىن 30 پادىشاھ ئۆتۈپتۇ. يۈرۈن تېكىن ۋاقتىغا كەلگەندە، تاڭ خانلىقى بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇش پەيدا بولۇپتۇ..."⑩

8-رىۋايەت بىلەن 9-رىۋايەتتىكى بايانلارنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئاتا-بوۋىسى دەرەختىن خاسىيەتلىك نۇر يېغىش بىلەن ئاپىرىدە بولغان (يەنى نۇردىن تۆرەلگەن)، كەنجى ئوغۇل «بۆگۈخان»نىڭ ئەۋلادىدىن ئۇيغۇرلار شەكىللەنگەن دېيىلىدۇ.

10) «گاۋجۇ» تەزكىرىسى بويىچە:

«ئادەتتە ئېيتىلىشىچە، ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ئىككى قىزى بار ئىدى. چىراي-تۇرقى ناھايىتى گۈزەل ئىدى، قوۋمى بۇ قىزلارنى خاسىيەتلىك دەپ بىلەتتى. تەڭرىقۇت: "بۇ قىزلىرىمنى ئۆز لايىقىغا بېرىش ئۈچۈن كۆك تەڭرىسىنىڭ ئىختىيارىغا قويىمەن" دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئەلنىڭ شىمالىدا ئادەم يوق جايغا ئېگىز تۇرا ياسى-تىپتۇ، ئىككى قىزنى شۇ يەرگە چىقىرىپ: "كۆك تەڭرىگە تاپشۇر-دۇق" دەپتۇ. 3 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، قىزلارنىڭ ئانىسى سېغى-نىپ يانىدۇرۇپ كەلمەكچى بوپتۇ. تەڭرى دەپتۇ: "بولمايدۇ، ياندۇرۇپ كېلىش ۋاقتى ئەمەس" دەپتۇ. يەنە بىر يىل ئۆتۈپتۇ. بىر قېرى بۆرە كېچە-كۈندۈز تۇرانى ساقلاپ ھۇۋلاپتۇ، تۇرانىڭ تۈۋىدە ئۇرا بار ئىكەن، كىرگىلى بولمايدىكەن. كىچىك قىز: "ئاتام بىزنى بۇ يەردە كۆك تەڭرىگە تاپشۇرغان، ئەمدى بۆرە كەپتۇ، بەلكىم بۇ خىسلەتلىك مەخلۇقتۇ، كۆك تەڭرى ئەۋەتكەن بولسا كېرەك" دەپ، چۈشمەكچى بوپتۇ. ئاچىسى ھەيران بولۇپ: "بۇ — ھايۋان تۇرسا، ئاتا-ئانامغا نومۇس بولىدۇ!" دېسىمۇ، سىڭلىسى ئۇنىماي، چۈشۈپ، بۆرىگە تېگىپتۇ، ئۇنىڭدىن تۇغۇپتۇ. بارا-بارا ئاۋۇپ ئەل بولۇپتۇ.»⑪

بۇ رىۋايەت بويىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا-بوۋىسى ھۇن تەڭرى-قۇتىنىڭ قىزىدىن بولغان نەۋرىسى ۋە ئاتىسى بۆرە دەپ بايان قىلىدۇ. بۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى كۆك تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن دۇنياغا كەلگەن دېگەن چۈشەنچە تەكىتلىنىدۇ.

11) «يۈيۈاڭ تەرمىلىرى» بويىچە:

"شىمالىي ئۇتقۇنلارنىڭ سوق ئېلىدە نىپ-شىر ئۇلۇسى بار ئىدى، ئىككىنچى خوتۇن 4 ئوغۇل تۇغۇپ، بىرى ياۋا غازغا ئايلى-نىپ كەتكەن، قالغان ئۈچ ئوغلى بىر-بىرىگە: گۈزە-گۈزە دەپتۇ، بۇ "ئۆكۈز" دېگىنى ئىكەن. ئۈچ ئوغلى كالىغا ئەگىشىپتۇ، كالىنىڭ سۈتى ۋە ئېتىدىن ئوزۇقلىنىپتۇ.»⑫

يۇقىرىدا نەقىل قىلىنغان رىۋايەت ياكى ئاساتىرلەرنىڭ بەزد-

لەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى قەدىمكى زاماندىكى يەنى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى ۋاقتىدا پەيدا بولغان ئەقىدە-چۈشەنچىلىرى بويىچە ياكى قوشنا ئەللەر ئىچىدە تارقالغان (ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى) ئەپسانىلار بويىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان ياكى ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى توتېملارغا باغلانغان باياندۇر. بۇ رىۋايەتلەردىن بەزىلىرى بىر ئاتىلىق («پرودىدا») نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغان بولۇپ، بىر يىلتىزدىن تارالغان دېگەن پىكىرنى ئالغا سۈرىدۇ.

## ئىزاھلار:

① ف. ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى، تاشكەنت، 1952-يىلى، 153-بەت.

② ۋاڭ رىۋېي: «ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ناملىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدە ئىزدىنىش» — «يۈگۈك» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1937-يىللىق، 4-سانى — جاڭ لىيەنىنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي تەكتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدىن.

③ مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» I جىلد (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىل نەشرى، 151—152-بەتلەر.

④ ۋ. رادلوفنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»كە يازغان كىرىش سۆزىدىن نەقىل قىلىندى.

⑤ ئەبۇلغازى باھادۇرخان (1605—1664-يىللىرى)، 1663-يىلى يېزىلغان «شەجەرەتۇل-تۈرك» ئەسىرىنىڭ «ئۇيغۇر ئېلىنىڭ زىكرى» دېگەن بابىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

⑥ رىزانۇر: «ئوغۇزنامە»، 1928 ـ يىل (تۈركچە)، دوكتۇر رىزانۇر بۇنى تۈركىي تىللىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى ھۆججەت ھېسابلايدۇ. 1891 ـ يىلى رادلوف نېمىسچىغا تەرجىمە قىلغان. شۇنىڭدەك پېللىئۇد (فرانسۇز) «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى داستانى ــ ئوغۇزنامە» دەپ تەقرىز يازغان. «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 1983 ـ يىل (ئۇيغۇرچە) نەشرىدىن ئېلىندى.

⑦ ئالائىددىن مۇھەممەد ئەل ـ جۇۋەينى: «كىتابى تارىخى جەھانگۇشاي» (ھىجرى 658 ـ يىلى)، I جىلد.

⑧ ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد ئىبنى جەرىر تەبەرى (837 ــ 922 ـ ملادىيە): «تارىخۇل ـ ئۇمەم ۋەل ـ مۇلۇك» (مىللەتلەر ۋە مەملىكەتلەر تارىخى»). ئابدۇرۇسۇل بىننى مۇھەممەد رەھىمنىڭ (ئۇيغۇرچە) تەرجىمىسىدىن (قولىيازما).

⑨ «جۇڭگو ئەپەندىنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى» 24 ـ جىلد «قۇتلانىچىن ھەزرەتنىڭ ئابىدەسى».

⑩ «داۋىيۇەن شۇگۇلۇ» («داۋيۇەننىڭ قەدىمكىلەرنى ئۆگەنگەنلىرى») 24 ـ جىلد «قوچۇ پادىشاھلىرىنىڭ شەجەرە تاش پۈتۈكى».

⑪ «ۋېيشۇ نامە» 103 ـ جىلد، «تەزكىرىلەر» 91 ـ ، «گاۋچې».

⑫ (تاڭ) دۇەن چىڭشى تۈزگەن «يۇياڭ تەرمىلىرى»نىڭ 16 ـ جىلدى.

## 2. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبلىرى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەدىن كېلىپ چىققانلىقىنى يەككە ـ يېگانە ھالدا بايان قىلغىلى بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا قوشنا ۋە تۇغقان بولغان خەلقلەرنىڭ تېگى ـ تەكتى بىلەن باغلاپ بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىنى ئىككى بۆلەككە،

يەنى تەڭرىتاغنى مەركەز قىلغان ھالدا، شىمالىي بۆلەك، جەنۇبىي بۆلەك دەپ ئايرىش مۇمكىن. شىمالىي بۆلەككە كىرىدىغان قوۋملەر خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا، بايقالدىن تاكى كاسپىيغىچە سوزۇلغان كەڭ زېمىندا ياشىغان قوۋملەر بولۇپ، بۇلاردىن بەزىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە تېگى-تەكتىنى تەشكىل قىلسا، بەزىلىرى ۋاستىلىق تېگى-تەكتى ھېسابلىنىدۇ.

بىزدە قەدىمدىن قالغان يازما دەلىللەر ئاز. يازما دەلىللەردىن ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئەڭ كۆپ بايان قىلىنغانلىرى — خەنزۇچە مەنبەئەلەردۇر. خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەر بويىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ تېگى-تەكتىنى يېقىنىراقتىن يىراقراققا ئىز قوغلىشىپ قېدىرىپ كۆرەيلى.

## A «ئۇيغۇر»نىڭ شىمالىي ئېتنىك تەركىبلىرى

گەپنى ئالدى بىلەن «خۇيگۇ» (تاڭ دەۋرىدىكى ئۇقۇلۇشى «ئۇيغۇر»)دىن باشلايلى.

«خۇيخېلارنىڭ ئەجدادى ھۇنلاردىندۇر، ئادەتتە، ئۇلار كۆپىنچە، ئېگىز چاقلىق ھارۋىلاردا يۈرىدۇ. يۈەنۋېي زامانىسىدا (مىلادىيە 386 — 557-يىللار) گاۋجۇ ئۇلۇسى ياكى چىلى (كېيىن "تېلې" دەپ ئاتىلىشىپ كەتكەن) دەپمۇ ئاتالغاندى.»①

6-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، خەنزۇچىدە «خۇيخې» دەپ يېزىلىپ، 788-يىلدا «خۇيگۇ» دەپ يېزىشقا ئۆزگەرتىلگەن. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىرەك 4—6-ئەسىرلەردە بولسا، «گاۋجۇ» (گاۋگۇ) ياكى چىلې دەپ ئاتالغان.

«خۇيگۇلار ئەسلىدە ھۇنلارنىڭ باشقا ئەۋلادلىرىدىن... كېيىنكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋىي زامانىسىدا، تىبلى دەپ ئاتالغان. كېيىن خۇيخى دەپ ئاتال-
غان. پادىشاھىنى قاغان دەيدۇ...»②

«تىبلىنىڭ ئەجدادى ھۇنلارنىڭ ئەۋلادىدۇر، ئۇلارنىڭ نەسلى-نەسەپلىرى ناھايىتى تولا... ئۇرۇغ-ئايماقلىرى ئايرىم-ئايرىم بولسىمۇ، ھەممىسى قوشۇلۇپ تىبلى دېيىلىدۇ... ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ئومۇمەن تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشاش.»③

بۇ مەلۇماتلار بويىچە، خۇيگۇلار، شۇنداقلا تىبلىلەر نەسەپ جەھەتتە ھۇنلارغا باغلىنىدۇ، ئۇنداق بولۇشى، قەدىمكى زاماندا خۇاڭخېنىڭ شىمالىدىكى كەڭ زونىدا ياشايدىغان خەلقلەرنى خەنزۇچىدە ئومۇملاشتۇرۇپ «شىمالىي دىلەر» دەپلا ئاتايتتى. 4 — 6-ئەسىرلەردە «تىبلى» دەپ ئاتىلىش بىلەن تەڭ «گاۋچۇ» دەپمۇ ئاتالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى نەسەپ جەھەتتىن تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە، مۇنداق بايان قىلىنىدۇ.

«گاۋچۇلەر قەدىمكى قىزىل دىلارنىڭ قالدۇق ئۇرۇغىدۇر، دەسلەپتە ئۇلار دىلى دەپ ئاتالغان، شىمالدا گاۋچۇ (ئېگىز ھارۋىلىق) دىڭلىن دەپ ھېسابلانغان. ئۇلارنىڭ تىلى ھۇنلارنىڭ تىلىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، بەزى جەھەتتىن ئازراق پەرقلىنىدۇ. ياكى ئۇلارنىڭ ئەجدادى ھۇن پادىشاھىنىڭ يات نەۋرىسى دېيىلىدۇ. بۇ ئۇلۇسنىڭ دى، يۈەنخې، خېلۇ، خېپى، خۇگۇ، يىچىجىن ئۇرۇغلىرى بار.»④

بۇ تارىخىي مەنبەلەردىن ئۇيغۇرلار قەدىمكى زاماندا «قىزىل دى»، «دىلى»، «گاۋچۇ (ئېگىز ھارۋىلىق) دىڭلىن» دېگەن ناملار بىلەن قەيت قىلىنغان. بۇ ناملار مىلادىيىدىن ئىلگىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەر تەرىپىدىن قويۇلغان ناملار ياكى ئۆز نام-

لىرىنىڭ قىسقارتىلغانلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئالدى بىلەن، «گاۋجۇ دىڭلىن» دەپ ئاتالغان خەلقنىڭ ياشىغان ماكانلىرىنى ئىزدەپ كۆرەيلى.

«دىڭلىن ئېلى قانغۇينىڭ شىمالىدا بولۇپ، 6 تۈمەن ئەسكەر چىقىرالايدۇ. چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ... مەزكۇر دىڭلىنلار ھۇنلارنىڭ شىمالىدىكى دىڭلىنلار دېيىلىدۇ. شىمالىي دىڭلىنلار (قان-غۇينىڭ شىمالىدىكى — نەقىلچى) ئۇيسۇننىڭ غەربىدە بولۇپ، باشقا نەسەبتىن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ھۇنلارنىڭ شىمالىدا خۇنيۇ ئېلى، جۇشى ئېلى، دىڭلىن ئېلى، گېكۇن ئېلى، شىنلى ئېلى بار. مەلۇمكى، شىمالىي كۆلنىڭ جەنۇبىدا دىڭلىنلار قات-قات ئۇچرايدۇ، بۇلار ئۇيسۇننىڭ غەربىدىكى دىڭلىنلار ئەمەس.»⑤ بۇنى «سەلتەنەت ھەققىدە ئۆرنەك تەدبىرلەر» دېگەن تارىخىي ھۆججەتمۇ تەستىقلايدۇ. بۇ ھۆججەتنىڭ جىن سۇلالىسىدىن چىڭدى خاننىڭ شيەنخې 5-يىلى (مىلادىيە 330-يىلى) دېگەن ماددىسىدا مۇنداق يېزىلغان: «باشتا، دىڭلىن دىنىلار قانغۇينىڭ شىمالىدا تۇراتتى، كېيىن جۇڭگوغا كۆچۈپ كەلگەن...»⑥

بەزى تارىخىي كىتابلاردا، شاڭ دەۋرىنىڭ (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 16 — 11-ئەسىرلەر) دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا «تۆت تەرەپتىن تۇتۇلغان سوغىلار» توغرىسىدا بايان قىلىنغاندا، «دەنلۈ» دېگەن نام قەيت قىلىنغان. بۇ ئۇلۇسنىڭ تارقالغان ئورنى ۋە سوۋغات قىلغان ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن قارىغاندا، «دەنلۈ» دىڭلىن ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. دېمەك، دىڭلىننىڭ تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزاق بولۇپ، شاڭ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىلا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن مال ئالماشتۇرغان.⑦

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۈچ پادىشاھلىق (مىلادى 229 ــ 265 ـ يىللار) ۋەيي دەۋرىدە، ھۇنلارنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان دىڭلىنلار، قانغۇيىنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان دىڭلىنلار، شۇنىڭدەك زىلۇ(سۇرۇ)گە مەنسۇپ دىڭلىنلار، دېمەك ناھايىتى كۆپ جايغا تارقالغان دىڭلىن («ۋەيي مۇختەسەر-نامىسى»: «غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى») ئېگىز ھارۋىلىقلارنىڭ پائالىيەتلىرى كېيىن تېلېلەر بىلەن داۋاملىشىدۇ. تارىخىي ھۆججەت-لەردە كۆرسىتىلگىنىدەك: «ئابدال (ئىفتالىت) مەملىكىتى چوڭ يۆچىلەرنىڭ نەسەبىدىن، شۇنداقلا گاۋچۇلەرنىڭ باشقا تۈرىدىن بولۇپ، ئەسلى ـ تېگى سەددىچىننىڭ شىمالىدىن باشلىنىدۇ.»⑧ «ئۇلارنىڭ پادىشاھى سىلىپدىن.»⑨ «يېپەن مەملىكىتى ئۇيسۇننىڭ غەربىي شىمالىدا... ئۇنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، تىلى گاۋچۇلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش.»⑩ «سۇيىنامە. تېلې تەزكىرىسى»دە قەيت قىلىنىشىچە، تېلېلەر گويا تۈركلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن باشقا، نۇرغۇنلىغان ئۇلۇسداشلارنىڭ ئورتاق نامىدەك قىلىدۇ.⑪

لېكىن شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك قاغانلىقلىرى ۋۇجۇتقا چىقىشى بىلەن، تېلېلەر تەركىبىدىكى بەزى قەبىلىلەر بارا ـ بارا «تۈرك» دېگەن نام ئىچىگە كىرىپ كەتكەن.

مىلادىدىن ئىلگىرى، ھۇنلار خۇاڭخېنىڭ شىمالىدا ياشايتتى، ھۇنلارنىڭ شىمالىدىكى دىڭلىنلار شىمالىي دىڭلىنلار دەپ سانالغان. بۇنى «تارىخ خاتىرىلىرى»مۇ ئەستىقلايدۇ. ھۇنلار «كېيىن شىمالدا خۇيىنى، جۇشى، دىڭلىن، گېكۇن شىنلى ئەللىرىنى بويسۇندۇرغان.»⑫ بۇ مىلادىدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرىكى موتۇ (باتۇر)نىڭ پائالىيەت دەۋرىدىكى ئەھۋالدۇر. دىڭلىن خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا، بۇنىڭدىن ئىلگىرى «دىيەنلىيەن» دەپمۇ يېزىلغان. بۇنى يۈەن دەۋرىدە

ياشىغان ياللۇغ جۇرنىلنىڭ «قوش جىلغا مەستانىسى» دېگەن توپلىمىنىڭ 5 ـ جىلدىدا «دىڭلىن توغرىسىدا شېئىر»غا ئۆزى بەرگەن ئىزاھىدا: «دىڭلىن»نىڭ قەدىمكى ئوقۇلۇشى «ديەنلىيەن» بولۇپ، «دىلى» بىلەن ئاھاڭداش دەپ كۆرسەتكەن. دېمەك، «دى» «دىلى»نىڭ قىسقارتىلمىسى، «دىڭلىن» «دىلى»دىن كېلىپ چىققانلىقى مەلۇم.

«ئۇ زامانلاردا چىن، جىنلار چېگرا مەملىكەتلىرى ئىدى، چىن پادىشاھى ۋېنگۇڭ (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 636 ــ 635 ـ يىللار) ۋاقتىدا، رۇڭ ـ دىلار غەربىي دەريا بويى بىلەن لو ئارىلىقىدا ماكانلاشقان، قىزىل دى، ئاق دى دەپ ئاتالغان.»⑬

«لۇڭ (ھازىرقى گەنسۇ)نىڭ غەربىي قىسمىدا، مىيەنجۇ، چۈەن رۇڭ، دەيىۈەن رۇڭلىرى بار ئىدى («يەن شىگۇنىڭ ئىزاھى»چە، بۇ جايلار تيەنشۈي تەرەپتە). ئۇلار ھەرقايسى جىلغىلارغا تارقالغان، ئۆز باشلىقلىرى (پادىشاھلىرى) بار، كۆپىنچە، يىغىلغانلىرىدا، ئۇرۇغ ـ ئايماقلىرى يۈز خىلدىن ئاشىدۇ، لېكىن قىياپەتلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ...»⑭

مەملىكىتىمىزدە ھاكىمىيەت مەركەزلەشكەن بىر پۈتۈن دۆلەت قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ بويلىرىدا (مەنبەسىدىن مەنسەبىگىچە) نۇرغۇنلىغان ھەر خىل ئۇلۇس ـ قەبىلىلەر ئارىلاش ـ قۇرىلاش ياشىغان. «دۆلەت مۇھاكىمىلىرى»دە، شى بۇنىڭ بايانى بويىچە، جۇ دەۋرىنىڭ دەسلىۋىدە ئەتراپتىكى ئۇششاق ئەللەر ۋە قەبىلىلەر گۇرۇھلىرىنىڭ ماكانلىشىش ئەھۋالى قەيت قىلىنغاندا، «خۇاشيا» دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتىلىدىغان بىرمۇنچە قەبىلىلەردىن باشقا، دى، شيەنيۈ، قىزىل دى ۋە ئاق دى ھەم باشقا دىلار

بولغانلىقى يېزىلغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرد-
لىرىدا، جۇ پادىشاھىنىڭ بىر ۋەزىرى ــ زەي كۇڭ شۇ زامانىدىكى
جىن ئېلىنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلغان:

«جىنخۇ (خوسەن تېغى) قەلئەدۇر، ھالبۇكى فېن، خې (خۇاڭخې)ــ سۇ، كۆي ــ ئۆستەڭ ھېسابلىنىدۇ، رۇڭ، دى خەلقلىرى شۇ يەرلەرنى چۆرىدەپ جايلاشقان.»⑮ دېمەك، جىن بەگلىكىنىڭ قەدىمكى ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى «خۇاشيا»لا بولماستىن، «خۇاشيا»دىن باشقا، رۇڭ ـ دى قەبىلىلىرى ۋە قەبىلىلەر گۇرۇھلىرى ئىكەنلىكى مەلۇم.

دىلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، «چۇنچيۇ ئۈچ تەزكىرىسى» (يەنى «زوچيۇمىڭ تەزكىرىسى»، «گوڭياڭ تەزكىرىسى»، «گولياڭ تەزكىرىسى»)دە قەيت قىلىنىشىچە، ئاساسەن 3 خىلغا بۆلۈنگەن: بىرى ــ قىزىل دىلار، بىرى ــ ئاق دىلار، يەنە بىرى ــ باشقا دىلار. بۇنداق «قىزىل»، «ئاق» دەپ بۆلۈنۈشى ئۇلارنىڭ تېگى ـ تەكتى توغرىسىدىكى رىۋايەت ياكى دىنىي ئېتىقادلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. مىلادىدىن بىرقانچە ئەسىرلەر بۇرۇنقى زامانلاردا، چارۋىچى خەلقلەر «شامانىزم دېيىلگەن ئىپتىدائىي دىنغا ئىشەنگەن. شامان ــ جادۇگەرلەر كۆكنى شەرقنىڭ، قىزىلنى جەنۇبنىڭ، ئاقنى غەربنىڭ، قارىنى شىمالنىڭ سىمۋولى قىلاتتى. مۇنداق ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد بارا ـ بارا چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ مەلۇم رەڭنى ياخشى كۆرۈش پسىخولوگىيىسىنى پەيدا قىلغان؛ بۇ ھال ئۇلارنىڭ چېدىر، بايراق، ئېگىن ـ بېزەك، ئات ئىگەر جابدۇقلىرىنىڭ رەڭلىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن: ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتە، ئۆي ـ چېدىر تىككەندە، ياكى تەرەپ ـ يۆنىلىشنى بىلدۈرگەندە،

ئۇمۇمەن ئالدى تەرەپنى كۈن چىقىش، ئارقا تەرەپنى كۈنپېتىش ھېسابلىغان. بۇنى 7- ئەسىردىكى مەڭگۈ تاشلارغا ئويۇلغان قەيتلەردىمۇ بىلىشكە بولىدۇ.[16]

بۇ توغرىدىكى ماتېرىياللار «تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە «خەننامە» نىڭ «ھۇنلار تەزكىرىلىرى»دە كۆپ بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ «تارىخىي خاتىرىلەر»نىڭ «ھۇنلار تەزكىرىلىرى»دە، خەن پادىشاھى گاۋدى بەيدىڭ شەنيىغى تەرىپىدە مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايان قىلغاندا تەپسىلىي يېزىلغان. تەزكىرىدە يېزىلىشىچە، ھۇنلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىدىن «غەربتىكىلەر پۈتۈنلەي ئاق بوز ئاتلىق، شەرقتىكىلەر پۈتۈنلەي كۆك بوز ئاتلىق، شىمالدىكىلەر پۈتۈنلەي قارا قۇلا ئاتلىق، جەنۇبتىكىلەر پۈتۈنلەي جەدە ئاتلىق ئىدى.» بۇنىڭغا قارىغاندا، «قىزىل دى» دېيىلگەنلەر موڭغۇلىيە ئوتلاقلىرىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان چارۋىچى دىلارنى، «ئاق دى» دېيىلگەنلەر ئوتلاقنىڭ غەربىگە جايلاشقان كۆچمەنچى دىلارنى كۆرسەتسە كېرەك. ئاق دىلار ئاساسەن ھازىرقى شەنشىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئېگىز تۈزلەڭلىكتە ياشىغان؛ جىن بەگلىكىنىڭ غەربىي شىمالىدىمۇ ئاق دىلار تارقالغان. بۇلاردىن باشقا، جىن بەگلىكىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىمۇ لىتۇ دىلىرى بار ئىدى.[17] سەنشى، خېبېيلەرنىڭ شىمال، شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىدىمۇ ھەر خىل رۇڭ- دىلەر ياشىغان. بۇلار يۇقىرىدا ئېيتىلغان قىزىل دى ۋە ئاق دىلارنىڭ دائىرىسىگە كىرمەي، «چۈنچيۇ» («يىلنامە») ۋە «نوم- تەزكىرىلەر»دە بايان قىلىنغىنىدەك «ئاۋام دى»لار دەپ ئاتالغان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 670 — 660- يىللىرىدىكى ھادىسىلەردە، دىلارنىڭ چوڭ بىر بۆلۈكى «سۇبان» (ئېھتىمال «سۇپار») دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاتالغان؛ يەنە بىر قىسمى لىۇخۇ؛ ئۈچىنچى بىر قىسمى «تۇك-سىن» دەپ ئاتالغان.

مىلادىدىن ئىلگىرى 663 ـ يىلى (جۇاڭ گۇڭ 32 ـ يىلى)دىن 659 ـ يىلغىچە، قىزىل دى قەبىلىلىرى "لۇزى" باشچىلىقىدا قەبىلە ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلدۇ؛ بارا ـ بارا زورىيىپ قوشنا ئەللەر (شىڭ ھەم ۋېي ئەللىرى)گە يۈرۈش قىلدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىي يۆنىلىشتىكىلىرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 631 ـ يىلى (شىگۇڭ 30 ـ يىلى) شەرقتە خۇاڭخېدىن ئۆتۈپ، چى، لۇ ۋە سۇڭ بەگلىكلىرىگە ھۇجۇم قىلدۇ. شۇڭا «گۇڭياڭ تەزكىرىسى»دە: «جەنۇبىي ياتلار بىلەن شىمالىي ياتلار ئالاقە باغلىدى» دېيىلگەن. شىمالىي دى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى "كىيۇكۇ"نىڭ باشچىلىقىدا زورىيىپ، دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيدۇ. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىردە، قىزىل دىلار بىلەن ئۇزۇن دىلار بىرلىشىدۇ، بۇلاردىن بالدۇرراق، قىزىل دىلار بىلەن ئاق دىلار بىرلىشىپ بولغان. بىراق، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 629 ـ يىلى (شىگۇڭ 32 ـ يىلى) شىمالىي دى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدا ئىچكى مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ، قىزىل دى، ئاق دى، ئاۋام دىلار بارا ـ بارا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ئاق دىلار جىن ۋە چىن بەگلىكلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقتىن، ئۇلاردىن جىن ۋە چىن بەگلىكلىرى بىر ـ بىرىگە قارشى جەڭلەردە پايدىلىنىدۇ. قىزىل دىلار بولسا، ئاستا ـ ئاستا غەربكە ۋە شىمالغا قاراپ يۆتكىلىدۇ. ئەمما تارىخىي ھۆججەتلەردە بۇلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «شىمالىي دى» دەپ ئاتىلىدىغان بولىدۇ.

خۇاڭخې ۋادىسىنىڭ شىمالىي ۋە يۇقىرى بويلىرىدا ياشىغان نۇرغۇنلىغان شىمالىي دى قەبىلىلىرىدىن بىر قىسمى كۆچمەنچىلىك

هالىتىدە ياشىغان. «چۇنچيۇ زامانىسىدا، رۇڭ-دىلار جۇڭگودا ئارىلىشىپ ماكانلاشقان، مەزكۇر دىلارنىڭ تۇراقلىق پايتەختى بولماي، ئوت-سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرگەن. شەھەر، ئوردا-سارايلىرى بولمىغاچقا، ئۇلار چېدىرلىق ئايماقلار دېيىلگەن.» (ليۇ-شۇننىڭ ئىزاھى). بىر قىسمى كۆچمەنچىلىكتىن ئولتۇراقلاشقان، دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا قاراپ تەرەققىي قىلغان. بەزى-لىرى خۇددى خۇاشيالاردەك شەھەر-قورغانلاردا ياشىغان. شىمالىي دى قەبىلىلىرىنىڭ تۇرالغۇلىرى ياشىغان ماكانلىرىغا قاراپ پەرقلىق بولغان. بىناكارلىقمۇ سىنىپىي تەبىقىلەرگە قاراپ پەرقلىق بولغان. ئۇلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشى ئىقتىسادىي ئاساسى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان.

چۇنچيۇ دەۋرىدە، شىمالىي دىلارنىڭ كۆپرەك قىسمىنىڭ ئىشلەپ-چىقىرىشى قالاق ۋە تۇرمۇشى قىيىن ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئىپتىدا-ئىي جامائەدىن سىنىپىي جەمئىيەتكە ئەمدىلا قەدەم باسقان، سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيە ۋۇجۇتقا كەلگەنىدى. مىلادىدىن ئىلگىرى 604-يىلى، قىزىل دىلار جىن بەگلىكىگە يۈرۈش قىلغىنىدا، جىن بېگى چېڭ گۇڭ قارشى جازا يۈرۈش قىلماقچى بولسا، شۇنىلىن ئاتىسى (خېڭزى) ئۇلار «پۇقرالىرىغا زۇلۇم سالدى، زۇلمى چېكىدىن ئاشقاندا، (پۇقرالىرى) ئېتىلىپ چىقىدۇ» دەپ مەسلىھەت بەرگەن. دېمەك، قىزىل دىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا سىنىپىي كۈرەش ئاشكارىلاشقان. چۈنكى ئۇلاردا تۆرىلەر تەبەقىسى شەكىللەنگە-نىدى. تۆرىلەر دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ قوشۇمچە ئەمگىكىدىن پايدىلىنىشقا باشلىغان. خۇاشيانىڭ فېئوداللىق تۈزۈمى دېھقانچىلىق ئاۋارلىرىنى ئالماشتۇرۇش، نىكاھلىنىش مۇناسىۋىتى، سىياسىي تەش-

كىل جەھەتلىرىدە شىمالىي دىلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شۇنىڭدەك ئوتتۇرا شىيانىڭ مەدەنىيىتىگىمۇ شىمالىي دىلارنىڭ تەسىرى سىڭگەن. ئەسلىدە، «شىمالىي ئەل ئادەملىرى باشلىرىغا ياغلىق ئورايدۇ، جۇۋا كىيىدۇ؛ جۇڭگو ئادەملىرى تاج ۋە ئېگىن كىيىدۇ.»⑱ دېمەك، شىمالىي دىلار بىلەن جۇڭ شىيالارنىڭ كىيىملىرى پەرقلىنەتتى. لېكىن شىمالىي دىلارنىڭ ئادەتلىرىنىمۇ قوبۇل قىلغانىدى. «ئۆتكەنكى جىن ۋېنگوڭ رەختتىن كىيىم، تېرىدىن جۇۋا كىيەتتى، بېلىگە شەمشەر ئاساتتى.»⑲ دېمەك، جىن بەگلىكىنىڭ كىشىلىرىدىن دىلار كىيىملىرىنى كىيىدىغانلىرىمۇ كۆپەيگەن. شىمالىي دىلارنىڭ ئات مىنىش سەنئىتى خېلى بۇرۇن، يەنى يىن- شاڭ دەۋرلىرىدە جۇ مەملىكىتىگە كىرگەن.⑳ ھەتتا، شىيا دەۋرىدە (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 21 — 16- ئەسىرلەر) بەزى ھۆكۈمرانلار غەربىي رۇڭ ياكى دىلارنىڭ بەزى ئۆرپ- ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلغان. «شىيانىڭ تۇتقان يولى بۇزۇلۇپ، گۇڭ- ليۇ ئۆزىنىڭ زىرائەتچىلىكىنى تاشلاپ، غەربىي رۇڭلارغا ئۆزگىرىپ كېتىپ، يوجۇدا پايتەخت قۇرغان. بۇنىڭدىن كېيىن 300 يىل ئۆتۈپ، رۇڭ- دىلار چوڭ پادىشاھ دەن فۇغا ھۇجۇم قىلغان، دەن فۇ جىمەن تېغى تۈۋىگە قاچقان. يوجۇلۇقلار دەن فۇنىڭ قولىدىن ئەلنى ئىلكىگە ئېلىپ، جۇنى قۇرغان.»㉑

جۇ مەملىكىتى تەۋەسىدە تۈرلۈك بەگلىكلەر ۋە ئۇلۇسلار كۆپ بولغانلىقتىن، بۇلار بىر- بىرى بىلەن يەر، مال- دۇنيا تالىشىپ، ئۇرۇشۇپ تۇرغان. مەسىلەن، «مۇۋاڭ چۈەن- رۇڭلارغا يۈرۈش قىلىپ، ئاق بۆرە، ئاق بۇغىلارنى قولغا چۈشۈرۈپ قايتتى.» غەربىي دىلار لويىغا كېلىپ، جۇ شاڭۋاڭغا جازا يۈرۈشى قىلدى...



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

دەسلەپتە، جۇ شاڭۋاڭ جىن بەگلىكىگە جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولۇپ، دى بېگىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، دىلار بىلەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ- دە، دى قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ، جىن بەگلىكىگە يۈرۈش قىلىدۇ... دۆيۈنىڭ ئىزاھى بويىچە، بۇ- دىلار «توققۇز دىلار» ئىدى.[22]

دېمەك، شىمالىي جۇڭگودا ياشىغان ياكى دىلار جۇڭيۈەندىكى خۇاشيا ئۇلۇسى قۇرغان بەگلىكلەر بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ئالاقە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلاردىن بەزى ئۇلۇسلار ئۆز ئالدىغا بەگلىكلەرنىمۇ قۇرغانىدى. بۇ، دەرۋەقە، دى (دىلى) ئۇلۇسلىرىدا فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

شىمالىي دىلارنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا، تارىخىي ماتېرىياللاردا مۇنداق دېيىلىدۇ: جىن بەگلىكىنىڭ شىمالىدا لىن- خۇ- لۇفەن؛ يەن بەگلىكىنىڭ شىمالىدا شەرقىي خۇ- تاغ رۇڭلىرى بار ئىدى؛ زامانىمىز ئادەملىرى مەزكۇر رۇڭلارنى «خۇ» دەپ ئاتىدى. بۇ ئىككى بەگلىكنىڭ (جىن ۋە يەن بەگلىكلىرىنىڭ) ئادەملىرى (ھۆكۈمرانلىرى) شىمالدىكى ئۇلۇسلارنىڭ نەسلىدىن چىققان، بىر چاغلاردا ئاتىلىپ قالغان نام مىڭ يىللارغىچە داۋام قىلىۋەرگەن. شىمالىي دىلارنىڭ «خۇ» (غۇز) دەپ ئاتىلىشى شۇنىڭدىن باشلانغان.[23]

ئۇرۇشقاق پادىشاھلىقلار دەۋرىدە شىمالىي دىلار «لىن خۇ» ۋە «لۇفەن» دېگەن نام بىلەن ئىككى ئۇلۇس گۇرۇھىنى تەشكىل قىلغان. بۇ چاغدىكى «لىن- خۇ»لار خېتاۋ (خۇاڭخې قولتۇقى)دا، لۇفەن ئۇلۇسى جىن بەگلىكىنىڭ غەربىدە ياشىغان. «لىن- خۇ» دېگەن نام ئۇرۇشقاق پادىشاھلىقلار ۋە خەن دەۋرىدىكىلەر خەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالاقىلىرىدە قىسقارتىپ ئاتىغان نامدۇر. ئەسلى نامى «دەنلىن» ياكى «دەنلەن» ئىدى. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىلىرى»دە: «جىنىنىڭ شىمالىدا لىن-خۇ، لۇفەن رۇڭلىرى بار» دېيىلگەن گەپكە «خۇپىيانە ئىشلار»دىن رۇچۇن نەقىل كەلتۈرۈپ: «لىن-خۇ يەنى دەنلىن، بۇلار لى مۇ تەرىپىدىن يوقىتىلغان» دەپ ئىزاھ بەرگەن. «دەنلىن» «لى مۇ تەزكىرىسى»دە، «دەنلەن» دەپ يېزىلغان. «خەننامە» شەرھىدە، جىن ئەپەندىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىلدە: «ھۇنلار تەزكىرىسىدە ئېيتىلىدۇكى، جىنىنىڭ شىمالىدا دەنلىن خۇلىرى، لۇفەن رۇڭلىرى بار» دېيىلگەن. دېمەك، «لىن-خۇ» — «دەنلىن خۇلىرى»نىڭ قىسقارتىلمىسى. شىمالىي دىلاردىكى «دى» — «دىلى»نىڭ قىسقارتىلمىسى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، «دى، دىلى، دەنلەن، دەنلۈ، دەنلىن» دېگەن ناملار مەلۇم ئۇلۇسلار گۇرۇھى نامىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى. «دىلى»نىڭ خەنزۇچىدە قەدىمكى ئوقۇلۇشى d'iak-liek ئىدى؛ «دىلى»نىڭ كېيىنكى ئۆزگەرتىلگىنى «سىلىپ» ياكى «تېلىپ» بولۇپ، بۇنىڭ خەنزۇچىدە قەدىمكى ئوقۇلۇشى t'iək-lək. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادىنىڭ شىمالىي قىسمى ئېھتىمال «تەگرەك» ياكى «تىغراق» بولۇپ، كېيىنچە تاغىرا (ياكى تاغارا) دەپ ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرىكى دىڭلىنلار ئۇنىڭدىن بۇرۇن دىلار ئىكەنلىكى، دىلار (ياكى دىلىلار) قىزىل دىلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى تارىخىي ماتېرىياللار ئىسپاتلايدۇ. بەزى تارىخچىلار «قىزىل دىلار... سىبىر ئويمانلىقىدىن جەنۇبقا كەلگەن ئۇلۇس» دەپ دەلىللەيدۇ.㉔

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىيال ۋە تارىخ كىتابلىرىمۇ يىن-شاڭ

دەۋرىدە ۋە جۇڭنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا شىمالدىكى ئۇرۇغ-قەبىلىلەردىن جەنۇبقا كەلگەنلىرىمۇ، شىمالغا كەتكەنلىرىمۇ بار ئىكەنلىكىنى تەستىقلايدۇ. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 12 — 7- ئەسىرلەردە، مىس دەۋرىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا، جۇڭگونىڭ زور تۈركۈم شىمالىي قەبىلىلىرى شىمالغا سۈرۈلۈپ، جەنۇبىي سىبىرىيىگە كۆچكەن؛ شىمالىي دىلارمۇ جەنۇبقا كۆچۈپ، بىرقانچە بەگلىكنى قۇرغان. دېمەك، قىزىل دىلار تۈرلۈك ئىجتىمائىي ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن سۈرۈلۈپ، شىمالدىكى قېرىنداشلىرى بىلەن، يەنى دىڭلىنلارنىڭ يەنە بىر تارمىقى بىلەن قوشۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

شۇنىڭدەك، غەربتىن (ئۇرال تەرەپلىرىدىن) كەلگەن قوۋملەر بىلەن ئۇچرىشىپ، بارا-بارا ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشايدىغان بولغان. بالدۇر، شىمالىي دىڭلىنلار (يەنى شەرقىي دىڭلىنلار)غا موڭغۇلوئىدلىق ئامىللار سىڭگەن بولسا، ياۋروپېئىدلىقلاردىن ھېسابلانغان غەربىي دىڭلىنلار بىلەن قوشۇلۇش نەتىجىسىدە، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 700 — 200- يىللاردا، شەرقىي دىڭلىنلارنىڭ موڭغۇلوئىدلىق ئالامەتلىرى ئاجىزلىشىپ، تاغار دەۋرىدىكى بېشى يۇمىلاق ئادەملەر تىپىگە ئۆزگەرگەن ۋە ياۋروپېئىدلىق تىپىگە يانغان.

"تاشتىق" دەۋرىدە بولسا، دىڭلىنلار يەنە ھۇنلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۇلارغا موڭغۇلوئىدلىق ئامىللار قايتا سىڭىشكە باشلىغان. مىلادىدىن كېيىنكى 3 — 6- ئەسىرلەردە، دىڭلىنلار يەنە شەرقتىن كەلگەن سىيانپېيلەر، ئاۋارلارنىڭ مۇداخىلىسى بىلەن، ئۇلارنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك تىپىگە موڭغۇلوئىدلىق ئامىللار تەسىر كۆرسەتكەن.

دىڭلىنلار كۆچمەنچى- فېئوداللىق جەمئىيەتكە كىرگەندە،

www.uyghurkitap.com

خۇددى ھۇنلاردەك ھەربىي-دېموكراتىيە ئاساسىدىكى ھاكىمىيەت شەكلىنى قوللىنىشقا باشلىغان. بۇ — كۆچمەنچى فېئودالىلىق تۈزۈمىدە ياشىغان خەلقلەردىكى دۆلەتنىڭ دەسلەپكى شەكلى ئىدى. دىڭلىنلار بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۆزلىرىگە خاس مەدەنىيەتنىمۇ ياراتقان. ئادەتتە، كىشىلەر يېزىقنى ھاكىمىيەت بىلەن ئالاقىدار دەپ ھېسابلايدۇ. دەرۋەقە، يېزىق بىردىنلا ئېلىپبەلىك شەكىلگە كىرگەن ئەمەس، شەرتلىك بەلگىلەردىن تەرەققىي قىلغان. بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ يىللار ئىلگىرىكى يەنسەيدە تىك يارلارغا ۋە قەبرە تاشلىرىغا ئويۇلغان بەلگىلەر ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشلاردا مەلۇم بولدى. بۇ بەلگىلەرنىڭ بىرمۇنچىلىرىدە مەشھۇر ۋەقەلەر — جەڭلەر، چوڭ ئوۋلاش پائالىيىتى، يېڭى تۇرالغۇ رايون بەرپا قىلغانلىق ۋە يېڭى جايلارغا بارغانلىق توغرىسىدىكى ۋەقەلەر ئىپادىلەنگەن. بەزىلىرىدە ئابستراكت ئۇقۇملار، ئاساەن دۇنياقاراش ئىپادىلەنگەن. كۆپرەك ئۇچرايدىغانلىرى قىيپاش ياكى تۈز كىرىست شەكىللىك، تۆت چاسا شەكىللىك دۈگىلەك، يۇلتۇز شەكىللىك بەلگىلەردۇر. بۇ بەلگىلەر قاراسۇق دەۋرىدە ئويۇلغان. تاغار دەۋرىدە بەلگىلەر تېخىمۇ كۆپەيىپ، ھەر خىل تامغىلار ئىپادىلەنگەن. تاشتىق دەۋرىگە كەلگەندە، ھېسابلاش بەلگىلىرى كېلىپ چىققان،[25] دېمەك، دىڭلىنلارنىڭ يېزىق بەلگىلىرى ئۇرخۇن-يەنسەي يېزىقىنى تەركىب تاپقۇزغان ئامىللاردىن بىرى دەپ پەرەز قىلىشىمىز مۇمكىن.[26] دىڭلىنلارنىڭ يېزىق بەلگىلىرىدە شۇنداقلا «رۇنى» ئېلىپبەسىنىڭ ئامىللىرىمۇ بار. (مەسىلەن، ئانگلوساكسون رۇنىك يېزىقى، شىمالىي ياۋروپا رۇنىك يېزىقى، ئاسىيا رۇنىك يېزىقىغا ئوخشايدىغان بەلگىلەر بار.) دىڭلىنلار ئارىسىدا بىر خىل يېزىق بەلگىلىرى (يېزىق خاراكتېرىنى

ئالغان بەلگىلەر) قولـلىنىلـغان دەپ مىنىمۇم دەرىجىـدە مۇھاكىـمە قىلىشقا بولىدۇ.㉗

بۇلار ئۇيـغۇرلارنىڭ شىمالـىي ئەجدادلىرىـنىڭ شەرقىي قىسـمى بولغان دىنلار ياكى دىڭلىنلار توغرىسىدىكى مەلۇماتلاردۇر.

دېـمەك، مىلادىـدىن ئىلـگىرى ئوتـتۇرا ئاسـيانىڭ شـىمالى ۋە موڭـغۇل ياي‍ـلىقـىدىكى تۈركىي تىـلىدا سۆزلەشـكۈچى خەلقـلەرنى خەنزۇچە تارىخ كىتابـلىرىدا ئومۇمـلاشـتۇرۇپ، بالـدۇر «دىلى»، كېيىن «دىڭـلىن» دەپ ئاتـىغان بولـسا، مىلادىـدىن كېـيىن، جىن سۇلالىسى دەۋرىـدە «دىڭـلىن»لارنى «چىلې»، «سـىلې»، «تېلې» ياكى «گاۋچې» دەپ يازغان. سۇي دەۋرىگە كەلـگەنـدە، ئوتـتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر جۇڭـگونىڭ شىمالىـدىكى ۋە غەربىي شىمالىـدىكى «تېلې» قەبىلىلىرى تۈركۈمىنى ئۇلارنىڭ نام ۋە ماكانـلىرى بويىـچە ئېنىقراق قىلىپ، «سۇيـنامە»دە بايان قىلىپ بەرگەن. بۇ مەلۇماتـلار بويىچە، نامى يېزىلغان قەبىلـەرنىڭ نامـلىرى ۋە جايـلىششى ئومۇمەن مۇنداق ئىدى:

تۇغلار دەرياسـىنىڭ شىمالـىدا بارغۇت (ياكـى بۇغۇ)، توڭـرا، ئۇيـغۇر، بايىـرقۇ، قۇن (هـۇن)، تۇرۇق، ئىسـكەر (سـىقار ياكى ئىزگىل) — بۇلار «توققۇز تېـلى»گە كىرىـدۇ؛ بورا (ياكـى مۇقرا) يەنى بۇتۇار — بۇ ئەسلىدە تەڭرىتاغـنىڭ شىمالىدىـكى «گاۋچې» 12 قوۋمىگە قاراشـلىق بولۇپ، سىلىنـگا بويىـدا قېپقالغانـلار ئىـدى. بۇلاردىن تاشقىرى، قور (قوق) يەنى قورلۇغ — بۇ قوۋمـمۇ ئەسـلىدە «گاۋچې»نىڭ 6 ئۇرۇغـىدىن ئىـدى. يۇقىرىـدا ئېيـتىلغانـلار گوبىنىڭ شىمالىدىكى تېلېلەردۇر. ئىتۇرغـول (قومۇل)نىڭ غەربىدە، ئانگى (يەنجى)نىڭ شىمالىدا، ئاق تاغنى بويـلاپ جايلاشقانلاردىـن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كېپىك يەنى "گاۋجۇ" ئالتە ئۇرۇغمدىن قۇبىق (قومىق) ـــ بۇلار مىلادى 606 ـ يىلى ئۆز ئالدىغا بىر خانلىق قۇرغان ـــ ئوغۇز، قىرغىز ـــ بۇ ئۈچ قوۋمىمۇ تىېلىلەرگە كىرىدۇ. بۇ رايوندا بۇلاردىن باشقا يەنە تىېلىلەرگە كىرىدىغان بولۇچ، ئىزگىل، سۇۋار، ناچىق، يونغۇر قەبىلىلىرى بار ئىدى. سىر ـ تەردۇس ئالتۇن تاغ (ئالتاي) نىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، سىر بىلەن تەردۇس ئىككى قوۋمدىن تەركىب تاپقان؛ (لېكىن سىرلاردىن تۇغلار دەرياسىنىڭ شىمالىدا قالغانلارمۇ بار ئىدى)؛ يەنە "جىلىر"، "شىپان"، "داچى" قەبىلىلە- رى بار ئىدى. بۇلارمۇ تىېلىلەرگە كىرىدۇ. كان (قانغۇي) ئىلىنىڭ شىمالىدا، ئادىل (ئىدىل) ۋادىسىدە، ئاز (ئادىز)، خەزەر، بۇلغار، پېچىنەك، "جۇخەي"، "گابىس"، "قاچىرسۇق"، "بايغىردا"؛ دېڭىز (خەزەر يەنى كاسپى)نىڭ شەرقىي ۋە غەربىدە سارۇ ئۇرغۇر، ساكسىن (ئىدىلنىڭ ئاياق ئېقىمى بويىدا ـــ بۇنى فرانسىيىلىك پلانوكارپىنى "ساكسى" دەپ ئاتىغان)، موكشە قەبىلىلىرى بار ئىدى. پۇرۇمنىڭ شەرقىدە ئىنكۇ، ئالان، باشقىر، قۇتىرىغۇر قەبى- لىلىرى بولۇپ، بۇلارمۇ تىېلىلەردىن ئىدى. شىمالىي كۆل (بايقال) نىڭ جەنۇبىدا توبول (توۋا)لار ياشايتتى. بۇلارمۇ تىېلىلەردىن ئىدى. سۇي دەۋرىدە، «تىېلىلەر» بايقالنىڭ جەنۇبىدىن تۇغلا ۋادى- سى ۋە ئۇنىڭ شىمالىدا ھەم يەنسەينىڭ يۇقىرى ۋادىسىدە، ئاندىن غەربكە سوزۇلۇپ، ئالتاي بويلىرى ۋە جۇڭغار تۈزلەڭلىكى، تەڭرى- تاغنىڭ جەنۇبى بويلىرىدا، ئارال كۆلى تاكى كاسپى ھەم ۋولگا ۋادىلىرى بولۇپ، ناھايىتى كەڭ زېمىندە ياشايتتى.㉘

كېيىنكى ۋاقىتتا «تۈرك» ئاتالغانلار ئەسلىدە «دىڭلىن» ياكى «تىېلىلەر»نىڭ بىر قوۋمى ئىدى.

مىلادىنىڭ ئالدى ۋە كەينىدىكى 2 ـ 3 ئەسىر ئىچىدە، پۈتۈن
موڭغۇل يايلىقى ۋە جۇڭغار ھەم جەنۇبىي سىبىر رايونلىرىغا ھۇن
ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان چاغلاردا، دىڭلىنلار شۇلار-
نىڭ تەۋەسىدە ئىدى. ھەتتا دىڭلىنلارنىڭ بەزى ئۇرۇغ ـ قەبىلىلى-
رى ھۇن ئۇرۇغ ـ قەبىلىلىرىدىن ھېسابلانغانىدى. ۋىزانتىيە
تارىخچىلىرىدىن نىكتا، لېۋ گراماتىك، جورجىلار «oungri»
(ئونغرى)لار ھۇنلاردۇر دەپ قالدۇرغان مەلۇماتىغا ئاساسەن،
ياۋروپا تىلشۇناسلىرىدىن كلافروت ھۇن قەبىلىلىرى ئىچىدە «گاۋجۇ»
(ياكى بۇرۇنقى نامى بويىچە «دىڭلىن») قەبىلىلىرىنىڭ ناملىرى
بىلەن ئوخشاش ناملار بارلىقىنى تاپقان. مەسىلەن، ئوغۇر، ئونىغۇر،
ئوتىغۇر، قۇتىغۇر، سارۇغۇر ۋە باشقىلار.㉙

## B. ئۇيغۇرلارنىڭ شىمالىي بۆلىكىگە كىرىدىغان غەربىي ئېتنىك تەركىبلىرى

ئەمدى غەربتىكى يۇنان — روما تارىخچىلىرىنىڭ مەزكۇر قوۋملەر
توغرىسىدا يازغانلىرىغا مۇراجىئەت قىلايلى.

يۇنان تارىخچىلىرىدىن سترابون (مىلادىدىن ئىلگىرى 63 ـ يىلى-
دىن مىلادى 19 ـ يىللاردا ياشىغان) بىلەن پتولېمىي (CL·Ptoleme)
— مىلادى 2 ـ ئەسىردە ياشىغان) ۋە لاتىن ئاپتورلىرىدىن چوڭ
پىلىنىئۇس مېلائىي (مىلادى 23 — 79 ـ يىللار) بىلەن پومپونىئۇس
مېلائىي (ئەسىرىنى مىلادى 42 ـ يىلى يازغان) ئۆز ئەسەرلىرىدە،
شەرقىي ياۋروپادا، ئىدىل ۋە خەزەر (ھىركانىيە)نىڭ شەرقىدە،
تاسىر (جۇڭگو) چېگرىلىرىغا قەدەر سوزۇلغان كەڭ زونىدا قانداق
قوۋملەر ۋە قەبىلىلەر ياشىغانلىقىنى بىر ـ بىرلەپ ساناپ كۆرسەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لېكىن بۇ قوۋم ۋە قەبىلىلەرنىڭ ئىسىملىرى ياكى جۇغراپىي نامىلار يۇنانلىقلارغا ئىرانلىقلار ئارقىلىق مەلۇم بولغاچقا، ئۇ نامىلارغا ئىران تىلىنىڭ تامغىسى بېسىلغان ياكى يۇنانچىلاشتۇرۇلغان ھالدا يېزىلغان.

يۇنان- لاتىن ئەسەرلىرىدە زىكرى ئېتىلگەن قەبىلىلەر ئىسىم- لىرىدىن بىرمۇنچىسى «تۈركىي» قەبىلە- ئۇرۇغ ئىسىملىرى ئىكەن- لىكى بايقىلىدۇ. مەسىلەن:

oxianoi — ئوغۇز، pasiak(pestik، pesik) — پېچېنەك، Dahae (Dae)—ئاداي، Camac—قاماق (قامىق)، coman—قومان، Camar — قومار، Kumith — كۇمىد، Cam — كاك، Kotier (Kasir) — قەزەر، Carat — قارات، Khun — قۇن، Sabir — سابىر (سۇبار، سۇۋار)، Borsusk — بورسۇق، Avarin — ئاۋار، Amar — ئامار (يامار). بۇ قەبىلىلەردىن مۇھىم بىر قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان- لىقى ئېنىق. بۇ ئىسىملارنىڭ بىرقانچىسىنىڭ ئاخىرىدىكى ”ات“ ۋە ”ىت“ قوشۇمچىلىرى كۆپلۈكنى بىلدۈرىدۇ (ئالتاي تىللىرى بويىچە)، بۇ تارىخىي مەنبەلەردە، «ئازىغارت»، «چايىق» (يايىق) نامىلىرى Askat ۋە Daikh شەكلىدە، «ئۇيغۇر» دېگەن نام Oykhard، «قاز» نامى kasia، «تۈرك» turcae ۋە Nurkae شەكلىلىرىدە يېزىلغانلىقى مەلۇم.㉚

قەدىمكى زاماندىكى بۇ ئۇرۇغ- قەبىلىلەر دائىم دېگۈدەك بىر يەردە تۇرمىغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4 — 2 مىڭىنچى يىللاردا، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن مەركىزىي ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىن مېتال دەۋرىگە كىرگەن. تىللار سىستېمىلىرىمۇ ئېھتىمال مۇشۇ دەۋردە شەكىللەنگەن

بولۇشى مۇمكىن.

تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى ئىككى مىڭىنچى يىللاردا، غەربىي سىبىرىيە ۋە جەنۇبىي ئورال رايونلىرىدا ياشىغان كۆچمەنچىلەر شەرققە ۋە جەنۇبقا قاراپ كۆچكەن؛ بىر قىسمى پەيدىنپەي ئولتۇراقلاشقان ـ دە، مىس مەدەنىيىتى ۋۇجۇتقا كەلگەن. ئارخېئو- لوگلار يېڭى تېپىلغان خارابىلەرگە قاراپ، ئۇ ئادەملەرنى «ئاندرونوۋو مەدەنىيىتى قەبىلىلىرى» دەپ ئات قويغان. ئۇلار شەرققە قاراپ كۆچۈپ، تاكى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىي چېگرىدىلىرىغىچە بېرىپ، ئۇ يەرلەردە ياشاۋاتقان قەدىمكى كۆچمەنلەر بىلەن ئۇچراشقان. ئاندرونوۋو مەدەنىيىتىنى ياراتقان قەبىلىلەر ساكالار ۋە ماسساغىت- لارنىڭ بىۋاستە ئەجدادى دەپ تەخمىن قىلىنىدۇ. ساكالار مىلادى- دىن ئىلگىرىكى 8 ـــ 7 - ئەسىرلەردە، ئارال كۆلىدىن پامىر ئېگىزلى- كىگىچە بولغان زېمىندا كەڭ تارقالغان. تەڭرىتاغ بويلىرىدىكى كۆچمەنچى قەبىلىلەرمۇ ئۇ دەۋرلەردە «ساكا» دېگەن ئومۇمىي نام ئىچىگە كىرىدىپ كەتكەن. ئۇلار ئېتنولوگىيە ۋە تىل جەھەتلىرىدىن بىر - بىرىگە يېقىن ئىدى. ساكالارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىغا، غەربىي جەنۇبىغا سۈرۈلۈشى ناھايىتى ئۇزاق داۋام قىلغان. بۇلار ناھايىتى نۇرغۇن قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان، لېكىن ئۇلاردىن ئەڭ كۈچلۈكى ماسساغىتلار ئىدى، بۇلار ئاساسەن ھىركانىيە (خەزەر يەنى كاسپىي) دېڭىزىنىڭ شەرقىدە ئىنچۇ ئۆگۈز (سىردەريا)نىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى بويلىرىدا ياشايتتى. ھىرودوت «تارىخ»تا قەيت قىلىشىچە ۋە يېقىنقى ۋاقىتلاردا تېپىلغان خارايىلەر (مىلادىدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللارغا ئائىت) تېپىندىلىرى بۇ قەبىلىلەر بىلەن ساكالار ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى كۆپ ئورتاقلىق بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇلار مال باقاتتى، چىدىرلىق هارۋىلاردا، ئوت-سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرەتتى. جەڭ قىلغاندا ناهايىتى جەڭگىۋار ئىدى(31). خۇددى شۇ جايلاردا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ ئىسكەندەر زامانىسىدىكى قارشىلىقىنى تەرىپلەپ مەھمۇت قەشقەرى يازغان مەلۇماتىمۇ شۇنى تەستىقلايدۇ. خاقان «شۇ» ئىسكەندەرگە قارشى جەڭ قىلغان چاغلاردا، تىراز، ئىسپىجاب، بالاساغۇن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شەھەرلەر بىنا قىلىنمىغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىن بىنا قىلىنغان. ئۇ يەرلەردە چىدىرلاردا ياشايدىغان كۆچمەنلەر ھايات كەچۈرەتتى.(32)

«ئەڭ ئىلغار قەبىلىلەر — ئارىيانلار، سىمتىلار، شۇنىڭدەك تۇرانلار — ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئەمگەك ساھەسى دەسلەپتە مالچىلىق (مال بېقىش) ئىدى، پەقەت كېيىنكى ۋاقىتلاردىلا چارۋا مالنى كۆپەيتىدىغان ۋە قارايدىغان بولدى. كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ باشقا ياۋايىلار توپىدىن بۆلۈنۈپ چىقىشى — بۇ بىرىنچى قېتىمقى چوڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ئىدى... تۇران تۈزلەڭلىكىنىڭ ھاۋارايى شارائىتىدا، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان قاتتىق سوغۇق قىش پەسلى ئۈچۈن كېرەكلىك يەم-خەشەك تەييارلىقى بولمىسا، كۆچمەنچىلىك تۇرمۇشنى كۆچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، مال ئۈچۈن ئوت-چۆپ ئۆستۈرۈش ۋە زىرائەت تېرىش بۇ يەردە زۆرۈر شەرتكە ئايلانغان... لېكىن زىرائەت ئۆيى ھايۋانلىرىغا يەم-خەشەك قىلىش ئۈچۈن ئۆستۈرۈلگەن ئىكەن، ئۇ تېز پۈرسەتتە ئىنسانىيەتنىڭ يېمەكلىكىگە ئايلانغان.»(33)

ئاللىقاچان چارۋىچىلىق ھەم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۆتكەن تۇرانلار- ساكا ۋاكى سكىتلارنىڭ ياراتقان مەدەنىيىتى كۆپ

جەھەتتىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللاردىكى قەبىلىلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. قەبىلىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش مەجبۇرىيىتى بىلەن داۋاملىق كۆچۈپ تۇرۇشى ئات مىنىش تېخنىكىسىنى (ئالدى بىلەن تۇرانلار) راۋاجلاندۇرىدۇ.

مەزكۇر ساكالارنىڭ كەڭ تارقالغانلىقى توغرىسىدا خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ بايان قىلىنغان. «ساكالار تارقىلىپ بىرقانچە ئەل بولۇپ كەتكەن، سۇلې (قەشقەر)نىڭ غەربىي شىمالى، شۇدۇن، سىند تەۋەلىرى قەدىمكى ساكالار نەسلىدىندۇر.»[34]

ساكالارنى بىرقانچە ياۋروپا تەتقىقاتچىلىرى ھىندۇ-ياۋروپا تىللىرىدا سۆزلىگۈچى قەبىلىلەر ئىدى دەپ قارايدۇ. لېكىن كۆپچىلىك ئالىملار (مەسلەن، ئارستوف، ئېدۇئارد مېيېر، كلاپروت ۋە باشقىلار) ساكالارنى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر ئىدى دەپ قەتئىي ھۆكۈم قىلىدۇ.[35] ئارستوف، ھەتتا ياقۇتلارنى، شۇنىڭدەك سىبىردىكى «ساغايلار»نى ۋە قىرغىزلارنىڭ «ساياق» قەبىلىسىنى ئاشۇ قەدىمكى ساكالار ئەۋلادلىرىدىن دەپ قارايدۇ.[36] قەدىمكى ھىندى رىۋايەتلىرىدىمۇ ئەينى زامانلاردىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنى «ساكا»، «تۇرۇشكا» ۋە «ھۇنا»ناملىرى بىلەن ئاتايدۇ.[37] ساكالارنىڭ (توغرىسى Saka-tigrakhudaنىڭ) ۋەتىنى قەشقەر ۋە ئوتتۇرا تەڭرىتاغ تەرەپلىرى ئىدى، بۇلار Amirgioi دەپ ئاتالغان.[38]

پتولېمي «جۇغراپىيە»سىنىڭ VI قىسىم 13-باب، 2-پاراگرافىدا يېزىلىشىچە، پەرغانە ۋادىسىدە ساكالارنىڭ بىر قىسمى سانالغان قوۋملەردىن «كۇمىد»، «قارات»، «قۇمار» ۋە «تۇرۇن»لار تۈركىي قەبىلىلەردۇر. بۇنى خەنزۇچە مەنبەلەرمۇ تەستىقلايدۇ. ساكالارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇھىم بىر قىسمى مىلادىدىن ئىلگىرى 2 ـ ئەسىردە سىيستان تەرەپ ـ لىرىگە كەتكەندىن كېيىنمۇ، خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا «كۇمىد»لار «كيۇ ـ مى ـ تۇ» ۋە «كيۇمى» دەپ يەنىلا قەدىمكى قەبىلە نامى بىلەن يېزىلغان؛ شۇنىڭدەك، پەرغانە بىلەن قەشقەر ئوتتۇرىسىدا ياشاپ قالغان ساكا قەبىلىلىرىدىن ھيۇسۇن بىلەن كۇ ـ تۇلار زىكرى قىلىنغان. بۇلارمۇ تۈركىي قەبىلىلەر دەپ ئىسپاتلانغان.(39)

ھىندىستان تەرەپلىرىگە كۆچۈپ كەتكەن ساكا قەبىلىلىرىدىن قالغان پۈتۈك تاشلار (ئابىدىلەر)نىڭ ئورخۇندىن تېپىلغان تۈركىي پۈتۈك تاشلارغا ئوخشايدىغانلىقى ئېنىقلانغان.(40)

مىلادىدىن كېيىن «سوغد» دەپ ئاتىلىپ، ئىرانلاشقان خەلقلەرمۇ ئەسلىدە ساكالاردىن ئىكەنلىكى مەلۇم. چۈنكى «سوغد» سۆزى ئالتاي تىللىرى بويىچە "ساق"نىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى "ئىت"نىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولۇپ، "ق" جاراڭلاشقان. دەرۋەقە، كېيىنكى «سوغد»لار بىلەن بۇرۇنقى «ماساغىتلار»نىڭ بەزى ئەقىدە ۋە ئادەتلىرىنىڭ ئىرانلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغانلىقى ئەسلىدە «ماسا ـ غىتلار»نىڭ تەركىبىگە كىرگەن ئىرانلىق ئۇنسۇرلارنىڭ تەسىرىدىن بولۇشى مۇمكىن. بەزى ئالىملار «ماساغىت»نى ھەزەر ـ ئىران ۋە يەھۇدى راۋايەتلىرى بويىچە، يافەسنىڭ ئوغلى ۋە ئوغۇزنىڭ ئاتىسى دېيىلگەن "مەسەك"نىڭ "ئىت" كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەن ـ گەن شەكلى دېگەن پىكىرنى ئالغا سۈرىدۇ.(41)

پتولېمي قاتارلىق يۇنان ئاپتورلىرى ئورال تېغى ۋە ئارال كۆلد ـ نىڭ شەرقىدىكى قوۋملەرنى يىغىشتۇرۇپلا «سكىف» ياكى «سكىت» دەپ ئاتىغان. شۇنىڭدەك «سكىفلار» جايلاشقان كەڭ رايوننى سكىفلارنىڭ نامى بىلەن ئىككى رايونغا، يەنى «ئىما ئۇس تېغى»

(پامىر-تەڭرىتاغ)نى چېگرا قىلغان ھالدا، غەربىي «ئىچكى سىكىف ئىما ئۇس تېغى»، شەرقىنى «تاشقى سىكىف ئىما ئۇس تېغى» دەپ ئاتىغان. پتولېمېينىڭ جۇغراپىيەسىدىكى «ئاسىيا خەرىتىسى» بويىچە، «ھىركانىيە» (خەزەر، يەنى كاسپىي)نىڭ شەرقىدە «باكترىيانا» (داھا)، بۇنىڭغا يېقىن قوشنا — سوغدىيانا، «ياشارتىس» (سىر) دەرياسىنىڭ شەرقىدە «ئىما-ئۇس» تېغىغىچە ساكا رايونىدۇر. ساكا رايونىنىڭ شەرقى، يەنى پامىر-تەڭرىتاغنىڭ شەرقى بولسا، «تاشقى سىكىفىيە»دۇر. بۇ مىلادىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى جۇغراپىي بۆلۈنۈشىدۇر.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى بولسا، ھىرودوت «ھىركانىيە» دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى قوۋملەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ «سىكىت» ياكى «ساكا» ئومۇملاشتۇرۇپ targitaos دېسە، ئارال كۆلىنىڭ شەرقىدىكى قوۋملەرنى «ساكا تېگرا خودا» (يەنى «تېگرا خودا ساكالىرى») دەپ ئاتىغان. tegrahkuda نى ئىبرانىي تىلىدا togharma (توغارما) دەپ يازغان. بەزى تەتقىقاتچىلار «دارابنامە»دە زىكىر قىلىنغان ئۈچ ساكا گۇرۇپپىسىدىن بىرى بولغان «ساكا تىگرا خۇدا» (Saka-tigrakhuda)نى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلق دەپ دەلىللەيدۇ؛ [42]

بۇ ھەقتە، بىزنىڭ تايىنىدىغىنىمىز، تارىخىي ھۆججەتلەر، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلەردىن باشقا، تىلشۇناسلىق ۋە ئېتنوگرافىيىگە دائىر ماتېرىياللاردۇر.

«تىگراخودا»— ھىندى-ئىران تىللىرى بويىچە تەھلىل قىلىنغاندا — «تىگرا» — «يوغان»، «ئېگىز»، «كۈچلۈك»، «زور» مەنىلىرىنى، «خودا» — «ئۇچلۇق چەز قالپاق» دېگەن مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. [43]

«ساكا تىگرا خودا» — «ئۇچلۇق جەزقالپاقلىق زور ساقلار» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىككى خىل پەرەز قىلىش مۇمكىن: بىرى، مەزكۇر خەلق ئۆزلىرىنى (ياكى قوشنا قەبىلىلەر ئۇلارنى) «تىغراق» (يەنى «باتۇر»، «غەيرەتلىك»)[44] دەپ ئاتىغان بولۇشى، يەنە بىرى، ئۇلارنىڭ مىس دۇبۇلغىلىرىغا قاراپ، باشقا قوشنا قوۋملەر ياكى يۇنان-ئىرانلار «خودا» دەپ سۈپەتلىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى، «ساك» ياكى «ساكا»غا كەلسەك، بۇرۇن نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەر ياشىغان يەر شارائىتىگە قاراپ يەرنامى بىلەن ئاتالغانىدى. «ساكا» دەپ ئاتالغان بۇ خەلقلەر بالدۇر ئاساسەن «ئىما ئۇس» تېغىنىڭ ئېتەكلىرىدە ياشىغانلىقلىرى ئۈچۈن، تۈركىي تىلدا «تاغ ئېتىكى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان — «ساقا» سۆزى ئۇلارغا نام بولۇپ قالغان دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن. بۇنى «ئالان» دەپ ئاتالغان خەلقنىڭ «ئائورس-ئالان» (قەلئە ياكى قورغان ئالانلىرى) ۋە «سىگىن-ئالان» (تاغ ئالانلىرى) دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىپ ئاتالغانلىقىدىنمۇ قىياس قىلىش مۇمكىن. شۇنىڭدەك، «ماساغىت»مۇ «ساقا»نىڭ كۆپلۈك شەكلى «ساقىت»قا، يۇنانچە «ئەر، ئەرلىك، باتۇر» مەنىسىدىكى "ماس" سۈپەت سۆزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان. ماساغىتلار — ساقالارنىڭ ئىچىدە ئەڭ جەڭگىۋار خەلق ئىدى. ئىران تىلىدىكى "ئى" سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە قەدىمكى تۈركىي تىلدا، "ئاق-ئىق-ئىغ" شەكىللىرىدە ئىپادىلىنەتتى. شۇڭا، «سوغد ر ساقا-ساقىت-سىكىت»، «سوغداق» «ياكى سوغدىق» دەپ سۈپەتلەنگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ھىرودوتنىڭ «تارىخ» ئەسىرىدە قەيت قىلىنغان ۋە «دارابنامە» داستانىدا بايان قىلىنغان «تىغراخود»، خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە

«دىڭلىن» ياكى «دەنلەن» دەپ خاتىرلەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرىچە، «دىڭلىن» بىلەن «چىلى، سىلى»، «دىلى»، «تېلىپ»، «تىيېلىپ» دېگەن ناملار ئېتىمولوگىيە جەھەتتىن بىر سۆز بولۇپ، «تىل»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، «تىل» — دەريا دېمەكتۇر. «دىڭلىن» خەنزۇلارنىڭ تەلەپپۇز قىلىشى، «تىيېلىپ» بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئاتىشى، ئىككىلىسى «تىل» نىڭ ترانسكرىپسىيەسىدۇر. بۇ ئاللىقاچان theophytacte تەھقىقلەپ «ئەتىل»، «ئېتىل»، «ئىتىل»نىڭ قىسقارتىلمىسى دەپ خۇلاسە چىقارغان سۆزدۇر. دېمەك، «دىڭلىن»، «تىيېلىپ» "دەريا بويىغا جايلاشقان قەبىلىلەر ئىكەنلىكىدە شەك يوق» دېيىلىدۇ.[45]

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىدىن ئالتاي-تەڭرىتاغنىڭ غەربىدىكى »دىڭلىن» (ياكى «دەنلەن») ياكى «تىغراق»لار ئەسلىدە «ساقا»لار گۇرۇپپىسىغا تەۋە خەلق بولسا كېرەك. بۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولغاچقا، ئۆزلىرىنىڭ ياشىغان ماكانلىرىدا ئۆز ئىزلىرىنى قالدۇرغان. مەسىلەن، يەتتەسۇنىڭ شىمالىي ۋە يەنسەينىڭ باش ئېقىمى ئارىلىقلىرىدا «تاغار مەدەنىيىتى» دەپ ئاتالغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلەر، شىنجاڭنىڭ ئاراتۇرك، پىچان، كۇچا، قەشقەر، خوتەن رايونلىرىدا «توخۇلا»، «دىغاي» (دىغار)، «توخولا» (توخرا توغارا)، «تاغارما» دەپ ئاتالغان يەر ناملىرىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىشى بۇ پەرەزنى ئەستەقلايدۇ.

مىلادى 3-ئەسىردىن كېيىن، نۇرغۇن سىياسىي-ئىجتىمائىي ۋەقەلەر نەتىجىسىدە، «ساقا»لارنىڭ پەرغانە ۋادىسىدا ياشايدىغان بىر قىسمى ئىرانلاشقان، يەنى تىلى ۋە بەزى ئېتىقاد بىلەن ئىپادىلەنگەن پىسخىكىلىق ھالەتلىرىدە، يۇنان ۋە ئىران ئامىللىرى كۈچە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىپ كېتىپ، ئۇلار ئىران تىلىدا سۆزلىگۈچى خەلقلەرگە ئايلىنىپ قالغان. شۇڭا، مەھمۇت قەشقەرى: «ئوغۇزلار پارسلار بىلەن ئارىلىشىپ تۇرغاچقا، بىرمۇنچە تۈركچە سۆزلەرنى ئۇنتۇپ، ئورنىغا پارسچە سۆزلەرنى ئىشلىتىدىغان بولۇپ قالغان» دەپ يازغان.⑯ شۇنىڭدەك، قەدىمكى زامانلاردا قەزۋىن، قۇم شەھەرلىرىدىن تارتىپ، پۈتۈن ماۋرائۇننەھر ۋە ئۆزگەندىن چىنغىچە جايلار تۈركىي قوۋملەرنىڭ ياشىغان جايلىرى بولۇپ، كېيىنچە بۇ جايلارنىڭ بىر قىسمىدا پارسلار كۆچىيىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى شەھەرلەر ئەجەم شەھەرلىرىگە ئوخشاپ قالغان.⑰

«ساقا»لار تەڭرىتاغ ـ پامىردىن ھالقىپ ئۆتكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ تەركىبىدە كېيىنكى چاغلاردا «گاۋجۇ» ياكى «تىيلې» دەپ ئاتالغان خەلقلەرنىڭ ئۇرۇغ ـ ئايماقلىرى بىلەن نامداش قەبىلىلەر بارلىقىنى يۇقىرىدا بايان قىلدۇق.

پتولېمېينىڭ «جۇغراپىيە»سىدە بايان قىلىنىشىچە، «ئۇلۇغ ئىگدونىس مەملىكىتى» دېيىلگەن بىر ئەلنىڭ لوپنور رايونىدا بولغانلىقى مەلۇم. شۇنىڭدەك بۇ ئاپتور «Serice» (سېرىس مەملىكىتى) توغرىسىدا بايان قىلغىنىدا: «ئۇنىڭ (ئۇلۇغ ئىگدونىس مەملىكىتىنىڭ) قوشنىسى دامنائىي ئېلى (Damnae) ۋە پىئاددائىي (Piaddae) ئېلىنىڭ زېمىنى ئويىقۇرداس (Oechordas) دەرياسىغىچە بارىدۇ. دەريا بويىدا ئويىقۇرداس مەملىكىتى بار» دەيدۇ.⑱

تارىخىي ماتېرىياللاردىن بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، تۇران تۈزلەڭلىكىدە قالغان «ساقا»لارنىڭ بىر قىسمى يەتتە سۇ ۋە ئىلى ۋادىلىرىدا ياشىغان. مىلادىدىن 2 ئەسىر ئىلگىرى ھازىرقى گەنسۇ ـ كۆكنۇر رايونلىرىدا ياشايدىغان يۈچىلەرنىڭ بىر تارمىقى بولغان

«ئۇلۇغ يۆچى» تەڭرىتاغنى بويلاپ، ئىككىنچى قېتىم غەربكە كۆچكەن ۋە ساقالارنى ئىلى ـ يەتتە سۇ ۋادىلىرىدىكى ماكانلىرىدىن كېتىپ قېلىشقا مەجبۇر قىلغانىدى. ئۇيسۇنلارنىڭ سۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە، يۆچىلەرمۇ ساقالارنىڭ ئىزى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىغا جايلاشتى. يۆچىلەرنىڭ بۇنداق غەربكە سىلجىشى ساقالارنىڭ بىر قىسمىنىڭ غەربىي جەنۇبقا كۆچۈشىگە سەۋەب بولدى. بۇ ساقا-لارنىڭ 3 ـ قېتىمقى، شۇنداقلا ئاخىرقى كۆچۈشى ئىدى. هازىر «خۇزىستان» دەپ ئاتالغان ئۆلكىدىكى «خۇزلار» (غۇزلار) ئەشۇ ساقالارنىڭ ئەۋلادى بولۇشى مۇمكىن. (دەرۋەقە، 10 ـ ئەسىردە، غەزنەۋىلەر سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ بىر قىسىم ئوغۇزلار شۇ يەرلەرگە ماكانلىشىپ قالغانىدى.)

«ئۇلۇغ يۆچىلەر ساكا پادىشاھىنى قوغلىۋەتتى. ساكا پادىشاھى جەنۇبقا قاراپ ھالقىپ، سىندۇغا جايلاشتى. ئۇلۇغ يۆچىلەر ئۇلار-نىڭ زېمىنىنى ئىگىلىدى. كېيىن ئۇيسۇنلار پادىشاھى ئۇلۇغ يۆچى-لەرنى تارمار قىلدى. ئۇلۇغ يۆچىلەر غەربتە داشىياغا بېقىندى. ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئۇيسۇنلار ئىگىلىدى. شۇڭا ئۇيسۇن ئېلى تەركى-بىدە ساكالار ئۇلۇغ يۆچىلەر ئۇرۇغلىرىدىن بار.»⁴⁹

## C. ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبىي ئەجدادلىرى

تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ جەنۇبىدا، تارىم بويلىرىدا، يەنى پامىر ـ قاراقۇرۇمنىڭ غەربىدىن تاكى قۇرۇق تاغقىچە بولغان كەڭ زېمىندە ياشىغان قەدىمكى خەلقلەر تېخىچە نام ـ نەسەب جەھەتتىن ھەر خىل ئاتىلىپ كەلمەكتە. بەزىلەر غەربتىن كۆچۈپ كەلگەن «ئىران تىلىدا سۆزلەشكۈچى» قوۋملەر دېسە، بەزىلەر شەرقتىن كەلگەن

ئالتاي تىلىدا سۆزلەشكۈچى قوۋملەر دەپ پەرەز قىلىنىشماقتا. ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى تەشكىل قىلغان قەدىمكى تارىم ئادەملىرى مەيلى «ساقا» دەپ ئاتالسۇن، ياكى «توخار» ھەم «يۆچى» ياكى «كۆچچى» دەپ ئاتالسۇن، ئۇلار ئەسلىدە ئالتاي تىلىدا سۆزلەشكۈچى قوۋملەر ئىكەنلىكى بارغانسېرى ئايدىڭلاشماقتا.

چۇنچيۇ زامانىسىدا (مىلادىدىن ئىلگىرى 722 — 488-يىللار) تارىم ئويمانلىقىدا ياشاۋاتقان ئۇرۇغ-قەبىلىلەردىن جۇڭگيۇەن رايونىغا مەلۇم بولغىنى «يۆچىلەر» ئىدى.

تارىخىي ھۆججەتلەردە يېزىلىشىچە، يۆچىلەر ساك دەۋرىدە، ئوردۇس تەرەپلىرىدە «دى»لار بىلەن ئارىلاش ياشىغان، كېيىن ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى جۇڭگيۇەنگە كۆچكەن. «مۇتيەنزى تەزكىرىسى»دە ئېيتىلغان «يۆچى يېزىقى (تۆزلەڭلىكى)» ۋاڭ گوۋېينىڭ ئېنىقلىشىچە، يەنمىن (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى شيۇ)نىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. يۆچىلەرنىڭ باشقا بىر تارمىقى بولسا، تارىم ئويمانلىقىغا كۆچۈپ بارغان. يەنى «دىلى» خۇاڭخې بويلىرىدىن يەنىمۇ شىمالىغا ۋە ئۇنىڭدىن غەربكە سۈرۈلگەن چاغلاردا يۆچىلەرنىڭ بىر قىسمى شەرققە ۋە يەنە بىر قىسمى غەربكە سۈرۈلگەنىدى. بۇ — ئۇلارنىڭ بىرىنچى كۆچۈشى ئىدى. «غەربىي كۆچمە قوۋم غەربىدىكى يۆلەر» دېيىلگەن خەلق، ئېھتىمال، كۆچمە قوۋم (تۈرۈم ساي، يەنى تەكلىماكان)غا كۆچكەن يۆچىلەر بولسا كېرەك.[50] كېيىنكى ھۆججەتلەردە بۇ خەلقنىڭ نامى ھەر خىل خەت بىلەن يېزىلغان. «زوچيۇمىڭ يىلنامىسى»دە «يۇ»، «مۇتيەنزى تەزكىرىسى»دە «يۇجى»، «تارىخىي خاتىرىلەر. داۋان تەزكىرىسى»دە «يۆسى»، «تاغ-دەريالار كىتابى»نىڭ 1-بابىدا «يۆچى»

دەپمۇ يېزىلغان، خەن دەۋرىدە بولسا «يۆجى» دېگەن نام بىلەن غەربىي دىياردا نامايان بولغان. بۇ خەتلەرنى خەنزۇچە خەتلەرنىڭ تەلەپپۇز قانۇنىيىتىگە ۋە تەلەپپۇزى بويىچە تەرجىمە قىلىنغان ناملارغا ئاساسلانغاندا، شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، «يۆسى» (يۆزى، يۆجى) «كۆچچى» دېگەن مەنىدە ئوقۇلۇشى مۇمكىن. شۇنداقلا «تۈركىي تىللار دىۋانى» بويىچە «يۈرچى» دەپ پەرەز قىلىنسا، «كەزگۈچى، تېز يۈرگۈچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بىراق (ياپون) يۈشى لاۋتى ئەپەندى «غەربىي ئەللەردە بۇددا دىنى» دېگەن كىتابىدا «يۆجى»نى Jukhara (يۇغار ياكى جۇقار) دەپ ئوقۇغان. يۆچىلەر دەسلەپتە كۆچمەنچى خەلق ئىدى، «مال كەينىدىن كۆچۈپ يۈرەتتى، ئۆرپ-ئادەتتە ھۇنلار بىلەن ئوخشاش.»[51]

«گۇەنزى» كىتابىدا يۆچىلەر قاشتاش چىقىدىغان ماكاندا، دەپ ئېنىق بايان قىلغان: «قاشتاش يۆسلەردىن چىقىدۇ.» «شىمالدا يۆجىلەرنىڭ قاشتېشى ئىشلىتىلىدۇ.»، «قاشتاش يۆچىلەرنىڭ چېگرىسىدىكى تاغدىن چىقىدۇ، بۇ تاغ بىلەن جۇ سۇلالىسىنىڭ ئارىلىقى 7800 يول كېلىدۇ.» «ئالتۇن بىزنىڭ خەن ئۇلۇسىنىڭ ئوك يېقىدىن چىقىدۇ، ئۈنچە-مەرۋايىت قىزىللار دالىسىنىڭ ئۈپۈق سىزىقىدىن چىقىدۇ. قاشتاش يۆچىلەرنىڭ يېنىدىكى تاغدىن چىقىدۇ. بۇ جاي جۇ سۇلالىسىغا 7800 يول كېلىدۇ.»[52]

بۇ بايانلار بويىچە، يۆچىلەر جۇ سۇلالىسىدىن 7800 يول يىراقلىقتىكى قاشتاش چىقىدىغان ماكانغا بېرىپ جايلاشقان. بۇ جاي قاراقۇرۇم ئېتەكلىرى، شۇنداقلا «ئۈدۈن» (بۈگۈنكى خوتەن) تەرەپلىرى بولۇشى تەھقىق. «ئۈدۈن قاشتېشى»، كەم دېگەندە، شاڭ دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭگە ئېلىپ بېرىلغان. يېڭى تاش قورال

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تارقىتىش مەركىزى

دەۋرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە تەئەللۇق دەپ مۆلچەرلەنگەن گەنسۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن خوتەن قاشتېشى تېپىلغان.(53) شۇنىڭدەك ئەنياڭدىكى «يىن خارابىسى»دىكى 5 ـ قەبرىدىن تېپىلغان قاشتاش ئەسۋابلارمۇ خوتەن قاشتېشىدىن ياسالغانلىقى ئېنىقلانغان.

«تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان ئۇرۇغ ـ ئايماقلاردىن چۇنچيۇ دەۋرىدە جۇڭگوغا مەلۇم بولغىنى يۈچىلەردۇر.»(54)

تۇران تېزلەڭلىكىدىن شەرققە ساقالار كۆچۈپ، تارىمنىڭ غەربىي تەرەپلىرىگە جايلاشقاندىن كېيىن، شەرقتىن چياڭ (سىر)لار تارىم ئويمانلىقىغا سۈرۈلگەن. يۈچىلەردىن بىر قىسمى پامىر ئېگىزلىكىدىن ئېشىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغىچە تارقالغان. چياڭلار پامىر ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئېدىرلارغا كەڭ يېيىلغان. «پولى ۋە يىنەي، ۋۇلېي ئەللىرى شيە نەسلىدىن. شيەلەر غەربنىڭ خۇلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇلار چياڭ ـ دى كۆچمەنچى ئەللىرىنىڭ نەسلىدىن.»(55) ۋاڭنىڭ ئىزاھىچە، شۇ سۆك دەيدۇكى، «شاڭ مەدھىيىلىرى»دە مۇنداق قەيت قىلىنغان: «دى ـ چياڭ يات دىلار ئېلىنىڭ غەربىتىكىلىرىدۇر، چياڭ بىلەن دى بىر خەلقتۇر.»

چياڭلارنىڭ تارىخنى ئىلگىرى غەربكە كۆچكەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ئەڭ قىزىقارلىقى «غەربىي خان ئانا» ھېكايىسىدۇر.

تارىم بويلىرىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت ئىزلىرى بىلەن لياڭجۇنىڭ غەربىي شىمالىدىكى شاجىڭ مەدەنىيەت ئىزلىرى چياڭلار بىلەن يۈچىلەرنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا كۆچۈش جەريانىدىكى قونالغۇلىرى بولۇشى مۇمكىن.

خوتەن تەرەپلىرىدە يەر ـ جاي ناملىرى ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشتىن تېپىلغان تارىشا پۈتۈكلەردىكى بەزى بايانلاردا، قەدىمكى

چىياڭ (سىر) تىلىنىڭ ئىزلىرى ۋە ئىرانلاشقان ساقا تىلىنىڭ ئىپادىلىرى ئۇچرايدۇ.

غەربتىن كەلگەن ساقالار ۋە شەرقتىن كەلگەن دى-سىرلار ۋە يۆچىلەر قەدىمىي تارىم ئادەملىرى بىلەن ئارىلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئارىلاش تىپ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. بۇ يەردە ياشىغان ئۇلۇسلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭگە ئىنتىلىشى مەلۇم بولغان ۋاقىتتا چىن-خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدۇر.

«غەربىي دىياردىكى ئەللەردە ئاساسەن يەرلىك ئاھالە (ئولتۇراق) ياشايدۇ. شەھەر-قورغانلىرى، ئېتىز-ئېرىق، چارۋا-ماللىرى بار. ئۆرپ-ئادەتتە ھۇن-ئۇيسۇنلەردىن پەرقلىنىدۇ. بۇلار ھۇنلارغا قارام بولدى.»[56] قاراقۇرۇم ئېتەكلىرىگە ھىندىستاندىن كەلگەن مۇھاجىرلەرمۇ جايلاشقانىدى.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى «ئۇدۇن»نى مىسال قىلىپ كۆرسەتسەك، خەنزۇچە ماتېرىياللاردا كۆپ قەيت قىلىنغان. «كۆچمە قۇمدا بولغان بۇدۇەن، شىخۇەن ئەللىرى قاراقۇرۇم تۆپىلىكىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا...[57] ئۇنىڭدىن كېيىن، شۇەنزاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربىي دىيارغا ساياھەت» كىتابىنىڭ 12-جىلدىدا مۇنداق ۋەقە بايان قىلىنغان: «شەرقتىن كەلگەن شاھزادە بارا-بارا سۇرۇلۇپ كېلىپ، مەزكۇر جاينىڭ شەرقىي چېگرىسىغا جايلاشقان، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ دەۋىتى بىلەن ئۆزىنى پادىشاھ ئاتىغان.» دېمەك، «شەرقتىن كەلگەن شاھزادە» ئېھتىمال ئوتتۇرا تۈزلەڭنىڭ غەربىي شىمالىدىن كەلگەن قېرىنداش مىللەتنىڭ سەردارى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ پۇقرالىرىنى باشلاپ بۇ يەرگە كەلگەندە، غەربتىن كەلگەن ئۆكتەملەر (يەنى مىلادىدىن ئىلگىرى 273 — 235-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يىللاردا پادىشاھ ئاسوكانىڭ شاھزادىسى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەلگەن ئۆكتەملەر)نى يېڭىپ سەلتەنەت قۇرغان.

«دۇنخۇاڭنىڭ غەربىدىكى رايوننىڭ جەنۇبىي تېغىدا چارقىلىقنىڭ غەربىدىن كۆكئارتقىچە بولغان نەچچە مىڭ يول كېلىدىغان ئارىلىقتا يۆچىلەر نەسلى، بوستان چىياڭلىرى، ئاق ئاتلىق، سېرىق ئۆكۈزلۈك چىياڭلار»[58] دەپ ئاتالغان نۇرغۇن ئۇرۇغ-ئايماقلار ياشىغان. ئارىم ئويمانلىقىدا «دۆلەت قۇرغانلار»دىن بىر قىسمى ئەشۇ يۆچى ۋە سىرلار بولسا كېرەك.

قەدىمكى ئۇدۇن بىلەن يۆچىلەر ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بارلىقىنى تارىخىي ھۆججەتلەر ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى ئۇدۇندا سەلتەنەت قۇرغان «ۋىجايا» (ياكى «ۋىسا») ئەسلى يۆچى قوۋمى-دىن بولغاچقا، ئۆزىگە قوۋم نامىنى سەلتەنەت نامى قىلغان بولۇشى مۇمكىن.[59]

تاڭ دەۋرىدە شۈەنزاڭ ئۇدۇن ئارقىلىق شەرققە قايتىۋاتقىنىدا، توخولا — توخار (يۆچىلەردىن تەركىپ تاپقان خەلق نامى) قەدىمكى شەھىرىنى كۆرۈپ، «مەملىكەت ئۇزاقتىن بۇيان قۇپقۇرۇق بولۇپ قېلىپ، شەھەر تاشلىنىپ كەتكەن» دېگەن ھېسسىياتىنى يازغان. تاڭ دەۋرىدە قەدىمكى خوتەن شەھىرى خارابىگە ئايلانغاندى. ئۇدۇندە ۋىجايا (ۋىسا) جەمەتىنىڭ ھاكىمىيتى قۇرۇلغاندىن كېيىن «پايتەختىنى كۆچۈرۈپ، دۆلەت قۇرۇپ، ئەلنى ئامان قىلغان» ۋاقتى تىبەت تىلىدىكى «قەدىمكى ئۇدۇن» كىتابىدا كۆرسىتىلگىنى بويىچە، بۇددا ئالەمدىن ئۆتۈپ 234 يىلدىن كېيىنكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدىكەن. (بۇددا — ساكيامونى مىلادىدىن ئىلگىرى 486-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.) دېمەك، ئۇدۇندە، يۆچى ئۇلۇسىدىن بىر قوۋم مىلادىدىن

ئىلگىرى 252 ـ يىلى رەسمىي دۆلەت قۇرغان. بۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭدىكى ئۇرۇشقاق پادىشاھلىقلار دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

غەربىي خەن دەۋرىدە، ھۇنلار ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئۇدۇنغىچە يەتكۈزگەن. بۇ يەرلەرگە كەلگەن ھۇن قوشۇنىنىڭ تەركىبىدە «دىڭلىن» قەبىلىلىرىدىن قوبۇل قىلىنغانلىرىمۇ كۆپ ئىدى. بۇلار شۇ بارغان جايلىرىدا تۇرۇپ قالغان.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا شىمالىغا جايلاشقان «يەنجى»، «كۇچا»مۇ يۆچىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى مەلۇم. «كۇچا» توغرىسىدا، «قەدىمكى نامى يۆجى ياكى يۆسى، چۇسى ھەم دەيدۇ. ياكى ئۇيسۇن دەپمۇ ئاتايدۇ... قارام ئەل بولۇپ قالغاندا، مەزكۇر زېمىن، مەزكۇر شەھەر كۆپىنچە مۇنەققەرز بولغان پادىشاھنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان... بۇگۈنكى كۈندە گۈيسى مەملىكىتى دەپ ئاتاي-دۇ.»(60)

ئۈۋغور (ياكى ئۈۋسرغول، ھازىرقى قۇمۇل)دا يۆچىلەرنىڭ قالدۇق جەمەتلىرى بار، ئۇ چاغلاردا «جۇڭيۈەن» دەپ ئاتالغان. «شاجۇنىڭ غەربىدە جۇڭيۈن دېيىلگەنلەر بار. ئۇلارنىڭ بارگاھى خۇ ـ لۇ(قۇرۇق) سايغا جايلاشقان. جۇڭيۈن دېيىلگەنلەر كىچىك يۆچىلەرنىڭ قالدۇق نەسلىدۇر... خۇ ـ لۇ ساي خەن سۇلالىسىدىن مىڭدى زامانىسىدا ھۇنلار ئۈۋغۇردا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە تەش-كىللىگەن. بۇ يەر جۇڭيۈنلەرنىڭ زېمىنى ئىدى.»(61)

يۆچىلەر مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىردە كەڭ كۆلەمدە غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، «داشيا» (tahia) ئىمپېرىيىسىنى قۇر-غانلىقىنى تارىخىي ھۆججەتلەر ئېنىق بايان قىلغان. ئۇلار يەنە شەرققە قاراپ كېڭەيدى. داڭ چىقارغان ھۆكۈمدار ئورتىدىمىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەۋرىدە (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 227 ــ 189 ـ يىللار) «داشىيا»نىڭ زېمىنى كېڭىيىپ، شەرقىي شىمالدا پامىر ئېگىزلىكىگە يېتىپ، تارىم تۈزلەڭلىكىدىكى مەملىكەتلەر بىلەن چېتىلدى. جەنۇبتا ھىندۇقۇشتىن ھالقىپ، پەنجاب رايونىنى ئىشغال قىلدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىردە ساقالارنىڭ بىر تارمىقى بولغان توخار قەبىلىلىرى «باكترىيە»نى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، باكترىيە رايونى «توخارىستان» دەپ ئاتالدى. بەزى ئالىملار «داشىيا» (tahia) دېگەن نام دەسلەپتە «توخار»دىن كەلگەن دەيدۇ. ئۆز ۋاقتىدا «داشىيا» بەش يابغۇ ئىدارىسىدىكى بەش رايونغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلۇغ يۈچىلەرگە تەۋە ئىدى. بۇلاردىن كۇشان يابغۇلۇغى زورىيىپ، بۇ ئىمپېرىيە «كۇشان» دەپ ئاتالدى. پادىشاھ كانىسكا زور قوشۇن ئەۋەتىپ، خوتەن، ياركەنت، قەشقەرلەرنى ئىمپېرىيەنىڭ كەڭ زېمىنىگە قوشۇۋالدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 152 ـ يىلى كانىسكا بۇ يىراق رايونلاردا ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ئورناتتى.»[62] «كانىسكا دۆلىتىنىڭ ئەتراپى 4000 يولدىن ئاشىدۇ. شىمالى قارلىق تاغقا تاقىشىدۇ... رەسىم ـ قائىدىسى باشقا ئەللەرنىڭكىدىن ئۆزگىچە... كانىسكا يىراق يەرلەرگىچە قوشۇن ئەۋەتكەن، كۆكئارتتىن شەرققە ئاقىدىغان دەريا ۋادىلىرىنى ئىگىلىگەن. سەلتەنەت ھەيۋىتىدىن ئەتراپتىكىلەر بارىمتاي ئەۋەتكەن.»[63]

ئۇنىڭدىن كېيىن غەربلىكلەر «ئېفتالىت» دەپ ئاتىغان «ئابدال» مەملىكىتى ۋۇجۇتقا كەلدى. «يەن دا مەملىكىتى ــ ئۇلۇغ يۈچىلەرنىڭ نەسلىدىن، ياكى گاۋجۇلەرنىڭ باشقا نەسلىدىن. ئۇلار ئەسلىدە سەددىچىننىڭ شىمالىدا ياشايتتى، ئالتۇن تاغدىن ئېشىپ جەنۇبقا كۆچكەن. ئۇدۇننىڭ غەربىدە، پايتەختى ئوكسۇس دەرياسىنىڭ

جەنۇبىدا ئىككى يۈز يول كېلىدۇ... ئۆرپ - ئادەتتە تۈركلەر بىلەن ئوخشاش... غەربىي دىياردا قانغۇي، ئۇدۇن، سۇلىق، ئارساك ۋە باشقا 30 چە ئۇششاق مەملىكەت شۇنىڭغا قارايدۇ. چوڭ دۆلەت ئاتىلىپ، ئاۋار (رو - رو)لار بىلەن نىكاھلىنىشىدۇ.»(64)

«خۇز ئېلى ـــ جۇشلەرنىڭ باشقا نەسلىدىن... كېيىن زېمىنى كېڭىيىپ، ئەتراپىدىكى پارس، يىپان، كابىل، ئانگى (يەنجى)، كۇچا، سۇلىق، قۇم، ئۇدۇن، چىپان قاتارلىق ئەللەرنى بويسۇندۇرغان. زېمىنى مىڭ يولدىن ئاشقان.»(65)

بۇنىڭدىن ئىلگىرى «جۇشى» خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە «گۇشى»، تولۇقراق ئاتىلىشى «گۇيەن - گۇشى» ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي ئەجدادى «دى» (دىلى)لار بىلەن چىتىقلىق يەنە بىر قوۋمدۇر. بۇلار خېلى بۇرۇنلا تەرەققىي تاپقان خەلق ئىدى. «قوش ئېلىنىڭ شەھەر - قورغانلىرى بار» ئىدى.(66)

ھىرودوت ئۇلارنىڭ شەھىرى توغرىسىدا: شەرقتە تەركىيانوس دېگەن شەھەر بارلىقىنى ئاڭلىدىم، بۇ شەھەر ناھايىتى چوڭ بولۇپ، كوچا - رەستىلىرى ئاۋات ئىكەن، دەپ يازغان. ئۇيغۇر تارىخچىسى مۇسا سايرامىمۇ «تارىخ ئەمنىيە»دە تۇرپاننىڭ قەدىمكى نامى »تەرسۇس ئىدى» دەپ يازغان.

خەن سۇلالىسىدىن شۇەندى زامانىسىدا (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 73 ـــ 48 - يىللار) «گۇشى» مەغلۇب قىلىنغان ۋە «ئالدى»، «ئارقا»غا بۆلۈنۈپ ئىككى «جۇشى» دەپ ئاتالغان. شياۋدى زامانىسىدا (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 86 ـــ 74 - يىللار) «ئالدى جۇشى» ۋە «ئارقا جۇشى» دېگەن گەپ يوق ئىدى. پەقەت «گۇشى» مەملىكىتىلا بار ئىدى. بۇ مەملىكەتنىڭ زېمىنى ھازىرقى تۇرپان، گۇچۇڭ، پوكاك ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۈرۈمچى رايونلىرى ئىدى. بۇ يەردە شەھەر ـ قورغان سېلىپ، ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قەدىمكى قوۋملەر «دى» ياكى «دىلى»لارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى؛ بۇلار بىلەن بىر قاتاردا يۈچىلەر ھەم دى ـ چياڭلارمۇ ياشىغانىدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، «دىلى» (دىڭلىن) بىلەن ئۇيسۇن، ئوغۇر (ئوغۇز) يۈچىلەر نەسلى ـ نەسەپ جەھەتتىن قەدىمكى زاماندىكى قىزىل دىلارغا باغلىنىدۇ.[67]

تارىم ئويمانلىقىدىكى بۇ قوۋملەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئەھۋاللىرىغا كەلسەك، ئۇلار ئاللىقاچان ئاساسەن ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق ۋە قول سانائەت بىلەن شۇغۇللانغان. بىزگە مەلۇم، بەدىئۇلۇك دەۋرىنىڭ يۇقىرى باسقۇچىدا تۆمۈر تاۋلاش ۋۇجۇتقا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن، دېھقانچىلىق بىلەن قول سانائەت ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر ئىش تەقسىماتى پەيدا بولغان. بۇ ــ ئادەملەر توپىنىڭ سىنىپلارغا بۆلۈنگەنلىكىنىڭ ئۇندۇرمىسى ئىدى. قۇمۇل لاپچۇق، ئۈرۈمچى نەنسەن (يۇرغۇل)، توقسۇن ئالغۇي، ياركەنت، مىلتە، پامىر (شامبابا)قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان ھەر خىل تۆمۈر قوراللاردىن قارىغاندا (بۇلاردىن بەزىلىرىنى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 770 ــ 221 ـ يىللارغا خاس دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن)شەرقىي شىنجاڭ ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاھالە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 10 ــ 9 ـ ئەسىرلەردە تۆمۈر قوراللىرىنى ئىشلىتىشكە باشلىغان.

تارىخىي ھۆججەتلەرمۇ بۇنى تەستىقلايدۇ:

«ياركەنت ئېلىدە...تۆمۈرلۈك تاغ بار. قارا قاشتاش چىقىدۇ.»[68]
(قاشتاشنى ئىشلەش ئۈچۈن ئەلۋەتتە مېتال قورال كېرەك).

«غەربىي دىيار»دىن «...نوپ ـ سىر... تېغىدا تۆمۈر بار. قورال ـ ياراغنى ئۆزلىرى ياسىيالايدۇ...»؛

«پىچامچان... ئېلىدىن قاشتاش چىقىدۇ... قورال ـ ياراغ ياسى ـ يالايدۇ. نوپ ـ سىر بىلەن ئوخشاش»؛

«قۇم ئېلى (هازىرقى باي ناهىيىسى)دىن مىس، تۆمۈر، مەرگىمۇش چىقىدۇ...»

«كۇچا ئېلى... مەدەن تاۋلىيالايدۇ. قوغۇشۇن چىقىدۇ»[69]

ئەسلىدە، تارىم ئويمانلىقىدىكى ئادەملەر سىپتا تاش قوراللار دەۋرىدىلا ئولتۇراقلىشىپ، مەھەللە ھالىتىدە ياشاشقا باشلىغاندىن كېيىن، شۇ ئاساستا قەلئە، قورغان تۇرمۇشىغا قەدەم قويغان. (يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىللەردە ئېيتىلغان «ئەللەر»بولسا، خېلى مۇنتەزىم دۆلەت شەكلىگە كىرىپ بولغان دەۋر ئىدى) يېزا بىلەن شەھەرلەر ئايرىلغان، ئورۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن. شەھەر بىلەن يېزىلار ئايرىلغاندىن كېيىن جەمئىيەت ئەمگەكنىڭ ئۈچىنچى تەقسىماتىغا قەدەم قويغان.

بۇ جايلاردا دېھقانچىلىق خېلى بۇرۇنلا تەرەققىي قىلغان. تەكىرىتاغنىڭ جەنۇبىدا، «بۈگۈرنىڭ شەرقىدە يەرلەر ئۇنۇمدار، سۇ ۋە ئوت ـ چۆپلىرى كۆپ،... ھەرخىل زىرائەت تېرىلىدۇ. جۇڭگودىكى بىلەن تەڭ پىشىدۇ.»[70]

«شەرقىي چالماچام ئېلى... ئېتىز ـ ئېرىقلىرى تولا.»[71] يەنە: «چالماچامدىن تارتىپ ھەرخىل زىرائەت ئېكىلىدۇ. يەرلىرى ئوت ـ سۇلۇق؛ چارۋا ـ ماللىرى كۆپ؛ ياسىغان قورال ـ ياراغلىرى خەن سۇلالىسىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.»[72]

دېمەك، تارىم ئويمانلىقىدا، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 10 ـ ئەسىر ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى

لەردىن كېيىن بىرقانچە شەھەر دۆلىتى ۋۇجۇتقا كەلگەن. چۈنكى بۇ زونىدا پۈتراللار مەمۇرىي رايون بىرلىكلىرى بويىچە تەقسىم قىلىنغان؛ جەمەت ھاكىمىيىتى، نەسەبلىك پادىشاھلار ۋۇجۇتقا كەلگەن. گاھى دۆلەتلەر يەر نامىنى، ياكى قەبىلە نامىنى دۆلەت نامى قىلغان. پادىشاھلار كۆپىنچە ئۆز جەمەتىنىڭ نامىنى ئۆزىگە ئۇنۋان قىلغان.

بۇ دۆلەتلەرنىڭ بەزىلىرى «ھازىرچە مەلۇم بولغانلىرى» رەسمىي يېزىق قوللانغان.

تارىم ئويمانلىقىدا قولدارلىق تۈزۈمى مىلادىيەدىن ئىلگىرى شەكىللەنگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ سارقىتلىرى تاكى 10 ـ ئەسىرگىچە ساقلانغانلىقىنى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلەر ۋە تارىخىي ھۆججەت-لەر ئەستىقلايدۇ.⑬

خەلقلەرنىڭ يېڭى تارىخ باشلانغاندىن كېيىنكى زور كۆچۈشى ھۇن، يۈرچى، تۈرك، ئۇيغۇر، موڭغۇل دەۋرلىرىدە كەڭ كۆلەمدە بولدى. بۇ چاغلاردا، نۇرغۇن قەبىلە ـ ئايماقلار ئىككىنچى قېتىم كۆپ جايلاردا ئارىلاش ـ قورىلاش بولۇپ كەتتى. قايسى قەبىلە ھاكىمىيەت بېشىغا چىقسا، شۇ قەبىلە نام چىقاردى. ئەل (پادىشاھ-لىق)نىڭ نامى شۇ قەبىلىنىڭ نامى بىلەن ئاتالدى.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىغان ماكانلىرى ناھايىتى كەڭرى ۋە ئېتنىك جەھەتتىن نۇرغۇن ئايماق ـ قەبىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنى ئۈچۈن، قايسى دەۋردە قايسى قەبىلىسى ھاكىمىيەتنى ئىگىلىسە، شۇ قەبىلە نامى بىلەن ئاتالدى. كېيىن بېرىپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ تىل ۋە چۈشەنچىسى بويىچە ئەڭ كۆپ سانىنى بىلدۈرىدىغان «توققۇز» سانى بىلەن سۈپەتلىنىپ، «توققۇز

ئۇيغۇر» ياكى ئەرەب ـ ئەجەم تارىخچىلىرىنىڭ ئاتىشىچە «توققۇز ئوغۇز» دەپ ئاتىلىشمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

## ئىزاھلار:

① «يېڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلدىنىڭ 1 ـ قىسمى، تەزكىرىلەردىن 142 ـ تەزكىرىنىڭ بىرىنچى قىسمى: «ئۇيغۇر» 1 ـ قىسمى.

② «سۇڭنامە» 490 ـ جىلد، تەزكىرىلەر 249 ـ «چەت ئەللەر»VI، ئۇيغۇر.

③ «سۇينامە» «شىمالىي دىلەر» «تېلې».

④ «شىمالىي خانلىقلار تارىخى»: تۈرك، تېلې.

⑤ «ۋېي مۇختەسەرنامىسى»: «غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى».

⑥ «سەلتەنەت ھەققىدە ئۆرنەك تەدبىرلەر» 94 ـ جىلد.

⑦ «ئۇنتۇلغان جۇنامە» 7 ـ جىلد، «شاھ پەرمانلىرى»دا بايان قىلىنىشىچە، «ئۇدۇل شىمالدىكى كۇڭتۇڭ، داشىيا، شاجۇ، گۇتا، دەنلۆ، قاپلان خۇ، دەيدى، ھۇننۇ، لۇفەن، يۆسى، ئىلى، چىلۇڭ، شەرقىي خۇلارغا نار تۆگە، ئۇدۇن قاشتاش، ياۋئات، دۇلدۇل، ئۆتۈك، ئېسىل يا ھەدىيە قىلىشقا پەرمان چۈشۈرۈلگەن. بۇ ئەسەر تەخمىنەن ئۇرۇشقاق پادىشاھلىقلار دەۋرىدە (مىلاددىن ئىلگىرىكى 475 ــ 221 ـ يىللار) يېزىلغان، لېكىن ئۇ دەۋردىن ئىلگىرىكى ھۆججەت ۋە رىۋايەتلەردىن ماتېرىيال ئېلىنغان.

⑧ «ۋېينامە» 102 ـ قىسىم، «ئابدال مەملىكىتى».

⑨ يۇقىرىدىكى كىتابنىڭ «قەندھار مەملىكىتى»ماددىسى.

⑩ «شىمالىي خانلىقلار تارىخى»: «غەربىي دىيار».

⑪ (ياپون)شىۋېي چۇنشيۇمېي «تېلېلەر ھەققىدە ئىزدىنىش» ــ «شەرقىي ئوكيان تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» ژۇرنىلىنىڭ 1940 ـ يىل، 5 ـ جىلد، 2 ـ سانىدا.

⑫ «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىلىرى».

⑬ «خەننامە»: «ھۇنلار تەزكىرىلىرى. 1 ـ قىسىم»، «(تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىلىرى»دىمۇ شۇنداق يېزىلغان).

⑭ «يىلنامە (چۇنچيۇ)»: «جىن ۋە چىن تەرىپلىرى».

⑮ «دۆلەت مۇھاكىمىلىرى»: «جىن مۇھاكىمىسى II».

⑯ قاراڭ: «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»نىڭ شىمالىي يۈزى 11 ـ قۇر. «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى»نىڭ جەنۇبىي يۈزى 2 ـ قۇر.

⑰ «دۆلەت مۇھاكىمىلىرى. جىن مۇھاكىمىسى»دە قەيت قىلىنىشىچە، ۋېنگۇڭنىڭ 1 ـ يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 637 ـ يىلى) «ئوتلاقتىكى رۇڭلار بىلەن لىتۇدىلىرىگە مال ـ دۇنيا بېرىپ، شەرقىي يول ئېچىلغان.»

⑱ «لىيېزى. تاڭ سوراقلىرى بابى».

⑲ «موزى. گۇڭ مىڭ بابى».

⑳ گۇيەنۋۇ: «كۇنلۇك مەلۇماتلار»29 ـ جىلد، «مىنمەك» ماددىسى ۋە باشقا ماددىلار.

㉑ «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىلىرى». بۇ نەقىلدىكى «ئۆزگىرىپ كەتكەن» دېگەن جۈملىگە يەنىشىگۇ: «ئۆزىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ، گۇڭ ـ لىيۇ غەربىي رۇڭلارنىڭ ئادىتىنى قوبۇل قىلغان»دېگەندىلىك بولىدۇ، دەپ ئىزاھ بەرگەن. گۇڭ ـ لىيۇ 9 ـ ئەۋلاد بولۇپ، شىيانىڭ ئوتتۇرا دەۋرىدە ئۆتكەن. دەنفۇ شاڭنىڭ ئاخىرقى زامانىدا ئۆتكەن. «جۇنى قۇرغان»دېگەنلىك، دىلار جۇ مەملىكىتىنى قۇرغان دېگەنلىكتۇر.

㉒ «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىلىرى». يەنە «چۇنچيۇ»زۇچيۇمىڭ باياننىچە: چىن ـ جىن بەگلىكلىرى لۇخۇن رۇڭلىرىنى يىچۇەنگە كۆچۈرگەن. دۇيۇنىڭ پىكرىچە، بۇلار توققۇز دىلار بولۇپ، لۇخۇندا ياشايتتى، بۇيەر چىن بىلەن جىنىنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى... «چوڭ ۋەقەلەر خرونىكاسى»دا ئېيتىلىشىچە، چۈەنرۇڭ بىلەن شەن ـ رۇڭلار ۋە لۇخۇنلار ئۆز ئالدىغا بىردىن قەبىلە ئىدى، باشقا ـ باشقا جايلاردا ياشايتتى. مۇئەررىخ جانابلىرى (سىماچيەن) ھەممە رۇڭلارنى بىر قىلىپ كۆرسەتكەن. بۇ ـ سەۋەنلىكتۇر.

㉓ «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىلىرى». گۈيەنشۇ «كۈنلۈك مەلۇماتلار»32 ـ جىلد «خۇ» ماددىسىدا بايان قىلىنغان پىكىرىچە: جىن ۋە يەنلەرنىڭ شىمالىدا، قەدىمدە رۇڭ ـ دى دەپ ئاتالغان خەلقلەر، ئۇرۇشقاق پادىشاھلىقلار دەۋرىدىن كېيىن «خۇ» (غۇز) دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

㉔ شۈي جۇڭشۇ: «غەربىي جۇ تارىخى توغرىسىدا بايانلار»نىڭ 1 ـ بابى ــ «جۇلار ئاق دىلاردىن كېلىپ چىققان». بۇ ئەسەر «سىچۈەن داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1979 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان.

㉕ س. ۋ. كىسلېف: «جەنۇبىي سىبىرنىڭ قەدىمكى تارىخى»، س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى، موسكۋا، 1949 ـ يىل نەشرى، 463 ــ 468 ـ بەتلەر. ئەسلەتمە: «تاغار مەدەنىيىتى»نى س. ۋ. كىسلېف مىلادىدىن ئىلگىرىكى 700 ــ 100 ـ يىللارغا ئائىت ھېسابلايدۇ.

㉖ جۇ لىيەنكۇەن: «دىڭلىنلارنىڭ ئانتروتىپى ۋە تىلى ھەم ئۇلارنىڭ گوبى شىمالىدىكى خەلقلەر بىلەن مۇناسىۋىتى» ــ «جۇڭشەن داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1957 ـ يىللىق 9 ـ سانى.

㉗ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش.

㉘ «ۋېينامە»: «گاۋجۇ تەزكىرىسى»، «سۈينامە»، «تېلې تەزكىرىسى»؛ «كونا تاڭنامە»199 ـ جىلد، «شىمالىي دىلار» ۋە «تېلې تەزكىرىسى»؛ «شىمالىي خانلىقلار تارىخى»99 ـ جىلد «تەزكىرىلەر»87 ـ «تېلېلەر».

㉙ J. Klaproth «Sur L,ldeutite des Tou-Kiue et les, Hiongnu avec les Turcs».

㉚ يۇنان ۋە لاتىن ئاپتورلىرىنىڭ مەلۇماتلىرى ئايرىم بىر كىتاب قىلىپ توپلانغان. J. Marquart. Wehrol und Arang Leiden, 1938 .71 ــ 72

㉛ پېرسى سىكېس «ئافغان تارىخى» 1 ـ جىلد، سودا نەشرىياتى، 1972 ـ يىل نەشرى.

㉜ مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۇيغۇرچە نەشرى) III جىلد، 566 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

㉝ ف. ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى».

㉞ «خەزنامە» «غەربىي دىيار تەزكىرىسى» 1 ـ قىسىم. يەن شىگۇنىڭ شەرھى: (ھىندىستاندىكى)سىكا نەسلىمۇ شۇلاردىن. ۋاڭنىڭ ئىزاھى: سۇي سۇڭ دەيدۇكى، «جاڭ چيەن تەزكىرىسى»نىڭ ئىزاھىدا ئېيتىلىشىچە، سېك ــ غەربىي دىياردىكى مەملىكەت نامى، يەنى «بۇددا سۇترا»سىدىكى سىكا شۇلاردىندۇر. ساكا بىلەن سىكانىڭ تەلەپپۇزى ناھايىتى يېقىن بولۇپ، ئەسلىدە بىر جەمەت (پەمىلە) ئىدى. (سىكاموني ــ سىكا خەلقىنىڭ پەيغەمبىرى دېگەن سۆزدۇر). ئىلاۋە: لياڭ شۈنچى «بۇددا شەجەرىسى ھەققىدە» دېگەن كىتابىدا ئېيتىدۇكى، «خەزنامە»نىڭ «غەربىي دىيار تەزكىرىسى»دە دېيىلگەن ساكلار ئەسلىدە يۇڭ فەمىلىلىك رۇڭلاردۇر، بۇلارنىڭ ئەجدادى دۇنخۇاڭدا ئىدى. يۆچىلەر قوغلىۋېتىپ، كۆكئارتىنىڭ ئۇ يېقىغا كۆچۈپ كەتكەن.

㉟ Mordtmann : d. ZDMG, XXIV, 61, 77, 79, 82p

㊱ Н. Арисмоб «Русский антрополог», Журнал, 1900, № 3, 363 — 64.

㊲ Pundahišt, ed, Justi, Leipzig 1868, cap×××, 39 — 40 p,

㊳ E. Chavaannes, Documents, 155 — 180

㊴ Franke, Beitruge, 48 — 51.

㊵ Levi, et E. Chavannes, L'Itinérair d'ourk'ong, 42.

㊶ زەكىي ۋەلىدى توغان: «ئىبنى فەدلان» ھاشىيە 244 ـ بەت. شۇنىڭدەك Marquart نىڭ «Eranšahr» 65 ـ بەت A ـ 3دە كەلتۈرۈلۈشىچە، يۇنان ئاپتورلىرىدىن Theophanes de Byzance ۋە ئەرمەن ئاپتورى Sebeosنىڭ يازغانلىرىنى ئاساس قىلغاندا، ماساغىتلارنىڭ ئاساسىي تەركىبى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەردۇر.

㊷ زەكىي ۋەلىدى توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخى» ئەنقەرە، 1979 ـ يىل 23 ـ بەت.

хинди – Русский Словар ،ۋە госиздат Москва, 1959. ㊸
«فرهنگ عمىل» خسن عميد. تهران بسال. ٥٤٣١ خورشدى چاپ شد.

㊹ مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۇيغۇرچە) I جىلد، 611 ـ بەت. شۇنىڭدەك «ساقا» سۆزى ھەققىدە «دىۋان»نىڭ III جىلد 313 ـ بېتىگە قارالسۇن.

㊺ لىيۇ يىتاڭ: «ئۇيغۇر ھەققىدە تەتقىقات» جىڭجۇڭ كىتابخانىسى نەشرى (تەيبېي).

㊻ مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى». I جىلد (ئۇيغۇرچە)، 562 ـ بەت.

㊼ مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» III جىلد، 205 — 206 ـ بەتلەر.

㊽ جاڭ شىڭلاڭ: «جۇڭگونىڭ قاتناش تارىخىي ماتېرىياللىرى توپلىمى» 1 ـ قىسىم، «قەدىمكى جۇڭگو بىلەن ياۋروپانىڭ قاتنىشى» 44 — 55 ـ بەتلەر. بۇنىڭدا «ئەرەبلەرنىڭ جۇڭگو ھەققىدىكى خاتىرىلىرى» دېگەن بابىنى يېزىشتا، (فرانسۇز) م. رېنا ئۇدنىڭ ئەرەب ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرغان كىتابىغا ئاساسلانغان. رېنا ئۇد كىتابىنىڭ ئالدىنقى قىسمى ئەرەب سودىگىرى سۇلايماننىڭ ساياھەتنامىسىدىن، كېيىنكى قىسمى بىسراق (ياكى سەناۋى)لىق ئەبۇ زەئىد ھەسەننىڭ خاتىرىسى، ئەبۇ دۇلەف مىسار ئىبنى مۇخەلخەلنىڭ خاتىرىسى، سىجىلىيىلىك ئىدرىسىينىڭ جۇغراپىيەسىدىن ئىبارەت.

㊾ «خەننامە»: «غەربىي دىيار تەزكىرىسى» 2 ـ قىسىم.

㊿ «تارىخىي خاتىرىلەر»: «داۋان تەزكىرىسى»، شۇنىڭدەك «خەننامە»: «غەربىي دىيار تەزكىرىسى»دىمۇ «ئۇلۇغ يۆچىلەر ئەسلىدە كۆچمەن دۆلەت ئىدى»دەپ يېزىلغان.

(51) «گۇەنزى. كىچىك ۋىلايەتلەر بابى».

(52) بۇ نەقىللەر «گۇەنزى»كىتابىنىڭ «دۆلەت ماللىرى». «ئۆلچەم بابى»، «ئېغىر ـ يەڭگىل 2 ـ بابى»دىن ئېلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

⑬ ئانتوسىن: «گەنسۇدا ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىش خاتىرىلىرى»دە يېزىشىچە: «كىشىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغىنى شۇكى، ياڭشاۋ دەۋرىگە خاس دەپ قارالغان قەبرىستانلىقتىن سىلىقلانغان قاشتاش تاختىچىلىرى ۋە بىلەزۈك-سىمان قاشتاشلار تېپىلدى. ئۇلارنىڭ شەكىللىرىگە قاراپ، شىنجاڭدىن كەلگەن دەپ ھېسابلايمەن».

⑭ جيەن بوزەن (ئۇيغۇر): «تارىختىن ئىلگىرى چياڭلار بىلەن تارىم ئويمانلىقىدىكى ئۇرۇغ-ئايماقلارنىڭ مۇناسىۋىتى» — بۇ ماقالە «جۇڭگو تارىخى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلەر توپلىمى»نىڭ 2-قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن. 1947-يىلى.

⑮ «خەننامە»: «غەربىي دىيار تەزكىرىسى» 1-قىسىم.

⑯ «خەننامە: «غەربىي دىيار تەزكىرىسى»1-قىسىم. (ۋاڭگىنىڭ شەرھىچە: شۇسۇڭ دەيدۇكى، «ئاساسەن» دېگەنلىك ھەممىسى دېگەنلىك ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا، شۇدۇن، سىندۇ ساكلىرى بولۇپ، بۇلار يەرلىك ئاھالە ئەمەس ئىدى.)

⑰ يەنە يۇقىرىدىكى مەنبە.

⑱ «ئۈچ پادىشاھلىق ئەھۋالاتى»دىن «ۋېي مۇختەسەرنامىسى»نىڭ «غەربىي دىيار تەزكىرىسى». شۇنىڭدەك دىلىڭ چيەن: «غەربىي دىيار تەزكىرىسى ھەققىدە جۇغراپىيىلىك ئىزدىنىش».

⑲ (تىبەتچە) «قەدىمكى ئۇدۇن» (بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى بۇددا راھىبى بولۇپ، 11-ئەسىرنىڭ بېشىدا قاراخانىلار ئۇدۇنغا ھۆكۈمرانلىقنى ئورناتقان چاغدا شىزاڭغا قېچىپ كەتكەن.) R. E. Emmerick نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى بويىچە، بۇ كىتابنىڭ تولۇق نامى «قەدىمكى ئۇدۇن توغرىسىدىكى تىبەتچە خاتىرىلەر» «Tibetan texts conclrning khotan» London، Oriental Series Volume.

⑳ خۆيلىن: «بارلىق نوم تەلەپپۇز-مەنىلىرى» 22-جىلد «كۇچا (چۈجى) مەملىكىتى» ماددىسى شۇنىڭدەك شىلىن «بارلىق نوم تەلەپپۇز-مەنىلىرىنىڭ داۋامى»دىمۇ شۇنداق دېگەن.

(61) «بەش خانلىقنىڭ يېڭى تارىخى» 74 ـ جىلد «تۆت ياتلار توغرىسىدا قوشۇمچە»نىڭ 3 ـ قىسمى.

(62) پېرسى سىگېس: «ئافغان تارىخى» 1 ـ جىلد، 198 ـ بەت. مەزكۇر سىگېس يازغان «پارس تارىخى»نىڭ 307 ـ بېتىدە بايان قىلىنىشىچە: ئارساك (ئەنشى) سۇلالىسى ئەسلى يەرلىك ئاھالىدىن ئەمەس، چەتتىن كەلگەنلەردۇر. ئەسلىدە شىمالىي ئوكسۇس ۋە ئىدىل بويىلىرىدىكى تۇرانلاردىن بىرى ئىدى. (ئارساك سۇلالىسى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىردە قۇرۇلغان).

(63) شۈەنزاڭ: «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربىي دىيارغا ساياھەت» 1 ـ جىلد.

(64) «شىمالىي خانلىقلار تارىخى»: «غەربىي دىيار».

(65) «لياڭنامە». «ياتلار».

(66) «تارىخىي خاتىرىلەر»: «داۋان تەزكىرىلىرى». تاڭ دەۋرىدىكى جاڭ شۇجيېنىڭ «تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ توغرا تەبىرى»دە قەيت قىلىنىشىچە، قوش ـ گۆش ئىككىسى بىردۇر. سۇڭ دەۋرىدە ئۆتكەن فېي تيېنىڭ «شەرھنامە»دە شۇگۇاڭدىن نەقىل كەلتۈرۈپ دەيدۇ: قوش ـ گۇشدۇر، «گۇ» بىلەن «گۇ» (ئىككى خىل خەت) تەلەپپۇزى يېقىن. بۇ ئېھتىمال «غۇز» ياكى ئۆگۇز «ئوغۇز»نىڭ قىسقارتىلىشىدۇر.

(67) ليۇيىتاڭ: «تۈركلەرنىڭ تېگى ـ تەكتى ۋە باش كۆتۈرۈشى»، (تەيۋەن)سىياسىي داشۆسى «چېگرا سىياسىتى»ئىلمىي ژۇرنىلى 4 ـ سان، 1965 ـ يىل، 5 ـ ئاي.

(68)(69) «خەننامە»: «غەربىي دىيار تەزكىرىسى». يەنە «مۇتيەنزى تەزكىرىسى»دە ئېيتىلىشىچە، «تيەنزى (پەغپۇر)غەربكە يۈرۈش قىلىپ جىلۇ (چارۇق) ئورۇغىغا بارغاندا، جىلۇ ئورۇغىدا تۆمۈرلۈك تاغ تۆۋىدە قوشۇننى بېقىش ئۈچۈن پەرمان چۈشۈرگەن. تيەنزى تۆمۈرلۈك تاغدا نەزرە ئۆتكۈزگەن».

(70) «خەننامە»: «غەربىي دىيار تەزكىرىسى».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

⑦① «كېينكى خەنامە»: «غەربىي دىيار تەزكىرىسى» (سۇڭ دەۋرىدە ئۆتكەن فېي يېن شەرھنامەسىدە: خۇيدۇڭنىڭ دېيىشىچە، «ئالدىنقى خەنامە»دە، «تەڭرىتاغنى بويلاپ شەرقىدىكى ئېغىزدا»دەپ يېزىلغان: «بۆرە ئېلى تەڭرىتاغنىڭ غەربىدىكى سىيرەك قارا ياغاچلىق سايغا جايلاشقان... ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىنى بىلدۈرىدۇ: كالا، ئات، تۆگە، قوي پادىلىرى بار. ئوقيا ياسىيالايدۇ، يېرىدىن ياخشى ئات چىقىدۇ.»

⑦② «خەنامە»: «غەربىي چياڭلار تەزكىرىسى».

⑦③ پرژېۋالسكىي: «ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت»، سانتى پېتربۇرگ، 1888-ئاۋرال ستەيىن، سۋېن ھەيدىن، خۇاڭ ۋېنبىيلارنىڭ خوتەن-لوپنۇر دائىرىلىرىدىن تاپقان تارشا پۈتۈك ۋە ھۆججەت پارچىلىرى.

# توڭا ئالپ ئەر

تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆتمۈشىگە تەئەللۇق تارىخىي پاكىتلار ۋە رىۋايەتلەر كۆپ. شۇنىڭدەك بىرمۇنچە مىللىي ۋە ئەپسانىۋى ياكى تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدا شۇ كەمگىچە ساقلىنىپ كەلگەن يازما مەلۇماتلارمۇ ئاز ئەمەس. تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ۋەقەلەرگە باي تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ئەدەبىي مىراسلار ئىچىدە قەھرىمان شەخسلەر توغرىسىدىكى تۈرلۈك مەرسىيەلەر، مەدھىيەلەر ۋە داستانلارمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. كۆپ داستان ۋە مەرسىيەلەرگە باش قەھرىمان بولغان شەخسلەردىن بىرى «توڭا ئالپ ئەر»دۇر.

«تۇرلار» («تۇران»)نىڭ «توڭا ئالپ ئەر» دەپ ئاتالغان بۇ قەھرىمانىنى «ئىرلار» («ئىران») «ئەفراسىياپ» دەپ ئاتىغان. تۇرانلار بىلەن ئىرانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاق ئۆتمۈشكە دائىر مۇناسىۋەتلەر ھەم ۋەقەلەرگە باغلىنىشلىق بولغان بۇ شەخس توغرىسىدا، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىبلەر، تارىخچىلار، ساياھەتچىلەر بىرمۇنچە مەلۇماتلارنى يېزىپ قالدۇرغان.

ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر ھەم مەرسىيەتپەرۋەر بىلگۈچىمىز مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ باھاسىز گۆھەر ئەسىرىدە «توڭا ئالپ ئەر» توغرىسىدا يېزىلغان مەرسىيەلەردىن پارچىلارنى بىرقانچە جايدا قەيت قىلغان ۋە بىرمۇنچە مەلۇماتلارنى بەرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەيلاسوپ شائىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ يېگانە داستانى «قۇتادغۇ بىلىك»تە «توڭا ئالپ ئەر»توغىرىسىدا ھېكمەت-لىك ۋە پاساھەتلىك مىسرالارنى يازغان.

مەشھۇر ئىران شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى ئۆزىنىڭ شاھ ئەسىرى «شاھنامە»گە ئەفراسىياپ (توڭا ئالپ ئەر) بىلەن كەي پادىشاھلىرى ئوتتۇرىسىدا بولغان ۋەقەلەرنى تېما قىلغان.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۆتكەن تۈركىي ۋە ئەرەب-ئەجەم تارىخچى-تەزكىرىچىلىرى (مەسىلەن: بىرۇنى، مەتەۋۋى، تەبەرى، جەۋھەرى، يەقۇبى ۋە باشقىلار) ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەفراسىياپقا دائىر رىۋايەت خاراكتېرىدىكى مەلۇماتلارنى يازغان.

ئەنە شۇ قەيتلەر ۋە مەلۇماتلاردىن بەزى ئۈزۈندىلەرنى كەلتۈرىمىز.

## I. مەھمۇت قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە

### 1. توڭا ئالپ ئەر توغرىسىدىكى مەرسىيەدىن پارچىلار

ئەسلى تېكست

1. ئالپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ،
ئەسىز ئاژۇن قالدىمۇ،
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 33-بەت)

2. بەگلەر ئاتىن ئارغۇزۇپ،
قازغۇ ئانى تۇرغۇزۇپ،
مەڭزى يۈزى سارغارىپ،
كۆركۈم ئاڭار تۇرتۇلۇر.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 244 ـ بەت)

3. ئۇلىشىپ ئەرەن بۆرلەيۈ،
يىرتىپ ياقا ئۇرلايۇ،
سىقرىپ ئۈنى يۈنلايۇ،
سىغتاپ كۆزى ئۆرتۈلۈر.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 104 ـ بەت)

4. ئۆزلەك ياراغ كۆزەتتى،
ئوغرى تۇزاق ئۇزاتتى،
بەگلەر بەگىن ئازىتتى،
قاچسا قالى قۇرتۇلۇر.

(«دىۋان» II توم، فاكسىمبل 383 ـ بەت)

5. ئۆزلەك كۈنى تاۋراتۇر،
يالڭۇق كۈچىن كەۋرەتۈر،
ئەردىن ئاۋۇن سەۋرەتۈر،
قاچسا تاقى ئارتىلۇر.

(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل 431 ـ بەت)

6. ئۆزلەك قامۇغ كۆفرەدى،
ئەردەم ئارىغ سەۋرەدى،
يۇنچىغ ياۋۇز تەۋرەدى،
ئەردەم بەگى چەرتىلۇر.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 64 ـ بەت)

7. ئۆزلەك ئارىغ كۆفرەدى،
يۇنچىغ ياۋۇز تەۋرەدى،
ئەردەم يەمە سەۋرەدى،
ئاۋۇن بەگى چەرتىلۇز.
(«دىۋان» III توم، فاكسىمىل 462 ـ بەت)

8. كۆڭلۈم ئىچىن ئۆرتەدى،
يىتمىش باشىغ قارتادى،
كەچمىش ئۇدۇك ئىرتەدى،
تۇن كۈن كەچۈپ ئىرتەلۇر.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 128 ـ بەت)

9. ئۇگرە يۈكى مۇنداغ ئوق،
مۇندا ئازىن تىلداغ ئوق،
ئاتسا ئاۋۇن ئوغراپ ئوق،
تاغلار باشى كەرتىلۇر.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 90 ـ بەت)

## مەئىسى

(ئىلاۋە: توڭا ئالپ ئەر توغرىسىدا نامەلۇم شائىر تەرىپىدىن يېزىلغان مەرسىيە پارچىلىرىنىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇدۇل مەنىلىرى تىرناق ئىچىگە نەزمە شەكلىدە بېرىلدى؛ نەسرىي بايانلار بولسا، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ شۇ كۇپلېتقا ئەرەبچە بەرگەن چۈشىنىكىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدۇر.)

1. (باتۇر ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ،
ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ،
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.)

خاقان ئەفراسىياپ ئۆلدىمۇ؟ بىۋاپا دۇنيا ئۇنىڭدىن قۇتۇلدىمۇ؟ پەلەك ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئالدىمۇ؟ ئەمدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن زامانغا نەپرەتلىنىپ، يۈرەكلەر پارە-پارە بولماقتا.

2. (بەگلەر ئېتىنى هارغۇزۇپ،
قايغۇ ئۇنى تۇرغۇزۇپ،
مەڭزى-يۈزى سارغىيىپ،
زەپەر ئاڭا سۇرتىلۇر.)

ئەفراسىياپنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ دەيدۇ: بەگلەر ئاتلىرىنى هارغۇزۇپ، چېپىپ كېلىشتى؛ ئۇلارنى قايغۇ بېسىۋالدى، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى زەپىرەڭدەك سارغايدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

3. (ئەرلەر بۆرىدەك ھۇۋلىشىپ،
يىرتىپ ياقا ئاھ ئۇرۇشۇپ،
چىقىراپ ئۈنى داتلىشىپ،
ئۆكسۈپ كۆزى ئۆرتىلۈر.)

ئادەملەر ئەفراسىياپنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىشىپ بۆرىلەردەك ھۇۋلاشتى، ئاھ ئۇرۇپ ياقىلىرىنى يىرتىشتى؛ بەزىدە مۇڭلۇق نەغمىدەك ئۈن سېلىپ پەرياد چېكىشتى، كۆپ يىغلاپ، كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قالدى.

4. (زامان پۇرسەت كۆزەتتى،
ئوغرى تۇزاق ئۇزاتتى،
بەگلەر بېگىنى ئازدۇردى،
قاچسا قانداق قۇتۇلۇر؟)

زامان پۇرسەت كۆزىتىپ تۇرغان ۋە يەر ئاستىغا ئوغۇرلۇقچە تۇزاق قۇرۇپ قويغانىدى، بەگلەر بېگىنى ئازدۇردى، ئۇ قاچسىمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالامتى؟ بۇ يەردە بەگلەر بېگى دېگەن سۆز ئەفراسىياپنى كۆرسىتىدۇ.

5. (زامان كۈنى تۇسالدۇرۇر،
ئىنسان كۈچىنى ئاجىزلىتۇر،
كىشىدىن دۇنيانى بوشىتۇر،
قاچسا تېخى ئارتىلۇر.)

زامان كۈنلىرى ئىنساننىڭ كۈچىنى خورىتىش ئۈچۈن قەستلەيدۇ؛ بۇ يەردە ئەفراسىياپ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۆلۈمدىن قاچقان كىشى ئۆلۈمگە تۇتۇلىدۇ.

6. (زامان ھەممە ئاينىدى،
ئەردەم ئىرىغ كېمەيدى،
يامان - ياۋۇز تەۋرىدى،
ئەردەم بېگى يوقلىپ.)

زامان زەئىپلەندى، ئەردەم - پەزىلەت ئازايدى، بۇزۇق - يامان ئادەملەر تەۋرەپ باش كۆتۈردى، پەزىلەت بېگى يەنى خاقان ئەفراسىياپ ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق بولدى.

7. (زامان ئېرىغ ئاينىدى،
يامان - ياۋۇز تەۋرىدى،
ئەردەم يەنە كېمەيدى،
دۇنيا بېگى يوقلىپ.)

زامان پۈتۈنلەي زەئىپلەشتى، بۇلۇڭ - پۇچماقتا قالغان يامانلار كۆپەيدى، ياخشى خىسلەتلەر ئازىيىپ كەتتى. چۈنكى، دۇنيانىڭ ئەمىرى، يەنى ئەفراسىياپ ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق بولدى.

8. (كۆڭلۈم ئىچىنى ئۆرتىدى،
پۈتكەن يارىنى تاتىلدى،
كەچكەن ئۆدۈكنى ئەسلەتتى،
تۈن - كۈن كېچىپ ئىزدىنۇر.)

كىشىگە مەرسىيە بىلدۈرۈپ، شۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ مۇسىبىتى يۈرەك - باغرىمنى كۆيدۈرۈۋەتتى؛ ساقىيىپ - پۈتۈپ بولغان يارامنى تاتىلاپ ئېچىۋەتتى، ئۆتكەن ئىشلارنى — ئىشق - سېغىنىشنى ئەسلەتتى، زامان ئۆتكەنسېرى كۆڭۈل ئۇنى ئىزدەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

9. (شۇنداق زامان ئادىتى،
باشقا سەۋەب بار تېخى،
ئېتىلسا دۇنيا ئوقى،
تاغلار بېشى يەنچىلۇر.)

زاماننىڭ ئادىتى شۇنداق، بۇنىڭدىن باشقا بىرمۇنچە قورقۇنۇچلۇق سەۋەبلەرمۇ بار. زامان تاغ بېشىنى چەنلەپ ئوق ئاتسا، تاغنىڭ بېشىمۇ پارە-پارە بولۇپ كېتىدۇ.

## 2. توڭا ئالپ ئەرگە دائىر مەلۇماتلار

«توڭا — قاپلان (بەبر)، پىلنى ئۆلتۈرەلەيدۇ. بۇ نام ھازىرغىچە تۈركلەردە شۇ مەنىدە قوللىنىلماقتا. مەسىلەن: توڭا خان، توڭا تېگىن دېگەندەك. تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ پادىشاھى ئەفراسىياپمۇ توڭا ئالپ ئەر دەپ ئاتالغانىدى. بۇنىڭ مەنىسى قاپلاندەك باتۇر ئەر — ئەزىمەت دېگەنلىك بولىدۇ.»

(«دىۋان» III توم، فاكسىمىل 605 ـ بەت)

«خان — تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ پادىشاھى، ئەفراسىياپ ئەۋلادىدىن بولغان ئوغۇللارمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. خاقان — ئەفراسىياپتۇر. بۇنى بۇنداق ئاتاشتا ئۇزۇن بىر قىسسە بار.»

(«دىۋان» III توم، فاكسىمىل 513 ـ بەت)

«قاتۇن — خاتۇن، خانىكە، ئەفراسىياپنىڭ قىزلىرىغا خاس نام.»

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 206 ـ بەت)

«تېگىن — بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى قۇل دېمەكتۇر... بۇ سۆزنىڭ ئەفراسىياپ ئوغۇللىرىغا قانداق كۆچكەنلىكىگە كەلسەك، ئۇلار ئۆز ئاتىسىنى بەك ھۆرمەتلەپ، ناھايىتى چوڭ كۆرىدىغان ۋە

شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر ئىشتا ئاتىسىغا مۇراجەت قىلسا ياكى خەت يازسا، ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ، "قۇلىڭىز پالانى مۇنداق قىلدى"، "قۇلىڭىز پوكۇنى مۇنداق" قىلدى، دەيدىكەن. كېيىنچە بۇ سۆز ئۇلارغا ئات بولۇپ قالغان. باشقا ئوغۇللاردىن ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ سۆزنىڭ يېنىغا يەنە بىر سۆز قوشۇپ ئىشلىتىدىغان بولدى.»

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 209 ـ بەت)

«تارىم ــ تېگىنلەرگە (شاھزادىلەرگە)، ئەفراسىياپ ئەۋلادىدىن بولغان خېنىملارغا، شۇنىڭدەك ئۇلۇغ ـ ئۇششاق باللىرىغا خاس سۆز. خاقان ئەۋلادلىرىدىن باشقىلار ھەرقانچە يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولسىمۇ، بۇ سۆز ئۇلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. خان ئەۋلادىدىن بولغان ئاغىچا ـ خېنىملارغا ئۇنىۋان ئورنىدا ئالتۇن تارىم دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ.»

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 199 ـ بەت)

«بارسغان ــ ئەفراسىياپ ئوغلىنىڭ ئىسمى، بارسغان شەھرىنى شۇ سالدۇرغان. مەھمۇتنىڭ ئاتىسى ئەنە شۇ شەھەردىن. بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: ئۇيغۇر خاقانىنىڭ بىر يىلقا باشقۇرغۇچىسى بولغان، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ شۇ يەردە يىلقا باقىقان؛ كېيىن بۇ يەر شۇنىڭ ئىسمى بىلەن بارسغان دەپ ئاتالغان.»

(«دىۋان» III توم، فاكسىمىل 625 ـ بەت)

«بارمان ــ ئەفراسىياپنىڭ ئوغلى سالدۇرغان شەھەر. بۇ شەھەر شۇنىڭ نامى بىلەن بارمان دەپ ئاتالغان.»

(«دىۋان» III توم، فاكسىمىل 605 ـ بەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«بارچۇق ــ ئەفراسىياپ قۇرغان بىر شەھەر. ئۇ يەردە بۇختۇ نەسسارنىڭ ئوغلى بەتزەن قامالغان.»

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 234 ـ بەت)

(ئىلاۋە: بارچۇق ــ هازىرقى قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق مارالبېشىنىڭ نامى. بۇختۇ نەسسار ــ ئېھتىمال قەدىمكى بابىل هۆكۈمدارى نابۇقد نەزار بولسا كېرەك. ــ ئى. ت.)

«كەند ــ كەنت، شەھەر. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ، قەشقەر ئوردۇكەند دېيىلىدۇ، بۇ خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز دېگەن بولىدۇ. چۈنكى، بۇ شەھەرنىڭ هاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئەفراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان.»

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 173 ـ بەت)

«قاز ــ ئەفراسىياپنىڭ قىزىنىڭ ئىسمى. قازۋىن شەھىرىنى شۇ قىز قۇرغان. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «قاز ئوينى ــ غاز ئويۇنى»دۇر. چۈنكى ئەفراسىياپنىڭ قىزى (قاز) شۇ يەردە ئوينايتتى. تۈركلەردىن بەزىلەر تۈرك يۇرتلىرىنىڭ چېتىنى قازۋىندىن هېسابلايدۇ. شۇنىڭ- دەك قۇم شەھىرىمۇ چېگرا هېسابلىنىدۇ. چۈنكى، قۇم سۆزى تۈرك- چىدۇر. ئەفراسىياپنىڭ قىزى شۇ يەردە ئوۋ قىلىپ ئوينايدىكەن. بەزىلەر تۈرك چېگرىسىنى «مرۋالشاهىجان ــ مەرۋە ـ ئەش ـ شاهى- جان»دىن باشلىنىدۇ، دەيدۇ. چۈنكى، قازنىڭ ئاتىسى توڭا ئالپ ئەر ــ ئەفراسىياپتۇر، «مرو ــ مەرۋە» شەھىرىنى شۇ زات قۇرغان. ئەفراسىياپ بۇ شەھەرنى تەھمۇرەس تەرىپىدىن شەھەرنىڭ ئىچكى قورغىنى ياسىلىپ ئۈچ يۈز يىلدىن كېيىن بىنا قىلدۇرغان. بەزىلەر ماۋەرائۇننەھرنىڭ هەممە تەرىپىنى تۈرك يۇرتى هېسابلايدۇ. بۇ «يىنكند ــ يەنكەند»تىن باشلىنىدۇ. يەنكەندنىڭ يەنە بىر نامى

«دىز رۇيىن»دۇر، بۇ «مىس قورغان»دېگەنلىكتۇر، شەھەر ناھايىتى پۇختا بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. بۇ جاي بۇخاراغا يېقىن. ئەفراسىياپنىڭ قىزى قازنىڭ ئېرى «سىياوش — سىياۋۇش»شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلگەن. مەجۇسلەر ھەر يىلى بىر كۈنى شۇ يەرگە كېلىپ، سىياۋۇش ئۆلگەن جاينىڭ چۆرىسىدە يىغلايدۇ، قۇربانلىق قىلىدۇ، قۇربانلىق قىلغان مال قانلىرىنى ئۇنىڭ مازىرىغا چاچىدۇ. ئۇلارنىڭ ئادىتى شۇنداق. بۇنىڭدىن شۇ مەلۇم بولىدىكى، پۈتۈن ماۋەرائۇننەھردىن، يەنكەندىن شەرققە سوزۇلغان جايلار تۈرك يۇرتلىرىدۇر. «سەمرقەند — سەمەر قەند»نى «سەمىز كەند — سەمىز كەند»دەيدۇ، «شاش» شەھىرى «تاشكەند — تاشكەنت»دېگەن ناملارمۇ بار. بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى تۈركچە «شەھەر» مەنىسىدىكى «كەنت» سۆزى بىلەن ئاتالغان. بۇ شەھەرلەرنى تۈركلەر قۇرغاچقا، تۈركچە نام قويغان. بۇ جايلارنىڭ ناملىرى ھازىرغىچە شۇنداق ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ جايلاردا فارسلار ئاۋۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئەجەم شەھەرلىرىدەك بولۇپ قالغان. ھازىر تۈرك يۇرتلىرىنىڭ چېگرىسى «ئىبسكون — ئابسكون (خەزەر)» دېڭىزى بىلەن تۇتۇشۇپ، رۇم دىيارىدىن ۋە «ئۆزجەند — ئۆزجەند»دىن چىنغا قەدەر سوزۇلغان.»

(«دىۋان» III توم، فاكسىمىل 509 ـ بەت)

I «پارسلار... قورغان مەنىسىدە ئىشلىتىۋاتقان «دز — دېز» سۆزىنى تۈركلەردىن قوبۇل قىلغان. تۈركچە تىلدا «تىزيەر»نىڭ مەنىسى «ئېگىز يەر» دېگەنلىك بولىدۇ.»

(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل 435 ـ بەت)

«قاز سۇۋى — قاز سۈيى. «ئىلا — ئىلى» ۋادىسىدە ئاقىدىغان

چوڭ سۇ. بۇ نامنىڭ قويۇلۇش سەۋەبى مۇنداق: ئەفراسىياپنىڭ قىزى (قاز) شۇ سۇنىڭ قىرغىقىغا بىر شەھەر قۇرغان ۋە بۇ نام شۇنىڭدىن قالغان.»

(«دىۋان» III توم، فاكسىمىل 509 ــ بەت)

(ئىلاۋە: ئىلى ۋادىسىدە ھازىر قاش دەپ ئاتالغان دەريا ئەنە شۇ «قاز سۈيى» بولسا كېرەك. قاز ــ قاس ــ قاش، ــ ئى. ت)

## 2. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە

ئەسلى تېكىست

9. باب. ئەدگۈلۈك قىلماق ئۆگدىسىن ئاسىغلاردىن ئايۇر

276. كۆرۈ بارسا ئەمدى بۇ تۈرك بەگلەرى،
ئاژۇن بەگلەرىندە بۇلار يەگلەرى.

277. بۇ تۈرك بەگلەرىندە ئاتى بەلگۈلۈگ،
توڭا ئالپ ئەر ئەردى قۇتى بەلگۈلۈگ.

278. بەدۈك بىلكى بىرلە ئۆكۈش ئەردەمى،
بىلىگلىگ ئۇقۇشلۇغ بۇدۇن كۆدرۈمى.

279. نە ئۆدرۈم،، نە كۆدرۈم، نە ئەرسىگ ئەرەن،
ئاژۇندا تەتىك ئەر يەدى بۇ جەھان.

280. تەژىكلەر ئايۇر ئانى ئەفراسىياپ،
بۇ ئەفراسىياپ تۇتتى ئەللەر تالاپ.

281. ئەدى ئارتۇق ئەردەم كەرەك ئۆگ بىلىگ،
ئاژۇن تۇتغۇقا ئۆترۈ سۇنسا ئەلىگ.

5867. بىرى ئۆۋسە بىرى ئامۇللۇق تىلەر،
بىرى كۆلسە بىرى سىغىلقا ئۇلار.

5868. سەۋىنچلىغ تىدۇكتە ساقىنچ كەلدۈرۈر،
ساقىنچلىغ تىسە بۇ سەۋىنچ كۆلدۈرۈر.

## مەنىسى

9. باب. ياخشىلىق قىلماقنىڭ مەدھىيىسى ۋە پايدىسى توغرىسىدا

276. بۇ تۆرك بەگلەرىگە سېلىنسا نەزەر،
جاھان بەگلەرىنىڭ ياخشىسى شۇلەر.

277. بۇ تۆرك بەگلەرىدىن ئېتى بەلگۈلۈك،
توڭا ئالپ ئەر ئىدى بەختى بەلگۈلۈك.

278. ئىلىمدە بۆيۈك، كۆپ پەزىلىلىك دىلى،
بىلىملىك، ئەقىللىق، خەلقىنىڭ خىلى.

279. ئىدى ئۇ سەرە ـ خىل، زىرەك ئەرئوغلان،
دۇنياغا زىرەكلەر بولۇر ھۆكۈمران.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

280. تاجىكلار ئۇنى دەيدۇ ئەفراسىياپ،
بۇ ئەفراسىياپ تۇتتى ئەللەر تالاپ.

281. جاھاننى تۇتاي دەپ سۇنۇشقا ئىلىگ،
كېرەك كۆپ پەزىلەت بىلەن كۆپ بىلىگ.

282. تاجىكلار كىتابتا پۈتۈپتۇ بۇنى،
كىتابقا پۈتمىسە، كىم ئۇققاي ئۇنى.
(ئىلاۋە: بۇ يەردە ئېيتىلغان تاجىكلار پارسلاردۇر. تاجىكلار توڭا ئالىپ ئەرنى ئەفراسىياپ دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئۆز رىۋايەتلىرىدە، تەزكىرە-قىسسىلىرىدە يېزىپ قالدۇرغان. ئىران پادىشاھلىرىنى ئۇلۇغلاپ، تۈركىي خەلقلەردىن چىققان شەخسلەرنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ يازىدىغان ئەدىبلەر، سالنامىچىلار ئەفراسىياپنى «ئۇرۇش سەمۇولى» قىلىپ تەسۋىرلەپ، «ئەفراسىياپ ئەللەرنى تالاپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان»دەپ يېزىشقان. ئەمما، مۇتەپەككۇر شائىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ بولسا، توڭا ئالپ ئەرنى «ئەرلەر-نىڭ خىللانغىنى، جەسۇر، پەھلىۋان، دۇنيادا ئەڭ ھوشيار»، «ناھايىتى ئەخلاقلىق، نۇرغۇن بىلىملىك» زات دەپ يازغان ۋە ئۇنىڭ ئاغزىدىن راستچىللىق ۋە ئادەمگەرچىلىك توغرىسىدا ناھايىتى ھېكمەتلىك سۆزلەرنى بەرگەن.)
282. تەۋكىلەر بىتىكدە بىتىمىش مۇنى
بىتىكدە يوق ئەرسە كىم ئۇققاي ئانى.
75. باب. كۆڭۈللىككە كۆڭۈللىك، كىشىلىككە كىشىلىك قىلماقىن ئايۇر

ئۆگدۉلمىش جەۋابى ئەلىگکە

5861. نەگۉ تەر ئەشتىگىل توڭا ئالىپ ئەرىگ،
بىلىپ سۆزلەمىش كۆر بۉ ئۆت ساۋ ئەرىگ.

5862. ئەت ئۇل بۇكشى كۆڭلى ئارتار يىدىر،
ئانى كەد كۉدەزگۉ ئاي قىلىقى قادىر.

5863. نەچە كەد ئەر ئەرسە يوڭاغ تىڭلاماز،
ئۇزۇنچى ئارا كىرسە سەرىنۉ ئۇماز.

5864. نەچە كەد بەگ ئەرسە ئۇقۇشلۇغ ئۇدۇغ،
ياڭاغچى ياقىن بولسا تەگرۉر يودۇغ.

5865. كۆڭۉل بەگ تۇرۇر بۇ ئەت ئۆز قۇل ئەسىر،
ئارا سۆزكە تۇملىر ئارالا ئىسىر.

5866. كىشى تەبئى تۆرت ئۇل قارىشما ياغى،
بىرى كۉلدۉرۉر بىر قىلۇر ئۉن چوغى.

5867. بىرى ئەۋسە بىرى ئامۇللۇق تىلەر،
بىرى كۉلسە بىرى سىغىتقا ئۇلار.

5868. سەۋىنچلىگ تەدۉكتە ساقىنچ كەلدۉرۉر،
ساقىنچلىغ تەسە بۇ سەۋىنچ كۉلدۉرۉر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

75. باب. توغرىلىقتا توغرىلىق، ئادەمگەرچىلىكتە
ئادەمگەرچىلىك قىلىش توغرىسىدا

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5861. جەسۇر بىر باتۇر ئەر ئاڭلا نەدەممىش،
بۇ پەند ۋە ناساتنى بىلىپ سۆزلەممىش:

5862. كىشى كۆڭلى گۆشتۇر، سىپسىپ بۇزۇلۇر،
ئۇنى بەك كۈزەتمەك كېرەك، ھەي جەسۇر.

5863. ھەرقانچە غەيۋەتنى ئەر ئاڭلىماس،
چېقىمچى ئاراغاكىرسە ئۆزگىرەر.

5864. ھەرقانچە ئەقىللىق، ھوشيار بولسا بەگ
چېقىمچى يېقىن بولسا تېگەر بەك زىيان.

5865. كۆڭۈل — بەگ، ۋۇجۇت ئۇ ئەسىر - قۇل ئېرۇر،
بەزىسىگە ئىسسىپ، بەزىگە سوۋۇر.

5866. كىشى تەبئى تۆت قارىمۇ - قارشى يېغى،
بىرى كۈلدۈرۈر، بىرى قىلۇر ئۈن - چوغى.

5867. بىرى شاشىسا، بىرى بېسىقلىق تىلەر،
بىرى يىغلىتىپ، ئۇ بىرى كۈلدۈرەر.

5868. خۇشاللىق دېگەن چاغدا غەم كەلتۈرۈر،
خاپىلىق دېسە بۇ خۇشال كۆلدۈرۈر.
... ... ... ... ... ... ... ... ... ...

## 3. ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى «شاھنامە»دە

خۇراسان ۋىلايىتىنىڭ تۇس شەھىرى يېنىدىكى باج يېزىسىدا كەمبەغەللەشكەن دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (مىلادى 934 ــ 1025) ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران خەلقلىرى ئارىسىدا تارقالغان ئېپوسلارنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ 4000 يىللىق ئەپسانىۋى ۋە ھەقىقىي تارىخىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئېپىك ئەسەر ــ «شاھنامە»نى ياراتقان. ئۇلۇغ نېمىس شائىرى گېيوتى: «فىردەۋسى ئىراننىڭ ئەپسانىۋى ۋە تارىخىي ئۆتمۈشىنى يېزىپ بولغاچقا، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئومۇمىي گەپ ۋە بەزى تەھلىللەردىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىغان» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن. ئاساسەن كەيكاۋۇس بىلەن ئەفراسىياپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنى مەزمۇن قىلغان «شاھنامە»نىڭ مۇھىم بىر قىسمى ــ «سىياۋۇش» داستانى تىنچلىق ۋە دوستلۇقنى تېما قىلغان قىسىمدۇر. ئۇنىڭدا ئەفراسىياپ تەرەپكە ئۆتكەن ۋە كېيىن ئۇنىڭغا كۈيوغۇل بولغان سىياۋۇش (ئىران پادىشاھى كەيكاۋۇسنىڭ ئوغلى)نىڭ ۋە ئەفراسىياپ ھەم ئۇنىڭ ۋەزىرى پىرراننىڭ تىنچلىقپەرۋەرلىكى تەسۋىرلىنىدۇ. شۇ قىسىمدىن پەقەت ئەفراسىياپ تەرىپلەنگەن مۇناسىۋەتلىك ماۋزۇ ۋە مىسرالارنىلا تونۇشتۇرىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## كاۋۇسنىڭ ئەفراسىياپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقىنى

ئەفراسىياپ كەلمىش، ئەسكىرى يۈزمىڭ،
تۈركلەردىن تاللانغان لەشكىرى يۈزمىڭ.

بۇ خەۋەردىن كاۋۇس دىلى بولدى تەڭ،
بەزمە تۈگەپ باشلىناتتى ئەمدى جەڭ.

ئىراندا تىلەكداش كىم كەيانىگە،
بەرىنى توپلىدى شاھ مەجلىسىگە.

ئۇلارغا شاھ دېدى: "بۇ ئەفراسىياپ،
جىسمىدا يۇقمۇدۇ ھاۋا، ئوت، توپا، ئاب.
يەزدان ئۇنى نېمىدىن ياراتقانىكىن،
يا باشقا ئۇرۇغىدىن تاراتقانمىكىن..."

## ئەفراسىياپنىڭ ئۆز ئەربابلىرى بىلەن كېڭەش قۇرغىنى

چۆرگەلگۈچى ئاسمان يېرىم ئايلانغاچ،
ئالەمگە نۇر چاچتى قايتىدىن قۇياش.

ئەربابلار كېلىشتى خاننىڭ قېشىغا،
يۇقتۇرماي چاڭ ـ توزاڭ ئۈستى ـ بېشىغا.

خان يىغدى مەجلىسكە دانىشمەنلەردىن،
سەزگۈر ھەم دانا ـــ ئىش بىلەرمەنلەردىن.

ئۇلارغا دېدى: "بۇ بوينۇمغا پەلەك —
قىلمىغانمۇ قىسمەت ئۇرۇشتىن بۆلەك.

مېنى قەستلەپ كەلگۈچى نى-نى پەھلىۋان،
ئىلكىمدە بولغانتى يەر بىلەن يەكسان...

جاھان خاقانى سالسا جەۋرى-جاپا،
ياخشىلىق تۈگەپ، بارچە بولۇر خاپا...

قىڭغىرلىق كۆچىيەر، قالماس توغرىلىق،
ھەر يەردە ئەۋج ئالۇر يالغان، ئوغرىلىق.

جېنىمدىن تويدۇردى زورلۇق جەڭ-جېدەل،
ياخشىلىققا بۇرىدى تەگرى ئەزەل!

بۈگۈن جارى قىلاي سۈلھى ئادالەت،
قايغۇ تۈگەپ، راھەت تاپقاي كامالەت.

ئۈچتىن ئىككى جاھان ئاياق ئاستىمدا،
ئىران، تۇران ساراي ماڭا دەستىمدە.

ھەر بوي بەرمەس باتۇرلار بېشىدا تاج
تۇرۇغلۇق تۆلەيدۇ ماڭا نۇرغۇن باج.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىلەر ماقۇل تاپساڭلار خوپ كېڭىشىپ،
ئەۋەتەي رۇستەمگە بۈگۈن خەت يېزىپ.

سىياۋۇش بىلەن سۈلھ ئىشىكىنى ئاچاي،
سوۋغىلار ئەۋەتەي، ئالتۇنلار چاچاي."...

گەرسىۋەزگە بۇيرۇق قىلدى شاھانە:
"ئىشنى يىغىپ بولغىن يولغا راۋانە...

دېگىل ئىرانغا ھېچ دەۋايىمىز يوق،
دېگىل سۆزىمىز چىن، كۆڭۈل بولسۇن توق.

بىزنىڭكى چىندىن تا جەيھۇن قىرغىقى،
بىزگە بەس سوغدىلەر يېرى-تۈز تېغى...

ئىران بىلەن تۇران بىر ئىدى دايىم،
بىلمەي جېدەل، ياشار ئىدى مۇلايىم...

كېچىرىپ، ئىستەيلى ئەزگۇ-ئامانلىق،
ئۇنتۇلماس ئۇرۇش، يوقالسا يامانلىق...

پىلتەنگە قىلىپ ياخشى سۆز بۇ قېتىم،
رايىنى قايتۇر ئۇرۇش-ئاداۋەتتىن.

سوۋغىلارغا كۆمۈپ تاشلا ئۆزىنى،
بەس، ئۆرسۇن ئاداۋەتتىن يۈزىنى.

پەقەت تەختنى ئاڭا كۆرمىگىل راۋا،
چۈنكى ئەمەس شاھ نەسلىدىن ئەجدىھا.“

ئەفراسىياپنىڭ ئىنىسى گەرسىۋەز بۈيرۇق بويىچە ئىران شاھزا- دىسى سىياۋۇشنىڭ يېنىغا بارىدۇ. سىياۋۇش بىلەن ئەفراسىياپ پۈتۈم - توختام تۈزۈشىدۇ. رۇستەم بىلەن سىياۋۇشنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئەفراسىياپ ئۆز قوشۇنىنى ئۇرۇش سەپلىرىدىن چېكىندۈ- رىدۇ.

ئەۋەتتى سىياۋۇش كۈتكەندىن ئارتۇق،
بىرىپ قوللىرىغا سوۋغا ھەم تارتۇق.

كارناي - دۇمباق ياڭراپ بىردىن - بىرى،
ئورنىدىن قوزغالدى شاھنىڭ چېدىرى.

بۇخارا ۋە سوغد ھەم سەمەرقەند ۋە چاچ،
سەجاپ يەرلىرىنى بوشىتىپ قىيغاچ.

قوشۇننى كاڭ تامان سۈرەردى شىتاپ،
پەيمانىغا سادىق خان ئەفراسىياپ.

سىياۋۇش ئاتىسى كەي كاۋۇس ھوزۇرىغا ئەفراسىياپ بىلەن سۈلھ قىلىشقانلىقىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن رۇستەمنى ئەۋەتىدۇ. لېكىن كەي كاۋۇس كۆنمەي، رۇستەمگە غەزەب قىلىدۇ ۋە رۇستەمنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

سىيىستانغا ئەۋەتىۋېتىدۇ؛ سىياۋۇشنى بەلختىن قايتىپ كېلىشكە پەرمان بېرىپ، ئورنىغا تۇسنى ئەۋەتىدۇ ۋە "دەرھال جەڭ باشلاپ، ئەفراسىياپقا كېچىلەپ ھۇجۇم قىلىپ، ئاسمان-زېمىن ۋە جەيھۇننى قىپ-قىزىل قانغا بويا" دەپ بۇيرۇيدۇ. سىياۋۇش ئۆز سەركەردىلىرى بەھرام ۋە زەنگىگە مەسلىھەت سېلىپ، ئەفراسىياپ بىلەن قىلىشقان ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلماسلىق قارارىغا كېلىدۇ؛ قوشۇننى بەھرامغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى ئەڭ يېقىن كىشىلىرىنى ئېلىپ، ئەفراسىياپ ئەۋەتكەن پېشقەدەم باتۇر پىران بىلەن ئەفراسىياپ تەرەپكە ئۆتىدۇ.

جەيھۇن تامان چۈشتى سىياۋۇش ئىزى،
قان يىغلار، كۆز ياشتىن كۆرۈنمەس يۈزى.

تەرمىزگە يەتكەندە كۆردى سېپىل، تام،
باھاردەك رەڭگارەڭ ياسانغان تامام.

ياسانغان چىرايلىق بۇ يەر تاكى چاچ،
دەيسەنكى، كىيىپتۇ كېلىن گويا تاج.

ھەر ئۆتكەندە يېبىق، توكۈن داستىخان،
يېمەكلىك-ئىچمەكلىك بوندا پاراۋان.

شۇ مەھەل يەتكەندە قوچقار بېشىغا:
"شۇ يەردە قونايلى" دەر يولدىشىغا...

قوچقار بېشىدا چۇشۇشتى ئاتتىن،
راھەت، ئارام ئېلىپ شىرىن سۆھبەتتىن...

ئىككىسى ئولتۇرۇپ، يېيىشتى غىزا،
سىياۋۇش ئوغلىدەك، پىرران نەق ئاتا.

يەنە شادۇ خەنـدان بولۇشۇپ راۋان،
ھېچ يەردە توختىماي، ئېشىپ كۆپ داۋان.

گەڭدىج تامان مىسلى شامال ئېلىشتى،
ئۆلكە مەركىزىگە كىرىپ كېلىشتى.

ئەفراسىياپ سىياۋۇشنى قىزغىن قارشى ئالدۇ: كوچىغا پىـيادە چىقىپ، قۇچاقلاپ كۆرۈشىدۇ ۋە ئوردىغا باشلايدۇ. ئانـدىن سارايـ-لىرىدىن بىرىنى تاللاپ، گۆھەر-ئالتۇن بىلەن بېزەپ-جابدۇيدۇ:

تۆرگە ئورناتتى ئالتۇن قاشلىق تەخت،
تۆت پۇتى بىر خىل ھۆكۈز باشلىق تەخت؛

خىتاي شايە ئۇ ئۇچتىن بۇ ئۇچى،
چىلىلدى ھەر ياقتىن تۇرلۇك چالغۇچى.

ئاندىن چىللاپ سىياۋۇشنى سارايغا،
بەخت تىلەپ چىقاردى مۆتىۋەر جايغا...

ئەفراسىياپ ھوزۇرىـدا سـىياۋۇش ئۆزىنىڭ ھۈنەر-ماھارىتىـنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆرستىدۇ. ئەفراسىياپ بىلەن سىياۋۇش ئۇۋغا چىقىدۇ. سىياۋۇش پىراننىڭ قىزى جەرىرىگە ئۆيلىنىدۇ. ئاندىن سىياۋۇشقا ئەفراسىياپنىڭ قىزى فەرەڭگەسىنىمۇ ئېلىپ بېرىدۇ. سىياۋۇش ئەمدى باتۇر رۇستەم، شاپۇر، بەھراملارنى كۆرەلمەسلىكتە كۆزى يېتىپ، ئىرانغا قايتماي، تۇراندا پۈتۈنلەي تۇرۇپ قېلىش قارارىغا كېلىدۇ. سىياۋۇش گەڭ (گەڭدىج) قورغىنىنى سالدۇرىدۇ. ئەفراسىياپ تۇران يېرىدىن تاللاپ بەرگەن مەنزىرىلىك يەرگە سىياۋۇش يەنە سىياۋۇشگىدە شەھىرىنى سالدۇرىدۇ.

ئەفراسىياپ سىياۋۇشقا مۇنداق دەيدۇ:

ئەمما بىلكى سېنىڭ ئارامىڭ ئۈيلاپ،
بىر جاي تاپتىم تۇران يېرىدىن سايلاپ.

بېرىپ كۆرسەڭ، ئۇ جاي خۇش-خۇرامدۇر،
بارغاننىڭ كۆڭلى شاد، دىلى بىغەمدۇر.

شۇندا پادىشاھلىق قىل، ھەرگىز كۆرمە دەرد،
دۈشمەنلەر بېشىنى ئەيلە توزاڭ-گەرد...

سىياۋۇش شەھەرنى سالدۇرۇپ بولۇپ، ئوردا-سارايلىرىنى جاھاننىڭ ئىككى چوڭ پادىشاھىنىڭ دوستلۇقى تەسۋىرلەنگەن سۈرەت-نەقىشلەر بىلەن بېزەيدۇ:

ئايۋان تاملىرىغا سىزدۇردى سۈرەت،
شاھلار بەزمە-رەزمىدىن بىرور شاھادەت:

بىر يېقىدا كاۋۇس تەختتۇ-تاجدار،
ئۇراپ ئەتراپىنى پەلۋان-باتۇرلار.

تەخت يېنىدا تۇرار پىل تەنلىك رۇستەم،
زال ۋە گۇدەرز، بارچە پەھلىۋان جەم.

بىر ياقتا تەختتە ئەفراسىياپ شاھ،
پىران ۋە گەرسىۋەز، ئەتراپتا سىپاھ.

شەھەر بەرپا بولۇپ مىسالى جەننەت،
ئىران ۋە تۇرانغا تارقاتتى شۆھرەت.

ئەفراسىياپنىڭ دانا ۋەزىرى پىران ھىندى ۋە چىن سەپەرلىرىدىن قايتىپ، ئۆزىنىڭ تۇرىدىغان جايى خوتەنگە كېلىدۇ... پىران قىزى جەرىرە سىياۋۇشتىن بالا تۇغىدۇ.

ئەفراسىياپنىڭ ئىنىسى گەرسىۋەز ئىچى تارلىقى كېلىپ، كۆڭلى قارىلىق قىلىپ، سىياۋۇشقا قەست قىلىدۇ. گەرسىۋەزنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، گۇرۇي مىكرى بىلەن سىياۋۇشنى تۇتۇپ، سىياۋۇش تىربازلىق قىلغاندا، نىشانلاپ ئوق ئاتقان چۆلگە ئېلىپ بارىدۇ ۋە ئوق چۈشكەن يەردە، گۇرۇي سىياۋۇشنىڭ پۇت-قولىنى باغلاپ بوغۇزلايدۇ، قېنىنى بۇيرۇلغان يەرگە چاچىدۇ. يەنە شۇ گەرسىۋەزنىڭ پىتنىسى بىلەن، ئەفراسىياپ ئۆز قىزى فەرەنگەسنى قاتىل دەپ زىندانغا تاشلايدۇ.

پىران بېرىپ فەرەنگەسنى قۇتقۇزۇپ، خوتەنگە ئېلىپ كېلىدۇ. فەرەنگەس (سىياۋۇشتىن ھامىلە بولغاچقا) ئوغۇل تۇغىدۇ ۋە بالىغا كەيخۇسراۋ دەپ ئىسىم قويىدۇ. ئوغۇل چوڭ بولغاندا، چوپانلار ئارىسىدا تۇرغان جايىدىن كەي كاۋۇسنىڭ ئادەملىرى كەيخۇسراۋنى ئېلىپ قاچىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىنچاق ئادرېسى

شۇنىڭ بىلەن ئاداۋەت ئىشكى قايتا ئېچىلىدۇ.

## 4. باشقا تارىخىي مەنبەلەردە

ئىلگىرىكى سالنامىچىلار، تەزكىرىچىلەر، سەيياھلارنىڭ كىتاب-لىرىدا، ياكى بەزى ئالىملارنىڭ كېيىن كەلگەندە ئۆز ئەسەرلىرىدە قىلغان قەيتلىرىدە، ئوغۇزخان ۋە ئەفراسىياپ تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمدارلىرى ۋە مەشھۇر باتۇرلىرى قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئاساسىي زېمىنلىرى ۋە مەركىزىي شەھەرلىرىمۇ بايان قىلىنىدۇ.

ئەرەبچە ياكى پارسچە يېزىلغان بۇ مەنبەلەرنىڭ بەزىلىرى يەھۇدى رىۋايەتلىرىنى ۋە بەزىلىرى ئىرانلىقلارنىڭ رىۋايەتلىرىنى ئاساس قىلغان؛ بەزى مەلۇماتلارنى ئاسۇرى ۋە يۇنان مەنبەلىرىدىن ئالغان. مەيلى ئىرانلىقلار بولسۇن ياكى يەھۇدىلەر بولسۇن، دۇنيادىكى مىللەتلەر توغرىسىدا بايان قىلغانلىرىدا، ئۆز رىۋايەتلىرىدە ھەممە مىللەتنى ئۆز نەسىللىرىدىن تۆرەلگەن ياكى تارالغان دەپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، ھەر خىل خەلق ۋە شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆزلىرىگە ئەنئەنە بولۇپ كەلگەن ئىسىملار بىلەن بىرلەشتۈرۈۋەتكەن. مەسىلەن: مۇنداق رىۋايەت ياكى ئەپسانىلاردا، تۈركىي خەلقلەرنىڭ بوۋىسى قىلىپ كۆرسىتىلگەن يافەس ۋە باشقا شەخس ياكى قەبىلە ئىسىملىرى شۇنداق.

ئەرەب تارىخچىلىرىدىن ئەبۇ جەفەرئىبنى جەرىر — تەبەرى (مىلادى 837 — 922 - يىللىرى) «تارىخۇل ئۇمەم ۋەلمۇلۇك» دېگەن كىتابىدا، تارىختىن ئىلگىرىكى زامانلار ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بولغان

رىۋايەتلەردىن نەقىل كەلتۈرگەن.

تەبەرىنىڭ تارىخىدا بايان قىلىنىشىچە، توفاندىن كېيىن، ھەزرەتى نۇھنىڭ ئۈچ ئوغلى ئامان قالىدۇ: سام (سامنىڭ ئەۋلادى ئەرەب، ئەجەم خەلقى)، ھام (ھامنىڭ ئۇرۇغى ھەبەش، زەنگبەر، ھىندلار)، يافەس (يافەسدىن تارالغانلار تۈرك، سەقلاب، يەجۇج - مەجۇج) توفاندىن كېيىن تاكى مىڭ يىلغىچە دۇنيادا ھېچ پادىشاھ بولمايدۇ. توفاندا ھەزرەتى نۇھكە ھەمراھ بولغان بىركىمنىڭ ئەۋلادى جەمشىدنىڭ نەسلىدىن فەرىدۇن دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بولىدۇ: چوڭى تۇر، ئوتتۇرانچىسى سەلەم، كەنجىسى ئەيرەج. فەرىدۇن جاھاننى پەرزەنتلىرىگە تەقسىم قىلىدۇ؛ تۈرك، خەزەرەج، ماچىن ۋە مەشرىق زېمىنىنى تۇرغا بېرىدۇ ۋە ئاڭا "فەغفۇر" ئات قويىدۇ؛ روم، رۇس، ئالان ۋە مەغرىب زېمىنىنى سەلەمگە تەئىن قىلىدۇ ۋە ئۇنى "قەيسەر" ئاتايدۇ. ئىقلىملارنىڭ ئوتتۇرىسى ئىران ئاتىلىپ، ئىراقەين، پارس، خۇراسان، زېمىنى ھىجازدىن تاكى يەمەن چېكىگىچە ئەيرەجكە بېرىدۇ. ئەيرەجنىڭ ئەۋلادىدىن مەنۇچەھرە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. تۇرنىڭ ئەۋلادىدىن فەسبەخ (يەسۇ - بەخ)نىڭ ئوغلى ئەفراسىياپ تەمامى تۈركىستان ۋە مەشرىق زېمىنىگە ھۆكۈمران بولىدۇ، پايتەختى بەلخ شەھىرىدە بولىدۇ. ماۋەرائۇننەھرنى، جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، مەرۋ باياباني، تاكى بەلخ سەھراسىغىچە، نىشاپۇردىن تا سەرەخس ۋە مەزدۇران *چېكىگىچە بۇ ئۈچ دەرياني تۈرك خەلقى ماكان تۇتىدۇ.

---

* مەزدۇران — تارىخچى بەلئەمى تەبىرىچە "مەرزى تۇران" (تۇران چېگرىسى) دېيىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەنۇچەھرە مەشرىق زېمىنىنى خاراب قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەفراسىياپ ئاتلىنىپ شامغىچە بارىدۇ. بۇ يۈرۈشتە مەنۇچەھرەنى تەبەرەستاندا مۇھاسىرە قىلىۋالىدۇ. بىرنەچچە مۇددەتتىن كېيىن ئەفراسىياپ ئۆلۈپ، ئوغلى تەختكە ئولتۇرىدۇ. مەنۇچەھرە زامانىدا ھەزرەتى مۇسا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. مەنۇچەھرە ئۆلگەندىن كېيىن ئەفراسىياپ* (ئەفراسىياپنىڭ ئوغلى يەنى ئەفراسىياپ II بولسا كېرەك) كېلىپ ئەجەم ۋىلايەتلىرىنى ئىلكىگە ئالىدۇ. بەنى ئىسرائىل پادىشاھى يوقىيانىڭ تەھماسەب دېگەن ئوغلى بىلەن مەنۇچەھرەنىڭ قىزىدىن تۇغۇلغان زەۋارە ئەفراسىياپ بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇنى ئىران زېمىنىدىن چېكىندۈرىدۇ. ھەزرەتى سۇلايمان دەۋرىدە ئەجەمگە كەيقۇباد پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى كەيكاۋۇس تەختكە ئولتۇرىدۇ. بۇ دەۋردە ئەفراسىياپ بىلەن كەيكاۋۇس ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن ۋەقەلەر ئۆتىدۇ. بۇ ۋەقەلەر ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سىگە تېما قىلىنغان بولسا كېرەك.

يەھۇدى رىۋايەتلىرىدە بايان قىلىنىشىچە، ھەزرەتى ئىبراھىمنىڭ سوخ ۋە يەسۇبەخ دېگەن ئوغۇللىرى ئاتىسىنىڭ ئەمرى بويىچە شەرققە مېڭىپ، خۇراساندا ماكانلىشىدۇ. ئاتىسى ئۆگەتكەن "ئىسمى ئەزەم" ("ئەرۋەشنامە") سايىسىدە ھەممە قوشنا قوۋملەر ئۈستىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. يافەس نەسلىدىن تۈرك، خەزەر ۋە باشقىلار كېلىپ، ئۇلارغا "خاقان" ئۇنۋانىنى بېرىدۇ. سوخ، يەسۇبەخلەر شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ.

* تۈرك ۋە ئىران رىۋايەتلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى رىزۋان نافىزنىڭ پىكرىچە، تۈرك داستانلىرىدا ئەفراسىياپنىڭ ئالپ ئارىز دېگەن ئوغلى بولغان، بۇمۇ ئەفراسىياپ ئاتالغان.

ئەرەب جۇغراپىيونلىرىدىن ئىبنى فەقىھىنىڭ بايان قىلىشىچە، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىردە، ساخالارنىڭ غەربىي ئاسىيادىكى دۆلىتى يىمىرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بابىل ھۆكۈمدارى نەبۇ قەد نەززار تەرىپىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىر ئاخىرىدا يۇدا دۆلىتى تارمار قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىلەردىن بىرقىسمى ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپكە تارقىلىپ كېتىدۇ. يۇقىرىدىكى يەھۇدى رىۋايىتى، ئېھتىمال، مەزكۇر تارىخىي ۋەقەنى ئەپسانىگە ئايلاندۇرۇپ، ھەزرەتى ئىبراھىمگە ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا باغلىغان ۋە غەربىي ئاسىيادا "خاقان" ئۇنۋانى بىلەن ئۆتكەن دۆلەتنىڭ ئاھالىسىنى "سوخ" ۋە "يەسۇ بەخ"نىڭ ئەۋلادى قىلىپ كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

ئاسۇرى ۋە يۇنان مەنبەلىرىدىن ئېلىنغان مەلۇمات بويىچە، بۈيۈك ساقا قەھرىمانى ئەفراسىياپ مىدىيە ھۆكۈمدارى كىياكسارەس تەرىپىدىن يېڭىلىپ، قولغا چۈشىدۇ. بىراق، بۇ رىۋايەتلەر كېيىن بېرىپ بۇ ۋەقەنىڭ ئاخىرىنى ئىسكەندەرگە چېتىۋېتىدۇ. ئاندىن يەنە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەرگەنە قۇن ئەپسانىلىرى بىلەنمۇ ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

تارىخىي مەنبەلەرگە كىرگۈزۈۋېتىلگەن ئىران رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، ئىراندا ئۇزاق سەلتەنەت سۈرگەن ئەخمەنىلەردىن كىرۇس (كىر) مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 546 ـ يىلدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىغا ھۇجۇم قىلىپ سىر دەريا ۋادىسىغىچە كېلىدۇ ۋە ھازىرقى ئورا تۆپە ئەتراپىدا ئۆز نامىغا بىر شەھەر (قورغان) سالدۇرىدۇ؛ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 529 ـ يىلىدا، گورگەن (ئۆرگەنچ) تەرەپكە كەلگىنىدە، ما ساغۇتلارنىڭ ئايال ھۆكۈمدارى تومۇرەس بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولغان جەڭدە ئۆلدۇ. ئاندىن ئىران ھۆكۈمدارلىرىدىن دارا بىلەن 6 ـ ئەسىردە ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدا قاتتىق جەڭ بولدۇ. مۇشۇ ۋەقەلەر بايان قىلىنغان ئىران رىۋايەتلىرىدە ئەفراسىياپ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە دائىر مەلۇماتلارمۇ بايان قىلىنىدۇ. كېيىن ئىران داستانىغا ئاساس بولغان بۇ رىۋايەتتە، ئەفراسىياپ-نىڭ ئوغلى ئەرجەسپ زامانىدا، خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھەردە بولغان جەڭلەر زىكرى قىلىنىدۇ. جەڭدە مەغلۇب بولغان ئەرجەسپ رىۋايەتتە «ھيۇن» پادىشاھى قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئەرجەسپ مىلادىدىن ئىلگىرى 563 ـ يىلى ئۆلگەن زورو ئاستېر (زەردۇشت)نىڭ مۇرىدى قىلىپمۇ كۆرسىتىلىدۇ.

نەرشەخى ئۆز كىتابىغا نەقىل قىلغان ئىران رىۋايىتى بويىچە، ئەفراسىياپ كۆك تۈركلەرنىڭمۇ جەددى ـ بوۋىسى سانىلىدۇ. ئۇ خەزەر دېڭىزىنىڭ شىمالىدىن ۋە جەنۇبىدىن بىرقانچە قېتىم ئۆتىدۇ. ئەفراسىياپنىڭ ئالپ ئارىز دېگەن بىر ئوغلى تۆمۈر قاپقىنى (تۆمۈر قوۋۇقنى) ئىشغال قىلىدۇ. (بەزى تەتقىقاتچىلار تۆمۈر قاپقىنى كافكازدىكى "دەربەند" دەپ تەخمىن قىلىدۇ). توڭا ئالپ ئەر ئىدىل (ۋولگا) دەرياسى تەرىپىدىن ئالدىنقى ئاسىياغىچە كېلىدۇ ۋە ئۇ يەردىن ئىران ـ خۇراسان يولى بىلەن بۇخارا تەرەپلىرىدىكى "بەي-كەند" ۋە چۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى تەرەپلىرىدىكى "قوچقار باش" دېگەن يەرلەرگىمۇ كېلىپ ئوردا قۇرىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىدىكى قازۇن، قۇم، مەرۋ شەھەرلىرى، شۇنىڭدەك "يەنكەنت" ياكى "بەيكەنت" ("دىزروويىن") ۋە تاشكەنت، "سەمىزكەنت" (سەمەرقەند)، ئۆزكەنت، مەركىزىي ئاسىيادىكى بارسغان، ئوردۇكەنت (قەشقەر)، بارچۇق، ئىلى ۋادىسىدىكى "قاز

سۇۋى" (قاش دەرياسى) بويى ئەفراسياپ تۇرغان شەھەرلەر دەپ قەيت قىلىنغان. ئەفراسياپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىدە قىساق دېڭىزى (قوسۇ كۆل، يەنى بايقال) تەرىپىدىكى سىغناق زېمىنىدىمۇ يەنە بىر "كەڭ دىز" قورغىنىنى سالدۇرىدۇ. ئەفراسىياپ ئىلكىدىكى كەڭ رايونىنىڭ غەربىي قىسمىدا بىر "گەندىج" (كەڭ دىز)، شەرقىي قىسمىدا يەنە بىر "كەڭ دىز" مەركەز قىلىنغان. باش مەركىزىي "ئوردۇكەنت." دېمەك، بايقالدىن دەربەنت (شەرقىي كافكاز) غىچە بولغان رايون ئەفراسياپنىڭ زېمىن دائىرىسى قىلىپ كۆرسىتىلگەن.

نەرشەخىنىڭ كىتابىدا يېزىلىشىچە، توڭا ئالىپ ئەر ھىندىستاندىكى ساكيامۇنى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 565 — 486 - يىللار) دىن ئىلگىرى ئۆتكەن بىر قەھرىمان بولسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇددىغا ئىشىنىدىغان تۈركىي قوۋملىرى ئۇنى بۇددىزمنىڭ ھىمايىچىسى دەپ ئۇلۇغلايدۇ؛ بۇخارا يېنىدا زەردۇشتىلىقىنى تارقاتماقچى بولغان ئىرانلىقلارغا قارشى بۇددىزمنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەشكەن ھۆكۈمدار دەپ مۇقەددەس ھېسابلايدۇ.

ئەخمەد ئىبنى ئەبى يەقۇب ئىبنى ۋازىھ يەقۇبى «كىتابۇل بۇلدان» ئەسىرىنىڭ 2 - جىلدىدا، شۇنىڭدەك ئۇلۇغ ئالىمىمىز مەھمۇت قەشقەرىمۇ «دىۋان»دا، ئەفراسياپنى قاراخانىلارنىڭ قەدىمكى جەددى - ئەجدادى دەپ كۆرسىتىدۇ.

ئەل بىرۇنى ۋە باشقا ئاپتورلار يېزىپ قالدۇرغان مەلۇمات بويىچە، كىياچكسارەس تەرىپىدىن ئەفراسياپ مەغلۇپ قىلىنىپ، ئىران ئۆلكىلىرى مىلادىدىن ئىلگىرى 625 - يىلى 13 - ئاپرېل (R.Roth) رۇچ ۋە F.Justi يۇستىلارنىڭ تەتقىقاتى بويىچە 26 - ئىيۇن) ئەفراسياپنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغان كۈنى دەپ بايرام قىلى-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

نىدىكەن. مەجۇسلەر بۇ بايرامنى «تىرەگەن» بايرىمى دەپ ئاتايدىكەن. بۇ بايرام توغرىسىدا نەرشەخىمۇ ئۆز ئەسىرىدە بايان قىلغان. شۇنىڭدەك تارىخچىلاردىن بەلئەمى ۋە تەبەرىلەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندىمۇ، ئىرانلىقلار ئىران شاھزادىسى سىياۋۇشنىڭ تۈركلەردىن ئەفراسىياپنىڭ قېرىندىشى بارسغان تەرىپىدىن بەيكەنتتە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۇنتۇمايدىكەن ۋە يىلنىڭ مەلۇم كۈنلىرىدىن بىرىدە ماتەم تۇتىدىكەن. تەبەرىدىن بىر ئەسىر كېيىن ياشىغان مەھمۇت قەشقەرىمۇ ئۆز ئەسىرىدە سىياۋۇشنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن يېرى بۇخاراغا يېقىن يەنكەند ۋە بۇ شەھەرنىڭ يەنە بىر ئىسمى ”دىزرۇيىن“ (”مىس قورغان“) دەپ كۆرسەتكەن. يەنكەنت — بەيكەنت ئىكەنلىكى مەلۇم.

تۈركىي خەلقلەرمۇ ئىرانلىقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن توڭا ئالپ ئەرگە شۇ زامانلاردا ماتەم تۇتىدىغانلىقى مەلۇم. ئۇرخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا (كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشىنىڭ شىمالىي يۈزى 7 - قۇرىدا، بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىنىڭ شەرقىي يۈزى 31 - قۇرىدا) «چۇش بىشىدا» بولغان جەڭ، يەنى بەش بالىق مۇھاسىرىسى ھەققىدىكى ئابزاستا، «توڭا تېكىن يوغاسى» (توڭا تېكىن ماتەمى) ئەسلىتىلگەن؛ شۇنىڭدەك تۇرپان سىڭگىم ئېغىزىدىكى بېزەكلىك تام سۈرەتلىرىنىڭ بىرىدە «توڭا تېكىن»، يەنە بىرىدە «توڭا ئول» دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇڭرا ۋە ياغلىقار قەبىلىلىرىمۇ يىلنىڭ مەلۇم كۈنلىرىدە (تەخمىنەن يازنىڭ بېشى ياكى ئاخىرىدا) توڭا ئالپنى ئەسلەپ، ماتەم تۇتىدىغان ئىكەن.

يۇقىرىدىكى تۈرلۈك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەفراسىياپنىڭ ئۆتكەن زامانى توغرىسىدا مۇنداق ئۈچ خىل تەخمىن كېلىپ چىقىدۇ:

بىرى، تەبەرى تارىخىدا كەلتۈرۈلگەن رىۋايەت بويىچە، ئىران ھۆكۈمدارى مەنۇچەھرە زامانىسىدا مۇسا پەيغەمبەر ۋۇجۇدقا كەلگەن دېيىلگەن. تەبەرىنىڭ قەيت قىلىشىچە، ھەزرىتى مۇسا بىلەن ئەيسا ئارىلىقىدا 1600 يىل ئۆتكەن، مۇنداقتا، ئەفراسىياپ بۈگۈنكى زا-ماندىن 3500 يىل ئىلگىرى ئۆتكەن بولىدۇ. يەنە شۇ تەبەرىنىڭ بايانىچە، كەيىقۇبار ئوغلى كەيكاۋۇس بىلەن ئەفراسىياپنىڭ ۋە-قەلىرى يۈز بەرگەن زامان مىلادىيىدىن 1000 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. ئىككىنچى، يەھۇدى ۋە ئىران رىۋايەتلىرى بويىچە، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ؛ ئۈچىنچىسى ئاسۇرى ۋە يۇنان مەنبەلىرىدىن ئېلىنغان ئىران رىۋايەتلىرىنىڭ بەزىلىرىدە ئەفراسىياپقا دائىر ۋەقەلەرنىڭ ئىسكەندەرگە چېتىشلىق قارى-غاندا، مىلادىدىن 4 ئەسىر ئىلگىرىكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ: بۇنىڭغا يېقىنلىشىدىغان يەنە بىر مەنبە شۇكى، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋان» دا يازغىنى بويىچە، (مىلادىدىن 6 ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەن ئايال ھۆكۈمدار تۇمۇرەس "مەرۋ" شەھىرىنىڭ ئىچكى قورغىنىنى سالدۇرۇپ 300 يىلدىن كېيىن ئەفراسىياپ تاشقى قورغىنىنى بىنا قىلغان دېگەن مەلۇمات بويىچە) مىلادىدىن 3 ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەن بولىدۇ.

ئەمدى ئىرانلىقلارنىڭ "تۇڭا ئالپ ئەر"نى ئەفراسىياپ دەپ ئاتىغانلىقىغا كەلسەك، بۇنى مۇنداق پەرەز قىلىش مۇمكىن: بىرى، تۇڭا ئالپ ئەرنىڭ تۈركىي تىلدا ئىككىنچى تۈرلۈك ئاتىلىشى "ئەۋرەن ئەسرى ئالپ" ("ئالەمنىڭ قاپلان باتۇرى") ئىران تىلىدا "ئەفراس ـ ئالپ" ‹ئەۋراسالىپ› ئەفراسىياپ شەكلىگە كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىرى، ئىران رىۋايەتلىرىدە ۋە «شاھنامە»دە، تۇڭا ئالپ ئەرنى ئۇرۇش ـ جەڭنىڭ سىمۋولى قىلىپ كۆرسەتكەنلىكى

ئۈچۈن، ئىران تىلىدا قويۇلغان «افراس يىب ("افراس" يەنى "قالقان"، "توسۇق"، "ياب" يەنى "ئوق") دېگەن ئىككى سۆزدىن قۇرۇلغان ئىسىم بارا-بارا "ئەفراسىياب" شەكلىگە كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەفراسىياپنىڭ قىزى "قاز"، «شاھنامە»دە بولسا، "فرىدگىس" (فەرەنگەس) شەكلىدە يېزىلغان. بۇمۇ تۈركىي تىلدىكى "ئۆرۈن قاز" (ئاق قاز)نىڭ ئىران تىلىغا كىرىپ، "ئەفرەن گاز — فەرەنگەس" شەكلىگە ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك «شاھنامە»دىكى ئەفراسىياپنىڭ ئادەملىرى بارمان، پىران، خۇمان، گەرسىۋەز، بەرزىگەر، گۈلباد، پولاد، جەرىرە دېگەن كىشى ناملىرىمۇ ئەسلىدە تۈركىيناملار بولۇپ، ئىران تىلىغا كىرىپ ئۆزگىرىپ كەتكەن.

*　　　*　　　*

ھەر خىل رىۋايەتلەردە، تارىخىي ئەسەر ۋە داستانلاردا باش قەھرىمان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن تونگا ئالپ ئەر — ئەفراسىياپ توغرىسىدا ئىزدىنىپ تاپقان دەسلەپكى چۈشەنچىلىرىمنى تونۇشتۇردۇم. بۇ تارىخچى ۋە ئەدىبلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئاساسلىقراق مەلۇماتلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىغا يىپ ئۇچى بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

1982-يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 塔 里 木 拾 锦

（维吾尔文）

伊明·吐尔逊著

民族出版社出版发行　各地新华书店经销
民族印刷厂印刷
开本：850×1168毫米 1/32　印张：18 7/8
1990年6月第1版
1990年6月北京第1次印刷
印数：　0001—3,500册
ISBN　7—105—01050—9/H·45
民文　（维6）　定价：3.60元